ئىمامبەردى ھاجى ھىلالدىن

( ئىلھام ھىلالدىن )

# شاڭيو قىزى

( رومان )

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

ئىمامبەردى هاجى هىلالىدىن
(ئىلهام هىلالىدىن)

# ئائىيۇ قىزى

(رومان)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابلىمىت قادىر
مەسئۇل كوررېكتورى: ھەمراجان سونۇر

# شاڭيو قىزى

(رومان)

ئاپتورى: ئىمامبەردى ھاجى ھىلالىدىن
(ئىلھام ھىلالىدىن)

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى №14، پوچتا نومۇرى: 830046)
ھەر قايسى شىنخۇا كىتابخانىلىرىدا سېتىلىدۇ
شىنجاڭ «ئۈمىد» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850×1168 مم، 1/32، باسما تاۋىقى: 22.25
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
2004 - يىل 5 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى: 0001 — 1500

ISBN 7 — 5631 — 1619 — 2
باھاسى: 28.50 يۈەن

# مۇندەرىجە


*بىرىنچى باب* ۋاڭ شىئېرنىڭ باراتنى كۆرگەنلىكى ··· 1

*ئىككىنچى باب* ۋاڭ بېگىمنىڭ لى مۇئەللىمنىڭ گېپىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى ······················ 22

*ئۈچىنچى باب* تۇرداخۇننىڭ بېشىغا غەم چۈشكەنلىكى ··· 38

*تۆتىنچى باب* تۇرداخۇننىڭ مويكا سېلىش قارارىغا كەلگەنلىكى ························· 53

*بەشىنچى باب* ۋاڭ شىئېرنىڭ كىچىك بايۋەچچىنى كۆرۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقى ······ 76

*ئالتىنچى باب* ۋاڭ بېگىمنىڭ ياسىلىۋاتقان مويكىغا قاراپ ھەيران بولغانلىقى ··················· 95

*يەتتىنچى باب* كىچىك بايۋەچچىنىڭ خاپىلىقى ······ 107

*سەككىزىنچى باب* ۋاڭ خېنىمنىڭ باراتنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكى ························ 120

*توققۇزىنچى باب* جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكى ························ 130

*ئونىنچى باب* ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقى ········ 148

*ئون بىرىنچى باب* تۇرداخۇننىڭ باندىتلارنى پەم بىلەن ئالدىغانلىقى ························ 170

*ئون ئىككىنچى باب* جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىككە يەنە

بارماقچى بولغانلىقى ................... 186
ئون ئۈچىنچى باب ۋاڭ شىئېرنىڭ ئەلچى كەلگەنلىكىنى
سېزىپ قالغانلىقى ................... 205
ئون تۆتىنچى باب نىكولاينىڭ روسىيىگە كەتمەكچى
بولغانلىقى ................................ 233
ئون بەشىنچى باب كىچىك بايۋەچچىنىڭ بازاردا ۋاڭ
شىئېرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ
پاراكەندە قىلغانلىقى ................ 253
ئون ئالتىنچى باب چيەن دارىننىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىل
لېپاپىلىق ئىلتىماسىنى قوبۇل
قىلغانلىقى ................................ 279
ئون يەتتىنچى باب تۇرداخۇننىڭ چېگرا سودىسىدىكى
كارامىتى ............................ 308
ئون سەككىزىنچى باب ۋاڭ مىڭئېرنىڭ تۇرداخۇننىڭ
گېپىنى ئاڭلىمىغانلىقى ......... 324
ئون توققۇزىنچى باب چيەن دارىننىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ
قىزىل لېپاپىلىق شىكايەتنامىسىنى
قوبۇل قىلغانلىقى................. 348
يىگىرمىنچى باب جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ باندىتلارنى
تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقى......... 367
يىگىرمە بىرىنچى باب باراتىنىڭ تاغىسىنىڭ
قولغا ئېلىنغانلىقىنى
سۈرۈشتۈرگەنلىكى ................ 383
يىگىرمە ئىككىنچى باب ۋىلايەتتىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ
كەلگەنلىكى ........................... 409
يىگىرمە ئۈچىنچى باب باراتىنىڭ ئۈچ دوستى بىلەن يوشۇرۇن
تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ........... 427

*يىگىرمە تۆتىنچى باب* جىمىلخان بىلەن ئايخاننىڭ
ئەمەلدارلارنى ئىزدىگەنلىكى ··· 445
*يىگىرمە بەشىنچى باب* ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاقنىڭ
تۇتقۇنلارنى سېزىپ قالغانلىقى ······ 464
*يىگىرمە ئالتىنچى باب* ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ ئۆلۈم
پەتىسىگە كەلگەنلىكى ········· 489
*يىگىرمە يەتتىنچى باب* ۋاڭ خېنىمنىڭ قىزى ۋاڭ
شىئېرنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ
قېلىشى ······················ 504
*يىگىرمە سەككىزىنچى باب* تەپتىش ئەمەلدارنىڭ ۋاڭ مىڭئېر
دېلوسىنى تەكشۈرگەنلىكى ··· 522
*يىگىرمە توققۇزىنچى باب* گاۋ غوجىدارنىڭ ۋاڭ خېنىمغا
مۇھەببەت ئىزهار قىلغانلىقى ··· 542
*ئوتتۇزىنچى باب* ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ ناھىيىگە
كېلىپ ھۆكۈم ئېلان
قىلغانلىقى ····················· 562
*ئوتتۇز بىرىنچى باب* گاۋ غوجىدارنىڭ لىيۇ ئانىنىڭ
ئۆيىنى بىلىپ قالغانلىقى······ 585
*ئوتتۇز ئىككىنچى باب* ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ
قاچقانلىقى ····················· 604
*ئوتتۇز ئۈچىنچى باب* قاچقانلار بىلەن قوغلىغانلارنىڭ
دەريا بويىدا ئېتىشقانلىقى······ 623
*ئوتتۇز تۆتىنچى باب* سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى ······ 641
*ئوتتۇز بەشىنچى باب* گاۋ غوجىدارنىڭ تۇيۇقسىز
پەيدا بولغانلىقى ········ ······ 667
*ئوتتۇز ئالتىنچى باب* ۋاڭ خېنىمنىڭ راھىبە بولۇپ
كەتكەنلىكى ···················· 685

## بىرىنچى باب

# ۋاڭ شىئىرنىڭ باراتنى كۆرگەنلىكى

باراقسان ئۆسكەن ئېگىز قېرى قارىياغاچلار تولۇق سايە تاشلاپ تۇرغاچقا، گەرچە هاۋا ئىسسىق بولسىمۇ شۆتاڭ هويلىسى ئىنتايىن سالقىن ئىدى. قۇشلارنىڭ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ ۋىچىرلاپ سايرىشى بىلەن دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ «تۆت دەستۇر، بەش نىزام» نى ئاستا يادلىشى شۆتاڭ هويلىسىغا جان كىرگۈزۈپ تۇراتتى. لى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنى ئارىلاپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇشىنى تەكشۈرۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا ئۇ هارغاندەك بولۇپ دەرسخانىدىن چىقىپ پېشايۋاندا ئۇياقتىن بۇياققا ئاستا مېڭىپ، ئۆزىنى يەلپۈگەچ مېڭىسىنى سەگىتىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي شۆتاڭ دەرۋازىسى ئاستا چېكىلدى. لى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتمەسلىك ئۈچۈن پېشايۋاندىن ئاستا چۈشۈپ، دەرۋازا ئالدىغا كېلىپ بىردەم ئويلىنىپ قالدى. بۈگۈن ئادەتتە شۆتاڭغا كېلىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ هەممىسى كېلىپ بولغانىدى، كېچىكىپ قالغانلىرىمۇ ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ كېلىپ بولغانىدى. شۇڭا ئۇ «دەرۋازىنى چەككەن ئادەم چوقۇم يىراقتىن كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئوي بىلەن دەرۋازىنىڭ يان ئىشىكىنىڭ تاقىقىنى ئالدىرىماي چىقىرىپ، ئىشىكنى ئېچىپ بوسۇغىدىن ئاتلىماي تۇرۇپ تالاغا قارىدى. دەرۋازىنىڭ سەل نېرىسىدا ياشقا

چوڭ بىر ئەر ۋە ئۇنىڭ يېنىدا بويىغا يېتىپ قالغان چىرايلىق بىر قىز تۇراتتى. لى مۇئەللىم ئۇلارنى تونۇپ دەرھال سىرتقا چىقىپ:

— ۋاڭ بېگىم، كېلىپ قاپسىزغۇ، — دەپ سالاملاشتى ھەم يېنىدىكى قىزغىمۇ سالام بەردى. لېكىن قىز تارتىنىپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇ ئەمدىلا ئون ئالتە ياشلارغا كىرگەن، ھۆسن ـ جامالىغا تولۇۋاتقان قىز ئىدى. چېچى بېسىپ تارالغان بولۇپ، خۇددى تولۇن ئايدەك توق، دۈگىلەك يۈزىنى تېخىمۇ ئېچىپ تۇراتتى. چېچىغا قىستۇرۇۋالغان ئالتۇن ۋە كۈمۈش تۇرگۈچلىرى قاپقارا چېچىدا تېخىمۇ پارقىراپ، بېشىغا قىسىۋالغان گۈلدەك كۆرۈنەتتى. شالاڭ قېشى بىر جۈپ شەھلا كۆزىنى تېخىمۇ نۇرلۇق كۆرسىتىپ تۇراتتى. كېلىشكەن زىلۋا بويى ۋە توق بەدىنى سىپتا تىكىلگەن ھالرەڭ چىپاۋسىنى تېخىمۇ يارىشىملىق كۆرسىتەتتى. ئاپئاق بوينى ۋە تۈپتۈز دولىسى يېتىلىۋاتقان كۆكسىنى تېخىمۇ چىقىرىپ تۇراتتى، كالپۇكى خۇددى زاراڭزا چېچىكىدەك قىپقىزىل بولۇپ، ئاپئاق يۈزىدە تېخىمۇ يېقىملىق كۆرۈنەتتى.

— بۈلتۈر ئېشىپ قالغان ئاشلىقلىرىمىزنى سېتىۋېتەيلى دەپ ئۈرۈمچىگە كەلگەنىدىم، — دېدى ۋاڭ بېگىم ۋە قىزىغا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — قىزىم ۋاڭ شىئېر «مەنمۇ ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئاكامنى كۆرۈپ كېلىمەن» دەپ ئەگەشتى، شۇڭا ئۇنىمۇ ئالغاچ كەلگەن. تۈنۈگۈن كېلىپلا ئاشلىقلىرىمىزنى سېتىپ بولدۇق، بۈگۈن يا ئەتە ناھىيىمىزگە قايتىمىز، شۇڭا ئىككىمىز ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنى كۆرگىلى كەلگەن.

لى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى باللىرىنى كۆرگىلى شۇتاڭغا كەلسە ئىنتايىن خۇش بولاتتى. بولۇپمۇ ھازىر دادا بىلەن قىزىنىڭ بىللە كەلگەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ خۇش بولۇپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئوغلىڭىزنى كۆرگىلى كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، بۇ بىز ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپ. ئوغلىڭىز بار، لېكىن ھازىر دەرسخانىدا يوق، تېخى بايىلا تالاغا چىقىپ كېتىپتىكەن، — دەپ دەرسخانىغا قارىدى.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دەرسخانىدا ئولتۇرسا، ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدا يوقلۇقىغا ۋاڭ بېگىم بىلەن ۋاڭ شىئېر ھەيران بولۇپ، بىر - بىرىگە تەئەججۈپ بىلەن قارىدى. لى مۇئەللىم:

— ۋاڭ بېگىم، ئەنسىرەشمىسىلە، ۋاڭ مىڭئېر بار. ئۇنىڭ يېقىن دوستىنى چاقىراي، ئۇ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى چوقۇم بىلىدۇ ھەم ھازىرلا تېپىپ كېلىدۇ، — دەپ دەرسخانىغا قاراپ ماڭدى.

لى مۇئەللىم دەرسخانىغا كىرىپ ھايال ئۆتمەيلا يېنىپ چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن بېشىغا بادام دوپپا، ئۇچىسىغا ئاق يەكتەك، قارا ئىشتان، پۇتىغا كۆن ئۆتۈك كىيگەن بىرەيلەن ئەگىشىپ كەلدى. ئۇ ئىككىيلەن دەرۋازىدىن چىقىپ توختىغاندىن كېيىن لى مۇئەللىم:

— ۋاڭ بېگىم، مانا بۇ بارات دېگەن بالا بولىدۇ، ئوغلىڭىز ۋاڭ مىڭئېرنىڭ يېقىن دوستى. ئوغلىڭىز بۇتخانىغا كېتىپتىكەن، ھازىرلا چاقىرىپ كەلسۇن، — دېدى.

بارات ئوڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، ۋاڭ بېگىمگە سالام بەردى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ قولىنى كۆكسىگە قويغانلىقىغا ھەيران بولۇپ قاراپ، ئىچىدە كۈلگەندەك قىلدى. بارات لى مۇئەللىمگە قارىدى. لى مۇئەللىم ئۇنىڭغا «ماڭ، بېرىپ ۋاڭ مىڭئېرنى چاقىرىپ كەل» دېگەندەك قارىدى. بارات مېڭىشقا تەمشىلىشىگە ۋاڭ بېگىم ئۇنى چاقىردى. بارات توختاپ ئۇنىڭغا قارىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنى تونۇمىسىمۇ، ناھىيىدىن بۇ شۆتاڭغا ئۈچ ئوقۇغۇچىنىڭ كېلىپ ئوقۇۋاتقانلىقىنى ھەم ئۇلارنىڭ بىرىنىڭ

ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا:
— سەن تۇرداخۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى بولامسەن؟ — دەپ سورىدى.
— شۇنداق، — دېدى بارات.
ۋاڭ بېگىم بىلەن ۋاڭ شىئېر ئۇنى ئەمدى كۆرۈۋاتقاندەك قارىدى. بارات ئۈسكىلەڭ بولۇپ، بويى خېلى ئېگىز كۆرۈنەتتى. ساقال - بۇرۇتى ئەمدىلا خەت تارتىشقا باشلىغان بولۇپ، قاپقارا قېشىنىڭ ئاستىدىكى بىر جۈپ كۆزى چاقنايتتى، قاڭشارلىق بۇرنى، قېلىن كالپۇكى ئۇنى ھەيۋەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى. ۋاڭ بېگىممۇ، لى مۇئەللىممۇ بىر ھازاغىچە گەپ قىلمىدى. شۇڭا ئۇ:
— مۇئەللىم، مەن مېڭىۋېرەي، — دەپ مېڭىشقا بۇرۇلدى. ۋاڭ شىئېر:
— دادا، مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇتخانىغا بېرىپ، ئاكامنىڭ چامباشچىلىق مەشىق قىلغىنىنى كۆرۈپ كېلەيمۇ؟ — دېدى. بارات توختاپ قالدى. ۋاڭ بېگىم نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي بىردەم قىزىغا، بىردەم لى مۇئەللىمگە قاراپ قالدى. لى مۇئەللىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ئالتۇنبوي ئاي خېنىم، بۇتخانا سەل نېرىراقتا ھەم دۆڭدە، بېرىپ كەلگىچە ھېرىپ قالارسىزمىكىن، — دېدى. ۋاڭ شىئېر دادىسىغا قارىدى. ۋاڭ بېگىم ئويلىنىپ قېلىپ:
— ئاپئاق قىزىم، سىز دېگەن قىز بالا، ئىتتىك ماڭالماسسىزمىكىن، ئۇ ئۆزى يالغۇز تېزرەك بېرىپ ئاكىڭىزنى باشلاپ كەلسۇن، — دېدى.
ۋاڭ شىئېر «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ جىم بولدى. لى مۇئەللىم:
— بارات، مېڭىۋەر، ۋاڭ مىڭئېرنى چاپسان باشلاپ كەل،

— دېدى.
بارات «بولىدۇ» دەپ بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ تۇيۇقسىز توختاپ:
— مۇئەللىم، بۈگۈن كۈنگە جۈمە، مەن بۇتخانىغا بېرىپ ۋاڭ مىڭئېرنى چاقىرىپ قويۇپ مەسچىتكە بېرىپ جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ ئاندىن كېلەي، ۋاڭ مىڭئېر ئۆزى كېلىۋەرسۇن، — دېدى.
— بولىدۇ، لېكىن چۈشتىن كېيىنكى دەرسكە كېچىكىپ قالما، — دېدى لى مۇئەللىم كۈلۈمسىرەپ.
بارات «خوپ» دەپ بۇرۇلۇپلا تېز - تېز مېڭىپ كەتتى. گەرچە ئۇ ئاز گەپ قىلسىمۇ، لېكىن تۇرقى، ھەرىكىتى مېھمانلارنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ قارىسى يىتكىچە مېھمانلار ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشتى. ئەسلىدە ۋاڭ شىئېرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بۇتخانىغا بېرىپ، ئاكىسىنىڭ چامباشچىلىق ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگۈسى بار ئىدى. ئاكىسى بەزىدە ئۆيگە قايتقاندا چامباشچىلىق ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى ئاتا - ئانىسىغا سۆزلەپ، ئۆگەنگىنىنى ئويناپ بەرگەندە، ۋاڭ شىئېر ئاكىسىغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كېتەتتى. لېكىن ھازىر بارات بىلەن بىللە بارالماي قالغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىپ جىم بولۇپ قالدى.
بارات كېتىپ خېلى چاغ بولغاندا ۋاڭ بېگىم ئاستا بۇرۇلۇپ:
— لى مۇئەللىم، قارىغاندا بارات ياخشى ئوقۇغۇچىكەن ئوخشىمامدۇ، سىز ئۇنىڭغا ئامراقتەك قىلىسىز، — دېدى.
لى مۇئەللىم باراتتەك ئوقۇغۇچىلىرىدىن پەخىرلىنەتتى، شۇڭا كۈلۈمسىرەپ:
— ۋاڭ بېگىم، بارات شۆتاڭغا كېيىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، لېكىن ئۇ «تۆت دەستۇر، بەش نىزام»

نى ئەڭ ياخشى ئۆگەنگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. ئۇنىڭدىن خېلى ئىلگىرى كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى بۇلارنى تېخى تولۇق ئۆگىنىپ بولالمىدى، — دېدى. ئۇ باراتنى ماختاۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ شىئېر ئاكىسىنىڭ قانداق ئوقۇۋاتقانلىقىنى بىلگىسى كېلىپ، دادىسى گەپ قىلغىچە ئېغىز ئاچتى:

— لى مۇئەللىم، مېنىڭ ئاكام قانداقراق ئوقۇۋاتىدۇ؟

ئۇ ئاقساقاللىق قىلغانلىقى ئۈچۈن، لى مۇئەللىممۇ، ۋاڭ بېگىممۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. لى مۇئەللىم كۈلكىسىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ:

— ئالتۇنبوي ئاي خېنىم، ئاكىڭىز دەرستە ئىنتايىن ياخشى، شۇڭا ئاكىڭىزدەك، باراتتەك ئوقۇغۇچىلارنى ئانچە باشقۇرۇپمۇ كەتمەيمەن. ئۇلار دەرسكە بەك تىرىشىدۇ، لېكىن ئاكىڭىز ۋاڭ مىڭئېر چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە ھەممىدىن بەك ھەۋەس قىلىدۇ، — دېدى. ۋاڭ شىئېر دادىسىغا ئەركىلەپ:

— دادا، ئاكاممۇ سىزگە ئوخشاش پالۋان بولىدىغان ئوخشايدۇ، سىزمۇ ياش چاغلىرىڭىزدا يۇرتىڭىزدا پالۋان ئىكەنسىزغۇ، — دېدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋاي، ئاقساقال قىزىم، — دېدى ۋە لى مۇئەللىمگە قاراپ، — لى مۇئەللىم، قىزىم راست دەيدۇ، مەن ياش چاغلىرىمدا يۇرتىمىزنىڭ پالۋانى، باتۇرى ئىدىم. لېكىن ھازىر جاھان تىنچ، ئەل ئامان، شۇڭا پالۋانلىقنىڭمۇ ھاجىتى قالمايۋاتىدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى ھەمدە قىزىنىڭ قاپقارا چېچىنى سىلاپ قويدى. لى مۇئەللىم بېشىنى چايقاپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئۇنداقمۇ ئەمەس. باتۇرلۇق، پالۋانلىق ھەرقاچان لازىم بولىدۇ. پالۋان كۆپ بولسا، دۈشمەن يېقىن كېلەلمەيدۇ، باشقىلار بوزەك قىلالمايدۇ، — دېدى.

— راست دەيسىز مۇئەللىم، ياش چاغلىرىمدا ھەممە ئادەم مەندىن قورقاتتى، ھېچكىمگە بوزەك بولمايتتىم. لېكىن ھازىر قېرىپ كۈچ - ماغدۇرۇمدىن قالدىم. زامانمۇ ئىلگىرىكىگە ئوخشىمايدۇ، ھازىر جاھان تىنچ.

لى مۇئەللىم دەرسخانىدا بولمىغاچقا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئوقۇشىمۇ قالايمىقانلىشىپ، ئۇلارنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى دەرۋازىغىچە ئاڭلاندى. ئوقۇغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى شۆتاڭ ھويلىسىدا پەيدا بولدى. ۋاڭ بېگىم ئۇلارغا قاراپ كۆڭلىگە بىر ئىش كەلگەندەك:

— لى مۇئەللىم، بىزنىڭ ناھىيىنىڭ ھاكىمى چيەن دارىننىڭ ئوغلىمۇ مۇشۇ شۆتاڭدا ئوقۇيتتى، ئۇ قانداقراق ئوقۇۋاتىدۇ؟ — دەپ سورىدى. لى مۇئەللىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئۇنىڭ گېپىنى قىلمىسىلا، كىچىك بايۋەچچە شۆتاڭغا ئەڭ بۇرۇن كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرى، لېكىن ئۇ «تۆت دەستۇر، بەش نىزام» نى تاماملاپ بولالمىدى، دائىم شۆتاڭدىن قاچىدۇ، ئىككى كۈن بولدى دەرسكە كەلمەيۋاتىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ساقىلىنى سىيلاپ ئۆز - ئۆزىگە:

— بۇ قانداق بولغىنى، ئۇ ئەلۋەتتە ياخشى ئوقۇشى كېرەك ئىدىغۇ، — دېدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن كىچىك بايۋەچچە ئەركە ئۆسۈپ قالغاچقىمىكىن ياكى ئۇنىڭغا ئوقۇش خۇشياقمامدىكىن، مېنى بەكمۇ خاپا قىلىدۇ. ئۇ ھەتتا باشقا ساۋاقداشلىرىنىمۇ ئويۇنغا تۇتىدۇ، بەزىدە ئۆيىگە قېچىپ كېتىدۇ، بەزىدە مۇشۇ يەردە بىرنەچچە كۈن يوقاپ كېتىپ، يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ، — دېدى لى مۇئەللىم ئۇنىڭ سۆزىنى تەستىقلاپ ۋە شۆتاڭ ھويلىسىغا قاراپ، — ۋاڭ بېگىم،

مەن دەرسخانىغا كىرىپ ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇپ چىقاي، ئۇلار بەك ئويناپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ ماڭدى.
ئۇ شۇتاپ ھويلىسىغا كىرىشى بىلەن ئوقۇغۇچىلار يۈگۈرۈشۈپ دەرسخانىغا كىرىپ كېتىشتى. ۋاڭ بېگىم قىزىغا:
— قىزىم، بىز ئۈرۈمچىگە دائىم كېلىپ تۇرمايمىز، شۇڭا ئاكىڭىز كەلگەندە لى مۇئەللىمنى باشلاپ ئاشپۇزۇلغا كىرەيلى، — دېدى.
— بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ شىئېر ئىنتايىن خۇش بولۇپ، — مەن ئاكامنىڭ ئۇستازىنى كۆرۈپ بېقىشنى بەك ئارزۇ قىلاتتىم، بۈگۈن لى مۇئەللىم بىلەن بىللە تاماق يەيدىغان بولدۇم.
ئۇنىڭ خۇشلۇقىغا ۋاڭ بېگىمنىڭ زوقى كېلىپ:
— قىزىم، ئەگەر سىز ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولسىڭىز سىزمۇ لى مۇئەللىمنىڭ قولىدا مۇشۇ شۇتاڭدا ئوقۇيتتىڭىز، — دېدى.
— ئەپسۇس، مەن قىز بالا، — ۋاڭ شىئېر كۈلۈپ كەتتى.
ئۇنىڭغا قاراپ ۋاڭ بېگىممۇ كۈلدى. شۇ چاغدا شۇتاڭ ھويلىسىدىن لى مۇئەللىم چىقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئىككىيلەننىڭ كۈلۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:
— ۋاڭ بېگىم، نېمىگە كۈلۈشۈپ كەتتىڭلار، بىرەر خۇشاللىق بولدىمۇ قانداق، مەن ئاڭلاپ باقسام بولامدۇ؟ — دېدى.
ۋاڭ بېگىم قىزىغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى، ۋاڭ شىئېر ئىزا تارتىپ دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ۋاڭ بېگىم:
— لى مۇئەللىم، قىزىم ۋاڭ شىئېرنىڭ سىزنىڭ قولىڭىزدا بىلىم ئالغىسى بار ئىكەن، سىزنى بۈگۈن چۈشلۈك تاماققا ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلماقچى بولغانلىقىمنى ئاڭلاپ «مەن بۈگۈن ئاكامنىڭ ئۇستازى بىلەن بىللە تاماق يەيدىغان بولدۇم» دەپ

خۇش بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ خۇش بولۇپ كۈلدۈم، — دېدى.

ۋاڭ شىئېرنىڭ گېپىدىن خۇش بولغان لى مۇئەللىم ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ:

— ئەپسۇس، هازىر ناھىيىلەردە شۇتاڭلار يوق، بولغان بولسا قىزلارمۇ ئوقۇپ بىلىم ئالسا بولاتتى، — دەپ ئەپسۇسلىنىپ ساقىلىنى سىيلاپ قويدى.

شۇ ئەسنادا كوچىنىڭ دوقمۇشىدىن بۇرۇلۇپ ئالدىراپ كېلىۋاتقان ۋاڭ مىڭئېر كۆرۈندى. ئۇنى دەسلەپ كۆرگەن ۋاڭ شىئېر:

— دادا، ئاكام كېلىۋاتىدۇ، — دەپ ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەتتى.

ۋاڭ مىڭئېرمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ سىڭلىسى بىلەن كۆرۈشۈپ:

— سىلەرنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كېلىدىغىنىڭلارنى زادى ئويلىماپتىمەن، سىڭلىم، ئاپام قانداق تۇرۇۋاتىدۇ؟ — دېدى. ئاڭغىچە ئۇلار دادىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ۋاڭ مىڭئېر دادىسىغا سالام بېرىپ بولۇپ:

— دادا، ماڭا نېمىشقا خەۋەر قىلمىدىڭلار، خەۋەر قىلغان بولساڭلار سىلەرنى شۇتاڭدا ساقلاپ تۇراتتىم ياكى سىلەر چۈشكەن سارايغا ئىزدەپ باراتتىم ئەمەسمۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئوغلىنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ:

— ئوغلۇم، ئەسلىدە بۇ يېقىندا ئۈرۈمچىگە كېلىش خىيالىم يوق ئىدى، زىرائەتلەر هازىر ياخشى ئۆسۈۋاتىدۇ، قارىغاندا بۇ يىلمۇ مول هوسۇل ئالىدىغان ئوخشايمىز. بۇلتۇر ئېشىپ قالغان ئاشلىقلار خېلى بار ئىدى، شۇڭا ئەرزان بولسىمۇ ئادىمى جىق ئۈرۈمچىگە ئاپىرىپ سېتىۋېتەيلى دەپ توساتتىنلا كېلىپ قالدۇق. بىر - ئىككى يىل بولدى ناھىيىلەرگە كېلىپ يېزا -

يېزىلاردىن ئاشلىق يىغىدىغان رەۋەندىچىلەرمۇ ئازلاپ كەتتى، بۇ يىل يېڭى ئاشلىقنى نەگە قويىمىز، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر دادىسىنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ:

— دادا، ئاپام ئوبدان تۇرۇۋاتامدۇ، ئاپامنى نېمىشقا ئالغاچ كەلمىدىڭلار؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ بېگىم قىزىغا قاراپ قويۇپ:

— ئەسلىدە سىڭلىڭنىمۇ ئەكەلمەيتتىم، لېكىن ئۇ «ئاكامنى كۆرىمەن» دەپ تۇرۇۋالغاچقا، ئامال يوق ئالغاچ كەلدىم، — دېدى ۋە ئۇلاپلا، — ئوغلۇم، ئاپاڭنى ئۇرۇمچىگە ئوينىغىلى كېلىدىغان چاغدا مەيگە سېلىپ ئېلىپ كېلىمەن. بۇ قېتىم ئۇرۇمچىگە ئىش بىلەن تۇيۇقسىز كېلىپ قالدىم، ئاپاڭ ئوبدان تۇرۇۋاتىدۇ، ئاپاڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى. لى مۇئەللىم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئاپىسىغا ئامراقلىقىنى بىلىپ:

— ۋاڭ مىڭئېر، يېقىندا يازلىق تەتىل بولىدۇ، ئۆيۈڭگە قايتىسەن ئەمەسمۇ، داداڭ بۇ قېتىم ئاشلىق ساتقىلى كەپتۇ. داداڭمۇ كەلسە، ئاپاڭمۇ كەلسە، سىڭلىڭ «بارىمەن» دەپ ئەگىشىۋالسا، ئۆيدە ئادەم قالمايدۇ ـ دە، — دېدى چاقچاق قىلغاندەك.

ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ مىڭئېر ئويلىنىپ قېلىپ:

— دادا، مەن بۇ يىل يازلىق تەتىلدە ئۆيگە قايتمايمەن، — دېۋىدى، ھەممىسى ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىشىپ قالدى. ۋاڭ شىئېر ئالدىراپ:

— ئاكا، نېمىشقا ئۆيگە قايتمايسەن؟ — دەپ سورىدى. ۋاڭ مىڭئېر دادىسىغا قاراپ:

— دادا، مەن بۇتخانىدا چامباشچىلىق ئۆگىنىۋاتاتتىم، شۇڭا يازلىق تەتىلدىن پايدىلىنىپ چامباشچىلىق ماھارىتىنى ئوبدانراق ئۆگىنىۋالاي دەيمەن، — دېدى.

— ئوغلۇم، چامباشچىلىق ئۆگىنىۋاتقانلىقىڭنى بىلىمىز، ياخشى بوپتۇ، لېكىن بەك بېرىلىپ كەتمە، هازىر جاهان تىنچ، ئەل ئامان، شۇڭا ئۇستازىڭدىن كۆپرەك بىلىم ئالغىن، — دېدى ۋاڭ بېگىم.

ۋاڭ شىئېر ئادەتتە ئاكىسىنىڭ تەربىيىنى قىلىپ ئاكىسىغا بولۇشاتتى، شۇڭا:

— دادا، ئاكام چامباشچىلىق ئۆگەنسە ئۆگىنىۋەرسۇن، ئۇ چامباشچىلىق قىلسا مەن بەك خۇش بولۇپ، ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كېتىمەن، — دېدى.

ئۇ دادىسىغىمۇ ئەركىلەپ گەپ قىلىۋاتقاچقا، دادىسىمۇ، لى مۇئەللىممۇ كۈلۈپ كەتتى، ۋاڭ مىڭئېرمۇ كۈلۈمسىرىدى. شۇ چاغدا شۆتاڭ هويلىسىنىڭ دەرۋازىسى يوغان ئېچىلىپ، ئوقۇغۇچىلار دۈپۈرلىشىپ چىقىشقا باشلىدى. لى مۇئەللىم، ۋاڭ بېگىم ئاسمانغا قارىدى. كۈن قىيامغا يېتىپ جاهان تېخىمۇ ئىسسىشقا باشلىغانىدى. ۋاڭ بېگىم لى مۇئەللىمگە:

— چۈش بولۇپ قاپتۇ، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئوغلۇمنىڭ هۇجرىسىنى كۆرۈپ ئاندىن يولغا چىقىپ كېتەيلى دېگەن ئويغا كېلىپ قېلىۋاتىمەن. ساتىدىغان ئاشلىقنى سېتىپ بولدۇم، ئوغلۇمنىمۇ كۆردۇم، شۇڭا ئەمدى سىزنى ئاشپۇزۇلغا تەكلىپ قىلاي، بىللە غىزالىنايلى، — دېدى. دادىسىنىڭ ئۇستازىنى تاماققا تەكلىپ قىلغانلىقىغا خۇش بولغان ۋاڭ مىڭئېر لى مۇئەللىمنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يۈرۈڭ مۇئەللىم، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تارتتى. لېكىن لى مۇئەللىم:

— ۋاڭ بېگىم، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەهمەت، كېيىن بىللە تاماققا داخىل بولىدىغان پۇرسەت كېلىپ قالىدۇ. . . سىز ناهىيىگە قايتىمەن دەۋاتىسىز، — دېدى.

— شۇنداق، تاماق يەپ بولۇپلا يولغا چىقىشنى

ئويلاۋاتىمەن.

— مېنىڭ سىلەرنىڭ ناھىيىگە بېرىش پۇرسىتىم ناھايىتى ئاز، چۈنكى ئوقۇغۇچىلاردىن زادىلا ئايرىلالمايمەن. شۇڭا مېنىڭ ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ قويارسىزمىكىن، — دېدى لى مۇئەللىم.

ئوغلىنىڭ ئۇستازىنىڭ ئۆزىگە بىرىنچى قېتىم بۇنداق ئىلتىماس قىلىۋاتقانلىقىدىن ۋاڭ بېگىم خۇش بولۇپ:

— بولىدۇ، لى مۇئەللىم، سىز ئوغلۇمنىڭ ئۇستازى، نېمە ئىشىڭىز بولسا دەۋېرىڭ، قولۇمدىن كەلسىلا ياردەم قىلىمەن، ئەگەر قولۇمدىن كەلمەيدىغان ئىش بولسا، باشقىلارنى ياردەمگە چاقىرىپ بولسىمۇ تەلىپىڭىزنى ئورۇنداپ بېرىمەن، — دېدى.

لى مۇئەللىم كۈلۈپ كېتىپ:

— ياق، ياق، ۋاڭ بېگىم، سىزنى ئۇنچىلىك ئاۋارە قىلىدىغان ئىشمۇ ئەمەس، — ئۇ سەل ئويلىنىۋېلىپ، — سىز دېگەن ناھىيىدە يۈز - ئابرۇيلۇق ئادەم، چوقۇم قولىڭىزدىن كېلىدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، قېنى دەۋېرىڭ، قانداق ئىشىڭىز بولسا ياردەم قىلىمەن.

لى مۇئەللىم:

— ۋاڭ بېگىم، بايا كىچىك بايۋەچچىنىڭ گېپى بولۇپ قالدى، — دېيىشىگە، — ھەئە، شۇنداق، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ گېپىگە قىزىقىپ، لى مۇئەللىم گېلىنى بىر قىرنۇېتىپ ئالدىرىماي:

— ناھىيىگە بارغاندا مېنىڭ ئۈچۈن چيەن دارىن ھاكىم جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قويسىڭىز، كىچىك بايۋەچچە بەك كەپسىزلىك قىلىۋاتىدۇ، پۇلنى سۇدەك خەجلەپ باشقا ئوقۇغۇچىلارنىمۇ ئازدۇرۇپ، مېنى بەك خاپا قىلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— مۇئەللىم، ھاكىم جانابلىرى بىلەن ئوغلى توغرۇلۇق كۆرۈشۈپ قويىدىغان ئىشمىدى؟
— شۇنداق، ۋاڭ بېگىم.
— بۇنچىلىك ئىش بولسا خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ناھىيىگە بېرىپلا ئالدى بىلەن چيەن دارىننى تېپىپ گېپىڭىزنى تاپىلاپ، ئاندىن يېزىغا چىقىپ كەتسەممۇ بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ بېگىم.
لى مۇئەللىم ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ:
— رەھمەت سىزگە ۋاڭ بېگىم، مۇشۇ تەلىپىمنى ئورۇنداپ قويسىڭىز ماڭا زىيابەت بېرىپ مېھمان قىلغاندەك بولىسىز، — دېدى. ۋاڭ بېگىم كۈلۈپ تۇرۇپ:
— ئۇ قانچىلىك ئىش ئىدى، مەن چيەن دارىن بىلەن ناھايىتى يېقىن ئۆتىمەن. ھاكىمنى دوستۇم دېسەممۇ بولىدۇ، ئەمما ھازىر تاماققا بېرىپ ئولتۇرۇپ بېرىشىڭىزنى سورايمەن، — دېدى. لېكىن لى مۇئەللىم قولىنى قوشۇشتۇرۇپ:
— ۋاڭ بېگىم، كۆڭلىڭىزگە مىڭ مەرتە رەھمەت، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆيىگە بېرىپ غىزالىنىش بىز مۇئەللىملەرنىڭ نىزامىدا يوق، چۈشتىن كېيىن ئوقۇغۇچىلارغا يېڭى ساۋاق ئۆتمەكچى ئىدىم. ھازىر ھېچيەرگە بارماي تەييارلىق قىلىشىم كېرەك، — دېدى.
— لى مۇئەللىم، بوپتۇ ئەمىسە، سىزگە چىن كۆڭلۈمدىن خىزمەت قىلغۇم بار ئىدى، — دېدى ۋاڭ بېگىم.
— كۆڭلىڭىزنى چۈشىنىپ تۇرۇپتىمەن ۋاڭ بېگىم، رەھمەت.
— بولىدۇ ئەمىسە، لېكىن مېنى «خىزمىتىمدە بولمىدى» دەپ قالمىغايسىز! — دېدى ۋاڭ بېگىم، ئاندىن ئىككى بالىسىغا قاراپ:
— بالىلىرىم، ئاۋۋال ئاشپۇزۇلغا بېرىپ تاماق يەپ ئاندىن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۇجرىسىنى كۆرەمدۇق ياكى ھۇجرىنى كۆرۈپ

بولۇپ ئاندىن تاماق يەمدۇق؟ — دېدى.
ۋاڭ شىئېرنىڭ ئاكىسىنىڭ ھۇجرىسىنى بەك كۆرگۈسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ:
— دادا، باشتا ئاكامنىڭ ھۇجرىسىنى كۆرەيلى، — دېدى.
دادىسىمۇ، ئاكىسىمۇ «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ بىر-بىرىگە قاراشتى. لى مۇئەللىم:
— يۇرۇڭلار ئەمىسە، — دەپ شوتاڭغا قاراپ ماڭدى.
ئۇلار شوتاڭ ھويلىسىغا كىرگەندە ئوقۇغۇچىلار چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ھويلا تىپتىنچ ئىدى. لى مۇئەللىم ئۇلارنى دەرسخانا يېنىدىكى كىچىك بىر ھويلىغا باشلىدى. بۇ ھويلىدىمۇ دەرەخ كۆپ بولۇپ، ئارىسىدا سۆگەت كۆپرەك ئىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئېرىقتا سۇ ئېقىپ تۇرغاچقا، ھويلا تېخىمۇ سالقىن ئىدى. ئېرىق بويىدا گۇللەر ئېچىلىپ، كېپىنەكلەر گۈلدىن گۈلگە قونۇپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. بۇ مەنزىرىدىن زوقلانغان ۋاڭ شىئېر ئاكىسىغا:
— ئاكا، سىلەر جەننەتتەك بىر باغچىدا تۇرىدىكەنسىلەر، — دېدى. ۋاڭ مىڭئېر پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى.
لى مۇئەللىم ۋاڭ شىئېرغا:
— ئالتۇنبوي ئاي خېنىم، ئوقۇغۇچىلارغا تىنچ، ئازادە مۇھىت بولمىسا قەلبىگە بىلىم چۈشمەيدۇ. خۇددى سىز دېگەندەك، بىلىمنىڭ ئۆزى بىر جەننەت ھېسابلىنىدۇ، شۇڭا شوتاڭلارنى مەھەللىدىن سەل يىراق ئورۇنغا سالىدۇ، شوتاڭنىڭ مۇھىتىنى پاكىز تۇتىمىز، — دېدى.
ۋاڭ شىئېر ئاكىسىدىن پەخىرلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى.
ۋاڭ مىڭئېر لى مۇئەللىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:
— دادا، مېنىڭ ھۇجرامنى كۆرۈڭلار، — دېدى ۋە ئۇلارنى كۈنگەيگە سېلىنغان بىرنەچچە قاتار ئۆيلەرگە باشلاپ ئوتتۇرىدىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ:

— قىنى، دادا، كىرىڭلار، — دېدى. لى مۇئەللىم بولسا ۋاڭ بېگىمگە «ۋاڭ بېگىم، مەن قايتاي» دەپ ماڭدى.

لى مۇئەللىم مېكتەپ ئېرىقتىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئالدىدا ۋاڭ بېگىم، كەينىدىن ۋاڭ مىڭئېر، ئاندىن ۋاڭ شىئېر ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ھۇجرا بەك چوڭ بولمىسىمۇ، ئۆينىڭ يېرىمىغا تاختاي سۇپا ياسالغان بولۇپ، ھۇجرا يەنىـــلا كەڭ كۆرۈنەتتى. شۇنچە كەڭ تاختاي سۇپىدا پەقەت ئۈچلا ئورۇن - كۆرپە بار ئىدى. ئىككى ئورۇن سېلىقلىق، چەتتىكى بىرى يىغىقلىق ئىدى. ۋاڭ بېگىم چەتتىكى يىغىقلىق ئورۇن- كۆرپىنى كۆرسىتىپ سورىدى:

— بۇ كىمنىڭ ئورنى؟

— ئۇ باراتنىڭ ئورۇن - كۆرپىسى، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر. ۋاڭ شىئېر ئاكىسىدىن:

— ئاكا، ئۇ ئوقۇغۇچى ئورۇن - كۆرپىسىنـــى ئەجەب سىلەرگە ئوخشاش يىغماپتۇغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— بارات ئادەتتە كۈندۈزى دەم ئالغاندىلا ياتىدۇ ياكى بەزىدە ئىمتىھان يېقىنلىشىپ جىددىي مۇزاكىرە قىلغاندا ياتىدۇ.

— نېمىشقا؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ بېگىم ھەيران بولۇپ.

— دادا، بارات ناماز ئوقۇيدۇ، مۇسۇلمانلار بامدات نامىزىنى بەك سەھەر، خۇپتەن نامىزىنى بەك كەچ ئوقۇيدىكەن. شۇڭا بارات بىزنىڭ دەم ئېلىشىمىزغا دەخلى بولمىسۇن دەپ، يېقىن ئەتراپتىكى بىر ئۇيغۇردىن ئۆي ئىجارە ئېلىپ، شۇ يەردە يېتىـــپ - قوپىدۇ، پەقەت كۈندۈزى شۇتاپتىلا بىز بىلەن بىللە ئوقۇيدۇ.

ۋاڭ بېگىم ساقىلىنى سىلاپ تۇرۇپ كېتىپ:

— قارىغاندا بارات تازا جاپالىق ئوقۇۋېتىپتۇ. شۇتاپتا ھەم خەنزۇچە ئۆگىنىپ، ھەم بەش ۋاق نامازنى تاشلىماي ئوقۇغۇنىغا قارىغاندا ئۇ ھەقىقەتەن تىرىشچان ئوقۇغۇچىكەن، — دېدى.

— راست، — دېدى ۋاڭ مىـــڭئېر، — بارات دەرستە

ھەممىمىزدىن ئۇستا. . .

ۋاڭ شىئېر گەپكە ئارىلىشىپ ئاكىسىنى ماختىغۇسى كېلىپ:

— ئاكا، لى مۇئەللىم سىنىمۇ «دەرستە ياخشى، شۇڭا ۋاڭ مىڭئېر دەك، باراتتەك ئوقۇغۇچىلارنى ئانچە باشقۇرۇپ كەتمەيمەن» دەيدىغۇ، — دېدى. ۋاڭ مىڭئېر كۈلۈپ:

— سىڭلىم، مەنمۇ دەرستە ئۇستا، لېكىن بارات ھەممىمىزدىن ئۇستا، مۇئەللىم ئۇنى بەك ماختايدۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم قىزىغا قاراپ:

— ئاپئاق قىزىم، كونىلاردا «قىيىن ئىش يوق ئالەمدە كۆڭۈل قويغان ئادەمگە» دېگەن تەمسىل بار. كۆڭۈل قويسىلا، خۇدا ئۇنىڭ تىلىكىنى بېرىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر يەنىلا ئۆزىنىڭ ئاكىسىنى ماختىغۇسى كېلىپ:

— دادا، ئاكام چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە كۆڭۈل قويىدىكەن، شۇڭا ئۇ چوقۇم پالۋان بولىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ ئاكىسىنى ماختاۋاتقانلىقىغا كۈلۈپ كېتىپ:

— ئاپئاق قىزىم، بۇ دېگىنىم ئاكىڭىزنى پالۋان بولسۇن ئۈچۈن دېگەنلىكىم ئەمەس، بىر ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىنىڭ شۇتاڭدا ئۇستازى ماختىغۇچىلىك ياخشى ئوقۇۋاتقانلىقىغا ھەۋىسىم كېلىپ دېگىنىم، — دېدى ۋە كۆڭلىگە تۇيۇقسىز بىر ئىش كەلگەندەك ئوغلىغا قاراپ، — ئوغلۇم، لى مۇئەللىمدىن ئاڭلىسام كىچىك بايۋەچچە ئانچە ياخشى ئوقۇمايدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇنىڭ ئورنى ئەنە، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر تاختاي سۇپىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى سېلىقلىق ئورۇننى كۆرسىتىپ:

— ئۇ بەزىدە ھۇجرىغا كەلمەيدۇ، بەزىدە ئۆيىگە قېچىپ كېتىدۇ. گەرچە ئۇ ئوقۇغۇچى بولسىمۇ، لېكىن كۆپ ۋاقتىنى

شۆتاڭدا ئۆتكۈزمەيدۇ. «تۆت دەستۇر، بەش نىزام» نى تۈزۈك ئوقۇپ يادلىيالمايدۇ، شۇڭا ھەر قېتىم ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي قالىدۇ.

ۋاڭ بېگىم ئويلىنىپ قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە:

— شۇڭا لى مۇئەللىم بايا ماڭا «كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ» دەپتىكەن - دە، — دېدى.

— ھەي. . . ، — ۋاڭ مىڭئېر گېپىنى داۋاملاشتۇرماي جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ۋاڭ بېگىم:

— ئوغلۇم جىمىپ قالدىڭغۇ؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ مىڭئېر بىر پەستىن كېيىن ئالدىرىماي:

— دادا، كىچىك بايۋەچچە گەپ ئاڭلىمايدۇ. ئۇنىڭغا لى مۇئەللىم، ساۋاقداشلارمۇ كۆپ نەسىھەت قىلدۇق، ئۇ زادى ئۇڭشالمىدى. چۈنكى كىچىك بايۋەچچە پۇلنى سۇدەك خەجلەيدۇ. بۇنداق بەتخەجلىك قىلىۋەرسە، ئۇ يەنىلا تۈزەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشسىڭىز، ئۇلارغا ئېيتىپ قويۇڭ، ئۇنىڭغا پۇلنى ئاز بەرسۇن، ئۇ بەتخەجلىك قىلىپ يامان ئۆگىنىپ قالدى، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم دەرھال:

— راست دەيسەن ئوغلۇم. بەتخەجلىك يامان ئادەت، ئادەم بەتخەجلىك قىلىپ ئۆگىنىپ قالسا، ئۇ ئادەتنى تاشلىماق يامان تەس. مەن ياش چاغلىرىمدا بەك شوخ ھەم بەتخەج ئىدىم. كېيىن شىنجاڭغا چىقىپ ئۆز كۆزۈمنى ئۆزۈم ئالىدىغان كۈنگە قالغاندا بەتخەجلىك ئادىتىمنى ئاران تاشلاپ، پۇلنى قىسىپ تېجەپ ئىشلىتىپ مۇشۇنچىلىك دۇنياغا ئىگە بولدۇم، مانا ئەمدى دادامدەك باي بولدۇم. ئەتە ياكى ئۆگۈن ناھىيىگە قايتىپ بارغان ھامان چيەن دارىن ۋە دارىن خېنىمغا چوقۇم ھەممە گەپنى دەيمەن، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم بىلەن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ كىچىك بايۋەچچە

توغرۇلۇق دېيىشكەن گەپلىرى ۋاڭ شىئېرنىڭ قۇلىقىغا ئانچە خۇش ياقمىغاچقا، گەپكە ئارىلاشماي ئۆز خىيالى بىلەن بولدى. دادىسىنىڭ گېپى تۈگەپ جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرگەندە، ۋاڭ شىئېر ئاكىسىنى باراتىنىڭ ئورۇن - كۆرپىسى تەرەپكە تارتىپ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئاغزى قۇلىقىغا يەتكىدەك خۇش بولۇپ دادىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دادا، راستمۇ؟ — دەپ ئەركىلەپ كەتتى.

ۋاڭ بېگىم قىزىنىڭ ئاكىسىغا نېمىلەرنى پىچىرلىغانلىقىنى پەملەپ:

— ھەي شەيتان قىزىم، مەن ئاكاڭنى كېيىنرەك خۇش قىلماقچىدىم. لېكىن سىز ئاكاڭغا دەپ بوپسىز - دە، —دېدى. ۋاڭ شىئېر كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ مىڭئېر دادىسىغا ئەركىلەشكە باشلىدى. ئامالسىز قالغان ۋاڭ بېگىم قوينىنى ئاختۇرۇۋېتىپ:

— مەن بۇنى ساڭا ھازىر ئەمەس، تەتىل قىلىپ ئۆيگە بارغاندا ئاپاڭنىڭ ئالدىدا بەرمەكچى ئىدىم، — دېدى ۋە قىزىغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — بۇ شېتىلە سىڭلىڭزە، ئەمدى ساڭا بەرمەي بولمىدى، لېكىن ياخشى ساقلىغىن، يامان ئىشلاردا بولمىغىن، — ئۇ شۇنداق دەپ قوينىدىن بىر يېپيېڭى تاپانچىنى چىقىرىپ ئوغلىغا بەردى.

ۋاڭ مىڭئېر تاپانچىنى ئېلىپ خۇشلۇقتا ھۇجرىنى نەچچە قېتىم ئايلىنىپ چىقىپ دېدى:

— دادا، ئەجەب ياخشى بولدى، مېنىڭ بەكمۇ تاپانچا تۇتقۇم بار ئىدى.

ۋاڭ شىئېرمۇ خۇش بولۇپ دادىسىغا:

— دادا، ئاكامنى خۇش قىلىدىغان ئادەم نېمىشقا مەن بار يەردە تاپانچىنى سېتىۋالىسىز؟ ئەتىگەن تاپانچىنى سېتىۋالغاندىلا

ئاكامنى كۆرگۈم كېلىپ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئالدىراپ كەتتىم، تېخى بايىلا دېمەكچى ئىدىم، لى مۇئەللىم بار يەردە دېگۈم كېلىپ كېتىپ ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋالدىم، — دېدى چاقچاق قىلىپ. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم:

— ئوغلۇم، تاپانچىنى ئوبدان يەرگە تىق، ھەرگىز چاتاق چىقىدىغان ئىش بولمىسۇن، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ دادا، — ۋاڭ مىڭئېر تاپانچىنى قويىنىغا سېلىۋالدى.

ئۇلار بۈگۈن يۈز كۆرۈشكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال بولۇشۇپ، پاراڭ بىلەن ياغاچ سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. شۇ ئەسنادا بارات كىرىپ كەلدى. ئۇ تېز ماڭغاچقىمۇ، ھاسىراپ كەتكەنىدى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بارات، جۇمە نامىزىنى ئوقۇشقا ئۈلگۈرەلىدىڭمۇ، مېنى چاقىرىپ قويىمەن دەپ تازا جاپا تارتتىڭ - ھە، — دېدى.

— ياق، ھېچقىسى يوق. بۈگۈن مەسچىتتە جامائەت جىق بولغاچقا، نامازنى سەل كېچىكىپ ئوقۇدى. شۇڭا ئۈلگۈرەلىدىم ھەم يولدا ئانچە - مۇنچە قورسىقىمنى ئەستەرلىۋالدىم.

ۋاڭ بېگىم بىلەن ۋاڭ شىئېر بايا باراتقا ئانچە دىققەت قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ئەمدى ئۇنىڭغا باشقىدىن قارىدى. ۋاڭ بېگىمگە بارات خۇددى ئوغلى ۋاڭ مىڭئېرغا ئوخشاش چەبدەس، جەسۇر كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ:

— بارات، سەن ياخشى ئوقۇيدىكەنسەن، سەن تاغاڭ تۇرداخۇنغا ئوخشاش تىرىشچان ئىكەنسەن. مۇشۇنداقلا ياخشى ئوقۇساڭ كېيىن ئەمەلدار بولۇپ باي بولىسەن، — دېدى.

بارات كۈلۈمسىرەپ قويۇپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئوغلىڭىز مەندىنمۇ ياخشى ئوقۇيدۇ، — دېدى.

— لېكىن لى مۇئەللىم ئوغلۇمنى سېنى ماختىغاندەك ماختىمىدى. مېنىڭ ئوغلۇم چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە بەك قىزىقىپ كېتىپتۇ، — دېدى ۋاڭ بېگىم.

ۋاڭ مىڭئېر كۆلۈمسىرەپ يەرگە قارىۋالدى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاكا، دەرسىڭنىمۇ دوستۇڭ بارات ئاكامدەك ياخشى ئۆگەنگىن، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشنى تاشلاپ قويما. بىزنىڭ ناھىيىدە تېخى چامباشچى پالۋان يوق، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم دېدى:

— پاراڭ بىلەن بولۇپ چۈشلۈك تاماقنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتۇق. مېنىڭ قورسىقىم بايىلا ئاچقانىدى.

— مېنىڭمۇ بايىلا ئاچقان، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

— ئۇنداق بولسا يۈرۈڭلار، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشپۇزۇلىغا بارايلى — دېدى، ۋاڭ بېگىم.

— ياق، مەن بارماي، يولدا قورسىقىمنى ئوبدان توقلىۋالدىم، چۈشتىن كېيىن مۇئەللىم يېڭى دەرس ئۆتىدۇ، — دېدى بارات. ۋاڭ مىڭئېر بايىلا شۇنى ئويلىغانىدى، بارات بارمايمەن دېگەچكە:

— دادا، مەنمۇ سىلەر بىلەن ئاشپۇزۇلغا بارمايمەن، كىرسەك ئۇزاق ئولتۇرۇپ قالىمىز. چۈشتىن كېيىن مۇئەللىم يېڭى ساۋاق ئۆتىدۇ. ھۇجرىدىكى نەرسىلەر بىلەن قورسىقىمنى ئانچە - مۇنچە ئەستەرلىۋالسام بولىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ھەيران بولۇپ:

— ئاكا، دەرسكە كېچىكىپ قالساڭ نېمە بولىدۇ، مۇئەللىم رەنجىمدۇ؟ — دېدى.

— ياق، سىڭلىم، دەرسكە كېچىكىپ قالسام مۇئەللىم رەنجىمەيدۇ، بۈگۈن سىلەرنىڭ كەلگىنىڭلارنى كۆرۈپ ئۇ خۇش

بولدى، شۇڭا دەرسكە قاتناشمىساممۇ بولىدۇ. مېنى ھەرگىز ئەيىبلىمەيدۇ. لېكىن يېڭى دەرس ئۆتۈپ كەتسە، ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرماق تەس. كېيىن ئاڭلىغان دەرس ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە ئاڭلىغان دەرسكە يەتمەيدۇ. مۇئەللىممۇ ماڭا ئايرىم ئۆگىتىمەن دەپ جاپا چېكىدۇ.

ۋاڭ بېگىم قىزى بىلەن ئوغلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز كۈلۈمسىرەپ:

— ئوغلۇم، دېگىنىڭ ناھايىتى توغرا، تاماقنى قاچانلا بولسا يەۋالسا بولىۋېرىدۇ. لېكىن يېڭى دەرس ئۆتۈپ كەتسە، ئورنىنى تولدۇرماق تەس. شۇڭا تاماقنى بىز بىلەن بىللە بارغىنىڭ كەلمىسە، ئۆزۈڭ ئانچە - مۇنچە قورساقنى ئەستەرلەپ، چۈشتىن كېيىن مۇئەللىمنىڭ دەرسىنى ئاڭلاشقا تەييارلىق قىل، — دېدى.

دادىسى ماقۇل بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ مىڭئېر خۇش بولۇپ:

— بولىدۇ ئەمىسە، مەن سىلەرنى ئۇزىتىپ قوياي، — دېدى.

ئۇلار ھۇجرىدىن چىقىشتى، باراتمۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ بىللە چىقتى. ئۇلار شۆتاڭ دەرۋازىسىدىن چىقىپ ئاسمانغا قاراشتى. ئاپتاپ قىيامدىن ئۆتۈپ يەر - جاھان تېخىمۇ ئىسسىپ، ئەتراپ جىمجىتلىققا چۆمۈپ، قۇشلارنىڭ سايراشلىرىمۇ ئازلاپ قالغانىدى. ۋاڭ بېگىملەر خوشلىشىپ ماڭدى. ۋاڭ مىڭئېر بىلەن بارات دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قالدى. ۋاڭ شىئېر ئازراق مېڭىپ دوقمۇشتىن قايرىلىپ بولغىچە خۇددى ئاكىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك كەينىگە نەچچە قېتىم قارىدى.

## ئىككىنچى باب

# ۋاڭ بېگىمنىڭ لى مۇئەللىمنىڭ كېيىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقى

ۋاڭ بېگىم شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىنرەك يولغا چىقىپ، يولدا بىر قونۇپ، ئەتىسى چۈشتە ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. يەر ـ جاھان ئوتتەك قىزىغانىدى. سەھەردىن باشلاپ ئۇزۇن يول بېسىپ كەلگەن ئات ـ ئۇلاغلار چۈشكە ئاز قالغاندا يەنە ماڭغۇسى كەلمەي ئارىلاپ توختاپ ئاستا مېڭىشاتتى. گەرچە قورۇققا يېتىپ بېرىشقا ئاز قالغان بولسىمۇ، ئات ـ ئۇلاغلارنى توختىتىپ بوغۇز بېرىپ دەم ئالدۇرماي بولمايتتى. ئۇرۇمچىگە ئاشلىق ئېلىپ بارغان ھارۋىلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى قاتار تىزىلىپ كەلمەكتە ئىدى. ۋاڭ بېگىم ھارۋىلارغا بىر قارىۋېتىپ قىزىغا:

— قىزىم، ناھىيە بازىرىغىمۇ ئاز قالدۇق. شۇڭا ناھىيە بازىرىدا تاماق يەپ، ئات ـ ئۇلاغلارنىمۇ دەم ئالدۇرۇپ ئاندىن ماڭساقمۇ قورۇققا بېرىۋالىمىز، — دېدى. لېكىن ۋاڭ شىئېر:

— دادا، مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى بىر ھەپتە بولدى، ئاپامنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى. ئاپاممۇ مېنى سېغىنىپ كۆرگىسى كەلگەندۇ، ئاخشام ئاپامنى چۈشەپ قاپتىمەن. . . ناھىيە بازىرىدا تاماق يېسەك، سىزنىڭ يەنە ھاكىم بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىڭىز بار. ئۇ چاغدا قورۇققا بارغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بىز ناھىيە بازىرىغا كىرمەي، يولدىلا ئازراق دەم ئېلىپ يولىمىزغا مېڭىۋېرەيلى، سىز ناھىيە بازىرىغا

كىرىپ تاماق يەپ، ھاكىم بىلەن كۆرۈشۈپ ئاندىن بېرىڭ. مەن ھارۋىلار بىلەن توختىماي مېڭىپ ئاپامنى بالدۇرراق كۆرەي. قورۇققا ئاز قالغانسېرى ئاپامنى كۆرگۈم كېلىپ يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— قىزىم، ئاپىڭىزنى بۇنچىلىك كۆرگىڭىز كەلگەن بولسا بوپتۇ، سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر خۇش بولۇپ:

— بولىدۇ دادا، لېكىن بەك كەچ قالماڭ، بىز قورۇققا بېرىپ يولىڭىزغا قاراپ تۇرىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — ۋاڭ بېگىم ھارۋىدىن چۈشۈپ قالدى. ھارۋىلار ناھىيە بازىرىغا كىرمەي، بازارنىڭ كەينى تەرىپىدىكى يولدىن ئۆتۈپ دەم ئېلىشقا توختىدى. ۋاڭ شىئېر بازارغا كېتىۋاتقان دادىسىغا قولىنى پۇلاڭلىتىپ ئۇزىتىپ قالدى.

ۋاڭ بېگىم ناھىيە بازىرىغا كىرىپ ئالدىرىماي مېڭىپ، چوڭ چاسا كوچىغا كەلدى. بۈگۈن كىشىلەر خۇددى بىر ياققا كېتىپ قالغاندەك كوچىدا ئادەم شالاڭ ئىدى. گەرچە دۇكانلار ئوچۇق بولسىمۇ ئالدىدا خېرىدارلار ئاز ئىدى. ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغانلار ئاندا - ساندا ئۇچرايتتى، ئاشپۇزۇللارمۇ بوش ئىدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ قورسىقى بەك ئېچىپ كەتكەچكە، چاسا كوچىدىكى ئاۋات بىر ئاشپۇزۇلغا كىردى. ئەپسۇس، بۇ ئاشپۇزۇلدىمۇ خېرىدار ئاز بولۇپ، ئۇستەللەر بوشلا ئىدى. خوجايىن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇستەلگە تەكلىپ قىلدى. ئۇستەل ناھايىتى پاكىز بولسىمۇ، خوجايىن ئۇنى سۈرتۈپ تېخىمۇ پارقىرىتىۋەتتى. بازاردا ئادەملەرنىڭ شالاڭلىقىغا، بۇ ئاۋات ئاشپۇزۇلغا ئادەم تۇزۇك كىرمىگەنلىكىگە ھەيران بولغان ۋاڭ بېگىم تاماق بۇيرۇتۇشنىمۇ ئۇنتۇپ خوجايىنغا:

— خوجايىن، بۈگۈن كوچىدىمۇ ئادەملەر شالاڭ، بۇ كاتتا

ئاۋات ئاشپۇزۇلدىمۇ خېرىدارلار يوق دېيەرلىكقۇ، — دېدى.
— شۇنى دېمەمسىز، — دېگىنىچە خوجايىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى:
— تۇرداخۇن دېگەن سودىگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ بازارنىڭ چېتىدىكى بىكار تۇرغان كونا ھويلىسىنى سېتىۋېلىپ مويكا ئاچقاندى. ھازىر بۇ ناھىيىنىڭ دېھقانلىرى، چارۋىچىلىرى ناھىيە بازىرىغا كەلسە، ئالدى بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ يۈك - تېرىلىرىنى ساتىدۇ. ناھىيە بازىرىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ شۇ يەرگە بېرىپ تىجارەت قىلىدۇ، ھازىر ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنىڭ ئەتراپى بىر يەرمەنكىگە ئايلىنىپ قالدى. چۈشتىن كېيىن سودا - سېتىق ئاخىرلىشىپ مويكىنى تاقىغاندا ئاندىن كىشىلەر يېنىپ چوڭ چاسا كوچىغا كېلىپ بازار ئاچىدۇ.
ۋاڭ بېگىم سېتىۋەتكەن ھويلىسىنىڭ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىگە خۇش بولدى:
— خوجايىن، ئۇ يەردە ئادەملەر شۇنچە كۆپمۇ ؟
— كۆپ بولمايچۇ، ھازىر ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە. بۇ چوڭ چاسا كوچىدا ھازىر كەچتە بازار قىزىيدىغان بولدى، — شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا قاراپ سەل تۇرۇپ داۋام قىلدى، — خوجام، سىز بازارغا ئاز كىرىدىغان ئوخشىمامسىز؟
— شۇنداق، مەن يېزىدا تۇرىمەن، ئەتىيازدىن بۇيان بازارغا كېلىپ باقمىغان.
— ھە، شۇڭا بازارنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيدىكەنسىز - دە، تۇرداخۇن ھازىر پۈتۈن كوچىدىكى بازارنى ئۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەتتى.
ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ خۇش بولۇپ، ئۆز - ئۆزىگە «ياخشى ئىش بوپتۇ» دەپ كۈلۈپ كەتتى.
— نېمە يېگىڭىز بار، ھازىرلا تەييار قىلدۇراي.
ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا تاماق بۇيرۇدى. خوجايىن خۇش بولۇپ

بۇيرۇغان تاماقنى ئوخشىتىپ ئەتتۇرۇپ، هايال قىلماي ئالدىغا كەلتۇردى. ۋاڭ بېگىم تاماق يەۋاتسىمۇ، ئۆزىنىڭ سېتىۋەتكەن هويلىسىنىڭ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ، تاماقنى ئازراق يەپلا ئورنىدىن قوزغالدى. خوجايىن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ:

— باي غوجام، ئاشپۇزۇلىمىزغا كېلىپ تۇرارسىز، خىزمىتىڭىزدە بولىمىز، — دەپ ئۇزىتىپ قويدى.

ۋاڭ بېگىم ئاشپۇزۇل ئالدىدا ئۇياققا ـ بۇياققا قاراپ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، قىزى ۋاڭ شىئېرنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە قورۇققا بالدۇرراق يېتىپ بېرىش ئۈچۈن ئەمدى بازار ئايلانماي هاكىم بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىدە ماڭدى.

هاكىمنىڭ ئۆيى يامۇل قورۇسىغا قوشنا بولۇپ، كوچىدىنمۇ هەم يامۇل بېغىدىنمۇ كىرگىلى بولاتتى. ۋاڭ بېگىم هاكىمنىڭ چۈشلۈك دەم ئېلىشتا ئۆيىدە بار چېغىدا كۆرۈشمەكچى بولۇپ كوچا بويلاپ مېڭىپ، بىردەمدىلا هاكىمنىڭ دەرۋازىسىغا كېلىپ قالدى. ئۇ دەرۋازا ئالدىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن دەرۋازىنى چەكتى. هايال ئۆتمەي دەرۋازا ئېچىلىپ، كىچىك بايۋەچچە چىقتى. تېخى تۇنۇگۈنلا لى مۇئەللىم بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى قىلغاچقا، بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىغا هەيران بولغان ۋاڭ بېگىم بىردەم ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

كىچىك بايۋەچچە دادىسى چيەن دارىنغا ئوخشاش پاكىنەك هەم سېمىز ئىدى. كىيىۋالغان قارا چاپاۋىسى بەدىنىنى چىڭ سىقىپ تۇراتتى. بېشىدىكى قارا پوسمىسى سېمىز بېشىنى سىقىپ ئىز چىقىرىپ قويغانىدى. بۇ چۈشنىڭ ئاپتىپىدا تەرلەپ، تەرلىرى چاپاۋىسىنى هۆل قىلىۋەتكەنىدى. ئۇ:

— ۋاڭ بېگىم، كېلىپ قاپسىز، قېنى ئۆيگە، — دەپ دەرۋازىنى يوغان ئاچتى. دەرۋازىنىڭ غاچىلداپ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلىغان دارىن خېنىم «بەلكىم بىر هۆرمەتلىك مېهمان مەپىسى بىلەن كېلىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۆيدىن ئالدىراپ

چىقتى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ:
— ۋاڭ بېگىم، قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتۇ، سىز كەلمىگەنگە خېلى ۋاقىتلار بولغانىدى، — دېدى ۋە ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.
ۋاڭ بېگىم بوسۇغا ئاتلاپ ئاستا مېڭىپ كىرىپ كەلدى. ئۆينىڭ ئالدىدىكى تال گۈلدىن ئۆتتى. لېكىن ئالدىغا دارىن جانابلىرى چىقمىدى. شۇڭا ئۇ يېنىدا ئەگىشىپ كېلىۋاتقان دارىن خېنىمغا قاراپ:
— دارىن خېنىم، دارىن جانابلىرى ئۆيدە يوقمۇ نېمە؟ — دېدى. دارىن خېنىم ئېگىلىپ:
— شۇنداق ۋاڭ بېگىم، دارىن جانابلىرى سىلەرنىڭ تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن كونا هويلىغا بېرىپ كېلىمەن دەپ كەتكەنىدى، چۈشتىمۇ ئۆيدە بولمىدى. مەن تېخى سىزنىمۇ شۇ يەردە بولسا مېهمان بولۇشۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ هەيران بولۇپ:
— مەن سېتىۋەتكەن ئۇ هويلىدا بىرەر ئىش بوپتۇمۇ؟ — دەپ سورىدى.
— هېچ ئىش بولماپتۇ ۋاڭ بېگىم، لېكىن بازار بولۇپ ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇدەك، هازىر هەممە ئادەم شۇ يەردىمىش، — دېدى دارىن خېنىم، ئاندىن ئاسمانغا قاراپ داۋام قىلدى، — ئاپتاپ قىيامدىن يېنىپ قاپتۇ، بەلكىم دارىن جانابلىرى ئۇ يەردىن قايتقان بولسا، هازىر يامۇل ئىشخانىسىدىمىكىن ياكى تاماق يېمىگەن بولسا هايال قالماي ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالارمىكىن.
— دارىن خېنىم ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ، ئۆينىڭ ئىشىكىنى يوغان ئاچتى، ۋاڭ بېگىم ئۆيگە كىردى. دارىن خېنىم ئۇنىڭغا قارا سىرلانغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى سۈرۈپ، ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ۋاڭ بېگىم ئورۇندۇققا ئالدىرىماي

ئولتۇردى. ئاڭغىچە كىچىك بايۋەچچە دەرۋازىنى تاقاپ كېلىپ، ئاپىسىنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ ۋاڭ بېگىم دارىن جانابلىرىغا ۋە دارىن خېنىمغا نېمە دەيدىغانلىقىنى كۆڭلىدە ئويلاپمۇ قويدى. لېكىن چيەن دارىن ئۆيدە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغاندى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن دارىن خېنىممۇ، ئوغلىمۇ، ۋاڭ بېگىممۇ ھەيران بولدى. چۈنكى ئۇ باغ ئىشىكىدىن كىرگەنىدى. چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ سالاملىشىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ:

— ۋاڭ بېگىم، ھازىر سىزنىڭ تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن كونا ھويلىڭىزدىن كېلىشىم، ئۇ ھويلا بەك ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ، بازاردىكى ھەممە ئادەم دېگۈدەك شۇ يەردىكەن. . . سىز تېخى ئۇ ھويلىغا بېرىپ باقمىغان ئوخشىمامسىز، ئۆزۈن بولدى، سىزنى بازاردىمۇ كۆرمىدىم، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ۋاڭ بېگىم، — مەن ناھىيە بازىرىغىمۇ كەلمىگىلى خېلى ۋاقىتلار بولدى. ھازىرلا ئۈرۈمچىدىن كېلىشىم، ھارۋىلار قورۇققا كەتتى، مەن جانابلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ كېتەي دەپ ھويلىڭىزغا تېخى بايىلا كىرىشىم ... دارىن خېنىم، كىچىك بايۋەچچە بارىكەن.

— ئوبدان قىپسىز، مەن ئىنتايىن خۇش بولۇۋاتىمەن. بىز يېقىن ئۇلپەت، — دېدى چيەن دارىن ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ. ئۇ سېمىز، پاكىنەك بولغاچقا، كەڭ ئورۇندۇقتا خۇددى توخۇ يېڭىلا تۇغقان تۇخۇمدەك ئولتۇراتتى. سېمىز بېشى تېخىمۇ دۇگىلەك كۆرۈنەتتى. ئىسسىقتا تەرلەپ، چىڭ كېلىپ قالغان چىپاۋسىنىڭ ھەممە يېرى دېگۈدەك ھۆل ئىدى.

دارىن خېنىم يېنىدا تۇرغان ئوغلىنىڭ بىردەمدىلا غايىپ بولغانلىقىدىن ھەيران بولۇپ ئۆز - ئۆزىگە «كىچىك بايۋەچچە ھازىر يېنىمدا تۇراتتىغۇ» دەپ ئويلارغا:

— مەن سىلەرگە چاي تەييارلاي، — دېگىنىچە چىقىپ كەتتى.

چيەن دارىنمۇ ئۆزىنىڭ سېتىۋەتكەن ھويلىسى توغرۇلۇق گەپ قىلغاچقا، ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا دەيدىغان گېپىنى ئۇنتۇدى:

— دارىن جانابلىرى، تۇرداخۇن ئۇ تاشلىۋەتكەن كونا ھويلامنى شۇنچىلىك ئاۋاتلاشتۇرۇۋېتىپتۇمۇ؟

— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى چيەن دارىن، — ھازىر ھەممە ئادەم دېگۇدەك شۇ يەردە... بازارمۇ شۇ تەرەپكە كۆچكەندەك، ناھىيە بازىرىدىكى ئۇششاق تىجارەتچىلەرمۇ شۇ تەرەپتە بازار قىلىۋاپتۇ... ئادەم نەدە كۆپ بولسا بازار شۇ يەردە بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! — ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا قوشۇلدى:

— شۇنداق.

— ئۇنىڭ ئۇستىگە، تۇرداخۇن ئۇ ھويلىدا يۇڭ - تېرە سېتىۋېلىش يەرمەنكىسى قىلغاچقا، يېزىلاردىكى ھەتتا ناھىيىنىڭ بازىرىدىكى يۇڭ - تېرىلەر شۇ يەرگە بارىدىكەن، — دېدى چيەن دارىن بېشىنى ۋاڭ بېگىمگە يېقىن قىلىپ، — قارىغاندا سىز ئۇ ھويلىڭىزنى بەك ئەرزانغا سېتىۋەتكەن ئوخشايسىز.

— ياق، مېنىڭچە ئۇنداق ئەمەس. ئۇ ھويلىدا ئۇزۇن يىللار ئادەم ئولتۇرمىغان بولغاچقا، سېتىۋەتكىنىمگە خۇشالمەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم.

گەرچە ئۆيدە ئىككىسىدىن باشقا ئادەم بولمىسىمۇ، خۇددى گېپىنى بىرسى ئاڭلىۋالمىسۇن دېگەندەك قىلىپ:

— ۋاڭ بېگىم، ھويلىڭىزنى قايتۇرۇۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى چيەن دارىن بوش ئاۋازدا.

ۋاڭ بېگىم ھەيران بولۇپ:

— بۇنىڭدا قانداق بولىدۇ؟ بىز تۇرداخۇن بىلەن يېقىن ئۆتكەن ئادەملەر تۇرساق، بۇ ھويلىنى سېتىپ بولغان تۇرسام، — دېدى.

چيەن دارىن ئورۇندۇقتىن قوپۇپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاغزىنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا يېقىن قىلىپ دېدى:

— ۋاڭ بېگىم، سىز ھازىر مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمەيۋاتىسىز. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، تۇرداخۇن شۇ ھويلىڭىزدىن پايدىلىنىپ جىق بېيىپ كەتتى. ئەگەر ئۇ شۇنداقلا بېيىۋېرىدىغان بولسا كېيىن ناھىيىمىز بويىچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي چىقماي قالىدۇ.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ مەقسىتىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەچكە ئانچە ئويلانمايلا:

— دارىن جانابلىرى، سىز مېنى «ئۇ ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، تۇرداخۇنغا ئوخشاش تىجارەت قىل» دېمەكچىمۇ سىز؟ ئەپسۇس، مېنىڭ تىجارەتكە ئېپىم يوق، يەر تېرىپلا ئۆمرۈم ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەممەن، — دېدى.

چيەن دارىن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋاڭ بېگىم، سىز تازىمۇ نادان ئىكەنسىز... سىز تىجارەت قىلىشنى راست بىلمەيسىز... مەن دېمەكچى بولغان مەقسىتىمنى تېخىمۇ ئېنىق ئېيتسام، ھويلىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىپ يەنە ئۆزگە سېتىڭ، — دېدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ گېپىنى تېخىمۇ چۈشەنمەي بېشىنى تۇتۇپ قالدى:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— نېمە دېگىنىم بولاتتى، ھويلىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىپ ئۆزگە سېتىڭ.

ۋاڭ بېگىم ئويلىنىپ، ئۇنىڭ مەقسىتىنى ئانچە - مۇنچە چۈشەنگەندەك بولدى. لېكىن ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن:

— ئۇنداق قىلسام بولامدۇ؟ لەۋزىمدە تۇرمىسام ئەل - جامائەت ئارىسىدا سۆز - چۆچەككە قالماسمەنمۇ؟ — دېدى. چيەن دارىن كۈلۈپ كېتىپ ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— نېمىشقا بولمايدىكەن، پۈتۈنلەي بولىدۇ، چۈنكى تۇرداخۇن ھويلىڭىزنىڭ پۇلىنى تېخى تۆلەپ بولمىدى. بۇ جەھەتتىن ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىشقا يول تېپىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مۇشۇ كۈندە ئۇ ھويلىڭىزنى تۇرداخۇندىن باشقا ھېچكىم ئالمايدۇ، شۇڭا ئۆزىگە يەنە ساتالايسىز، ئۇ ھويلا تۇرداخۇنغا كېرەك. تۇرداخۇن ھويلىنى يەنە سىزدىن سېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھويلىڭىزنىڭ باھاسىنى ئاشۇرۇپ ساتالايسىز.

ۋاڭ بېگىم ئويغا چۆكۈپ بىرپەس گەپ قىلمىدى. شۇ ئەسنادا دارىن خېنىم خىزمەتچىسى بىلەن داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. چيەن دارىن دەرھال ۋاڭ بېگىمگە «ئەمدى گەپ قىلىشمايلى» دېگەندەك قىلىپ بارمىقىنى ئاغزىغا تۇتۇپ شەرەت قىلىپ قويدى. داستىخان سېلىش بىلەن بولۇپ كەتكەن دارىن خېنىم ئېرىنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلمىدى، چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ، ئۇلارنى چاي ئىچىشكە تەكلىپ قىلدى ۋە:

— مەن ئەمدى تاماق ئەتتۇرەي، — دەپ كەينىگە ماڭدى.

— دارىن خېنىم، ئاۋارە بولماڭ، مەن ھازىرلا ئاشپۇزۇلدىن كېلىشىم، سىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتەي، دەپ بۇ يەرگە كېلىشىم، مەن يەنە بۇگۈنلا قورۇققا چىقىپ كېتىمەن، ئۆيدىكىلەر يولۇمغا قاراپ قالدى، — دېدى ۋاڭ بېگىم.

دارىن خېنىم چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن:

— مەنمۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسى تەرەپتە ئېچىلغان ئاشخانىدا تاماق يەپ كەلدىم، بولمىسا بايا ئۆيگە كېلىپلا «تاماق» دېگەن بولاتتىم، — دېدى.

دارىن خېنىم «بوپتۇ» دېگەندەك قىلىپ، خىزمەتچىسىنى باشلاپ چىقىپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم چيەن دارىننىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەنىدى. لېكىن سېتىپ بولغان ھويلىسىنى «قايتۇرۇۋالىمەن» دېيىشكە پېتىنالمايۋاتاتتى.

— دارىن جانابلىرى، ئەگەر ھويلىنى «قايتۇرۇۋالىمەن» دېسەم تۇرداخۇن ئۇنىماي قالسىچۇ؟

— ئۇنىڭ كارى چاغلىق، ۋاڭ بېگىم، — ئۇنىڭ سەل بوشاپ قالغانلىقىغا خۇش بولۇۋاتقان چيەن دارىن:

— سىز ھويلىڭىزنى ئاغزاكى ساتتىڭىز، ئۇ پۇلنى تېخى تولۇق تۆلەپ بولمىدى. پۇلنى تولۇق تاپشۇرۇپ ئېلىپ رەسمىي ساتقان بولسىڭىز سىلەر يامۇلغا كېلىپ ھۆكۈمەت گۇۋاھلىقى رەسمىيىتىنى ئۆتىگەن بولاتتىڭلار، ئالغان - ساتقان ئىش كۈچكە ئىگە بولاتتى. ئۇ چاغدا سىز «قايتۇرۇۋالىمەن» دېسىڭىزمۇ قايتۇرۇۋالالمايتتىڭىز. شۇڭا ھازىر ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىشىڭىز ياخشى پۇرسەتتى، — دېدى. ۋاڭ بېگىم يەنە ئىككىلەندى:

— تاشلاپ قويغان كونا ھويلامنى تۇرداخۇنغا ساتقانلىقىمنى ئەل - جامائەت بىلىپ كەتتى، جامائەت ئالدىدا سەت بولارمىكىن.

— ۋاڭ بېگىم، «سەت بولارمىكىن» دېگىنىڭىز نېمىسى. . . شۇنچىۋالا پايدا قولىڭىزدىن چىقىپ كېتىۋاتسا چىداپ تۇرالامسىز؟

ئۇنىڭ بۇ گېپى ۋاڭ بېگىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى:

— بولىدۇ دارىن جانابلىرى، ئۆيگە قايتىپ ئويلىنىپ باقاي.

چيەن دارىن ئۇنىڭ «ئويلىنىپ باقاي» دېگىنىدىن ئەنسىرەپ:

— ۋاڭ بېگىم، «ئويلىنىپ باقاي» دېمەي، ھازىرلا بىر قارارغا كېلىڭ، دەرھاللا قايتۇرۇۋېلىڭ، ۋاقىت ئۆتۈپ كەتسە قايتۇرۇۋېلىش تەس بولىدۇ. ھېلىمۇ تۇرداخۇن ھويلىڭىزنى ئانچە - مۇنچە تۈزەشتۈردى، ئۇنىڭغا خېلى چىقىمدار بولدى. تۇرداخۇن «قايتۇرمايمەن» دېسە يوللۇق بولۇپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە. شۇڭا، بۇ ئىشقا ۋاقتىدا تۇتۇش قىلىڭ. تۇرداخۇن ھويلىڭىزدىن كۆرۈۋاتقان پايدىدىن ھەرگىز ۋاز كەچمەيدۇ. نېمىلا

بولمىسۇن، ئۇ ھويلىنى يەنە سىزدىن سېتىۋالىدۇ، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ مەسلىھەتىگە قايىل بولۇپ:
— بولىدۇ، مەن بۈگۈن ئۆيگە بېرىپ ۋاڭ خېنىم بىلەن مەسلىھەتلىشەي، — دېدى. چيەن دارىن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بارمىقىنى ئاغزىغا تۇتۇپ:
— ۋاڭ بېگىم، بۇ گەپنى ھەرگىز ئاياللار بىلىپ قالمىسۇن. ئاياللارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق، ئۇلارنىڭ ئاغزىدا گەپ تۇرمايدۇ. بۇ ئىش يېيىلىپ كەتسە، ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىش تېخىمۇ تەسكە چۈشىدۇ. ئەگەر ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىش خىيالىغا كېلىپ قالغان بولسىڭىز ئىشنى يەڭ ئىچىدىلا پۈتتۈرىمىزدە قايتۇرۇۋالىمىز، يەنە ئۆزىگە ساتىمىز، ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ. ئىش سىزنىڭ كونا ھويلىڭىزنى تۇرداخۇنغا ساتقان بولۇپ كېتىۋېرىدۇ. بايا دارىن خېنىم ئۆيگە كىرگەندە سىزگە، «بولدى، ئەمدى گەپ قىلىشمايلى» دېگەندەك قىلىپ شەرەت قىلىپ قويدۇمغۇ، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم كۈلۈپ كەتتى:
— بولىدۇ ئەمىسە، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەي ئۆزۈم ئويلىشاي.
— ھەببەللى، شۇنداق قىلىڭ. لېكىن ھويلىنى چوقۇم قايتۇرۇۋېلىڭ. بۇ ئىش ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا قالسۇن، ھېچكىم بىلمىسۇن.
ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش قارارىغا كەلدى. بۈگۈن ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى يادىغا ئېلىپ دېرىزىدىن تالاغا قارىدى. ئاپتاپ پەسلەپ ئۆيگىمۇ شولا چۈشكەنىدى. ئۇ كەچ قالماي ئۆيگە بالدۇرراق بېرىۋېلىشقا ئالدىراپ:
— دارىن بېگىم، پاراڭ بىلەن بولۇپ ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھارۋا بىلەن كەتسەم ئۆيگە بەك كەچ قالىمەن، شۇڭا

ئېتىڭىزدىن بىرنى بېرىپ تۇرسىڭىز، گاۋ غوجىداردىن قايتۇرۇۋېتىمەن، — دېدى. ئۇنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۋالماسلىققا يەنە باھانە - سەۋەب كۆرسەتمەي ئۆيگە كېتىشىنى ئويلاپ قالغانلىقىغا خوش بولغان چيەن دارىن:
— بولىدۇ بېگىم، ئېغىلدا يامۇلىنىڭ بىرنەچچە ئېتى بار. خالىغان بىرىنى مىنىپ كېتىۋېرىڭ، — دېدى.
— بولىدۇ، خوش ئەمىسە، — ۋاڭ بېگىم قوزغالدى.
دارىن خېنىم ئۇنىڭ ماڭماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ۋاڭ خېنىمغا سالام يوللىغاچ ئۇزىتىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا چيەن دارىننىڭ خىزمەتچىلىرى ئېگەرلەنگەن بىر ئاتنى تۇتۇپ تۇراتتى. ۋاڭ بېگىم ئاتنىڭ يېنىغا بېرىپ يۈگەننى تۇتتى، خىزمەتچىلەر ئۇنى ئاتقا مىندۇرۇپ قويدى. ۋاڭ بېگىم ئات ئۈستىدە قولىنى كۆتۈرۈپ خوشلىشىپ، ئاتنى چاپتۇرغىنىچە يولىغا راۋان بولدى. ئۇ چيەن دارىن بىلەن قىلىشقان ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى گەپلەر بىلەن بولۇپ كېتىپ لى مۇئەللىمنىڭ ئۇنىڭغا تاپىلىغان گېپىنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.
چيەن دارىن بىلەن دارىن خېنىم ۋاڭ بېگىمنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە قايتىپ كىردى. ئۆيدە كىچىك بايۋەچچىنى كۆرگەن چيەن دارىن تەئەججۈپ بىلەن سورىدى:
— ھەي ئوغلۇم، بايا ئۆيدە بار ئىدىڭ. . . بىردەمدىلا نەگە يوقالدىڭ؟
دارىن خېنىممۇ ئوغلىغا ئاچچىق قىلغاندەك:
— بايا يېنىمدا تۇراتتىڭ، بىردەمدىلا يوقاپ كېتىپسەنغۇ؟
— دېدى. كىچىك بايۋەچچە دادىسىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادەملىرىنىڭ بىرى بولغان ۋاڭ بېگىمنى دەرۋازىدا كۆرۈپ خۇش بولۇپ ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلغان ھەم ئاپىسى بىلەن بىللە ئۆيگە كىرگەندە ئەھۋال سوراشقانىدى. لېكىن ۋاڭ بېگىم «ئۇرۇمچىدىن

كىلىشىم» دېگەنلىكى ئۈچۈن، كىچىك بايۋەچچە «ۋاڭ بېگىم ئۆرۈمچىگە بارغان بولسا چوقۇم شۆتاڭغا بېرىپ ئوغلى ۋاڭ مىڭئېر بىلەن كۆرۈشىدۇ. ئوغلى بىلەن كۆرۈشكەن ئادەم چوقۇم لى مۇئەللىم بىلەنمۇ كۆرۈشمەي قالمايدۇ، ئۇ چاغدا مېنىڭ كەپسىزلىكىمنى مۇئەللىمدىن ياكى ئوغلىدىن ئاڭلايدۇ، ھازىر ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا تۇرىۋەرسەم، مېنىڭ گېپىم چىقىپ قالسا دادام، ئاپامنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ قالىمەن» دەپ ئويلاپ ئاپىسىنىڭ يېنىدىن تۇيدۇرماي چىقىپ كەتكەنىدى.

— دادا، ۋاڭ بېگىم ھۆرمەتكە چوڭ ئادەم، شۇڭا سىلەر كۆرۈشۈپ ئەھۋاللاشقاندا ئالدىڭلاردا تۇرغۇم كەلمەي ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم.

— ھەتتىگىنەي، — دېدى چيەن دارىن يوتىسىغا بىرنى ئۇرۇپ، — سەن بۇگۈن ۋاڭ بېگىم كەلگەندە بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرماي ناھايىتى خاتا قىلدىڭ، سەت بولدى.

دارىن خېنىم ئوغلىنىڭ نېمە خاتا ئىش قىلغانلىقىنى ئويلاپ تاپالماي ھەيران بولدى. چيەن دارىن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ھەي خوتۇن، سەنمۇ بىلىپ قال، مەن ئوغلىمىز كىچىك بايۋەچچىنى ئۆيلەيمەن دەپ قۇدا بولىدىغان بايلارنى كۆڭلۈمگە پۈكۈپ يۈرەتتىم. ئاشۇ بايلارنىڭ بىرى دەل مۇشۇ ۋاڭ بېگىم ئىدى، — دېدى ئاندىن ئوغلىغا قاراپ، — سەن بايا يوقاپ كەتمەي بىز بىلەن بىللە ئۆيدە بولغان بولساڭ، ئەلۋەتتە ۋاڭ بېگىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالاتتىڭ. . . ھېچبولمىغاندا سەن شۆتاڭ ئوقۇغۇچىسى بولغانلىقىڭ ئۈچۈن ۋاڭ مىڭئېرنى سوراپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالاتتىڭ، شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ بېگىم سېنى تېخىمۇ بىلىپ قالاتتى، — دېيىشىگە دارىن خېنىم:

— دارىن جانابلىرى، بولدى، شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىغا ئۇنداق گەپنى ئالدىراپ دېمەڭ، كۆڭلى بۆلۈنۈپ قالىدۇ، — دەپ ئۇنى گەپتىن توستى. چيەن دارىن ئۇنىڭغا

ئاچچىق قىلغاندەك، — كۆڭلى بۆلۈنمەيدۇ، ئوغلىمىزنى ھامىنى ئۆيلەيمىز ئەمەسمۇ، ئۆزىمىزگە لايىق ئائىلە بىلەن قۇدا چۈشۈشىمىز كېرەك - تە، — دېدى. دارىن خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئوغلىغا:

— بالام، سەن چىقىپ كەت، داداڭ دەۋېرىدۇ، سېنى تېخى ئۆيلەمەيمىز، ئۆيلىسەكمۇ شۆتاڭنى پۈتتۈرگەندە ئاندىن ئۆيلەيمىز، ھازىر خاتىرجەم ئوقۇشۇڭنى ئوقۇۋەر، — دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئىشىكتىن چىقىرىۋېتىپ، — دارىن بېگىم، كۆڭلۈمدە بار دەپ ئەتراپىڭىزغا باقماي دەۋېرىدىكەنسىز، مۇنداق ئوغۇلنى ئۆيلەيدىغان، قىزنى تالالىق قىلىدىغان گەپنى بالىلارنىڭ ئالدىدا دېمەيدىغان. ئوغلىڭىزنى ئۆيلىگىڭىز كېلىپ كەتسە ئاۋۋال ماڭا دەڭ، — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

چيەن دارىننىڭ ئوغلىغا ھېلىمۇ ئاچچىقى بار ئىدى:

— ھازىر ساڭا دېگىنىم بىلەن نېمە پايدىسى... ئىككىمىز ئوغلىمىزنى ئۆيلەش توغرۇلۇق ھامىنى پاراڭلىشىمىز، لېكىن پۇرسەت ئۆتۈپ كەتتى. ئوغلىمىز ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا بىر دەم تۇرغان بولسا بولاتتى.

— دارىن جانابلىرى، ئوغلىمىزنى مېنىڭمۇ ئۆيلىگۈم بار، لېكىن قائىدە بويىچە ئالدى بىلەن ئاتا - ئانىلار پۈتۈشۈپ، ئاندىن بالىلارغا دېسەك قامىلىشىدۇ. ئىشنىڭ باش - ئايىغىنىڭ تايىنى يوق بالىلارنىڭ ئالدىدا دەپ قويساق، ئەھۋال ئىككىمىز ئويلىغاندەك بولسىغۇ ياخشى، ئۇنداق بولماي قالسا، ھەر ئىككى تەرەپكە كۆڭۈل ئاغرىقى بولىدۇ.

— سەن خوتۇن بەك ئاق كۆڭۈلدە، قائىدە - يوسۇن دەپلا يۈرىسەن.

— ئىشنى قائىدە - يوسۇن بويىچە قىلمىساق بولامدۇ، — دېدى دارىن خېنىم كۈلۈپ.

— ئۇغۇ. . . شۇنداق. شۇغىنىسىزە، ئوغلىمىزنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا بىرەدەم بولسىمۇ تۇرمىغىنى ياخشى بولمىدى.
چيەن دارىن ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ قويۇپ يەنە:
— ئۇنداق بولسا بىز قۇدا چۇشىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرى مۇشۇ ۋاڭ بېگىم، ۋاڭ بېگىم ناھىيە بويىچە ئەڭ چوڭ باي، ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان باي يوق. قىزى بولسا ناھىيە بويىچە ئەڭ چىرايلىق قىزلارنىڭ بىرى، خۇددى ئاپىسى ۋاڭ خېنىمغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ۋاڭ بېگىم ئائىلىسى ئەپلەشمىسە، ئۇلاردىن كېيىنرەك تۇرىدىغان بايلارنى ئويلاشساقمۇ بولىدۇ، — دېدى.
— بولىدۇ دارىن بېگىم، مەن كۆڭلىڭىزدىكىنى بىلدىم،
— دارىن خېنىم ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تويى توغرۇلۇق يەنە بىر نەرسە دەپ قالماسلىقى ئۇچۇن گەپنى بۇراپ:
— راست، ۋاڭ بېگىمنىڭ سېتىۋەتكەن ھويلىسى شۇنداق ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇمۇ، ھەممە ئادەم شۇنداق دەيدۇ، — دېدى.
— شۇنداق بولمايچۇ، — دېدى چيەن دارىن ماختىغۇسى كېلىپ:
— ھازىر ھەممە ئادەم شۇ يەردە ئىكەن، ھەممە بازار شۇ يەردە ئېچىلىپتۇ، بولۇپمۇ چارۋا - ماللارنىڭ بازىرى شۇ يەردە بولۇۋېتىپتۇ. تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن مال - چارۋىلار ئەتىدىن كەچكىچە شۇ يەردە سېتىلىدىكەن.
دارىن خېنىم خۇش بولۇپ:
— خۇدايىم تۇرداخۇنغا ئامەت بېرىپتۇ، ئۆزىمۇ چىقىشقاق ياخشى ئادەم. ئىلاھىم تۇرداخۇن بېيىپ كەتسۇن، ئامى تابا، — دېگىنىچە قولىنى كۆتۈرۈپ ئىختىيارسىز دۇئا قىلدى.
لېكىن چيەن دارىن ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىدى. دارىن خېنىم بۇنى سەزمەي ئورنىدىن قوزغىلىپ داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. چيەن دارىن دېرىزىدىن تالاغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتاتتى. دارىن خېنىم داستىخاننى يىغىشتۇرماقچى بولغان

ئۆي خىزمەتچىسىگە:

— داستىخاننى ئۆزۈم يىغىشتۇرىمەن. كۆن پاتاي دەپ قاپتۇ، سەن كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىل، — دەپ تاپىلىدى.

خىزمەتچى چىقىپ كەتتى. چيەن دارىن خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك ئولتۇراتتى. ئەمدىلا پىتىۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرى دېرىزىدىن ئۇدۇل چۈشۈپ، ئۆي ئىچى خۇددى چىراغ يېقىپ قويغاندەك يورۇپ كەتتى.

## ئۈچىنچى باب

# تۇرداخۇننىڭ بېشىغا غەم چۈشكەنلىكى

چۈشتىن كېيىن ئىسسىق سەل پەسىيىپ، چىڭقى چۈشنىڭ ئوتتەك قىزىقى ئۆتۈپ كەتتى، كوچىدا كىشىلەر ئاۋۇشقا باشلىدى. تىجارەتچىلەرنىڭ خېرىدارلارنى چاقىرىپ توۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا سالقىنلىغانسېرى تىجارەت قىزىشقا باشلىدى.

تۇرداخۇننىڭ كۆپ ۋاقتى ۋاڭ بېگىمدىن سېتىۋالغان كونا ھويلىسىدىكى يۇڭ - تېرە سودىسى بىلەن ئۆتسىمۇ، بۇ چاسا كوچىدىكى دۇكىنىغىمۇ بەزىدە كېلىپ قوياتتى. ئۇ دۇكىنىغا ئەمدى كېلىپ تۇرۇشىغا يېنىدا ئاتلىق بىرى پەيدا بولدى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ تۇرداخۇن بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ غوجىدارى بولۇپ، ئىككىسى ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى سېتىۋېلىشتا كۆپ ئۇچراشقانىدى. شۇڭا ئىككىسى تونۇش بولغاچقا، تۇرداخۇن ئۇ مىنىپ كەلگەن قاۋۇل ئاتقا قاراپ:

— گاۋ غوجىدار، بىيىپ قاپسىزمۇ نېمە. . . ئەجەب چىرايلىق ئات مىنىۋاپسىزغۇ، مەن ئىلگىرى سىزنىڭ مۇنداق چىرايلىق ئات مىنگەنلىكىڭىزنى كۆرمىگەن، ھەتتا ۋاڭ بېگىمنىڭمۇ بۇنچىلىك قاۋۇل ئېتى يوققۇ دەيمەن، — دەپ چاقچاق قىلدى.

گاۋ غوجىدار كۈلۈپ كېتىپ:

— تۇرداخۇن، سىز چاقچاققا ئۇستا جۇمۇڭ. . . بىزدەك چاكارلاردا مۇنداق نوچى ئات نېمىش قىلسۇن دەيسىز، — دەپ ئاتقا قاراپ قويدى.

ئات تورۇق بولۇپ، تۈكلىرى پارقىراپ تۇراتتى، شاش بولغاچقىمۇ، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ئەتراپقا قاراپ، جايىدا جىم تۇرمايتتى. كۈمۈش قويۇپ ياسالغان ئىگەر - جابدۇقلىرى ئۇنى تېخىمۇ سۆلەتلىك كۆرسىتىپ تۇراتتى.

— ئۇنداقتا، بۇ ئاتنى ۋاڭ بېگىم يېقىندىلا سېتىۋالغان ئوخشىمامدۇ، — دېدى تۇرداخۇن ئاتنى بىر ئايلىنىپ چىقىپ.

— ياق، بۇ ئات ئۇنىڭمۇ ئەمەس. بۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى چيەن دارىن مىنىدىغان زاپاس ئاتلارنىڭ بىرىكەن، — دېدى گاۋ غوجىدار مۇنداق نوچى ئاتنى مىنىپ كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ.

تۇرداخۇن ھەيران بولۇپ:

— ھاكىمنىڭ ئېتىنى مىنىۋالغانلىقىڭىزغا قارىغاندا ھاكىم سىزگە بىرەر خىزمەت بەردىمۇ قانداق؟ — دېدى.

— ياق، ياق، مەن چاكار ھەرقانچە قابىلىيەتلىك بولسامۇ، يامۇلدا ماڭا خىزمەت نەدە تۇرۇپتۇ دەيسىز. . . مەن يېزىدىن بازارغا كېلەلمەي ۋاڭ بېگىمنىڭ چاكىرى بولۇپ ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى گاۋ غوجىدار ۋە بىردەم تۇرۇۋېلىپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — ئۆتكەن قېتىم ۋاڭ بېگىم ئۇرۇمچىدىن قايتقاندا قورۇققا قايتىپ كېتىشكە كەچ قاپتىكەن، شۇڭا چيەن دارىندىن بۇ ئاتنى ئارىيەت ئېلىپ مىنىپ كېتىپتىكەن، بۈگۈن مەن بازارغا كىرىدىغان بولۇپ قالغاندىم، شۇڭا ئاتنى ئالغاچ كەلدىم. سىز بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ ئاتنى يامۇل قورۇسىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، ناھىيىدە بىرەر - يېرىم كۈن قونۇپ، ئەتە قورۇققا كېتىمەن.

تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى سېتىۋېلىشتا ئۇ ئارىدا مېڭىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. شۇڭا ئۇنى

مۇشۇ پۇرسەتتە بىر مېھمان قىلىۋېلىش مەقسىتىدە:
— گاۋ غوجىدار، ئەگەر ۋاقتىڭىز بولسا ئىككىمىز ئاشپۇزۇلغا كىرسەك. سىز يىراقتىن كەلدىڭىز، ھېرىپ - ئېچىپ قالغانسىز. . . مەنمۇ بۇ دۇكانغا كۆپ كېلىپ تۇرمايمەن، خىزمەتچىلەر دۇكاننى ئېچىۋېرىدۇ، نەچچە كۈن بولغاندى بۇ دۇكانغا كېلىپ باقمىغىلى. بۈگۈن كەلسەم تەقدىر نېسىپ قىلىپ ئىككىمىز ئۇچرىشىپ قالدۇق، بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى، — دېدى.
يېزىدىن كەلگىچە ئۇنىڭ قورسىقىمۇ ئاچقانىدى ھەم تۇرداخۇن بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىشىمۇ بار ئىدى. شۇڭا ئۇ خۇش بولۇپ:
— ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە بۈگۈن ئۇچرىشىپ قېلىشىمىز تەقدىردىن ئوخشايدۇ. . . بولىدۇ ئەمىسە، لېكىن سىز مېنى سەل ساقلاپ تۇرۇڭ، يامۇل يېنىمىزدا، ئاتنى ئەكىرىپ تاپشۇرۇپ بېرىپ چىقاي، — دېگىنىچە ئاتنى يېتىلەپ ماڭدى.
تۇرداخۇن ئۇنى ساقلاپ قالدى. ئۇ ھايال قالماي ئاتنى قويۇپ يېنىپ كەلدى. تۇرداخۇن:
— يۈرۈڭ ئاشپۇزۇلغا، — دەپ ئۇنى باشلاپ چاسا كوچىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى تۆت كوچىغا كېلىپ، ئاۋات بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەلدى. ئاشپۇزۇل خوجايىنى دەرھال كېلىپ، ئولتۇرۇشقا ئۇستەللەرنى كۆرسەتتى. ئاشپۇزۇلدا غىزالىنىۋاتقانلار خېلى بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كۆپ ئۇستەللەر بوش ئىدى. تۇرداخۇن گاۋ غوجىدارنى بۇلۇڭدىكى بىر بوش ئۇستەلگە باشلاپ كېلىپ، ئىككىسى ئولتۇرۇشتى. ئاشپۇزۇل خوجايىنى پاك - پاكىز ئۇستەلنى يەنە سۈرتۈپ تۇرۇپ:
— مېھمانلار، سىلەرگە نېمە تائاملارنى كەلتۈرەي؟ — دەپ سورىدى.
تۇرداخۇن «سىز نېمە يەيسىز» دېگەندەك قىلىپ گاۋ

غوجىدارغا قارىدى. گاۋ غوجىدار:

— تۇرداخۇن، نېمە يېسەك بولىۋېرىدۇ، ئوخشاش، لېكىن مەن بازارغا كەلسەم ئادەتتە ئاشمانتا يەيمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، دېگىنىڭىزچە بولسۇن، — تۇرداخۇن ئاشپۇزۇل خوجايىنىغا قارىدى. خوجايىن خۇش بولۇپ، «ھازىرلا كەلتۈرىمەن» دەپ لۆڭگىسىنى مۈرىسىگە ئارتىپ كېتىپ قالدى. تۇرداخۇن يىراق يېزىدىن كەلگەن گاۋ غوجىداردىن كۆپرەك ئەھۋال سورىغۇسى كېلىپ:

— گاۋ غوجىدار، ۋاڭ بېگىم يوقاپ كەتتىغۇ، خېلى زامانلار بولدى ئۇنى كۆرمىگىلى، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىمنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمەكچى ئىدى. لېكىن گەپنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تۇراتتى، ئۇ گەپنى ئۆزى تەشكەنلىكى ئۈچۈن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— بىز سەھرالىقلار بازارغا ئانچە كۆپ كېلىپ كەتمەيمىز. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاڭ بېگىم بازاردىكى كونا ھويلىسىنى سىزگە سېتىپ بەرگەندىن بېرى بازاردا قىلىدىغان ئىشىمۇ يوق، شۇڭا بازارغا ئاز كېلىدۇ، — دەپ گەپنى ئەگىتىپ، كونا ھويلىنىڭ گېپىنى چىقىرىۋالدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى سېتىۋالغانلىقىغا خۇشاللىقى بار تۇرداخۇن گاۋ غوجىدارغا بولسىمۇ رازىمەنلىكىنى بىلدۈرگۈسى كېلىپ:

— گاۋ غوجىدار، مەن ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى سېتىۋېلىپ ناھايىتى ياخشى قىپتىكەنمەن. ئۇ ھويلىدا يۇڭ - تېرە سېتىۋالىدىغان بازار ئاچتىم. ھازىر يۇڭ - تېرىلەر ئۆزلۈكىدىن كېلىدۇ. ئىلگىرىكىدەك يۇڭ - تېرە ئىزدەپ بازار ئايلانمايمەن، يېزا - قىشلاقلارغا بارمايمەن، — دېدى.

ئاڭغىچە ئاشپۇزۇل خوجايىنى ئىككىسىگە ئاشمانتا

كەلتۈرۈپ، قېنىق دەملەنگەن بىر چەينەك چاينى قويۇپ، ئۇلارنى تاماقۇا تەكلىپ قىلىپ قويۇپ كەتتى. تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنىڭ گېپىنى چىقارغانلىقى ئۇچۇن، گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشتىكى مەقسىتىنى ھازىرلا ئېنىق ئېيتقۇسى كەلدى ـ دە:

— تۇرداخۇن، سىز ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى سېتىۋېلىپ ناھايىتى ياخشى ئىش قىپتىكەنسىز، ھەممە ئادەم سىزدىن رازىكەن، — دەپ سەل ئويلىنىۋېلىپ داۋام قىلدى، — لېكىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى سېتىۋالغانلىقىڭىزنى كۆرەلمەي يۈرگەنلەرمۇ بار ئوخشايدۇ. — تۇرداخۇن ھەيران بولۇپ يەۋاتقان تامىقىنى قويۇپ، كۆزىنى چەكچەيتىپ قاراپ:

— ۋاڭ بېگىمنىڭ تاشلاندۇق كونا ھويلىسىنى سېتىۋالغانلىقىمنى كۆرەلمىگۇدەك نېمىسى بار . . . ئەگەر مەن سېتىۋالمىغان بولسام ئۇ ھويلا تاشلاندۇق پېتى تۇراتتىغۇ . . . ئۇنىڭغا ھېلىغىچە ھېچكىم خېرىدار بولۇپ باقمىغانىدىغۇ، — دېدى ئاچچىقى كېلىپ.

— دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا، ئۇ ھويلىنى سىز سېتىۋالمىسىڭىز ھېچكىم ئالمايتتى. لېكىن سىز سېتىۋېلىپ ھويلىدا يۇڭ ـ تېرە يىغىدىغان بازار ئېچىپ، ئادەم كۆپەيگەچكە، باشقا تىجارەتچىلەرمۇ شۇ ئەتراپقا يىغىلىپ ئۇ يەر ئاۋاتلىشىپ كېتىپتۇ، شۇڭا بەزىلەر ھەسەت قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ. تۇرداخۇن ئەمدى رەسمىي ئاچچىقلاپ ئاۋازىنىمۇ چىڭراق چىقىرىپ دېدى:

— كىمكەن ئۇ ھەسەت قىلغانلار؟ ماڭا ھەسەت قىلغىچە ئۆزى بالدۇرراق سېتىۋالسا بولمامدىكەن، گاۋ غوجىدار سىز بىلىپ قېلىڭ، ئۇ ھويلىنى ھەرگىزمۇ باشقىلارغا بەرمەيمەن. ھەتتا ۋاڭ بېگىم «قايتۇرۇۋالىمەن» دېسىمۇ ياندۇرۇپ بەرمەيمەن. ئۇ ھويلىنى سېتىۋېلىشتا سىز ئارىدا ماڭغان ھەم

ئۆزئارا رازى بولۇشقان.
گاۋ غوجىدار كۈلۈپ كەتتى:
— ئەھۋال شۇنداق بولغان، ۋاڭ بېگىم رازى بولۇپ ساتقان، سىزمۇ رازى بولۇپ سېتىۋالغان، مانا مەن گۇۋاھ. لېكىن سىز ھازىر ئۇ ھويلىدىن پايدىلىنىپ بېيىپ كېتىۋاتقانلىقىڭىزغا قاراپ بەزىلەرنىڭ ئىچى تارلىق قىلىپ ۋاڭ بېگىمگە گەپ ئۆگىتىپ، بېگىمنى ئارسالدى قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ.
— ۋاڭ بېگىم قانداقچە ئارسالدى بولۇپ قالىدۇ؟ . . . مەندىن ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئاشۇ ھەسەت قىلغانلارنىڭ بىرىگە ساتامدىكەن ياكى باھانى ئاز كۆرۈپتۇمۇ؟ ھويلىنى سېتىۋالغاندا باھاغا ھەر ئىككىمىز رازى بولۇشقان ئەمەسمۇ؟
بۇ گەپتىن ئۇنىڭ ھويلىنى قولدىن چىقىرىۋەتكىسى يوقلۇقىنى بىلىپ، ئىشنىڭ ئوڭاي ھەل بولىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن گاۋ غوجىدار ئالدىدىكى قىزىق چايدىن بىر ئوتلىۋېتىپ ئىشەنچلىك ھالدا ئالدىرىماي دېدى:
— تۇرداخۇن، گەپ ئاۋۇپ، «ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋاپتۇ» دېگەن گەپنىڭ چىقماسلىقى ئۈچۈن، سىزمۇ ھويلىنى چىداپ سېتىۋالغاندىكىن يەنە ئازراق يول قويسىڭىز بۇ ئىش تۈگەيتتى. ھەر ئىككىڭلار ناھىيىمىزنىڭ بايلىرى، گەپ - سۆز چىقىپ، يۈز - ئابرۇيڭلارغا سەت بولمىسۇن.
تۇرداخۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى:
— گەپ مۇنداق دەڭ.
— شۇنداق، شۇنداق، بىرەر مەنپەئەت بولمىسا، ھەسەت قىلىدىغانلارمۇ چىقماس ئىدى، ۋاڭ بېگىممۇ ئىككىلىنىپ ئارسالدى بولۇپ قالماس ئىدى.
تۇرداخۇن ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن قاراپ، چوڭقۇر ئويلىنىپ

قالدى. ئۇ ھەسەت قىلمىغانلارغا ھەم ۋاڭ بېگىمگە ئاچچىق قىلىپ ھويلىنى ياندۇرۇپ بېرىۋەتسە، ئۆزىنىڭ بىر ئوبدان ئېقىمىغان يوق - تېرە تىجارىتى ئاقساپ قالاتتى ھەم بۇ ناھىيىدە يوق - تېرە تىجارىتىنى قىلىمىغان بىردىنبىر چوڭ تىجارەتچى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ تىجارەتنى يەنىلا ئۆزى قىلغۇسى بار ئىدى. شۇڭا يەنە يول قويغۇسى كېلىپ:

— گاۋ غوجىدار، ئېيتىڭە، ۋاڭ بېگىم زادى نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئىشنىڭ تېخىمۇ ئويلىغىنىدەك بولۇۋاتقانلىقىغا خۇش بولۇپ:

— تۇرداخۇن، ۋاڭ بېگىممۇ ئويلىغانلىرىنى ماڭا دېمىدى. لېكىن سىز ھويلىنىڭ باھاسىغا يەنە پۇل قوشۇشنى ئويلاپ قويغان بولسىڭىز، مەن بېرىپ ۋاڭ بېگىمگە دەپ باقمايمەنمۇ. بۇ ئىشقا ئىلگىرى مەن ئارىلاشقان، ھازىرمۇ ئارىلىشىپ ئىككىڭلارنى چىرايلىق كېلىشتۈرۈپ قويارمەن، — دېدى.

— گاۋ غوجىدار، بۇ ئىشنى مەنمۇ ئويلىشاي. لېكىن ۋاڭ بېگىممۇ ئويلاپ باقسۇن ئاللىقاچان سېتىپ بولغان ھويلىسى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ كۈشكۈرتۈشىگە ئەگىشىپ باشقىچە خىياللاردا بولمىسۇن، باھانى ئۆرلىتىمەن دېسە مۇۋاپىق ئۆرلەتسۇن. لېكىن چېگراغا بۇ قېتىم مال ئاپىرىپ ئۆتكۈزۈپ قولۇمغا پۇل كىرگەندە ئاندىن بىر گەپ بولىدۇ، ئىلگىرىمۇ پۇلنىڭ يېرىمىنى تېخى بەرمىگەنىدىم، — دېدى تۇرداخۇن.

ئۇنىڭ ھويلىنىڭ باھاسىنى باشقىدىن بېكىتىشكە ئۇناپ قالغانلىقىغا خۇش بولغان گاۋ غوجىدار ئەمدى ھەر ئىككىلىسىنىڭ پۇتۇشەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپ:

— تۇرداخۇن، سىز راست ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنسىز، مەن بېرىپ ۋاڭ بېگىمگە گېپىڭىزنى تولۇق يەتكۈزىمەن. ھەر ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارغا يول قويۇڭلار، ئۇمۇ «ھويلام ئەرزان

بولۇپ كەتتى» دەپ پۇشايمان قىلىپ قالمىسۇن، سىزمۇ پايدا كۆرۈۋاتقان ھويلىنى قولدىن چىقىرىپ قويماڭ، ھەم بىر - بىرىڭلاردىن ئاغرىنماڭلار. ئۇنداق بولغاندا بۇ ئىشنى ھېچكىم بىلمەي قالىدۇ. ھەتتا خوتۇن، بالا - چاقىلارمۇ بىلمەي قالسۇن، شۇنداق بولغاندا ۋاڭ بېگىم كونا ھويلىسىنى تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن، تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى سېتىۋالغان بولۇپ كېتىۋېرىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇۋاتقان تۇرداخۇن:

— بوپتۇ ئەمىسە، سىز كېلىشتۇرۇپ قويارسىز، — دېدى. تۇرداخۇن ئۇنىڭغا ماقۇل بولسىمۇ، لېكىن كۆڭلى غەش بولۇپ، ئاشپۇز ۋلدا ئولتۇرغۇسى كەلمەي، ئورنىدىن قوزغالدى.

بۇ چاغدا گاۋ غوجىدار ئالدىدىكى تاماقنى پاك - پاكىز يەپ بولغانىدى. لېكىن تۇرداخۇننىڭ تامىقى بايا توختاپ قالغانچە سوۋۇپمۇ قالغانىدى. ئۇ ئىككىسى ئاشپۇز ۋلدىن چىقىپ خوشلاشتى، گاۋ غوجىدار سارايغا قاراپ ماڭدى. تۇرداخۇن بېشىنى سىلىپ بىر دەسسەپ - ئىككى دەسسەپ، مەھەللىسىگە قاراپ يول ئالدى.

تۇرداخۇن مەھەللىسىگە بۇرۇلغاندا مەھەللىنىڭ ئايىغىدىن بىرقورۇ قوي چاڭ - توزان توزۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھويلىسى مەھەللىنىڭ ئايىغىدا بولۇپ، قويلارمۇ ئۇنىڭ ھويلىسىغا يېقىنلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ چاڭ - توزانلىرى مەھەللىنى بىر ئالغانىدى. تۇرداخۇن ئامالسىز ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆزىنى چەتكە ئېلىپ تۇردى. قويلار بارغانسېرى يېقىنلاپ، ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشكە باشلىدى. قويلار يېقىنلىغانسېرى چاڭ - توزان تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈلۈپ، ئەتراپ خىرەلەشتى. تۇرداخۇن ئامالسىز تامغا يۆلىنىپ تۇردى. قوي جىق بولغاچقا، ئۆتۈپ بولغىچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. قويلارنى ھەيدىگەنلەرمۇ قويلارنى ئۇرۇپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى، قويلار تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ تۇراتتى. قويلار

ئۆتۈپ بولۇپ چاڭ - توزنى بېسىقىچە تۇرداخۇن يەنە جايىدا بىر دەم تۇردى. بىر چاغدا چاڭ - توزان بېسىقىپ، ھاۋا سۈزۈلۈشكە باشلىدى. تۇرداخۇن ئېرىقتىن ئاتلاپ يولغا چىقىپ، يەنە ئالدىرىماي بېشىنى سىلىپ ماڭدى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ لەۋزىدە تۇرماي، گاۋ غوجىدارنى ئەۋەتكەنلىكىنى ئويلاپ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ ھويلىسىغا يېتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى. بىردىن دەرۋازىنىڭ ھاڭدەك ئوچۇق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئاندىن ئېسىگە كېلىپ خامۇش ھالدا ھويلىسىغا كىردى. ئۇنى كۆرۈپ ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان قىزى تۇران سۈپۈرگىنى تۇتقىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— دادا، بايا ئۆتۈپ كەتكەن بىر قورۇ قوينى كۆردىڭىزمۇ؟ ئىگىسى يوق ماللارمىكىن دەپتىمەن، مەھەللىگە كىرىپلا دەرۋازىسى ئوچۇق قالغان ھويلىلارغا كىرىپ دەسسەپ - چەيلەپ، ماياقلاپ كېتىشتى. كېيىن ئىگىلىرى كىرىپ قويلىرىنى قوغلاپ، ھويلىنى تېخىمۇ بېزەپ قىلىشۋەتتى. ئۇ قويلار كېتىپ، چاڭ - توزان بېسىققاندىن كېيىن ئاپام ئىككىمىز ھويلىنى ئاندىن سۈپۈرۈشكە باشلىدۇق، — دېدى.

تۇرداخۇن ھويلىغا قارىدى، ھويلا قوي مايىقى بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، قارىغىدەك يەر يوق ئىدى. قوي سۈيدۈكلىرى پۇراپ تۇراتتى. لېكىن ئايالى ئايخان قىزىغا:

— قىزىم، ھېچقىسى يوق، سۈپۈرۈۋەتسەك بولىدۇ. ئىلگىرى بۇ ھويلىغا يۇڭ - تېرە يىغىپ كېلىپ ساقلىغاندا بۇنىڭدىنمۇ بەتتەر بېزەپ بولۇپ كېتەتتى، ھەم ھويلىدىن سېسىق پۇراق كەتمەيتتى. دادىڭىز ۋاڭ بېگىمنىڭ تاشلاندۇق قورۇسىنى سېتىۋېلىپ يىغىلغان يۇڭ - تېرىلەرنى شۇ يەردە ساقلىغاندىن بېرى بۇ قورۇيىمىز پاسكىنىچىلىقتىن قۇتۇلدى. . . — دېدى ۋە تۇرداخۇنغا قاراپ داۋام قىلدى، — تۇرداخۇن، بازاردىن بالدۇرلا كەپسىز، دۇكانغا بېرىپ باقاي دەۋاتاتتىڭىزغۇ، باردىڭىزمۇ؟ —

تۇرداخۇن ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي قاراپ قويۇپ، بېشىنى سىلىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى.

— قىزىم، ھويلىنى سىز سۈپۈرۈۋېتىڭ، دادىڭىزغا شۇنچە گەپ قىلساممۇ جاۋاب بەرمەي بېشىنى سىلىپ ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، مىجەزى يوق بولۇپ قالدىمۇ ـ يا، — ئايخان شۇنداق دەپ تۇرداخۇننىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. تۇران ھويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى.

تۇران بۇ يىل ئون ئالتە ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇنىڭ يۇز تېرىسى تولىمۇ سۇزۇك ئىدى. يوغان كۆزلىرى ئۇنى چېچەن كۆرسىتەتتى. قاڭشىرى پەسرەك ۋە تۈز بولۇپ چىرايىنى ئىسسىق كۆرسىتەتتى. ئويماقتەك كىچىك ئاغزى گۈزەل چىرايىغا تېخىمۇ ياراشقانىدى. ئۇ كەنجەرلىك ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋالغاچقا، ئورۇق بويى ئېگىز كۆرۈنەتتى. بېشىدىكى چىمەن دوپپىسى ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىنى چىڭ بېسىپ تۇراتتى.

ئايخان ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە تۇرداخۇن چاپىنىنى سىلىپ بېشىنى تۇتۇپ، سۇپىنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇراتتى. ئايخان تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى سولغۇن كۆرۈنەتتى. ئۇ بايا ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە گەپ بىلەن بولۇپ چىرايىغا سەپ سالمىغانىدى.

— تۇرداخۇن، كەيپىڭىز باشقىچىلىغۇ؟ — دەپ ئەنسىرەپ سورىدى ئايخان. ئۇ ئايالىغا بىر قاراپ يۈزىنى سىيلىۋېتىپ:

— قارىمامسەن خوتۇن، بىز سېتىۋالغان ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىدىن ئەمدى چېچەك چىقىۋېتىپتۇ، — دېدى. ئايخان ھەيران بولۇپ:

— نېمە ئىشكەن ئۇ؟ ئۇ ھويلىنى رازى بولۇپ سېتىپ بەرگەن، پۇلىنىڭ يېرىمىنى بېرىپ بولغان ئەمەسمىدۇق؟ — دېدى.

تۇرداخۇن بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ دېدى:

— ئەسلىدە شۇنداق ئىدى، لېكىن بىزنىڭ ئۇ ھويلىدىن پايدىلىنىپ يۈك - تېرە يىغىدىغان بازار ئېچىپ پايدا كۆرۈۋاتقانلىقىمىزغا بەزىلەر ھەسەت قىلىپ ۋاڭ بېگىمگە «ھويلىنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇپ كەتتى» دېگەن ئوخشايدۇ. ۋاڭ بېگىممۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، ئارسالدى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇڭا بۇگۈن غوجىدارنى ماڭا ئەۋەتىپتۇ.

ئايخان تېخىمۇ ھەيران بولۇپ تۇرداخۇنغا قاراپ:

— ۋاڭ بېگىمگە گەپ ئۆگەتكەن زادى كىمكەن؟ — دېدى.

تۇرداخۇن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— گاۋ غوجىدارنىڭ دېگۈسى كەلمىدىمۇ، ئۇنىسىنى بىلمەيمەن. لېكىن قايسى بىر كۈنى ھاكىم چيەن دارىن ئۇ ھويلىنى كۆرگىلى بېرىپتىكەن، مېنىڭچە، شۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمىكىنتاڭ، — دەپ غەم بىلەن ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتتى.

ئايخان غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە:

— ئۇ چاشقان بۇرۇت ئىپلاس، نېمە ئىش بولسا تىمىسقىلاپ يۈرگەن. پۈتۈنشۇپ سېتىپ بولغان ھويلىدىن قۇسۇر چىقىرىپ نېمە مەقسەتكە يېتمەكچىكىنە؟ — دېدى ۋە ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ سۆزىنى داۋام ئەتتى:

— تۇرداخۇن، مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ تىجارەت قىلىپ، مۇشۇنچىلىك ياشاپ كېلىۋاتىمىز. نىكولاينىڭ كۆڭلىگىمۇ رەھمەت، ئۇنىڭ ياردىمى بىلەن موركا سالىمەن دېگىنىڭىز بىلەن قولىمىزدىكى دەسمايە تايىنلىق. ھويلىنىڭ پۇلىنىڭ يېرىمىنى تېخى بەرمىدۇق... موركا پۈتكىچە چيەن دارىن بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا تېخى نەچچە قېتىم بارىسىز، ئۇلار سىزگە ھېلىتىن مۇشۇنداق قىلىۋاتقان يەردە، كېيىنكى ئىشلار يەنە قانداق بولىدۇ. شۇڭا نىكولايمۇ تۇگمەنچىلىكىنى قىلىۋەرسۇن، سىزمۇ كىگىزچىلىكىڭىزنى قىلىۋېرىڭ، قانچىلىك يۈك - تېرە

يىغالىسىڭىز شۇنچىلىكىنى چېگراغا ئاپىرىپ ساتامسىز.
— خوتۇن، — دېدى تۇرداخۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىرىماي، — بۇ دېگىنىڭمۇ ئورۇنلۇق، تىجارىتىمىز ياخشى كېتىۋاتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ چېگراغا ئېلىپ بارغان يۇڭ - تېرىلىرىمىزنى چەت ئەللىكلەر «پاسكىنا، سۈپەتسىز» دەپ بەكمۇ ئەرزان باھا قويۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پىرىيومدىن ئۆتمىگەنلىرىنى ئەرزان بەرسەكمۇ ئالمايدۇ. ئۇ يۇڭ - تېرىلەر تاشلىنىپ ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا نىكولاينىڭ ياردىمى بىلەن ناھىيىمىزدە بىر مويكا سالدۇرۇۋالسام، يىغقان يۇڭ - تېرىلىرىمىزنى چېگرا سودىسىدا يۇقىرى باھادا ساتاتتىم. يۇڭلار ئىسراپ بولمايتتى. شۇنداقلا دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىغقان يۇڭ - تېرىلىرىنى ساتىدىغان يولمۇ ئېچىلىپ، بىز تېخىمۇ بېيىپ كېتەتتۇق.
ئايخاننىڭ خىيالى گاۋ غوجىدار يەتكۈزگەن ۋاڭ بېگىمنىڭ گېپىدە ئىدى.
— تۇرداخۇن، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئارسالدى بولغانلىقىنىڭ سەۋەبى زادى نېمىكەن؟
— نېمە بولاتتى دەيسەن، بىزگە ھەسەت قىلىشمۇ، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئارسالدى بولغانلىقىمۇ مەنپەئەت. قارىغاندا بىز ھويلىنىڭ باھاسىغا يەنە پۇل قوشساق بولىدىكەن. ۋاڭ بېگىممۇ ھويلىسىنى بىزگە سېتىۋەتكەن بولىدىكەن، بىزمۇ ھويلىنى سېتىۋالغان بولۇپ كېتىۋېرىدىكەنمىز، ئەل - جامائەت بىلمەي قالغان بولىدىكەن.
— ئۇنداقتا، ھويلىنىڭ باھاسىنى قانچىلىك ئۆستۈرىدىكەن؟
— بۇ ھازىر ئېنىق ئەمەس، گاۋ غوجىدار ئۆزى پۇتۇشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى.
— سىز زادى قانداق قىلاي دەيسىز؟

— مېنىڭچە، ئامال قىلىپ بىر مويكا سالدۇرۇۋالسام پايدىسىنى ئاندىن كۆرەتتىم.
— ھېلىتىن پۇتمىگەن مويكىغىمۇ ھەسەت قىلغانلار چىقىپتۇ. كېيىن مويكا پۇتسە، ھەسەت قىلىدىغانلار تېخىمۇ كۆپىيىپ كېتەمدىكىن.
بۇ گەپ قىزىق ئاڭلانغاچقا، تۇرداخۇنمۇ كۇلۇپ كېتىپ:
— بۇنى بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. پايدىغا قىزىقمايدىغان كىم بار دەيسەن. لېكىن مويكا سالدۇرۇۋېلىش مېنىڭ بىر دىنبىر ئارزۇيۇم، — دېدى.
ئېرنىنىڭ نىيىتىدىن يانمايۋاتقانلىقىنى پەملىگەن ئايخان:
— ئۇنداقتا ۋاڭ بېگىم ھويلىنىڭ باھاسىنى ئۆستۇرۇۋالسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە مويكا سالسىڭىز، ئۇنىڭغا كېتىدىغان دەسمايىنى قانداق قىلىسىز؟ — دېدى.
— ئۇنىڭ ئامالى بار.
— قانداق ئامال ئۇ، يەنە قەرزدار بولامسىز؟
— ياق، — دېدى تۇرداخۇن، — مەن بايا گاۋ غوجىدىرغىمۇ دەپ قويدۇم. ۋاڭ بېگىمگە تېخى تۆلىمىگەن پۇلنى ھەم ئۆرلىتىۋالىدىغان پۇلنى بۇ قېتىم چېگراغا مال يۆتكەپ تاپقان پۇلدىن بېرىمەن. ئەگەر مويكا سېلىشقا نىكولاي ياردەم بەرسە، ئۇ چاغدا بىر گەپ بولار.
ئېرنىنىڭ جاھىللىقىدىن رەنجىگەن ئايخان ئورنىدىن قوزغىلىپ زەردە بىلەن دېدى:
— قېنى ئاللاغا قويدۇم، ئاللا نىيىتىڭىزگە يەتكۇزگەي ئىلاھىم. تۇرداخۇن، سىز بەزىدە كەم ئويلايسىز، ھەتتا بەكمۇ نادانلىق قىلىسىز، چىيەن دارىن دېگەن بۇ يۇرتنى سوراۋاتقان ئادەم. ئۇنىڭ قولى نەگە بېرىپ يەتمەيدۇ، كۆزى نەدىكىنى كۆرمەيدۇ دەيسىز. ئۇ ھېلىتىن مويكا سېلىشقا قول تىقىپتۇ، كېيىن چوڭراق توسالغۇ بولسا قانداق قىلىسىز؟

— خوتۇن، نېمىلا بولمىسۇن ناھىيىمىزدە بىر مويكا سالاي. بىزدە «تىرىشقان داۋان ئاشار» دېگەن گەپ بار. تىرىشىپ باقسام ئاللاتائالا نىيىتىمگە يەتكۈزەر، يۇرتىمىزدا زاۋۇت - فابرىكىلار بولمىغاچقا، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ مەھسۇلاتلىرى ئىسراپ بولغىنى بولغان، — دېدى تۇرداخۇن.

ئايخان ئېرىنىڭ ئىرادىسىگە قايىل بولدى ھەمدە مەسلىكى كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ ئېرىنىڭ غەيرىتىگە ئەزەلدىن قايىل ئىدى. ئايخان مۇشۇ ناھىيىگە يەرلىك قىز بولۇپ، ئۇ توي قىلغاندا تۇرداخۇن قولىدا ھېچ نەرسە يوق كۈنلۈك ئىشلەمچى ئىدى. توي قىلغاندىن كېيىن ئەر - خوتۇن ئىككىسى يازدا كېسەك قۇيۇپ، قىشتا ئوتۇنچىلىق قىلىپ يۇرۇپ ئازراق پۇل يىغىپ، كىچىك ئاشپۇزۇل ئاچتى. ئاشپۇزۇلنىڭ كىرىمى خېلى ياخشى ئىدى. ئۇنىڭدىن دەسمايىگە ئىگە بولۇپ، يۇڭ - تېرە ئېلىپ ساتىدىغان سودا بىلەن شۇغۇللاندى. شۇ كۈنلەردە يەنە تۇرداخۇن ئۆزلىرى ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ كېلىۋاتقان مېيىپ قېيناكىسىنى موزدۇزلۇققا سېلىپ قويدى، ئۆزى كىگىزچىلىكنىمۇ ئۆگىنىۋالدى. يېرىم دېھقانچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بۇ ناھىيىدە كىگىزچىلىك خېلى ئاقىدىغان ھۈنەر ئىدى، قىشتا پىيما باساتتى. ئۇ خېلى دەسمايىگە ئىگە بولغاندىن كېيىن روسىيىگە يۇڭ - تېرە ئۆتكۈزۈپ، چېگرا سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بولدى. ئۇ بېيىپ، نامى كاتتا بولمىسىمۇ، بايلار قاتارىغا ئۆتۈپ قالدى. مانا ئەمدى يۇرتىنىڭ يۇڭ - تېرىلىرىنى چەت ئەلگە ئەرزان باھادا ئۆتكۈزمەسلىك ئۈچۈن ئۆزى مويكا سالدۇرۇپ، خام ئەشيانى يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەپ روسىيىگە سېتىشنى ئويلاۋاتاتتى.
شۇڭا ئايخان:

— بوپتۇ، قەرزدار بولسىڭىزمۇ مويكا سېلىڭ. ئىلاھىم دېگىنىڭىزنى بەرسۇن. . . كېيىنكى بەرىكەتنى ئاللادىن تىلەيلى،

«ئاللا تەۋەككۇلچىگە ئامراق» دەيدىكەن. سىز چۈشتىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كەتكەندە قاسىم ئاخۇن ئاكام كېلىپ باراتنىڭ تەتىل قىلىپ كەلگەنلىكىنى دەپ قويۇپ كەتتى، بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى، — دېدى.

باراتنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان تۇرداخۇننىڭ غەمكىن خىياللىرى بىردىنلا تاراپ خۇشال بولدى:

— قاچان كەپتۇ؟

— بۈگۈن چۈشتە كەپتۇ.

هويلا سۈپۈرۈۋاتقان تۇران ئاتا - ئانىسىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا كۆرۈشۈشكە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ سۈپۈرگىنى تاشلاپ ئۆيگە كىرىپ:

— بارات ئاكام بىلەن كۆرۈشكىلى بارساڭلار مەنمۇ بارىمەن، — دەپ ئەركىلىدى.

— قىزىم، سىزمۇ بارسىڭىز ئۆيدە ئادەم قالمايدۇ، بارات ئاكىڭىز تەتىل قىلىپ كەلدى، ئىككى ئاي تۇرىدۇ. بۈگۈن بىز بېرىپ كۆرۈشۈپ كېلەيلى. كېيىن بارات ئاكىڭىزمۇ كېلىدۇ، سىزمۇ بارىسىز، تېخى ئىككىڭلار بىللە ئوينايسىلەر، — دېدى ئايخان.

تۇران ئاپىسىنىڭ گېپىگە ئۇنىماي، ئەگىشىپ بارغۇسى بار ئىدى، لېكىن هويلىنىڭ تېخى سۈپۈرۈلمىگەن چالىسىغا كۆزى چۈشتى - دە، بۇ نىيىتىدىن ياندى. هويلا ئات - هارۋىلار ئايلىنىپ چىققىدەك يوغان ئىدى. ئاپتاپنىڭ تەپتى يېنىپ، هويلىنىڭ يېرىمىغا سايە چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ سۈپۈرگىنى ئېلىپ هويلىنى سۈپۈرۈشكە باشلىدى.

## تۆتىنچى باب

# تۇرداخۇننىڭ مويكا سېلىش قارارىغا كەلگەنلىكى

قىزىنىڭ ئەگەشمەي هويلا سۇپۇرۇۋاتقانلىقىغا خۇش بولغان ئايخان ئۇنىڭغا زوق بىلەن بىر دەم قارىدى. تۇران سۇپۇرگىنى يېنىك - يېنىك سېلىپ، هويلىنى پاك - پاكىز سۇپۇرۇشكە باشلىدى. قىزىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ ئىش قىلىدىغانلىقىدىن سۆيۈنگەن ئايخان تۇرداخۇننى ئىچكەركى ئۆيگە باشلاپ كىردى. تۇرداخۇن قىزىنى قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە بىللە ئېلىپ بارغۇسى بار ئىدى، ئەمما ئايالىنىڭ قوشۇلمىغانلىقىنى ئويلاپ چاپىنىنى سېلىۋېتىپ:

— ئايخان، ئىككىمىزنىڭ نىيىتىنى قاسىم ئاخۇنلار ئاڭلاپ قالغانمۇ نېمە؟ — دېدى.

ئۇنىڭ گۇمان قىلىۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئايخان كۈلۈمسىرەپ:

— بىز خوتۇن خەقنىڭ ئاغزىدا گەپ ياتمايدۇ، ئىككىمىزنىڭ ئۆتكەندە قىلىشقان مەسلىهەتىمىزنى ئاغزىم قىچىشقاندەك جىمىلخان ئاچامغا دېسەم ئۇ بەك خۇش بولغانىدى. بەلكىم ئۇ قاسىم ئاخۇن ئاكامغىمۇ دېدىمىكىنتاڭ، شۇندىن بېرى قاسىم ئاخۇن ئاكام يولدا مېنى كۆرۈپ قالسا ياكى ئۇلارنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قالسام مەن بىلەن ئالاهىدە كۆرۈشىدىغان بولۇپ قالدى. مانا بۈگۈن ئاران ماڭىدىغىنىمغا

قارىماي ئۆزى كېلىپ خەۋەر قىلىپ كەتتى، — دېدى.

— خوتۇن كىشى دېگەن راست جىنندە، — دەپ قويدى تۇرداخۇن كۈلۈمسىرەپ ۋە يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك، — هەي خوتۇن، ئىككىمىزنىڭ مەسلىھەتىدىن قىزىمىزنىڭ خەۋىرى يوقتۇ؟

— ئەلۋەتتە هازىر خەۋىرى بولمايدۇ - دە، ئەگەر خەۋىرى بولىدىغان بولسا، بايا ئالدىمىزغا كېلىپ «بارات ئاكامنى كۆرگىلى مەنمۇ بارىمەن» دەمتى...

تۇرداخۇن يېڭىدىن قويغان كەكە ساقىلىنى سىيلىغىنىچە:

— ئىككىلىسى ئۆزىمىزنىڭ بالىلىرى، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئىككىسىنى قوشۇپ قويىمىز - دە، ئۇلار ئۆمۈرلۈك هەمراھ بولۇپ ئۆتىدۇ، — دېدى.

ئايخان ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ:

— ئىلاهىم شۇنداق بولۇشىغا نېسىپ قىلغايسەن، — دەپ ئىختىيارسىز دۇئا قىلدى.

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرداخۇنمۇ قولىنى كۆتۈردى.

تۇران بويىغا يېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئاتا - ئانىنىڭ غېمى بالىلار چوڭ بولغانسېرى باشلىنىدۇ، بولۇپمۇ قىز چوڭ بولسا ئاتا - ئانىنىڭ غېمى بەكرەك كۆپىيىدۇ. تۇران بىرلا ئەتىۋارلىق بالا بولغاچقا، ئاتا - ئانىسى بۇ چىرايلىق قىزىنى كىمگە ياتلىق قىلىشنى ئويلايتتى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرىكى بىر كۈنى ئايخان ئۇنى باراتقا ياتلىق قىلىشنى ئويلاپ تۇرداخۇنغا دېگەندە ئۇمۇ ئىنتايىن خۇش بولغانىدى، لېكىن هازىر تۇيۇقسىز بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك قىلىپ:

— بارات بۇ يىل نەچچە ياشقا كىردى؟ — دېدى.

— بۇ يىل ئۇ نەق ئون توققۇزغا كىردى.

— مەن ئۆتكەن قېتىم ئۈرۈمچىگە بارغاندا باراتنى كۆرگىلى ئالاهىدە شۆتاڭغا باردىم، ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ ئامراقلىقىم

كەلدى. ئۇ چوڭ بولغانسېرى بوي - تۇرقى كىشى قىزغانغۇدەك كېلىشكەن بالا بوپتۇ، ئۇمۇ مېنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇش بولدى. قېيناكام قاسىم ئاخۇن مېيىپ بولۇپ قالدى. بارات شۆتاڭنى پۈتتۈرۈپ كەلسە ئۇلارغىمۇ، بىزگىمۇ ئەسقاتىدۇ. ئۇ چاغدا مېنىڭ ئىشلىرىم تېخىمۇ يۈرۈشۈپ كېتەتتى - دە.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى ئايخان، — سىز تولىمۇ يالغۇزچىلىق تارتىۋاتىسىز. شۇ تىلىكىمىزگە تېزرەك يېتىش ئۈچۈن ئاللادىن مەدەت تىلەيلى.

— بۇ دېگىنىڭ ناھايىتى دۇرۇس بولدى، تىلەكنى ئاللا ئىجابەت قىلىدۇ. دۇئا قىلىپ ئاللادىن تىلەيلى، — دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى تۇرداخۇن. ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئايخانمۇ دۇئا قىلدى. بۇ دۇئادىن كېيىن ھەر ئىككىلىسىنىڭ قىزى توغرۇلۇق ئۇمىدلىرى ئېشىپ، كۆڭلىمۇ ئىشەنچكە تولۇپ، روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى. شۇڭا خۇشاللىقتا يېنىكلەپ قالغان ئايخان:

— قاسىم ئاكام ئۆزى خەۋەر قىلىپ كەپتۇ، شۇڭا ھايال قالماي بارايلى، مەن جابدۇناي . — دېدى - دە، ساراي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

ئۇ ئىككىسى جابدۇنۇپ ھويلىغا چىققاندا ھويلا پاك - پاكىز سىيرىپ سۈپۈرۈلگەن بولۇپ، سۇنىڭ نېمى تېخى كەتمىگەنىدى. تۇران ئاتا - ئانىسىنى ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئىككىسى ماڭغاچ پات - پات كەينىگە بۇرۇلۇپ قىزىغا قاراپ قوياتتى. قىزىمۇ ئۇلار مېڭىپ كۆزدىن يىتكىچە ئۇزىتىپ تۇردى.

قاسىم ئاخۇنلارنىڭ ئۆيى ناھىيە بازىرىنىڭ دوقمۇشىدا بولۇپ، ھويلىنىڭ كوچا تەرىپى ئۇنىڭ موزدۇزلۇق دۇكىنى ئىدى. دۇكاننىڭ يېنىدىكى كىچىك ئىشىك بىلەن ھويلىغا كىرگىلى بولاتتى. ھويلا تار، ئۇزۇن بولۇپ، كۇنگەيدە كىچىك ئۈچ ئېغىزلا ئۆي بار ئىدى. ھويلىنىڭ ئاخىرى كىچىك باغ

بولۇپ، باراقسان ئۆسكەن ئۈچ تۇپ ئالما هويلىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. ئەمدى پىشىشقا باشلىغان ئالمىلار يوپۇرماق ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شاخنىڭ ئۇچىدىكى بەزىلىرى ئاندا - ساندا قىزىرىپمۇ قالغانىدى. هازىر كۈن پېتىۋاتقاچقا، قۇياش نۇرى شاخلار ئارىسىدىن نەيزىدەك ئۆتۈپ، هويلىنى يورۇتۇۋاتقانىدى.

تۇرداخۇن بىلەن ئايخان هويلىغا كىرىپ كەلگەندە جىمىلىخان بىلەن بارات سۇپىدا ئولتۇراتتى. ئۇلار مېهمانلارنى كۆرۈپ ئالدىغا كېلىشتى. ئايخان باراتنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ پېشانىسىدىن سۆيۈپ قويدى. بارات تاغىسىنىڭ ئايالىنىڭ بۇنداق مېهرىبانلىق بىلەن كۆرۈشكىنىگە ئىنتايىن خوش بولۇپ سۆيۈنۈپ كەتتى. تۇرداخۇنمۇ ئاچىسىنىڭ بۇ ئەتىۋارلىق ئوغلى بىلەن خۇددى چوڭ كىشىلەردەك سالاملىشىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتقىنىچە بىردەم قاراپ كەتتى.

تۇرداخۇن باراتنى يېرىم يىل ئىلگىرى ئۇرۇمچىگە بارغاندا شۇتاڭدا كۆرگەندىكىگە قارىغاندا ئۇ هازىر ئۆزگىرىپ قالغاندەك كۆرۈندى، ئۇ بوي تارتقانىدى. يۇرۇتلىرى خېلى ئۆسۈپ، يىگىتلىك قۇرامىغا كىرىپ قالغانىدى. بويى ئۆزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ قىزى تۇراننىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى توغرۇلۇق زور ئۈمىد كۈتۈپ تۇرغاچقا، بارات هازىر تېخىمۇ قەدىرلىك بىلىنىپ كەتتى. شۇڭا ئۇ:

— ئوغلۇم بارات، ساڭا شۇتاڭ ياراشتىمۇ نېمە، هەر قېتىم سېنى كۆرگەندە سەن ماڭا باشقىچە چوڭ بولغاندەك كۆرۈنىسەن، — دېدى.

بارات تاغىسىغا پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى. باراتنىڭ تاغىسىنى هۆرمەت قىلىپ ئارتۇق گەپ قىلماي مۇلايىم كۈلۈمسىرەپ قويۇشى ئايخاننىڭ زوقىنى تېخىمۇ كەلتۈرۈپ، ئۇ ئىككىسىگە قاراپ كۆڭلىگە پۈككەن نىيەتلىرى خۇددى بۈگۈن - ئەتىلا ئەمەلگە ئېشىپ قالىدىغاندەك ئۇلارنىڭ كېلەچەكتىكى

تويىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. جىمىلىخانىنىڭ:
— قېنى سۈيىغا كېلىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېگەن سۆزى ئۇنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى.
مېھمانلار سۈيىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى.
شۇ چاغلاردا ۋىلايەت ۋالىيسى قول ئاستىدىكى ھاكىم ۋە شاڭيولارغا ئۇيغۇر ئۆسمۈر باللىرى ۋە ياشلىرىنىڭ ئۇرۇمچىدىكى شۆتاڭلاردا ئوقۇشى ئۈچۈن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى تاپشۇراتتى. شۆتاڭلارنى پۈتتۈرگەن ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلىرى ۋىلايەتتە ۋالىيلارنىڭ، ناھىيىلەردە ھاكىم، شاڭيولارنىڭ تەرجىمانى بولۇپ خىزمەت قىلاتتى. بىر قىسىملىرى بازار، يېزىلاردا شاڭزۇڭ ياكى بەگلەرگە ياردەملىشىپ ئالۋان - ياساق سېلىش، باج - پاراق يىغىش ۋە يۇقىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنى پۇقرالارغا يەتكۈزۈش ئىشلىرىنى قىلاتتى. مۇنداق خىزمەتچىلەرنى كىشىلەر ئادەتتە «تۇڭچى» دەپ ئاتايتتى. تۇڭچىلارنى پۇقرالار ياخشى كۆرمەيتتى. چۈنكى ئۇلار ئەمەلدارلارنىڭ پۇقرالارغا سالغان جەبىر - زۇلۇملىرىغا تۇڭچى بولۇپ ياردەملىشىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارغىمۇ ئۆچ ئىدى. شۇڭا بايلار ياكى يۈز - ئابرۇيلۇق كىشىلەر باللىرىنى شۆتاڭغا ئەۋەتمەيتتى. پەقەت ئاددىي پۇقرالار، كەمبەغەللەر باللىرىنى شۆتاڭغا ئەۋەتىشكە مەجبۇر بولغاچقا، ھاكىمبەگلەر ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئاددىي كىشىلەرنى مەجبۇرلاپ ئىجرا قىلاتتى. بەزى كىشىلەر باللىرىنى شۆتاڭغا ئوقۇشقا بەرمەسلىك ئۈچۈن پارا بېرىپ ياكى باللىرىنى باشقا يەرگە قاچۇرۇۋېتىپ قۇتۇلۇپ قالاتتى. لېكىن بەزى ئاددىي پۇقرالار ئامال قىلالماي باللىرىنى شۆتاڭغا ئەۋەتەتتى. بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى ھاكىم چيەن دارىن يۇقىرىدىن چۈشۈرۈلگەن ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش ۋەزىپىسىنى ئورۇنداش ئۈچۈن قاسىم ئاخۇننى مەجبۇرلىغانىدى. شۇ چاغدا بارات دادىسىنىڭ شاگىرتى

بولۇپ، موزدۇزلۇقنى خېلى ياخشى ئۆگىنىپ قالغانىدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە تۇرداخۇن تىجارەت بىلەن شەمەيگە كەتكەنىدى. قول ئىلكىدە ئانچە يوق، ئاددىي موزدۇز قاسىم ئاخۇن يالغۇز ئوغلى باراتنى شۆتاڭغا ئەۋەتمەسلىككە ئىلاج قىلالماي، قاچۇرۇۋېتەي دېسە بۇ يالغۇز ئوغلىنىڭ سىرتلاردا تەمتىرەپ يۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ، ئاخىرى ئايالى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، «بوپتۇ، يېنىمىزدا بولمىسىمۇ خەۋىرىنى ئېلىپ تۇرۇشقا بولىدىكەن» دېگەن ئويغا كېلىپ، ئوغلىنى شۆتاڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەنىدى. بارات شۆتاڭغا كېتىپ ئالتە ئايدىن كېيىن تۇرداخۇن شەمەيدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ باراتنىڭ شۆتاڭغا ئوقۇشقا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، «قېيناكامنىڭ قولىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن چيەن دارىن مەجبۇرلاپتۇ» دەپ، دەسلەپ كۆڭلى يېرىممۇ بولغانىدى. لېكىن كېيىن ئۇ تىجارەت جەريانىدا خەنزۇ سودىگەرلىرى بىلەن ئالاقىلىشىشتا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش زۆرۈرلىكىنى ئويلاپ، باراتنىڭ شۆتاڭغا ئوقۇشقا بارغانلىقىغا خۇشمۇ بولدى. شۇڭا تىجارەت بىلەن ئۈرۈمچىگە ھەر بىر بارغاندا ئالاھىدە شۆتاڭغا بېرىپ باراتنى كۆرۈپ، قولىغا پۇل بېرەتتى ھەم «ياخشى ئوقۇ» دەپ تەربىيە بېرەتتى.

بارات تاغىسىنىڭ غەمخورلۇقىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرگۈسى كېلىپ:

— تاغا، شۆتاڭدىكى ئوقۇشقىمۇ ئۆگىنىپ قالدىم، دەسلەپتە قىينىلىپ راستلا كۆنەلمىگەنىدىم. لېكىن يېزىشنى، ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالغاندىن كېيىن، شۆتاڭدىكى ئوقۇشقا قىزىقىپ قالدىم. ھازىر يازالايدىغان خەتلىرىممۇ كۆپ، ئوقۇغان كىتابلىرىممۇ كۆپەيگەنسېرى ئوقۇشقا تېخىمۇ قىزىقىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن تۇرداخۇن ئىنتايىن رازى بولدى. چۈنكى ئىلگىرى شۆتاڭغا ئوقۇشقا بارغان ئۇيغۇر تالىپلىرىنىڭ

كۆپىنچىسى مەكتەپتىن قېچىپ كېتەتتى ياكى ئوقۇغۇسى كەلمەي ئاتا - ئانىسىغا داتلىسا، ئۇلار ئامال قىلىپ شۆتاڭدىن قايتۇرۇۋالاتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلار تولا قېچىپ مۇئەللىمنى زېرىكتۈرۈپ قويغاچقا، مۇئەللىممۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇشىغا ئانچە كۆڭۈل بۆلمەيتتى. ئۇلارمۇ تۇزۇك ئۆگىنەلمەي يېرىم يولدا قالاتتى ياكى مۇئەللىملىرى ئۇلارنى شۆتاڭدىن چېكىندۈرۈۋېتەتتى. باراتنىڭ «هازىر شۆتاڭدىكى ئوقۇشقا قىزىقىپ قېلىۋاتىمەن» دېگەن سۆزىگە تۇرداخۇن خۇش بولۇپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىلھام بېرىش ئۈچۈن:

— ئوغلۇم بارات، تىل ئۆگىنىش زور بىلىم، مانا مەن ئۆزۈمنى مىسالغا ئالسام، داداڭ بىلەن روسىيىدە ئىشلەپ يۈرگەندە رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالغانىدىم. هازىر نىكولاي بىلەن ئالاقىلەشەلەيمەن، چېگرا سودىسىدا رۇسلار بىلەن بىمالال ئالاقىلىشەلەيمەن. تېخى چېگرادا باشقا سودىگەرلەر «تەرجىمانلىق قىلىپ بەر» دەپ ئاۋارە قىلىدۇ. مانا نىكولاي شىنجاڭغا كېلىپ ئۇيغۇر تىلىنى ئۆگىنىۋالدى، شۇڭا ئۇنىڭ تۇگمىنىگە بارغانلار ئۇنىڭدىن بەك رازى، ئۇنىڭ بازىرىمۇ ياخشى بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا سېنىڭ شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇغىنىڭ ياخشى بولدى. سەن كېلەچەكتە چوڭ مەنسەپ تۇتىسەن، باي بولىسەن، — دېدى.

بۇ چاغدا جىمىلخان دۇكانغا چىقىپ، قاسىم ئاخۇننى چاقىرىپ كىرگەنىدى. مېھمانلار بىلەن ساھىبخانلار ئۆزئارا كۆرۈشۈپ ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشقاندىن كېيىن، ئۇلار يەنىلا ئىختىيارسىز باراتقا قارىشىپ قالدى. چۈنكى مېھمانلارنىڭ كېلىشىمۇ، قاسىم ئاخۇننىڭ بېرىپ ئايخانغا خەۋەر بېرىشىمۇ، بارات ئۈچۈن ئىدى. مېھمانلار چاي - پاي ئىچىشىپ بولغاندىن كېيىن، جىمىلخان بىدلەن ئايخان تاماققا تۇتۇش قىلغىلى ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى. تۇرداخۇن بارات بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ:

— بارات، ناھىيــــمىــــزدىن شوٗتاڭغا ئوقۇشقا كەتكەن ھەممىڭلار تەتىل قىلىپ قايتىپ كەلدىڭلارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، ۋاڭ بېگىـــمنىـــڭ ئوغلـــى ۋاڭ مىـــڭئېر «چامباشچىلىقنى ئۆگىنىمەن» دەپ قىزىل بۇتخانىغا كەتتى، مەن چيەن دارىنىنىڭ ئوغلى بىلەن قايتىپ كەلدىم.

تۇرداخۇن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ ئويغا چۆمدى. چۈنكى ۋاڭ بېگىم ئۇنى تېخى بايىلا غەمگە سېلىپ قويغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تەتىلدە ئۆيىگە قايتىـــپ كەلمىگەنلىكىنى بىلگىسى كېلىپ:

— ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئاتا - ئانىسىنى كۆرگۈسى يوقمىكەن؟ — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر تەتىل باشلىنىشتىن سەل ئىلگىرى باراتنىمۇ ئۆيگە قايتماي ئۆزى بىلەن بىللە چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشكە تەكلىپ قىلغانىدى. لېكىن بارات يالغۇز بالا بولغاچقا، ئاتا - ئانىسىنى ئەنسىرىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، چيەن دارىن ئوغلىغا ئەۋەتكەن ھارۋا بىلەن ناھىيىگە كېلىۋالغانىدى.

تۇرداخۇن چيەن دارىنىنىڭ ئوغلىنىڭ چامباشچىلـــىق ئۆگەنمەي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلگىسى كېلىپ:

— چيەن دارىنىنىڭ ئوغلى چامباشچىلىق ئۆگەنمەمدىكەن؟ — دېدى.

— ياق، تاغا، ئۇ بەك ھورۇن، ھەتتا دەرسنىمۇ تىرىشىپ ئوقۇمايدۇ. ئۇ شوٗتاڭغا بىزدىن بۇرۇن كەپتىكەن، لېكىـــن ھېلىغىچە «تۆت دەستۇر، بەش نىزام» نى تۇزۇك ئۆگىنەلمىدى. شۇڭا ئۇ مەندىنمۇ كېيىن شوٗتاڭنى پۈتتۈرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇ تېخى يېقىندىلا شوٗتاڭدىن تۇيۇقسىز بىـــرنەچچە كۈن يوقاپ كەتكەنىدى، ئاڭغىچە بىز تەتىل بولۇپ يەنە بىللە كەلدۇق.

— سېنىڭ ئوقۇشۇڭ قانداقراق؟

— خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلـــى شوٗتاڭدا ئوقۇيدىغان

كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى ئوقۇپ بولىمەن، — دېدى بارات ئىشەنچ بىلەن.

— ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئوقۇشى قانداق؟

— ئۇ ئوبدان ئوقۇيدۇ، لېكىن چامباشچىلىقنى مەشىق قىلىشقا بەك قىزىقىدۇ. شۇڭا پات - پات دەرسنى تاشلاپ بۇتخانىغا قېچىپ كېتىدۇ. ئۇ دەرستە بولمىسىلا مۇئەللىم مېنى چاقىرىپ كېلىشكە بۇتخانىغا ئەۋەتىدۇ.

— ئۇ شۇتاڭنى قاچان پۈتتۈرىدۇ؟

— ئۇ بۇ يىل پۈتتۈرۈپ بولدى، شۇڭا «ھامىنى ئۆيگە قايتىمەنغۇ» دەپ چامباشچىلىق ئۆگەنگىلى بۇتخانىغا كېتىپ قالدى.

قاسىم ئاخۇن تۇرداخۇن بىلەن باراتنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغۇسى كەلمىگەندەك بېشىنى سىلىپ جىم ئولتۇردى.

قاسىم ئاخۇن ياش چاغلىرىدا ئىنتايىن چېۋەر، گەپ - سۆزلىرى ئورۇنلۇق، قاملاشقان يىگىت ئىدى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاغىنىلىرى بەكمۇ ئاڭلايتتى ھەم ئاغىنىلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە يۈرىدىغان ئاغىنىلىرىنىڭ بىرى مۇشۇ تۇرداخۇن ئىدى. كېيىن تۇرداخۇن ئۇنىڭ قېينىنىسى بولۇپ قالدى. قاسىم ئاخۇن دوستلىرىنى باشلاپ روسىيىگە ئىشلەشكە ماڭغاندا تۇرداخۇنمۇ ئەگىشىپ بارغانىدى. ئۇلار ئەنجان، تاشكەنت ھەتتا ۋولگا دەرياسى بويلىرىدىكى پورتلاردا ئىشلەپ ئانچە - مۇنچە پۇل تېپىپ، شەمەي ئارقىلىق جۇڭگوغا قايتىپ كەلگەنىدى. بۇ ئىشلەمچىــى سەرگەردانلار باقتۇدا چېگرىدىن ئۆتۈپ چۆچەك ئارقىلىق ساۋەنگە كېلىۋاتقاندا تۇيۇقسىز باندىتلارغا ئۇچرىغان، باندىتلار ئۇلارنى بۇلاشقا باشلىغاندا، ئىشلەمچىلەر كۆپ بولغاچقا، قارشىلىق كۆرسىتىپ ئارىدا قىسقا جەڭ بولغانىدى. لېكىن ئىشلەمچىلەر باندىتلار بىلەن كۈچ ئېلىشالماي بەزىلىرى ئۆلگەن، كۆپلىرى ئېغىر - يېنىك يارىدار بولۇپ، مال-

دۇنياسىنى باندىتلارغا تارتتۇرۇپ قويغان. ياردار بولغانلارنىڭ بىرى قاسىم ئاخۇن ئىدى. ئامان قالغانلىرىنىڭ بىر قىسمى سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ قەشقەرگە كەتكەنىدى. قاسىم ئاخۇنغا ئوخشاش ياردارلار تاپقان - تەرگىنىدىن ئايرىلىپ قېلىپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇرالماي، ماناس ناھىيىسىگە ئورۇنلىشىپ قالغانىدى. تۇرداخۇنمۇ قېيناكىسى بىلەن ماناستا قېلىپ، ئاچىسى جىمىلىخاننى قەشقەردىن ھارۋا بىلەن ئىككى ئاي يول ماڭغۇزۇپ ئەكەلدۇرگەنىدى. قاسىم ئاخۇن گەرچە ساقىيىپ كەتكەن بولسىمۇ، بېشى قاتتىق زەخىملەنگەچكە، ئېسى ئانچە جايىدا ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇ بىر جايدا ئولتۇرۇپ ئىشلەيدىغان موزدۇزلۇقنى كەسىپ قىلىپ ياشاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ جىمغۇر، ئادەتتە كۆپ گەپ قىلماي ئىشىنى قىلغىنى بىلەن بەزىدە ئويلىغان ئويلىرىنى تۇيۇقسىز دەپ قوياتتى. ئۇ باياتىنبېرى قېيىنىنىسى بىلەن ئوغلىنىڭ قىزغىن پاراڭلىرىغا ئارىلاشماي، خۇددى مۆڭ ئادەمدەك بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلغانىدى. شۇڭا ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— تۇرداخۇن، سەن باراتنىڭ شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقىنىنىغا قىزىقىۋاتامسەن؟ — دېدى.

قېيناكىسىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا دىققەت قىلىپ سوئال سورىغانلىقىغا خۇش بولغان تۇرداخۇن:

— ھەئە، شۇنداق ئاكا، بارات شۆتاڭدا خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىۋالىدىغان بولدى. كېلەچەكتە ئۇ مەنسەپدار بولىدۇ، باي بولىدۇ، — دەپ باراتقا قارىدى.

باراتمۇ دادىسىنىڭ ئۆزلۈكىدىن سوئال سورىغانلىقىغا خۇش بولدى:

— شۇنداق دادا، خەنزۇچە خەتنى خېلى ياخشى يازالايدىغان بولۇپ قالدىم، تېخى مۇئەللىم مېنى ماختايدۇ، — دېدى.

قاسىم ئاخۇن گېپىنى قىلىپ بولۇپ بېشىنى

سىلىنىۋالغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈش ئېغىر كەلگەندەك ئالدىغا قاراپ تۇرغان پېتى:

— تۇرداخۇن، سەن باراتقا دېگىن، ئۇمۇ ۋاڭ مىڭئېرغا ئوخشاش چامباشچىلىقنى ئۆگىنىپ قويسۇن، ئوغۇل بالىغا مۇشتلىششمۇ ئەسقاتىدۇ، سەن باراتنىڭ مەنسەپدار بولۇشىغا، باي بولۇشىغا ھەۋەس قىلما... ئۇ دۇشمىنى ئالدىدا قورقمايدىغان بولسۇن، — دېدى.

تۇرداخۇن باراتقا قارىدى. بارات دادىسىنىڭ گېپىنى ئويلاپ جىمىپ قالغانىدى. بارات چوڭ بولۇپ ئېسىنى بىلىشكە باشلىغاندىلا دادىسىنىڭ مۇشۇنداق ئاجىز ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. قارىماققا دادىسى بەستلىك ئادەم بولسىمۇ، ئۇنىڭ مېيىپلىكى كىشىنىڭ ئىچىنى ئاغرىتاتتى. شۇ باندىتلار بولمىغان بولسا، دادىسى مۇشۇنداق بولۇپ قالمىغان بولاتتى. بۇ ئۆكۈنۈش، نادامەتنى بارات چوڭ بولغانسېرى پات - پات ئويلاپ، دادىسىغا تېخىمۇ ئىچ ئاغرىتاتتى. بەزىدە قولۇم - قوشنىلار باراتنىڭ كېلىشكەن يىگىت بولۇپ چوڭ بولۇۋاتقانلىقىغا مەسلىكى كېلىپ، «كىچىك قاسىماخۇن» دەپ قويسا، ئۇ دادىسىدىن بەك پەخىرلىنىپ كېتەتتى. شۇڭا دادىسىنىڭ ئۇنىڭدىن كۈتۈۋاتقان ئۈمىدى ئۈچۈن:

— راست دەيسەن دادا، مەنمۇ ۋاڭ مىڭئېردىن چامباشچىلىقنى ئۆگىنىپ قوياي. ئۆتكەندە ئۇ ماڭا تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويدى، — دېدى.

قاسىم ئاخۇن بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئوغلىدىن رازى بولغاندەك كۈلۈمسىرىدى. بارات بىلەن تۇرداخۇن ئۇنىڭغا قاراپ خۇش بولۇشتى. لېكىن ئۇ گەپ قىلماي بېشىنى يەنە تۆۋەن سىلىنىۋالدى، بىر چاغدا ئۆز - ئۆزىگە «ۋاڭ مىڭئېر راستىنلا ياخشى يىگىتكەن» دەپ غودۇراپ قويدى. ئۇنىڭ مۇنداق جىم بولۇۋېلىشى ئەمدى يەنە گەپ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرەتتى. شۇڭا

بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭدىن ھېچكىم گەپ سورىمايتتى.

قاسىم ئاخۇننىڭ ئەھۋالى مانا شۇ ئىدى. بۇنداق ئائىلىگە بىرەر پەرزەنت يېنىدا تۇرۇپ ياردەمدە بولمىسا زادى بولمايتتى. شۇڭا تۇرداخۇن:

— بارات، سەن كېلەر يىلى شۆتاڭنى تاماملاپ بولغاندا «ئۈرۈمچىدە قېلىپ خىزمەت قىلىسەن» دېسىمۇ ئۇنىماي يېنىپ كەل، سەن داداڭ بىلەن بىزنىڭ يېنىمىزدا تۇرمىساڭ زادى بولمايدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى بارات، — مەن چوقۇم يېنىپ كېلىپ ئۆيگە قاراشمىسام بولمايدۇ...

— ھەببەللى، — دېدى تۇرداخۇن خۇش بولۇپ.

تۇرداخۇنلار بارات بىلەن كۆرۈشۈپ قايتقاندا پېتىۋاتقان قۇياش ئەتراپنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. كوچىلاردا ئادەم ئازلىغان بولسىمۇ، تىجارەتچىلەر يەنىلا خېرىدارلارنى چاقىرىشىپ تۇراتتى. كەچ تاقايدىغان دۇكانلار پانۇس ياندۇرۇشقا باشلىغانىدى. ئۇ ئىككىسى دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ، بىر ئاز ماڭغىنىدا ئالدى تەرەپتىن بىر توپ ئادەم ئىككى ئادەمنى ئارىغا ئېلىپ كېلىشتى. ئۇ ئىككىسى خۇددى گۇناھكاردەك بېشىنى سېلىپ كېلىۋاتاتتى. زاۋال ۋاقتى بولۇپ ئەتراپ غۇۋا بولغاچقا، ئۇلارنى زادىلا تونۇغىلى بولمايتتى. ئەتراپتىكىلەر ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىنى قايرىپ تۇتۇپ، دولىسىدىن بېسىپ، ئىتتىرىپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇلارنىڭ چىرايىنىمۇ تۇزۇك كۆرگىلى بولمايتتى. ئەتراپتىكىلەرمۇ توپتىن قالماي يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يېقىنلاپ بىر كوچىغا كىرىپ كەتتى. ھەممە ئادەم ئەنسىزچىلىك بىلەن ئۇلارغا قارىشاتتى. تۇرداخۇن بىلەن ئايخان بىر چەتكە ئۆتۈپ قاراپ تۇردى. ئۇلار ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن كىشىلەر تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىلغان ھېلىقى ئىككى ئادەمنىڭ باندىتلار بۇلاپ كەلگەن بىر قورۇ مالنى ئەرزان

ئېلىۋېلىپ باشقا ياققا ھەيدەپ ماڭغانلىقىنى، كېيىن بۇ مالنىڭ ئىگىسى قوغلاپ كېلىپ باندىتلارنى تۇتالمىسىمۇ، ئۇلارنى تۇتۇۋېلىپ يامۇلغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىشتى.

تۇرداخۇن گاۋ غوجىدار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆيىگە كېتىۋاتقاندا مەھەللىسىدە ئۇچرىغان بىر قورۇ قويىنى ئەسلەپ ئايخانغا:

— بايا مەن مەھەللىدە كۆرگەن قويلار شۇ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

ئايخانمۇ يولدىن قېچىپ ھويلىغا كىرىپ قالغان قويلارنى ئەسلەپ:

— ئىگىسى يوقتەك ئېزىپ - تېزىپ يۈرگەن قويلار شۇكەندە، — دېدى.

ئاڭغىچە ھېلىقىلار يامۇل تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كۆزدىن غايىپ بولدى، كوچىمۇ بوشاپ قالدى، تىجارەتچىلەرمۇ تىجارىتىنى باشلىۋەتتى.

— ئايخان، جاھان مۇشۇنداق ئەنسىز بولسا، مېنىڭ چېگراغا مال يۆتكىشىممۇ كېچىكىپ كېتىدۇ. شۇڭا ئەتىلا نىكولاي بىلەن كۆرۈشۈپ موكا سېتىشقا ئۇنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىپ، مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە چېگراغا ماڭاي، — دېدى تۇرداخۇن.

— بىر قارارغا كېلىپ بولغان بولسىڭىز، بوپتۇ، شۇنداق قىلىڭ.

— مېنىڭ ئىشلىرىمنى ھەقىقەتەن قوللايسەن جۇمۇ! — ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار ئۆيىگە كەلگەندە تۇران ھويلىدا شام يورۇقىدا ساقلاپ تۇرغانىدى.

ئەتىسى تۇرداخۇن نىكولاينىڭ تۈگمىنىگە قاراپ ماڭدى. تۈگمەنگە يېقىنلاشقانسېرى ئىككى كۈندىن بېرى ئۆزىنى قىيناپ كېلىۋاتقان ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسى توغرىسىدىكى غەملىرى

يەنە ئېسىگە كېلىپ قالدى. چۈنكى ئۇ مۇشۇ غەمدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن هازىر تۇگمەنگە كېتىۋاتاتتى. تۇگمەنگە يېقىنلاپ، قويۇق دەرەخ ئارىسىدىكى ئاپئاق ئۆينى كۆرۈپ غەملىرى تېخىمۇ ئېشىپ، نىكولاي بىلەن كۆرۈشكەندە گېپىنى نەدىن باشلاشنى ئويلىدى. ئۆي ئالدىدا كىر يۇيۇۋاتقان ماشا يىراقتىن ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ مازغاپ قوللىرىنى سۈرتۈۋېتىپ ئالدىغا كەلدى. ماشانىڭ كەينىدىن كىچىك ئوغلى ۋاسەمۇ ئەگىشىپ كەلدى، تۇرداخۇن ئۇلار بىلەن سالاملاشتى. ماشا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— تۇرداخۇن، سىز بىزنىڭ ئۆيگە كەلسىڭىز ئۆزىڭىز يالغۇزلا كېلىسىز، — دېدى.

ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەن تۇرداخۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— ماشا سىڭلىم، ياخشى كۆڭلىڭىزگە مىڭ مەرتەم رەھمەت، كېيىن كەلگەن چېغىمدا ئايخاننى چوقۇم بىللە ئالغاچ كېلىمەن. مەن بۈگۈن سىلەرگە مېهمان بولغىلى ئەمەس، بەلكى ئىنتايىن مۇهىم بىر ئىش بىلەن كېلىشىم، — دەپ يېنىدا ئويناپ تۇرغان ۋاسەنىڭ بېشىنى سىيلاپ ئەركىلىتىپ قويدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى ماشا ئۆيىگە قاراپ مېڭىپ،

— ھەرقانچە مۇهىم ئىش بىلەن كەلسىڭىزمۇ ئايخاننى بىللە ئېلىپ كەلسىڭىز خۇش بولۇپ قالاتتىم. مەن ھەر قېتىم بازارغا بارغىنىمدا سىلەرنىڭ ئۆيگە كىرمەي قويمايمەن، لېكىن سىز ئايخاننى ئايىغاندەكلا بىزنىڭكىگە ئاز ئېلىپ كېلىسىز.

تۇرداخۇن ئۇنىڭ يېقىنچىلىق قىلىۋاتقانلىقىغا خۇش بولۇپ:

— ئايخانمۇ دائىم سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىدۇ، بۈگۈنمۇ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىمنى دېسەم سىزگە ئالاهىدە سالام ئېيتتى. لېكىن هازىر ئۇ ئۆيدىن زادىلا ئايرىلالمايدۇ. ئاچامنىڭ ئوغلى ئۈرۈمچىدىن قايتىپ كەلگەن، ئايخان كۈندە دېگۈدەك قىزىم بىلەن ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتىدۇ.

قېيناكام بولسا بىر مېيىپ ئادەم، — دېدى.
— تۇرداخۇن، قىزىڭىز تۇران بەكمۇ چىرايلىق قىز بولدى، ئۇنىڭغا بەكمۇ زوقۇم كېلىدۇ.
— رەھمەت، — دېدى تۇرداخۇن خۇش بولۇپ.
ئۇ ئۆيگە ماڭغاچ ئەتراپقا سەپسالدى. نىكولاي كۆرۈنمەيتتى، ئەگەر ئۇ بولمىسا، ئۇنىڭ يىراق يولنى بېسىپ كەلگىنىمۇ بىكار بولاتتى.
— نىكولاي كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— ئۇ ھازىر تۈگمەندە، — دېدى ماشا ۋە «ئۇنى ھازىرلا چاقىرىپ كەل» دەپ ۋاسەنى تۈگمەنگە ئەۋەتتى.
ۋاسە يۈگۈرگەن پېتى تۈگمەنگە كەتتى. ماشا ئىشىكنى ئېچىپ تۇرداخۇننى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.
تۇرداخۇن ئۆيگە كىرگەندە، ماشا بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تۇرداخۇن ئولتۇرۇپ ئادىتى بويىچە دۇئا قىلىۋېتىپ، ئاندىن ماشا بىلەن باشقىدىن ئامانلاشتى. ئاندىن كېيىن ماشا ئېغىز ئېچىپ:
— تۇرداخۇن، يېقىندىن بېرى تۈگمەندە ئۇن تارتقۇچىلار كۆپىيىپ كەتتى. مەن چۈشلۈك تاماقنى تۈگمەنگە ئاپىرىپ بېرىۋاتىمەن، بۈگۈن نىكولاي چۈشلۈك تاماقنى سىز بىلەن ئۆيدە يەيدىغان بولدى، مەن ھازىرلا تاماققا تۇتۇش قىلاي، — دەپ چىقىپ كەتتى.
تۇرداخۇن نىكولاينىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىپ تۇرسىمۇ، ھازىر ئۆيدە يالغۇز قالغاچقا، خۇددى ئىلگىرى كېلىپ باقمىغاندەك ئۆي ئىچىگە سەپسېلىشقا باشلىدى. ئىككى دېرىزىنىڭ ئارىلىقىدىكى ئويۇقتا ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ كرېستقا مىقلاقلىق مىس ھەيكىلى قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ ئاستىدىكى قېلىن كىتاب «ئىنجىل» ئىدى. ئۇلار «ئىنجىل» نى كۆپ ئوقۇپ تۇرغاچقا، كىتاب ۋاراقلىنىپ كونىراپ كەتكەنىدى. كىتابنىڭ

ئاستىغا رېشلىيە ئىشلەنگەن ئاق ياپقۇچ قويۇلغاچقا، ئويۇقنىڭ ئىچى ئاپئاق بولۇپ، ھەيكەل ۋە «ئىنجىل» تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنەتتى. ئىككى دېرىزىنىڭ ئاستىدىكى رۇجەكلەرگە كىچىك پەردىلەر تارتىلغان، دېرىزىنىڭ ئۆزىگىمۇ چوڭ پەردە تارتىلغانىدى. كارىۋاتنىڭ ئىككى بېشىغا ئاق پەردە تارتىلغان بولۇپ، قېلىن يۇڭ ئەدىيالنىڭ ئاستىدىن ئاق ياپقۇچ چىقىپ تۇراتتى. يېڭى ھاكلانغان ئۆيدىن ھاكىنىڭ پۇرىقى كەتمىگەنىدى. چۈشتىن ئىلگىرىكى ئاپتاپ ئۆينى بەكمۇ يورۇتۇۋەتكەنىدى. پەقەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى قوپال ياسالغان چوڭ ئۈستەل ۋە ئۈستەل ئەتراپىدىكى ئورۇندۇقلار رەندە سىلىنغان پېتى ئىدى. تۇرداخۇن روسىيىدە رۇسلارنىڭ ئۆيىگە كۆپ كىرگەچكە، ھازىر ئۆزىنى خۇددى روسىيىدە تۇرۇۋاتاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئۇزاق ئۆتمەي تالادا ئىتنىڭ ھاۋشىغىنى ئاڭلاندى، بۇ نىكولاينىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىدىن بېشارەت ئىدى. بايا تۇرداخۇن كېلىپ ئۆيگە يېقىنلاپ قالغاندا ئىتلارنىڭ ھاۋشىغانلىقىنى ئاڭلىمىغاچقا، ئۆي تەرەپكە قاراپ بىمالال كېلىۋەرگەنىدى. ئۇنداق بولمىغاندا نىكولاينىڭ سېرىق ۋە ئاق بىر جۈپ ئىتى ئادەم تۇرماق، ئاتلارنىمۇ قاۋاپ ئالدىغا ماڭغۇزمايتتى.

ھايال ئۆتمەيلا نىكولاي ئۆيگە كىرىپ كەلدى، تۇرداخۇن ئالدىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن رۇسلارچە قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. نىكولاينىڭ ھازىر تۈگمەندە ئىشلىرى كۆپ بولسىمۇ، تۇرداخۇننىڭ كەلگىنىگە خۇش بولۇپ:

— تۇرداخۇن، خېلى كۈنلەر بولدى كەلمىدىڭغۇ، تىجارىتىڭ بەك ئېقىپ كېتىپ بىز تەرەپكە كېلىشكە چولاڭ تەگمەي قالدىمۇ نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

— خۇداغا شۈكۈر، تىجارىتىم يامان ئەمەس، — تۇرداخۇن شۇنداق دەپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. نىكولايمۇ ئولتۇرۇپ تاماكا ئورىغاچ دېدى:

— يېقىندىن بېرى بازارغا كۆپ كىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم، بازارنىڭ ئىشلىرىنى مېنىڭ ئورنۇمدا ماشا قىلىۋاتىدۇ، ھازىر ئۇن تارتقۇزىدىغانلار بەك جىق. تۈگمەن ئىچىگە ئۇگۇت توشۇپ كەتتى، ھەتتا تالاغىمۇ قويۇۋاتىمىز. ئىككى ئوغلۇم كىچىك بولسىمۇ، تۈگمەنگە بېرىپ ماڭا قارىشىپ بېرىۋاتىدۇ. مانا ھازىر تۈگمەننى ئوغۇللىرىمغا تاشلاپ بېرىپ كەلدىم.

— ئۇنداقتا، — دېدى تۇرداخۇن، — سەن تولىمۇ خاتىرجەم ئىكەنسەن، ئۇن تارتقۇزىدىغانلار ئالدىڭغا كېلىپ تۇرىدىكەن، ياردەملىشىدىغان ئوغۇللىرىڭ باركەن، تۈگمەندىن نېرى كەتمەي ئىشلىسەڭلا بولىدىكەن... مەنچۇ... مەن ھازىر تىجارەتتە ناھايىتى يالغۇزچىلىق تارتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بىر پېشكەللىككە يولۇقىدىغاندەك قىلىمەن.

— نېمە؟ — دېدى نىكولاي ئورالۋاتقان تاماكىسىنى قويۇپ ھەيران بولۇپ، — ساڭا نېمە بولدى، يۈرت ئۆزۈڭنىڭ، تىجارىتىڭ گۈلدەك كېتىۋېتىپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مويكا سالىمەن دەپ زور پىلان تۈزدۈڭ.

— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى تۇرداخۇن دەرھال، — سەن دېگەن شۇ مويكىنىڭ ئىشىدىن چاتاق چىقىدىغاندەك قىلىدۇ...

— نېمە... نېمە دېدىڭ؟ — نىكولاي تېخىمۇ ھەيران بولۇپ ھەم ئورۇندۇقنى ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈپ دېدى:

— مويكىنىڭ ئىشىدىن چاتاق چىققىدەك نېمە ئىش بولدى؟ چاپسان دېگىنە، — نىكولاي تاماكىسىنى تۇتاشتۇردى ۋە ئۇنىڭ سۆزىنى خاتىرجەم ئاڭلاش ئۈچۈن ئورنىدا رۇسلىنىپ ئولتۇردى.

شۇ ئەسنادا ماشا ئۆيگە ساماۋار كۆتۈرۈپ كىرىپ داستىخان سالدى. ئۇ چاي قۇيغاچ:

— نىكولاي، تۇرداخۇنغا تاپىلاپ قويۇڭ، بۇ قېتىم بىزنىڭكىگە كەلگەندە ئايىخاننى چوقۇم ئالغاچ كەلسۇن، — دېدى.

نىكولايمۇ، تۇرداخۇنمۇ كۈلۈپ كەتتى. ماشا ئۆز - ئۆزىگە

«مۇسۇلمان ئەرلەر بىر يەرگە بارسا ئاياللىرىنى بىللە ئېلىپ بېرىشنى ئادەت قىلمىغان، لېكىن مەن ئايخان بىلەن يېقىن دوست» دەپ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا بىر ئىستاكاندىن چاي قويۇپ:
— سىلەر پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، مەن تاماققا تۇتۇش قىلاي، تۇرداخۇن بۈگۈن بىزنىڭكىدە چۈشلەپ كەتسۇن، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
— قېنى دېگىنە، زادى نېمە گەپ؟ — دېدى نىكولاي تاماكىسىنى بىر - ئىككى شورىۋېتىپ.
— نېمە بولاتتى دەيسەن، ۋاڭ بېگىم ماڭا سېتىپ بەرگەن هويلىسى ۋە ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرنىڭ باهاسىغا رازى بولماي ئارسالدى بولۇپ قاپتۇ.
— نېمىشقا، سىلەر باهادا پۈتۈشكەن ئەمەسمىدىڭلار؟
— شۇنداق، باهادا پۈتۈشۈپمۇ بولغان، لېكىن بەزىلەر ئۇنىڭغا گەپ ئۆگەتكەن ئوخشايدۇ.
— هازىرقى باها نەچچە بوپتۇ؟
— بۇ توغرۇلۇق غوجىدارىنى ئەۋەتىپتۇ، غوجىدارى كېلىشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى.
نىكولاي جىمىپ قالدى، تۇرداخۇن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
— زادى مويكا سېلىش نىيىتىم بار، — دېدى.
— ئۇ هويلىنىڭ باهاسىنى ئۆرلىتىۋالسىمۇ مويكا سالدۇرغۇسى بارمۇ؟
— مويكىنى ئوتتەك سالدۇرغۇم بار، لېكىن ئۆرلىتىۋالغان پۇلغا چىدىماي قالىدىغاندەكمۇ قىلىمەن.
تۇرداخۇن يەنە ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. نىكولاي ئىستاكاندىكى چايدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئوتلاپ:
— تۇرداخۇن، زادى مويكا سالدۇرغۇڭ بارمۇ - قانداق؟ — دېدى.

— ساڭا دەۋاتىمەنغۇ، مويكىنى سالدۇرغۇم بار.
نىكولاي ئۇنى سىناپ باققانىدى. تۇرداخۇننىڭ بۇ سۆزىدىن مويكا سالدۇرغىسى بارلىقىنى بىلىپ:
— ئەگەر قانداق قىلىپ بولمىسۇن مويكا سالدۇرۇشنى ئويلىغان بولساڭ ناھايىتى ياخشى ئويلاپسەن، نىيەت قىلغان ئىكەنسەن پۇلغىمۇ چىدا. مەن ساڭا ياردەم قىلىپ ئاز پۇل بىلەن ئەپچىل قىلىپ مويكا سېلىپ بېرىمەن، — دېدى.
— شۇڭا سېنىڭ يېنىڭغا مەسلىھەتكە كەلگەنىدىم. ئىلگىرى ۋاڭ بېگىمگە ھويلىنى سېتىۋالغاندا يېرىم پۇلىنى تېخى بەرمىگەنىدىم.
— ئۇنداقتا ۋاڭ بېگىمنىڭ نىيىتى ساڭا مويكا سالدۇرماسلىق ئوخشىمامدۇ؟
— بىر ئويلىسام شۇنداقتەكمۇ قىلىدۇ، لېكىن ئۆرلەتكەن پۇلنى تۆلىسەم ھويلا بىلەن يەرنى ماڭا يەنە ساتىدىغاندەكمۇ قىلىدۇ.
نىكولاي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.
— ئەجەب كۈلىسەنغۇ؟
— باشقىلارنىڭ ۋاڭ بېگىمگە گەپ ئۆگەتكىنى راستكەن، ئۇنداق بولمىغاندا، پۇتۇشۇپ بولغان ھەم سېتىلىپ بولغان ھويلىغا ئارىسالدى بولامدۇ؟ يەنە ۋاڭ بېگىمگە گەپ ئۆگەتكەن ئادەم ئەگەر ھويلا بىلەن يەر سېنىڭ قولۇڭدا بولسا كېيىن چوقۇم زور پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىڭنى بىلىپ يەتكەن. بولمىسا، ۋاڭ بېگىم تاشلاپ قويغان بىكار ھويلىسىنى ۋە ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرنى ساتماي نېمە قىلىدۇ.
تۇرداخۇن مويكا سېلىش قارارىغا كەلگەندە، مويكا سالىدىغان مۇۋاپىق ئورۇننى نىكولاي بىلەن بىللە كۆرۈپ ئاخىرىدا ۋاڭ بېگىمنىڭ تاشلاندۇق ھويلىسىنى ۋە ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرنى تاللىغانىدى. بۇ كونا ھويلا ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ

ناھىيىگە كېلىپ ناھىيە بازىرىدا تۇرغاندا ئولتۇرغان قورۇ - جايى ئىدى. ئۇ كېيىن تېخىمۇ بېيىپ، ناھىيە بازىرىدىن خېلى يىراق، سۈيى ئەلۋەك يېزىغا بېرىپ يەر سېتىۋېلىپ ھەم بوز يەر ئېچىپ، شۇ يېزىدا تۇرۇپ قالغانىدى. ھازىر ئۇ شۇ يېزىنىڭ شاڭيوسى. ئۇنىڭ ناھىيە بازىرىدىكى كونا ھويلىسى دەريانىڭ بويىدا بولغاچقا، مويكىغا سۇ باشلاش ۋە سۇنى چىقىرىۋېتىشكە ئەپلىك ئىدى، ھويلىنىڭ ئەتراپىدا يۈك - تېرە يايىدىغان مەيدان ياساشقا يېتەرلىك يەر بار ئىدى. بۇ ھويلىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن تۇرداخۇن ۋاڭ تيەنمىڭنى ئىزدەپ يېزىغا بارغاندا، ئۇ تاشلاندۇق ھويلىسىنى ۋە ئەتراپىدىكى يەرلەرنى پۇل قىلىۋالىدىغانلىقىغا خۇش بولغان ھەم باھانىمۇ ئانچە يۇقىرى قويمىغانىدى.

— تۇرداخۇن، سەن مويكا سالدۇرماقچى بولغانلىقىڭنى يۇرت چوڭلىرى ئالدىدا دېگەنمىدىڭ؟ — دېدى نىكولاي.

— ياق، مەن مويكا سالدۇرىمەن دەپ يۇرت ئەمەلدارلىرى-نىڭ بىرەرسىنىڭ ئالدىغا بارمىدىم. لېكىن چيەن دارىن يېقىندا ھويلىنى كۆرگىلى كېلىپ «تۇرداخۇن، ھويلىنى ئاۋات قىلىۋېتىپسەن... ئەمدى تېخىمۇ بېيىپ كېتىدىغان بولدۇڭ» دەپ مېنى ماختاپ كەتكەنىدى.

— بەللى، — دېدى نىكولاي، — ئۇ چوقۇم سىنىڭ ھويلىدىن پايدىلىنىپ زور پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىڭنى بىلىپ ۋاڭ بېگىمگە گەپ ئۆگەتكەن گەپ.

نىكولاينىڭ بۇ گېپى بىلەن تۇرداخۇننىڭ گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپ:

— توغرا دېدىڭ، چيەن دارىن ماڭا ھەسەت قىلىپ ۋاڭ بېگىمگە گەپ ئۆگىتىپ، ھويلىنىڭ باھاسىدا ئۇنى ئارىسالدى قىلىپ قويۇپتۇ. بولمىسا، مېنىڭ ۋاڭ بېگىم بىلەن ھېچقانداق زىددىيەت - ئاداۋىتىم يوق. ئۇ شاڭيو بولۇپ يەر تېرىۋاتقان ئادەم، مەن بولسام چېگراغا مال يۆتكەپ تىجارەت قىلىۋاتقان

ئادەم. . . — دېدى.
— نېمىلا بولمىسۇن، سېنىڭ ھويلىدىن پايدىلىنىپ ئالىدىغان پايداڭنى مۆلچەرلىگەن ئادەمنىڭ قىلغان ئىشى.
تۇرداخۇننىڭ نەچچە كۈندىن بېرى تېگىگە يېتەلمىگەن خىيالى دەل مۇشۇ ئىدى. ھازىر نىكولاينىڭ گېپى بىلەن گۇماننىڭ توغرىلىقىغا ئىشەندى، ھويلىغا مويكا سالدۇرۇپ، كېيىن كۆپ پايدىغا ئېرىشىدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى.
— نىكولاي، نېمىلا بولمىسۇن بۇ مويكىنى سالدۇراي، قەرزدار بولساممۇ مەيلى، بەرىكىتىنى ئاللا بېرەر.
— ناھايىتى ياخشى دېدىڭ. نېمىلا بولمىسۇن بۇ ناھىيىگە بىر مويكا سالدۇرساڭ سېنىڭ ئۇتقىنىڭ شۇ بولىدۇ، — دېدى نىكولاي.
تۇرداخۇن ئۇنىڭ مەدەت بېرىۋاتقانلىقىغا خۇش بولدى:
— بىز ئۇيغۇرلاردا «ئىشلىگەن چىشلەر» دېگەن ماقال بار. مەن بىر تەۋەككۇل قىلىپ باقاي، ئاللا تائالا مېنى قوللاپ ئامەت ياغدۇرۇۋېتەمدۇ تېخى.
— تۇرداخۇن، قەتئىي ئىرادىگە كەپسەن، مەسىلە دەل مۇشۇ ئىرادىدە. ئەمدى قەرزدار بولساڭمۇ بۇ نىيىتىڭدىن ھەرگىز يانما. مويكا پۈتسە، پۈتۈن بىر ناھىيىنىڭ يۇڭ - تېرىلىرى سېنىڭ ئالدىڭغا كېلىدۇ، پايدا دېگەن مانا شۇ.
شۇ تاپتا تۇرداخۇننىڭ كۆز ئالدىغا ياسىلىپ پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا چۈشكەن مويكا، كۆلچەك - كۆلچەكلەردە يۇيۇلۇۋاتقان يۇڭلار، مويكىنىڭ ئەتراپىغا ياسالغان يۇڭ قۇرۇتۇش مەيدانىدا يېيىلىپ كەتكەن يۇڭ - تېرىلەر، يۇيۇلۇپ چىقىپ سىملارغا ئارتىلىپ قۇرۇتۇلۇۋاتقان ئاپئاق يۇڭلار، ئامبار ئالدىدا كىشىلەر ساتقىلى ئېلىپ كەلگەن دۆۋە - دۆۋە يۇڭ - تېرىلەر، چېگراغا يۆتكەش ئۈچۈن تەييارلانغان تېڭىق - تېڭىق پاكىز يۇڭلار بىر - بىرلەپ كەلگىلى تۇردى. ئۇ:

— مەن قەتئىي قارارغا كەلدىم. مويكا پۇتسە كۆرىدىغان پايدىلار كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ... شۇڭا ۋاڭ بېگىمنىڭ گېپىدىن يەنە يېنىۋالماسلىقى ئۈچۈن قەرزدار بولسامۇ ئۇنىڭ ئۆرلەتكەن باھاسىغا كۆنەي، — دەپ كېسىپ ئېيتتى.

— ھەببەللى، سەن ھەقىقىي سودىگەر ئىكەنسەن، زىياننى، پايدىنى كۆرەلەيدىكەنسەن، — دېدى نىكولاي.

— لېكىن، — دېدى تۇرداخۇن، — گەرچە مەن ۋاڭ بېگىمنىڭ باھانى ئۆرلىتىدىغانلىقىغا ماقۇل بولسامۇ، گاۋ غوجىدارغا بۇ قېتىم چېگراغا مال يۆتكەپ قىلغان پايدىدىن ھويلىنىڭ ئۆتكەندە قېپقالغان پۇلىنى ھەم بۇ ئۆرلىگەن باھا بويىچە قوشۇلغان پۇلنى بېرىمەن دەپ قويدۇم.

نىكولاي تەمكىن ھالدا:

— نېمىلا بولمىسۇن سەن ھويلىنى قولدىن چىقىرىۋەتمە، — دېدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن ھويلىنى قولدىن چىقىرىۋەتمەسلىك ئۈچۈن، ئۇنىڭ باھانى ئۆرلىتىدىغانلىقىغا قوشۇلۇۋاتىمەن، بولمىسا ئۇنىڭغا تۆلەيدىغان ئۇنچىلىك جىق پۇل نەدە...

— تۇرداخۇن، مويكا سېلىش قارارىغا كەپسەن - دە، — دېدى نىكولاي ئۇنى يەنە سىناپ.

— چوقۇم، بۇ نىيىتىمدىن يانمايمەن. بۇ ناھىيىدە بىر مويكا سېلىۋالسام پايدا كۆرمىسەممۇ مېنىڭ بىر خۇشاللىقىم ھېسابلىنىدۇ. نىكولاي، مەن چېگراغا بىر نەچچە كۈن ئىچىدىلا مال يۆتكەيمەن.

— نېمىشقا؟ ئەجەب ئالدىراپ قاپسەنغۇ؟

— يېقىندىن بېرى «باندىتلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ» دېگەن گەپ تارالدى. ئاخشام باندىتلار بۇلاپ كەتكەن قويلارنى ئەرزان سېتىۋالغانلارنى خەقلەر بىلىپ قېلىپ، تۇتۇپ يامۇلغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. شۇڭا چېگراغا

ۋاقتىدا بېرىپ مالنى ئۆتكۈزۈپ قەرزلەرنى تۆلەي، مويكا سېلىشقا دەسمايە يىغاي. . . باندىتلارنىڭ ئەنسىزچىلىكى بولۇۋەرسە، مويكا سېلىشىمۇ كېچىكىپ قالمىسۇن يەنە.

— ئۇنداق بولسا سەن مېلىڭنى يۆتكەۋەرگىن، مەن سەن كەلگىچە مويكا سېلىشنى باشلاۋېرەي، سەن ئايخانغا پۇل تاشلاپ قويساڭلا بولدى.

— رەھمەت ساڭا دوستۇم، — تۇرداخۇن شۇنداق دېگىنىچە ئۇنىڭ قولىنى سىقتى.

دوستىنىڭ ئۆزىگە ئىشەنگەنلىكىگە خۇش بولغان نىكولايمۇ ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇستىگە قولىنى قويدى، ئىككىسى قوللىرىنى قويۇشۇۋەتمەي بىر ھازا تۇرۇشتى.

## بەشىنچى باب

# ۋاڭ شىئېرنىڭ كىچىك بايۋەچچىنى كۆرۈپ ئۆزىنى چەتكە ئالغانلىقى

ۋاڭ بېگىم ئوغلى ۋاڭ مىڭئېرنىڭ «چامباشچىلىق ئۆگىنىمەن» دەپ تەتىلدە ئۆيگە قايتماي قىزىل بۇتخانىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بايۋەچچە بىلەن باراتنىڭ قايتىپ كېلىپ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ئالدىدا ئويناپ ـ كۈلۈپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپ ئىچى پۇشۇپ، پەرىشان بولدى. ھەيۋەتلىك چوڭ ساراي ئۆيلىرىدىكى قارا ياكى قوڭۇر سىر بىلەن سىرلانغان ئۆي جاھازلىرى، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن نەقىشلەر، قەدىمكى لوڭقا، جانان چىنە ـ قاچىلارمۇ ئۆينى خۇددى گۆردەك كۆرسەتتى. ھەتتا كۇندە نەچچە قېتىم ئالدىغا كېلىپ چوقۇنىدىغان ئۇستەل ئۈستىدىكى بۇتمۇ كۆزىگە كۆرۈنمەيتتى. بۇتنىڭ ئالدىدا تۇرغان ئىسرىقداندىكى كۈجىنىڭ مەززىلىك پۇرىقىمۇ بۇرنىغا پۇرىمايتتى. ھەتتا ئۇ ئوغلى يادىغا كېچىپ غەم باسقاندا بۇتنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ ئىبادەت قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. ئۇ ھازىر ئوغلىنى ئويلاپ چوڭقۇر خىياللار بىلەن ئىككى قولىنى كەينىگە تۇتۇپ، بېشىنى سىلىپ پەگادا ئايلانماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بۇنداق پەرىشان چاغلىرىدا ئۆي خىزمەتچىلىرىمۇ، ھەتتا ۋاڭ خېنىممۇ پېتىنىپ ئۇنىڭغا گەپ قىلالمايتتى. پەقەت ئەركە قىزى ۋاڭ شىئېرلا دادىسىغا ھەر قانداق ۋاقىتتا گەپ قىلالايتتى ۋە دادىسىمۇ قىزىنىڭ گېپىنى

ئاڭلايتتى. ۋاڭ شىئىر تالادىن دۇ قىزچاق بىلەن كىرىپ كەلدى ـ دە، دادىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتتى. ۋاڭ بېگىم توختاپ قىزىنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتتى. ۋاڭ شىئىرمۇ دادىسىنىڭ نېمىشقا پەرىشان ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا:

— دادا، ئاكام بارىكەنغۇ، خەۋىرى كەلدىغۇ، يەنە نېمىگە پەرىشان بولىسىز، ئاكام پەقەت چامباشچىلىق ئۆگىنىپلا قايتىپ كېلىدىكەنغۇ، — دېدى. ۋاڭ شىئىرنىڭ گېپى بىلەن ئەتراپتىكىلەرگە جان كىرگەندەك بولۇپ، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئۇھ دېيىشتى. ۋاڭ بېگىممۇ قىزىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ۋاڭ خېنىممۇ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتتى ۋە:

— بېگىم، ئەنسىرىمىسىلە، ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتساقمۇ، ئوغلىمىز «چامباشچىلىق ئۆگىنىپ ئاندىن قايتىمەن» دەپتۇغۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم بىردەم قىزىغا، بىردەم ئايالىغا قاراپ ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ، بۇت قويۇلغان ئۇستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يۆلەنچۈكلىگە گۈل ئويۇپ ياسالغان قوڭۇر رەڭلىك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ خېنىم بىللە كېلىپ ئۇستەلنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ۋاڭ شىئىر بولسا دادىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇردى. خىزمەتچىلەر ئۇلارغا چاي كەلتۈرۈشتى. ۋاڭ بېگىم ئاستىغا كىچىك تەخسە قويۇپ كەلتۈرۈلگەن پىيالىنى قولىغا ئېلىپ، لەيلەپ قالغان شامىنى پۈۋلەپ كەينىگە سۈرۈۋېتىپ، كالپۇكىنى كۆيدۈرۈۋېلىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، ئاستا بىر ـ ئىككى يۇتۇم ئوتلىۋېتىپ، ئاندىن پىيالىنى جايىغا قويدى ۋە:

— مېنىڭچە، — دېدى خوتۇنىغا قاراپ، — ھازىر مىڭئىرنىڭ چامباشچىلىقنى ئۆگىنىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ئۇ شۆتاڭنى پۈتتۈرۈپ ئۇدۇل ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولسا، چيەن دارىن ئۇنىڭغا خىزمەت بېرىشنى ۋەدە قىلغانىدى. ئەگەر ئۇ

خىزمەت قىلىشنى خالىمىسا، مېنىڭ يېنىمدا تۇرۇپ ئېگىلىكىمىزنى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالسا ياخشى بولاتتى. . . بۇنچىۋالا يەرنى، بۇنچىۋالا ئادەملەرنى باشقۇرۇش يېشىم چوڭايغاندا تەس كېلىۋاتىدۇ ماڭا. . .

— ھېچقىسى يوق بېگىم، ئوغۇل بالا دېگەن چامباشچىلىقتا قىزىقىدۇ ئەمەسمۇ، ئەگەر ئۇ چامباشچىلىقتا قىزىقماي چيەن دارىنىڭ ئوغلىدەك ئۆيگە كېلىپ لاغايلاپ ھاراق ئىچىپ، جېدەل چىقىرىپ يۈرسىمۇ قانداق قىلاتتۇق؟

— سەن مېنىڭ مەقسىتىمنى چۈشەنمەيۋاتامسەن؟

ۋاڭ خېنىم قورققاندەك ئەلپازدا ئالدىغا قارىۋالدى ۋە:

— ياق بېگىم، مىڭئېر مېنىڭمۇ ئوغلۇم، دېمەكچى بولغىنىم، ئۆزى چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە قىزىقىدىكەن، ئوغۇل بالا بولغاچقا، چامباشچىلىقنى ئۆگىنىپ قويسا ھېچقىسى يوق دېمەكچىمەن. . .

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ تۇز كۆڭۈللۈك بىلەن دەۋاتقان گېپىنى ئاڭلاپ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ:

— مانا مەن ئۇستا چامباشچى ئىدىم، ياش چېغىمدا يۇرتۇمدا مېنىڭ ئالدىمغا ئۆتىدىغان چامباشچى يوق ئىدى. بۇ مال - دۇنيايىمنى چامباشچىلىق قىلىپ كىشىلەرگە بوزەك بولماي تاپقان دېسەممۇ بولىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن ۋاڭ خېنىمنىڭ بايىقى قورقۇنچى يوقاپ، چىرايىمۇ ئوچۇشالدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بىز ئىچكىرى ئۆلكىدىن پىيادە چىقىپ زېمىنى كەڭرى مۇشۇ ناھىيىگە كېلىپ ماكان تۇتتۇق. ھازىر جاھان تىنچ، ئەل ئامان، شۇڭا قولىغا قورال ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق. بىز ئەمدى يەر تېرىپ بېيىساقلا بولامدۇ. مەن قولۇمغا قورال ئالغان ياش چاغلىرىمدا كۈننى ئۇرۇش - تالاش، ھېرىش - چارچاش ۋە ئۆلۈم - يېتىم بىلەن

ئۆتكۈزگەن، ھازىر تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم ھەم ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتىدۇ. قولغا قورال ئالدىڭ دېگەنلىك جان بىلەن ئويناشتىڭ دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئاغزىدىن قورال دېگەن گەپنىڭ چىقىشى بىلەن كەيپى ئۆرلەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ۋاڭ خېنىم گەپنىڭ ئاۋۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن:

— ھېچقىسى يوق بېگىم، ھېچقىسى يوق، سىز دېگەندەك ھازىر جاھان تىنچ، ئەل ئامان، ئوغلىڭىز ھەرگىز جەڭگە بارمايدۇ. . . پەقەت چامباشچىلىق ئۆگىنىپ كېلىدىكەنغۇ، بۇ تىنچ جايدا نەدە جېدەل ـ ماجىرا بولسۇن دەيسىز، — دېدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ يەنە سۆزلىگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئايالى ئۇنى بېسىۋاتقاچقا، ئۇمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ قويۇپ ئۇستەلدىكى چاينى قولىغا ئالدى.

— دادا، ئىككىمىز ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاكامنى كۆرگىلى شۆتاڭغا بارغاندا ئاكامنى خۇش قىلىمەن دەپ بىر سەر ئالتۇنغا تاپانچا ئېلىپ بەردىڭىزغۇ، شۇ چاغدا ئاكام ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىغۇ، ئاكامنىڭ چامباشچىلىق ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرۈش ئۈچۈن بارات بىلەن بۇتخانىغا بارىمەن دېسەم لى مۇئەللىم بىلەن ئىككىڭلار ئۇنىمىدىڭلار، — دېدى ئەركە قىزى ئاربىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ ۋە ئىختىيارسىز ئالدىغا چىقىپ، قوللىرىنى سوزۇپ چامباشچىلىقنى دوراپمۇ قويدى.

ۋاڭ بېگىم قىزىغا قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ، چاينى ئىچمەي پىيالىنى ئۇستەلگە قويدى، ۋاڭ خېنىممۇ كۈلدى، ئەتراپتا تۇرغان خىزمەتچىلەرمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۆي ئىچى بىردىنلا خۇشاللىققا چۆمدى. ئەگەر ۋاڭ بېگىم خۇش بولمىسا، باشقىلارنىڭ كۈلۈشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھازىر ۋاڭ بېگىم ھەقىقەتەن خۇش ئىدى. شۇڭا قىزى چامباشچىلىقنى دوراپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى:

— ئاپئاق قىزىم، سىز ئاكىڭىزغا بەك ئامراق ئوخشىمامسىز؟

— دادا، مەنغۇ ئاكامنى زادىلا دورىيالمايمەن، ئاكام تولغىنىپ نەيزە ئۇرۇش مەشقى قىلغاندا ئاجايىپ بىر خىل چەبدەس كۆرۈنۈپ كېتىدىكەن، — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە ئىختىيارسىز چامباشچىلىقنى دورىغىسى كېلىپ يەڭلىرىنى تۈرۈپ، ئاپئاق بىلەكلىرىنى چىقىرىپ، «شارت - شۇرت» قىلىپ ئۇياق - بۇياققا ئايلىنىپ خۇددى دۈشمەننى بىر ئۇرۇپلا ئۆرۈۋېتىدىغاندەك قولىنى ئالدىغا ئېتىپ، ئالقىنىنى ئېچىپ شارتتىدە توختىدى.

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى. گەرچە ئۇ دورىغان بولسىمۇ، خېلى قاملاشتۇرغانىدى. شۇڭا ۋاڭ بېگىم قىزىغا ھەۋەس بىلەن قاراپ قالدى، ۋاڭ خېنىممۇ قىزىدىن پەخىرلىنىپ كۈلۈمسىرىدى. خىزمەتچىلەر ۋاڭ شىئېرنى ماختاپ پىچىرلىشىپ كەتتى، شۇ چاغدا تالادىن ئالدىراپ كىرگەن گاۋ غوجىدار بۇلارنىڭ دىققىتىنى بۆلۈۋەتتى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ:

— بېگىمگە مەلۇم بولغاي، چوڭ يولدىن بىر مەپە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

چوڭ يولدىن بۇ قورۇق تەرەپكە بۇرالغان مەپە چوقۇم بۇ يەرگە كېلەتتى. مەپىنىڭ كېلىشى بىرەر ئەمەلدارنىڭ كېلىشىدىن دېرەك بېرەتتى. لېكىن ئۇ قايسى ئەمەلدار بولۇشى مۇمكىن؟ ۋاڭ بېگىم كېلىۋاتقان ئەمەلدارنىڭ كىم ياكى نەدىن كېلىۋاتقانلىقىنى مۆلچەرلەش ئۈچۈن تېخى ئورنىدىن تۇرماي تىزلىنىپ تۇرغان گاۋ غوجىداردىن:

— قانداقراق مەپە ئىكەن؟ — دەپ سورىدى.

گاۋ غوجىدار بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەپە چوڭ يولدىن ئەمدىلا بۇرۇلدى، يىراق بولغانلىقى

ئۇچۇن ئىنىق كۆرەلمىدىم. لېكىن كەينىدە يەنە بىر كىچىك مەپىمۇ بار. مەپىنىڭ ئالدى- كەينىدە ئاتلىق لەشكەرلەرمۇ بار، — دېدى.

ئەگەر مەپە بىرلا بولسا، قايسى ئەمەلدارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئويلاپ تېپىش تەس ئەمەس ئىدى، ھېچبولمىغاندا ھاكىم چىيەن دارىن كەلگەن بولاتتى. ھازىر ئىككى مەپە كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ۋاڭ بېگىم «بىرسى چوقۇم ۋىلايەتتىن كەلگەن ۋالىي بولۇشى مۇمكىن» دېگەن گۇمانغا كەلدى ۋە ئايالىغا — سىلەر ياخشى تاماق تەييارلاڭلار، بىر مەپىدىكى چوقۇم ۋالىي بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. . . مەن مەپىنىڭ ئالدىغا چىقاي، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى.

ھېلىغىچە تىزلىنىپ تۇرغان گاۋ غوجىدار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا يول بوشاتتى. ۋاڭ خېنىم خىزمەتچىلىرىگە قارىدى، خىزمەتچىلەر دەرھال چىقىپ كېتىشتى. گاۋ غوجىدار ئورنىدىن قوزغالماي ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇردى. ۋاڭ خېنىم قىزىنى ۋە دۇ قىزچاقنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گاۋ غوجىدار ماڭدى. ۋاڭ بېگىم ئۆلارنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، ياندىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى. بىردەمدىلا بۆت قويۇلغان چوڭ ساراي بوشاپ پەقەت مىس بۇتلا قالدى. ھايال ئۆتمەي ۋاڭ بېگىم ياندىكى ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ھازىرچە ئۇچىسىدىكى كىيىمنى ئالماشتۇرماي شاڭيولۇق بۆكىنى كىيىپ چىقتى. گەرچە ئەمەلدارلىق كىيىمنى تولۇق كىيمىسىمۇ، لېكىن ھېچبولمىغاندا ئەمەلدارلىق بۆكىنى بولسىمۇ كىيىۋالمىسا كېلىۋاتقان ئەمەلدارنىڭ ئەمىلى چوڭراق بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلىق بولاتتى. بەزى تەكەببۇر ئەمەلدارلار مەنسەپ كىيىمنى كىيمەي ئالدىغا چىققان تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارلارغا ئاچچىق قىلاتتى، ھەتتا قوبۇل قىلمايمۇ قوياتتى.

ۋاڭ بېگىم ئادەملىرىنى باشلاپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا مەيمۇ يېقىنلاپ قالغانىدى. كەينىدىكى مەپە كىچىكرەك بولسىمۇ، لېكىن ئالدىدىكى مەپىدەك ياسداق بولۇپ، ئوخشاشلا قىزىل سىرلانغانىدى. ئىشىك ۋە رۇجەكتىكى تاۋار پەردىلىرى چاقنىڭ سىلكىنىشى بىلەن تەڭلا سىلكىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئېتىمۇ ئالدىدىكى چوڭ مەپىنىڭ ئېتىدەك سېمىز بولۇپ، مەپىنىڭ شوتىسىغا لىق كەلگەنىدى. ئاتنىڭ قۇلاقلىرى قومۇش يوپۇرمىقىدەك تىك بولۇپ، ئات چېچەن ۋە شاش كۆرۈنەتتى. چوڭ مەپىنىڭ ئالدىدا كېلىۋاتقان تۆت لەشكەر ئىككى قاتار بولۇپ، نەيزىسىنى خۇددى هازىرلا سانجىيدىغاندەك چىڭ تۇتۇپ كەلمەكتە ئىدى. كەينىدىكى مەپىنىڭ كەينىدىمۇ ئون نەچچە لەشكەر ئىككى قاتارلىشىپ مەپىگە ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئىككى مەپىنىڭ ئىككى يېنىدا ئىككىدىن لەشكەر يانداپ كېلىۋاتاتتى. مەپە يېقىنلاپ كەلگەندە ۋاڭ بېگىم ئادەملىرىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇلار گاۋ غوجىدارنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ دەرهال ئىككىگە بۆلۈنۈپ دەرۋازىنىڭ ئىككى تەرىپىدە تىزىلىپ هۆرمەت بىلەن تىك تۇرۇشتى. پەقەت ۋاڭ بېگىملا مىدىرلىماي ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. مەپە كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختاشقا باشلىغاندا، مەپىكەش لەشكەرلەر مەپىدىن چۈشۈپ، ئاتنىڭ قېشىغا كېلىپ شاش ئاتلارنى ئاران دېگەندە توختاتتى. مەپە توختىغاندىن كېيىن ئىككى چەتتىكى لەشكەرلەر مەپىنىڭ كەينىگە باغلاپ قويغان ئورۇندۇقنى تارتىپ چىقىرىپ شوتىنىڭ يېنىغا قويدى. ۋاڭ بېگىم مەپىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، مەپىدىن كىمنىڭ چۈشىدىغانلىقىغا قاراپ تۇردى. مەپىنىڭ تاۋار پەردىسى ئېچىلىپ، تېگى كۆك، گۈلى قارا تاۋاردىن كىيىم كىيگەن بىرىنىڭ سېمىز قولى كۆرۈنۈپ، بېشىمۇ ۋە مەنسەپ بۆكىمۇ چىقتى. بۇ كىشى ۋاڭ بېگىم گۇمان قىلغاندەك ۋىلايەتتىن كېلىدىغان ۋالىي بولماستىن، مۇشۇ ناهىيىنىڭ هاكىمى چيەن

دارىن ئىدى. ۋاڭ بېگىم ئالدىغا نەچچە قەدەم ماڭدى. چيەن دارىن مەيىنىڭ شوتىسىغا دەسسىگەندە ئەتراپتىكى لەشكەرلەر دەرھال كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ يەردىكى ئورۇندۇققا دەسسىتىپ مەيىدىن ئاۋايلاپ چۇشۇردى. ئۇ پاكار، سېمىز بولغاچقا، ئاران دېگەندە يەرگە چۇشتى. ئۇنىڭ كەينىدىن مەيىدىن بىر سېمىز باش كۆرۈندى، ئۇ چيەن دارىننىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىمۇ ئەسكەرلەر ئاۋايلاپ مەيىدىن چۇشۇردى. ئۇمۇ خۇددى دادىسىغا ئوخشاش سېمىز بولغاچقا، مەيىنىڭ ئېگىز شوتىسىدىن چۇشكىچە ھاسىراپ كەتتى. ئۇنىڭ بەدىنى كىيىمى ئىچىدە خۇددى سېمىز ئاياللارنىڭ بەدىنىدەك لىغىرلاپ تۇراتتى. بېشىدىكى قارا تاۋاردىن تىكىلگەن نېپىز بۆكى ئۆرۈلگەن چېچىنى ئارانلا بېسىپ تۇراتتى. ۋاڭ بېگىم ئۇ ئىككىسى بىلەن سالاملىشىپ كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، كەينىدىكى مەيىنىڭ تاۋار پەردىسى ئېچىلىشقا باشلىدى. ۋاڭ بېگىم دەرھال ئۇ مەيىگە باردى. پەردە تولۇق ئېچىلىپ، جاڭ لەشكەر بېگى لەشكەرلەر ئورۇندۇقنى قويۇشى بىلەن باشقىلار يۆلەپ چۇشۇرگىچە مەيىدىن يېنىكلا چۇشۇپ بولدى. ئۇ ئېگىز، چاققان ئادەم ئىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ بىلەن قولىنى جۈپلەپ تۇتۇپ سالام بېرىپ كۆرۈشتى. جاڭ لەشكەر بېگى قوشنا كىچىك ناھىيىلەردىكى لەشكەرلەرنىمۇ باشقۇرىدىغان ھەربىي ئەمەلدار بولغاچقا، بەك ھۆرمەتلىك ھېسابلىناتتى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ بىلەن بىللە چيەن دارىننىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئىككىسىنى تەڭلا ھويلىغا تەكلىپ قىلىپ، ئىككى ياندا شىرنىڭ ھەيكىلى بار ھاڭدەك ئوچۇق، تۆمۈر مىقلار بىلەن قېقىپ ياسالغان، قارا سىرلانغان دەرۋازىلىق ھويلىغا ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ كىردى. كەينىدىن مەيە، لەشكەرلەرمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ بېگىم چيەن دارىن، ئوغلى ۋە جاڭ لەشكەر بېگىنى سارايغا تەكلىپ قىلىپ، مېھمانلارنىڭ باشقا ئادەملىرىنى ساھىبخان

خىزمەتچىلىرى باشقا ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى.
مېھمانلار ساراي ئۆيگە كىرگەندە ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ شىئېر ۋە ئۆي خىزمەتچىلىرى قاتار تىزىلىپ ئۇلارنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. چيەن دارىن ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىدىن قولىنى جۈپلەپ تۇتۇپ سالام بېرىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن جاڭ لەشكەر بېگى ئۆتتى. ئاخىرىدا چيەن دارىننىڭ ئوغلى كىچىك بايۋەچچە ئۆتتى. ئۇلار تۆردىكى يۆلەنچۈكسىگە گۈل ئويۇپ ياسالغان ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. ئاندىن ساھىبخانىلارمۇ ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشتى. كىچىك بايۋەچچە ئولتۇرغان ئورۇندۇق ۋاڭ شىئېر ئولتۇرغان ئورۇندۇققا ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئىدى. ۋاڭ شىئېر ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپلا خۇددى بىر نەرسىدىن چۆچۈگەندەك بولۇپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ تۇردى. ئۇنىڭ ئورنى بىكار قالدى. ئۇنىڭ دوستى دۇ قىزچاقمۇ ۋاڭ شىئېرغا ئەگىشىپ بېرىپ ۋاڭ خېنىمنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالغانىدى. مېھمانلار، ساھىبخانىلار ۋە خىزمەتچىلەرمۇ بوش قالغان ئىككى ئورۇندۇققا ئەجەبلەنگەندەك قاراشتى. كىچىك بايۋەچچە ساراي ئۆيگە كىرىپلا ۋاڭ شىئېردىن كۆزىنى ئۈزەلمەي قالغانىدى. ۋاڭ شىئېر بۇنى سېزىپ ئۇدۇلىدا تىكىلىپ قاراپ تۇرغان كىچىك بايۋەچچىدىن خىجىل بولۇپ، سارايدىن دەرھال چىقىپ كەتمەكچىمۇ بولغانىدى، لېكىن مېھمانلارغا ھۆرمەتسىزلىك بولمىسۇن ئۈچۈن ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى دوستى دۇ قىزچاقمۇ سېزىپ قېلىپ، كىچىك بايۋەچچىگە تەئەججۈپ بىلەن قارىدى. كىچىك بايۋەچچە يەنىلا ۋاڭ شىئېردىن كۆزىنى ئۈزمەي ھاياسىزلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مۇنداق قارىشىدىن ئۇ خۇدىنى يوقىتىپ قويۇۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇنداق بولمىغاندا ۋاڭ شىئېرنىڭ دادىسى ۋە ئاپىسىدىن خىجىل بولغان بولاتتى. ئۇ كۆزىنى ئۈزمەي قاراۋەرگەنلىكتىن، ۋاڭ شىئېر خىجىللىقتىن

يەرگە قارىۋالدى. كىچىك بايۋەچچە ۋاڭ شىئېرنى بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى مېھماندارچىلىقتا كۆرگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ كىچىك قىز بولۇپ، مۇنداق چىرايلىق ئەمەس ئىدى. كىچىك بايۋەچچە بۇگۈن دادىسىنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ شىئېرنى كۆرۈش مەقسىتىدە ئەگىشىپ كەلدى. چيەن دارىن ئوغلىنىڭ ۋاڭ شىئېرغا قاراپ قالغانلىقىنى كۆرمىگەندەك ياكى كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالغاندەك ھالى بولماي، ۋاڭ بېگىمگە قاراپ «خىزمەتچىلەر بۇ يەردىن چىقىپ كەتسۇن» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. ۋاڭ بېگىم خىزمەتچىلىرىنى چىقىپ كېتىشكە بۇيرۇدى. خىزمەتچىلەر سارايدىن چىقىپ كېتىشتى. كىچىك بايۋەچچىنىڭ تولا قارىشىدىن بىزار بولغان ۋاڭ شىئېرمۇ دوستى دۇ قىزچاقنى باشلاپ خىزمەتچىلەرنىڭ ئارىسىغا قوشۇلۇپ غىپپىدە سارايدىن چىقىپ كەتتى. كىچىك بايۋەچچە ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ بولغانغا قەدەر كەينىدىن قاراپ قالدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى ۋاڭ خېنىممۇ سەزمەي قالدى. خىزمەتچىلەر چىقىپ بولۇپ ساراي جىمىغاندا ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ يوقلۇقىنى ئاندىن بىلدى.

چيەن دارىننىڭ ئورنىدىن بىر قوزغىلىپ قويۇشى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى. ئۇ ساراي ئىچىگە بىر قۇر كۆز يۇگۇرتۇپ چىقتى، ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قارىغاندا گەپ باشلايدىغاندەك قىلاتتى. ۋاڭ بېگىممۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى. بولۇپمۇ جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن بىللە كېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە بەكرەك ئالدىرايتتى. جاڭ لەشكەر بېگى ناھايىتى زۇرۇر ئىش بولمىسا چيەن دارىن بىلەن بىللە بىرەر يەرگە مۇنداق سەۋەبسىز بارمايتتى. چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمگە دېدى:

— بېگىم، سىلەرگە خەۋەر قىلماي ھۇزۇرۇڭلارغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالدۇق.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا ئېگىلىپ:

— ئۇنداق بولامدىغان ھاكىم جانابلىرى، خىزمىتىڭىزدە بولۇشقا دائىم تەييارمىز، — دېدى.

چيەن دارىن ئۇنىڭ تەكەللۇپىدىن خۇرسەن بولدى، يېنىدىكى جاڭ لەشكەر بېگىگە بىر قاراپ قويۇپ:

— ۋاڭ بېگىم، تاغدىن كېلىدىغان باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ئاز دېگەندەك، ئەمدى مەملىكەت بويىچە پەيدا بولغان چىڭباڭ باندىتلىرىنىڭ پاراكەندىچىلىكى كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېيىشىگە ۋاڭ خېنىمنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگۈرۈپ، باندىتلار ھازىرلا سارايغا بېسىپ كىرىدىغاندەك ئىشىك - دېرىزىلەرگە قاراپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ «باندىت» دېسە ئەنسىرەيدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:

— ھاكىم جانابلىرى، باندىتلارنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن بىزنىڭمۇ خەۋىرىمىز بار، شۇڭا مېنىڭ ئادەملىرىم بۇ يېزىنى ياخشى قوغداۋاتىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ ئادەملىرى يېزىنى كېچە - كۈندۈز چارلاپ تۇراتتى. يىراق - يېقىندا غەيرىي ئەھۋال كۆرۈلسە ۋاڭ بېگىمگە خەۋەر قىلىپ تۇراتتى، ئادەم باشلاپ بېرىپ ئوغرى - بۇلاڭچىلارنى تۇتاتتى. شۇڭا بۇ يېزا ئوغرى - يالغاندىن خالىي بولغاچقا، دېھقانلىرى خاتىرجەم ياشايتتى. بۇ يېزىنىڭ ئامانلىق قوغداش ئىشلىرىنىڭ ياخشىلىقى يامۇلغىمۇ مەلۇم ئىدى.

— شۇنداق، — دېدى چيەن دارىن، — سىزنىڭ قولىڭىزدا خېلى كۈچ بار. سىلەرنىڭ ھۇزۇرۇڭلارغا جاڭ لەشكەر بېگىنى ئالاھىدە باشلاپ كېلىشىمدىكى سەۋەب، مەيلى تاغدىن كەلگەن باندىتلار بولسۇن ياكى چىڭباڭ باندىتلىرى بولسۇن، بۇ يېزا تەۋەسىدە ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى سېزىلمىدىكەن، ھۆكۈمەت لەشكەرلىرى خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگىچە ھەرقايسى بەگلەرنىڭ ئۇلارنى باستۇرۇشتا يۇقىرىدىن ئالاھىدە ھوقۇق بېرىلگەنلىكىنى ئۇقتۇرۇپ قويۇش.

ۋاڭ خېنىمنىڭ بايىقى ئەنسىزچىلىكى تېخى چىرايىدىن كەتمىگەنىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنى خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن يەنە گەپ قىلىشقا تەمشىلىۋېدى، جاڭ لەشكەر بېگى ئورنىدىن تۇرۇپ چيەن دارىنغا قاراپ قويۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ بېگىم، ھەرگىز ئەنسىرەشمىسىلە، ھۆكۈمەت لەشكەرلىرى باندىت - بۇلاڭچىلارنى يوقىتىشقا ھەردائىم تەييار تۇرىدۇ. سىلەردەك قورallıق كۈچى بار بەگلەرمۇ ھۆكۈمەت لەشكەرلىرىگە ماسلىشىپ، ھۆكۈمەت لەشكەرلىرى خەۋەر تېپىپ يېتىپ كەلگىچە ئۇلارغا زەربە بېرىپ يوقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە بولدۇڭلار، — دېدى.

— شۇنداق، ۋاڭ بېگىم، — دېدى چيەن دارىن، — ھۆكۈمەتمۇ، پۇقرالارمۇ بىرلىشىپ باندىت، بۇلاڭچى - ئوغرىلارنى يوقىتىشىمىز لازىم، ھەرقايسى بەگلەرنىڭ يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداشتا ھۆكۈمەتكە ياردەملىشىش ۋەزىپىسى بار، شۇڭا ئۇلارغا ئالاھىدە ھوقۇق بەردۇق.

— بۇلاڭچى دېگەن تۇيۇقسىز بېسىپ كېلىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دەپ يۈرىكىنى تۇتتى چىرايىدىن قورقۇش ئالامىتى كەتمىگەن ۋاڭ خېنىم يەنىلا خەۋپسىرەپ.

ۋاڭ بېگىم ئايالىنىڭ بۇلاڭچىلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ يۈرەكئالدى بولۇپ قالغانلىقىنى، ئوغرى - بۇلاڭچىنىڭ گېپى چىقسا نەچچە كۈنگىچە ئەنسىرەپ يۈرىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ:

— قورقمىغىن خوتۇن، بىزنىڭ قوراللىرىمىز، ئادەملىرىمىز بار. ھېلىغىچە يېزىمىزغا باندىت - بۇلاڭچىلار كېلىپ باقمىدىغۇ، ھاكىم جانابلىرىنىڭ كېلىشى ئۇلاردىن پەخەس بولۇڭلار دېگىنى، — دېدى.

چيەن دارىن بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ۋاڭ خېنىمنىڭ ئەنسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كۈلۈپ كەتتى. چيەن دارىن

ئۇنىڭغا:

— ۋاڭ خېنىم، قورقۇشىنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق، ئۇلار تېخى بۇ ئەتراپتا پەيدا بولمىدى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى خانىنىڭ پەرمانىنى ئېلىپ يېزاڭلارغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالدۇق. يۇرتىنىڭ ئامانلىقى بولمىسا، پۇقرالارنىڭ تىنچ - ئامان دېھقانچىلىق قىلىشى مۇمكىن ئەمەس، — دېدى ۋە جاڭ لەشكەر بېگىگە: «چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ ئالاھىدە چىقارغان پەرمانىنى ئوقۇپ بېرىڭ» دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

«ھۆكۈمەتنىڭ پەرمانى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان ۋاڭ خېنىم «ئەگەر ھۆكۈمەت ئالاھىدە پەرمان چىقارغىچىلىك ئىش بولسا باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى راست بار ئىش ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى ۋە ئۆز - ئۆزىگە بوش ئاۋازدا «ئىلاھىم ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن» دېدى. ئۇنىڭ سۆزىنى چيەن دارىن ئاڭلاپ قالدى:

— ۋاڭ خېنىم، ئەنسىرىشىڭىز ناھايىتى ئورۇنلۇق، باندىت، بۇلاڭچىلار پۇقرالارغا ھەرگىز ئارام بەرمەيدۇ. شۇڭا ئۇلارنى پەيدا بولغان ھامان ھەممە يەردە يوقىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت يەرلىك بەگلەرگە ئالاھىدە ئىمتىياز بىلەن ھوقۇق بەردىغۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ يەنە جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى.

جاڭ لەشكەر بېگى بىردىنلا جىددىي تۈسكە كىرىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈردى. ئۇنىڭ قارىشى جاھاننى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىۋېتىدىغاندەك ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك ئىدى. ئۇ يېنىدىن يارلىقنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى. يارلىق قىسقا يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا يۇرت - مەھەللىلەردە باندىت - بۇلاڭچىلار پەيدا بولۇپ، يول توسۇپ، يۇرتقا ئۇسۇپ كىرىپ پاراكەندىچىلىك تۇغدۇرسا، ھەرقايسى بەگلىكلەر قورال ۋە ئادەم چىقىرىپ ئۇلارنى باستۇرسا بولىدىغانلىقى بۇيرۇق قىلىنغانىدى.

جاڭ لەشكەر بېگى يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ، ۋاڭ بېگىمگە

سۇندى. ۋاڭ بېگىم ئىككى قولىنى جۈپلەپ تۇتۇپ خۇرسەنلىك بىلەن يارلىقنى ئالدى. ئۇ خۇش بولغانلىقىدىن چېەن دارىنغا ۋە ئايالىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ۋاڭ بېگىم ئىنتايىن خۇشال ئىدى، چۈنكى ئۇ هازىر چىڭ خانلىقىدىن ئالاهىدە يارلىق ئېلىپ، بۇ يېزىدىكى هوقۇقىنىڭ تېخىمۇ چوڭايغانلىقىنى هېس قىلماقتا ئىدى. ئەمدى ئۇ بۇ يېزىدا نېمە قىلىمەن دېسە قىلالايتتى. ۋاڭ خېنىممۇ ئېرىدىن پەخىرلىنىپ كۈلۈمسىرىدى. ۋاڭ بېگىم قولىدىكى يارلىقنى ئۈستەلگە قويۇپ ئايالىغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ ئىشارىتىنى چۈشىنىپ، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن گاۋ غوجىدار ئەگىشىپ ماڭدى. ئىككىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ساراي جىمىپ قالدى. هېچكىم تەرەپبازلا گەپ باشلىيالماي تۇرغاندا ۋاڭ خېنىم بىلەن گاۋ غوجىدار كىرىپ كەلدى. گاۋ غوجىدارنىڭ قولىدا پەتنۇس بار بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە ئىككى تۇگۈنچەك تۇراتتى. ۋاڭ خېنىم كېلىپ ئۈستەل ئالدىدا توختىدى، گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ پەتنۇسنى تۆۋەنرەك تۇتۇپ تۇردى. ۋاڭ خېنىم پەتنۇستىكى چوڭراق تۇگۈنچەكنى چېەن دارىنىنىڭ ئالدىغا، كىچىكرەكىنى جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئەدەپ بىلەن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. گاۋ خوجىدار پەتنۇسنى ئېلىپ نېرى بېرىپ تۇردى. ساراي ئىچى يەنە جىم بولدى.

— هاكىم جانابلىرى، — دېدى ۋاڭ بېگىم گېلىنى قىرىپ جىمجىتلىقنى بۇزۇپ، — سىزگە ئازراق بولسىمۇ بىر نەرسە تەييارلاپ قويغانىدۇق، ئەسلىدە ئالدىڭىزغا بېرىپ كۆڭلىمىزنى بىلدۈرسەك بولاتتى، لېكىن سىز تۇيۇقسىز كېلىپ قېلىپ ئالدىڭىزغا بېرىشقا ئۈلگۈرەلمىدۇق. جاڭ لەشكەر بېگى يۇرتنىڭ ئامانلىقى ئۈچۈن كۆپ جاپا چېكىۋاتىدۇ، سىز بىلەن بىللە

كەپتۇ، بۇمۇ بىز ئۇچۇن بىر پۇرسەت، جاڭ لەشكەر بېگىمنىڭمۇ ئاز كۆرمەي كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلىشنى سورايمەن.

چيەن دارىن جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى، جاڭ لەشكەر بېگى بايىلا ھەيران بولۇپ چيەن دارىنغا قاراپ قالغانىدى. چيەن دارىن:

— ۋاڭ بېگىم، بىز خانلىق ئىشى بىلەن تۇيۇقسىز ھۇزۇرىڭىزغا كېلىپ قالدۇق، بۇنچىۋالا جوۋاپ كېتىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدىغۇ، — دېدى.

— ھاكىم جانابلىرى، بۇ سىزنىڭ ئۆز نېسىۋىڭىز، مالال كۆرمەڭ، — دېدى ۋاڭ بېگىم كۈلۈمسىرەپ.

چيەن دارىن ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى، لېكىن ۋاڭ خېنىم:

— بۇ سىزنىڭ نېسىۋىڭىز، سىز كۆرسەتكەن ئەقىل بىلەن قولغا كېلىپ قالغان پايدا، كۆپ بولمىسىمۇ ئاز كۆرمىگەيسىز، — دېدى.

— ئىككىڭلار مەسلىھەتلىشىۋالغاندەك قىزىق گەپ قىلىسىلەرغۇ؟

— ھاكىم جانابلىرى، سىزنىڭ نېسىۋىڭىز دېيىشتىكى سەۋەب، بىز تۇرداخۇنغا سېتىپ بولغان بازاردىكى كونا ھويلىنى ئەتراپىدىكى يەرلەر بىلەن قوشۇپ سىز كۆرسەتكەن ئەقىل بويىچە باھاسىنى يەنە بىر ھەسسە ئۆرلەتكەنىدۇق، ئۇمۇ مەرد ئادەم ئىكەن، ماقۇل بولۇپ ئۆرلەتكەن باھا بويىچە سېتىۋالدى. دېمەك بىزگە كېلىدىغان پايدا بىر ھەسسە ئاشتى.

— پۇلنىڭ ھەممىسىنى بەردىمۇ؟

— ياق، ئۆرلەتكەن باھانىڭ يېرىمىنى بەردى، يېرىمىنى چېگراغا مال يۆتكەپ ساتقاندىن كېيىن بېرىدىغان بولدى.

— تۇرداخۇن راست مەرد ئادەم ئىكەن، — دېدى چيەن دارىن تەستىقلاپ، — مەن باھانى ئۆرلىتىش توغرىسىدىكى گەپنى

مۇنداقچىلا دەپ قويغانىدىم، ئۇنىڭ راستقا ئايلىنىپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن. تۇرداخۇن ئۇ ھويلىنىڭ پايدىسىنى ئوبدانلا كۆرگەن چېغى، بولمىسا ئۆرلەتكەن بۇنچىۋالا جىق پۇلغا خېلى - خېلى بايلارمۇ چىدىماي قالاتتى.

— راست شۇنداقكەن، ئۇنىڭغا كونا ھويلىمىز راستلا لازىمكەن. . .

چيەن دارىن ئالدىدىكى چولڭ تۇگۇنچەككە قاراپ قويۇپ:

— راست بۇ مېنىڭ ئېلىشقا تېگىشلىك نېسىۋەم ئىكەن، ئەگەر مەن ۋاڭ بېگىمگە ياخشى مەسلىھەت بەرمىگەن بولسام ۋاڭ بېگىمگە ئۇنچىۋالا پايدا نەدە، — دېدى ۋە ئۇنى سىيلاپمۇ قويدى.

— شۇنداق، شۇنداق، سىز دېگەن يۇرت بېشى، ھەممىمىزنىڭ بېشىنى سىيلايسىز.

چيەن دارىن يەنە بىر تۇگۇنچەكنى جاڭ لەشكەر بېگىمنىڭ ئالدىغىراق سۈرۈپ قويۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. لېكىن ئۇ:

— مەن بۇ پۇلنى ئالالمايمەن، مەن بۇگۈن ھاكىم جانابلىرى بىلەن خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگىلى كەلگەن، مېنىڭ بۇ پۇل ئىشى بىلەن ھېچقانداق ئالاقەم يوق، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز كۆيۈپ - پىشىپ يۇرت ئامانلىقىنى قوغداپ ئاۋارە بولۇۋاتىسىز، سىزگە بۇرۇنلا ئۆز لايىقىدا كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈش ئويىمىز بار ئىدى. لېكىن زادىلا پۇرسەت بولمىغانىدى، مانا بۈگۈن ياخشى پۇرسىتى، كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى.

لېكىن جاڭ لەشكەر بېگى ئالدىدىكى تۇگۇنچەككە قاراپمۇ قويمىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا:

— لەشكەرلەر بىزنىڭ ئامانلىقىمىزنى قوغدىمىساڭلار، بۇ دۇنيا - بىساتىمىز نەدە دەيسىلەر، بۇ قىلغىنىمىز تولىمۇ ئازلىق قىلىدۇ، كۆڭلىمىزنى ياندۇرماڭ، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئاچچىقى كەلگەندەك، چىرايى تۇتۇلۇپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم بىر دەم ئۇنىڭغا، بىر دەم ئېرىگە قاراپ كۇلۇمسىرەپ:
— جاڭ لەشكەر بېگى، مەن سىزدەك ئەمەلدارنى ھېكايە ۋە چۆچەكلەردىلا ئاڭلىغان، بوپتۇ، كۆڭلىمىزنى قوبۇل قىلمىسىڭىز تۇگۇنچەك قېپقالسۇن... تەڭرى سىزگە يار بولسۇن، — دېدى.
جاڭ لەشكەر بېگى گەپ قىلمىدى. چيەن دارىن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك ئۇلارغا پىسەنتمۇ قىلماي، ئۆزىچە «تۇرداخۇن راستلا پەمى بار ئادەمكەن، يۇقىرى باھاغىمۇ ئۇناپتۇ ھەم پۇرسەتنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي يىغىلغان يۇڭ - تېرىلەرنىڭ ھەممىسىنى چېگراغا ئېلىپ مېڭىپتۇ» دەپ ئويلىدى.
ساراي ئىچى يەنە جىمىپ كەتتى. باياتىن بېرى گەپكە ئارىلاشمىغان چيەن دارىننىڭ ئوغلى كىچىك بايۋەچچە مۇنداق سودا - سېتىق گەپلىرىدىن زېرىككەندەك ياكى چوڭلار بار يەردە ئولتۇرۇۋېرىشنى خالىمىغاندەك ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئۇ گەپ - سۆز قىلماي مېڭىپ ئۇشتۇمتۇت باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىغاچقا، ساھىبخانىلار قارىشىپ قالدى. ئۇ سېمىزلىكتىن ئالچاڭلاپ ماڭاتتى، ھەربىر قەدەم باسقاندا تومپىيىپ چىققان ساغرىسى ئۇزۇن چاپاۋىسىنى خېلى ئېگىز كۆتۈرۈۋېتەتتى. بوينى يوغانلىقىدىن كىچىك بېشى بىلەن تۇتاشتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىرغاڭلاپ مېڭىپ ئىشىككە بارغىچە ۋاڭ خېنىم ئىتتىك مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئىشىكتىن خىزمەتچىلەرگە توۋلاپ قويدى. بىرنەچچە خىزمەتچى دەرھال پەيدا بولۇپ كىچىك بايۋەچچىگە ھەمراھ بولۇپ تالاغا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى. ۋاڭ خېنىم قايتىپ كېلىپ ئورنىدا ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋاڭ بېگىم:
— بايا دېگىنىڭىزدەك ھاكىم جانابلىرى، تۇرداخۇننىڭ بىر

نەرسىگە كۆزى يەتمىسە بىزنىڭ ئويۇن - چاقچاقنىڭ ئورنىدا دېيىشىپ باھانى بىر ھەسسە ئۆستۈرگەنلىكىمىزگە چىداپ ھويلىنى قىممەت باھادا سېتىۋالمىغان بولاتتى، — دېدى.

گەپ ئەمدى يەنە تۇرداخۇنغا بۇرالدى. ئۇ يېگىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان بايلارنىڭ بىرى بولۇپ، گەپ - سۆزى جايىدا، جامائەتچىلىكى بار ئادەم ئىدى. كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭ ياخشى گېپىنى قىلاتتى. جاڭ لەشكەر بېگى ئۇ توغرۇلۇق ئاڭلىغان گەپلەرنى دېگۇسى كېلىپ:

— ئاڭلىسام، ئاچىسىنىڭ ئوغلىنىڭ شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇشىغا رازى بوپتىكەن، — دېدى.

— بۇ ئىشنى مەن تازا ياخشى بىلىمەن، — دېدى چيەن دارىن، — بىز باراتنى شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇشقا مەجبۇرلاپ ئۇرۇمچىگە ئەۋەتتۇق. ئۇ چاغدا تۇرداخۇن يوق ئىدى. تۇرداخۇن كەلگەندىن كېيىن ئۇنى قايتۇرۇۋالامدىكىن ياكى بارات شۆتاڭدىن قېچىپ كېلەمدىكىن، دەپ ئەنسىرىگەنىدۇق. لېكىن ئەھۋال ئۇنداق بولماي، بارات شۆتاڭدا ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ، ئەگەر شۆتاڭنى پۈتتۈرۈپ ئۇرۇمچىدە خىزمەتتە قالماي ناھىيىمىزگە كەلسە، مەن يېنىمدا تۇڭچى قىلىپ ئېلىپ قالىمەن.

ۋاڭ بېگىم:

— بارات مېنىڭ ئوغلۇم مىڭئېر بىلەن شۆتاڭدا ساۋاقداش ھەم ئاغىنە ئىكەن. مىڭئېر ئۆيگە كەلسە ئۇنى ماختاپ بېرىدۇ، بارات ناھايىتى ياخشى ئوقۇيدىكەن، مۇئەللىممۇ ئۇنىڭغا ئامراقكەن، — دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا ۋاڭ خېنىم گەپكە ئارىلاشتى:

— مەنغۇ ئۇ بالىنى كۆرۈپ باقمىدىم، لېكىن قىزىم شىئېر دادىسى بىلەن ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئاكىسىنى كۆرگىلى شۆتاڭغا بارغاندا ئۇ بالىنى كۆرۈپتىكەن. بەك چىرايلىق يىگىتمىش،

خەنزۇ تىلىنى بەك راۋان سۆزلەيدىكەن ھەم خەنزۇچە خەتنىمۇ بەك چىرايلىق يازىدىكەن دەيدۇ.

— تۇرداخۇن كۆپ ئىشنى بىشىدىن كەچۈرگەن ئادەم، شۇڭا ۋاڭ بېگىمنىڭ تاشلاندۇق ھويلىسىنى قىممەت بولسىمۇ ئېلىۋالدى. ئاچىسىنىڭ ئوغلىنى شۆتاڭدا ئوقۇتۇۋاتىدۇ. قارىغاندا ئۇ كېيىنكى كۆرەلەيدىغان ئادەم ئىكەن، — دېدى ھاكىم.

باشقىلار «راست» دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. شۇ چاغدا ئايال غوجىدار بەي ئاغىچا كىرىپ، ۋاڭ خېنىمغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا «بولىدۇ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ گاۋ غوجىدارغا:

— گاۋ غوجىدار، ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئوغلىنى باشلاپ كېلىڭلار، تاماق تەييار بولۇپ قاپتۇ، — دېدى.

— خوپ، — گاۋ غوجىدار چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن بەي ئاغىچىمۇ چىقىپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، سىلەرنىڭ كېلىشىڭلاردىن بىخەۋەر تۇرۇپ قاپتۇق، شۇنداق بولسىمۇ ئالدىراپ داستىخان تەييارلاپ قويدۇق، قېنى مەرھەمەت قىلىشسىلا، — دېدى ۋە قولىنى كەڭ ئېچىپ، ئىچكەركى مېھمانخانىنى كۆرسەتتى.

چيەن دارىن ئالدىدا ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن جاڭ لەشكەر بېگى قوزغالدى، ۋاڭ بېگىم ئۇلارنى باشلاپ مېھمانخانىغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار مېھمانخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشتى. لېكىن كىچىك بايۋەچچە كىرمىدى. ئۇنىڭغا قاراپ داستىخانمۇ تارتىلمىدى. بىر چاغدا گاۋ غوجىدار ئۇنى باشلاپ كەلدى. ئۇ ئورنىدا ئولتۇرۇپ ئۇستەلدىكى تائاملارغا ئاچ كۆزلۈك بىلەن قاراپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم مېھمانلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى. كىچىك بايۋەچچە ئالدىدا تاماققا ئېغىز تەگدى، ئاندىن باشقىلار يېيىشكە باشلىدى.

# ئالتىنچى باب

## ۋاڭ بېگىمنىڭ ياسىلىۋاتقان مويكىغا قاراپ ھەيران بولغانلىقى

ۋاڭ بېگىمنىڭ ناھىيە بازىرى يېنىدىكى تاشلاندۇق قورۇ - جايى مويكا سېلىنىۋاتقان ئىشلەمچىلەر بىلەن توشۇپ تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. مويكىنىڭ ئىشلىرى كۆپ ئىدى: ئۆستەڭ چېپىپ سۇنى مويكىنىڭ ئىچىدىن ئاققۇزۇش، مويكىنىڭ ئىچىدە يۇڭ يۇيىدىغان قاتار - قاتار بىرنەچچە كۆلچەك ياساش، مويكىنىڭ ئەتراپىدا يۇڭ - تېرىلەرنى يايىدىغان مەيدانلارنى تۈزلەش، مويكىنىڭ ئىچىدە يۇڭ - تېرە ئارتىدىغان سىملارنى تارتىش ئۈچۈن قوزۇق قېقىش، تۈۋرۈكلەرنى ئورنىتىش، يۇڭ - تېرە پىرىيوم قىلىدىغان ئورۇنلارنى تەييارلاش قاتارلىقلار. ۋاڭ بېگىم بۇ ھويلىدا ئولتۇرغان چاغلاردا ھويلىغا ۋە ئەتراپىغا دەل - دەرەخ قويمىغاچقا، ئوچۇقچىلىق بولۇپ، مويكا سېلىش ئىشلىرى بەكمۇ ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتاتتى. مويكا قۇرۇلۇشىنىڭ تېخنىكىلىق ئىشلىرىغا نىكولاي تۈگمىنىنى ئىككى ئوغلىغا تاشلاپ بېرىپ قارىشىپ بېرىۋاتاتتى. مانا، ھاۋا تازا ئىسسىۋاتقان كۈنلەردە يۇقىرىدىن چېپىلىپ كېلىۋاتقان ئۆستەڭ مويكىغا يېقىنلاپ قالدى. مويكىنىڭ ئىچىدىكى قاتار - قاتار يۇڭ يۇيىدىغان كۆلچەكلەرمۇ كولىنىپ بولدى. تۈۋرۈك - قوزۇقلارغا سىملار تۈپتۈز قىلىپ تارتىلىۋاتاتتى. ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەرنى ئىشلەمچىلەر تۈزلەۋاتاتتى. مويكا پۈتۈشكە ئاز

قالغانسېرى كىشىلەر يىغىپ قويغان يۇڭ - تېرىلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئەكىلىپ سېتىپ بېرىشكە باشلىدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ئۆيلىرى ئامبار، ئىشلەمچىلەرنىڭ ياتىقى ۋە مويكا ئىشخانىسى قىلىندى. مويكىنىڭ مۇنداق جىق ئىشلىرىغا تۇرداخۇن يالغۇز يېتىشەلمەيتتى، شۇڭا ئاچىسىنىڭ ئوغلى باراتنى قارىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مويكىدىكى ئىشى يۇڭ - تېرىلەرنى سېتىۋېلىپ ئامبارغا كىرگۈزۈش ۋە ئۇلارنىڭ پۇلىنى بېرىش ئىدى. لېكىن تۇرداخۇن هويلىنى قەرز قىلىپ سېتىۋالغاچقا، يۇڭ - تېرە سېتىپ بەرگۈچىلەرنىڭ پۇلىنى نەق بېرەلمەي يېرىمىغا ئاق هۆججەت بېرەتتى. يۇڭ - تېرە ساتقۇچىلارمۇ بۇنىڭغا رازى ئىدى. چۈنكى بۇ ناهىيىدە يۇڭ - تېرە سېتىۋالىدىغان بۇ مويكىدىن باشقا ئورۇن بولمىغاچقا، بۇ يەرگە ساتمىسا، دېهقان - چارۋىچىلارنىڭ يۇڭ - تېرىلىرى ئۆيلىرىدە قۇرت چۈشۈپ سېسىپ تۈگەيتتى. شۇڭا ئاق هۆججەت بولسىمۇ يۇڭ - تېرىلەرنىڭ قولىدىن چىقىپ كەتكىنىگە خۇشال ئىدى. تۇرداخۇن مويكىنىڭ ئىش باشلىشىغا ئاز قالغاندا خام ئەشيانىڭ ئۆزلۈكىدىن كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا خۇشال بولۇپ، هويلىدا دۆۋىلەكلىك يۇڭ - تېرىلەرگە قاراپ، «مويكا چاپسان پۈتسە، يۇڭ - تېرىلەرنى يېرىم پىششىقلاپ ئىشلىسەم، چېگراغا ئاپىرىپ ئۆتكۈزسەم» دەپ ئويلايتتى.

هويلا ئىشلەمچىلەردىن باشقا بەزىدە يەنە مويكىنى كۆرگىلى كەلگەنلەر بىلەنمۇ توشۇپ كېتەتتى. ئۇلار بۇ ناهىيىدە ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان «سېمونت» دېگەن كۇلرەڭ توپىنىڭ كارامىتىنى كۆرۈشكە بەكمۇ قىزىقاتتى. ئىشلەمچىلەر قارا سىياھ بىلەن رۇسچە خەت يېزىلغان خالتىلاردىن سېمونتنى تۆكۈپ قۇم ئارىلاشتۇرۇپ لاي ئېتىپ، تاش ۋە خىشلارنىڭ ئارىسىغا تۆكەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي لاي ئاستا قېتىشقا باشلاپ، تاش-خىشلارغا چاپلاشقان پېتى ئۇيۇل بولۇپ كېتەتتى. شۇڭا

كۆرۈۋاتقانلار سىمونت لاي ياسىغانغا ئوزاق - ئوزاق قارىشاتتى، نىكولاي ئىشچىلارغا سىمونتتىن لاي ياساشنى ئۆگىتىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇتتەك قىزىپ كەتكەن بۇ ھويلىدا ئىشلەمچىلەر جىددىي ئىشلەۋاتاتتى. بۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ كۆپى ياشلار بولۇپ، جەنۇبتىن ئىشلەمچىلىككە چىققان بولغاچقا، ھاردىم - تالدىم دېمەي كۆچەپ ئىشلەيتتى. ئۇلارنىڭ بوي - تۇرقى، كىيىم - كېچەكلىرىگە قارىسا بىر - بىرىگە ئوخشىشىپ كېتەتتى. ھەتتا ئۇلارنىڭ رەڭگى - روھمۇ ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇلار راسا ئىشلەۋاتقاندا ئىككى مەپە كېلىپ دەرۋازا ئالدىدا توختىدى. بۇ ھويلا بازاردىن سەل نېرى بولغاچقا، ئادەتتە مەپە كەلمەيتتى. ياسىداق ئىككى مەپىنىڭ توختىغانلىقى ئىشلەمچىلەرنى قىزىقتۇردى، ئۇلار ئىشلىرىنى قويۇپ دەرۋازىغا قاراشتى. ئالدىنقى مەپە ھەيدىگۈچىلەر مەپىنىڭ پەردىلىرىنى ئېچىشقا باشلىدى. ئىشلەمچىلەر ئارىسىدا تۇرغان تۇرداخۇن دەرھال دەرۋازىغا كەلدى. ئالدىنقى ئالدىدىكى مەپىدىن چيەن دارىن، كەينىدىكى مەپىدىن ۋاڭ بېگىم چۈشتى. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن تۇرداخۇننىڭ زادى خەۋىرى يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ ئەمەلدارلارنى كۆرۈپ خۇشلىقىدا ئالدىغا كېلىپ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بەردى. ئۇ ئىككىسىمۇ مۇشتۇمىنى جۈپلەپ تۇتۇپ ئېھتىرام بىلدۈردى. تۇرداخۇن ئۇلارنى باشقىلارغا ئوخشاش «مويكىنى كۆرگىلى كەلگەن بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ:

— قېنى جانابلار، مويكا ياسىلىۋاتىدۇ، كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپ ھويلىغا تەكلىپ قىلدى.

چيەن دارىن تېخى قەدەم تاشلىماستىن ۋاڭ بېگىمگە بىر قارىۋېتىپ ئاندىن تۇرداخۇنغا:

— تۇرداخۇن، سىزنىڭ ياساۋاتقان مويكىڭىز پۈتۈن ناھىيىگە پۇر كەتتى. نەگىلا بارسا مۇشۇ مويكىنىڭ گېپى. شۇڭا «كۆرۈپ باقايلى» دەپ ۋاڭ بېگىمنى باشلاپ كەلدىم، — دېدى.

— رەھمەت، — دېدى تۇرداخۇن قول قوۋۇشتۇرۇپ.

ۋاڭ بېگىم ئەمدى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىغا توغرا كەلگەندەك قىلىپ:

— تۇرداخۇن، سىز ناھىيىمىزدە بىر يېڭى ئىشنى باشلىدىڭىز، ھەممە ئادەم سىزنى ماختاۋاتىدۇ، سىز ھازىر باي بولۇشنىڭ يولىنى تاپتىڭىز، — دېدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ماختىشىدىن تۇرداخۇن پەخىرلىنىپ، «ئۆزۈمنى باسالماي پو ئېتىپ قويماي» دېگەن خىيالغا كېلىپ:

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەس، جانابلار، لېكىن تەۋەككۇل قىلىۋاتىمەن، قېنى مويكىنى كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپ ئۆزى ئالدىدا مېڭىپ ھويلىغا كىردى.

چيەن دارىن بىلەن ۋاڭ بېگىم بىرنەچچە ئادەملىرى بىلەن ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپلا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى. چۈنكى بۇ ھويلىغا ۋاڭ بېگىم بۇ يەردە ئولتۇرغان چاغدىمۇ مۇنچىلىك كۆپ ئادەم كىرىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ خۇددى باشقا يەرگە كېلىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئۇ بۇ ھويلىسىنى تاشلاپ يېزىغا كۆچۈپ كېتىپ، بۇ قۇرۇق ھويلىنى خۇددى يادىدىن چىقىرىپ قويغاندەك بۇ يەرگە كېلىپ باقمىغانىدى. يېزىغا كۆچۈپ كېتىدىغان چاغدا بۇ ھويلىنى قارانچۇق بولۇپ ساقلاپ تۇرۇشقا ئادەممۇ چىقمىغانىدى. بەزىدە بازارغا كەلگەنلىرىدە ھويلىسىغا تامدىن ئارتىلىپ قاراپمۇ قويغان، ئادەمسىز بۇ ھويلا خۇددى مازاردەك كۆرۈنگەنىدى. ھەتتا ئۇنى تۇرداخۇنغا ساتقاندىمۇ بۇ سودىنى گاۋ غوجىدار بىلەن چاكارلىرى پۈتتۈرگەنىدى. چيەن دارىننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ھويلىنىڭ باھاسىنى بىر ھەسسە ئۆرلىتىۋالغاندا بولسا «ماڭا كەلگەن بىر ئامەت» دەپ خۇش بولغانىدى. مانا ھازىر ۋاڭ بېگىم تاشلاپ قويغان بۇ ھويلىسىدا باشقىچە بىر مەنزىرىنى كۆرۈۋاتىدۇ. ھويلىنىڭ ئىچىدە كەينىدىكى ئۆستەڭگە ئۇلاپ

ئېرىق چېپىلىۋاتقان، يۇڭ يۇيىدىغان قاتار - قاتار كۆلچەكلەر پۈتكەن، ھويلىنىڭ ئىچىگە تۇۋرۇك قادىلىپ، ئۆمۈچۈك تورىدەك سىم تارتىلغان، بىر چەتتە ئىشلەمچىلەر يوغان قارىغايلارنى ھەرە بىلەن تىلىۋاتقان، ھويلىنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەر تۈزلىنىپ خۇددى خامانىدەك تۈپتۈز قىلىۋېتىلگەنىدى. يۇڭ - تېرە ئۆتكۈزگىلى كەلگەنلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ:

— ۋاڭ بېگىم، ھويلىڭىزنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە پۇشايمان قىلىۋاتامسىز نېمە؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

ۋاڭ بېگىم ھويلىسىنىڭ قولدىن چىقىپ كەتكەنلىكىگە ئەمەس، ئۇنىڭ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇۋاتاتتى، لېكىن چيەن دارىننىڭ گېپىدىن ئېسىنى يىغىپ:

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، لېكىن مەن تۇرداخۇننى بۇنچىۋالا زور ئىشلارنى قىلار دەپ زادىلا ئويلىماپتىمەن، — دەپ يېنىدىكى تۇرداخۇنغا قاراپ قويدى.

تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ ماختاۋاتقانلىقىدىن خۇش بولسىمۇ چيەن دارىنغا قاراپ:

— ھاكىم جانابلىرى، بىز مۇسۇلمانلاردا «خۇدا دەپ تەۋەككۇل قىلساڭ بىر گەپ بولىدۇ» دېگەن گەپ بار. شۇڭا ناھىيىمىزدە بىر مويكا سېلىشنى كۆزلەپ، كۆز يۇمۇپلا تۇتۇش قىلدىم، — دېدى.

— تۇرداخۇن، قارىغاندا سىز كېيىنكى زور پايدىغا كۆزىڭىز يەتكەچكە قەرزدار بولۇشقا قارىماي ھويلىنى سېتىۋاپسىز - دە؟ — دېدى چيەن دارىن.

تۇرداخۇن ھويلىنىڭ باھاسىنىڭ تۆۋەنلىكىنى سىز بىر ھەسسە ئۆرلىتىۋېتىلگەنلىكىنىڭ دەردىنى ئىچىدە بىلەتتى. لېكىن ئامال قانچە، قەرزدار بولسىمۇ مويكىنى سالدۇرۇۋاتىدۇ. . . شۇڭا ھويلىنىڭ باھاسى توغرۇلۇق گەپ قىلغۇسى كەلمىدى:

— دارىن جانابلىرى، قەرزدار بولسامۇ ھويلا ئەمدى مېنىڭ بولدى، نېمە قىلسام ئىختىيارىم. شۇڭا تەۋەككۇل قىلىپ مويكا سالدۇرۇۋاتىمەن. ئاخىرى قانداق بولىدۇ، ئاللا ئۆزى بىلىدۇ، قېنى، ياسىلىۋاتقان مويكىنى كۆرۈڭلار، — دەپ ئۆزى ئالدىدا باشلاپ ماڭدى.

چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمگە كۇلۇمسىرەپ قاراپ قويۇپ، تۇرداخۇنغا ئەگىشىپ ماڭدى، لېكىن ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ بۇ قارىشىنى چۈشەنمەي ئۇمۇ ئەگىشىپ ماڭدى.

تۇرداخۇن ئۇلارنى ئەگەشتۇرۇپ ياسىلىۋاتقان مويكىنى كۆرستىشكە باشلىدى. ئۇلار بىردەم - بىردەم توختاپ كۆرەتتى. بۇنداق چاغدا ئىشلەۋاتقانلارمۇ ئىشنى توختىتىپ بۇ ئەمەلدارلارغا قارايتتى. ئۇلار ئۆز يۇرتىدا مەنسەپ كىيىمىنى كىيگەن مۇنداق ئەمەلدارلارنى كۆپ كۆرمىگەن، بولۇپمۇ بۇنچىۋالا يېقىندىن كۆرمىگەنىدى. ئۇلارنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى، چۈشەنمەيدىغان گەپلەرنى قىلىشلىرى، ھەتتا ئىشلەمچىلەرگە ھەيران بولۇۋاتقاندەك قاراشلىرى ئۇلارنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. ئەمەلدارلارمۇ ئىشلەمچىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلىرىنىڭ بۇرۇتىمۇ خەت تارتمىغان قىز بالىدەك چىرايىغا قاراپ، ياقا يۇرتتا ئىشلەمچىلىك قىلىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇشاتتى. ئۇلار مويكىنى كۆرۈپ، قاتار ياسالغان بىرنەچچە كۆلچەكنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشلەمچىلەر كۆلچەكنىڭ ئاستىغا سېمونت لاي سۇۋاۋاتاتتى. ئىشلەمچىلەر ئارىسىدىكى ئېگىز بويلۇق بىرى ئەمەلدارلارنى كۆرۈپ كۆلچەكتىن چىقىپ كەلدى. ئۇ ياللاڭۋاشتاق، چېچى ساپسېرىق بولۇپ، ئىشلەمچىلەردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇراتتى. ئۇ نىكولاي ئىدى، نىكولاي چيەن دارىن ۋە ۋاڭ بېگىمگە رۇسچە سالام بېرىپ كۆرۈشتى. ئۇ ئىككىسىمۇ نىكولاينى تونۇيتتى. گەرچە ئۇنىڭ بىلەن ئەسرا بولمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ تۈگمەنچىلىك قىلىدىغانلىقىنى ۋە بىرنەچچە يەردە سۇ تۈگمىنى

ياساپ بەرگەنلىكىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇنىڭدىن رازى ئىدى. مانا ھازىر تۇرداخۇننىڭ مويكىسىغا قارشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چيەن دارىن:

— نىكولاي، سىز رۇس، مانا ھازىر تۇرداخۇنغا ياردەم بېرىپ مويكا ياساۋېتىپسىز، — دېدى.

نىكولاي ئۇنىڭ ئەھۋال سورىغانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۇنىڭغا جاۋابەن گەپ قىلغۇسى كەلدىيۇ، لېكىن گەپنى دەرھال خەنزۇچە قىلالماي ئىختىيارسىز تۇرداخۇنغا قاراپ قالدى.

ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشەنگەن تۇرداخۇن توۋلىدى:

— ھەي... بارات، ھەي... بارات!

نېرىدا — ۋاڭ بېگىمنىڭ ئولتۇرغان ئۆيىنىڭ ئالدىدا گىر تۇتۇپ يۇڭلارنى ئۆلچەپ خاتىرە يېزىۋاتقان بارات ئەتراپىدىكى كىشىلەرنىڭ ۋاڭ - چۇڭ ئىچىدە تاغىسىنىڭ تونۇش ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى قەلەمنى گىر ئۈستىگە قويۇپ ئەتراپقا قارىدى ۋە كۆلچەك يېنىدا تاغىسىنىڭ قول ئىشارىتى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىتتىك كۆلچەك ئالدىغا ماڭدى. گىر ئەتراپىدىكى يۇڭ - تېرە ساتىدىغان شۇنچىۋالا ئادەم ئامالسىز ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. گىر بىلەن كۆلچەك ئارىلىقى خېلى بولغاچقا، بارات يېتىپ كەلگىچە ئەمەلدارلار ئۇنىڭ تەقى - تۇرقىغا سەپسالدى. ئېگىز بوي بارات قەدەملىرىنى مەزمۇت تاشلاپ كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ تۇرداخۇن ئاچىسىنىڭ بۇ ئوغلىغا بەكمۇ زوق بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ شۆتاڭدا ئوقۇغىنىنىڭ كارامىتىنى يۇرت ئەمەلدارلىرى ئالدىدا بىر كۆرسەتكۈسى كېلىپ ئىچىدە خۇشالمۇ بولدى. بارات يېقىنلىغانسېرى ۋاڭ بېگىم ئۇنى تونۇيدىغانلىقى ئۈچۈن كۈلۈمسىرەشكە باشلىدى. بارات ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىغاندا ۋاڭ بېگىم چيەن دارىنغا:

— ھاكىم جانابلىرى، ئوغلۇم مىڭئېرنىڭ شۆتاڭدىكى ساۋاقدىشى بارات دېگەن بالا مۇشۇ بولىدۇ، — دېدى.

چيەن دارىن باراتنى ئاڭلىغانىدى. لېكىن مانا ھازىر بىرىنچى قېتىم يۈز كۆرۈشۈشى بولغاچقا، باراتقا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ قاراپ، ئۇنىڭغا زوقى كېلىپ قالدى. بارات ئۇلارنىڭ ئالدىدا كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. چيەن دارىنمۇ ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— بارات دېگەن سەن ئىكەنسەن - دە، ئوغلۇم ماڭا سېنىڭ گېپىڭنى قىلغان. مەن بىلمەن، مەن سېنى شۆتاڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتكەن، — دەپ يېقىنچىلىق قىلدى.

باراتنىڭ يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئالدىدا تۇنجى قېتىم مۇشۇنداق يۈزتۇرانە تۇرۇشى ئىدى. گەرچە ھازىر ھودۇقۇۋاتسىمۇ، چيەن دارىننىڭ يېقىنچىلىق قىلىپ دېگەن سۆزلىرىدىن ھەم ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ ساۋاقدىشى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى خېلى تەمكىن تۇتۇپ:

— شۇنداق، مەن كىچىك بايۋەچچە بىلەن ساۋاقداش، — دېدى. ئۇنىڭ خىجىل بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋاڭ بېگىم چيەن دارىنغا يەنە:

— ھاكىم جانابلىرى، بارات ئۇيغۇر بولسىمۇ، شۆتاڭدا بەكمۇ ياخشى ئوقۇيدىكەن، لى مۇئەللىم ئۇنى دائىم ماختايدىكەن، قارىماسىز، بوي - تۇرقىمۇ قاملاشقان يىگىت ئىكەن، — دېدى.

چيەن دارىننىڭ باراتقا تېخىمۇ زوقى كېلىپ:

— ياخشى، ياخشى، مەنمۇ ئوغلۇمدىن باراتنىڭ ياخشى ئوقۇيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، — دەپ ۋاڭ بېگىمگە قاراپ، —خانلىققا مۇشۇنداق يارامىلىق ئادەملەر كېرەك، — دېدى ۋە باراتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ماختاپ قويدى.

ئىككى ئەمەلدار گەپ قىلىشىۋاتقاندا ئەتراپتىكىلەر ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمىسىمۇ ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشاتتى. چيەن دارىن باراتنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ماختاپ قويغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭغا تېخىمۇ زوق بىلەن قارىشىپ كەتتى. تۇرداخۇن تېخىمۇ خۇش

بولۇپ ھەم جىيەن ئوغلىنى ئەمەلدارلارغا ماختىغۇسى كېلىپ:

— ھاكىم جانابلىرى، سودا - سېتىق ئىشلىرىدا تىل ناھايىتى مۇھىم، شۇڭا مەن جىيەنىمنىڭ شۇتاڭدا ئوقۇغانلىقىغا كېيىن رازى بولدۇم، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن چيەن دارىنمۇ خۇش بولۇپ:

— تۇرداخۇن، بەكمۇ ياخشى گەپ قىلدىڭىز. نۇرغۇن ئۇيغۇرلار بالىلىرىنى شۇتاڭغا ئوقۇشقا ئەۋەتمەيدۇ. شۇڭا ئۇيغۇرلارنىڭ بالىلىرىنىڭ كۆپى ساۋاتسىز، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلىشالمايدۇ، — دېدى ۋە باراتقا قاراپ، — سەن ئالدى بىلەن شۇتاڭنى تاماملىغىن، يامۇلغا تۇڭچى لازىم. سەن مېنىڭ يېنىمدا ئىشلەيسەن، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن ئەتراپتىكىلەر خۇش بولدى، باراتمۇ خۇش بولۇپ تاغىسىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. چيەن دارىننىڭ «تۇڭچى» دېگەن سۆزىدىن تۇرداخۇننىڭ گەپ قىلغۇسى كەلدى:

— ھاكىم جانابلىرى، مەن روسىيىگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلىپ يۈرگەندە رۇسچىنى ئۆگىنىۋالغانىدىم، ھازىر شۇ ئۆگەنگەنلىرىم چېگرا سودىسىدا ئەسقېتىۋاتىدۇ، نىكولايمۇ ئۇيغۇرچىنى ئۆگىنىۋالدى، — دېدى ھەم باراتنى تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىشكە گىر ئالدىدىن چاقىرغانلىقىنى يادىغا ئالدى، — ئوغلۇم بارات، دارىن جانابلىرىنىڭ نىكولايغا گېپى باركەن، تەرجىمە قىلىپ بەرگىنە.

بارات چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن نىكولايغا دېگەن گېپىنى يەنە تەكرارلىدى. بارات نىكولايغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— نىكولاي ئاكا، دارىن جانابلىرى سىزنى تۇردىكامغا مويكا سېلىشىپ بېرىپ ياخشى ئىش قىلىۋېتىپسىز دەپ سىزدىن خۇش بوپتۇ، — دېدى.

نىكولاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولدى. بايا چيەن دارىننىڭ گېپىنى تازا چۈشىنىپ كېتەلمىگەچكە ھاڭۋېقىپ قالغانىدى.

— سەن دارىنغا دەپ قوي، دېگىنىــگە كۆپ رەھمەت، تۇرداخۇن مېنىڭ ئاغىنەم، قولۇمدىن كېلىدىكەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلىمەن، باشقىلارغىمۇ ياردەم قىلىمەن.

بارات نىكولاينىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىــــپ بەرگەندىن كېيىن چيەن دارىن شالاڭ ساقىلىنـــى سىيلاپ قويۇپ:

— نىكولاي ئەپەندى، سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت، سىزنىڭ قىلىۋاتقان ياردىمىڭىز پەقەت تۇرداخۇنغىلا ئەمەس، بەلكى پۈتۈن ناھىيىمىزگە قىلغان ياردىمىڭىز ھېسابلىنىــــدۇ. بۇ مويكا ناھىيىمىزدىكى بىردىنبىر مويكا. قارىماسىز، ئەنە، — دەپ گىر ئالدىدىكى كىشىلەرنى كۆرسىتىپ دېدى، — يۇرتىمىزنىڭ يۈك - تېرىلىرى مۇشۇ مويكىغا يىغىلىۋاتىدۇ، بۇگۈن ۋاڭ بېگىم بىلەن مويكىنى كۆرگىلى ئالاھىدە كەلدۇق.

— نىكولاي ئەپەندى سىز يۇرتىمىزغا كەلگەندىن بېرى بىر نەچچە يەردە سۇ تۈگمەنلىرى پەيدا بولدى. بىزنىڭ يېزىمىزدىمۇ نىكولاي ئەپەندى سالغان تۈگمەن بار، — دېدى ۋاڭ بېگىممۇ رازىمەنلىك بىلەن.

بارات ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن نىكولاي خۇش بولۇپ:

— جانابلارغا كۆپ رەھمەت، مەن روسىيىلىككە بۇ يەردە ئەركىن ھۈنەر قىلىش ئىمكانىيىتى بەردىڭلار، مەن ئەلۋەتتە قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىشىم كېرەك، — دېدى.

بارات ئۇنىڭ گېپىنى ئۇ ئىككىسىگە تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئۇ ئىككىسى خۇش بولۇپ تەڭلا دېگۈدەك «ياخشى، ياخشى» دەپ نىكولاينىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ماختاشتى. باراتنىڭ تەرجىمانلىق قىلىشى بىلەن يۇرت ئەمەلدارلىرى بىلەن بىر چەت ئەللىك بىر - بىرلىرىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىۋاتقاچقا، ئۇلار خۇشال بولۇپ، ھەممىسى باراتقا زوق بىلەن قاراشتـــــى. بولۇپمۇ تۇرداخۇن ئىنتايىن خۇش بولدى، يۇرت ئەمەلدارلىرى مويكىغا ئالاھىدە كۆرگىلى كەلگەندە باراتنىڭ تەرجىمانلىق قىلىپ، ئۇلارنىمۇ،

نىكولاينىمۇ رازى قىلغانلىقى ئۈچۈن جىيەن ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ كەتتى. شۇ ئەسنادا موىكا دەرۋازىسى ئالدىدا تۆت ئاتلىق لەشكەر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئاتتىن چۈشتى - دە، ئىككىسى ئېتىنى قالغان ئىككىسىگە تۇتقۇزۇپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار يېقىنلاپ قالغاندا ھويلىدىكىلەر ئۇلارنى تونۇپ ھەيران بولۇشتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى جاڭ لەشكەر بېگى ئىدى. ئۇ چيەن دارىننىڭ ئالدىغا كېلىپ تىزلىنىپ سالام بېرىپ جىم تۇردى. چيەن دارىن «ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ» دەپ ئېھتىرام بىلدۇردى. جاڭ لەشكەر بېگى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، سىزنى ئىزدەپ كېلىۋېدىم، — دېدى.

چيەن دارىن ئەتراپقا قارىدى. بۇ چاغدا ئەتراپتىكىلەر بۇلارنى ئورۇۋېلىشقانىدى ھەم دىققەت بىلەن ئۇلارغا قاراپ تۇرۇشاتتى.

— تۇرداخۇن، بىز قايتايلى، كېيىن كېلىپ موىكىڭىزنى تولۇق كۆرىمىز، موىكىڭىزغا ئامەت تىلەيمەن، — دېدى چيەن دارىن.

تۇرداخۇن ئەمەلدارلارنىڭ موىكىنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىگە ناھايىتى خۇشال بولغانىدى. موىكا تېخى پۈتمىگەن بولسىمۇ، باراتىنىڭ تەرجىمانلىقىدا موىكىنى تولۇق چۈشەندۈرگۈسى بار ئىدى. لېكىن ھازىر جاڭ لەشكەر بېگى ئەنسىزچىلىككە سېلىپ قاراپ تۇرغاچقا: — جانابلار، كەلگىنىڭلارغا كۆپ رەھمەت، لېكىن تۇيۇقسىز كېلىپ قالغانلىقىڭلار ئۈچۈن خىزمىتىڭلاردا بولالمىدىم، — دېدى.

— ياق، ئۇنداق بولامدىغان، — دېدى، چيەن دارىن.

ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇنغا:

— تۇرداخۇن، مەن موىكىڭىزنى كۆرگىلى يەنە ئايرىم كېلىمەن، سىز مېنىڭ تاشلاپ قويغان ھويلامنى ئاۋات قىلدىڭىز، — دېدى.

— رەھمەت، — دېدى تۇرداخۇن.

ئىككى ئەمەلدار مېڭىشقا تەمشىلىۋاتقاندا جاڭ لەشكەر بېگى تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— تۇرداخۇن، مەن ئەسلىدە ھاكىم جانابلىرى بىلەن بىللە مويكىڭىزنى كۆرگىلى كەلمەكچى ئىدىم، لېكىن ئىشىم چىقىپ قېلىپ بىللە كېلەلمىدىم، ھاكىمنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇدۇل مۇشۇ يەرگە كېلىشىم، كېيىن مەنمۇ مويكىڭىزنى كۆرگىلى كېلىمەن، — دېدى.

ھازىر ئۇنىڭ چىرايىدا بايىقى جىددىيلىكتىن ئەسەر يوق ئىدى. تۇرداخۇن ئۇنىڭدىن بەكمۇ خۇرسەن بولدى. جاڭ لەشكەر بېگى پۇقرالارغا بەكمۇ سۇرلۇك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە كەم سۆز ئادەم بولغاچقا، پۇقرالار بىلەن ئانچە ئەسرا بولمايتتى. شۇڭا تۇرداخۇن ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىنتايىن خۇشال بولۇپ:

— سىلەر يۇرت ئەمەلدارلىرى مويكامنى كۆرگىلى كېلىپ مېنى بەكمۇ خۇش قىلدىڭلار، — دېدى.

مېڭىشقا تەمشەلگەن چيەن دارىن توختاپ جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— بىز ھەممىمىز پۇل تېپىشنى تۇرداخۇندىن ئۆگەنسەك بولىدىكەن، ئۇ ھازىر ناھىيىمىزنى ئاۋات قىلىۋاتىدۇ، — دېدى. چيەن دارىن، ۋاڭ بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگىلەر تەڭلا دېگۇدەك تۇرداخۇنغا قارىدى. ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن تۇرداخۇن ئۆزىنى تېخىمۇ خۇرسەن ھېس قىلدى. ۋاڭ بېگىم ھويلىسىغا يەنە بىر قاراپ قويدى. ھويلىدىكىلەر ھەدەپ ئىشلەۋاتاتتى. مېھمانلار مېڭىپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا جاڭ لەشكەر بېگى ھاكىمغا قارىماي ئېتىنى مىنىپ، بىللە كەلگەن لەشكەرلىرىنى باشلاپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كەتتى. ئاندىن چيەن دارىن، ۋاڭ بېگىم مەپىلىرىگە چىقىپ قوزغىلىپ ماڭدى. تۇرداخۇن مەپىلەر كۆزدىن غايىب بولغىچە دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قاراپ تۇردى.

## يەتتىنچى باب

# كىچىك بايۋەچچىنىڭ خايىلقى

چۈشتىن كېيىنكى ئاپتاپ يەر - جاھاننى يەنىلا قىزىتماقتا ئىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىگە دەل - دەرەخلەر سايە تاشلاپ تۇراتتى. كوچىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرمۇ ئاز ئىدى. ئەمما يامۇلنىڭ ئالدىدا كىشىلەر جىق بولۇپ، ئۇلار دەرۋازا ئالدىغا توپلىشىۋالغانىدى، ئىككى مەپە يامۇلغا يېقىنلا قالغاندا ئۇلار يول بەردى، مەپە توختىشى بىلەن كىشىلەر ئۇرۇۋېلىشتى. مىلتىق - نەيزە تۇتقان لەشكەرلەر ئۇلارنى مەپىگە يېقىنلاشتۇرمىدى. مەپىلەرنىڭ پەردىسى ئاستا ئېچىلىپ، ئەمەلدارلار چۈشۈشكە باشلىدى. ۋاڭ بېگىممۇ، چيەن دارىنمۇ مەپىدىن چۈشۈپ ئەتراپقا قاراپ ھەيران بولدى. لەشكەرلەر ئالدىغا ئۆتكۈزمەي تۇسۇپ تۇرغانلار دېھقانلار، چارۋىچىلار بولۇپ، ھەممىسىنىڭ قولىدا قوي، ئۆچكە، كالىلار تۇتۇقلۇق ئىدى. بەزىلىرى بىر قوينى ئىككى تەرەپكە تارتىپ تالىشىپ تۇراتتى. ئۇلار مەپىدىن چۈشكەن ئەمەلدارلارغا تەلمۈرۈپ قاراشتى.

ۋاڭ بېگىم ئاسمانغا قارىدى، قۇياش خېلى پەسلەپ قالغانىدى. ئۇ بۈگۈنلا يېزىسىغا قايتىپ كېتىشى كېرەك. ئالدىدا تۇرغان دېھقان، چارۋىچىلار جېدەل - ماجىرا قىلىشقانىدەك قىلاتتى. لېكىن ئۇلارنىڭ نېمىشقا مۇنداق تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلگىسى كەلمىدى. ئۇ مۇنداق جىددىي ۋەزىيەتنى ئۆزى بىلەن ئالاقىسىز، ھاكىمنىڭ ئىشى دەپ قارايتتى. شۇڭا چيەن دارىننىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ھاكىم جانابلىرى، سىزنىڭ ئىشىڭىز چىقىپ قالغان ئوخشايدۇ، مەن مۇشۇ يەردىلا سىز بىلەن خوشلىشاي، — دېدى.

ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا بولۇپ، گەرچە شاڭيو بولسىمۇ ناھىيىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشالمايتتى. بايا جاڭ لەشكەر بېگى ھاكىمنى ئىزدەپ مويىكىغا بارغاندا باشقىلار ئاڭلىمىسۇن دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىغانىدى. شۇڭا:

— بولىدۇ، مەنمۇ سىزنى مۇشۇ يەردىلا ئۇزىتىپ قويىدىغان بولدۇم. ئىش بولسا چاقىرتىمەن، كۆرۈشۈپ تۇرايلى، — دېدى. ۋاڭ بېگىم ئىككى قولىنى جۇپلەپ ئالدىغا تۇتۇپ خوشلىشىپ مەپىسىگە چىقتى. مەپە قوزغىلىپ بولغىچە چيەن دارىن قاراپ تۇردى. مەپە دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن چيەن دارىن يامۇلغا قاراپ ماڭدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى يېزا بەگلىرى ئارىسىدا ئەڭ ھۆرمەتلىك كىشى بولۇپ، چيەن دارىن دائىم ئۇنىڭ بىلەن ھەمسۆھبەت بولاتتى ھەم يىراق - يېقىنلارغا بارسا ھەمراھ قىلىۋالاتتى.

چيەن دارىن يامۇل ھويلىسىغا كىرگەندە، ئۇنىڭغا ئۇچرىغانلار ئۇ ئۆتۈپ بولغىچە جايىدا توختاپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ تۇرۇشتى. ئادەتتە خىزمەتتىن چۈشۈشكە ئاز قالغاندا يامۇل ئىچىدە ئادەملەر ئاز قالاتتى. لېكىن ھازىر خۇددى ئەتىگەندىكىدەكلا ئادەم كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىنمۇ بىر خىل جىددىيلىك چىقىپ تۇراتتى. چيەن دارىن قول ئاستىدىكى ئادەملىرىنىڭ چىرايلىرىغا قارىغىنىدا يامۇل ئىچى ئۇنىڭغا تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. خەۋەرچى چيەن دارىننى كۆرۈپ ساراي ئىچىگە قاراپ:

— شەنگەن دارىن كەلدى! — دەپ ئۈنلۈك توۋلىدى. ئاڭغىچە چيەن دارىنمۇ ساراي ئىچىگە كىرىپ بولدى. ئىككى تەرەپتە ئەمەلدارلار قاتار تىزىلىپ تۇراتتى. تۆردە ھاكىمنىڭ ئۈستىلىنىڭ يېنىدا جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنى كۈتۈپ ئۆرە تۇراتتى.

چيەن دارىن تۆرگە كىلىپ ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى بىر رۇسلىۋالغاندىن كىيىن، بىر ئاز ئارام ئىلىۋالدى. بىر خىزمەتچى ئۇنىڭغا چاي ئەكىلىپ ئالدىغا قويدى، لىكىن ئۇ چايغا قارىماي جاڭ لەشكەر بېگىگە سوئال نەزەرى بىلەن قارىدى. جاڭ لەشكەر بېگى بېشىنى سەل ئېگىپ تۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، بۈگۈن چۈشتىن كىيىن ناھىيە بازىرىدا تۇيۇقسىز ماجىرا چىقىپتۇ، بىز ئاڭلاپ بارغىچە جىدەلنى قوزغىغانلار قىچىپ كىتىپتۇ، شۇڭا سىزنى ئىزدەپ بارغانىدىم، — دىدى.

— زادى نىمە ئىش؟ — سورىدى چيەن دارىن جىددىي قىياپەتتە.

جاڭ لەشكەر بېگى بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— جانابلىرى، بۈگۈن چۈشتىن كىيىن ناھىيىمىزنىڭ تىرىك مال بازىرىدا تۇيۇقسىز ماجىرا چىقانلىقىنى ئاڭلاپ بىرىپ ئۇقۇپ قارىساق بۇلاڭچىلار ئوغرىلاپ ئەكەلگەن چارۋا - ماللارنى بازارغا ئەكىلىپ سىتىپتۇ، چارۋا مىلىنى يوقاتقانلار ماللىرىنى كۆرۈپ تونۇپ قىلىپ جىدەل چىقىرىپتۇ. بىز بارغىچە بۇلاڭچىلار قىچىپ كىتىپتۇ. لىكىن مالنى سىتىۋالغانلار بىلەن مىلىنى تونۇۋالغانلار مالنى بىر - بىرىگە بېرىشمەي دەتالاش قىلىشىۋىتىپتۇ. يامۇل ئالدىدا ماللارنى تۇتۇپ تۇرغانلار شۇلار، — دىدى.

— بۇلاڭچىلارنىڭ بىرەرسىنىمۇ تۇتالمىدىڭلارمۇ؟

— شۇنداق جانابلىرى، ئۇلار ئالىقاچان قىچىپ كىتىپتۇ، ھەتتا ساتالمىغان ماللىرىنى تاشلاپ قىچىپ كىتىپتۇ، بىز سىتىلماي قالغان ماللارنى يىغىپ سولاپ قويدۇق.

— مالنى سىتىۋالغۇچىلار مال ساتقۇچىلارنى تونۇمدىكەن؟

— ياق، قارىغاندا ئۇلار باشقا يۇرتنىڭ بۇلاڭچىلىرى ئوخشايدۇ.

چيەن دارىن «بۇلاڭچى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلىدىغان چېڭباڭ باندىتلىرىمىكىن دەپ ئويلاپ قالغانىدى. لېكىن جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ گېپىدىن بۇ بۇلاڭچىلار يەرلىك ئادەملەر دېگەن ئويغا كېلىپ، كۆڭلىگە هازىرقى جېدەل - ماجىرانى هەل قىلىشنىڭ بىر چارىسى كەلدى - دە، ئەمەلدارلارغا بىر قاراپ چىقىپ جاڭ لەشكەر بېگىدىن:

— بۇلاڭچىلار تېخى سېتىشقا ئۈلگۈرۈپ بولالمىغان ماللار چىقمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— خېلى جىق، بۇلاڭچىلار ئوغرىلىغان ماللارنى ئەمدى سېتىشقا پاش بولۇپ قېلىپ، كۆپ ماللىرىنى ساتالماي قېچىپ كېتىپتۇ.

— ئۇنداقتا، مېلىنى تونۇۋالغانلار مېلىنى ئېلىپ كەتسۇن. بۇلاڭچىلاردىن مال سېتىۋالغانلارغا ئىسپاتى بولسا سېتىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن ماللاردىن بېرىڭلار. لېكىن ئەتە كەچكىچە مېلىنى تونۇيدىغانلار چىقمىسا، قالغان ماللار مۇسادىرە قىلىنسۇن، — دېدى چيەن دارىن.

جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى پەيدا بولدى. باشقا ئەمەلدارلارمۇ چيەن دارىننىڭ هۆكۈمىنى «توغرا» دېيىشىپ كۈسۈرلىشىپ كەتتى. چيەن دارىن يەنە:

— هازىر كەچ بولۇپ قالدى، كىشىلەرمۇ بالدۇرراق ئۆيلىرىگە قايتسۇن، كەچتە «يەنە جېدەل - ماجىرا چىقارغۇچىلار بولسا قامايمىز» دەپ ئېلان قىلىڭلار، — دېدى.

ئۇنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ ئورۇنلۇق بولدى، چۈنكى بايا مال سېتىۋالغۇچىلار بىلەن مېلىنى تونۇۋالغانلار جېدەللىشىپ پىچاق كۆتۈرۈشكىلى تاس قالغانىدى. شۇڭا بۇ جېدەلنى هەل قىلىش ئۈچۈن هاكىمنى ساقلاپ، ئۇلار هېلىغىچە ئۆيلىرىگە قايتىشمىغانىدى. جاڭ لەشكەر بېگى چيەن دارىندىن خۇرسەن بولۇپ:

— هاكىم جانابلىرى، خۇددى سىز دېگەندەك ئېلان چىقىرىپ جېدەلنى بۇگۈنلا بېسىقتۇرىمىز، — دېدى.

چيەن دارىن ئالدىدىكى ئەمەلدارلارغا بىر قۇر كۆز يۈگۈرتۈپ قاراپ چىقىپ:

— سىلەر ئەمەلدارلار دىققەت قىلىڭلار، قارىغاندا بۇگۈن تىرىك مال بازىرىدا مال ساتقانلار يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان چېكەتكە باندىتلىرى ئەمەس ئوخشايدۇ، ئۇلار چوقۇم يەرلىك بۇلاڭچى - ئوغرىلار، ئۇلارنى هازىر كەينىگە چۈشۈپ تاپماق تەس. چۈنكى ئۇلار مەيلى ئۆز يۇرتىمىزنىڭ بولسۇن ياكى باشقا يۇرتنىڭ بولسۇن، هېلىغىچە ئاۋام خەلق ئارىسىغا سىڭىپ بولدى. لېكىن يۇرتىمىزدا پەيدا بولغان چېكەتكە باندىتلىرىدىن هەر دائىم هەزەر ئەيلەيلى. ئۇلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى يامان، ئادەمگىمۇ، مال - دۇنياغىمۇ زىيان سالىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىگىچە ئەمەلدارلار تىك تۇرۇپ دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. ساراي ئىچى بىردەمدىلا جىمىپ قالغانىدى. بىر چاغدا چيەن دارىن «گەپ تۈگىدى» دېگەندەك قىلىپ ئورنىدىن ئاستا تۇردى. جاڭ لەشكەر بېگى كەينىگە بىر قەدەم داجىپ ئۇنىڭغا يول بوشاتتى. چيەن دارىن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ پەسكە چۈشكەندە ئەمەلدارلار يەنىلا بايىقىدەك تىك تۇرۇشتى. چيەن دارىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن ئۆتتى، جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى ئۆتۈپ بولغىچە ئەمەلدارلار ئۆزىتىپ تۇرۇشتى. چيەن دارىن ساراي بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ چىقىپ بولغاندىن كېيىن، ئەمەلدارلار سارايدىن چىقىشقا باشلىدى.

چيەن دارىن يامۇل ئالدىدا ئەمەلدارلار بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭ ئۆيى يامۇلنىڭ كەينىدىكى باغنىڭ ئىچىدە بولغاچقا، يامۇلنىڭ يېنى بىلەن ماڭدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان كۈن پېتىپ بولغان بولۇپ، كەچكى شەپەق نۇرى يوپۇرماقلار

ئارىسىدىن باغقا چۈشۈپ تۇراتتى. ئۇ باغ ئىچى بىلەن مېڭىپ، ئۆيىگە ئاز قالغاندا ئۆيىدىكى چىراغلار يېقىلىپ بولغانىدى. كۆپكۆك ئاسمان ئاستا - ئاستا قارىداشقا باشلىغانىدى. ئۇ بايا يامۇل سارىيىدا بىر مۇنچە ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولغىچە خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى ئەمدى ھېس قىلدى. ئۇ ئۆيىگە ئاز قالغانسېرى قەدىمىنى تېزلەتتى، دېرىزىدىن چۈشكەن چىراغ يورۇقى تېخىمۇ نۇرلۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۇ پىشايۋانغا كېلىپ ئۆرۈلۈپ باغقا قارىدى، باغ ئىچى خۇددى گۆردەك قاپقاراڭغۇ بولۇپ، شاخلار ئارىسىدىن كۆك ئاسمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۆي خىزمەتچىسى ئۇنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغانىدى. چيەن دارىن ئۆزىنىڭ كەلگەنلىكىنى قىسقا يۆتىلىپ مەلۇم قىلدى. ئۇ ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكىچە ئۇنىڭغا قارىدى، ھاكىمنى ئىشىكتە ساقلاپ تۇرغان ئۆي خىزمەتچىسى تەبەسسۇم قىلىپ تۇرۇشى لازىم ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ چىرايىدا ھاكىمنى قارشى ئالىدىغان ھېچقانداق تەبەسسۇم ئالامىتى يوق ئىدى، ھەتتا ئادەتتىكىدىنمۇ بوش، روھسىز كۆرۈنەتتى. ھاكىم ئۇنىڭ چىرايىغا ئانچە دىققەت قىلماي بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىرىشىگە دارىن خېنىم بىلەن ئوغلى كىچىك بايۋەچچىنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ، ئىشىك ئالدىدا ساقلاپ تۇرغان ئايال خىزمەتچىنىڭ بېشىنى سىلىپ جىم تۇرغانلىقىنى يادىغا ئالدى - دە، ئالدىراپ ئۆيگە ماڭدى. ئۇنىڭ دالان ئۆيى ئۇزۇن بولغاچقا، سارايغا كىرگىچە خېلى ماڭاتتى.ساراي ئۆيدىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى تېخىمۇ بەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ساراي ئۆيىنىڭ ئىشىكىگە يېقىنلاپ قالغانلىقىنى سەزگەن ساراي ئۆيدىكى بىر خىزمەتچى ئايال ئىشىك ئالدىغا چىقىپ بېشىنى سىلىپ جىم تۇردى. ئۇنىڭ كەيپىياتىمۇ تالادا ساقلاپ تۇرغان ئايال خىزمەتچىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ،

ھەتتا ھاكىمغا سالام قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ جىم تۇراتتى.

چيەن دارىن سارايغا كىرىپ كەلدى. لېكىن دارىن خېنىم بىلەن كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى سەزمەي تۇۋلىشىۋەردى . دارىن خېنىم ۋارقىراش - جارقىراشتىن زېرىككەندەك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلىدى، ئوغلى ئاپىسىغا ۋارقىراۋەردى. چيەن دارىن دارىن خېنىمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئوغلى دادىسىنى كۆرۈپ ۋارقىراشتىن توختىدى. يىغلاۋاتقان دارىن خېنىم ئوغلىنىڭ ۋارقىراش - جارقىراشتىن توختىغانلىقىنى بىلىپ، يېنىدا ئېرىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:

— سىز نەگە كەتتىڭىز؟ — دەپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ يىغلاپ كەتتى.

چيەن دارىن ئوغلىغا قارىدى، ئوغلى ئاپىسىغا تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالدى. چيەن دارىن ئايالىغا ۋە ئوغلىغا قاراپ ھەيران بولۇۋاتسىمۇ، ئالدىراپ گەپ سورىماي، ئۇستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. خىزمەتچى ئايال دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. چيەن دارىن بېشىدىكى مەنسەپ بۆكىنى ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى. خىزمەتچى ئايال بۆكنى ئېلىپ ئۇستەلنىڭ كەينىدىكى تار شىرەنىڭ ئۈستىگە قويدى. ئاڭغىچە يەنە بىر خىزمەتچى ئايال ئۇلارغا چاي كەلتۈردى. لامپىنىڭ يورۇقىدا چيەن دارىننىڭ دۈپ - دۈگىلەك سىيلىق تاقىر بېشى پارقىراپ كەتتى.

چيەن دارىن چاينى بىر - ئىككى يۇتۇم ئىچىپ ئايالىدىن سورىدى:

— نېمە ئىش بولدى؟

دارىن خېنىم ئوغلىغا بىر قاراپ قويۇپ:

— قارىمامدىلا، بۇ ئەتىۋارلىق ئوغۇللىرى «شۆتاڭغا ئەمدى بارمايمەن» دەپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

چيەن دارىن ئوغلىغا قارىدى. ھېلىغىچە ئۇلارغا تەتۇر قاراپ تۇرغان ئوغلى ئەمدى بېشىنى سىلىغۇالغانىدى. ئۇ ئوغلىنىڭ قاچان بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ شۆتاڭنى پۈتتۈرۈۋېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. لېكىن ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئۆتەلمەي كېلىۋاتاتتى. نېمىلا بولمىسۇن، ئۇ شۆتاڭدا تۇرۇۋېرسە، شۇ سەۋەبلىك بىلىمىنىڭ ئېشىپ قېلىشىنى ۋە ئەخلاق ـ پەزىلەت ئۆگىنىپ قېلىشىنى كۈتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ ھازىرچە شۆتاڭنى پۈتتۈرمىگىنىگە ئانچە غەم قىلىپمۇ كەتمىگەنىدى. بۇ يىلمۇ «شۆتاڭغا بارىدۇ» دېگەن ئويدا ئىدى. ئەمما ئوغلىنىڭ ھازىرقىدەك «شۆتاڭغا بارمايمەن» دەپ ئاپىسى بىلەن جېدەللىشىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئوغلى ھازىر خۇددى «مېنىڭ توغرا» دېگەندەك قىلىپ تەتۈر قاراپ تۇراتتى. شۇڭا چيەن دارىن ئوغلىنىڭ نېمىشقا مەكتەپكە بارمايدىغانلىقىنى ئايالىدىن سوراپ باقىسى كېلىپ:

— نېمىشقا شۆتاڭغا بارمايدىكەن؟ — دېدى.

ئايالى ئوغلىغا ئاچچىق بىلەن بىر قارىۋېتىپ، ئاندىن چيەن دارىنغىمۇ ئاچچىق قىلغاندەك:

— نېمىشقا بولاتتى، سىز ئۆتكەندە ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن بارغاندا ئوغلىڭىزنىمۇ ئالغاچ بېرىپتىكەنسىز، شۇ چاغدا ئوغلىڭىز ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ۋاڭ شىئېرغا كۆزى چۈشۈپ قاپتىكەن، شۇندىن بېرى «ۋاڭ شىئېرنى ئالىمەن» دەپ يۈرگەن. بۇ گەپنى دەسلەپ ئاڭلىغاندا، «بوپتۇ، ۋاڭ شىئېرنى ساڭا ئېلىپ بېرىمەن» دەپ قويۇپتىمەن. ئوغلىمىز شۆتاڭدا ئوقۇۋاتقان بولغاچقا، دېگەن گېپىمنى كېيىن ئويلاپمۇ كەتمەپتىمەن. ئەمدى شۆتاڭغا بارىدىغان چاغدا «ئوقۇشقا بارمايمەن، توي قىلىمەن» دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ. مانا شۇ ئىش بىلەن باياتىن بېرى ئىككىمىز تۇۋلىشىپ كەتتۇق، — دېدى ئايالى ئىككى خىزمەتچىسىنى كۆرسىتىپ، — مەن ئوغلۇمنىڭ

بۇنچىلىك جاھىللىقىنى ئىلگىرى زادى بىلمەپتىكەنمەن، مانا ...
بۇ خىزمەتچىلەردىن سوراپ بېقىڭ، ئۇلار ھەممىنى كۆردى.
چيەن دارىن ئۇلارغا قارىدى. ئۇلار دارىن خېنىمنىڭ گېپىنى «راست» دېگەندەك قىلىشىپ جىم تۇرۇشۇپ، بىردەمدىن كېيىن ھاكىم ئالدىدا تۇرۇۋېرىشتىن قورۇنۇپ بىر - بىرىگە شەرەت قىلىشىپ، ئىككىسى تەڭلا سارايدىن چىقىپ كەتتى. ساراي تېخىمۇ جىمىپ كەتتى. ئايالى ئېرىنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. چيەن دارىن ئايالىغا قاراپ:
— تاماق تەييار بولغاندۇ؟ — دېدى.
دارىن خېنىم ئۇنىڭ شۇنچىۋالا جېدەل - ماجىرا بولغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ قىلچە پەرۋا قىلمايۋاتقانلىقىغا ھەيران بولدى. چيەن دارىن «تاماق قېنى» دېگەندەك قاراپ تۇراتتى. دارىن خېنىم ئىلاجسىز دالانغا قاراپ:
— تاماق كەلتۈرۈڭلار! — دەپ توۋلىدى.
خىزمەتچىلەر كىرىپ ئۈستەل تەييارلاپ، تاماقلارنى ئەكىردى. ئاڭغىچە چيەن دارىن مەنسەپ كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ ئاق كۆڭلەك، قارا كەمزۇل بىلەن ئولتۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ ئايالىمۇ، ئوغلىمۇ خۇددى مەجبۇرلىغاندەك خۇشياقماسلىق بىلەن ئۈستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. چيەن دارىننىڭ قورسىقى تازا ئاچقانىدى، شۇڭا ئۈستەلگە ئولتۇرۇپلا تاماق يېيىشكە باشلىدى. لېكىن ئايالىنىڭ تاماق يېگۈسى كەلمەي، ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن بىر - ئىككى چوكا ئېلىپ قويۇپلا ئۆزىنى چايغا زورلاپ ئولتۇردى. ھەتتا يەپ تويماس كىچىك بايۋەچچىمۇ خۇددى تاۋى يوق ئادەمدەك ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ئېغىز تېگىپ دادىسىغا يەر تېگىدىن قاراپ، دادىسىنىڭ نېمە دەپ ئاچچىق قىلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتاتتى. پەقەت چيەن دارىنلا ئىشتىھا بىلەن تاماق يەۋاتاتتى. خىزمەتچىلەر ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بولۇپلا نېرىغا بېرىپ

جىم تۇرۇشتى. مانا بۇگۇن ناھىيىنىڭ ھۆكۈمرانى چيەن دارىننىڭ ئۆيىدە تۇنجى قېتىم جىمجىت تاماق يېيىلدى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ، كۆكتە يۇلتۇزلار چاقناشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭ بېسىقىپ، چيەن دارىننىڭ باغلىق ھويلىسى جىمجىتلىققا چۆمدى. چيەن دارىن ئۆينى ئايلىنىپ ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ئايالى تېخى ئۇخلىمىغان بولسىمۇ، ئاللىقاچان تۆشەككە كىرىپ چىمىلدىقنى ياپماي ئېرىگە قاراپ تۇراتتى. لېكىن چيەن دارىن چوڭقۇر خىياللار بىلەن ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇ ئوغلى توغرۇلۇق بىرەر قارارغا كەلمىگىچە زادى ئۇخلىمايدىغاندەك قىلاتتى. بىر چاغ بولغاندا بېشىنى سىيلىغىنىچە ئايالىنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى. ئايالى سۇرۇلۇپ ياتتى. دارىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئايالى ئۇنى «ئەمدى گەپ قىلىدىغان بولدى» دەپ ئويلاپ خۇش بولدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، دادا بولغان ئادەم ئوغلىغا ئاچچىق قىلىپ گەپ قىلىپ ئوغلىنى شۆتاڭغا كىچىكتۇرمەي ماڭدۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئەمدى بايىقىدەك كۆڭۈل ئاغرىقى بولماسلىقى كېرەك ئىدى. لېكىن چيەن دارىن:
— ئوغلۇمنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ ياخشى بوپتۇ، — دېدى.
چيەن دارىن ئۇ ئۇمىد قىلغان گەپنى قىلمىغاچقا، ئايالى ھەيران بولۇپ، سۇرۇلۇپ يوتقاندىن يېرىم چىقىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ يېرىم يالىڭاچ كۆكسى كۆرۈنۈپ قالدى.
— ۋاي، نېمە دەۋاتىسىز، ئوغلىمىز شۆتاڭنى تاماملىماي، تېخى ئەقىل - پاراسەت يۇقتۇرماي توي قىلىۋالسۇنمۇ؟ — دېدى دارىن خېنىم ۋە خىجىل بولۇپ كۆكسىگە يوتقاننى يېپىۋالدى.
— مېنىڭ بايا ئوغلۇمغا ئاچچىق قىلماي ھېلىغىچە ئويلىنىپ كەتكەنلىكىم دەل ئوغلىمىزنىڭ ئەقىل - پاراسىتىنىڭ يوقلۇقىدا،

ئوغلىمىزنىڭ مىڭىسى تازا ئىشلەپ كەتمەيدۇ، شۇڭا خالىغىنىنى قىلىۋاتىدۇ. ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ئەقىللىق قىز، ئەگەر ئوغلىمىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلسا، ئوغلىمىزنىڭ بارلىق ئەيىبى يېپىلىپ كېتىدۇ.

— ياق، ئوغلىمىز شۇتاڭدا جىقراق ئوقۇمىسا بولمايدۇ. ئۇ خىيالىغا كەلگەننى قىلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئوقۇپ بىلىم ئالمىسا، كېيىن بىزنىڭ يۈزىمىزنى تۆكۈپ قويىدۇ. بىزنىڭ ھەرقانچە مال - بىساتىمىز بولغىنى بىلەن بۇزۇپ - چېچىپ تۈگىتىدۇ. ھېلىمۇ ھاراقكەش ئاغىنىلىرىنى كەينىگە سېلىپ بۇزۇپ - چاچقىنى ئاز ئەمەس. ھازىر ئوغلىمىزنىڭ كاللىسىغا ئۆزى ئىشلەپ مال - دۇنيا تېپىش دېگەن ئوي زادىلا كەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ ئوغلىمىز شۇتاڭدا يەنە بىرنەچچە يىل تۇرسىمۇ مەيلى، موللىسىنىڭ تەربىيىسىدە بىلىم، ئەخلاق ئۆگىنىپ قالار. ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى تېخى كىچىك، كېيىنرەك بولسىمۇ تويىنى قىلساق بولىۋېرىدۇ. . .

چيەن دارىن ئايالى دېگەنلەرنى باياتىن خېلى چوڭقۇر ئويلىغانىدى. لېكىن ئوغلىنىڭ ھازىرقى خۇي - پەيلىنى، قىلغان - ئەتكەنلىرىنى ئويلىمىسا بولمايتتى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئوغلىمىز ئالمەن دېگەن قىزغا بىز ماقۇل دەيلى، لېكىن بىر ئامال قىلىپ ئوغلىمىزنى شۇتاڭغا ئوقۇشقا يولغا سالايلى.

— ياق، ئەگەر ئوغلىمىز ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىغا ماقۇل بولغانلىقىمىزنى ئاڭلاپ قالسىلا «توي قىلىمەن» دەپ تۇرۇۋېلىپ، شۇتاڭغا ھەرگىز بارمايدۇ. ئۇنىڭغا توي قىلىدىغان گەپنى ھەرگىز دېمەي، شۇتاڭغا يولغا سالايلى. بايا سىز جېدەلنى كۆرمىدىڭىز، مەن ئوغلۇمنىڭ خۇي - پەيلىدىن قورقتۇم. بەكمۇ تەرسا ئىكەن، تاس قالدى مېنى ئۇرغىلى.

— مىجەزى ئاشۇنداق تۇرسا، «سېنىڭ راست» دېمىسەك

ئۇنى قانداق قىلىپ گەپكە كىرگۈزەلەيمىز، خوتۇن؟
بۇ گەپ بىلەن ئايالى يوتقاننى ئېگىزرەك تارتىپ تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ، ئوغلىنىڭ كەم ئەقىل ئىكەنلىكى ئۈچۈن شۆتاڭدا جىقراق ئوقۇشىنى ئۈمىد قىلسىمۇ، تەرسا، پاراسەتسىز ئوغلىنىڭ مىجەزىدىن بېشى قېتىپ ئېرىنىڭ سۆزىنىڭمۇ ئورۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. چيەن دارىننىڭ خىيالىچە ئوغلى ۋاڭ شىئېر بىلەن توي قىلسا، ئوغلىنىڭ پاراسەتسىزلىكى يېپىلىپ كېتەتتى ھەم ۋاڭ بېگىم ئابرۇيلۇق باي كىشى بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇدا چۈشۈشكە دەرىجىسى مۇۋاپىق كېلەتتى. چيەن دارىن ھاكىم بولغىنى بىلەن دۇنيا - بىساتى كۆپ ئەمەس ئىدى. ۋاڭ بېگىم بولسا سۇيى ئەلۋەك بىر يېزىنىڭ يەرلىك خاقانى ئىدى. شۇڭا ئوغلىنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىغا كۆزى چۈشۈپ قالغانلىقىدىن خۇشمۇ بولدى، ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىپ قېلىشنى ئۈمىد قىلدى:
— خوتۇن، سەن بېشىڭنى ئانچە قاتۇرما، ئوغلىمىزنى ئامال قىلىپ شۆتاڭغىمۇ ئەۋەتىمىز، نېسىپ بولسا ۋاڭ بېگىم بىلەنمۇ قۇدا بولىمىز.
— ئوغلىمىزنى قانداق قىلىپ شۆتاڭغا ئەۋەتىشنى ئويلاۋاتىسىز؟
— بۇنىڭ ئامالى ئوڭاي، ئوغلىمىزغا «بوپتۇ، سەن دېگەن قىز بىلەن تويۇڭلارنى قىلايلى، لېكىن سەن ھازىرچە شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇشۇڭنى ئوقۇۋەرگىن، قىز تەرەپ ماقۇل بولغاندا سېنى شۆتاڭدىن چاقىرىپ كېلىپ تويۇڭنى قىلىپ قويىمىز» دەيمىز. ئۇ چاغدا ئوغلىمىز شۆتاڭغا بېرىشقا ئۇنايدۇ.
— ھەي تاڭەي، بايا ئۇ «ئەگەر ۋاڭ شىئېر بىلەن توي قىلمىسام ھېچ يەرگە بارمايمەن» دېگەن.
— بۇنىڭمۇ ئامالى بار، — دېدى چيەن دارىن ئايالىنىڭ دولىسىنى سىيلاپ، — ئوغلىمىزنىڭ ئالدىدا جاڭ خېنىمنى

ئەلچىلىككە ئەۋەتىدىغان بولغانلىقىمىزنى ئۆزىگە دەيمىز، ئۇ چاغدا ئوغلىمىز ئىشىنىپ شۆتاڭغا ئوقۇشقا كېتىۋېرىدۇ...

دارىن خېنىم ئوغلىدىن يەنە ئەنسىرەيتتى.

— ئوغلىمىزغا «ۋاڭ شىئېر بىلەن توي قىلىدىغان بولدۇڭ» دېگىنىمىز بىلەن تويىنى قىلماي ئۇنىڭدىن قۇتۇلالارمىزمۇ؟

— ئوغلىمىزغا مۇشۇنداق دەپ ئۇنىڭ كەيپىياتىنى باسمىساق نېمە ئامال؟ ھېچبولمىغاندا ئاشۇنداق دەپ تەۋەككۈل قىلىپ باقمايمىزمۇ. ھازىر قاتتىق گەپ قىلىش، ئاچچىقلاش ھەتتا ئۇرۇش، تىللاش بىلەن ئۇنى باسقىلى بولمايدۇ، پەقەت چىرايلىق گەپ بىلەن ئالداپ بېقىش لازىم.

دارىن خېنىم بۇ گەپتىن خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئوڭشىلىۋاتقانلىقىغا قاراپ چيەن دارىنمۇ خۇش بولۇپ، چىراغنى ئۆچۈرۈشكە ماڭدى.

# سەككىزىنچى باب

# ۋاڭ خېنىمنىڭ باراتنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنلىكى

بۈگۈن تۇرداخۇننىڭ مويكىسىدا، تۇنجى قېتىم يۈيۈپ - تازىلاپ يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يۇڭ - تېرىلەرنى باقتۇغا ئاپىرىپ روسىيىگە ئۆتكۈزۈپ ئورنىغا ئالماشتۇرۇپ كېلىنگەن زاۋۇت ماللىرى يەرمەنكە قىلىپ سېتىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ چېگرا سودىسىدا سېتىۋالغان ماللىرى يولدا كېلىۋېتىپتۇ، دېگەن خەۋەر ناھىيىگە خېلى بۇرۇنلا يېتىپ كەلگەن، بۇنىڭدىن ھەتتا يىراق يېزا - قىشلاقتىكىلەرمۇ، قوشنا ناھىيىدىكى سودىگەرلەرمۇ خەۋەر تاپقانىدى. شۇڭا بۈگۈن يەرمەنكە ئېچىلغان كۈنى مويكا ھويلىسىدا ئادەملەر تىقما - تىقماق بولۇپ سودا قىلىشىۋاتاتتى. مويكىنىڭ بۇ كەڭ ھويلىسىنى چۆرىدەپ ھەم ئوتتۇرىغىمۇماللار تىزىلغانىدى. كىشىلەر ماللارنى ئالا قويماي دېگۈدەك بىر چەتتىن كۆرۈپ، بىر چەتتىن سېتىۋالماقتا ئىدى. بولۇپمۇ دېھقان - چارۋىچىلار ئۆزلىرىدە يىغىلىپ قالغان يۇڭ - تېرىلەرگە ئالماشتۇرۇپ كېلىنگەن زاۋۇت ماللىرىنى كۆرۈپ، خۇددى ئۆزلىرى ئالماشتۇرۇپ كەلگەندەك خۇش بولماقتا ئىدى. يەرمەنكىگە قويۇلغان چىنە - قاچا، قازان - قومۇچ، چېلەك، چۆگۈن، داس، تۆمۈر - قاچىلىرلار، ھەر خىل رەڭگارەڭ يۇڭ، پاختا گەزماللار، دەپتەر - قەلەم، سەرەڭگە، سوپۇن، قەنت - ناۋات، كەمپۈت، ئىگىرگەن رەڭلىك يىپ قاتارلىق ھەر خىل

ماللار كۆزنى قاماشتۇرۇپ، كىشىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. بەزى تاۋارلارنى بۇ ناھىيىنىڭ ئادەملىرى تېخى كۆرۈپ باقمىغانىدى. يىراق يېزا ۋە تاغدىن كەلگەنلەر قەنت - گېزەكلەرنى قىزىقىپ سېتىۋالماقتا ئىدى. گەزمال قويۇلغان يەردە ئاياللار كۆپ ئىدى. توپ - توپ گەزماللارنىڭ ئۈستىدە ئايخان بىلەن ماشا تۇراتتى. ئايخان گەزماللارنى قولىغا ئېلىپ كەڭ ئېچىپ خېرىدارلارغا كۆرسىتىۋاتاتتى. ماشا بولسا گەز تۇتۇپ ماللارنى ماختاپ چۇشەندۇرۇۋاتاتتى. تۇران تۆۋەندە خېرىدارلاردىن پۇل يىغماقتا ئىدى. بولۇپمۇ ماشا ئۆز ۋەتىنىدىن كەلگەن ماللارنى بىر - بىرلەپ ئېچىپ كۆرسىتىپ خېرىدارلارنى جەلپ قىلماقتا ئىدى. بىر چەت ئەللىكنىڭ بۇ كىچىك يەرمەنكىدە مال سېتىۋاتقانلىقىغا خېرىدارلار تېخىمۇ قىزىقىپ قالغانىدى. سودا بەكمۇ قىزغىن بولدى. زاۋۇت گەزماللىرى سۈپەتلىك، سېپتا توقۇلغاچقا، خېرىدارلار بىرىنى ئالسا يەنە بىرىنىمۇ قوشۇپ ئالاتتى. بەزىلىرى ئۇنداق گۈللۈكنى ئالسا، يەنە بەزىلىرى بۇنداق گۈللۈكىنىمۇ قوشۇپ ئالاتتى. قىردىن كەلگەن خېرىدارلار چىبەرقۇتقا ئامراق ئىدى. ئۇلار چىبەرقۇتنى توپ - توپلاپ ئالماقتا ئىدى.

تۇيۇقسىز خېرىدارلار ئارىسىدا «نېرى تۇرۇڭلار، نېرى تۇرۇڭلار!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بەزىلەر بۇ ئاۋازنى ئاڭلىمىغاندەك ئۆز سودىسىنى قىلىۋەردى. ئاۋازنى ئاڭلىغانلار بولسا سودىسىنى توختىتىپ ئەتراپقا قاراشتى. مويكا دەرۋازىسىدىن بىر توپ ئاياللار كىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار رەڭگارەڭ كىيىنگەن، چاچلىرىنى ئۆرە قىلىپ تاراپ، گۈل ۋە ئالتۇن - كۈمۈش قىسقۇچ تاقىغانىدى. ئۇلار يېتىپ كەلگىچە گەزماللارنىڭ يېنىدىكى خېرىدار ئاياللارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بۇرۇلۇپ ئۇلارغا قارىشىپ تۇردى. ھەتتا تۆمۈر - تەسەك سودىسى قىلىۋاتقان ئەرلەرمۇ سودىسىنى توختىتىپ ئۇلارغا قاراشتى.

ئۇلار يۇرت ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاياللىرى بولۇپ، ئادەتتە ئۇلار بازارغا كۆپ چىقمايتتى. ئەگەر بازارغا چىققۇدەك بولسا، چۆرە - ھەمراھلىرىنى ئېلىپ مۇشۇنداق ياسىنىپ، بىر توپ بولۇپ چىقاتتى. شۇڭا ئۇلار بازارغا چىقسا ھەممە ئادەم قاراپ قېلىشاتتى. ئۇلار ناھىيىنىڭ ھاكىمى چيەن دارىنىڭ ئايالى دارىن خېنىم، ناھىيىنىڭ تەپتىش بېگىنىڭ ئايالى جيا خېنىم، جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئايالى جاڭ خېنىم ھەم ۋاڭ بېگىمنىڭ ئايالى ۋاڭ خېنىم بىلەن قىزى ۋاڭ شىئېر ئىدى. ئۇلار بۇ بىر توپ ئاياللار ئارىسىدا خۇددى تىزىپ قويغان گۇلدەك ئالاھىدە كۆرۈنۈپ كەتتى. ۋاڭ خېنىمنىڭ يېنىدا ئايال غوجىدار بەي ئاغىچا بار ئىدى. ۋاڭ شىئېرنىڭ يېنىدا دوستى دۇ قىزچاق بار ئىدى. ئادەتتە ئۇ تۆتى بىر يەرگە بارسا بىللە بېرىشاتتى. چيەن دارىن بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئايالى سېمىزرەك ھەم بويلۇقراق ئىدى. لېكىن جيا خېنىم بىلەن جاڭ خېنىم ئورۇق بولۇپ، بىللە كېلىۋاتقان سېمىز ئاياللار قاتارىدا ئۇلار تېخىمۇ ئورۇق كۆرۈنەتتى. ئۇلار بۇگۈن مويكىدا يەرمەنكە بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ بىر - بىرىگە خەۋەر قىلىشىپ، تەڭ كېلىشكەنىدى. ئەمەلدارلارنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ مويكىغا كېلىشى يەرمەنكىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇۋەتتى. بارلىق خېرىدارلار ئۇلارغا يول بوشىتىپ بەردى. ئالدىراپ سودا قىلىۋاتقانلارمۇ سودىسىنى بىردەم توختىتىپ ئۇلارغا قارىشاتتى. خېنىملار يەرمەنكىنىڭ باشقا يەرلىرىنى چاپسان - چاپسان ئايلىنىپ گەزمال سودىسى بولۇۋاتقان يەردە توختاپ، ھەر خىل رەڭلىك گەزماللارغا قىزىقىپ قاراپ قېلىشتى. زاۋۇت گەزماللىرى خېنىملارغا بەكمۇ ياراپ، تۇتۇپ كۆرۈپ باقتى، ئۇچىسىغا ئارتىپمۇ كۆرۈپ باقتى. ئالدىراپ گەزمال سېتىۋاتقان ئايخان، ماشا ۋە تۇرانلار باشقىلار بىلەن قىلىۋاتقان سودىنى توختىتىپ، خېنىملارنىڭ ئالدىغا كەلدى. گەرچە خېنىملارغا گەزماللار ئىنتايىن ياراپ

سېتىۋالغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ساتقۇچىلار بىلەن بىرەر ئېغىز بولسىمۇ سۆزلىشەلمەيتتى. ساتقۇچىلار ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلسىمۇ، ئۇلار كۆلۈمسىرەپ تۇرۇشاتتى. باشقا خېرىدارلارمۇ ئۇلارنىڭ جىمجىت بىر - بىرىگە قاراپ تۇرۇشىغا سۈكۈت قىلغاندەك جىم بولۇپ قېلىشتى. لېكىن ئەقىللىق تۇران ئاپىسى ۋە ماشاغا «سىلەر بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن بارات ئاكامنى باشلاپ كېلەي» دەپ قولىدىكى پۇلنى ئاپىسىغا تۇتقۇزۇپ، خېرىدارلار ئارىسىدىن ئۆتتى. ئۇ هويلىنىڭ نېرى تەرىپىدىكى بىر نەۋرە ئاكىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— ئاكا، خېنىملار كەلدى، ئاپام بىلەن ماشا ئاچام خەنزۇچىنى بىلمىگەچكە سودا قىلالمايۋاتىدۇ، سەن بېرىپ ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئۆرۈپ بەرگىنە، — دېدى.

بارات كىشىلەرنىڭ يۈك - تېرىلىرىنى ئالدىراشلىق بىلەن ئۆتكۈزۈۋېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ ئامالسىزلىقتىن:

— بۇرادەرلەر، خاپا بولماي سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇڭلار، مەن خېنىملارنىڭ ئالدىغا بېرىپلا كېلىمەن، — دەپ قولىدىكى دەپتەر - قەلەمنى گىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ، تۇران بىلەن ئالدىراپ ماڭدى. ئۇلار خېنىملارنىڭ ئالدىغا كېلىشىگە ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا:

— ئاپا، ئاكامنىڭ شۆتاڭدىكى ساۋاقدىشى بارات دېگەن بالا مۇشۇ، — دېدى.

ئاڭغىچە بارات كېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا توختىدى. ۋاڭ خېنىم باراتنىڭ ئىسمىنى ئۆيدە ئوغلى ۋاڭ مىڭئېردىن كۆپ ئاڭلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى كۆرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى بىر كۆرۈپ بېقىشنى ئويلاپ يۈرەتتى. مانا هازىر ئۇ كۆرۈشنى ئۈمىد قىلغان بالا ئالدىدا تۇرىدۇ. ئۇ باراتقا سەپسالدى، بارات ئۇلارغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، باشقىلارمۇ ئۇلارغا قاراپ قېلىشقانىدى. ئايخان باراتنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بالام بارات، خېنىملار بىزنىڭ تىلىمىزنى بىلمەيدۇ، بىز هازىر گاچىلا بولۇپ قالدۇق، مانا ماشا ئاچاڭمۇ تۇرۇپ قالدى، گەپلىرىمىزنى ئۆرۈپ بەرگىنە، — دېدى.

بارات خېنىملارغا قارىدى. خېنىملار خېلىدىن بېرى ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشقانىدى. بارات ساۋاقدىشىنىڭ ئاپىسى ۋاڭ خېنىمغا سالام بېرىپ ئاندىن:

— ۋاڭ خېنىم، نېمە دېمەكچىسىز؟ — دەپ سورىدى.

— بارات، قىزىمدىن ئاڭلىسام سىز ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ساۋاقدىشى ئىكەنسىز، مەن سىزنىڭ ئانىڭىز ئورنىدا دېسەممۇ بولىدۇ، سىزنىڭ گېپىڭىز بىزنىڭ ئائىلىدە كۆپ بولىدۇ، لېكىن مەن سىزنى ئىلگىرى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم. بۇنى ئاڭلاپ دارىن خېنىم ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— ۋاي... ۋۇي، دارىن بېگىمنىڭ «مەھكىمىگە تۇڭچى قىلىۋالىمەن» دەپ يۈرگەن ئۇيغۇر بالىسى مۇشۇ ئىكەندە، — دېدى ۋە باراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — قارىمامدىغان بۇ بالىنىڭ ئۆزلىقىنى، — دەپ قوشۇپ قويدى.

دارىن خېنىمنىڭ ماختىشىنى ئاڭلىغان جاڭ خېنىم باراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— پاھ... پاھ... بۇ نېمە دېگەن قاملاشقان يىگىت، مەردىنىڭ ئىسسىقلىقىنى قارىمامدىغان، — دەپ زوق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ كەتتى.

خېنىملار ئۆز تىلىدا سۆزلىشىۋاتقاچقا، ئەتراپتا قاراپ تۇرغانلار ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىكىنى زادىلا بىلمەيتتى. لېكىن خېنىملارنىڭ ماختىشىدىن بارات خىجىل بولۇپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى ھەم يۈزىمۇ قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭغا تازا سەپسالغان جيا خېنىم:

— بۇ بالىنىڭ يۈزى تۆۋەنلىكىنى قارىمامدىغان، راستىنلا

ماختىغىچىلىكى بارىكەن بۇ يىگىتنىڭ، — دېدى.

خېنىملار شۇ تەرىقىدە بارات بىلەن ئۆزلىرىچە پاراڭلىشىپ كەتتى. گەرچە ئايخان ئۇلارنىڭ گېپىنى چۈشەنمىسىمۇ، خېنىملارنىڭ باراتنى ئۆز كۆرۈپ پاراڭلاشقانلىقىغا خۇش بولدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا ھەيران بولۇشۇپ قاراپ قىلىشقانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىۋاتقانلىقىنى بىلەلمىگەن ماشا:

— بارات، دېگىنە، بۇ مېھمانلار نېمە دەيدۇ؟ — دېدى.

خىجىل بولۇۋاتقان بارات ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ:

— ماشا ئاچا، مەن ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ شۆتاگدىكى ساۋاقدىشى ئىدىم، شۇڭا ئۇلار مېنى تونۇيدىغانلىقىنى دېيىشىۋاتىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا بۇ خېنىملارنى بىزگە تونۇشتۇرغىن، — دېدى ماشا خېنىملارغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ.

بارات خېنىملارغا بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ گېپىدىن كېيىن خېنىملار ھەم ئۇلارنىڭ چۆرە - ھەمراھلىرى ئايخان، ماشا ۋە تۇرانغا قاراپ خۇش چىراي ئېچىپ سالام بېرىشتى. ئايخان، ماشالارمۇ ئۇلارغا سالام بەردى. بارات تۆت خېنىمنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئەڭ ئاخىرىدا ۋاڭ شىئېرنى كۆرسىتىپ:

— بۇ ساۋاقدىشىم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ سىڭلىسى، ۋاڭ خېنىمنىڭ ئەتىۋارلىق قىزى بولىدۇ، — دېدى.

ئايخانلار ۋە ئەتراپتىكى خېرىدارلار ۋاڭ شىئېرغا باشقىدىن قاراپ كېتىشتى. ئۇ بوگۇن ياسىنىپ كەلگەچكە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مېھمانلارنىڭ كۆزلىرىمۇ ۋاڭ شىئېرغا تىكىلىپ قېلىشتى. لېكىن دارىن خېنىم ئۇنىڭغا قاراۋېتىپ، ئوغلىنىڭ قايسى كۈندىكى خاپىلىقى يادىغا كېچىپ، مۇنداق بىر چىرايلىق، چېچەن قىز ئۆزىنىڭ غەرەز ئۇقمايدىغان ئوغلىغا تېگىشكە ماقۇل بولارمۇ دەپمۇ ئويلاپ، ئىختىيارسىز بىر ئۇلۇغ - كىچىك

تىنىپ، ئۈمىدسىزلەنگەندەك بولدى، ئەمما «ئاتا - ئانىسىنى ماقۇل كەلتۈرسەك، قىزىمۇ ئۇناپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئىشەنچكە كېلىپ چىرايى بىردىنلا ئېچىلىپ، ۋاڭ شىئېرغا زوق بىلەن قاراپ كەتتى. ماشانىڭ تۇيۇقسىز دېگەن سۆزى ئاردىكى جىمجىتلىقنى بۇزۇۋەتتى:

— بارات، مېھمانلارغا دېگىنە، ئۇلار قايسى گەزماللاردىن ئالىدىكىن؟

بارات ئۇنىڭ سۆزىنى خېنىملارغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. لېكىن خۇشخۇي جاڭ خېنىم باراتقا ئايخان، ماشا ۋە تۇرانلارنى كۆرستىپ بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇلار بىلەن بىللە كەلگەن چۆرە - ھەمراھلارمۇ ئۇنىڭ گېپىنى «راست» دېگەندەك باش لىڭشىتىشتى. ماشا قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ كەتكەنلىكىگە ھەيران بولۇپ قاراپ قېلىشتى. بارات ئىشنى چالا قىلغاندەك خىجىل بولۇپ ئايخانغا:

— مېھمانلار سىلەرنى تونۇشتۇرۇپ قويي دەۋاتىدۇ، — دەپ، ئايخاندىن باشلاپ بىر - بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ، ئاخىرىدا بىرنەۋرە سىڭلىسى تۇراننى تونۇشتۇردى. خېنىملار ئايخان ۋە ماشانى تونۇشتۇرغاندا ئانچە دىققەت قىلمىغانىدى. تۇراننى تونۇشتۇغاندا بىر - بىرى بىلەن پىچىرلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ پىچىرلاشلىرى تېخى تۈگىمىگەنىدى، جيا خېنىم تۇراننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ، خۇددى كىچىك بالىنى ئەركىلەتكەندەك بىر نېمىلەرنى دېدى. بارات كۈلۈپ كېتىپ:

— تۇران، سېنى جيا خېنىم «ئەجەب چىرايلىق قىزكەن» دەۋاتىدۇ، — دېدى.

تۇران خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرى دولىسىدىن ساڭگىلاپ چۈشۈپ تىزىغا يېتەتتى، ياندىن قارىسا يۈزىنى توسىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مۇنداق خىجىل بولۇپ تۇرۇشى ئۇنى تېخىمۇ چىرايلىق كۆرستەتتى.

ئەتراپتىكىلەر ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ قىلىشقانىدى. دارىن خېنىم باراتقا بىر نېمىلەرنى دېدى.

— ماشا ئاچا، مېھمانلار گەزمال ئالغىلى كەپتۇ، — دېدى بارات.

ماشا، ئايخان ئۇلارغا «قېنى كۆرۈڭلار» دېگەندەك قىلىپ گەزماللارنى يېيىپ كۆرسەتتى. خېنىملار، چۆرە - ھەمراھلار كېلىپ گەزماللارغا قاراشقا باشلىدى. باشقا خېرىدارلار ئۇلارنىڭ مال تاللىۋېلىشىغا يول قويۇپ بىردەم تۇردى.

بۈگۈن يەرمەنكىگە قويۇلغان ماللار ئىچىدە گەزمالنىڭ سودىسى ئەڭ ياخشى بولدى. يەرمەنكىگە كەلگەن ئاياللار گەزمالنىڭ يېنىدىن نېرى كېتەلمىدى. بولۇپمۇ خېنىملارنىڭ كېلىشى گەزمال سودىسىنى تېخىمۇ قىزىتىۋەتتى. ئۇلارنىڭ سودىسى تۈگىگىچە بارات ئۇلارغا تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى. بىر چاغ بولغاندا خېنىملار سودىلىقىنى قىلىپ بولۇپ، ھەر بىرى بىر بوپىدىن دېگۈدەك گەزماللارنى قولتۇقلاپ ماڭدى. بارات بايا ئۇلارغا تەرجىمان بولۇپ بەرگەن بولسا، ئەمدى ئۆزىنىڭ قويۇشمۇ ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بولدى. چۈنكى مېھمانلار ئارىسىدا ئىككى ساۋاقدىشىنىڭ ئاپىسى بار ئىدى. بولۇپمۇ ئەڭ يېقىن ساۋاقدىشى ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئاپىسى بولغاچقا، مېھمانلارنى ھۆرمەتلەپ ئۇزىتىپ چىقتى. مېھمانلارنىڭ ئۇنى سىرتتىن بولسىمۇ تونۇيدىغانلىقىغا بارات خېلى خۇش بولغانىدى. شۇڭا بارات خۇشلۇقىدا ۋاڭ خېنىمغا گەپ قىلغۇسى كېلىپ تەختىراۋانغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان ۋاڭ خېنىمغا:

— ۋاڭ ئاچا، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۆزىنى مۇنداق يېقىملىق ئاتىغانلىقىنى ئاڭلاپ تەختىراۋاندىن بۇرۇلۇپ باراتقا قارىدى، بارات ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ۋاڭ خېنىم خېلى يىللاردىن بېرى بىرسىنىڭ ئۆزىنى «ۋاڭ ئاچا» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ

باقمىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ يەردە «ئاچا» دەپ ئاتايدىغان ئۇرۇق -
تۇغقانلىرىمۇ يوق ئىدى. دائىم «ۋاڭ خېنىم» دەپ ئاتىلىپ
كۆنۈپ قالغان ۋاڭ خېنىم ئوغلىنىڭ ساۋاقداشلىرىنىڭ «ئاچا» دەپ
چاقىرغانلىقىغا بەك خۇش بولدى. ھەتتا ئالدىدا كۆلۈمسىرەپ
تۇرغان باراتنى خۇددى ئۆز ئوغلىدەك كۆرۈپ سۆيۈنۈپ كەتتى.
چۈنكى ئۇنىڭ ئوغلى بۇ يىل يازلىق تەتىلدىن بېرى كەلمىگەچكە،
ئوغلىنى سېغىنغانىدى.

— ۋاڭ مىڭئېر بۇ يازلىق تەتىلدە كېلەلمەي قالدى ـ ھە،
— دېدى بارات.

ئوغلىنى تولىمۇ كۆرگۈسى كېلىپ تۇرغان ۋاڭ خېنىم
كۆزىگە ياش ئېلىپ:

— شۇنداق بولدى ئوغلۇم بارات، — دېدى ۋە، —
مىڭئېرنى بەك كۆرگۈم كەلسىمۇ، «چامباشچىلىقنى ئۆگىنىمەن»
دېگىنىگە رازىمۇ بولدۇم. لېكىن دادىسىنىڭ ئۇنىڭ بۇ يازلىق
تەتىلدە ئۆيگە كەلمىگىنىگە بەك ئاچچىقى بار... ئادەم
ئەۋەتسەكمۇ كەلمەيۋاتىدۇ، — دېگىنىچە مەڭزىگە چۈشكەن ياشنى
سۈرتۈۋەتتى.

— ۋاڭ ئاچا، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، ئوغلىڭىز ماھارەت
ئۆگىنىشكە بەك ھەۋەس قىلىدۇ. ئۇ دەرستىمۇ شۇنداق ياخشى،
بىز ساۋاقداشلار ئۇنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتىگە بەك ھەۋەس
قىلىمىز. ئۇ ماڭىمۇ تاپانچا ئېتىشنى ئۆگىتىپ قويدى.

— ئاپا، بارات دېگەن ئۇ تاپانچا مەن دادام بىلەن ئۇرۇمچىگە
بارغاندا دادام ئېلىپ بەرگەن تاپانچا شۇ، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

— راست، ۋاڭ بېگىم ئېلىپ بەرگەن تاپانچىسىدا تاپانچا
ئېتىشنى ئۆگىنىۋالدىم...

— سىلەر ياخشى ساۋاقداش ئىكەنسىلەر، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ
ياخشى دوست بولۇڭلار.

ۋاڭ خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرغان جاڭ خېنىم ئۇلارنىڭ گېپىگە
زەن سېلىپ تۇرغانىدى. ئۇ:

— ۋاڭ خېنىم، سىزنىڭ ۋاڭ مىڭئېردەك باتۇر ئوغلىڭىز بارىكەن، — دېدى باشمالتىقنى چىقىرىپ كۆرسىتىپ، — ئوغۇل بالا دېگەن بارغۇ چامباشچىلىق ئۆگىنىشى كېرەك. . . چامباشچىلىق ئۆگەنگەن ئادەم كىشىگە ھەرگىز بوزەك بولمايدۇ دەڭە، مەن لەشكەر بېگىنىڭ ئايالى بولغانلىقىمدىنمىكىن، بىلمەيمەن، چامباشچى ئوغۇللارغا بەك ھەۋەس قىلىمەن.

ئۇنىڭ گېپىدىن ۋاڭ شىئېر خۇش بولۇپ ئاپىسىغا:

— ئەگەر ئاكام ماھارەت ئۆگىنىپ پالۋان بولىدىغان بولسا، مەن ھەممىدىن بەك خۇش بولۇپ كېتىمەن، — دېدى.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى، لېكىن دارىن خېنىم كۈلمەي، بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشنى خالىماي، بېشىنى سالغىنىچە ئۆزىنىڭ تەختىراۋانىغا قاراپ ماڭدى. بەلكىم ئۇ بايا چىرايلىق ۋە ھوشيار ۋاڭ شىئېرنىڭ ئوغلىغا تېگىشكە ماقۇل بولۇشىدىن گۇمان قىلغان بولسا، ئەمدى ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن تېخىمۇ گۇمانسىرىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى قىز بالىنىڭ باتۇرلارنى ماختىشى، قورال توغرۇلۇق گەپ قىلىشىدىن نەزەرىنىڭ قانچىلىك ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

دارىن خېنىمنىڭ تەختىراۋانغا قاراپ مېڭىشى باشقىلارغىمۇ «قېنى يۈرۈڭلار، قايتايلى» دېگەندىن بىشارەت ئىدى. ۋاقىتمۇ خېلى بىر چاغ بولۇپ قالغانىدى. ۋاڭ خېنىم ئايخانلارغا قاراپ:

— بىز كەتتۇق ئەمىسە، — دېدى.

ئايخانلار «خوش» دېيىشتى. خېنىملار تەختىراۋانلارغا چىقىشقا باشلىدى. ئالدىدا دارىن خېنىمنىڭ تەختىراۋانى قوزغىلىپ ماڭدى، كەينىدىن باشقىلارنىڭكى ماڭدى. خېنىملارنىڭ يەرمەنكىگە ئالاھىدە كېلىپ گەزمال سېتىۋېلىشى يەرمەنكە ئۈچۈن ھۆرمەت ئىدى. شۇڭا تەختىراۋانلار قوزغىلىپ دوقمۇشتىن بۇرۇلغىچە ئايخانلار دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ قاراپ تۇرۇشتى.

## توققۇزىنچى باب

# جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكى

جاڭ خېنىم يۇيۇپ قۇرۇغان كىيىملەرنى قاتلاۋېتىپ تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا كېلىپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ، ئېرى ئۇخلاۋاتقان ئۆيگە كىرىپ كەلدى. تۆشەكتە جاڭ لەشكەر بېگى چىمىلدىقنى چۈشۈرمەيلا، چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ياتقىنىچە شۇ پېتى ئۇخلاۋاتاتتى. جاڭ خېنىم ئەسلىدە ئېرىنى ئويغىتىپ قويغىلى كىرگەنىدى. لېكىن ھازىر ئېرىنىڭ «ئويغىتىپ قوي» دېمىگىنى يادىغا كېلىپ، تۆشەك ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئويغىنىدىغاندەك ئەمەس، خۇددى كىچىك بالىدەك ھېچنېمىنى سەزمەي ئۇخلاۋاتاتتى. يېقىندىن بېرى ئۇ لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن ئالدىراش بولۇپ، ئۆيدىن ئەتىگەن چىقىپ كەتسە كەچ قايتاتتى. چۈشتە ھېرىپ - ئېچىپ كېلىپ چۈشلۈك تاماقنى يەپ بىردەم دەم ئېلىۋېلىپ، قاتتىق ئۇخلاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن جاڭ خېنىمغا ئويغىتىپ قويۇشنى تاپىلاپ قوياتتى. لېكىن بۈگۈن ئۇنداق دېمىگەنىدى. جاڭ خېنىم ئېرىنىڭ خىزمەتتە جاپا چېكىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. كۈن بويى دېگۈدەك بىرەر چاتاق كۆرۈلسە لەشكەرلەرنى باشلاپ شۇ جايغا ۋاقتىدا بېرىش،

چارلاش، باندىت ۋە يەرلىك بۇلاڭچىلارنى قوغلاش ھەم لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇش بىلەن بولاتتى. شۇڭا ئىرى بىردەم بولسىمۇ ئۇخلاپ ئارام ئېلىۋاتقانلىقىغا خۇش بولۇۋاتقان جاڭ خېنىم نىرى كەتمەي قاراپ تۇرغاندا، جاڭ لەشكەر بېگى خۇددى بىرى ئۇنى تۇيۇقسىز ئويغىتىۋەتكەندەك كۆزىنى لاپپىدە ئېچىپ، ئالدىدا تۇرغان ئايالىنى كۆرۈپ كۆزىنى ئۇۋۇلىغاچ:

— بۈگۈن تازا قانغىدەك ئۇخلاپتىمەن، — دېدى.

— مەن ئەسلىدە سىزنى ئويغىتىپ قويغىلى كىرىپ، بۈگۈن «ئويغىتىپ قوي» دېمىگەنلىكىڭىز يادىمغا كېلىپ ئويغاتماي سىزگە قاراپ تۇرۇۋۇم، — دېدى جاڭ خېنىم.

— ياخشى قىپسەن، قانغۇدەك ئۇخلاپ ھاردۇقۇم چىقىپتۇ، — دېدى ئۇ غۇلىچىنى بىر كېرىپ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ.

دائىم خىزمەتنىڭلا گېپىنى قىلىدىغان، دەم ئېلىش، ئۇخلاشنىڭ گېپىنى ئاز قىلىدىغان ئېرىنىڭ بۇ گېپىدىن جاڭ خېنىم ھەيران بولدى:

— بۈگۈن چۈشتىن كېيىن لەشكەرلەرنىڭ يېنىغا بارمامسىز؟

— ياق، بارمايمەن، بۈگۈن ئۆيدە ئىشىم بار.

جاڭ خېنىم ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتقاندىن بېرى «ئۆيدە ئىشىم بار» دېگەن گەپنى زادى ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— سىزنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان نېمە ئىشىڭىز بار؟

— راست، بۈگۈن ئۆيدە ئىشىم بار، دەل سەن بىلەن قىلىدىغان ئىش، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى.

— مەن بىلەن بۇ ئۆينىڭ نېمە ئىشىنى تەڭ قىلىسىز؟ — سورىدى جاڭ خېنىم.

— دەل شۇنداق، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى تۆشەكتىن چۈشۈپ پەگانى بىر ئايلىنىۋېتىپ، — بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن

لەشكەرلەرنى مەشىق قىلدۇرۇۋاتسام هاكىم مېنى هۇزۇرىغا چاقىرتىپتۇ. ئۇنىڭ مەھكىمىسىگە باردىم. ئۇ بىر ئىش ئۈچۈن مېنى ئالاھىدە چاقىرتىپتىكەن. ئۇ ئىش سەن بىلەن پۈتمىدىغان ئىشكەن.

— چيەن دارىننىڭ مەن بىلەن پۈتتۈرىدىغان قانداق ئىشى باركەن؟

— شۇنداق، دەل سەن ياردەملىشىدىغان ئىشكەن.

— ئەلچىلىككە بارىدىغان ئىشمىكەن؟ — دېدى جاڭ خېنىم گۇمانسىراپ.

— سەن ھەقىقەتەن ئەقىللىق خوتۇن جۇمۇ، دەل ئۆزىنى تاپتىڭ.

— نەگە ئەلچىلىككە بارىدىكەنمەن؟

— قارا، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭ ئالدىدا توختاپ، — بۈگۈن چيەن دارىن جانابلىرى مېنى چاقىرتىپ، سېنى ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە قىزىنى ئوغلىغا سورىتىپ ئەلچىلىككە بېرىپ بەرسە، دېدى، بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپتە مەنمۇ ھەيران بولۇپ دەرھال «ماقۇل» ياكى «ياق» دېيەلمىدىم. چۈنكى بۇنداق گەپلەر ئاياللار ئارىسىدا بولىدىغان گەپ. لېكىن دارىن جانابلىرىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئوغلى بۇ يىل شۆتاڭغا ئوقۇشقا بېرىشقا ئۇنىمايۋېتىپتۇدەك، نېمىشقا دېسەڭ، ئوغلى ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىنى بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپتۇمىش. «ئەگەر ۋاڭ شىئېرغا ئۆيلەنمىسەم ئالەمنى مالەم قىلىۋېتىمەن» دەپ ئاتا - ئانىسىغا تەھدىت سېلىۋېتىپتۇ... شۇڭا مېنى ئالاھىدە چاقىرتىپ، سېنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچىلىككە بېرىپ بېقىشىڭ توغرىسىدا مەسلىھەت سالدى.

— بۇ ئىشقا مېنى ئوتتۇرىغا سالغىچە دارىن خېنىم بىلەن ۋاڭ خېنىم ئۆزلىرى ئالدىدا كۆرۈشۈپ باقسا بوپتىكەن. ئۇ

ئىككىسى بەك يېقىن دوست خېنىملار، بىر - بىرىنىڭ گېپىنى يەردە قويماس ئىدى.
— بايا چيەن دارىنىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ سەن دېگەن مۇشۇ گەپنى دېدىم. لېكىن چيەن دارىنىنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، دارىن خېنىمنىڭ ۋاڭ شىئېرنىڭ ماقۇل بولۇشىغا ئىشەنچىسى ئانچە يوقكەن. ئەگەر ئۆزى بېرىپ بۇ ئىش ئوڭغا تارتماي قالسا، ئارىلىقتا خىجىلچىلىق بولۇپ قالارمىكىن دېگەن ئوي بىلەن سېنى بېرىپ باقسۇن دەپ، مېنى ئالدىغا چاقىرتقانىكەن.
جاڭ خېنىم ئويلىنىپ قېلىپ ئۆز - ئۆزىگە «ئۆتكەندە مويكىدا ئېچىلغان يەرمەنكىگە بارغاندا دارىن خېنىم ۋاڭ شىئېرغا خۇددى ئىلگىرى زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك نەچچە قېتىم سىنچىلاپ قاراپ كەتكىنى شۇ ئىكەن - دە» دېدى ۋە لەشكەر بېگىگە قاراپ:
— ۋاڭ شىئېر تولىمۇ چىرايلىق قىز بوپتۇ، قىلغان گەپلىرىنىڭ ئوڭلۇقلىقى، بىز يەرمەنكىدىن قايتىدىغان چاغدا ئاكىسى ۋاڭ مىڭئېرنىڭ گېپى چىقىپ قېلىۋېدى، ۋاڭ شىئېر «ئاكام باتۇر، پالۋان بولىدىغان بولسا مەن ئۇنىڭدىن بەك پەخىرلىنىمەن» دەپ ئاكىسىنى ماختاپ كەتتى. مەنمۇ ۋاڭ خېنىمنىڭ ئوغلىنى ماختاپ قويدۇم، لېكىن دارىن خېنىم شۇ چاغدا يېنىمىزدا بار تۇرۇپ گېپىمىزگە زادىلا ئارىلاشماي ئۇدۇل ئۆزىنىڭ تەختىراۋانىغا كەتكەنىدى.
ئۇنىڭ گېپىدىن جاڭ لەشكەر بېگى ئىلگىرى ئاڭلاپ خۇش بولغان بىر ئىش يادىغا يېتىپ دېدى:
— ئاڭلىسام، ۋاڭ مىڭئېر ئۇرۇمچىدە چامباشچىلىق ئۆگىنىۋېتىپتۇ. ئۇ كەلگەندە لەشكەرلىرىمگە مەشىق ئۆگىتىشكە سالىمەن. ھازىر لەشكەرلەر ئارىسىدا چامباشچىلىق بىلىدىغانلار ئاز. بىز بىلىدىغان چامباشچىلىقنىڭ خىللىرىمۇ ناھايىتى ئاز

ھەم كونا. بەلكىم ئۇ كەلسە مېنىڭ ياردەمچىم بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. لەشكەر دېگەن ئۇنىڭغا ئوخشاش چامباشچىلىق ئۆگىنىشكە قىزىقىدىغان بولۇشى لازىم.

— مەنمۇ، — دېدى جاڭ خېنىم، — ۋاڭ خېنىمغا «مەن لەشكەر بېگىنىڭ ئايالى بولغانلىقىم ئۇچۇنمىكىن، چامباشچىلىق بىلىدىغان باللارغا بەك ھەۋەس قىلىمەن» دەپ ئوغلىنى ماختاپ قويدۇم.

— ياخشى دەپسەن، ۋاڭ مىڭئېرنى ھەممە ئادەم ماختايدۇ، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى كۈلۈپ.

جاڭ خېنىم ئەمدى ئەلچىلىككە بېرىش ـ بارماسلىقنى ئويلاپ ئىككىلىنىۋاتاتتى:

— ئەگەر مەن ئەلچىلىككە بېرىپ ئىش ئوڭغا تارتماي قالسا قانداق بولار؟

ئۇنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشقا ئۇنايدىغانلىقىنى پەملىگەن جاڭ لەشكەر بېگى:

— ئىش ئوڭغا تارتمىسا مەيلى ئەمەسمۇ، كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرمەمدۇق. ھازىرقى مۇھىم مەسىلە بىرىنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ كىچىك بايۋەچچىنى شۆتاڭغا ئوقۇشقا ماقۇل ۋۇۋېتىش ئىكەن. دارىن جانابلىرىنىڭ ئوغلى بەك ئەركە بولغاچقا، قىلىمەن دېگەننى قىلىدىغان، يامان ئىشتىنمۇ يانمايدىغان، پەيلى يامان بالا بولۇپ قاپتۇ. شۇڭا ئاتا ـ ئانىسى ئوغلىنىڭ بىرەر يامان ئىش چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدىكەن، — دېدى.

— مېنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشقا ئىككىلىنىۋاتقانلىقىم كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئەل ئىچىدە ئاتىقى يامانراق.

— ھەي خوتۇن، ئۇنى ئويلاپ كەتمە. دارىن جانابلىرى مۇشۇ ئىش ئۇچۇن مېنى ئالاھىدە چاقىرتىپتۇ، سەنمۇ «ماقۇل» دەپ بېرىپ كەلمەمسەن، «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەن گەپ

بارغۇ.

— بوپتۇ، بارسام باراي، قىزى ئۇنىمىسا، ئاتا ـ ئانىسى ئۇناپ قالسا ئەجەب ئەمەس. باللارنىڭ توي ئىشلىرىنى ئاتا ـ ئانىلار بەلگىلەيدۇ ئەمەسمۇ، ئەگەر ۋاڭ بېگىم ئۇناپ قالسا قىزىغا نېمە ئامال؟

جاڭ لەشكەر بېگى ئايالىنىڭ ئەلچىلىككە بېرىشقا ئۇنىغانلىقىغا خۇش بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. لېكىن جاڭ خېنىم «مېنىڭچە بۇ ئىش ئوڭغا تارتمايدىغاندەك قىلىدۇ» دېدى ئۆز ـ ئۆزىگە.

جاڭ لەشكەر بېگى ئايالىنىڭ يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— هەي خوتۇن، ئۇياق ـ بۇيىقىنى تولا ئويلاپ كەتمەي، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلىپ بولسىمۇ ئەلچىلىككە بېرىپ كەلمەمسەن، مەن چيەن دارىنىنىڭ ئالدىدا سېنى «بارىدۇ» دەپ قويۇپتىمەن، — دېدى.

— ئەمىسە باراي، قاچان بارسام بولىدىكەن؟

— قانچە بالدۇر بارساڭ شۇنچە ياخشىكەن، ئەتە بارساڭمۇ مەيلى. ساڭا لەشكەر قوشۇپ بېرىمەن، ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا خۇددى هاكىم مېھمانغا بارغاندەك ھەيۋە بىلەن بارىسەن، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى خۇش بولۇپ.

جاڭ خېنىم كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ مۇنداق كۈلۈمسىرەپ قارىغىنى چوقۇم بارىمەن دېگىنى ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ جاڭ لەشكەر بېگى تېخىمۇ خۇش بولدى.

ئەتىسى جاڭ خېنىم ياساداق مەپىگە ئولتۇرۇپ لەشكەرلەرنىڭ ھىمايىسىدە ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا قاراپ ماڭدى. مەپە قورۇققا ئاز قالغاندا ۋاڭ بېگىمنىڭ جېسەكچىلىرى ئالدىغا چىقتى. مەپىنىڭ ئەتراپىدا لەشكەرلەر بولغاچقا،

جېسەكچىلەرمۇ مەپىنى قوغداپ بىللە كەلدى. جاڭ خېنىم بۈگۈن بېرىپ بۈگۈنلا قايتىپ كەلمەكچى بولۇپ ئەتىگەندە يولغا چىققاچقا، مەپىنىڭ ئاتلىرىمۇ، لەشكەرلەرنىڭ ئاتلىرىمۇ ھېرىپ، قورساق ۋە تېقىملىرى تەرلەپ كەتكەنىدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ يېزىسى ناھىيىدىكى ئەڭ چوڭ يېزا بولۇپ، يېرىمۇ كۆپ ئىدى. دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى يەرلەر ۋاڭ بېگىمنىڭ باشقۇرۇشىدا ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى دەريانىڭ ئاياغ تەرىپىدىكى خان دەپ ئاتايتتى. ئۇ قورۇقنى يېزىنىڭ ئەڭ ئوتتۇرىسىغا سالغان بولۇپ، ناھىيە بازىرىدىن خېلى يىراق ئىدى. ئاتلىق خېلى ماڭغاندا ئاران يېتىپ كېلەلەيتتى. مانا ھازىر ياخشى ئاتلار قوشۇلغان جاڭ خېنىمنىڭ مەپىسى چۈشكە يېقىن قورۇق ئەتراپىغا يېتىپ كەلدى. مەپە ھويلىغا يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا ۋاڭ بېگىمنىڭ ئادەملىرى خەۋەر قىلغىلى ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى. ئېتىز - ئېرىقتا ئىشلەۋاتقانلار ياسىداق مەپىنى كۆرۈپ، قىلىۋاتقان ئىشىنى قويۇپ قاراپ تۇرۇشتى. ئۇزاق ئۆتمەي مەپە قورۇققا كەلدى. ئاڭغىچە ۋاڭ خېنىم چۆرە - ھەمراھلىرى ھەم گاۋ غوجىدار بىلەن ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۈتۈپ تۇرۇشقانىدى. گاۋ غوجىدار خۇددى ئۆزىنى مېھمانغا كۆرسەتكۈسى باردەك ۋاڭ خېنىمنىڭ يېنىدا تۇرۇۋالغانىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى سەزمەي مەپىگە قاراپ تۇراتتى، لېكىن بەي ئاغىچا كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن گاۋ غوجىدارنىڭ ئارىسىغا قىستۇرۇلۇۋالدى، گاۋ غوجىدارمۇ گەپ قىلالمىدى. ۋاڭ خېنىم خۇش بولۇپ بەي ئاغىچىغا كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھازىر ۋاڭ خېنىمنىڭ ئوڭ يېنىدا قىزى ۋاڭ شىئېر، ئۇنىڭ يېنىدا دۇ قىزچاق، سول يېنىدا بەي ئاغىچا، ئۇنىڭ يېنىدا گاۋ غوجىدار قاتار تۇرۇشتى. مەپە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى، ئەسكەرلەر مەپىنىڭ ئورۇندۇقنى ئېلىپ يەرگە قويدى. مەپىنىڭ

پەردىسى ئېچىلىپ جاڭ خېنىم كۆرۈندى، ئۇ يالغۇز ئىدى. ئۇ ئورۇق بولغاچقا، مەپىنىڭ شوتىسىدا ئۆرە تۇرغاندا ئىنچىكە ھەم ئېگىز كۆرۈنۈپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ھەمراھلىرى بىلەن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇنى مەپىدىن ئاستا چۈشۈردى. ئىككىسى سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم:

— جاڭ خېنىم، مەپىڭىزنىڭ يىراقتىن كېلىۋاتقانلىقىنى خىزمەتچىلەر بىزگە خەۋەر قىلغاندا ۋاڭ بېگىممۇ بار ئىدى. لېكىن ئۆيدە مېھمان بولغاچقا ئالدىڭىزغا چىقالمىدى، كەچۈرگەيسىز، — دېدى.

— ئۇنداق بولامدىغان، بىز ئاياللار بىلەن كۆرۈشسەكلا بولىدى، ۋاڭ بېگىم ئاۋارە بولۇپ ئالدىمغا چىقماي ياخشى قىپتۇ.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ، گاۋ غوجىدارغا:

— غوجىدار، مېھماننىڭ مەپە، لەشكەرلىرىنى ئورۇنلاشتۇرغىن، — دېدى.

— خوپ، — دېدى گاۋ غوجىدار ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ تەزىم قىلىۋېتىپ، ئاندىن نېرى تۇرۇپ يول بەردى. ۋاڭ خېنىم چۆرە - ھەمراھلىرى بىلەن جاڭ خېنىمنى ئارىغا ئېلىپ ماڭدى. ئەر خىزمەتچىلەر مەپىكەش - لەشكەرلەرنى باشلاپ كەينىدىن ماڭدى. قورۇق ئالدى قاتار - قاتار ئۆسكەن قارىياغاچلىق ئىدى. قورۇقنىڭ ئىككى دەرۋازىسى بار بولۇپ، ئالدىدىكى چوڭ دەرۋازا يولغا ئۇدۇل قاراپ تۇراتتى. بۇلار چوڭ دەرۋازىدىن كىرىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن يەنە بىر دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. بۇ چوڭ ھويلىنىڭ ئىچىدىكى كىچىك ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئىدى. بۇ دەرۋازىدىن ئۆتكەندىن كېيىن گاۋ غوجىدار مەپىكەش ۋە لەشكەرلەرنى باشلاپ ئوڭ تەرەپتىكى قاتار سېلىنغان ئۆيلەرگە باشلىدى. ئاياللار بۇ ھويلىدىن مېڭىپ قىزىل

سىرلانغان كىچىك دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دەرۋازىنىڭ يېنىدا ئىككى ئات باغلاقلىق تۇراتتى. ئاتنىڭ يېنىدا ۋاڭ بېگىمنىڭ بىر ئادىمى ئاتقا قاراپ تۇراتتى. بۇ ئاتلار بىر - بىرىدىن يوغان، سېمىز ۋە شاش ئىدى. بۇنداق ئاتلارنى ئادەتتىكى ئادەملەر مىنمەيتتى. رەڭگارەڭ كىيىنگەن ئاياللارنى كۆرگەن ئاتلار ئۈركۈپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، كەينىگە چاپچىپ كېتىشتى. ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان خىزمەتچى ئاتنىڭ بېشىدىن تارتىپ ئاران توختىتىپ تۇردى. ۋاڭ خېنىم جاڭ خېنىمغا:

— بۇ ئاتلار ئۆيدىكى مېھمانلارنىڭ ئېتى، — دەپ ئۇنى ھويلىغا باشلىدى.

جاڭ خېنىم ئاتنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىتتىك مېڭىپ ھويلىغا كىرىۋالدى. كەينىدىن باشقىلارمۇ ئەگىشىپ كىرىپ كېتىشتى. ئۇلار ئاتنىڭ ئۈركۈپ كېتىشىدىن بەك قورققانىدى.

ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بالىخانىلىق كىچىك ئىمارەتلىك ئۆي سېلىنغان بولۇپ، ئۆينىڭ ئالدىغا چوڭ - كىچىك تەشتەكتە گۈللەر قويۇلغانىدى. ئارىسىدا سۆگەتگۈل جىقراق بولغاچقا، بۇ ھويلا كىچىك باغچىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ھويلا پاكىز سۈپۈرۈلگەن بولۇپ، سەپكەن سۇنىڭ نېمى ھېلىمۇ پۇراپ تۇراتتى ھەمدە گۈل - چېچەكلەرنىڭ خۇشبۇي پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. جاڭ خېنىم يىراق يول بېسىپ كەلگەنلىكىنى ئۇنتۇپ ۋاڭ خېنىمغا:

— سىلەر يېزىدا تۇرغان بىلەن جەننەتتە تۇرغاندەك ياشايدىكەنسىلەر، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئىختىيارسىز ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— جاڭ خېنىم، جەننەت دېگەن ئۇ دۇنياغا خاس، بۇ دۇنيادا نەدىكى جەننەت؟ — دېدى.

جاڭ خېنىم كۈلۈمسىرەپ ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن گەپ

قىلاي دەپ تەمشىلىشكە ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ گاۋ غوجىدار چىقتى ـ دە، ئىشىك ئالدىدا توختاپ ئۆي ئىچىگە قاراپ تۇردى. ھايال ئۆتمەي ئۆيدىن ۋاڭ بېگىم، تۇرداخۇن ۋە نىكولايلار چىقىشتى.

— جاڭ خېنىم، ئۆيدىكى مېھمانلار شۇلار ئىدى، ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى ئەمدى تۈگىگەن ئوخشايدۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

ئاڭغىچە تۇرداخۇن ئۆيدىن چىقىپ ئاياللارغا يېقىنلاپ قالغانىدى. ۋاڭ خېنىم مېھماننىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— تۇرداخۇن، ئاران بىر كەلگىنىڭلاردا سىلەرگە لايىق تاماق تەييارلىيالماي ئەجەب سەت ئىش بولدى، مېۋە ـ چېۋە بىلەن ئۈزايدىغان بولدۇڭلار، بۇنىڭدىن كېيىن كەلسەڭلار خەۋەر قىلىپ قويۇڭلار، بىزمۇ مۇسۇلمانچە تاماقلارنى تەييارلاپ قويىمىز، — دېدى.

— ئۇنداق بولامدىغان، — دېدى تۇرداخۇن ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىدا توختاپ، — بىز ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام ئولتۇردۇق، مۇڭداشتۇق.

جاڭ خېنىم تۇرداخۇن ۋە نىكولاي بىلەن ئەسرا بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن سىرتتىن تونۇشاتتى، شۇڭا ئۇلار ئۇچۇق چىراي سالاملاشتى. ئاندىن تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمگە:

— ۋاڭ بېگىم، بىز قايتايلى، — دەپ نىكولايغا قارىدى.

ۋاڭ بېگىم ئۇلارنى ئۇزىتىپ ماڭدى. ئەرلەر ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم جاڭ خېنىمنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدى.

— تۇرداخۇن، تۆلەيدىغان پۇلنى مۇددەتتىن بۇرۇن ئەكىلىپ بەردىڭىز، سىزنى ئالدىرىتىپ قويغان ئوخشىمامدىمەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم كېتىۋېتىپ.

— قەرزنىڭ بالدۇرراق تۈگىگىنى ياخشى، — دېدى

تۇرداخۇن نىكولايغا قاراپ، — ئەگەر نىكولاينىڭ ياردىمى بولمىسا، مويكىنى ياساپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرەلمىگەن بولاتتىم، سىزنىڭ پۇلىڭىزنىمۇ مۇنداق بالدۇر بېرەلمىگەن بولاتتىم.

ئۇنىڭ دېگىنىنى نىكولاي چۈشەنمەيتتى. ۋاڭ بېگىم نىكولاينىڭ دولىسىنى قېقىپ:

— خاۋ... خاۋ، — دەپ بىر نېمىلەرنى دېدى.

نىكولاي ئۇنىڭ خۇشاللىق بىلەن دولىسىنى قاققانلىقىدىن خۇرسەن بولسىمۇ، لېكىن «خاۋ، خاۋ» دېگەن گەپتىن باشقا گەپلەرنى چۈشەنمەيتتى، شۇڭا تۇرداخۇنغا قارىدى.

تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ گېپىنى چۈشەندۈرۈپ بەرگەندىن كېيىن نىكولاي:

— ياق، تۇرداخۇن تىرىشچان، ئۇ ناھىيىدە بىرىنچى بولۇپ مويكا سېلىپ ياخشى ئىش قىلدى، پۇلنى كۆپ تاپتى، — دېدى.

تۇرداخۇن ئۇنىڭ گېپىنى ۋاڭ بېگىمگە تەرجىمە قىلىپ بەردى.

— خاۋ، خاۋ، — دېدى ۋاڭ بېگىم يەنە.

بۇ ئۈچى بىر - بىرىدىن ناھايىتى رازى بولۇشقانلىقىدىن كۈلۈشۈپ كەتتى.

گاۋ غوجىدار مېھمانلارنىڭ ئېتىنى يېتىلىۋالغانىدى. مېھمانلار دەرۋازا ئالدىدا ئاتلىرىغا مىنىشىپ خوشلىشىپ كېتىشتى. ۋاڭ بېگىم گاۋ غوجىدار بىلەن مېھمانلار ئۇزاپ خېلى ماڭغىچە ئۇزىتىپ قاراپ تۇردى. چۈنكى ئۇ بۈگۈن بۇ مېھمانلار بىلەن كۆرۈشۈپ بەك خۇش بولغانىدى.

جاڭ خېنىم شۇنچە يىراقتىن كەلسىمۇ، لېكىن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ۋاڭ خېنىم بىلەن ئازراقلا پاراڭلىشىپ، ئۇزاق ئولتۇرماي قايتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى بىرەر كېچە قونۇشقا

زورلىسىمۇ زادى ئۇنىمىدى. مېھمان ئايال بولغىنىنى ئۇچۇن چۇشلۇك تاماقتا ۋاڭ بېگىم داستىخانغا كەلمىدى. ئۇ ئايالنىڭ جاڭ خېنىمنى ئۇزىتىپ بولۇپ ئۆيگە يېنىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۇتۇپ، خۇشاللىقنى ۋاڭ خېنىمغا دېيىشكە ئالدىرايتتى ھەم ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش خۇش بولۇشىنى ئۇمىد قىلاتتى. ئۇ بۇگۇن چۇشلۇك تاماقنى ئۆزى يالغۇز يېگەچكە، خۇشاللىقتا ئۇيقۇسىمۇ كەلمەي، ۋاڭ خېنىم ئۆيگە كىرىپ كەلگىچە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ ۋاقىتنى ئۆتكۇزدى. بىر چاغدا ۋاڭ خېنىم كىرىپ كەلدى. ئۇنى تۆت كۆزى بىلەن كۇتۇپ تۇرغان ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ:

— بۇگۇن تۇرداخۇن قەرز پۇلنىڭ ھەممىسىنى بەردى. بىر سەر ئالتۇننى ئۇسۇم ھېسابىدا بېرىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇ بۇ پۇلنى بىر يىلدىن كېيىن قايتۇرسىمۇ بولاتتى، — دېدى.

نۇرغۇن پۇل ۋە ئالتۇننىڭ قولغا كەلگىنىنى ئاڭلاپ ۋاڭ خېنىم خۇشال بولغان بولسىمۇ، لېكىن ھازىر ئىچى تىتىلداپ تۇرغاچقا ۋاڭ بېگىمنىڭ خۇشاللىقى ئۇچۇنلا زورمۇزور:

— ياخشى بوپتۇ، تۇرداخۇننىڭ مويكىسى راۋاج تېپىپ، يەرمەنكىسىمۇ بازار تېپىپ قەرزلىرىدىن قۇتۇلۇپتۇ، — دېدى.

— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم يەنە خۇشاللىقتا، — تۇرداخۇن ھەقىقەتەن باي بوپتۇ، ھويلىنىڭ باھاسىنى بىر ھەسسە ئۆرلەتسەمۇ چىداپ ئالدى. مويكىنى پۇتتۇرۇپ بىر قېتىملىق چېگرا سودىسىدىلا شۇنچىۋالا قەرزنى قايتۇرۇپ بولدى، ئۇ ھەقىقەتەن تىرىشچان ئادەم ئىكەن. . .

لېكىن ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ خۇشاللىقتا ئۆزىنى باسالماي دەۋاتقان گەپلىرىگە بايىقىدەكلا كۇلۇمسىرەپ قويۇپ گەپمۇ قىلالماي جىم تۇردى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەكمۇ غەش ئىدى. كىشىلەردە ئېلىشى بولسا ھامىنى ئالغىلى بولىدۇ، ئالالمىسا رازى بولۇپ

كەتسىمۇ بولىدۇ. لېكىن غەشلىكچۇ؟ رازى بولمىغان ئىش كىشىنى ئۆمۈر بويى ئازابلايدۇ. ۋاڭ خېنىم ھازىر مۇشۇنداق بىر ئازاب ئىچىدە تۇرۇۋاتسىمۇ، لېكىن ۋاڭ بېگىم قولىغا كەلگەن پايدىنى كۆرۈپ ئۆزىنى باسالماي خۇش بولۇپ كېتىۋاتقاچقا، ئۇ كۆڭۈل غەشلىكىنى ئۇنىڭغا دېگۈسى كەلمىدى. ۋاڭ بېگىم بولسا ئايالىنىڭ كۆڭلىدىكىنى زادىلا سەزمىگەندەك تۇرداخۇندەك تېزلا بېيىشنى ئويلاپ:

— قارىغىنا خوتۇن، قارىغاندا مەن تازا ئەخمەق ئىكەنمەن. «تاشلاپ قويغان ھويلىنى سېتىۋالدىم» دەپ خۇشال بوپتىمەن، چيەن دارىنىنىڭ گېپىگە كىرىپ باھاسىنى بىر ھەسسە ئۆرلىتىپ سېتىپ تېخىمۇ خۇش بولۇپ كېتىپتىمەن. مانا تۇرداخۇن بولسا بىر يىلغا يەتمەي شۇنچىۋالا قەرزنى تۆگىتىپ، بىر مويكىنىڭ ئىگىسى بولۇپ قالدى. تېخى يېقىندا مويكىسىدا يېرىم پېششىقلاپ ئىشلىنىۋاتقان يۇڭ ـ تېرىلەرنى يەنە چېگراغا ئېلىپ بارماقچى ئىكەن، ئۇنىڭغا ئامەت تازا كېلىۋېتىپتۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى غەم ئىچىدە تۇرغان ۋاڭ خېنىمغا ئانچە ياقمىسىمۇ، لېكىن «ئامەت» دېگەن گەپكە يارىشا:

— ئامەتنى خۇدا ئۇنىڭغا بېرىپتۇ، — دېدى.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ئېرى ئۇنىڭ گېپىدىن رازى بولۇپ، — تۇرداخۇن قولىدا ئانچە دەسمايىسى يوق باي ئىدى. ئۇ تەۋەككۇل قىلىپ تاشلاندۇق ھويلىمىزنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ، مويكا سالدۇرۇپ مۇشۇنچىلىك بېيىپ كەتتى. . . مەنچۇ. . . مېنىڭ ھەممە نەرسىلىرىم تەل، يېرىم بار، ئالتۇن ـ كۈمۈشلىرىم بار، قولۇمنى نەگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىدۇ... مەن ئەجەب ئۇنىڭدەك مويكا سېلىپ، چېگرا سودىسى قىلالمىدىما، ئەگەر مەن شۇنداق قىلالىغان بولسام خۇدا ماڭا تېخىمۇ كۆپ ئامەت بېرەتتى ئەمەسمۇ، — ئۇ ئايالىغا سوئال

نەزەرىدە قارىدى.

ۋاڭ خېنىم ئېرىنىڭ «گەپ قىل» دېگەندەك قاراپ تۇرغىنىدىن:

— راست دەيسىز بېگىم، بىزنىڭ ھەممە نەرسىلىرىمىز بار، توققۇزىمىز تەل ئائىلە، بايلىقىمىز ئېشىپ - تېشىپ تۇرۇپتۇ، مۇشۇ كۈنگە شۈكۈر قىلساق بولمىدىمۇ، — دېدى.

— دېگىنىڭغۇ توغرا، — دېدى ۋاڭ بېگىم، — مەن مۇشۇنچىۋالا بايلىقنى كىشىلەرگە بوزەك بولماي، ئادەم ئىشلىتىپ، يەر تېرىپ توپلىغان. لېكىن تۇرداخۇنچۇ... يەر تېرىماي سودىگەرچىلىك قىلىپ بېيىپ كەتتى. ئەگەر مەن قولۇمدىكى دەسمايەمنىڭ بىر قىسمىنى سەرپ قىلىپ سودىگەرچىلىك قىلسام تېخىمۇ بېيىپ كېتىمەن ئەمەسمۇ؟

ۋاڭ خېنىمنى ئېرىنىڭ سۆزلىرى زادىلا قىزىقتۇرالمىدى. ئۇ ئويلىغانسېرى كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا بىردەم بولسىمۇ غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلىپ:

— بېگىم، مۇشۇ كۈنىمىزگە شۈكۈر قىلايلى، ھەممە نەرسىمىز تەل، لېكىن كۆڭلىمىز خۇش بولۇشى كېرەك، — دېدى.

— نېمە... نېمە؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم ھەيران بولۇپ، — ھەممە نەرسىسى تەل - تۆكۈس بولغان ئادەمنىڭ كۆڭلى نېمىشقا خۇش بولمايدىكەن؟ قېنى دېگىنە، نېمە غەم - ئەندىشىلىرىڭ بار؟

ئۇنىڭ گېپى ۋە سوئال نەزەرىدە قاراشلىرى ۋاڭ خېنىمنىڭ ھازىرچە دېمەسلىكنى ئويلىغان سۆزلىرىنى دېيىشكە مەجبۇر قىلدى. شۇڭا ئۇ ئورنىدا بىر رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماستىن:

— قاراڭ بېگىم، سىزگە ئالدىراپ دېگىم كەلمىگەنىدى،

لېكىن شۇنچە غەمدە يۈرگەنلىكىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ «نېمە بولدۇڭ» دەپ سورىماي، يەنە «بېيىيمەن» دەۋاتىسىز، شۇڭا بۇنى سىزگە دېمەي بولمىدى، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرماي جىم بولۇپ قالدى.

ئۇنىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ۋاڭ بېگىم:

— غەلىتە گەپ قىلىۋاتىسەنغۇ خوتۇن. . . مەندەك بىر شاڭيۇنىڭ خوتۇنىنىڭ نېمە غېمى باردۇ، — دەپ مەيدىسىنى رۇسلاپ ئەتراپقا مەغرۇرلۇق بىلەن بىر قارىۋالدى. ۋاڭ خېنىم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ئالدىرىماستىن:

— بايا، جاڭ خېنىم كېلىپ بىر گەپنى قىلدى، ئۇ گەپنى ئاڭلاپ راستىنلا مېنى غەم باستى، — دېدى.

— نېمە؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

— نېمە بولاتتى دەيسىز، جاڭ خېنىم ئەلچىلىككە كەپتۇ.

— نېمە ئەلچىلىك؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ، — قىزىمىز شىئېرغا ئەلچى بولۇپ كەپتۇما؟

— ھەئە.

— كىم ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ.

— چيەن دارىن جانابلىرى ئوغلى كىچىك بايۋەچچىگە قىزىمىزنى سورىتىپ جاڭ خېنىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتىپتۇ.

ۋاڭ بېگىم ئىختىيارسىز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— «ئامەت كەلسە قوش كەپتۇ» دېگەن مانا شۇ. بۈگۈن تۇرداخۇن نۇرغۇن پۇل، ئالتۇن ئەكىلىپ بەرسە، بۇنىڭ ئۈستىگە چيەن دارىن جانابلىرى ئەلچى ئەۋەتسە، بۇ قوش ئامەت ئەمەسمۇ؟

— بېگىم، سىز «قوش ئامەت» دەپ خۇشال بولغىنىڭىز بىلەن مېنىڭ ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىشقا زادى رازىلىقىم يوق!

— نېمىشقا؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرۇپ، — چيەن دارىن جانابلىرى «قۇدىلىشايلى» دەپ

ئـەلچى ئـەۋەتسە سەن نېمىشقا رازى بولمايسەن؟
— ياق، مېنىڭ زادى رازىلىقىم يوق! — ۋاڭ خېنىم ئېرىگە تەتۈر قارىۋالدى.
ۋاڭ بېگىم ئايالىنى مەنسىتمىگەندەك قارىدى:
— سەن ھازىر «رازىلىقىم يوق» دېگىنىڭ بىلەن كېيىن رازى بولۇپ قالارسەن، ئۇلار دېگەن يۇرت ئىگىسى جۇمۇ.
— ئۇنداق دېمىسىلە بېگىم، — دېدى ئايالى ئۆرۈلۈپ قاراپ، — چيەن دارىن يۇرت ئىگىسى، دارىن خېنىم ياخشى ئايال بولغىنى بىلەن ئوغلىنى زادىلا ياراتمايمەن. . .
— نېمىشقا؟
— نېمىشقا دەمسىز، مەن سىزگە ھېلىغىچە دېمىگەنىدىم. ئەمدى دېمەي بولمىدى. . . نېمىشقا دېسىڭىز، ئۆتكەن يىلى چيەن دارىن جانابلىرى جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن خانىنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگىلى كەلگەندە كىچىك بايۋەچچىنىمۇ بىللە ئالغاچ كەلمىدىمۇ.
— راست شۇنداق، كىچىك بايۋەچچىمۇ كەلگەن.
— ئۇنداق بولسا يادىڭىزدا بارمىكىن، ئۇلار كېلىپ ئولتۇرۇپ ئانچە ئۆتمەيلا كىچىك بايۋەچچە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. كېيىن تاماق تەييار بولغاندا پەيدا بولدى. مېھمانلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ئاڭلىسام كىچىك بايۋەچچە قىزىمىز شىئېرنى ئىزدەپ ھويلىنى پاتپاراق قىلىۋېتىپتۇ. ئۇ ھاكىمنىڭ ئوغلى بولغاچقا خىزمەتچىلەر ئۇنى توسيالماي قاپتۇ. لېكىن ئەقىللىق قىزىمىز شىئېر دوستى دۇ قىزچاق بىلەن بالىخانىغا چىقىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ. كىچىك بايۋەچچە ئىـزدەپ ـ سوراپمۇ تاپالماپتۇ. نېمە دېگەن نومۇس قىلمايدىغان ئەقىلسىز بالا ئۇ. بىراۋنىڭ ئۆيىگە دادىسى بىلەن مېھمان بولۇپ كېلىپ، يەنە ساھىبخانىنىڭ قىزىنىڭ كەينىگە چۈشۈۋېلىش. جاھاندا بۇنداقمۇ

ئىش بارمۇ بېگىم. . . كېيىن ئاڭلىسام كىچىك بايۋەچچە بازاردىمۇ كەينىگە ئادەم سېلىۋېلىپ ھاراق ئىچىپ ئۇرۇش - تالاش قىلىپ يۈرىدىكەن. . . شۇندىن بېرى ئۇ بالا كۆزۈمگە سەت كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالغان. . . ئۆزىنىڭ تەقى - تۇرقىنىڭ سەتلىكىچۇ.

ۋاڭ خېنىم كىچىك بايۋەچچىنى زادىلا ياقتۇرمايدىغانلىقىنى شۇنچە دېسىمۇ، لېكىن ۋاڭ بېگىم:

— بەلكىم قىزىمىز كىچىك بايۋەچچىنىڭ كۆزىگە سىغىپ قالغاچقا، ئۆزىنى تۇتالماي قالغاندۇ. ئوغۇل بالا چوڭ بولسا كۆزى چۈشۈپ قالغان قىزلارنى قوغلاپ ئەگىشىدۇ، قانات سۆرەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە كىچىك بايۋەچچە يۇرت ئىگىسىنىڭ ئوغلى، شۇڭا ھېچنېمىدىن قورقمايدۇ، تەپ تارتمايدۇ، ئەمەلدارنىڭ بالىسى دېگەن ئاشۇنداق. بۇمۇ بىزگە كەلگەن ئامەت، — دېدى.

— قويۇڭ ئۇنداق ئامەتنى، — دېدى ۋاڭ خېنىم يەنە چېچىلىپ، — ئۇ ئەخلاقسىز بالىكەن، شۇتاپتىمۇ ياخشى ئوقۇمايدىكەن.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ ھەم دولىسىدىن تۇتۇپ بەزلىگەندەك:

— ئوغلى ئوقۇشنى ياخشى ئوقۇمىغان بىلەن دادىسىنىڭ چوڭ مەنسىپى بار، ئوغلى شۇتاپتىنى تاماملاپ كەلسە چوقۇم دادىسىنىڭ يېنىدا بىرەر مەنسەپنى تۇتىدۇ، ھازىر مەنسەپ، پۇل دېگەننىڭ ئۆزى ئامەت، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ قولىنى دولىسىدىن ئىتتىرىۋېتىپ، گەپ قىلماي ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئىشىكمۇ يېپىلماي ئۇلۇغ ئوچۇق قالدى. ۋاڭ بېگىم ئىشىككە قاراپ ئىختىيارسىز ئۆز - ئۆزىگە «خوتۇن كىشى دېگەن ئەخمەق. بىزنىڭ ئائىلىگە

ناھىيىمىزدە پەقەت چيەن دارىندەك ئەمەلدارلار ياكى ئۆزىمىزگە ئوخشاش بايلارلا قۇدا چۇشۇشكە مۇۋاپىق كېلىدۇ. . . قۇدا چۇشۇش خىلى بىلەن بولمىسا زادى بولمايدۇ. مەن ئوغلۇم مىڭئىېرنى ئۆيلىمەكچى بولسام ئۆزىمىزنىڭ خىلىدىكى باي ئائىلىلەرگە ياكى چيەن دارىن جانابلىرىدەك مەنسەپدار ئائىلىلەرگە ئەلچى ئەۋەتىمەن. ئەل - جامائەت «قۇدىلار خىل كەپتۇ» دەپ قالسۇن. . . لېكىن قىزىم شىئېرنى ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزدىن تۆۋەن تۇرىدىغان ئائىلىلەرگە ياتلىق قىلمايمەن» دەپ غودۇراپ قويدى.

## ئونىنچى باب

# ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالـدىغانلىقىنى ئاشكارىلىغانلىقى

ھەربىي مەشىق مەيدانىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۇستى يېپىق كىچىك سەھنە ياسالغان بولۇپ، ئىچىدە چيەن دارىن قاتارلىق يۇرت ئەمەلدارلىرى ۋە ناھىيىنىڭ چوڭ بايلىرى ئولتۇراتتى. ئەمەلدارلار مەنسەپ كىيىملىرىنى، بايلار ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكەن بولۇپ، سالاپەت بىلەن ئولتۇرۇشاتتى، بۇ كىچىك سەھنە شۇڭا ناھايىتى ھەيۋەت كۆرۈنەتتى. مەيدانىنىڭ تۆت ئەتراپىدا لەشكەرلەر تىزىلىپ تۇراتتى. ئاسمان سۈپسۈزۈك ئىدى. قۇياش كۆتۈرۈلۈپلا ھاۋا ئىسسىپ ھايال ئۆتمەي تىنجىق بولۇشقا باشلىدى. سەھنىدە ئولتۇرغانلار يەلپۈگۈچلىرىنى توختىماي قولدىن - قولغا يۆتكەپ يەلپۈپ تۇراتتى. لېكىن مەيدان ئەتراپىدىكى لەشكەرلەر ھاۋانىڭ ئىسسىپ كېتىۋاتقىنىغا قارىماي قاتتىق دىققەتتە تۇراتتى. ئۇلارنىڭ پۆپۈكلۈك قالپاقلىرى يۈزىگە ئاران سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى. باشلىرىدىكى قالپاقنىڭ پۆپۈكلىرى قالپاققا چاپلىشىپ، ئۇلار مىدىرلاشسىمۇ بۇ پۆپەكلەر مىدىرلىمايتتى. لەشكەرلەر ھازىر چامباشچىلىق ماھارىتى كۆرىدىغان بولغاچقا، خۇددى جەڭگە قاتنىشىدىغاندەك نەيزە - مىلتىقلىرىنى تۇتۇپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ قارا جىيەكلىك كۆلرەڭ كىيىملىرى يىراقتىن قارىغاندا لەشكەرلەرنى بوياپ قويغاندەك

كۆرسىتەتتى. سەھنىنىڭ ئوڭ يېنىدا چامباشچى پالۋانلار مەشىق قىلىشىۋاتاتتى.
نۆۋەتتە ۋاڭ مىڭئېر چامباشچىلىق ماھارىتىنى كۆرسەتمەكچى ئىدى. ئۇ ئوقۇشنى تاماملاپ ناھىيىگە قايتىپ كېلىشتىن بۇرۇنلا ئۇنى ئۇرۇمچىدە قېلىپ چامباشچىلىق ئۆگىنىۋاتىدۇ، دېگەن گەپ تارالغاندا جاڭ لەشكەر بېگى ئىنتايىن خۇش بولۇپ، ئۇنىڭ ناھىيىگە قايتىپ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەنىدى. جاڭ لەشكەر بېگى بۇ ناھىيىگە ھەربىي ئەمەلدار بولۇپ ئۆستۈرۈلگەندىن بېرى لەشكەرلىرىگە ئۆگىتىۋاتقان چامباشچىلىق ماھارىتى كونا، خىللىرىمۇ ئاز ئىدى. شۇڭا ئۇ چامباشچىلىق ماھارىتى يۇقىرى بىرەر ماھىرنى ئىزدەپ يۈرەتتى. جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىپ دەسلەپتە لەشكەرلىرىگە چامباشچىلىق ئۆگەتكۈزۈپ، كېيىن ئۆزىگە ياردەمچى قىلىۋېلىش ئويىدا ئىدى. ۋاڭ بېگىم ناھىيىدىكى چوڭ باي، گېپى ئۆتىدىغان ئادەم بولغاچقا، ئۇنداق مۆتىۋەر زاتنىڭ ئوغلىنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتسىمۇ ئەل - جامائەت ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن بىر ئابرۇي ھېسابلىناتتى.
بىردەمدىن كېيىن ھەربىي مەشىق باشلىنىدىغانغا سۇناي چېلىندى. مەيداننى چۆرىدەپ تۇرغان لەشكەرلەر ئۆزلىرىنى يەنە بىر قېتىم رۇسلاپ، رەتلىرىنى تۈزەشتى. سەھنىدە ئولتۇرغان مۆتىۋەرلەرمۇ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ مەيدانغا دىققەت قىلىشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى جاڭ لەشكەر بېگى سەھنىدىن چۈشۈپ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى، تۆت تەرەپكە بۇرۇلۇپ لەشكەرلەرگە قولىنى جۈپلەپ ھۆرمەت بىلدۈرگەندىن كېيىن سەھنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— بۈگۈن ناھىيىمىزدىن چىققان چامباشچى ۋاڭ مىڭئېر ئۇرۇمچىدە ئۆگەنگەن ماھارىتىنى كۆرسىتىدۇ ھەم

چامباشچىلىرىمىز بىلەنمۇ تونۇشۇپ ئويۇن كۆرسىتىدۇ. شۇڭا لەشكەرلەرنىڭ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ كۆرسەتكەن ماھارىتىگە دىققەت قىلىپ، چامباشچىلىق ئۆگىنىپ، مەنچىڭ خانىغا سادىق لەشكەر بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن، — دېدى.

لەشكەرلەر گۈلدۈراس ئالقىش ياڭراتتى. سەھنىدىكى مۆتىۋەرلەرمۇ ئالقىش ياڭرىتىپ، ئارىسىدا ئولتۇرغان ۋاڭ بېگىمگە قاراپ ھۆرمەت بىلدۈرۈشتى. جاڭ لەشكەر بېگى گېپىنى تۈگىتىپ سەھنىگە قايتىپ كېلىپ ئورنىدا ئولتۇردى.

ھايال ئۆتمەي مەيداندا چامباشچىلىق مەشىقى قىلىۋاتقان پالۋانلار ئارىسىدىن ۋاڭ مىڭئېر يۈگۈرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ كەلدى. ئۇ ھەربىر قەدەم باسقاندا تاپىنىدىن توپا ئۆرلەپ، مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ مۇشتۇمىنى جۈپلەپ توختىدى. ئۇنىڭ مۇنداق ھەيۋە بىلەن مەيدانغا كىرىشى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. ۋاڭ مىڭئېر ئوتتۇرا بوي، غوللۇق يىگىت بولۇپ، ئۇچىسىدىكى قارا تاۋار كىيىمى ئۇنى تېخىمۇ باتۇر ۋە روھلۇق كۆرسىتەتتى. قولىنى قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇپ ھەر بىر كۆتۈرگەندە ھاۋادا شارىلداپ ئاۋاز چىقاتتى. ئۇنىڭ مېڭىشىدىن ئالدىغا ئۇچرىغان ھەرقانداق نەرسىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ ئاسمانغا چۆرۈۋېتىدىغاندەك ياكى ئالدىغا بىر يولۋاس تۇيۇقسىز ئۇچراپ قالسىمۇ قولى بىلەن قاماپ تۇتۇپ ئاستىغا بېسىۋالىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرى چاقناپ سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇ جايىدا بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئالدى بىلەن سەھنىدىكى مۆتىۋەرلەرگە ئېگىلىپ سالام بېرىپ، ئاندىن ئىككى يانغا ۋە كەينىگە سالام بەردى. ئەتراپتىكىلەر توختىماي چاۋاك چېلىپ تۇردى. دادىسى ۋاڭ بېگىممۇ ئوغلىدىن پەخىرلىنىپ قاتتىق چاۋاك چالدى. ئۇمۇ ياش چاغلىرىدا ئۇستا چامباشچى بولغاچقا، ھېلىمۇ چامباشچىلىقنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇ

ھازىر يېشى چوڭلاپ ماغدۇردىن قالغانىدى. شۇڭا ھازىر مەيداندا ئوغلىنىڭ ماھارىتىنى كۆرۈپ ئوغلىدىن بەكمۇ پەخىرلىنىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە چيەن دارىن قاتارلىق مۆتىۋەرلەر چاۋاك چالغاچ ئۇنىڭغا قارىسا ئۇ تېخىمۇ خۇشال بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

چاۋاك توختىغاندىن كېيىن ۋاڭ مىڭئېر يەردە تۇرغان نەيزىنى پۇتى بىلەن ئىلىپلا قولىغا چىقىرىپ، بىر قولى بىلەن پىرقىرىتىشقا باشلىدى. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ تۇرغانلارنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ ئالىچەكمەن بولۇپ قېلىشتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ چاققانلىقى توغرىسىدا ئەتراپتىكىلەر ھەۋەس بىلەن پىچىرلىشىپ كەتتى. نەيزە ئۇنىڭ قولىدا شۇنداق چۆگىلەيتتىكى، نەيزىنىڭ ھاۋانى يېرىپ چىقارغان ئاۋازى ۋىژىلداپ ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بىر نەيزە ئۇنىڭ قولىدا نەچچە بولۇپ كۆرۈنۈپ، پىرقىرىغانسېرى يالت - يۇلت قىلىپ نۇر چاقنايتتى. پىرقىراۋاتقان نەيزە بىر چاغدا شارت قىلىپ ئۇنىڭ بويىنىدا توختاپ قالدى، ئەتراپمۇ جىمىدى. ئۇنىڭ نەيزىنى پىرقىرىتىپ ئوينىتىشى نەيزىۋازلىق ماھارىتىدىكى دەسلەپكى مەشىق ئىدى. ئۇنىڭ ئەمدى كۆرسىتىدىغان ماھارىتى تولغىنىپ چېكىنىپ تۇرۇپ نەيزە ئۇرۇش ئىدى. بۇ قەدىمكى نەيزىۋازلىق ماھارىتىنىڭ بىرى بولۇپ، ھازىرقى پالۋانلارنىڭ كۆپى بۇنى بىلمەيتتى. بۇ ماھارەت سىرلىق تۇيۇلغاچقا، لەشكەرلەر ئۇنىڭ بۇ ماھارەتنى قانداق باشلايدىغانلىقىغا دىققەت قىلىشتى. بىر چاغدا ۋاڭ مىڭئېر نەيزىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن تۇتۇپ ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئۆتكۈزۈپ ئايلاندۇرۇشقا باشلىغاندا، غۇيۇلدىغان ئاۋاز يىراقلارغا ئاڭلاندى. نەيزە ئۇچىدىن چاقنىغان نۇر كۆزلەرنى قاماشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئالدىغا يۈگۈرۈپ تۇيۇقسىز توختىغاندا خۇددى چېكىنگەندەك بولۇپ، بەدىنى كەينىگە ئېگىلدى. لېكىن

ئىككى پۇتى يەرنى مەزمۇت دەسسەپ تۇرغاچقا، ئالدىغا ئۇرغان نەيزە ئالالىقاچان نىشانغا تېگىپ بولغانىدى. مانا مۇشۇنداق قىياپەت چىقىرىش ئۈچۈن تولغىنىپ چېكىنىش لازىم ئىدى. بۇ قىياپەت تولغىنىپ چېكىنىپ نەيزە ئۇرۇش ماھارىتىنىڭ جەۋھىرى ئىدى. مانا مۇشۇ قىياپەتنى چىقىرالىغاندا دۈشمەن ئۇنى چېكىنىدى دەپ بىخۇدلۇق قىلاتتى - دە، نەيزىنىڭ ئۆزىگە قانداق تېگىپ بولغانلىقىنى بىلەلمەي قالاتتى. ۋاڭ مىڭئېر بۇ ماھارەتنى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە سەھنىنىڭ ئالدىدا ۋە تۆت ئەتراپتا ئايلىنىپ تۆت قېتىم كۆرسەتتى. يەنە گۈلدۈراس ئالقىشلار ياڭرىدى. ۋاڭ مىڭئېر مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ توختىدى. جاڭ لەشكەر بېگى سەھنىدە ئۆرە تۇرۇپلا:

— ۋاڭ مىڭئېر ئەمدى دۈشمەن بىلەن كۈچ ئېلىشىشنى كۆرسىتىدۇ، — دەپ ئېلان قىلىپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

ھايال ئۆتمەي، سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن بىر، سول تەرىپىدىن بىر پالۋان چىقىپ يۈگۈرۈپ ۋاڭ مىڭئېرغا ئېتىلدى. ئۇلارنىڭ قولىدىكى نەيزە ئوقتەك ئۇدۇل سۇرۇلۇپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ئۇ ھېچقانداق تەمتىرىمەي ئوڭ تەرەپتىكى «دۈشمەن» گە قاراپ ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ نەيزىسىنى يەرگە قارىتىپ دەسسىۋالدى، سول تەرەپتىكى «دۈشمەن» نەيزىسى يېتىپ كەلگىچە ئۇ نەيزىنى ئۆزىنىڭ نەيزىسى بىلەن قايرىۋەتتى. ئوڭ تەرەپتىكى «دۈشمەن» بايىلا يىقىلغانىدى. سول تەرەپتىكى «دۈشمەن» ئۇنىڭ نەيزىسىنىڭ زەربىسىدىن نېرىغا دومىلاپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر چاۋاك چالدى. ئىككى «دۈشمەن» قاتتىق يىقىلىپ، بىر ھازاغىچە ئورنىدىن تۇرالمىدى. ئاندىن تۆت تەرەپتىن تۆت پالۋان پەيدا بولۇپ، ۋارقىراپ جار سېلىپ نەيزە ئوينىتىپ ھۇجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ ھۇجۇمى تۇيۇقسىز ئىدى. گەرچە ۋاڭ مىڭئېر دەسلەپتە ھودۇققاندەك بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ

نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى يېتىپ كەلگىچە ئۇمۇ نەيزىسىنى ئوينىتىپ، ئىككىسىنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ بېرىپ، ئۇلارنىڭ نەيزىسىنى بىر - بىرلەپ قاڭقىتىۋەتتى. ئۆزلىرىمۇ كەينى - كەينىدىن گۇپ - گۇپ قىلىپ يىقىلدى. قالغان ئىككىسى كەلگەندە نېرى تۇرۇۋېلىپ يېقىن كەلتۈرمەي ئۇلارنى بىر يەرگە ئەكىلىۋېلىپ، بىر - بىرىنىڭ ئۇستىگە تاشلىۋەتتى. يەنە چاۋاك چېلىندى. ۋاڭ مىڭئېر قاتتىق چارچىغانىدى. ئەڭ دەسلەپتە يىقىلغان ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە ئۇنىڭغا ئېتىلدى. ۋاڭ مىڭئېر خۇددى قۇشتەك سەكرەپ نېرىغا بېرىۋېلىپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇپ ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. شۇ ئەسنادا كېيىن يىقىلغان تۆتى ئورۇنلىرىدىن تەڭ تۇرۇشۇپ، ئۇ ئىككىسىگە قوشۇلۇپ ھۇجۇم قىلدى. گەرچە بۇگۈن ماھارەت كۆرسىتىش بولسىمۇ، ھازىر مەيدان خۇددى جەڭ مەيدانىدەك قىزىپ كەتكەنىدى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇلارنى ئۆزىگە زادى يېقىن كەلتۈرمىدى. ئۇ ئالتىسىمۇ تەرەپ - تەرەپتىن قورشاپ كەلدى. ئەتراپتىكىلەرمۇ جىددىيلىشىپ، بۇ ماھارەت كۆرسىتىش رەسمىي جەڭگە ئايلىنىپ كېتىدىغاندەك ئەنسىرەپ كېتىشتى. سەھنىدىكىلەرنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ھازىر ئالتە «دۇشمەن» بىر ۋاڭ مىڭئېرنى قورشىۋالغانىدى. ۋاڭ مىڭئېر ھۇجۇم قىلىپ كېلىۋاتقان يېنىدىكى «دۇشمەن» نى نەيزىسى بىلەن تۇيۇقسىز قايرىۋېتىپ بىر تېپىپ يىقىتىۋېتىپ، قورشاۋدىن چىقىپ نېرىغا چېكىندى. «دۇشمەن» ئۇنى قوغلىدى. ۋاڭ مىڭئېر ئالدىدا قوغلاپ كېلىۋاتقانىنى تەتۈر پەشۋا بىلەن يىقىتىۋېتىپ، قالغان تۆتىدىن چېكىنىپ تۇرۇپ تولغىنىپ نەيزە ئۇرۇش ماھارىتى بىلەن ئارقا - ئارقىدىن ئىككىسىنى يىقىتىۋەتتى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇلارنى كەينىگە سىلىپ مەيداننى ئىككى ئايلىنىپ ئۆزىنى قوغلىتىپ تۇرۇپ

يىقىتقانىدى. قالغان ئىككى «دۈشمەن» يەنە قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن ۋاڭ مىڭئېر ئۇلارنى ئۆزىگە يېقىن يولاتماي، قوغلاپ يېقىن قالغاننى تەتۈر پەشۋا بىلەن ۋە چېكىنىپ تولغىنىپ نەيزە ئۇرۇش ماھارىتى بىلەن بىر - بىرلەپ يىقىتتى. ئەمدى مەيداندا ئالتە ئادەم دۈم ياتاتتى. پەقەت ۋاڭ مىڭئېرلا ھاسىراپ ئۆرە تۇراتتى. بايا ئۇلارنىڭ ئېلىشقانلىقىنى كۆرۈپ ئەنسىرىگەنلەر خۇشال بولۇشۇپ چاۋاك چېلىشتى. ۋاڭ بېگىم ئوغلىغا زوقلاندى. يىقىلغانلار تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. كېيىن بەزىلىرى ئورۇنلىرىدىن ئاران تۇرۇشتى. ئورنىدىن تۇرالمىغانلارنى باشقا لەشكەرلەر كېلىپ يۆلەپ ئېلىپ كېتىشتى.

يۇقىرىقى ماھارەتلەردىن كېيىن زەنجىرلىك قوش توقماق ماھارىتى كۆرسىتىلدى. ۋاڭ مىڭئېر زەنجىر بىلەن بىر - بىرىگە باغلانغان ئىككى كالتە توقماقنى ئوينىتىپ مەيدانغا كىرىپ كەلدى. زەنجىرلىك قوش توقماق يېقىنغىمۇ، يىراققىمۇ ۋە بىرلا ۋاقىتتا ئىككى تەرەپكە تەڭلا زەربە بېرەلەيدىغان چاققان، ئەپچىل قورال ئىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىدا يەنە تۆت پالۋان ئۇزۇن توقماق ۋە نەيزىلەر بىلەن پەيدا بولۇپ ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلدى. ۋاڭ مىڭئېر قولىدىكى قوش توقماقنى ئوينىتىپ، ئۇلارنى زادى يېقىن كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ توقمىقى «دۈشمەن» نىڭ قوراللىرىغا ھەربىر تەگكىنىدە قوراللىرىنى قاڭقىتىپ، ھۇجۇم يۆنىلىشىنى بۇرىۋېتەتتى. «دۈشمەن» ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە ۋاڭ مىڭئېرنىڭ توقمىقى يەنە كېلىپ تېگەتتى. بەزىدە ئۇنىڭ قوش توقمىقى ئىككى «دۈشمەن» گە تەڭلا تېگەتتى. زەنجىرلىك توقماق كۈچ بىلەن ئۇرۇلغاچقا، «دۈشمەن» نىڭ قورالى قولىدىن چۈشۈپ كېتەتتى ياكى سۇنۇپ كېتەتتى. ئەگەر قول - پۇتقا تېگىپ كەتسە «دۈشمەن» يىقىلىپ چۈشەتتى ياكى جايىدا توختاپ قالاتتى. ۋاڭ مىڭئېر زەنجىرلىك قوش توقماق

بىلەن «دۈشمەن»نى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەي مەيداننى نەچچە ئايلىنىپ چىقتى. ئۇنى قوغلىغان «دۈشمەن»مۇ ھېرىپ قەدەملىرى ئاستىلاشتى. شۇ چاغدا سەھنىدىكى جالاڭ لەشكەر بېگى مەيدانغا چۈشتى. ماھارەت كۆرسىتىدىغانلارمۇ توختاپ قوراللىرىنى قويۇشتى. ئاندىن جالاڭ لەشكەر بېگى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ:

— بۈگۈنكى چامباشچىلىق ماھارىتى كۆرسىتىش مەشىقى ئاخىرلاشتى، — دەپ ئېلان قىلىپ ئۆزى ئالدىدا چاۋاك چالدى. باشقىلارمۇ ئەگىشىپ چاۋاك چالدى. سەھنىدىكىلەر ۋاڭ بېگىمگە قاراپ چاۋاك چالدى. ۋاڭ بېگىممۇ مەيداندا تۇرغان ئوغلىغا زوقلىنىپ قاراپ كەتتى.

ماھارەت كۆرسىتىش مەشىقى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن چۈشلۈك زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇلغانىدى. زىياپەت ئورۇنلاشتۇ-رۇش چىيەن دارىنىڭ تەكلىپى بولۇپ، بۇ زىياپەتنى يەنە بىر جەھەتتىن ۋاڭ بېگىم ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان دېيىشمۇ بولاتتى. ئۇ جالاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ۋاڭ مىڭئېرنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىش ئويى بارلىقىنى بىلگەچكە، ئەلۋەتتە مۇشۇنداق بىر سورۇن ئارقىلىق ۋاڭ بېگىمنىڭ سەمىگە سېلىپ ئۇنى چېكىپ بېقىشقا توغرا كېلەتتى. بۈگۈنكى ماھارەت كۆرسىتىش مەشىقى ئارقىلىق زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇش ۋاڭ مىڭئېرنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئىدى. زىياپەت لەشكەرلەر ئاشخانىسىدا ئۆتكۈزۈلدى. ئاشخانىنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك ئۆيگە ئايرىم ئۈستەل تەييارلانغان بولۇپ، بۇ ئۆيگە ناھىيە ھاكىمى چىيەن دارىن، ناھىيىنىڭ تەپتىش بېگى جىيا بېگىم، ۋاڭ بېگىم ۋە جالاڭ لەشكەر بېگى قاتارلىقلار جايلاشقانىدى. قالغان مۆتىۋەرلەر ھەم ۋاڭ مىڭئېرمۇ چوڭ ئاشخانىدىكى ئۈستەللەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. چوڭ ئاشخانىدىكىلەر ئۈستەلگە ئولتۇرۇپلا

يەپ - ئىچىش باشلىنىپ كەتتى. ئايرىم ئۆيدىكىلەر بولسا سالاپىتىنى ساقلاپ، ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشماي، بىر - بىرىنى هاراققا تەكلىپ قىلىشىپ ئىختىيارىي هۇزۇر قىلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ئادەتتە كۆپ هاراق ئىچمەيدىغان بولغاچقا ئەس - هوشلىرىمۇ جايىدا، كەيپىمۇ ئىنتايىن خۇش ئىدى. بولۇپمۇ ۋاڭ بېگىم هەممىدىن بەك خۇشال ئىدى. شۇڭا ئۇ هازىر باشقىلارغا پات - پات هاراق تۇتۇپ سورۇننى قىزىتتى، باشقىلار تۇتقان هاراقنىمۇ ياندۇرماي تۇگەل ئىچىپ رومكىنى قايتۇرۇپ تۇردى، چاقچاقلارغا ئارىلىشىپ، باشقىلار بىلەن تەڭ كۈلۈشەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق خۇش كەيپىنى كۆرۈپ باشقىلار ئۇنىڭدىن خۇش بولدى. ئۇنى كىشىلەر ئادەتتە قوپال، سوغ مىجەز ئادەم دەپ قارايتتى. ئۆزىمۇ كەم سۆز، پەيلى بۇزۇلغاندا هېچنېمىدىن يانمايدىغان تەرسا ئادەم ئىدى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئادەتتە ئارىلىششنى خالىمايتتى. هەتتا هاكىممۇ ئۇنىڭ مىجەزىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە يۈزسىزلىك قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ خۇشال بولغان چاغلىرىنى كىشىلەر ئادەتتە ناهايىتى ئاز كۆرەتتى. شۇڭا هاكىممۇ مۇشۇنداق چاغدا دېمەكچى بولغان گېپىنى دېگۈسى كېلىپ:

— بۇرادەرلەر، بىر ئوبدان جەم بولۇپ قاپتۇق. بۈگۈن ۋاڭ بېگىم جانابلىرىنىڭ ئوغلىنىڭ چامباشچىلىق ماهارىتىنى كۆرۈپ هەممىمىز ئىنتايىن خۇش بولۇپ ئولتۇرۇپتۇق، مەهكىمىمىزنىڭ ۋاڭ بېگىم جانابلىرىنى تېخىمۇ خۇش قىلىدىغان بىر تەكلىپى بار ئىدى. شۇ تەكلىپنى هازىرلا ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆزىگە دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

تەپتىش ئەمەلدارى جيا بېگىم ئۇنىڭ مۇنداق زىياپەت سورۇنىدا «مەهكىمىنىڭ تەكلىپى بار» دېگىنىدىن هەيران بولۇپ

دىققەت قىلدى. جاڭ لەشكەر بېگى بولسا ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى بىلگەچكە بېشىنى سىلىپ جىم ئولتۇردى. ۋاڭ بېگىم ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. چيەن دارىن ئالدىرىماستىن:

— بۇگۈن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ پالۋانلىقىنى ھەممىمىز كۆرۈپ خۇش بولدۇق. ئۇنىڭ چامباشچىلىق ماھارىتىگە قايىل بولغانلىقىمدىن مەھكىمىمىزنىڭ تەكلىپىنى ۋاڭ بېگىم جانابلىرىغا ھازىرلا دېگۈم كەلدى، — دېدى.

جيا بېگىم ئورنىدا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، ۋاڭ بېگىم جانابلىرىغا بىر خۇشاللىق بار ئوخشىمامدۇ. . . قارىغاندا مۇشۇنداق سورۇندىن يەنە بىرنى تەييارلايدىغان ئوخشىمامدۇق؟ — دەپ ئۇستەلگە قارىدى.

ئۇستەل ئۇستىدىكى تاماقلارنىڭ خىللىرى شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، ئالقانچىلىك بوش جاي قالمىغانىدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى چيەن دارىن، — كىشىگە ئامەت كەلسە مۇنداق سورۇنلار كەينى - كەينىدىن بولىۋېرىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۇستەلگە قاراپ قويدى.

— مانا، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى، — ناھىيىمىزدىن ۋاڭ مىڭئېردەك بىر پالۋان چىقىۋېدى، بۇ سورۇن ئۆزلۈكىدىن تەييار بولدى.

جيا بېگىم ۋاڭ بېگىمگە قارىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇلارنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى ھېلىغىچە بىلەلمەي تۇراتتى. لېكىن ئۇمۇ سەل كەيپچىلىكتە چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ:

— دارىن جانابلىرى، سورۇندىن ئامەت باشلىنىۋاتىدۇ، — دېدى، سورۇندىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

چيەن دارىن:

— ۋاڭ بېگىم، مەھكىمىمىزدە خېلى بۇرۇنلا ئوغلىڭىز

مىڭئېرنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىشنى مۇزاكىرە قىلغانىدۇق. مانا بۈگۈن تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن ئوغلىڭىزنىڭ كارامىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ ماھارىتىگە ھەممىمىز قايىل بولدۇق، تەكلىپنى ھازىرلا سىزگە دېمەكچى بولۇۋاتىمىز، — دېدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاڭ بېگىم ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالدى. بايا چيەن دارىننىڭ «مەھكىمىمىزنىڭ تەكلىپى» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ «ئوغلۇمغا مەھكىمىدە بىر كىچىك مەنسەپ بېرىلەمدىكىن» دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ھازىر ئوغلىنىڭ لەشكەرلىككە قوبۇل قىلىنغانلىقىغا قېيداپ:

— دارىن جانابلىرى، ئوغلۇمنى لەشكەرلىككە قوبۇل قىلمىساڭلارمۇ لەشكەرلەر جىققۇ، — دېدى.

چيەن دارىن گەپ قىلغىچە جاڭ لەشكەر بېگى:

— ۋاڭ بېگىم، ئوغلىڭىزنى ئادەتتىكى لەشكەر بولىدۇ، دېگەنلىك ئەمەس. ئوغلىڭىز لەشكەرلەرگە چامباشلىقنى ئۆگىتىدۇ، كېيىن ئۆزۈمگە ياردەمچى لەشكەر بېگى قىلىۋالىمەن، مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، بۇ مەنسەپتە تۇرىۋەرمەيمەن، — دېدى.

باشقىلار ۋاڭ بېگىمگە قارىدى، لېكىن ئۇ دەرھال بىر نېمە دېيەلمەي قالدى. ئۇنىڭ ئوغلىنى زادىلا لەشكەرلىككە بەرگىسى يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئارىسالدى بولۇپ تۇرغانلىقىنى پەملىگەن جيا بېگىم كۈلۈمسىرەپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئامەت دېگەن مانا شۇ، ئوغلىڭىز ھېلىتىن ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇۋېتىپتۇ، سىزگىمۇ زور شەرەپ ئەمەسمۇ، — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى چيەن دارىن ئۇنىڭ گېپىگە قوشۇلۇپ. ئۇلارنىڭ گېپى بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ خىياللىرى چېچىلىپ بېشى تېخىمۇ قاتتى. ئۇ ئەسلىدە ئوغلىنى ئۆزىگە

ياردەملەشتۇرۇپ ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئويلايتتى. لېكىن هازىر لەشكەر بېگى ئۇنى تالىشىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ كېيىنكى قارىغاندا ئوغلىنىڭ كېيىن لەشكەر بېگى بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى بار. چۈنكى جاڭ لەشكەر بېگىمۇ ياشىنىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ بىر تەرەپتىن خۇشمۇ بولۇۋاتىسمۇ، ئوغلىنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمىگەچكە:

— مېنىڭچە، تەكلىپىڭلارنى قوبۇل قىلاي، لېكىن ئوغلۇم نېمە دەيدىكىن، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى خۇشاللىقتىن كۈلۈمسىرەپ:

— ۋاڭ بېگىم، سىز ماقۇل بولسىڭىزلا ئوغلىڭىز ئۇناپ قېلىشى مۇمكىن، بۇنچىلىك چامباشچىلىق ئۆگەنگەن ئەزىمەت لەشكەر بولسا نېمە دېگەن ياخشى، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم گەپ قىلمىدى. ئەمما چيەن دارىن مۇشۇ پەيتتە ئۆزىنىڭ سالاھىيەت نۇقتىسىدىن قاراپ:

— ۋاڭ بېگىم، مەنچىڭ خاندانلىقىنى لەشكەرلەر قوغدايدۇ، ئوغلىڭىز قوشۇلمىغان تەقدىردىمۇ سىز قوشۇلۇشىڭىز كېرەك، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئەمدى ئۆزىنى ۋە ئوغلىنى ئەمەس، مەنچىڭ خاندانلىقىنى ئويلاپ، بۇ گەپ ئۆزىگە خۇددى بۇيرۇقتەك تۇيۇلۇپ، چيەن دارىنغا ئىختىيارسىز ھۆرمەت بىلەن قارىدى. چيەن دارىن ئۇنىڭغا زىياپەتتە بىللە ئولتۇرغان مېھمان ئەمەس، بەلكى يۇقىرىدىن كەلگەن ئەمەلداردەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم مەنچىڭ خاندانلىقىنى ھىمايە قىلاتتى. شاڭيولۇق تۇزۇمى مەنچىڭ خانى ئورناتقان تۈزۈم بولۇپ، ئۇ ئۆز يېزىسىنىڭ يەرلىك خاقانى ئىدى. شۇڭا ھاكىمنىڭ ئالدىدا خانغا بولغان سادىقلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خۇشال قىياپەتتە:

— بولىدۇ، ئوغلۇمنىڭ لەشكەر بولۇشىغا قوشۇلىمەن، —

دېدى.

باشقىلار ئۇنىڭدىن خۇشال بولۇشتى. جىيا بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر رومكا هاراق تۇتۇپ:

— ۋاڭ بېگىم، بۇ ئامەتنى يۇيارمىز، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم رومكىنى قولىغا ئېلىپ:

— ئەلۋەتتە يۇيىمەن، خانلىقنى قوغداش ئۈچۈن هېچنەرسىنى ئايىمايمەن، — دېگىنىچە هاراقنى گۇپ قىلىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن باشقىلارمۇ رومكىلىرىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭ گېپى ۋە هاراقنى توختاتماي ئىچىۋېتىشى بىلەن ئاخىرلىشاي دەپ قالغان زىياپەت يەنە داۋاملىشىپ، كۆپچىلىك هاراق تۇتۇشۇپ ۋاڭ بېگىمنى تەبرىكلەشتى.

گەرچە ۋاڭ بېگىم خانغا سادىق بولۇش يۈزىسىدىن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ لەشكەر بولۇشىغا قوشۇلۇپ خۇش بولسىمۇ، ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقى غېمىنى يەڭگىللىتەلمىدى. خېلىدىن بېرى بىر خىيال ئۇنى كېچە - كۈندۈز ئۆزىگە ئەسىر قىلىۋالغانىدى. مانا هازىرمۇ يەنە شۇ خىيال كاللىسىغا كىرىۋالدى. ئەگەر ئۇ مەقسىتىگە يەتمىسە، ئۆمۈر بويى پۇشايماندا كېتىدىغاندەك قىلاتتى. لېكىن ئۇ بۇ خىيالىنى هېلىغىچە هېچكىمگە دېمىدى. ئەمما هامىنى دېمەيمۇ بولمايتتى. مانا هازىر ئۆزى بىلەن زىياپەتتە ئولتۇرغان بۇ ئۈچ يۇرت ئىگىسىنىڭ بىرەرسىگە بولسىمۇ چوقۇم دېيىشنى هەم بۇ ئۈچىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشنى زۆرۈر تاپتى. شۇڭا ئۆزىنى خېلى تەمكىن تۇتۇپ:

— بۇرادەرلەر، — دەپ گەپ باشلىدى ۋە گېپىنى داۋاملاشتۇرماي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئادەتتە هەرقانداق سورۇندا ئالدىراپ گەپ باشلىماي باشقىلارنىڭ گەپ - سۆزلىرىگە ئەگىشىپ گەپ قىلاتتى. ئۇنىڭ گەپنى باشلاپ قويۇپ توختاپ قېلىشى باشقىلارنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن ئىدى، — مېنىڭ

مۇنداق بىر ئويۇم بار ئىدى، ھامىنى سىلەرگە دەيتتىم، مانا ھازىر دېگۈم كېلىۋاتىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ سۆزىنى داۋاملاشتۇرماي يەنە توختاپ قالدى.

ئۇنىڭ گېپىنى مۇنداق سىرلىق باشلاۋاتقانلىقىغا باشقىلار ھەيران بولۇشۇپ ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە قاراشتى. قارىغاندا ئۇ باشقىلار زادى ئويلىمىغان گەپنى قىلىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنداق بولمىغاندا بايا گېپىنى باشلىغان بويىچە مەقسەتلىرىنى دەپ بولغان بولاتتى. ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا تەقەززا بولغان جىيا بېگىم:

— ۋاڭ بېگىم، گېپىڭىزنى باشلاپ قويۇپ تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ بېگىم گەپنى باشلاپ قويغىنى بىلەن مەقسىتىنى قانداق ئاشكارىلاشنى بىلەلمەي تۇراتتى. ئۇ ھازىرچە دېمەكچى بولغان گېپىنى باشقىلارنىڭ قوبۇل قىلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ھەتتا ۋاڭ خېنىمغىمۇ دېمەي خېلىدىن بېرى ئىچىدە يوشۇرۇپ يۈرگەنىدى. لېكىن جىيا بېگىمنىڭ سورىغان سوئالى ۋە كەيپىنىڭ كۆچى بىلەن غەيرەتكە كەلگەندەك بولۇپ، ئوغلىنى لەشكەرلىككە ئېلىشقا قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭمۇ ئۆز تەلىپىگە قوشۇلىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ:

— مەن تۇرداخۇنغا ساتقان كونا ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن، — دېدى. ئۇنىڭ گېپى باشقىلار ئۈچۈن ھەقىقەتەن تۇيۇقسىز ۋە ئويلىمىغان ئىش بولۇپ تۇيۇلدى. چۈنكى ھويلا ھەر ئىككى تەرەپ باھادا رازى بولۇشۇپ، شۇنداقلا ھويلىنىڭ باھاسى ئۇشتۇمتۇت بىر ھەسسە ئۆرلىتىۋېتىلسىمۇ تۇرداخۇن چىداپ سېتىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە دەل مۇشۇ يۇرت ئىگىلىرىنىڭ ئالدىدا سېتىش ۋە سېتىۋېلىش توختاملىرى تۈزۈلگەن، تامغىلار بېسىلىپ، رەسمىيىتى تولۇق بېجىرىلگەنىدى. شۇڭا ئولتۇرغانلار ھەيرانلىق

ئىچىدە بىر ـ بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇ مەقسىتىمنى يەنە بىر قېتىم ئاڭلىۋالسۇن دېگەندەك يەنە:

— راست، شۇنداق، مەن ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن، — دەپ ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

چيەن دارىن سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى. چۈنكى ئۇ بۇ ئىشتا باشتىن ـ ئاياغ ئۇستىدە بولغاچقا، ئۇنىڭغا بەكمۇ تاسادىپىي تۇيۇلۇپ، ئىختىيارسىز بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ سورىدى:

— بېگىم، قانداقسىگە ھويلىڭىزنى قايتۇرۇۋېلىشنى ئويلاپ قالدىڭىز؟

— ھويلىنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم دەرھال كەسكىن تۇردە، ھەتتا كۆزلىرى غەزەپلەنگەندەك چەكچىيىپ، قېلىن قوشۇما قاشلىرى تۇرۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ بايىقى خۇشاللىقى بىردىنلا يوقاپ، باشقىلارنى تەئەججۇپلەندۇرۇپ قويغانىدى. شۇڭا كىچىك ئۆي خۇددى ھېچكىم يوقتەك جىمىپ كەتتى. بىر چاغدا جيا بېگىم:

— ۋاڭ بېگىم، ھويلىڭىزنى سېتىشتا باھاسىغا رازى بولغانتىڭىزغۇ، — دېدى.

— رازى بولۇپ ساتقان.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى جيا بېگىم يەنە،

— باھاسىنى تۆۋەن بولۇپ قالدى دەمسىزيە؟

— ياق، مەن ھويلىنى يۇقىرى باھادا ساتقان، كېيىن باھانى ئۇشتۇمتۇت بىر ھەسسە ئۆرلەتسەممۇ تۇرداخۇن باھاغا چىداپ ئالدى.

— ئۇنداقتا، — دېدى جيا بېگىم خۇددى يەنە سوئال سوراشنىڭ ھاجىتى قالمىغاندەك، — ئەجەبا ھويلىڭىزنى قايتۇرۇۋالمىغان بولۇپ قاپسىزغۇ؟

— مەن ھويلامنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن، ئەگەر سىلەر

سورىمساكلار ئۇرۇمچى ۋالىيسىغا ئەرز تۇتۇپ بولسىمۇ هويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن، — دېدى ئۇ گەپنى ئۈزۈپ.

بۇ گەپتىن ئۇلار تېخىمۇ ئەجەبلەندى. چۈنكى بۇ بىر ئۆكتەملىك ئىدى. ئۆكتەملەرچە ئېيتىلغان مۇنداق گەپكە ئالدىراپ گەپ ئارىلاشتۇرۇش بىئەپ بولغاچقا، ئۇ ئۈچى يەنە بىردەم بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. بىر چاغدا جيا بېگىم هويلىنى قايتۇرۇۋېلىشتا باهانە بولغىدەك بىرەر سەۋەبنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلگىسى كېلىپ:

— ۋاڭ بېگىم، تۇرداخۇن هويلىنىڭ پۇلىنى تولۇق تۆلەپ بولغانمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— هەئە.

جيا بېگىم ئىختىيارسىز چيەن دارىنغا قارىدى. ئۇنىڭ مۇنداق قارىشى چيەن دارىنغا «سەنمۇ گەپ قىل» دېگەندىن بېشارەت ئىدى. ئۇ هويلىنىڭ باهاسىنى بىر ھەسسە ئۆستۈرۈشكە ئەقىل كۆرسەتكەن هەم ئۇنىڭ تاپان هەققىنىمۇ ئوبدان ئالغانىدى. ئۇ هازىر گەپ قىلىپ «ئۇرۇمچى ۋالىيسىغا ئەرز قىلىشقا بولمايدۇ» دېسە، ئوغلىغا ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپ جاڭ خېنىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن تۇرسا. گەرچە ئۇلاردىن هېلىغىچە جاۋاب بولمىسىمۇ، ۋاڭ بېگىمنىڭ چىرايلىق قىزىدىن زور ئۈمىد كۈتەتتى. ئەگەر «ئەرز قىلىشقا بولىدۇ» دېسە، بۇ دەۋانى ئاۋۋال ناهىيىدە ئۆزى سوراشقا توغرا كېلەتتى. ئۇ چاغدا چيەن دارىن تۇرداخۇننىڭ ئالدىدا يۈز كېلەلمەيتتى. هازىر چيەن دارىن هەقىقەتەن تەڭلىكتە قېلىۋاتسىمۇ ئۇنىڭ يولسىزلىقىغا يول قويىمايمۇ بولمايتتى. شۇڭا ۋاڭ بېگىمنىمۇ رەنجىتمەيدىغان، تۇرداخۇن بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋىتىمۇ يوق ئامالنى ئويلاپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئەگەر سىز بىزگە ئەرز سۇنسىڭىز بىز بۇ

دەۋانى سورىيالمايمىز، ئۈرۈمچى ۋالىيسىغا يوللاپ بېرىمىز، چۈنكى بۇ ھويلىنىڭ سېتىش - سېتىلىش رەسمىيىتى تولۇق بېجىرىلىپ بولغان، — دېدى.

بۇ گەپتىن جيا بېگىم خېلى خاتىرجەم بولۇپ، ئۆزىنى يېنىك ھېس قىلىپ كۆلۈمسىرىدى. لېكىن بۇ گەپ جاڭ لەشكەر بېگىمنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇ چيەن دارىن بىلەن بىللە ۋاڭ بېگىمنىڭ يېزىسىغا خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگىلى بارغاندا ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغىمۇ تاپان ھەققى بەرگەندە ئۇ ئالمىغانىدى. شۇ چاغدا ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇپ «مۇنداق پاك - دىيانەتلىك ئادەمنى پەقەت چۆچەك - ھېكايىلەردىلا ئاڭلىغان» دېگەنىدى، شۇڭا چيەن دارىننىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى ئەركىن تۇتۇپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ مۇنداق گەپنى قىلىشتىكى مەقسىتىنى بىلگىسى كېلىپ:

— ۋاڭ بېگىم، ھويلىڭىزنى نېمە ئۈچۈن قايتۇرۇۋالىدىغان بولغانلىقىڭىزنى بىزگە دەپ باقامسىز، — دېدى ئۇ گېپىنى قەتئىي ۋە ئۇنلۇك قىلىپ.

ۋاڭ بېگىم ئەمدى گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولۇپ رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ۋە گېلىنى بىر قىرىۋېتىپ:

— ھويلا ئەسلىدە مېنىڭ، مەنمۇ تۇرداخۇندەك چېگرا سودىسى قىلماقچى بولۇۋاتىمەن، شۇڭا ھويلىنى قايتۇرۇۋالسام مويكا مېنىڭ بولىدۇ، — دېدى.

ئۇلار ئۇنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىشتىكى مەقسىتىنىڭ ناھايىتى رەزىل ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنىڭدىن ئاغرىنغاندەك بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن قارىشىۋالدى، بولۇپمۇ جيا بېگىم ئۇنىڭدىن ئىنتايىن ئاغرىندى. ئۇ ناھىيىنىڭ تەپتىش بېگى بولغاچقا، خاننىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ۋە پۇقرالارنىڭ ئەرز - شىكايەت، دەرد -

ئەھۋاللىرىنى سۈرۈشتۈرەلەيتتى، ھەتتا مەنچىلىك خانىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا خىلاپ ئىشلار بولسا ھەرقانداق ئەمەلدار ئۈستىدىنمۇ يۇقىرىغا مەلۇمات بېرەلەيتتى ياكى يولسىزلىق قىلغان ئەمەلدارلارنىڭ ئۆزىگە ئېيتالايتتى. ھازىر ۋاڭ بېگىم قولغا چىققىدەك بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتەلمەي يولسىزلىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن:

— ۋاڭ بېگىم، سىزنىڭ مەقسىتىڭىز ئىنتايىن ئېنىق بولدى، ئەگەر مۇنداق دېسىڭىز توردا خۇن ئەمەس، مەن بولساممۇ ھەرگىز ئۇنىمايمەن، — دەپ ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى.

ئۇنىڭ ئاچچىق قىلىپ ۋاڭ بېگىمگە تەتۈر قاراپ تۇرۇۋېلىشى چىيەن دارىننى سۆزلەشكە مەجبۇر قىلدى. ئەگەر ئۇ ئەمدى سۆزلىمىسە، ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ تەتۈر قاراپ تۇرغىنىغا ئاچچىقلانسا زور كۆڭۈل ئاغرىقى بولۇپ قالاتتى. شۇڭا:

— ۋاڭ بېگىم، ئەگەر مويكىنى قولغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن ھويلىڭىزنى قايتۇرۇۋالماقچى بولسىڭىز سىز «ھويلىنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ ئەرز سۇنماي، «ھويلا ئەسلىدە مېنىڭ، ماڭا ھازىر ھويلا لازىم بولۇپ قالدى، شۇڭا ھويلامنى مويكىنى قوشۇپ سېتىۋالىمەن» دەپ ئەرز سۇنسىڭىز، بۇ دەۋانى ناھىيىمىزنىڭ ئۆزىدە سوراپ بىر تەرەپ قىلىشقا بولىدۇ، — دېدى.

بۇ گەپ ئاڭلىماققا ۋاڭ بېگىم ئۈچۈن ئەپچىل چارىدەك تۇيۇلسىمۇ، لېكىن «ھويلامنى قايتۇرۇۋېلىپ سېتىۋالىمەن» دەپ تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا بارسا، تورداخۇن «ماقۇل» دەپ ھويلىنىڭ باھاسىنى نەچچە ھەسسە ئۆرلىتىۋەتسە، ۋاڭ بېگىم شۇنچە چوڭ باي بولغىنى بىلەنمۇ ئۆرلەتكەن باھاغا چىدىماسلىقى مۇمكىن ئىدى.

— ياق، — دېدى ۋاڭ بېگىم دەرھال، — مەن ئالدىدا ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن، ھويلامنى قايتۇرۇۋالسام ئۇنىڭ

مويكىسىغا پۇل تۆلەشكە توغرا كېلىدۇ، ئۇ چاغدا ئۇ مويكىنى سىلىشقا قانچىلىك چىقىم قىلغان بولسا، شۇنچىلىك پۇلنى تۆلەپ بېرىمەن. ئەرز سۇنسام سىلەر سورامسىلەر قانداق؟ بولمىسا ئۇرۇمچى ۋالىيسىغا بىۋاستە ئەرز تۇتىمەنمۇ؟

ئۇنىڭ گېپى چيەن دارىنغا قارىتىلغانىدى. شۇڭا چيەن دارىن جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ۋاڭ بېگىم «هويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ ئۆكتەملىك قىلىۋاتقانلىقى ئۇچۇنلا، «ئەگەر ‹هويلامنى مويكا بىلەن قوشۇپ سېتىۋالىمەن› دېسىڭىز سوراشقا بولىدۇ» دەپ قويغانىدى. ئۇنىڭغا بۇنچىلىك يول قويمىسا ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىشىش ئىشى تەسكە چۈشەتتى. لېكىن تۇرداخۇننىڭ هويلىنى مويكا بىلەن قوشۇپ سېتىپ بېرىش - بەرمەسلىكى ئۆزىنىڭ ئىختىيارىدا ئىدى.

— ئىختىيارىڭىز، ئۇرۇمچى ۋالىيسىغا ئەرز تۇتسىڭىزمۇ بىز بىر تەرەپ قىلالمىغاننى سورايدۇ. شۇڭا ئەڭ ياخشىسى بىزگە «هويلامنى قايتۇرۇپ سېتىۋالىمەن» دەپ ئەرز سۇنۇڭ. بىز ئۇ ئەرزنى يۇقىرىغا يوللاپ بېرىمىز، — دېدى چيەن دارىن.

ۋاڭ بېگىم ئەمدى يەنە قايتىلاپ گەپ قىلمىدى. جيا بېگىمنىڭ ئېسىگە بىر ئىش كېچىپ:

— قاراڭلار، كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ،— دېدى.

باشقىلار ئۇنىڭغا قىزىقىپ قارىدى. چۈنكى ئۇلار هازىرقى باش قېتىنچىلىقىدىن قۇتۇلىدىغان بىرەر ئامال چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە ئىدى.

— تۇرداخۇنمۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ ئادىمى. ئۇ يۇرتىمىزدا مويكا سېلىپ، يۇرتىمىزنىڭ يۇڭ - تېرىلىرىنىڭ سېتىلىش يولىنى ئاچتى. ئۇنىڭدىن هەممىمىز رازى، ئۆزىمۇ بېيىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز تۇرداخۇنغا ئادەم قويۇپ باقساق، ئادەم قويغاندا ئىككى مەقسەتتە بولساق، بىرى، تۇرداخۇن هويلىنى مويكا بىلەن قوشۇپ

سېتىپ بېرىشكە ئۇنامدۇ ياكى ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇرداخۇن بىلەن قوشۇلۇپ شېرىك چېگرا سودىسى قىلىشىغا قوشۇلامدۇ، مەقسەتنى تۇرداخۇنغا مۇشۇنداق يەتكۈزسەك قانداق بولار؟ — دېدى ئۇ.

بۇ گەپتىن چيەن دارىن بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ئۆزلىرىنى خېلى يېنىك ھېس قىلىپ، ۋاڭ بېگىمگە كۆلۈمسىرەپ قاراشتى. لېكىن ۋاڭ بېگىم:

— ئەگەر سىلەر قوشۇلمىساڭلار ئۇرۇمچى ۋالىيسىغا بىۋاستە ئەرز تۇتۇپ ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن، تۇرداخۇن مويكىسىغا خەجلىگەن پۇلنى تۆلەيمەن، — دېدى.

ئۇ ئۇچى ھەيران بولۇپ بىر دەم بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى، كېيىن چيەن دارىن:

— ۋاڭ بېگىم قارىسىلا، نەگىلا بولمىسۇن ئەرز سۇنۇش ئۇچۇن قارشى تەرەپكە بىرەر باھانە - سەۋەب ياكى ئەيىب قويۇش كېرەك، ھېچبولمىغاندا تۇرداخۇن ھېلىغىچە ھويلىنىڭ پۇلىنى تۆلىمىگەن ياكى ھويلىنىڭ باھاسى بەك تۆۋەن بولۇپ قالغان بولسىمۇ كاشكى، ئۇ چاغدا «مەن ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن، مويكا سالغان چىقىملىرىنى تۆلەيمەن» دەپ ئەرز تۇتسا، ئۇنداق ئەرزنى سوراشقا بولاتتى. لېكىن ھازىر تۇرداخۇنغا ھېچقانداق ئەيىب قويالمايسىز. شۇڭا جيا بېگىم دېگەندەك تۇرداخۇن بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلىشقا ياكى ھويلىنى مويكا بىلەن قوشۇپ سېتىۋېلىشقا قوشۇلسىڭىز بولىدۇ، ئارىغا ئادەم قويايلى، — دېدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، مەن تۇرداخۇن بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلىشقا ئۇناي، لېكىن ھويلامنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم. بۇ گەپتىن ئۇلار سەل رازى بولۇشۇپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۆلۈمسىرەشتى.

— كېيىنكى ئىشنى هازىرچە تىلغا ئالماي، ئارىغا كىمنى قويۇشنى ئويلىشىپ باقايلى، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى سۆز ئېلىپ.

— مېنىڭچە، ئارىدا مېڭىشقا پەقەت سىزلا لايىق، — دېدى جيا بېگىم دەرهال.

جاڭ لەشكەر بېگى ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— مەن بولسام نەيزە - مىلتىق تۇتۇپ كەلگەن ئادەم. گەپ قىلىشنى زادىلا قاملاشتۇرالمايمەن، مىجەزىممۇ قوپال، كىشىلەرنى كېلىشتۈرۈشنى زادىلا بىلمەيمەن. كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئوڭايلا ئاغرىتىپ قويىمەن. مۇنداق مۇهىم ئىشقا مەن قانداقمۇ ئارىغا چۈشەلەرمەن؟ — دېدى.

— سىز ئەڭ لايىق، — دېدى چيەن دارىن كۈلۈمسىرەپ — مەن هاكىم، جيا بېگىم بولسا تەپتىش بېگى، مۇنداق ئەرز، شىكايەت ئىشلىرىنى بىز باشقۇرىمىز. شۇڭا بىزنىڭ ئارىغا چۈشۈشىمىزگە زادى بولمايدۇ. پەقەت سىزدەك ئەرز - دەۋا ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغان ئادەم ئارىغا چۈشسە مۇۋاپىق بولىدۇ هەم نەتىجىسىمۇ ياخشى بولىدۇ.

— بوپتۇ، مەن ئارىغا چۈشۈپ باقاي، مۇشۇ سەۋەب بىلەن گەپ - سۆز قىلىشنى ئۆگىنىپ قالىمەنمۇ تېخى، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى.

باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ بىر ياخشى ئىش ئىدى. ئۇنىڭ ئارىغا چۈشۈشى بىلەن هويلا ۋاڭ بېگىمگە قايتىپ كەلسە ياكى تۇرداخۇن ئۇنىڭ بىلەن شېرىكلىشىپ چېگرا سودىسى قىلسا، هەممە ئىش ئوڭغا تارتقان بولاتتى. چيەن دارىنمۇ، جيا بېگىممۇ يەڭگىللەپ قالغان بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى تەڭلا ۋاڭ بېگىمگە قارىدى. ۋاڭ بېگىم يەنىلا خىيال سۈرۈپ ئالدىغا قارىغىنىچە جىم ئولتۇراتتى. ئۇ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— قېنى، لەشكەر بېگى ئارىغا چۈشۈپ باقسۇن، ئەمما نېمىلا بولمىسۇن، ھويلامنى چوقۇم قايتۇرۇۋالىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى ناھايىتى قەتئىي ئېيتىلغاچقا، باشقىلارنىڭ ھازىرقى خاتىرجەملىكى بىردىنلا يوقىلىپ، تەئەججۈپ بىلەن يەنە بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى.

## ئون بىرىنچى باب

# تۇرداخۇننىڭ باندىتلارنى يەم بىلەن ئالدىغانلىقى

قۇياش كۆتۈرۈلۈپ قىيامغا يېتىپ، كۆز يەتكۈسىز قۇملۇق تېخىمۇ قىزىپ كەتكەنىدى، ئاسمان بىلەن قۇملۇق قوشۇلۇپ كەتكەندەك، ئۇپۇق سىزىقى سۇس كۆرۈنەتتى. كارۋان يولىغا يېقىن يەردە ئاندا - ساندا سۆكسۆك ۋە يۇلغۇنلار كۆزگە چېلىقاتتى. ئانچە يىراق بولمىغان يەردە ئالۋۇن خۇددى چايقىلىۋاتقان چەكسىز دېڭىزدەك كۆرۈنەتتى، كارۋان ئالدىغا ماڭغانسېرى ئالۋۇنمۇ يىراققا سۈرۈلگەندەك بولاتتى. كارۋان يولىنىڭ ئوڭ تەرىپى ئېدىرلىق ئىدى. ئېدىرلارنىڭ ئۈستى قۇپقۇرۇق بولۇپ، ئاخىرى ئېگىز تاغقا تۇتىشىپ كەتكەنىدى. كارۋان بىر ئېدىردىن ئۆتسە ئالدىدا يەنە بىر ئېدىر پەيدا بولۇپ، بۇ كارۋان يولى زادىلا تۈگىمەيدىغاندەك بىلىنەتتى. چۆلدىن چىقىپ كەلگەن تۇرداخۇننىڭ كارۋىنى ساۋەنگە يېقىن بىر ئېدىرلىققا ئۇلاشتى. بىر ئايغا يېقىن يول يۈرۈپ كەلگەن بۇ كارۋان ئېدىرلىقتىن تېخى ئۆتۈپ بولمىغان بولسىمۇ، ئاخىرى ئۆز مەھەللىسىگە خېلى يېقىنلاپ قالغانىدى. باندىتلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ، يولۇچىلارنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدىغان جاي دەل مۇشۇ ئېدىرلىقلار ئىدى. تۇرداخۇننىڭ باشلاپ ماڭغىنى بىرنەچچە سودىگەرنىڭ كارۋىنى ئىدى، كارۋانغا يولدا يولۇچىلارمۇ

قوشۇلۇپ، ئۇزۇن سەپ تارتىپ كەلمەكتە ئىدى. ساۋەن يولىغا كىرگەن كارۋان ھەربىر ئىدىرنى بىسىپ ئۆتكەندە ئالدىدىكى جىرادىن باندىتلار تۇيۇقسىز چىقىپ قالىدىغاندەك ئەنسىرەيتتى. ئۇلارنىڭ تەلىيىگە ھىلىغىچە باندىتلار ئۇچرىمىدى. ئەمما يول ئىچكىرىلىگەنسېرى «باندىتلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ» دېگەن ئەندىشە كۈچىيىپ، كارۋانلار ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپقا دىققەت قىلىشتى. يېقىندىن بېرى باندىتلارنىڭ پاراكەندىچىلىكى كۆپىيىپ، «يولۇچىلارنى بۇلاپتۇ، يېزىغا كىرىپ پۇقرالارنى بۇلاپتۇ» دېگەن گەپ - سۆزلەر كۆپىيىپ كەتكەنىدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان ھارۋىلار ئاستا - ئاستا توختاپ، كارۋانلار تۇرداخۇننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. تۇرداخۇن بۇ چۆلدە كۆپ سەپەر قىلغاچقا، يولنىڭ خېيىمخەتىرىنى ياخشى بىلىدىغان يول باشلىغۇچى ئىدى. ئالدىدىكى ھارۋا توختىغاندىن كېيىن، ھايال قالماي كەينىدىكى ھارۋىلارمۇ توختاپ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ، خۇددى يولدا سوزۇلۇپ ياتقان ئۇزۇن ئەجدىھادەك كۆرۈندى. ئۇلار تۇرداخۇنغا «قانداق قىلىمىز؟» دېگەندەك قاراشتى.

تۇرداخۇن كەكە ساقىلىنى سىيلاپ تۇرۇپ:

— بۇرادەرلەر، ئاللادىن ئامان - ئېسەنلىك تىلەپ سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. ھىلىغىچە بىرەر ئىشقا يولۇقماي كېلىۋاتىمىز. كەينىمىزدىن يولغا چىققان كارۋاننىڭ بىزگە يېتىشىۋېلىشىغا يەنە بىرنەچچە كۈن بار. ئۇلارنى ساقلىساق بىز بۇ يولدا ئاچ قالىمىز. ھىلىمۇ ئات - ئۇلاغلىرىمىز ھېرىپ ھالىدىن كېتىۋاتىدۇ. مەن يول بويى بىر چارە ئويلاپ كەلدىم، بۇ چارىنى كۆپچىلىككە دەپ باقاي. ئەگەر كۆپچىلىك توغرا كۆرسە، شۇ بويىچە سەپىرىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، — دېدى.

باشقىلار ئۈمىد بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— تۇرداخۇن ئاكا، قېنى گەپ قىلىڭە، قانداق چارە -

تەدبىر ئويلاندىڭىز؟ — دېدى بىر يولۇچى.

— مېنىڭ ئويلىغىنىم، — دېدى تۇرداخۇن، — ھازىر ياخشى ئات قوشۇلغان بەش ـ ئالتە ھارۋىنى تاللاپ يوكى بىلەن ئالدىدا يولغا سالىمىز، قالغان ھارۋىلار تۇرۇپ تۇرىدۇ. ئالدىدا يولغا چىققان ھارۋىلار مېڭىپ بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن ئارىلىقتا پايلاقچى قويىمىز. ئۇ بىز بىلەن ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ ئوتتۇرىدا ماڭىدۇ. ئەگەر باندىتلار ئالدىدىكى ھارۋىغا ئۇچراپ قالسا، ھارۋىنىڭ ئادەملىرى قارشىلىق كۆرسەتمەي نېرى كېتىشى كېرەك. باندىتلار ئادەمگە تەگمەي مالنى بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن ئارىدىكى پايلاقچى بىزگە خەۋەر قىلىدۇ. بىز يولىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىمىز. ئەگەر باندىتلار يولۇقمىسا، سەپەرنى مۇشۇنداق ئارىلىق قالدۇرۇپ ماڭىمىز. بىز مۇشۇنداق بىر ـ بىرىمىزگە قارا كۆرۈنۈپ مېڭىپ يۇرتقا يېتىپ بارىمىز، قانداق دەيسىلەر؟ — ئۇنىڭ گېپى تۈگىگىچە كۆپچىلىك بۇ چارىنى چۈشىنىپ بولغانىدى، شۇڭا ھەممىسى تەڭلا:

— بارىكاللا، بارىكاللا! — دېيىشىپ كەتتى. بۇنىڭدىن تۇرداخۇنمۇ خۇش بولدى:

— بۇرادەرلەر، مەسلىھەت بىلەن ئىش قىلىش شەرىئەت ھۆكۈملىرىنىڭ بىر مەزمۇنى ھېسابلىنىدۇ. قارىغاندا سەپىرىمىزنىڭ ئاخىرى ئامان ـ ئېسەن بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئالدىدىكى ھارۋىلارنى باندىتلار بۇلاپ كېتىپ قالسىمۇ، كەينىدىكى ئاتمىش ـ يەتمىش ھارۋىنى ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيمىز، — دېدى.

كۆپچىلىك بىر ـ بىرىگە خۇشال قاراشتى. لېكىن ئارىدىن بىر يولۇچى:

— تۇرداخۇن ئاكا، ئالدىدا ماڭىدىغان ھارۋىلارغا نېمە باسىمىز؟ — دەپ سورىدى.

— ئالدىدا ماڭىدىغان ھارۋىلارغا باندىتلار ئوڭاي ئىلىپ كېتەلمەيدىغان قازان، تۆمۈر، قاڭالتىر باسمىز. بۇلاپ كەتسىمۇ كۆپ ئىلىپ كېتەلمەيدۇ، — دېدى تۇرداخۇن.
— بولىدۇ، — دېدى كۆپچىلىك.
— ئەگەر ئالدىدىكى ھارۋىلارنى باندىتلار بۇلاپ كەتسە زىياننى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى يەنە ھىلىقى يولۇچى.
— بۇنىڭ باش قاتۇرغۇچىلىكى يوق، چۈنكى بۇ سەپەردە ھەممىمىزنىڭ تەقدىرى بىر بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئالدىدىكى ھارۋىلاردىن تارتقان زىياننى كەينىدىكى ھارۋىلارغا نىسبەت بويىچە چاچىمىز، بۇنىڭغا ھەممىمىز رازى بولۇشىمىز كېرەك، — دېدى تۇرداخۇن.
كۆپچىلىك ماقۇل كۆرۈشتى. تۇرداخۇنمۇ خۇش بولۇپ، ئارىدىن ئېتى ياخشى ھەم يۈكى ئېغىر ئالتە ھارۋىنى سەپتىن چىقىرىپ ئالدىدا ماڭدۇرۇۋەتتى. سوئال سورىغان ھىلىقى يولۇچى ئارىلىقتا پايلاقچى بولۇپ ماڭىدىغان بولدى. كۆپچىلىك ئۇنىڭغا ياخشى ئاتتىن بىرنى توقۇپ تەقلەپ بەردى.
قۇياش قىيامدىن ئاللىقاچان يېنىپ، چۈشنىڭ پىژغىرىم ئىسسىقى بوشاپ، ئاپتاپ كىشىنىڭ دۈمبىسىگە ئىللىق تېگەتتى. ئاسماننىڭ رەڭگى تېخىمۇ كۆك كۆرۈنەتتى. ھازىر بۇ يولدا بىر سەپ كارۋاننىڭ ھارۋىلىرى دەم ئىلىپ ياتىدۇ. قويۇۋېتىلگەن ئات - ئۇلاغلار ئەتراپتا يايلاپ، بەزىلىرى يېتىۋالغان، بەزىلىرى ئوتلاۋاتاتتى. بىر ئاش پىشىم ئۆتكەندىن كېيىن پايلاقچى بىر يۈگۈرۈك ئات بىلەن يولغا چىقتى. بۇ ئۇزۇن كارۋان يولدا توپلىشىپ ماڭغان كارۋاندىن باشقا ئۆتكەن - كەچكەن يولۇچىلار ئۇچرىمايتتى. شۇڭا ئۇلار چېپىپ كېتىۋاتقان پايلاقچىغا كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى. بىر چاغدا ئۇمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. كەڭ دالا ئەمدى تېخىمۇ جىمىپ كەتتى.

نامازدىگەر بىلەن سالقىن شامال چىقىشقا باشلىدى. تۇرداخۇن تاھارەت ئالدى. باشقىلارمۇ تاھارەت ئېلىپ ناماز ئوقۇدى. ئاندىن ئەتراپتىكى ئات - ئۇلاغلارنى يىغىپ كېلىپ ھارۋىلارنى قېتىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە سەل كۈتۈپ، قۇياش ئېدىر ئۈستىگە يېقىنلاشقاندا خۇددى ئۇخلاپ ياتقان ئۇزۇن يىلان يەنە ئۆمىلەپ مېڭىشقا باشلىغاندەك ئۇزۇن بىر كارۋان سېپى ئېدىر بويلاپ سۆرۈلۈپ مېڭىشقا باشلىدى.

چۆلدە سەپەر قىلغاندا قۇياش بىلەن ئاي ۋاقىت مۆلچەرىنى كۆرسىتىدىغان ئەڭ ياخشى بەلگە بولۇپ، يولۇچىلار ئاسمانغا قاراپلا سەپەر مۇساپىسىنى بىلىۋالالايتتى. قۇياش بىلەن ئاي ئۇلارنىڭ ئايرىلماس ھەمراھى بولۇپ، يول ماڭسا بىللە ماڭغاندەك، توختىسا ئۇمۇ توختىغاندەك بولاتتى. ئاي چىقىپ، جاھان تېخىمۇ تىپتىنچ بولۇپ كەتتى. ئايدىڭدا سەپەر ئاۋۇدى، ھاۋا سالقىن بولغاچقا، ئات - ئۇلاغلار ھارمىغاندەك بىر خىل تېزلىكتە كېتىۋاتاتتى. يولۇچىلار ھازىرچە خېلى خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى ئارىلىقتىكى پايلاقچى ھېلىغىچە كۆرۈنمىدى.

تاڭ يورۇپ، كۈن چىقىپ، يەر - جاھان ئىسسىشقا باشلىدى. كېچىچە يول يۈرگەن ئات - ئۇلاغلار ھارغانىدى. شۇڭا كارۋان دەم ئېلىشقا توختاپ، ناشتا قىلىشتى. ناشتا قىلىپ بولغاندا يەر - جاھان تېخىمۇ ئىسسىپ، ئۇلارنى ئۇيقۇ بېسىشقا باشلىدى. شۇڭا ئۇلار خېلى ئۇزاق دەم ئالدى. ئۇلار يولغا چىقىشقا تەييارلىق قىلىپ ئات - ئۇلاغلارنى ھارۋىغا قېتىۋاتقاندا، ئالدى تەرەپتىن بىرىنىڭ ئاتلىق چېپىپ كېلىۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئۇلار ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۇنىڭغا دىققەت قىلدى. ئاتلىق كېلىۋاتقان ئادەم يېقىنلاپ كەلگەندە ئۇنىڭ پايلاقچى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ مېڭىشتى. پايلاقچى يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى:

— تۇرداخۇن ئاكا، ئالدىدىكى كارۋان بۇنىڭدىن ئىككى سائەت بۇرۇن باندىتلارغا يولۇقتى، مەن باندىتلار ھارۋىلارنى ئورىۋالغانلىقىنى كۆرۈپلا كەينىمگە يېنىپ كەلدىم، — ئۇ شۇنداق دەپ ھاسىراپ تۇرۇپ سەل دېمىنى ئېلىۋالدى. باشقىلار ئەنسىرىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. لېكىن تۇرداخۇن ئالدىرىماستىن ئۇنىڭغا:

— باندىتلار سېنى كۆرۈپ قالدىمۇ؟ — دېدى.

— ياق، ئۇلار مېنى كۆرمىدى بولغاي. مەن ئالدىدىكىلەرگە قارا كۆرۈنەر ئەگىشىپ ماڭغانىدىم. باندىتلار پەيدا بولغاندا قۇياش ئەمدى كۆتۈرۈلگەنىدى. ئۇ چاغدا يىراقتىكىنى ئانچە پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، ئارىلىق خېلى يىراق.

— سېنىڭ ئۇلارغا ئۆزۈڭنى كۆرسەتمىگىنىڭ ياخشى بوپتۇ. بىز ئەمدى يولىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز. بىز يېتىپ بارغىچە باندىتلار ئالدىغاننى ئېلىپ كېتىپ بولىدۇ. ئىلاھىم ئادەملىرىمىز ساق - سالامەت قالغاندۇ، — ئۇ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. باشقىلارمۇ دۇئاغا ئەگەشتى.

— تەييارلىقىمىزنى قىلىپ يولغا چىقايلى، — دېدى تۇرداخۇن كۆپچىلىككە.

كىشىلەر ئۆز ھارۋىلىرىغا بېرىپ بىردەمدىلا تەييارلىقىنى تۈگىتىپ تۇرداخۇنغا قارىدى. تۇرداخۇن پايلاقچى بىلەن بىللە ئەڭ ئالدىدىكى ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ ھارۋىنى ماڭغۇزدى. بىرىنچى ھارۋا قوزغالدى. قالغانلىرى كەينىدىن بىر - بىرلەپ قوزغىلىپ بۇ ئۇزۇن كارۋاننىڭ سەپىرى يەنە باشلاندى.

ئۇلارغا ئالدىدىكى كارۋاننىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە چۈش بولۇپ، قۇياش چۆلنى تازا قىزىتىشقا باشلىغانىدى. ئالدىدىكىلەرمۇ بۇلارنى كۆرۈپ يولغا چىقىپ تۇرۇشتى. ئۇلار تېخىمۇ تېز مېڭىپ بۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە قۇچاقلىشىپ

كۆرۈشتى. ھەتتا بەزىلىرى تۇرداخۇننى كۆرۈپ ئايرىلغىلى ئۇزۇن يىللار بولغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى كۆرگەندەك يىغلىشىپ كەتتى. ئالدىدىكىلەر ئالتە ھارۋا، ئون ئىككى ئادەم ئىدى. ھازىر ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى ساق - سالامەت بولۇپ، پەقەت ئۈچ ھارۋىلا قالغانىدى. باندىتلار ئېلىپ كېتىشكە بولىدىغان نەرسىلەرنى ئۈچ ھارۋىغا بېسىپ ئالتە ھارۋىنىڭ ھەممە ئاتلىرىنى ئېلىپ، جىرا ئىچىگە كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلارنىڭ بىرى:

— تۇرداخۇن ئاكا، سىز بىزگە تاپىلىغاندەك باندىتلار جىرادىن تۇيۇقسىز چىقىپ بىزنى ئوراپ كېلىشى بىلەنلا بىز ھارۋىلارنى تاشلاپ، دەرھال نېرى كەتتۇق، بىز ئۇلارغا قارشىلىق كۆرسەتمىگەچكە، ئۇلارمۇ بىز بىلەن كارى بولماي ئالىدىغاننى ئېلىپ جىراغا كىرىپ كەتتى، — دېدى.

ھەممىسى جىراغا قارىدى. جىرا ھەقىقەتەن چوڭ بولۇپ، ھارۋا بىمالال كىرەلەيتتى. بۇلاپ كەتكەن ئۈچ ھارۋىنىڭ ئىزى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بۇرادەرلەر، باندىتلار بۇلايدىغاننى بۇلاپ كەتكىچە بەلكىم يېرىم سائەت ۋاقىت كەتكەندۇ، ھازىر بولسا چۈش بولاي دېدى، قارىغاندا بۇگۈن - ئەتە يەنە بۇ ئەتراپتا پەيدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا بىز سەپىرىمىزنى خاتىرجەم داۋاملاشتۇرايلى، — دېدى تۇرداخۇن.

ئۇنىڭ دېگىنىدەك ئالتە ھارۋا مال، ئۈچ ھارۋا ۋە ئاتلار بۇلاپ كېتىلگەن بولسىمۇ، لېكىن كەينىدە كېلىۋاتقان ئاتمىش - يەتمىش ھارۋا مال ساقلىنىپ قالغانىدى. كۆپچىلىك كەينىگە قارىدى. باقتۇدا بېسىلغان ماللار ھارۋىلارنىڭ ئۈستىدە ئېگىز دۆۋىلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ خۇش بولۇشتى. تۇرداخۇن كۈلۈمسىرەپ:

— بۇرادەرلەر، بىزنى خۇدا ساقلىدى. بىز باندىتلارنى ئالدىمىدۇق، ئاللا ئۇلارنى ئالداپ بىزنىڭ ماللىرىمىزنى قوغداپ قالدى، — دېدى.

كىشىلەر جىرا ئالدىدىن قايتىپ، باندىتلار ئېلىپ كېتەلمىگەن ئۈچ هارۋىنى باشقا هارۋىلارنىڭ كەينىگە چېتىپ، خاتىرجەم بولۇپ يۇرتىغا قايتتى.

تۇرداخۇننىڭ بۇ قېتىم شۇنچە كۆپ ماللارنى باندىتلاردىن ساقلاپ، ئادەملەرنى ساق - سالامەت ئېلىپ كەلگەنلىكى هېكايە بولۇپ يۇرت ئىچىگە پۇر كەتتى. شۇڭا ئۇرۇق - تۇغقان، تونۇش - بىلىشلەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ ئۇنىڭدىن هال - ئەهۋال سوراشتى. كارۋاننىڭ باندىتلارغا ئۇچرىغانلىقى يامۇلغىمۇ يېتىپ، چيەن دارىن جاڭ لەشكەر بېگىنى، تۇڭچىسى باراتنى قوشۇپ تۇرداخۇندىن ئەهۋال سورىغىلى ئەۋەتتى. جاڭ لەشكەر بېگى ئىككى لەشكەرنى هەمراھ قىلىپ بارات بىلەن تۇرداخۇننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بارات تۇرداخۇننىڭ تۇغقىنى بولغىنى ئۈچۈن ئاتتىن چۈشۈپ دەرۋازىنى قاقمايلا يوغان ئېچىپ، ئۇلارنى هويلىغا باشلىدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈپ هويلىغا كىرىپ كېلىشتى. سۇپىدا دەم ئېلىپ ئولتۇرغان تۇرداخۇن ئۇلارنى كۆرۈپ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. بارات دەرۋازىنى ئېتىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەندە تۇرداخۇن ئۇنىڭغا:

— مېھمانلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن مېنى نېمىشقا بۇرۇنراق خەۋەرلەندۇرۇپ قويمىدىڭ؟ — دېدى.

— مەنمۇ بىلمەي قالدىم، تاغا، تېخى بايىلا جاڭ لەشكەر بېگىگە تەرجىمانلىق قىلىپ بېرىۋاتاتتىم، چيەن دارىن جانابلىرى تۇيۇقسىز ئېيتتى.

ئاڭغىچە ئايخان بىلەن تۇران ئۆينى تەييارلاپ قويغانىدى. تۇرداخۇن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. جاڭ لەشكەر بېگى بۇ

يۇرتتا ئۇزۇن خىزمەت قىلغاچقا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىنى ياخشى بىلەتتى. شۇڭا تۆرگە چىقىپ، سۇپىدا كۆرپە ئۈستىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇردى. ئىككى ھەمراھىمۇ ئۇنى دوراپ ئولتۇردى. يۇرت ئەمەلدارلىرى ئادەتتە يۇقىرىلارنىڭ ئۆيىگە كۆپ بارمايتتى. شۇڭا تۇرداخۇن جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىزمۇ پەتە قىلىپ كېلىپ مېنى بەك خۇش قىلىۋەتتىڭىز، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى:

— سىز بىر مۆجىزە ياراتتىڭىز. ھازىر ناھىيىمىزدە سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلمايدىغان ئادەم يوق، — دېدى.

بارات ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزئارا ئۆرۈپ تۇردى. تۇرداخۇن:

— ھېچقانچە ئىش ئەمەس، ھېچقانچە ئىش ئەمەس، — دەپ كۈلۈپ كەتتى.

ئايخان بىلەن تۇران ئالدىراپ مېھمانلارغا داستىخان سالدى. مېھمانلار چاي ئىچىشكە باشلىغاندا جاڭ لەشكەر بېگى باراتقا بىر نېمىلەرنى دېدى.

بارات تاغىسىغا:

— تاغا، جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ گېپىنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىدىم، چيەن دارىن ئەۋەتكەنلىكىنى دەۋاتامدۇ نېمە؟

— تاغا، ئۇنىڭ گېپىنى چۈشىنىپمۇ قاپسىز. جاڭ لەشكەر بېگى چيەن دارىن سىزدىن ئەھۋال سوراپ ئۆزىنى ئالاھىدە ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى، ھازىر مەھكىمىدە ئىشى كۆپ بولغاچقا، چيەن دارىن ئۆزىنىڭ كېلەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ ئەپۇ سوراپتۇ.

تۇرداخۇن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ:

— چيەن دارىن جانابلىرىغا رەھمەت، جاڭ لەشكەر بېگى سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت، ئاۋارە بولۇپ ئەھۋال سوراپ كەپسىز، — دېدى.

بارات ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى. جاڭ لەشكەر بېگى دىققەت بىلەن ئاڭلىدى. جاڭ لەشكەر بېگى چيەن دارىنىنىڭ ھال سوراپ كېلىشكە ئەۋەتكەنلىكىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. ئۆزىنىڭ يۇرتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ۋەزىپىسى بولغاچقا، ئۆزىمۇ ئايرىم كېلىپ ھال سوراپ، باندىتلارنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ باقماقچى ئىدى. ئۇ باراتقا بىر نېمىلەرنى دېدى. بارات تەرجىمە قىلىپ:

— تاغا، سىلەرگە يولۇققان باندىتلار قانچە ئادەمكەن؟ — دېدى.

— مەنمۇ كۆرمىدىم، لېكىن ئالدىدا ماڭغانلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئوتتۇزدىن ئارتۇق ئادەمكەن.

جاڭ لەشكەر بېگى يەنە:

— ئۇلارنىڭ تەقى - تۇرقى قانداقراقكەن؟ — دېدى.

— ھەممىسى نىقابلىنىۋاپتۇ.

جاڭ لەشكەر بېگى يوتىسىغا بىرنى ئۇرۇپ، يېنىدىكى ئىككى لەشكىرىگە قاراپ ئىتتىك بىر نېمىلەرنى دېدى. بارات ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلدى:

— تاغا، ئۇ باندىتلار نىقابلىنىۋالغان بولسا، ئۇلار چوقۇم سىرتتىن كەلگەن چېگرا باندىتلىرى، ئۇلار دائىم نىقابلىنىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ.

ئۇ باندىتلار توغرىسىدا قىزىقىپ سوراۋاتقانلىقى ئۈچۈن تۇرداخۇن ئالدىدىكى كارۋاننىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېگۈسى كەلدى:

— بارات، جاڭ لەشكەر بېگىگە ئېنىق دەپ قوي، ئۇلار

ئوخشاش قارا كىيىم كىيگەن، ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى چەبدەس ئىكەن.

بارات تەرجىمە قىلىپ بەردى. جاڭ لەشكەر بېگى ئاڭلاپ، ئىككى لەشكىرى بىلەن پاراڭلاشتى. ئاندىن جاڭ لەشكەر بېگى باراتقا بىر نېمىلەرنى دېدى، بارات تەرجىمە قىلىپ:

— ئەگەر باندىتلار ئوخشاش قارا كىيىم كىيىپ نىقابلانغان بولسا، چوقۇم چىڭباڭ باندىتلىرى، — دېدى.

باراتنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى يەنە بىرمۇنچە گەپ قىلدى. ئۇنىڭ گەپلىرىنىڭ ئارىسىدا «خان، خان» دېگەن سۆزلەرنى تۇرداخۇن چۈشەنگەندەك قىلىپ باراتقا قارىدى.

— تاغا، چىڭباڭ باندىتلىرى مەملىكەت بويىچە پاراكەندىچىلىك سېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن مەنچىڭ خانى ناھىيىلەرگىچە ھەتتا يېزىلارغىچە ئوردىنىڭ يارلىقىنى چۈشۈردى. ئۇ باندىتلار ناھىيىمىزدىمۇ پەيدا بوپتۇ، شۇڭا ھوشيار بولۇپ، نەدىلا بولمىسۇن يوقىتىش لازىم» دەيدۇ، — دېدى بارات.

— بارات، سەن لەشكەر بېگىگە تولۇق دەپ قوي، بىز چېگرا سودىسى قىلىدىغانلار باندىتلارنىڭ دەستىدىن بەك ئەنسىزچىلىككە قېلىۋاتىمىز، — دېدى تۇرداخۇن.

بارات تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى يەنە گەپ قىلدى. بارات:

— تاغا، جاڭ لەشكەر بېگى سىزنى «خاتىرجەم بولسۇن، باندىتلارنى چوقۇم يوقىتىمىز» دەيدۇ، — دېدى.

تۇرداخۇن جاڭ لەشكەر بېگىدىن خۇش بولۇپ ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭغا قولىنى سۇندى. جاڭ لەشكەر بېگىمۇ ئۇنىڭغا قولىنى بېرىپ كۆرۈشتى، ئىككىسى قوللىرىنى

ئۇزاققىچە قويۇۋەتمىدى.

جاڭ لەشكەر بېگى يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى. بارات تەرجىمە قىلىپ:

— تاغا، جاڭ لەشكەر بېگى «پۇقرالارنى قوغداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، باندىتلار ھۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن كېيىنكى سەپىرىڭلارغا لەشكەر قوشۇپ بېرىشكە بولىدۇ» دەيدۇ، — دېدى.

بۇ گەپ تۇرداخۇنغا ئىنتايىن ياقتى. چۈنكى بۇ قېتىم زىيان تارتقان ئائىلە ھارۋا مالنى سودىگەرلەرگە چاچقاندا دەسمايىسى ئاز سودىگەرلەرگە پايدا ئاز بولاتتى. شۇڭا كېيىنكى سەپەردىن ئەنسىرىگەن تۇرداخۇن:

— ئەگەر جاڭ لەشكەر بېگى بىز چېگرا سودىگەرلىرىگە بۇنچىلىك غەمخورلۇق قىلىدىغان بولسا بىزنىڭ چېگرا سودىمىز تېخىمۇ راۋاج تاپىدۇ، — دېدى.

بارات تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن، جاڭ لەشكەر بېگى يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى. بارات تاغىسىغا قاراپ خۇشال ھالدا:

— تاغا، سىزنى «لەشكەر چىقىرىپ بېرىشتىن خاتىرجەم بولسۇن، يۇرتىمىزغا ئامانلىق كېرەك، بىز باندىتلارنى نەدىلا بولمىسۇن يوقىتىمىز. سىلەر چېگرا سودىگەرلىرى يۇرتىمىزغا جىق ياخشىلىق قىلدىڭلار. بولۇپمۇ تۇرداخۇن يۇرتىمىزدا موبكا سېلىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ يىغقان يۇڭ - تېرىلىرىنىڭ بازىرىنى چىقىرىۋەتتى. ئەگەر سىز لەشكەر تەلەپ قىلسىڭىز چوقۇم لەشكەر قوشۇپ بېرىمىز» دەيدۇ، — دېدى.

تۇرداخۇن ئىنتايىن خۇش بولۇپ باراتقا:

— سەن جاڭ لەشكەر بېگىمگە دېگىن، ئەگەر ھۆكۈمەت بىز سودىگەرلەرگە بۇنچىلىك كۆڭۈل بۆلۈپ سەپىرىمىزگە لەشكەر قوشۇپ بېرىدىغان بولسا، مەن چېگرا سودىسىنى چوقۇم كېڭەيتىمەن. مەن ھەر قېتىم سەپەر قىلغاندا باندىتلارغا يولۇقۇپ

قالارمىزمىكىن دەپ بەك ئەنسىرەيتتىم، — دېدى.
بارات تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى يەنە بىر نېمىلەرنى دېدى، بارات:
— تاغا، جاڭ لەشكەر بېگى سىزنى «چوقۇم خاتىرجەم بولسۇن» دەيدۇ، چېگرا سودىسىغا لەشكەر چىقىرىپ بېرىش ئۇنچىلا پىكرى ئەمەس، چيەن دارىنمۇ شۇنداق دېگەن ئىكەن، — دېدى.
تۇرداخۇن ئىختىيارسىز:
— شي شي، — دەپ كەتتى.
جاڭ لەشكەر بېگى مۇشۇ پەيتتە ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسى توغرۇلۇق ئۆزىنىڭ ئارىغا چۈشۈش ئىشىنى ئويلاپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى مويكا بىلەن سېتىۋېلىش دېگەن بۇ تەكلىپىنى دېگۈسى كەلمەي، تۇرداخۇن «چېگرا سودىسىنى كېڭەيتىمەن» دېگەن پەيتتىن پايدىلىنىپ بۇ ھەقتە گەپ ئاچتى.
— تاغا، ۋاڭ بېگىمنىڭ سىز بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلغۇسى بارىكەن، شۇڭا شېرىك سودا قىلىشقا نېمە دەيدىكىن دەۋاتىدۇ؟ — دېدى بارات.
تۇرداخۇن مۇنداق گەپنىڭ چىقىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. سودىدا يالغۇزچىلىق تارتقان ياكى دەسمايىسى بەك يېتىشمەيدىغان ئەھۋالدا قالمىغانىدى. ياردەمچى ياللاپ، دەسمايىسى يېتىشمىسە قەرز ئېلىپ، بىر ئامال بىلەن چېگرا سودىسىنى ئاقتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ گېپى خۇددى ئۇنىڭ رىزقىغا چاڭگال سېلىۋاتقاندەك تۇيۇلدى - دە، ئاچچىقى كەلدى. لېكىن ئاچچىقىنى بېسىۋېلىپ، كۈلۈمسىرەپ باراتقا:
— سەن جاڭ لەشكەر بېگىگە تولۇق ئۆرۈپ بەرگىنە، بۇ ناھىيىنىڭ يېرىمىنى دېگۈدەك قول ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ۋاڭ بېگىمنىڭ مال - دۇنياسى يېتىشمەي چېگرا سودىسى قىلىپ

يەنە بېيىغۇسى كەپتۇما؟ — دېدى.
— كەچۈرۈڭ تۇرداخۇن، مەن پەقەت سىزگە ۋاڭ بېگىمنىڭ گېپىنىلا يەتكۈزدۈم، قارىغاندا ئۇمۇ چېگرا سودىسىغا قىزىقىدىغان ئوخشايدۇ؟ — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى.
تۇرداخۇن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاچچىقى بەك كەلگەچكە ئۇنىڭ چىرايىغىمۇ قارىغۇسى كەلمىدى. ئۇ ۋاڭ بېگىم بىلەن شېرىك سودا قىلغۇسى يوقلۇقىنى ئەسكەرتىپ قويغۇسى كېلىپ:
— بارات، سەن جاڭ لەشكەر بېگىگە ئېنىق دەپ قوي، ئۇ ۋاڭ بېگىمگە بېرىپ دەپ قويسۇن، مەن ۋاڭ بېگىم بىلەن ھەرگىز شېرىك چېگرا سودىسى قىلمايمەن. لېكىن بىز ھەممىمىز بىر يۇرتنىڭ ئادەملىرى، ئەگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسى قىلغۇسى كەلسە، چېگرىدا ساتىدىغان ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى يىغسۇن، ماللىرىغا ئۆزى ئىگە بولۇپ چېگراغا ئېلىپ بارسۇن، مەن سېتىشتا ياردەملىشىپ بەرسەم بولىدۇ، — دېدى.
بارات تەرجىمە قىلغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىنى ھەرگىز ئاشكارىلاشقا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ باراتقا بىر نىمىلەرنى دېدى.
— تاغا، جاڭ لەشكەر بېگى «ئەگەر ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلماقچى بولسا بۇ يەردىن چېگراغا نىمە ئېلىپ بارسا بولىدۇ؟» دەيدۇ.
— ئەگەر ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلىمەن دېسە، ئۇنىڭ ئېلىپ بارىدىغان مېلى ئۆزىدە بار، ھازىر روسىيىدە گۈرۈچ ئىنتايىن قىس. مەن بۇ قېتىم ئون ھارۋا گۈرۈچ ئالغاچ بارغانىدىم. ئۇنىڭ سودىسى موپكامدا يېرىم پىششىقلانغان يۇڭ -

تېرىلىرىمدىنمۇ ئىتتىك بولدى ھەم خېلى ئۆرە باھادا سېتىۋالدىم. بۇ قېتىم بارسام يەنە گورۇچ ئېلىۋالىمەن، — دېدى تۇرداخۇن.

جاڭ لەشكەر بېگى بۇنى ئاڭلاپ كۈلۈمسىرىدى. چۈنكى نېمىلا بولمىسۇن، ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسى قىلىشىغا يول ئېچىلغانىدى. جاڭ لەشكەر بېگى تۇرداخۇننىڭ سۆزىدىن خۇش بولۇپ، باراتقا بىر نېمىلەرنى دېدى.

— تاغا، «چېگرىدا گورۇچنىڭ بازىرى بار» دەپ ناھايىتى ياخشى ئۇچۇر بەردىڭىز دەۋاتىدۇ. «بۇ گەپنى ۋاڭ بېگىمگە چوقۇم دەيمەن. ۋاڭ بېگىمنىڭ يېزىسىدا ئاساسەن شال تېرىلىدۇ. ۋاڭ بېگىم پۈتۈن ناھىيىنىڭ گورۇچىنى چېگراغا ئېلىپ بارىمەن دېسىمۇ قۇربى يېتىدۇ» دەيدۇ، — دېدى بارات.

ئەمدى تۇرداخۇننىڭ ئاچچىقى پەسىيىپ، چىرايىمۇ ئوڭشىلىشقا باشلىدى. ئەگەر ۋاڭ بېگىم بۇ ناھىيىدىن گورۇچ ئېلىپ ماڭسا ئۆزىنىڭ مېلى بىلەن قوشۇلۇپ بۇ كارۋان سېپى تېخىمۇ ئۇزىراپ داۋرىقى كۆپىيىپ، يولدا باندىتلارنىڭ بۇلاڭ-تالىڭىغا ئۇچراش ئېھتىمالى كۆپ بولاتتى. شۇڭا ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسىغا ياردەم قىلغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن باندىتلارنىڭ سالىدىغان پاراكەندىچىلىكىنى ئويلاپ باراتقا دېدى:

— سەن جاڭ لەشكەر بېگىمگە دېگىن، ئەگەر ۋاڭ بېگىم گورۇچ ئاپىرىپ چېگرا سودىسى قىلىدىغان بولسا ھۆكۈمەت بىزگە لەشكەر قوشۇپ بەرسۇن. شۇ چاغدا بىز خاتىرجەم بېرىپ-كېلەلەيمىز.

بارات تەرجىمە قىلىپ بولۇشىغا، جاڭ لەشكەر بېگى خۇش بولۇپ بىر نېمىلەرنى دېدى. بارات تەرجىمە قىلدى:

— تاغا، سىزنى «بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولسۇن» دەيدۇ،

«چوقۇم لەشكەر قوشۇپ بېرىمىز. ۋاڭ بېگىم ئەمەس، ھەتتا ئۆزىڭىز چېگرا سودىسى قىلىشقا لەشكەر تەلەپ قىلسىڭىز سىزگىمۇ لەشكەر قوشۇپ بېرىمىز» دەيدۇ.

ئىككىسى خۇشاللىقىدا قوللىرىنى يەنە سىقىشتى. ئۇلار پاراڭلىشىپ گەپ - سۆزلىرى تۈگىگىچە چۈش بولۇپ قالغانىدى. ھايال ئۆتمەي داستىخان باشقىدىن سېلىنىپ، لېگەندە گۆش كەلتۈرۈلدى. مېھمانلار بۈگۈن چۈش تۇرداخۇننىڭ ئۆيىدە مېھمان بولۇپ قايتىشتى. تۇرداخۇنمۇ خۇش بولۇپ كېيىنكى قېتىملىق سەپىرىدىن خاتىرجەم بولدى.

## ئون ئىككىنچى باب

# جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىككە يەنە بارماقچى بولغانلىقى

دارىن خېنىم ئۆيدىكى پاراكەندىچىلىكتە ئېرىنىڭ بالدۇرراق يېنىپ كېلىشىنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى.

ئوغلى هازىر مەست، ئەس - هوشىنى بىلمەي سۆپىدا ئۆلۈكتەك ياتىدۇ. ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن چيەن دارىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشى بىلەنلا خۇددى دادىسىنىڭ ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك ئۆيدە پەيدا بولدى. ئاپىسى ئوغلىنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشىنى كۆرۈپ خۇش بولدى ۋە ئوغلىدىن ئەھۋال سورىدى. ئوغلى قىلچە ھېيىقماستىن:

— ئاپا، مەن ئوقۇشنى تاشلاپ شۆتاڭدىن قېچىپ كەلدىم، ئەمدى شۆتاڭغا بارمايمەن، — دېدى. ئاپىسى نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى، بىردەمدىن كېيىن ئېسىنى يىغىۋېلىپ:

— جېنىم بالام، نېمىشقا شۆتاڭدىن قاچىدىغانسەن، سېنىڭ نېمەڭ كەم؟ سەن تېخى ياش، شۆتاڭنى تاماملىۋالساڭ ياخشى ئەمەسمۇ، ساۋاقداشلىڭ ۋاڭ مىڭئېر، باراتقا ئوخشاش شۆتاڭنى تاماملاپ كەلسەڭ مەھكىمىدە خىزمەت قىلىپ، ئەمەل تۇتساڭ ياخشى ئەمەسمۇ، — دېدى.

لېكىن ئوغلى باتناپ:

— سىلەر مېنى ئالدىدىڭلار، ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتتۇق دەپ مېنى شۆتاڭغا ماڭدۇرۇۋېتىپ، ھېلىغىچە بىر ئىش قىلمىدىڭلار، — دېدى.

چيەن دارىن ئوغلىنى شۆتاڭغا ماڭدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن جاڭ خېنىمنى ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە ئۇلاردىن «يا ماقۇل، يا ياق» دېگەن جاۋاب كەلمىدى. ئوغلى ئۇرۇمچىدە ئوقۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئوغلىنىڭ «توي قىلىمەن» دېگەن غەلۋىسىدىن ھازىرچە خاتىرجەم يۈرگەنىدى. ئەمدىچۇ، ئوغلىنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى ئاپىسىنى ھەقىقەتەن گاڭگىرىتىپ قويدى. ئاپىسى سەل ئېسىنى يىغىۋېلىپ بىرەر باھانە ـ سەۋەب كۆرسەتمەي ئاددىيلا قىلىپ:

— ئوغلۇم، توي قىلساڭمۇ شۆتاڭنى تاماملاپ ئاندىن قىلمامسەن؟ — دېيىشىگە كىچىك بايۋەچچە ئاچچىقلاپ:

— سىلەرنىڭ دەيدىغىنىڭلار مانا مۇشۇ، مەن ئەمدى ئوقۇمايمەن، — دېگىنىچە چالۋاقاپ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەنىدى. ئاپىسى بىلەن ئۆي خىزمەتچىلىرى ئۇنى توسۇۋېلىپ يالۋۇرسىمۇ ئۇنىمىغانىدى. تېخى بايىلا ئىككى ئاغىنىسى ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئەكىلىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشكەنىدى. مانا، ھېلىغىچە ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلمىدى. ئوغلىنىڭ مەستلىكتىن يېشىلمىگەنلىكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بىردەم بولسىمۇ ئاراملىق ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ ئېسىگە كەلسە يەنە نېمە گەپ ـ سۆز، نېمە ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلار بولىدۇ تېخى. بايا ئوغلى ۋارقىرىغاندا دارىن خېنىم قورقۇپ كېتىپ يۈرىكىنى تۇتۇۋالغانىدى. ھەتتا ئۆي خىزمەتچىلىرىمۇ قورقۇپ نېرى تۇرۇشقانىدى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ بىر خىزمەتچى ئايال كىردى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلىپ جىم تۇرۇشى چيەن دارىننىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. دارىن خېنىمنىڭ ئەمدى كۆڭلى تىندى. ھايال ئۆتمەي ئىشىكتە چيەن دارىنمۇ كۆرۈندى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپلا خۇددى بىر نەرسىنى پۇراۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا قارىدى. ئۆي ئىچى هاراق پۇراپ تۇراتتى. ئۇ دەرهال ئايالىغا قارىدى، دارىن خېنىم ئاستا بۇرۇلۇپ سۇپىغا قارىدى. چيەن دارىن سۇپىدا ئولتۇرغان ياتقان ئوغلىنى كۆرۈپ بىر ئوغلىغا، بىر ئايالىغا قارىدى. دارىن خېنىم:

— سىز چۈشتىن كېيىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىشىڭىز گىلا خۇددى سىزنى ئىشىكنىڭ كەينىدە ماراپ تۇرغاندەك ئوغلىمىز ئۆيدە پەيدا بولدى، — دەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى.

چيەن دارىن سۇپىدىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ ئۈستەلنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆزى ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە بۆكىنى ئېلىپ ئۈستەلگە قويۇپ، بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. دارىن خېنىم ئۈستەلنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، خۇددى ئېرىنى دورىغاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئۆي خىزمەتچىلىرى ئۇلارغا چاي كەلتۈردى. چيەن دارىن چاي ئىچكەچ ئۇزاققىچە گەپ قىلماي سۇپىدا ياتقان ئوغلىغا پات - پات قاراپ قويدى. كىچىك بايۋەچچە شۆتاڭغا كەتكەچكە، چيەن دارىن ئۇنىڭ غەلۋىسىدىن خېلى قۇتۇلۇپ قالغانىدى. ئۇ ئەركە ئۆسۈپ قالغاچقا، كىچىكىدىن تارتىپ غەلۋىسى تولا ئىـــدى. چوڭ بولغانسېرى تۈزەلمەي غەلۋىسى تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتاتتى. تالاغا چىقسا ئاغىنىلىرى بىلەن هاراق ئىچىپ، ئەيش - ئىـــشرەت قىلاتتــى. ئــۆيگــە كىرسە ئاتا - ئانىسىغا ئەسكىلىك قىلاتتى. ئۇ ئوقۇشنى ئوقۇماي بۇنچىلىك دەرد قىلسا، كېيىن نېمە ئىشلار بولىدۇ تېخى.

چيەن دارىن بىر دەم بولسىمۇ ئوغلىنى كۆرمەي ئازابلىق خىياللاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئايالىغا:

— بىز هۇجرا ئۆيدە پاراڭلىشايلى، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى دارىن خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ سۇپىدا ياتقان ئوغلىغا قاراپ. چيەن دارىنمۇ سۇپىغا قاراپ تۇراتتى.

كىچىك بايۋەچچە ناھايىتى بوش نەپەس ئېلىپ ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇ ئىككىسى ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا خىزمەتچى ئايال كىرىپ «نېمە ئىش بار» دېگەندەك ئۇلارغا قارىدى. دارىن خېنىم:

— ھۇجرا ئۆيگە ئۇستەل تەييارلاڭلار، — دېدى.

خىزمەتچى ئايال چىقىپ كەتتى. چيەن دارىن، دارىن خېنىم ياندىكى ھۇجرا ئۆيگە كىرىشتى. ھەر ئىككىلىسىنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقا، جىم - جىم كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇشتى. ئۆي خۇددى ھېچكىم يوقتەك تىنچ بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىنىقلىرى بىر - بىرىگە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار سۇكۇت ئىچىدە تاماقنىمۇ جىم ئولتۇرۇپ يېيىشتى. چيەن دارىن ئوغلىنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى ئويلاپ ئايالىغا:

— ئوغلىمىز مەكتەپتىن قېچىپ كەلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— راست شۇنداقكەن، مەن گەپ سورىساممۇ شۇنداق دەيدۇ، — دېدى دارىن خېنىم.

— نېمىشقا شۆتاڭدىن قېچىپ كەلگەنلىكىنى دېدىمۇ؟ — دېدى، «سىلەر مېنى ئالدىدىڭلار» دەۋاتىدۇ تېخى. . . چيەن دارىن ئانچە ئويلانمايلا:

— ماڭا قارا خوتۇن، ئوغلىمىزنى ئەمدى ھەرقانداق قىلىپمۇ شۆتاڭغا ئەۋەتىش تەس ئوخشايدۇ! — دېدى.

دارىن خېنىم چۆچىگەندەك:

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ نېمىلا بولمىسۇن بىر ئامال قىلىپ ئوغلىمىزنى شۆتاڭغا ماڭدۇرايلى، — دېدى.

— ياق! — دېدى چيەن دارىن ئالدىرىماستىن، — قارىغاندا ئوغلىمىزنىڭ ئۆيلەنگۈسى كېلىپ شۆتاڭدىن قاچقان ئوخشايدۇ.

— راست، گېپىنى ناھايىتى ئوچۇق ئېيتتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىغا ئەلچى ئەۋەتتۇق دەپ مېنى شۆتاڭغا ماڭدۇرۇۋېتىپ ھېلىغىچە خەۋىرىڭلار يوق، دەيدۇ.

— مۇنداق ئىكەن - دە، — دېدى چيەن دارىن.
دارىن خېنىم ئۇچۇن ئوغلى شۆتاڭدا ئۇزاقراق تۇرسىمۇ مەيلى ئىدى. ئۇنىڭ مۇئەللىمىدىن بىلىم ئالغاچ ئەدەب - ئەخلاق ئۆگىنىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئوغلىنى ئۆيلەپ قويسا، ئاياللىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇزلىپ كېتەرمۇ ياكى ئوغلى ئەمەلدار ھەم باينىڭ ئوغلى بولغاچقا، ئۆيلىنىۋېلىپ تېخىمۇ ئويۇن - تاماشىچى بولۇپ كېتەرمۇ؟ ئويلاپ خىيالىنىڭ ئاخىرىغا چىقالماي تەۋەككۇل قىلىپ:
— ئۇنداقتا، ئوغلىمىزنى ئۆيلەپ قويامدۇق - يا، — دېدى.
— ياق، مېنىڭ ئويلاۋاتقىنىم ئوغلىمىزنى ھازىر ئۆيلەپ قويۇش ئەمەس. «قىز تەرەپتىن ئېنىق جاۋاب كەلسۇن» دەپ ئوغلىمىزنى بىر مەزگىل ئۆيدە تۇتۇپ تۇرايلى، شۆتاڭغا بارمىسۇن. ئەگەر ئوغلىمىزنى ئۆتكەن قېتىم ئالدىغاندەك شۆتاڭغا ئەۋەتىۋەتسەك يەنە قېچىپ كېلىپ، چوڭراق پاراكەندىچىلىك تېپىپ بېرىشى مۇمكىن.
جاڭ خېنىم ئەلچىلىككە بېرىپ كېلىپ، «كېيىن جاۋاب بېرىدىغان بولدى» دېگەندىن باشقا ھېلىغىچە بىرەر خەۋەر يەتكۈزمىگەنىدى. دارىن خېنىمنىڭمۇ ھازىرچە ئېنىق جاۋاب ئالغۇسى يوق، ئىلاج قىلىپ ئوغلىنى شۆتاڭدا كۆپرەك تۇرغۇزغۇسى بار ئىدى. ئەمما ئېرىنىڭ «قىز تەرەپتىن ئېنىق جاۋاب كەلسۇن» دېگىنىگە قاراپ «توينى قىلساق بالدۇرراق قىلىۋېتەيلى» دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى. شۇڭا:
— جاڭ خېنىمنى ئەلچىلىككە يەنە ئەۋەتىپ باقىمىزمۇ - يا؟ — دېدى.
— ماقۇل، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىپ كەلگىلى ئۆيىگە بېرىپ كېلەيلى.
دارىن خېنىم جاڭ خېنىمنى ئويلاپ تۇرغاچقا:

— جاڭ خېنىمنى يەنە ئەلچىلىككە ئەۋەتىپ بېقىشقا بارمىساق نېمىگە بارىمىز ئەمىسە؟ — دېدى.

— ياق، جاڭ خېنىمنى ھازىرچە ئېنىق جاۋاب ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتمەيمىز. ئېنىق جاۋاب ئېلىش ئۈچۈن كېيىنرەك ئەۋەتسەكمۇ بولىدۇ. ئوغلىمىزنى ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىغا ئۆيلەشنىڭ يولىنى تېپىش ئۈچۈن ئەھۋال بىلمەكچى بولۇۋاتىمەن.

ئۇنىڭ گېپى دارىن خېنىمغا سىرلىق تۇيۇلغاچقا:

— نېمە ئەھۋالنى بىلمەكچى بولۇۋاتىسىز؟ — دېدى.

— مەن ئۆتكەندە جاڭ لەشكەر بېگىنى تۇرداخۇننىڭ باندىتلارغا ئۇچرىغان ئەھۋاللىرىنى بىلىپ كېلىشكە ئەۋەتكەنىدىم. ئۆزىمۇ تۇرداخۇن بىلەن كۆرۈشكەچ ۋاڭ بېگىمنىڭ تەكلىپىنى دېمەكچى ئىدى. ئەگەر جاڭ لەشكەر بېگى تەكلىپنى دېگەن بولسا تۇرداخۇن قوشۇلدىمۇ ـ قانداق، شۇنى بىلىپ باققۇم بار...

— ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇرداخۇنغا دەيدىغان تەكلىپى بىلەن ئوغلىمىزنىڭ توي ئىشىنىڭ نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ — دېدى دارىن خېنىم.

— سەن بىلمەيسەن، — دېدى چيەن دارىن كۈلۈمسىرەپ،

— تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ تەكلىپىگە قوشۇلغان ـ قوشۇلمىغانلىقىغا قاراپ ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىنى ئوغلىمىزغا بېرىدىغان ياكى بەرمەيدىغانلىقىنى بىلىشكە بولىدۇ.

— دارىن جانابلىرى، بۇ گېپىڭىزنى زادىلا چۈشىنەلمىدىمغۇ، — دېدى دارىن خېنىم ھەيرانلىق بىلەن.

— راست، سەن ھازىر بۇ ئەھۋالنى چۈشىنىپ كېتەلمەيسەن... تۇرداخۇن مويكا سېلىپ چېگرا سودىسى قىلىپ بېيىپ كېتىۋاتىدۇ. ۋاڭ بېگىم ھەسەت قىلىپ تۇرداخۇنغا سېتىپ بەرگەن كونا ھويلىسىنى مويكا بىلەن قوشۇپ

ئېلىنىۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ ئويى ئەمەلگە ئاشماسلىكى مۇمكىن، لېكىن ھازىرچە ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇرداخۇن بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلغۇسى بار. ئەگەر تۇرداخۇن ئۇنىڭ شېرىك چېگرا سودىسى قىلىش تەكلىپىگە قوشۇلسا، ۋاڭ شىئېر ئوغلىمىز بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىمىسا، ۋاڭ بېگىممۇ بۇ تويغا قوشۇلمايدۇ. ئەگەر تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ شېرىك چېگرا سودىسى قىلىش تەكلىپىگە قوشۇلمىسا، ۋاڭ بېگىم كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەم مويكىنى قوشۇپ ئېلىۋېلىش نىيىتىدىن يانماي مېنىڭ ئالدىمغا ئىلتىماس سۇنۇپ كېلىدۇ. مەن ئۇنىڭ ئىلتىماسىنى يۇقىرىغا يوللاپ بەرمىسەم ئۇ ھويلىسىنى ھەرگىز قايتۇرۇۋالالمايدۇ. ئۇ چاغدا مەن ۋاڭ بېگىم ئۇچۇن ئىنتايىن مۇھىم، مېنىڭ ھەرقانداق تەلىپىمنى ۋاڭ بېگىم يىرالمايدۇ. دېمەك، ئوغلىمىز ئەسكى بولسىمۇ، ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىنى تولۇق ئىشەنچ بىلەن ئېلىپ بەرگىلى بولىدۇ.

دارىن خېنىم بېشىنى تۇتۇپ:

— ۋاي... ۋۇي...، نېمىدېگەن مۇرەككەپ ئىش بۇ؟ — دېدى.

— قانداق قىلىسەن، — دېدى چيەن دارىن، — بۇ توينى قىلىش ئۇچۇن پەقەت مۇشۇنداق قىلىش كېرەك، بولمىسا بىزگە نېمە ئامال؟ ۋاڭ بېگىم تەرسا ئادەم، مال - دۇنياغا كۆزى زادى تويمايدۇ. تۇرداخۇن ئۇنىڭ كونا ھويلىسىنى سېتىۋېلىپ ئورنىغا مويكا سېلىپ، چېگرا سودىسى قىلىپ بېيىپ كېتىۋېدى، ئۇنىڭ كۆزى قىزىرىپ ئامال قىلىپ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇ رەزىللىكىدىن پايدىلىنىش لازىم. — چيەن دارىن ئۇلار بىلەن قۇدىلىشىشقا قىزىقىدىغانلىقىنىمۇ ئىختىيارسىز ئاشكارىلىدى، — ئەگەر ئوغلىمىز ئۇنىڭ قىزى بىلەن توي قىلالىسا بىزگىمۇ زور پايدا.

بۇنى ئاڭلاپ دارىن خېنىم يىغلاپ كەتتى. ئۇ ھەقىقەتەن

كۆڭلى يۇمشاق ئايال ئىدى، كۆڭلىنىڭ ياخشىلىقىدىن ئۆز ئوغلىنى دائىم ئەيىبلەيتتى ھەم ۋاڭ شىئېردەك چىرايلىق، ياخشى قىزنىڭ ئەدەبسىز ئوغلىغا تېگىشىگە ھازىرمۇ ئىشەنچ قىلالمايتتى.

— نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپ سورىدى چيەن دارىن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ.

دارىن خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ:

— نېمىشقا يىغلىمايمەن؟ بۇ بالا جېنىمىغا زامىن بولۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ خاپىلىقى بىزنىڭ ئائىلىدىن ئېشىپ باشقا ئائىلىلەرنىمۇ پاراكەندە قىلىۋاتىدۇ، مانا ئەمدى قېرىنداش مىللەتتىن بولغان تۇرداخۇن ئائىلىسىگىمۇ باش ئاغرىقى تېپىۋاتىدۇ، — دېدى.

— يىغلىما، — دېدى چيەن دارىن ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ، — قانداق قىلىمىز، ئوغلىمىزنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ ئىش تۇتمىساق بولامدۇ، بىر ئامال قىلىپ ئوغلىمىزغا ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىنى ئېلىپ بەرمىسەك بىزنىڭ بېشىمىز زادىلا ساقايمايدۇ.

ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرا ئىدى. بىردىنلا ۋاڭ شىئېر كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ چىرايلىق كۆرۈنۈپ كەتتى، مۇنداق گۈزەل قىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بەرسە ئائىلىسى ئۈچۈنمۇ بىر شەرەپ ئىدى. شۇڭا ۋاڭ شىئېرنى كېلىن قىلىۋېلىشنى ئويلاپ بايىقى يىغىسىنىمۇ ئۇنتۇپ:

— جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا جاڭ خېنىمغا «قىز تەرەپنىڭ خەۋىرىنى ئېلىپ بېرىڭ» دەمدۇق؟ — دېدى.

— ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمايمىز، ئالدى بىلەن تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ شىرىك چېگرا سودىسى قىلىش تەكلىپىگە ئۇنىغان - ئۇنىمىغانلىقىغا قارايمىز. ئەگەر تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ تەكلىپىگە ئۇنىسا، جاڭ خېنىم ۋاڭ بېگىمنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشكە بارمايدۇ، ئۇ چاغدا ئوغلىمىزنى باشقا

يەردىن لايىق تېپىپ ئۆيلەيمىز. ئەگەر ئۇنىمىغان بولسا، جاڭ خېنىم جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشكە بارىدۇ.

تېخى ھېلىلا ئوغلى بىلەن ۋاڭ شىئېرنىڭ توينى ئويلاپ بىر دەم بولسىمۇ كۆڭلى ئارام تاپقان دارىن خېنىم:

— ئەگەر تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ شېرىك چېگرا سودىسى قىلىش تەلىپىگە ئۇنىمىسا، ۋاڭ بېگىم «ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ جېدەل قىلىدىغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

چيەن دارىن كۈلۈمسىرەپ:

— خوتۇن، بۇنچىلىك چوڭقۇر ئويلاپ كەتمە، مېنىڭچە ئەھۋال شۇنداق، كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدۇ، بۇنى بىلمەيمەن، — دېدى ئايالىغا قاراپ، — بۇ يەردە قۇرۇق پاراڭ سېلىپ ئولتۇرماي جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئۆيىگە بارايلى، — ئۇ ئورنىدىن قوزغالدى. ئۇ ئىككىسى كەچ بولسىمۇ ئانچە ـ مۇنچە جابدۇنۇپ ئىككى خىزمەتچىنى ئەگەشتۈرۈپ، جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى.

ئۇلار ھويلىغا كىرىپ كەلگەندە جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن جاڭ خېنىم پېشايۋاندا دەم ئېلىپ ئولتۇراتتى. ساھىبخانا بۇ ھۆرمەتلىك ئىككى مېھماننى كۆرۈپ خۇش بولۇپ ئالدىغا كەلدى. چيەن دارىن جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن كۆرۈشۈۋېتىپ:

— بىز ئەر ـ ئايال ئىككىمىز سىلەر بىلەن مۇڭداشقىلى كەلدۇق، — دېدى.

— جاڭ خېنىم، بىز ئازراقلا مۇڭدىشىپ قايتىمىز، ئۇزاق ئولتۇرمايمىز. ئۆيدە ئوغلىمىز كەيپ بولۇپ يېتىپ قالدى. ئۇنىڭ كەيپى يېشىلىپ ئويغىنىپ قالسا بىز ئۆيدە يوق، ئوغلىمىز خىزمەتچىلەرنى پاراكەندە قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. شۇڭا خىزمەتچىلەر تاماق تەييارلايمىز دەپ ئاۋارە بولمىسۇن، — دېدى دارىن خېنىم. دارىن خېنىم ئۇنىڭغا ئوغلىنىڭ خاپىلىقى توغرۇلۇق پات ـ پات دەرد ئېيتىپ بېرەتتى.

— بىزمۇ سىلەرنى ئۇزاق تۇتۇۋالمايمىز، قېنى كېلىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى ئۇ ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ.

مېھمانلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى:

— كىچىك بايۋەچچە شۆتاڭدا ئەمەسمىدى؟ ھازىر تەتىل ۋاقتى ئەمەسقۇ؟ — دېدى.

دارىن خېنىم «سىز جاۋاب بېرىڭ» دېگەندەك قىلىپ چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئالدىرىماستىن:

— راست دەيسىز جاڭ لەشكەر بېگى، ئوغلىمىز شۆتاڭدا ئىدى، ھازىر تەتىل ۋاقتىمۇ ئەمەس. لېكىن ئۇ بۈگۈن چۈشتىن كېيىن تۇيۇقسىزلا ئۆيدە پەيدا بولۇپ قالدى، ئوغلىمىزنىڭ خاپىلىقىدىن سىلەر بىلەن پاراڭلىشىپ كېلەيلى دەپ كەچ بولسىمۇ كېلىپ قالدۇق، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى ۋە جاڭ خېنىم بىرەر كۆڭۈلسىزلىكنىڭ بولغانلىقىنى سېزىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. لېكىن جاڭ خېنىم چاندۇرماي سورىدى:

— دارىن خېنىم، كىچىك بايۋەچچە ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇمۇ؟

— ئوغلىمىز ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇ، لېكىن بەڭۋاشلىقى تۇگىمەيۋاتىدۇ، بىزگە ھېلىغىچە ئارامچىلىق بەرمەيۋاتىدۇ، — دېدى دارىن خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

جاڭ خېنىم ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ بارغانلىقىنى ئەسلەپ قالدى. لېكىن قىز تەرەپتىن ھېلىغىچە خەۋەر يوق ئىدى. «ئەگەر چيەن دارىننىڭ ئوغلى ‹توي قىلمەن› دەپ خاپا قىلىپ. قىز تەرەپنىڭ جاۋابىنى بىلگىلى كەلگەن بولسا نېمە دەرمەن» دېگەن مەنىدە ئېرىگە قارىدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئايالىنىڭ ئويلىنىپ قالغانلىقىنى بىلىپ:

— دارىن جانابلىرى، دارىن خېنىم، باللارنىڭ ئىشى باللارنىڭ ئىشى، بىزنىڭ پارىڭىمىز بىزنىڭ ئىشىمىز، مۇڭداشقىلى كەپسىلەر. . . بىزمۇ زېرىكىپ قالغانىدۇق، بىر دەم مۇڭدىشايلى، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى. مېھمان بولۇپ كەلگەن ئادەم كېلىپلا كۆڭۈل ئاغرىقى بولىدىغان گەپ - سۆزلەرنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. شۇڭا دارىن خېنىم ئالدىراپ ئوغلىنىڭ گېپىنى چىقىرىپ قويغانلىقىغا خىجىل بولۇپ:

— جاڭ خېنىم، ئوغلۇمنىڭ گېپىنى قىلىپ سىلەرنىمۇ غەمگە سېلىپ قويدۇممۇ نېمە، جاڭ لەشكەر بېگى دېگەندەك باللارنىڭ ئىشى باللارنىڭ ئىشى، بىزنىڭ پارىڭىمىز بىزنىڭ ئىشىمىز. بوپتۇ، بۈگۈن مۇڭداشقىلى كەلگەنىكەنمىز، ئوبدانراق مۇڭدىشىۋالايلى، كەچ قالساقمۇ مەيلى، — دېدى.

— خوتۇن، سەن مېھمانغا كېلىپ باتۇر بولۇپ كېتىۋاتىسەنغۇ، قارىغاندا سەن بۈگۈن هاراقنى مەندىن كۆپ ئىچىدىغان ئوخشىمامسەن؟ — دېدى چيەن دارىن كۈلۈپ.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ كۈلكىدىن ھەممىسىنىڭ كۆڭلى بىردىنلا ئېچىلىپ، غەملىرىنى بىردەم بولسىمۇ ئونتۇپ، يېنىكلىگەندەك بولۇشتى. ئۆي خىزمەتچىلىرى كەينى - كەينىدىن كىرىپ ئۇستەل تەييارلىدى. بىردەمدىلا ئۇستەل ھەر خىل نازۇنېمەتلەر بىلەن تولۇپ كەتتى. ئاغزى ئېچىلمىغان كومزەكتە ساقلىغان ھاراقلار كەلتۈرۈلدى. جاڭ خېنىم ئۆي خىزمەتچىلىرىگە:

— مېھمانلارنى ئۆزۈم كۈتىمەن، سىلەر مېھمانلارنىڭ خىزمەتچىلىرى بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇڭلار — دېدى.

خىزمەتچىلەر چىقىپ كېتىشتى. بۇ تۆتى ئازادە ھالدا يەپ - ئىچىشكە باشلىدى. كەيپى سەل ئۆرلىگەندىن كېيىن بىردىنلا چيەن دارىننىڭ جاڭ لەشكەر بېگىدىن سورايدىغان ئىشى يادىغا

كېلىپ، ئاغزىدىكىنى ئالدىراپلا يۇتۇپ، چايدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ دېدى:

— جالىڭ لەشكەر بېگى، سىز ئۆتكەندە تۇرداخۇندىن ئەھۋال سوراپ بارغاندا نېمە دېيىشتىڭلار؟

جالىڭ لەشكەر بېگى تۇرداخۇندىن ھال - ئەھۋال سوراپ بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن قىلىشقان گەپلىرىدىن ۋە تۇرداخۇننىڭ قىزغىن مېھمان قىلىپ كۇتۇۋالغانلىقىدىن ئىنتايىن خۇشاللانغانىدى . شۇڭا چيەن دارىن ئۇنىڭدىن سورىغان ئىشلارنى دېيىشتىن ئىلگىرى تۇرداخۇننىڭ ئۆزىگە قالدۇرغان ياخشى تەسىرىنى ئالدىدا دېگۈسى كېلىپ، قولىدىكى بىر رومكا هاراقنى گۇپ قىلىپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئاغزىنى سۇرتۇۋېتىپ دېدى:

— دارىن جانابلىرى، تۇرداخۇن قالتىس ئادەمكەن. نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل، نېمىدېگەن سەمىمىي ئادەم ئۇ. ئۇنىڭ ھەققەتەن پەمى بار ئىكەن، ئۇ بۇ قېتىم سەپەردىن قايتىپ كېلىشىدە باندىتلارنىڭ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىدىن ئەنسىرەپ ئاز بىر قىسىم ماللارنى ئالدىدا يولغا سېلىۋېتىپتۇ، ئۇنى باندىتلار بۇلاپ كەتكەندىن كېيىن كەينىدىكى ئاتمىش - يەتمىش هارۋا مالنى ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەپتۇ. بۇ نېمىدېگەن ئەپچىل چارە!

— بارىكاللا، — دېدى چيەن دارىن ئاغزىنى سۇرتۇۋېتىپ، — تۇرداخۇن ھەققەتەن پەم - پاراسەتلىك ئادەم. ۋاڭ بېگىمنىڭ تاشلاندۇق كونا ھويلىسىنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ئورنىغا مويكا سېلىپ، ناھىيىمىزنىڭ يۇڭ - تېرىلىرىنىڭ سېتىلىش يولىنى ئاچتى. مانا بۇ قېتىمقى سەپىرىدىمۇ ئاز بىر قىسىم مېلىنى قۇربان قىلىپ، باندىتلارنى ئالداپ، كۆپ ماللىرىنى ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەپتۇ.

— ئۇ ئەجىر قىلغىنىغا لايىق تېز بېيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى جالىڭ لەشكەر بېگى.

— تۇرداخۇن ھازىر يۇرت ئىچىدە ھەقىقەتەن ئابرۇي تاپتى. بىز ئۆتكەندە تۇرداخۇن ئاچقان مويكىدىكى يەرمەنكىگە بارغانىدۇق، ئۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ كۆپلۈكى، يەرمەنكىگە قويۇلغان ماللارنىڭ جىقلىقى بىزنى ھەيران قالدۇردى، بىز پەقەت گەزماللارنى كۆرۈپ ئالىدىغاننى ئېلىپ يېنىپ كەلدۇق. باشقا يەرلەرنى تۈزۈك ئارىلاپ كېتەلمىدۇق. ھازىر كىشىلەر نەرسە-كېرەك ئالىدىغان بولسا ئۇدۇل تۇرداخۇننىڭ دۇكىنىغا بارىدىغان بوپتۇ. تۇرداخۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى بارات بىزگە تەرجىمانلىق قىلىپ بەردى، ئۇ بالىدىن بىز بەكمۇ رازى بولدۇق، — دېدى جاڭ خېنىم.

— بارات مەھكىمىدە دارىن جانابلىرىغا تەرجىمانلىق قىلغاندىن بېرى بەزىدە بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كېلىپ قالىدۇ. ئۇ بالا مۇلايىم ھەم كېلىشكەن، كىشىنىڭ زوقى كەلگىدەكلا بالىكەن، — دېدى دارىن خېنىم.

— راست، — دېدى چيەن دارىن ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا، — بارات ھازىر مەھكىمىدە ياخشى خىزمەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلىنى بىلىدىغان بالىكەن. مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە يۇقىرىلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ بارسام يۇقىرىلار دەرد-ئەھۋالىنى تۆكۈۋېتىدۇ. ئۇ گەپنى بەك ياخشى ئۆرۈيدۇ، مەن ئۇنىڭدىن بەك رازى.

جاڭ لەشكەر بېگى تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە ئەھۋال سوراپ بارغاندا باراتنىڭ تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەنلىكىدىن ئىنتايىن رازى بولغانىدى. شۇڭا ئۇ:

— ئۇنىڭ تەرجىمانلىق جەھەتتىكى چېچەنلىكىنى بىر دېمەڭ دارىن جانابلىرى. مەن تۇرداخۇن بىلەن خۇددى ئۆز تىلىمىزدا سۆزلەشكەندەك پاراڭلىشىپ كەلدىم. قاراڭ دارىن جانابلىرى، مەن تۇرداخۇننىڭ بۇ قېتىمقى سەپەردە باندىتلارنى ئالدىغان پەم-پاراسىتىنى ئويلاپ ئۇنىڭغا دېمەكچى بولغان ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا

ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى گەپنى زادىلا دېگىم كەلمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا «ۋاڭ بېگىمنىڭ سىز بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلغۇسى بارىكەن» دېسەم، تۇرداخۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەسلەپ ئاچچىقى كەلدى، لېكىن ئۇ بۇنى چاندۇرماي، «ئەگەر ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلماقچى بولسا، مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشەي، ئېلىپ بارىدىغان ماللىرىنى ئۆزى ئېلىپ بارسۇن، چېگرىدا مەن سېتىشىپ بېرىمەن» دېدى، بۇ دېمەك تۇرداخۇن ئۆزى قىلىۋاتقان چېگرا سودىسىنى ئۇنىڭغا ئۆتۈنۈپ بەردى دېگەنلىك. شۇڭا مەن تۇرداخۇننى ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئادەمكەن دەپ قاراپ ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغان گېپىنى دېمىدىم، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ دېمەيمەن، — دېدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى ۋە تۇرداخۇن بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلماقچى بولغانلىقىنى جاڭ خېنىم ئەمدى ئاڭلاپ ھەيران بولۇپ ئېرىگە:

— ۋاي... ۋوي...، ۋاڭ بېگىم شۇنچىۋالا باي تۇرۇپ يەنە چېگرا سودىسى قىلىپ تېخىمۇ بېيىماقچى بوپتۇما؟ — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭ گېپىگە ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— راست دېدىڭ خوتۇن، مەن تۇرداخۇنغا ۋاڭ بېگىمنىڭ شېرىك چېگرا سودىسى قىلماقچى بولغانلىقىنى دېسەم، تۇرداخۇنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش ھەيران بولۇپ، دەل سەن دېگەن مۇشۇ گەپنى دېگەن، — دېدى.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. چيەن دارىن تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ بېگىم بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلمايدىغانلىقىغا ئىچىدە خۇش بولۇۋاتاتتى. ئەمما تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسىغا زادى قانداق ياردەم قىلىدىغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى:

— ئەگەر ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلسا تۇرداخۇن زادى قانداق ياردەملىشىدىكەن؟

— تۇرداخۇن «ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلغۇسى كەلسە ساتىدىغان ماللىرىنى ئۆزى يىغىپ، ئۆزى ئىگە بولۇپ ئېلىپ بارىدۇ. ماللىرىنى چېگراغا ئېلىپ بارغاندىن كېيىن رۇسلار بىلەن بولغان سودىدا مەن ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ سودىسىنى قىلىشىپ بېرىمەن» دەيدۇ. لېكىن شېرىك سودا قىلىشقا زادىلا ئۇنىمايدىكەن.

بۇ گەپتىن ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يول مېڭىپ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغانلىقىغا چيەن دارىننىڭ كۆزى يېتىپ، ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ قىزىغا ئۆيلىنىش ئىشىنى ئويلاپ قالدى. كىچىك بايۋەچچىنىڭ ۋاڭ شىئېر بىلەن توي قىلىشى تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ بېگىم بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلماسلىقىغا باغلىق ئىدى. شۇڭا جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىكىنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشىگە يول ئېچىلغانلىقىنى پەملەپ ئايالىغا قارىدى. لېكىن دارىن خېنىم ئېرىنىڭ مەنىلىك قارىغانلىقىنى سەزمەي ئۆزىنىڭ خىيالى بىلەن ئىدى. چيەن دارىن ئەلچىنىڭ يەنە بىر قېتىم بېرىپ كېلىشىنى ئېيتقۇسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپنى ئالدىدا ئۆزى ياكى ئايالىنىڭ دېيىشىنى بىلەلمەي جىم بولۇپ قالدى. بۇ جىمجىتلىقتىن جاڭ خېنىمنىڭ ئىچى پۇشۇپ:

— دارىن خېنىم، ئوغلىڭىز ساق - سالامەت قايتىپ كەپتۇ، ھېلىقى ئىشنى قانداق ئويلىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

بۇ گەپ بىلەن دارىن خېنىم بىلەن دارىن جانابلىرى بىر - بىرىگە لاپ قىلىپ قارىشىۋالدى، دارىن جانابلىرى ئايالىغا «سەن گەپ قىل» دېگەندەك ئىشارەتمۇ قىلدى. بۇ گەپنىڭ چىقىشى تازىمۇ خۇشياققان دارىن خېنىم:

— جاڭ خېنىم، سىزنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان بولۇۋاتىمىز،

ئوغلىمىزمۇ كەلدى. ئۇنىڭ تويىنى قىلىۋەتمەي بېشىمىز ساقايمايدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى.
دارىن خېنىم قىز تەرەپنىڭ جاۋابىنى ئېلىش ئۈچۈن جاڭ خېنىمنى قىستاۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ كۈلۈمسىرەپ:
— قاچان بېرىپ باقسام بولار؟ — دېدى.
— جاڭ خېنىم، قانچە تېز بارسىڭىز شۇنچە ياخشى، كەچ بولسىمۇ تۈيۈقسىز كېلىشىمىزمۇ دەل مۇشۇ ئىش ئۈچۈن ئىدى، — دېدى چيەن دارىن دەرھال.
جاڭ لەشكەر بېگى ئايالىنى ئەلچى بولۇپ بېرىشقا ماقۇل بولۇپ ئەۋەتكەن بولسىمۇ، باياتىن بېرى باشقا گەپلەر بىلەن بولۇپ، بۇ ئىشنى يادىغا كەلتۈرمىگەنىدى. ئەمدىلىكتە خۇددى بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا توي بولۇپ كېتىدىغاندەك:
— دارىن بېگىم، سىلەر ۋاڭ بېگىم بىلەن قۇدىلاشساڭلار، ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇن بىلەن بىللە چېگرا سودىسى قىلسا ئامەت دېگەن سىلەرگىلا ياغىدىغان بولدى - دە، — دەپ كۈلۈپ كەتتى.
— ئامەت دەيسىزغۇ، — دېدى دارىن خېنىم ئۇنىڭغا تەئەججۈپ بىلەن قاراپ، — ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ئوغلۇم بىلەن توي قىلىشقا ئۇنىسا دەڭە، — ئۇ كۆڭلىدىكى غېمىنى ئىختىيارسىز دەۋەتتى.
— ئۇنىمايدىغان نېمىسى بار؟ — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى،
— چيەن دارىن «قۇدىلىشىمەن» دېسە، كونا ھويلىسىنى تۇرداخۇندىن «قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ يۈرگەن ۋاڭ بېگىم قىزى ئۇنىمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى مەجبۇرلاپ كىچىك بايۋەچچىگە بېرىدۇ.
جاڭ خېنىم قىز تەرەپنىڭ ھېلىغىچە جاۋاب بەرمىگەنلىكىنى ۋاڭ شىئېرنىڭ «ماقۇل» دېمىگەنلىكىدىن دەپ گۇمان قىلاتتى. شۇڭا ئۇ:
— ئۇنداقمۇ دەپ كەتمەڭ، — دېدى ئېرىنىڭ دولىسىغا

پەيلەپ ئۇرۇپ، — هويلا دېگەن هويلا، توي دېگەن توي، ئەلچىلىككە بارغان ئادەم مەن. ئارىلىقتا نەچچە قېتىم توي - تۆكۈنلەردە ۋاڭ خېنىم بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. لېكىن ماڭا ئۇ ئىش توغرۇلۇق زادىلا گەپ قىلمىدى. مەن يەنە ئەلچىلىكنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشكە بارىدىغان بولۇۋاتىمەن، لېكىن ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن مېنىڭمۇ بېشىم قېتىۋاتىدۇ.

بۇ گەپتىن چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمنىڭ هامىنى هويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۇچۇن ئۆزىنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ:

— هېچقىسى يوق جاڭ خېنىم، سىز جاۋاب ئېلىش ئۇچۇن يەنە بىر بېرىپ بېقىڭ، نېمىلا بولمىسۇن جاۋاب ئالماي بولمايدۇ، — دېدى.

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى، — ۋاڭ بېگىم قىلىمەن دېگىنىنى قىلىدىغان ئادەم. ئۇنىڭ ئالدىدا باشقا ئادەملەر بىر تىيىن. ۋاڭ بېگىم قوشۇلسىلا، قىزى ئۇنىمىغان تەقدىردىمۇ بۇ توي بولىۋېرىدۇ.

— تويغۇ بولار، لېكىن قىز ئۇنىمىسا تويدىن كېيىن ئىككىسىنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ — دېدى جاڭ خېنىم.

جاڭ لەشكەر بېگى ئايالىغا خۇددى كىچىك بالىغا چۈشەندۇرگەندەك:

— بۇنداق دېگىنىڭ بىلەن هازىر ئەڭ مۇهىم مەسىلە ۋاڭ بېگىمنىڭ قوشۇلۇش - قوشۇلماسلىقى. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر ۋاڭ بېگىم قوشۇلسا، بۇ توي چوقۇم بولىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن چيەن دارىننىڭ ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئېشىپ، جاڭ خېنىمغا:

— مېنىڭچە، جاڭ لەشكەر بېگى توغرا ئېيتىدۇ، ئەگەر ۋاڭ بېگىم قوشۇلسىلا بۇ توي چوقۇم بولىدۇ، — دېدى.

چيەن دارىننىڭ ئۆزىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىگىنىدىن خۇش بولغان جاڭ لەشكەر بېگى:

— ھەي خوتۇن، قىز - ئوغۇللارنىڭ توي ئىشلىرىنى ئەزەلدىن ئاتا - ئانىلار باشقۇرۇپ كەلگەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئائىلىسىگە كېلىن بولۇپ كەلسە تۇرمۇشى راھەت - پاراغەتتە ئۆتىدۇ ئەمەسمۇ. ئۇنداق بولغانىكەن، قىز توي قىلغىچە ئۇنىمىغان بىلەن تويدىن كېيىن ياخشى ئۆتۈپ كېتەمدۇ تېخى، — دېدى.

ئۇ يەنە:

— ۋاڭ خېنىممۇ ۋاڭ بېگىمگە تېگىشكە زادىلا ئۇنىماپتىكەن، ھەتتا ۋاڭ خېنىم تويدا ئۆلۈۋالماقچىمۇ بوپتىكەن، ئاخىرى تويى بوپتۇ. كېيىن ئىككى باللىق بولۇپ، ھازىر بىرى ۋاڭ بېگىم، بىرى ۋاڭ خېنىم بولۇپ ياشاۋاتامدۇ، — دەپ قوشۇپ قويدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ تويى توغرىسىدىكى بۇ گەپلەرنى جاڭ خېنىم ئىلگىرى زادىلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى.

— ھە، مۇنداق گەپمۇ بارىكەن - دە، ۋاڭ خېنىم ئېرىدىن دائىم ئاغرىنىپ يۈرىدۇ، قارىغاندا ئېرىدىن كۆڭلى زادىلا سۇ ئىچمىگەندەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ.

— بولدى، بولدى، ئۇنداق گەپنى قوي. ئۇ دېگەن ئۆتكەن ئىشلار، ئەمدى ئالدىمىزدىكى ئىشلارنى ئويلىشايلى، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى خوتۇنىغا كۆلىيىپ.

بۇ گەپ ھەقىقەتەن قىزىق ئاڭلاندى. شۇڭا ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. دارىن خېنىم:

— جاڭ خېنىم، باشقا ئىشلارنى ئويلاشماي، جاۋاب ئېلىپ كېلىشكە بېرىپ باقسىڭىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى جاڭ خېنىم كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەلچىلىكنىڭ ئاخىرىنى چىقىراي. — ئۇنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ

قىزىق ئاڭلاندى، شۇڭا ئۇلار تېخىمۇ كۈلۈشۈپ كەتتى.

بۈگۈنكى كەچكى ئولتۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ناھايىتى ياخشى بولدى، جاڭ خېنىم قىز تەرەپنىڭ جاۋابىنى ئېلىپ كېلىشكە بارىدىغان بولدى، دارىن خېنىمنىڭ غېمىمۇ يېنىكلەپ قالدى. بولۇپمۇ دارىن جانابلىرى تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ بېگىم بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلمايدىغانلىقىنى بىلىپ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۇنى ئىزدەپ كېلىدىغانلىقىنى پەملەپ، ئەھۋال شۇنداقلا بولسا ئوغلى بىلەن ۋاڭ شىئېرنىڭ تويىنىڭ بولىدىغانلىقىغا ئىشەنچىسى تېخىمۇ ئاشتى.

# ئون ئۇچىنچى باب

## ۋاڭ شىئېرنىڭ ئەلچى كەلگەنلىكىنى سېزىپ قالغانلىقى

ۋاڭ خېنىم مېھمانلارنى كۇتۇشكە خېلى تەييارلىق قىلدى، ئەمما ئۇنىڭ كۆڭلى ئىنتايىن پاراكەندە ئىدى. مېھمانلار يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغانسېرى ئۇنى تېخىمۇ غەم بېسىپ، ساراي ئۆيدە ئۆزى يالغۇز خىيال سۇرۇپ ئولتۇردى. جاڭ خېنىم ئۆتكەندە ئەلچى بولۇپ كەلگەندە ۋاڭ خېنىم بۇ ئىشنى ئېرىگە دېگەن بولسىمۇ، قىزى ۋاڭ شىئېرغا دېمىگەنىدى. قىزى بۇ ئىشتىن بىخەۋەر ئويناپ - كۈلۈپ يۈرەتتى. ئوغلى ۋاڭ مىڭئېرغىمۇ دېمىگەنىدى. چۈنكى ئۇ ھازىر لەشكەرلەرگە چامباشچىلىق ماھارىتى ئۆگىتىش بىلەن ئالدىراش ئىدى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىدىن بۇ ئاي - بۇ كۈندە بىرەر قىزغا كۆزى چۈشۈپ «ئۆيلىنىمەن» دەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. شۇڭا قاچان ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا بىرەر لايىقنى تېپىپ «توي قىل» دېمىگىچە ئۆزلۈكىدىن «ئۆيلىنىمەن» دېمەيدىغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىسى تۇرغان يەردە سىڭلىسىغا ئەلچى كەلگەنلىكىنى ئوپۇل - توپۇل دېيىشمۇ بىئەپ ئىدى. ئەڭ مۇھىمى، ۋاڭ خېنىم بولغۇسى كۈيئوغۇلغا ئۆزى زادىلا قوشۇلمايتتى. ئېرى ۋاڭ بېگىمگە دېگەندە بولسا، ئۇ چېكرا سودىسى قىلىپ، تېخىمۇ باي بولۇشنى ئويلاپ تۇرغىنىدا، چيەن دارىنىنىڭ قۇدىلىشىش ئۈچۈن جاڭ خېنىمنى ئەلچى قىلىپ ئەۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ

خۇشاللىقتىن ئىختىيارسىز «قوش ئامەت دېگەن شۇ» دەۋەتكەندى. بۇ ئىشنى ھېلىغىچە ئۇنتۇمىغان ۋاڭ خېنىم بۇگۈن جاڭ خېنىمغا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلاپ بېشى بەك قاتتى. ئۇ ئويلا - ئويلا ئاخىرى قىزىغا دەپ باقماقچىمۇ بولدى. ئەگەر قىزى ئۇناپ قالسا، «بوپتۇلا» دېگۈسى كەلدى - يۇ، لېكىن ئۆزى قوشۇلمايدىغانلىقى ئۈچۈن ھازىرچە دېگۈسى كەلمىدى. مانا ھازىر ئەلچى كېلىشتىن بۇرۇن ئېرىگە ئۆزىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى يەنە دەپ باققۇسى كېلىپ ئىككىلىنىپ قالدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ تويغا قوشۇلىدىغانلىقىدا گەپ يوق. قىزى ئۇنىمىغان تەقدىردىمۇ ئۇنى چوقۇم مەجبۇرلايدۇ. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، ئېرىگە گەپ ياندۇرماي ياۋاشلىق بىلەن ياشاپ كېلىۋاتقان ۋاڭ خېنىم ئاخىرى ئۆزىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىنى دېگۈسى كەلدى - دە، ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ، سارايدىن چىقىپ پېشايۋانغا كەلدى. ۋاڭ بېگىم پېشايۋاندا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى يەلپۈۋاتاتتى. ئۇ ۋاڭ خېنىمنى كۆرۈپ سورىدى:

— مېھمانلارغا تەييارلىقلار قانداقراق؟

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى:

— تەييارلىق پۈتۈپ قالدى، مېھمانلار كەلسە كۈتۈۋالساقلا بولىدۇ، — دېدى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ئۇنىڭ گەپنى بوش قىلغانلىقىغا قاراپ ۋاڭ بېگىم:

— نېمە بولدۇڭ، مىجەزىڭ يوقمۇ نېمە؟ — دېدى.

— ياق، مىجەزىمغۇ ناھايىتى ياخشى، لېكىن سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېمىسەم بولمايدۇ، مەن بۇ تويغا زادىلا قوشۇلمايمەن.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭدىن «نېمىشقا» دەپ سوراپمۇ قويماي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. بۇنىڭدىن ئاچچىقى كەلگەن ۋاڭ خېنىم:

— بېگىم، ماڭا قاراڭ، ئەگەر سىز بۇ تويغا قوشۇلسىڭىز مەن ھازىرلا بۇ ئۆيدىن چىقىپ كېتەي، ئەلچىنى ئۆزىڭىز كۈتۈپ، جاۋابىنى ئۆزىڭىز بېرىڭ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم يەنە ئىختىيارسىز كۈلۈپ، ئايالىنى مەنىستىمىگەندەك قارىدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئاقتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ كۈلكىسى توختىمىدى. تېخىمۇ ئاچچىقى كەلگەن ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئىتتىك مېڭىپ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم كۈلكىسىنى توختىتىپ قولىدىكى يەلپۈگۈچنى ئورۇندۇققا قويۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ۋاڭ خېنىم تۆشەكتە ئولتۇرۇپ يىغلاۋاتاتتى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— يىغلىما خوتۇن، بىزنىڭ ئائىلىگە ئامەت كېلىۋاتىدۇ، يۇرت ئىگىسى بولغان چيەن دارىن بىزگە ئەلچى ئەۋەتىۋاتسا، ئەلچىگە «ماقۇل» دېمىسەك سەت، ئۇلار بىلەن قۇدىلاشتۇق دېگەنلىك تۇرداخۇنغا ساتقان ھويلىمىز قولغا قايتىپ كېلىدۇ دېگەنلىك، كېيىن چېگرا سودىسىنى بىز قىلىمىز دېگەنلىك بولىدۇ، — دېدى.

— بېگىم، مەن نېمە غەمدە، سىز نېمە غەمدە. مېنىڭ رايىمغا باقماي، قىزىمىزنىڭ رايىغا باقماي بۇ توينى قىلساق ئاقىۋەت قانداق بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئاقىۋەت ياخشى بولىدۇ. بىز تېخىمۇ بېيىيمىز، بۇ يۇرتتا بايلىق جەھەتتە ھېچكىم بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتەلمەيدۇ، قانداق. . .

ۋاڭ خېنىم يىغلىسىمۇ ئېرىنى نىيىتىدىن ياندۇرالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، چىرايلىق گەپ بىلەن ئۇنى قايىل قىلغىسى كېلىپ يىغىسىنى توختىتىپ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— بېگىم، بۇ ئىشنى مەن ھېلىغىچە قىزىمىزغا دېمىدىم.

ئەگەر ئۇنىڭغا دېسەك ئۇ ئۇنىمىسا، مېنىڭچە قىزىمىز زادىلا ئۇنىمايدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز، — دېدى.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ دولىسىنى پەپىلەپ، — بىز ئاتا - ئانىلار قوشۇلساقلا بولدى.

چيەن دارىنىنىڭ جاڭ خېنىمنى يەنە ئەلچىلىككە ئەۋەتىشى توينى پات يېقىندا قىلىشتىن دېرەك بېرەتتى. مانا ھازىر ۋاڭ بېگىمنى قايىل قىلىش مۇمكىن ئەمەستەك قىلىدۇ. شۇڭا ۋاڭ خېنىم توينى كېچىكتۈرۈپ كېيىنچە بىر ئامال قىلىپ ۋاڭ بېگىمنى بۇ تويدىن ياندۇرۇش ئۈچۈن ئوغلى ۋاڭ مىڭئېرنى باھانە قىلىپ دېدى:

— بېگىم، ئوغلىمىز مىڭئېر تۇرسا، قىزىمىزغا كەلگەن ئەلچىگە جاۋاب بېرىۋەتسەك قانداق بولار. شۇڭا ئەلچىگە «ئوغلىمىز تېخى توي قىلمىدى، قىزىمىزنى ھازىرچە تالالىق قىلالمايمىز» دېسەك قانداق دەيسىز؟

ۋاڭ بېگىمنىڭ خېلىدىن بېرىقى ئويى كونا ھويلىسىنى مويكا بىلەن قوشۇپ قايتۇرۇۋېلىشتا ئىدى. ئەگەر ھازىر ئايالىنىڭ بۇ ئورۇنلۇق پىكرىگە قوشۇلۇپ توينى كېچىكتۈرسە، تۇرداخۇن چېگرا سودىسىنى ئوڭۇشلۇق قىلىپ تېخىمۇ بېيىپ كېتىپ، ھويلىنى ئۇنىڭدىن قايتۇرۇۋېلىش تېخىمۇ تەسكە چۈشەتتى.

— خوتۇن، ئاكىسى تۇرۇپ سىڭلىسىنى توي قىلىۋېتىدىغان ئىشلار ئەزەلدىن بار. شۇڭا بۇ توينى كېچىكتۈرمەي ئەلچىلەرگە چىرايلىق جاۋاب بېرىۋېتەيلى.

ئېرى ئۇ ئۈمىد قىلغاندەك گەپنى قىلمىغاچقا، ۋاڭ خېنىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:

— بېگىم، ئەلچىلەرگە ئوغلىمىز ۋاڭ مىڭئېرنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ «ھازىرچە قىزىمىزنى تالالىق قىلالمايمىز» دەپ كېسىپلا جاۋاب بېرىمەن، — دېدى.

— ياق، بولمايدۇ. — ۋاڭ بېگىم ئويلىنىپ قالدى. گەرچە

ئۇ توينى ۋاقتىدا قىلمۇبتىپ، كونا هويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىشقا شۇنچە ئالدىراۋاتسىمۇ، ئايالىنى قايىل قىلماي تۇرۇپ بۇ توينى چىرايلىق ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇڭا ئۇ:

— خوتۇن، توينى هازىر قىلمىساقمۇ، لېكىن ئەلچىگە «ماقۇل» دەپ جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك، — دېدى.

— ياق. — ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا تەتۇر قارىۋالدى.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ بۇنداق ئاچچىق قىلىۋاتقىنىغا هەيران بولدى. چۈنكى ئايالى ئۇنىڭغا بىرىنچى قېتىم مۇشۇنداق قارشى چىقىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇنىڭمۇ تازا ئاچچىقى كەلدى ـ يۇ، لېكىن مېهمانلار يېتىپ كېلىشكە ئاز قالغاندا گەپ تالىشىپ قالسا ياخشى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— خوتۇن، ماڭا قارىغىن، مېهمانلار كېلىشكە ئاز قالدى. بەلكىم ئۇلار بۇ يېقىن ئەتراپقا كېلىپ قالغاندۇ. يىغلىما. . . ئاچچىق قىلما. . . ئەلچىلەر بىلەن سۆزلەشكەندە گەپنى سەن قىلىپ جاۋاب بېرىسەن. ئەلچىگە جاۋاب بەرگەندە بايا سەن دېگەندەك ئوغلىمىز ۋاڭ مىڭئېرنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقىنى باهانە قىلىشقا بولىدۇ، لېكىن «قىزىمىزنى تالالىق قىلالمايمىز» دەپ كېسىپلا جاۋاب بېرىۋەتمەي، «ئالدى بىلەن ئوغلىمىزغا مەسلىهەت سالايلى، ئاندىن جاۋاب بېرەيلى» دېگىن. لېكىن ئېسىڭدە بولسۇنكى، بۇ توينى چوقۇم قىلىمىز، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى.

ۋاڭ خېنىم دەرهال ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— بېگىم، مېهمانلار بىلەن پاراڭغا چۈشكەندە سىز بولسىڭىزمۇ مەيلى، بولمىسىڭىزمۇ مەيلى، لېكىن «جاۋابنى قىزىم ئۆزى بېرىدۇ» دەيمەن، — دېدى.

— ئۇنداق دېيىشكە بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا گۆلىيىپ قاراپ، — ئىشنى هەرگىز بۇزمىغىن.

— ياق، چوقۇم شۇنداق دەيمەن، چۈنكى بۇ تويغا ئۆزۈم

قوشۇلمايمەن.

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئاچچىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

— قىزىمىز قوشۇلمىسا قانداق بولىدۇ؟

ۋاڭ بېگىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى ۋە:

— بابا دېدىمغۇ، قىزبالىنىڭ قوشۇلمىغىنى چاغلىق ئىش دەپ، — ئۇ بۇرۇلۇپلا بىلىكىنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ، تېز - تېز مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ خېنىم پېشانىسىنى تۇتقىنىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆمدى. مېھمانلارنىڭ كېلىشىگە ئاز قالغانىدى. ئۇ ئۇزاق ئويلاپ، ھازىرچە توينى كىچىكتۈرۈپ كېيىن بىر ئامال قىلىش ئۈچۈن، ۋاڭ بېگىمنىڭ بابا ئەلچىلەرگە «ئوغلىمىز ۋاڭ مىڭئېرغا مەسلىھەت سېلىپ ئاندىن جاۋاب بېرەيلى» دېگىنىنى يادىغا ئېلىپ، ئۆزىنى خېلى يېنىك ھېس قىلدى.

ھايال ئۆتمەي، ھۈجرىغا بەي ئاغىچا ئالدىراپ كىرىپ كېلىپ:

— ۋاڭ خېنىم، قورۇقنى كۆزەتكۈچىلەر يىراقتىن بىر مەپىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى، — دېدى.

— بەلكىم شۇ مېھمانلار، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ، — مېھمانلار يىراقتىن كېلىدۇ. قورسىقىمۇ ئېچىپ كەتكەندۇ، شۇڭا ئۇلار كېلىشى بىلەنلا ئالدىدا غىزا تارتايلى، ئۇستەلنىڭ تەييارلىقىنى قىلىڭلار.

— بولىدۇ، — بەي ئاغىچا چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ خېنىم پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يىغىدىن قىزىرىپ كەتكەن يۈزىنى سىيلاپ پەرداز قىلىشقا باشلىدى.

ۋاڭ خېنىم پەردازىنى قىلىپ بولۇپ، بىنەپشىرەڭ يىپەكتىن تىكىلگەن چىپاۋسىنى يۆتكىدى. ئۇ ياشىنىپ قالغان

ئايال بولسىمۇ، ئۇستىخىنى چىرايلىق بولغاچقا، ياش چوكانلاردەك چىرايلىق كۆرۈنەتتى. بايا يىغلىغان ۋە ۋاڭ بېگىم بىلەن مەسلىھەت قىلىشقاندا ئاچچىق بىلەن ئۆزگەرگەن سۇلغۇن چىرايىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئۇپا - ئەڭلىكنى قېلىن سۈردى. ئۇ يوغان تاش ئەينەك ئالدىدا ئۇياق - بۇياققا ئايلىنىپ كېلىشكەن بوي - تۇرقىدىن ئۆزىمۇ خۇش بولۇپ، ھۇجرىدىن چىقتى. ئۇ ھويلىغا چىققاندا خىزمەتچىلەرمۇ چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشىپ تەييارلىنىپ قاراپ تۇرۇشقانىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قارىدى، لېكىن قىزى ۋە دۇ قىزچاق كۆرۈنمىدى. ھازىر قىزىنىڭ يوقلۇقىمۇ ياخشى ئىدى. ئەگەر قىزى بولغان بولسا ئەلچىگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشىنى بىلەلمەي بىئارام بولغان بولاتتى.

— قېنى، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقايلى، — دەپ قوزغالدى ئۇ ئۆزىنى خاتىرجەم تۇتۇپ.

بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئوڭ تەرىپىدە ماڭدى. ئەگەر قىزى ۋاڭ شىئېر بولغان بولسا، ئەلۋەتتە ئاپىسىنىڭ سول تەرىپىدە ھەمراھ بولۇپ ماڭاتتى. ۋاڭ خېنىم ھەقىقەتەن چىرايلىق، قاملاشقان ئايال ئىدى. ھازىر يېشى ئۇنىڭدىن كىچىك خىزمەتچى خوتۇن - قىزلار گەرچە يېڭى چىرايلىق كىيىملەرنى كىيگەن بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ خېنىم ئۇلارنىڭ ئارىسىدا خۇددى گۈللەر ئارىسىدىكى پورەكلەپ ئېچىلغان ئەڭ چىرايلىق گۈلدەك ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى. ئۇ قارا مەخمەلگە گۈل بېسىپ تىكىلگەن خەي كىيىۋالغانىدى. ئۈچىسىدىكى يىپەك كۆڭلىكى ئېتىكىگىچە تەكشى سىلكىنەتتى.

بۇلار ئوتتۇرا ھويلىنىڭ دەرۋازىسىغا كەلگەندە مېھمانلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى كەلدى، ئۇلار چاپسان مېڭىشتى. چوڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىققاندا مېھمانلارنىڭ مەپىسى كۆرۈندى. مەپىنى يەنىلا لەشكەرلەر قوغداپ كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ

خېنىم مەپىنىڭ ئالدىغا باردى. مەپە ئاستا كېلىپ توختىدى. مەپىكەش بىر ئورۇندۇقنى چىقىرىپ شوتىنىڭ يېنىغا قويدى. مەپىنىڭ پەردىسى ئېچىلىپ جاڭ خېنىم كۆرۈندى. ئۇنىڭ كەينىدە يەنە بىر خېنىممۇ باردەك قىلاتتى. ئۇ جيا خېنىم ئىدى. ۋاڭ خېنىم ئىككى ئەزىز مېھمانىنىڭ بىللە كەلگىنىگە ئىنتايىن خۇش بولۇپ، مەپىگە تېخىمۇ يېقىن كەلدى. مەپىدىن چۈشكەن ئىككى مېھمان ۋاڭ خېنىم ھەم ھەمراھلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ خېنىم گاۋ غوجىدارغا:

— سىلەر لەشكەرلەرنى، مەپىكەشلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇڭلار، بىز ئاياللارنى باشلاپ ماڭىمىز، — دېدى.

ئۇ گەپ قىلىشى بىلەن گاۋ غوجىدار ئالدىدا تىزلىنىپ بولغانىدى، گاۋ غوجىدار بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— خوپ خېنىم، ھازىر ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرىمەن، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

ئۇنىڭ ۋاڭ خېنىمنى بۇنچىلىك ھۆرمەت قىلغىنىغا جاڭ خېنىم بىلەن جيا خېنىم ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ بىلەن كارىمۇ بولماي مېھمانلارنى باشلاپ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن گاۋ غوجىدار مېھمانلارنىڭ خىزمەتچى، لەشكەرلىرىنى باشلاپ ماڭدى.

جاڭ خېنىم، جيا خېنىم ۋاڭ خېنىم بىلەن ئەھۋال سورىشىپ ماڭدى، لېكىن جاڭ خېنىم ئەتراپقا قاراپ، خۇددى بىر كىمنى ئىزدەيدىغاندەك قىلاتتى. ۋاڭ خېنىم گەپ بىلەن بولۇپ بۇنى سەزمىدى. جاڭ خېنىم ئوتتۇرا دەرۋازىدىن ئۆتۈپ كىچىك دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە:

— ۋاڭ خېنىم، قىزىڭىز شىئېر كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى.

— بايا، سىلەرنىڭ ئالدىڭلارغا چىققاندا مەنمۇ كۆرمىدىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى جىيا خېنىم، — كىچىك قىزلار مېھمانىنىڭ ئالدىغا چىقىشنىمۇ ئانچە ياخشى كۆرمەيدۇ.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئەلچىلەرگە نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئويلاۋاتقان ۋاڭ خېنىمنىڭ پەرىشان كۆڭلى بىر دەم بولسىمۇ ئىزىغا چۈشكەندەك بولدى. لېكىن قىز تەرەپنىڭ ھېلىغىچە جاۋابى بولمىغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ خېنىم قىزىنىڭ ئۇنىغان - ئۇنىمىغانلىقىدىن گۇمان قىلاتتى. بولۇپمۇ بايا مېھمانىنىڭ ئالدىغا قارشى ئېلىشقا چىقمىغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ شىئېرنىڭ ھازىر بۇ ئۆيدە بار - يوقلۇقىدىن گۇمان قىلاتتى:

— نېمىشقا ۋاڭ شىئېر بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا بېشىنى يېقىن قىلىپ:

— قىزىم ئالدىڭلارغا قارشى ئېلىشقا مەن بىللە چىقسا بولاتتى. لېكىن ئۇنىڭ ھېچنەرسىدىن خەۋىرى يوق، مەن ئۇنى ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن كۆرمىدىم، سىلەر كەلگىچە بېگىم بىلەن سۆھبەتتە بولۇپ، قىزىمغا «مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىمىز» دېگۈچىلىكمۇ بولمىدىم. بەلكىم ئەمدى پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى جىيا خېنىم ئاڭلاپ تۇرغانىدى. شۇڭا ئۇ ۋاڭ خېنىمغا:

— شىئېر قىزنىڭ ھېلىغىچە ھېچنەرسىنى بىلمىگىنى ياخشى بوپتۇ، بىزنىڭ ئالدىمىزغا چىقمىغىنىمۇ ياخشى بوپتۇ، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ گېپىدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. لېكىن جاڭ خېنىم ھېلىمۇ گۇماندا ئىدى، شۇڭا جىيا خېنىمغا مەنىلىك قاراپ قويدى. ئۇلار كىچىك دەرۋازىدىن ئۆتۈپ ھويلىغا كىرىشىگە ۋاڭ شىئېر بىلەن دوستى دۇ قىزچاق ئۆينىڭ ئالدىدىكى پېشايۋاندا كۆرۈندى. ئۇ جىيا خېنىم، جاڭ خېنىمنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا دۇ قىزچاق بىلەن ئىتتىك مېڭىپ

ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى. جاڭ خېنىم بىلەن جيا خېنىم ئۇنىڭ خۇشال كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ۋاڭ خېنىممۇ ئۇلارنىڭ خۇشال - خورام كۆرۈشكەنلىكىدىن، بولۇپمۇ قىزىنىڭ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەلچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن خۇش ئىدى.

— شىئېر خېنىم، بۇگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە جيا خېنىم بىلەن بىللە مېھمان بولۇپ كەلدۇق، — دېدى جاڭ خېنىم.

ۋاڭ شىئېر گەپ قىلمىسىمۇ، «قارشى ئالىمىز» دېگەندەك قىلىپ ئاپىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئاپىسىمۇ ئىككى خېنىمغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى.

ۋاڭ خېنىم مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. مېھمانخانا ئۆيدە تاماقلار تارتىلىپ، داستىخان تەييارلاپ قويۇلغانىدى. تاماقلار ناھايىتى مول تەييارلانغانىدى. لېكىن شۇنچىلىك كۆپ تائاملار قويۇلغان ئۇستەلگە پەقەت ئالتە ئايال ئولتۇردى. بەي ئاغىچا ۋاڭ خېنىمنىڭ خىزمەتچىسى بولسىمۇ، لېكىن خىزمەتچىلەر ئارىسىدا يېشى چوڭراق، گەپ - سۆزى جايىدا بولۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ گەپ - سۆزى بولسا تارتىنماي دەيدىغان، مۇڭدىشىدىغان خىزمەتچىسى ئىدى. ئۇ ۋاڭ خېنىم كېيىن ياللىغان خىزمەتچىلىرى ئارىسىدا كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغاچقا، دائىم يېنىدىن ئايرىمايتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىۋالغانلىقى ئۈچۈن باشقا خىزمەتچىلەر ئۇنى «بەي ئاغىچا» دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرى ئورۇنلۇق بولۇپ، ۋاڭ خېنىم ئۇنى ئىززەتلەيتتى، باشقا خىزمەتچىلەر ئۇنى ھۆرمەتلەپ گېپىنى ئاڭلايتتى. مېھمانلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم ئۇلارغا:

— بىز ئاياللار بولغاچقا، ۋاڭ بېگىم بۇ سورۇنغا كىرمىدى، شۇڭا بىز غىزانى يەۋېرەيلى، — دەپ تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— بۇمۇ ياخشى بوپتۇ، بىز ئاياللار كەڭ - كۇشادە ئىچىلىپ -

يېيىلىپ ئـولتۇرارمىز، — دېدى جـاڭ خېنىم.

— راست دېدىڭىز، — دېدى جيا خېنىم، — مۇنداق سورۇنلارغا ئەرلەر ئارىلىشىپ قالسا بىز ئاياللار راستلا تارتىنىپ قالىمىز.

ۋاڭ خېنىم بەي ئاغىچىغا شەرەت قىلىپ قاراپ قويدى. بەي ئاغىچا بېرىپ نېرىدىكى ئۇستەلدىكى بىر كىچىك كومزەكنى قولىغا ئالدى. باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ خېنىمنى غەم بېسىپ تۇرغاندا هاراق بىلەن بىر دەم بولسىمۇ غەم - غۇسسىدىن قۇتۇلماقچى بولدى. شۇڭا بەي ئاغىچا كوزىنى كۆتۈرۈپ كەلگىچە كۆزىنى كومزەكتىن ئۈزمىدى. بەي ئاغىچا كىچىك رومكىلارغا هاراقنى قۇيۇپ بولۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، سىز باشلاپ بېرەمسىز ياكى مەنمۇ؟ — دەپ چاقچاق قىلدى.

باشقىلار يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ تيەنمىڭ شاڭيو بولۇپ بەلگىلەنگەندىن كېيىن، ۋاڭ خېنىمنىڭ نامى چىققىنى بىلەن ئۇ ناهايىتى كەمتەر، كىبىرى يوق ئايال ئىدى، كىشىلەرگە يوغانچىلىق قىلمايتتى. شۇڭا خىزمەتچىلىرى ئۇنى بەكمۇ هۆرمەت قىلاتتى هەم يېقىن كۆرەتتى. بەي ئاغىچىمۇ هازىر ئۇنىڭغا قورقماي چاقچاق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنگەن ۋاڭ خېنىم:

— ناهايىتى ياخشى دېدىڭىز، مەنمۇ مۇنداق سورۇنلاردا تۈزۈك گەپ قىلالمايمەن، شۇڭا سىز مېنىڭ ئورنۇمدا مېهمانلارغا ئاتاپ ئىككى كەلىمە سۆز بىلەن مەي ئىچىشنى باشلاپ بەرسىڭىز، — دېدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — بەي ئاغىچا ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى، — ئىككى خېنىمنىڭ قورۇقىمىزغا مېهمان بولۇپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن رومكىنى توختاتماي ئىچىۋېتەيلى، — ئۇ شۇنداق دەپ ئۆزى ئالدىدا هاراقنى «گۈپ»

قىلىپ ئىچىۋەتتى.

جاڭ خېنىم بىلەن جيا خېنىم بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشۈپ، ئۇلارمۇ هاراقلارنى ئىچىۋەتتى. مېھمانلارنىڭ تارتىنماي هاراق ئىچكەنلىكىگە خۇشال بولغان ۋاڭ خېنىممۇ رومكىنى قولىغا ئېلىپ، هارىقىنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى. لېكىن ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق رومكىدىكى هاراقنى ئازراق ئىچىپلا قالغىنىنى قويۇپ قويدى. ئۇلارنىڭ چىرايى هاراقتىن پۇرۇشۇپ كەتكەنىدى. ئەمدى ئولتۇرغانلاردا ھېچقانداق تارتىنىش - قورۇنۇش بولماستىن، ئىچىلىپ - يېيىلىپ غىزالىنىشقا باشلىدى. هاراق ئورىدا ساقلانغان بولغاچقا، ئۇلارغا ئىچىشلىك بىلىنىپ كەتتى. بۇ سېرىق هاراقنىڭ كەيپى بىردەملىك ئىدى. ئۇلار خېلى ئىچىشتى. جاڭ خېنىم ۋاڭ شىئېردىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ، شۇنداق چىرايلىق، بوي - تۇرقى قاملاشقان قىزنىڭ چيەن دارىنىنىڭ هاراقكەش، لۈكچەك ئوغلىغا تېگىشكە ئۇناش - ئۇنىماسلىقى ئۈستىدە ئويلىناتتى. ئۇ ۋاڭ شىئېرنىڭ گۈزەل ھۆسن - جامالىنى يۇقىرى باھالىغانسېرى گۇمانى تېخىمۇ ئېشىپ «نېمىشقىمۇ ئەلچى بولۇپ كەلگەندىمەن» دەپ ئويلىنىپمۇ قېلىۋاتاتتى. لېكىن «ئۇناپمۇ قالار ياكى ئاتا - ئانىسى ماقۇل بولسا قىز بالىنىڭ ئۇنىمىغىنىنى ھېچ گەپ ئەمەسقۇ» دەپ ئۈمىدلىنىپ، ۋاڭ خېنىمغا پات - پات هاراق تۇتاتتى. لېكىن ۋاڭ خېنىم بايا هاراق كومزىكىنى كۆرۈپ خۇشال بولغىنى بىلەن باشقىلار تۇتقان هاراقنى كۆپ ئىچمەي، ئەس - ھوشىنى يىغىپ ئولتۇردى. هاراقنى كۆپ ئىچىپ ئاغزىدىن گەپ چىقىپ كەتسە مېھمانلارنىڭ ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى قىزىنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. مېھمانلار بىلەن رەسمىي پاراڭغا چۈشكەندە دەيدىغان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ، يىگىت تەرەپنىڭ ئۈمىدلىنىپ قېلىشىدىنمۇ بەك ئەنسىرەيتتى. جيا خېنىم ئىلگىرى جاڭ خېنىم بىلەن بىللە كەلمىگەچكە، ۋاڭ شىئېرغا

خۇددى ئىلگىرى زادى كۆرۈپ باقمىغاندەك سەپسىلىپ، ئۇمۇ خۇددى جاڭ خېنىمدەك ئۇنىڭ ئۇناش - ئۇنىماسلىقىدىن گۇمانلىنىپ قالغاندەك، كۆپ گەپ قىلمىدى. پاراڭ بىلەن غىزامۇ خېلى كۆپ يېيىلدى. خىزمەتچىلەر كېلىپ ئۈستەلنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. شۇ چاغدا ۋاڭ شىئېر دوستى دۇ قىزچاققا بىر نېمىلەرنى دەپ ئورنىدىن تۇردى - دە:

— بىز تالاغا چىقىپ كېلەيلى، — دەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. مېھمانلار ئۇ ئىككىسىگە ئۆيدىن چىقىپ كەتكىچە كەينىدىن قاراپ قېلىشتى. ۋاڭ خېنىم قىزى چىقىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تېخىمۇ خاتىرجەم بولدى ۋە مېھمانلار ئۇزاپ كەتكىچە ئۇلارنىڭ بۇ ئۆيدە قايتا پەيدا بولماسلىقىنى ئۇمىد قىلدى. ئۈستەل يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندا:

— ۋاڭ خېنىم، مېھمانلار يىراقتىن كېلىپلا تاماققا ئولتۇرغان بولغاچقا، مۇگىدەك بېسىۋاتقاندەك قىلىدۇ، شۇڭا مېھمانلار ئايرىم ئۆيگە چىقىپ ئارام ئالسۇنمىكىن، — دېدى بەي ئاغىچا.

— شۇنداق قىلسۇن، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ. لېكىن جاڭ خېنىم جيا خېنىمغا قاراپ قويۇپ ئاندىن:

— ۋاڭ خېنىم، بىز ئارام ئالساقمۇ ئالايلى، لېكىن بۈگۈن يەنىلا كېتىدىغان گەپ، شۇڭا پاراڭلاشقاچ ئارام ئالساق قانداق، — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى جيا خېنىم،— ئۆيگە كەچ قالمايلى. — ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپى ئورۇنلۇق بولۇپ، ئۇلار ئارام ئالسۇن ياكى ئالمىسۇن پاراڭلاشماي بولمايتتى. ۋاڭ خېنىممۇ ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ۋە تەييارلاپ قويغان گېپىنى بالدۇرراق دېيىشكە ئالدىرايتتى.

— ئۇنداق بولسا سىلەرگە ئارام ئېلىشقا تەييارلاپ قويغان ئۆيگە چىقىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— بولىدۇ، — مېھمانلار ئورنىدىن تۇرۇشتى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارنى ياندىكى ئۆيگە باشلاپ چىقتى. بۇ ئۆي ۋاڭ بېگىمنىڭ كۇتۇپخانىسى بولۇپ، تاملارغا ھۆسنخەتلەر ئېسىلغان، تۆردە ئۇزۇن بىر ئۇستەل بولۇپ، ئۇستىدە سىيادان ۋە بامبۇكتا ياسالغان قەلەمدان، ئىچىدە بىرنەچچە موي قەلەم تۇراتتى. قارا سىرلانغان يۆلەنچۇكلۇك ئۇزۇن ئورۇندۇق ۋە شۇنىڭغا پار قىلىپ ياسالغان يۆلەنچۇكى ئېگىز بىر جۇپ ئورۇندۇق بار ئىدى. بۇ ئۆي ئاددىي سەرامجانلاشتۇرۇلغان بولسىمۇ، ئۇستەل ئۇستىدىكى بۇت ئۇنى خېلى ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى. بۇ ئۆيگە ئۇچ خېنىم كىرىپ كەلدى، بەي ئاغىچا كىرمەي سارايدا قالغانىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى باشلىمىدى ھەم ئۇنىڭ كىرمىگىنىگە ئىچىدە خۇش بولدى. چۈنكى مېھمانلارنىڭ ئەلچى ئىكەنلىكىنى قىزنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ئۈچۈن بەي ئاغىچىدىن يوشۇراتتى. ئىككى مېھمان يالغۇز كىشىلىك ئورۇندۇقتا، ۋاڭ خېنىم ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ بىردەم جىم بولۇشۇپ قالدى. جاڭ خېنىم بۇ جىملىقنى بۇزدى:

— ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ بېگىم كىرمەمدۇ؟

— ياق، بېگىم كىرمىسىمۇ بولىدۇ، سىلەر كېلىشتىن بۇرۇن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىۋالغان.

جاڭ خېنىم «بوپتۇ» دېگەندەك قىلىپ جيا خېنىمغا قاراپ قويدى. جيا خېنىم پەقەت كۇلۇمسىرەپلا قويدى. ۋاڭ خېنىم ئىختىيارسىز ئىشىككە قارىدى. ئىشىك ئوچۇق بولۇپ، خىزمەتچىلەر ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ۋاڭ خېنىم بوسۇغىدىن چىقىپ ئۇياق - بۇياققا بىر قارىۋېتىپ ئىشىكنى يېپىۋېتىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇن ئىشىكتىن يىراق بولغاچقا، ئۇلار خاتىرجەم ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

بىر چاغدا ۋاڭ شىئېر دوستى دۇ قىزچاق بىلەن ئويناپ

تالادىن كىرىپ سارايدا پەيدا بولدى. بەي ئاغىچا سارايىنىڭ ئۇ يەر - بۇيەرلىرىنى پاكىز سۈرتتۈۋاتاتتى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭدىن ئاپىسىنى سورىدى، بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا ئاپىسىنىڭ كۇتۇپخانىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ۋاڭ شىئېر دوستى دۇ قىزچاق بىلەن بىللە كۇتۇپخانىغا كەلدى. لېكىن كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكى ھەم يېپىقلىق ئىدى. كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكى ئادەتتە ئوچۇق تۇراتتى. شۇڭا ھەيران بولغان ۋاڭ شىئېر قەدىمىنى ئاستا ئېلىپ ئىشىككە كەلدى. ئىشىك ھەم يېپىلغاچقا، يوچۇقتىن ئۇنىڭ ئىچى زادى كۆرۈنمەيتتى. ئىچىدە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەر ئانچە - مۇنچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىغا قۇلىقىنى تۇتۇپ دىققەت قىلىپ ئاڭلىۋېدى، بەزى گەپ - سۆزلەر خېلى ئېنىق ئاڭلاندى. دۇ قىزچاق ئۇنىڭ يېنىدا جىم تۇردى. چۈنكى ئۇ دېدەك بولغاچقا، قۇلىقىنى ئىشىككە تۇتۇپ ئاڭلاشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، ۋاڭ شىئېر بېشىنى ئاستا بۇراپ ھەتتا دوستى دۇ قىزچاققىمۇ قارىماي بېشىنى سىلىپ نېرىغا ماڭدى. دۇ قىزچاق ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىۋېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولدى. چۈنكى ۋاڭ شىئېرنىڭ چىرايى ھازىر خۇددى بىر نەرسىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك ئۆزگەرگەنىدى، ئىلگىرى ئۇنىڭ مۇنداق روھسىز چىرايىنى كۆرمىگەنىدى. ۋاڭ شىئېر ئاستا مېڭىۋاتسىمۇ قەدەملىرى قولاشماي باسقان قەدىمى ئۇياق - بۇياققا چۈشەتتى. ئۇ نېرىدىكى ھۇجرىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشىككە قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن بالىخانىغا چىقىدىغان پەلەمپەيگە قاراپ ئاستا ماڭدى. ئۇ پەلەمپەينىڭ تۇتقۇچىنى تۇتۇپ باسقۇچلارنى بىر - بىرلەپ ئاستا دەسسەپ يۇقىرىغا چىقىشقا باشلىدى. لېكىن پۇتىدا ماغدۇر يوقتەك، ھەر بىر باسقۇچتىن ئۆرلىگەندە مەزمۇت دەسسىيەلمەي تۇتقۇچىنى چىڭ تۇتۇۋالاتتى. پەلەمپەينىڭ يېرىمى قالغاندا دۇ قىزچاق ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ يۆلىۋالدى. لېكىن ئۇنىڭ يۆلەپ

يۇقىرىغا چىقىرىشىمۇ ئېغىر كەلدى، چۈنكى ئۇنىڭ يېشى كىچىك ھەم جۇغىمۇ كىچىك ئىدى. ئۇ:

— خېنىم، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ ئاستا سورىدى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك قاراپمۇ قويمىدى. دۇ قىزچاق بېشىنى سوزۇپ ئۇنىڭغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش تامچىلاۋاتقانلىقىنى كۆردى:

— خېنىم، ئاپىڭىزنى چاقىرايمۇ؟

— ياق.

ئاڭغىچە بۇلار پەلەمپەيدىن چىقىپ بولغانىدى. دۇ قىزچاق ئۇنى يۆلەشتۇرۇپ ماڭغۇزۇپ بالىخانىدىكى ھۇجرىسىغا ئەكىرىپ تۆشەككە ئولتۇرغۇزدى. ۋاڭ شىئېر بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇنىڭغا:

— شياۋدۇ، مەن توغرۇلۇق ھازىر ھېچكىمگە دېمىگىن. سەن بۇ يەردىن چۈشۈپ نېرى كەت. ئاپام سېنى كۆرمىسە مېنى سەن بىلەن بىللىكەن دەپ مېنى ئىزدىمەيدۇ... مەن بىر دەم يالغۇز ئولتۇرۇۋالاي، — دېدى.

— خېنىم، نېمە دەۋاتىسىز؟

— خاتىرجەم بول، مەن مۇشۇ ھۇجرىدىن نېرى كەتمەيمەن.

— بولىدۇ ئەمىسە، — دۇ قىزچاق ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ۋاڭ شىئېر تاپىلىغاندەك ئۆيدىن نېرى كەتمەي، پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ۋاڭ شىئېرنىڭ تۇيۇقسىز مۇنداق ھالەتكە چۈشۈپ قالغانلىقىنى ئويلاپ كارىۋىتىدا ياتتى. بىرەر ئىش چىقىپ قالارمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ ئۆزىنى شۇنچە سەگەك تۇتۇپ ياتسىمۇ، ھۇجرا تىنچ بولغاچقا، ياتقان پېتى ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ ئانچە ئۇزاق ئۇخلىمىغانىدى. كۇتۇپخانا تەرەپتىن كېلىۋاتقان تاراق - تۇرۇقلاردىن ئويغىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن دالانغا قارىدى. مېھمانلار ئۇزاپ دالاندىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ۋاڭ شىئېر يوق ئىدى. شۇڭا ئۇنى ھېلىمۇ بالىخانىدا ئىكەن دەپ خاتىرجەم بولدى.

ۋاڭ خېنىم نېمىلا بولمىسۇن ئەلچىلەرگە ۋاڭ بېگىمنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە جاۋاب بېرىپ ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. لېكىن قىزى يادىغا كېلىپ دالاندىكى دۇ قىزچاقنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. دۇ قىزچاق ئىشىكنىڭ ئېچىلغانلىقىنى ئاڭلاپ دەرھال تۇردى - دە، ۋاڭ خېنىمنى كۆرۈپ تەزىم قىلدى.

— شىئېر ھۇجرىسىدىمۇ؟

— ھەئە.

ۋاڭ خېنىم ھۇجرىغا كىرمەيلا يېنىپ چىقىپ كەتتى. دۇ قىزچاق ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ يېنىكلىگەندەك بولدى، كەيپىياتى تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالغان ۋاڭ شىئېرنى ئويلاپ ياتتى. ئۇ ۋاڭ خېنىمنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ بالىخانىغا چىققۇسى كەلمىدى. چۈنكى ۋاڭ شىئېرنىڭ ئاغرىپ قالغاندەك كەيپىياتىنىڭ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىپ قالغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭ خېنىم قىزىنى كۆرۈپ نېمە بولغانلىقىنى ئۇنىڭدىن سوراپ قالسا جاۋاب بېرەلمەيتتى. شۇڭا ئەھۋالنى ئاپىسى ئۆزى سورىۋالسۇن دېگەندەك قىلىپ ۋاڭ خېنىمنىڭ پەلەمپەيدىن چىققىچە دەسسىگەن قەدەملىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىم ئولتۇردى. ۋاڭ خېنىم ئېغىر بەدىنىنى كۆتۈرۈپ سالماق قەدەم بىلەن مېڭىپ قىزىنىڭ ھۇجرىسىنى ئاچقانلىقىنىمۇ ئاڭلاپ ياتتى. ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ دۈم يېتىپ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا بېشىنى ئېگىشتۇرۇپ:

— قىزىم، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىنى پەسەيتىپ، بېشىنى كۆتۈردى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ قىزىرىپ كەتكەن پەرىشان چىرايىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

— بالام، نېمە بولدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ شىئېر ئۆزىنى باسالماي ئاپىسىنى قۇچاقلاپ ئۇن سېلىپ يىغلىۋەتتى.

دۇ قىزچاق بۇنى ئاڭلاپ ھۇجرىسىدىن يۈگۈرۈپ بالىخانىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ۋاڭ خېنىم دۇ قىزچاقنى كۆرۈپ:

— بولدى، سەن چىقىپ كەت، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلاۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئەلچىلەرنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭ بىلىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، يەنىلا ئۇنى چىقىرىۋەتتى. ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ بېشىنى سىيلاپ:

— قىزىم نېمە بولدىڭىز، نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دېدى.

قىزى گەپ قىلماي يىغلاۋەردى، ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى ئويلاشقا باشلىدى، ئەمما ھەرقانچە ئويلاپمۇ قىزىنىڭ بۇ يىغىسىنىڭ ئەلچىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرمىدى. شۇڭا قىزىدىن سورىدى:

— قىزىم نېمە بولدىڭىز، سىز بۇنداق يىغلىسىڭىز مەن بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن، مېنىڭمۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

— ئاپا، مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم، — دېدى شىئېر.

— نېمىنى؟!

— مېھمانلارنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى!

قىز يەنە ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— قاچان؟

— بايا سىلەر دادامنىڭ كۈتۈپخانىسىدا سۆھبەت قىلىۋېتىپتىكەنسىلەر، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئاڭلاپ قالدىم.

— ئاھ . . . ، — دېدى ۋاڭ خېنىم پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ، — ھەممىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

— ياق، ئۇلارنىڭ نېمىشقا كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولدۇم،

— ئۇ شۇنداق دەپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

جالىڭ خېنىم دەسلەپتە ئەلچى بولۇپ كەلگەندە ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ توي قىلىشقا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلىپ، «ئەگەر بۇ توي ۋاڭ بېگىمنىڭ رايى بويىچە مەجبۇرىي بولۇپ قالسا قانداقمۇ قىلارمەن» دەپ ئويلىسىلا كۆڭلى يېرىم بولاتتى. بۇنى قىزىغا دېمىگەنلىكى ۋە باشقىلاردىن يوشۇرۇپ يۈرگەنلىكى ئۈچۈن خاتىرجەم يۈرگەنىدى. مانا ئەمدى بۇ ئىشنى شۇنچە يوشۇرۇپ كەلسىمۇ قىزى بىلىۋاپتۇ، ۋاڭ شىئېرنىڭ يىغىسى بارغانسېرى ئەدەپ ھۇجرىنى بىر ئالدى. ھۇجرىدىن يىغا ئاۋازى دەسلەپتە چىققاندىلا تۆۋەندىكى خىزمەتچىلەر ھەيران بولۇشتى، بەي ئاغىچا بالىخانىغا چىقماقچى بولۇپ پەلەمپەينىڭ ئالدىغا كەلگەندە پەلەمپەيدىن چۇشۇۋاتقان دۇ قىزچاققا يولۇقۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۇنى ھۇجرىدىن چىقىرىۋەتكەنلىكىنى ئۇقتى. بەي ئاغىچا ھەيران بولۇپ جايىدا تۇرۇپ قالدى، يىغا ئەدەپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن پەلەمپەيدىن ئىتتىك چىقىپ ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ۋاڭ خېنىم يەنىلا بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن يوشۇرغۇسى كەلدى:

— بەي ئاغىچا، سىزمۇ چىقىپ تۇرۇڭ، ھازىر ئىككىمىزنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامى يوق. بىزنىڭ يىغلىغانلىقىمىزنى باشقىلار ئاڭلاپ قالغان بولسا گەپ - سۆز قىلىپ يۈرۈشمىسۇن، — دېدى.

بەي ئاغىچا «بولىدۇ» دەپ كەينىگە ياندى، ئۇ ئىشىكنى ئېچىۋاتقاندا ۋاڭ خېنىم يەنە:

— بەي ئاغىچا، بېگىم بۇ ئەتراپتا يوقتۇ؟ — دېدى.

— يوق، ۋاڭ بېگىم چۈشلۈك تامىقىنى يەپ چىقىپ كەتكەنچە ھېلىغىچە قايتىپ كەلمىدى.

— قىزىم ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردە ئىكەنلىكىمىزنى ھېچكىمگە دېمەڭلار، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— ماقۇل، — بەي ئاغىچا ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ شىئىر يىغلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاپىسىنىڭ بۇ تويغا زادى قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلگىسى كېلىپ يىغا ئارىلاش سورىدى:

— ئاپا، مېنى چيەن دارىنىنىڭ ئوغلىغا بېرەمسىلەر؟

ۋاڭ خېنىم بۇ تويغا زادى قوشۇلمايدىغانلىقى ئۈچۈن، قىزىنىڭ تەلمۈرۈپ قاراشلىرىغا ئىچى ئاغرىپ:

— جېنىم قىزىم، سىز ماقۇل بولمىسىڭىز مەن بۇ تويغا ھەرگىزمۇ قوشۇلمايمەن، لېكىن دادىڭىز بۇ توينى قىلىمەن دېسە مەندىمۇ ئامال يوق، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم يەنە ئېرىنىڭ ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەيدىغان جاھىللىقىنى بىلگەچكە:

— قىزىم، ئەگەر دادىڭىز جاھىللىق قىلىپ بۇ توينى قىلىمەن دېسە قانداقمۇ قىلارمىز؟ — دېدى.

— ئاپا، — دېدى قىزى، — چيەن دارىنىنىڭ ئوغلى بۇلتۇر دادىسى بىلەن بىللە مۇشۇ قورۇققا كەلگەندە ھەممىمىز بار يەردىلا تەپتارتماي ماڭا تىكىلىپ قاراپ كەتكەندىلا خۇشۇم كەتكەنىدى. ھازىر سىز دادامدىن قورقۇپ مۇشۇنداق دەۋاتىسىز. ئاپا، سىز بىلىپ قويۇڭ، ئەگەر دادام بۇ تويغا مېنى مەجبۇرلىسا، مۇشۇ بالىخانىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن.

ئۇ ھازىرقى گېپىنى ھېچقانداق يىغا ئارىلاشتۇرماي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ تەمكىنلىك بىلەن دەۋاتقاچقا، ۋاڭ خېنىم چۆچىگەندەك بولۇپ:

— جېنىم قىزىم، ھەرگىز ئۇنداق دېگۈچى بولماڭ. مەن سىزنى ئۇلارغا بەرمەسلىكنى بۇتساتۋادىن تىلەي، — دەپ تۆشەكتىن چۈشۈپ، تىزلىنىپ ئىككى ئالقىنىنى جۈپلەپ تۇتۇپ «ئامىتابا» دەپ دۇئا قىلدى.

ۋاڭ شىئىر ئاپىسىدىن خېلى رازى بولدى. كۆڭلىنى توق تۇتۇپ، يۈزىدىكى ياش يۇقىلىرىنى يەنە بىر قېتىم سۈرتۈۋەتتى

ۋە ئاپىسىغا خۇش چىراي بىلەن:
— ئاپا، بايىقى دېگەن گېپىم گەپ جۇمۇ. لېكىن بۇ گېپىمنى دادام ياكى ئاكام ئاڭلاپ قالمىسۇن. مەن چيەن دارىنىڭ ئۇ لۇكچەك ئوغلىغا ھەرگىز تەگمەيمەن، — دېدى.
— جېنىم قىزىم، ئاكىڭىز تېخى توي قىلمىغان تۇرسا، بۇ گەپنى ئۇنىڭغا ھەرگىز دېيىشكە بولمايدۇ. ئەلچىلەر تېخى بۇگۇن كەلدى. ھازىرچە دادىڭىزغىمۇ دېمەيمەن، بايا مەن دائىم مۇڭدىشىدىغان بەي ئاغىچىغىمۇ دېمىدىم، سىزمۇ بۇ گەپنى دۇ قىزچاققا دەپ قويماڭ.
قىزى «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ يەنە ئۆز - ئۆزىگە «مەن ئۇ لۇكچەككە ھەرگىزمۇ تەگمەيمەن» دېدى.
بۇ گەپنىڭ يەنە تەكرارلىنىشى ۋاڭ خېنىمغا غەلىتە تۇيۇلدى. ئۇنىڭ «مۇشۇ بالىخانىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ ئەنسىرىدى:
— قىزىم، ھازىر كۆڭلىڭىز پاراكەندە، شۇڭا بۇگۇندىن باشلاپ دوستىڭىز دۇ قىزچاق سىز بىلەن بىللە ياتسۇن، ئىككىڭلار كېچە - كۇندۇز ھەمراھ بولۇڭلار، — دېدى ئۇ.
ۋاڭ شىئېر خۇش بولۇپ ئاپىسىغا قارىدى، ۋاڭ خېنىم بېرىپ ئىشىكنى ئېچىپ دۇ قىزچاقنى چاقىردى. ھايال ئۆتمەي دۇ قىزچاقنىڭ پەلەمپەيدىن ناھايىتى ئىتتىك قەدەم تاشلاپ چىقىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ ھۇجرىغا كىرىپلا ۋاڭ شىئېرغا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىكى پەرىشانلىق يوقاپ، كۈلۈمسىرەپ تۇرغىنىدىن خۇش بولدى. لېكىن ئۆزىنىڭ دېدەك ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ جايىدا تۇرۇپ:
— ۋاڭ خېنىم، نېمە خىزمەتلىرى باركىن؟ — دېدى.
— دۇ قىزچاق، سەنمۇ ئۆز قىزىمغا ئوخشاش، شۇڭا بۇگۇندىن باشلاپ مۇشۇ ھۇجرىدا قىزىم ئىككىڭلار بىللە

ياتىسلەر، ئىككىڭلار دائىم بىللە ھەمراھ بولىسىلەر، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۆزىگە ئەزەلدىن قىزىغا ئوخشاش ياخشى مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن «سەنمۇ مېنىڭ ئۆز قىزىمغا ئوخشاش» دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ باقمىغان دۇ قىزچاق خۇشاللىقتا:

— بولىدۇ، ۋاڭ خېنىم! — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. دۇ قىزچاق كېلىپ ئۇنى ئىختىيارسىز قۇچاقلىدى. ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ۋاڭ خېنىممۇ خۇش بولدى.

ۋاڭ بېگىم ئۆيگە كەچرەك يېنىپ كەلدى. ئۇنى ساقلاپ ۋاڭ خېنىم تېخى كەچلىك تاماقنى يېمىگەنىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپلا تاماققا تۇتۇش قىلىپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ھازىرچە نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەلچىلەرنىڭ گېپىنى چىقارماي تاماق بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكىگە خۇشال ئىدى. قىزىنىڭ «چيەن دارىنىنىڭ ئوغلىغا زادى تەگمەيمەن» دېگەن سۆزىدىن كۆڭلى توق بولغاچقا، ئۆزىمۇ تاماقنى خاتىرجەم يەۋەردى. بىر چاغدا ۋاڭ بېگىم تاماقنى يەپ بولدى، ئورنىدىن تۇرۇپ بىر كېرىلىۋالدى. ۋاڭ خېنىم تاماقنى يەپ بولۇپ ۋاڭ بېگىمگە قاراپ تۇرغانىدى. بۇ چاغدا ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ ئۆيگە چىراغلار يېقىلىپ بولغانىدى. خىزمەتچىلەر ئۇستەلنى پاكىز سۈرتۈپ چىقىپ كېتىپ، ئىككىسىلا قالدى. ۋاڭ بېگىم سورىدى:

— مېھمانلارنى چىرايلىق ئۇزىتىۋالدىڭلارمۇ؟

— شۇنداق، مېھمانلار ناھايىتى رازى بولۇپ قايتىشتى. بىزمۇ ئۇلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئوبدان تەييارلىق قىلغانىدۇق، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى

تېخىمۇ رازى قىلىش ئۈچۈن:
— بېگىم، ئەلچىلەرگە خۇددى سىز تاپىلىغاندەك «ئوغلىمىز ۋاڭ مىڭئېر بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەيلى» دېدىم، — دېدى.
— ناھايىتى ياخشى دەپسەن. بىزمۇ ئوغلىمىز بىلەن مەسلىھەتلەشمەي ئۇلارغا جاۋاب بېرەلمەيمىز، مەن بۈگۈن چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ تۇرداخۇن بىلەن كۆرۈشۈپ كەلدىم. شۇڭا ئۆيگە كەچ قالدىم.
— تۇرداخۇن بىلەن كۆرۈشىدىغان ئىش يوقتەك قىلاتتىڭغۇ، ئۇلار ھويلىنىڭ پۇلىنى ئۆسۈمى بىلەن تولۇق بېرىپ بولغانتىغۇ؟
— مەن ياشىنىپ قالدىم. ئوغلۇم ئورنۇمدا ئىگىلىكىمىزنى باشقۇرۇشى كېرەك. شۇڭا مەن ئوغلۇمنى تۇرداخۇنغا قوشۇپ ئالدى بىلەن تىجارەت قىلىشنى ئۆگىتىمەن.
ۋاڭ خېنىم ئوغلىنىڭ شۆتاڭنى تاماملاپلا ناھىيىگە كېلىپ لەشكەر بولۇپ ھۆكۈمەت خىزمىتىگە قاتنىشىۋاتقانلىقىدىن خۇشال ئىدى. لېكىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئوغلىنى تۇرداخۇنغا قوشۇپ تىجارەتكە سالماقچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ:
— ئوغلىمىز جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ ئىشلەۋاتىدىغۇ؟ — دېدى.
ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ دېدى:
— خوتۇن، بۇ يۇرت تىنچ ئەمەس. ئوغلىمىزنىڭ چامباشچىلىق ئۆگىنىپ جاڭ لەشكەر بېگىگە ياردەمچى بولۇپ ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىشىنىڭ ھاجىتى يوق. شۇڭا مەن ئوغلۇمنى تىجارەت ئىشىغا سالىمەن. قارىمامسەن، جاڭ لەشكەر بېگى بىر ئۆمۈر مىلتىق - نەيزە تۇتۇپ كەلدى، لېكىن ھېچقانداق مال - بىساتى يوق. ئۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن بولۇپ مال - دۇنياغا قىزىقمىغاچقا، بۇلتۇر بىزنىڭ بەرگەن سوۋغىمىزنىمۇ ئالمىدى.

جاڭ لەشكەر بېگنىڭ پاك - دىيانەتلىك ئوبرازى ۋاڭ خېنىمنىڭ يادىغا كەلدى:

— بېگىم، بىزنىڭ مال - دۇنيايىمىز يېتىپ ئېشىپ تۇرۇپتۇ، يەنە مال - دۇنيا يىغىپ نېمە قىلىمىز. ئۆمرىمىزمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. شۇڭا ئوغلىمىز جاڭ لەشكەر بېگىمگە ئوخشاش پاك - دىيانەتلىك ئادەم بولۇش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلىشقا ئۆگىنىپ بولۇپ قالمىسىمۇ؟

ۋاڭ بېگىم ئۇنى مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— سەن كېيىنىنى ئويلىمايدىغان خوتۇندە. ئادەم دېگەنگە ھامان مال - دۇنيا كېرەك. مەن مال - دۇنيا يىغىش ئۈچۈن تىرىشىپ كېلىۋاتىمەن. كېلەچەكتە مەنمۇ خۇددى تۇرداخۇندەك چېگرا سودىسى قىلىمەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىندى:

— مىڭئېر بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ، ئۇ ماقۇل دېدىمۇ؟

ۋاڭ بېگىم كەينىگە يېنىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ:

— مىڭئېر دەسلەپتە ئۇنىمىدى. ھازىرچە ئۇ سودا كارۋىنىغا قوشۇپ بېرىدىغان لەشكەرلەرگە باش بولۇپ بارىدىغان بولدى. شۇڭا «لەشكەرلەرنى باشقۇرۇپ سودا كارۋانلىرىنى قوغدايدىغان ئىش بولسا بوپتۇ، بارسام باراي» دەپ ئاخىرى ماقۇل بولدى، — دېدى.

— بېگىم، بوپتۇ ئەمىسە، لېكىن ئوغلىمىز بۇ قېتىم بېرىپ باقسۇن. ئەگەر تىجارەت قىلىشنى خالىمىسا، ئەمدى زورلىمايلى، ئوغلىمىز لەشكەر بولۇشقا قىزىققانىكەن، جاڭ لەشكەر بېگىمگە ھەمراھ بولۇپ ئىشلىسۇن.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە. ئالدى بىلەن بىر قېتىم بېرىپ باقسۇن، خالىمىسا خالىمىغانچە بولمامدۇ.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا «بوپتۇ» دېگەندەك قىلىپ بىر قاراپ قويۇپ يەنە خىيالغا چۆكتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئوي - پىكرى يەنىلا

قىزىنىڭ توي ئىشىدا ئىدى. بايا ۋاڭ بېگىم ناھىيە بازىرىغا بېرىپ كەلدىم دېگەنلىكى ئۇچۇن ئۇنىڭ چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشكەن - كۆرۈشمىگەنلىكىنى بىلگىسى كېلىپ سورىدى:

— بېگىم، ھاكىم جانابلىرى بىلەن كۆرۈشتىڭىزمۇ؟ بۇگۇن جاڭ خېنىم كىچىك بايۋەچچىنىڭ ھېلىغىچە شۆتاڭغا بارمايۋاتقانلىقىنى دېگەنىدى. ئەگەر كىچىك بايۋەچچە شۆتاڭغا بارماي ئۆيدە قالسا ئۇلار تويغا ئالدىرىتىپ قويامدىكىن دەيمىنا.

— خوتۇن، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئالدىرىماستىن، — توي ۋاقتىنى ئوغلىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بىز بەلگىلەيمىز. شۇڭا كىچىك بايۋەچچىنىڭ شۆتاڭغا بارغان - بارمىغانلىقى بىلەن بىزنىڭ كارىمىز بولمىسۇن. ھازىر بىزنىڭ ئالدىمىزدىكى مۇھىم ئىش ئوغلىمىزنى چېگراغا تىجارەتكە ئەۋەتىش. ئوغلىمىز تىجارەتتىن كەلسۇن، چيەن دارىن ئوغلىنى ئۇ چاغقىچە شۆتاڭغا ماڭدۇرۇپ بۇلار.

ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن ۋاڭ خېنىم توينىڭ يېقىن كۈنلەردە بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتسىمۇ، لېكىن تويىنى كەينىگە سۈرۈش جەريانىدا ئۇنى توي قىلماسلىققا قايىل قىلىش ئارزۇسىنىڭ يوققا چىقىۋاتقانلىقىنى بىلىپ قالدى.

— بېگىم، ئەگەر قىزىمىز بۇ تويغا قوشۇلمىسا قانداق قىلىمىز؟

— قارىغاندا سەن يەنىلا بۇ تويغا قوشۇلمايدىكەنسەن - دە؟

— شۇنداق، مەن زادىلا قوشۇلمايمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم قەتئىي ھالدا. لېكىن ۋاڭ بېگىم مۇلايىملىق بىلەن كۈلۈمسىرەپ:

— ماڭا قارا خوتۇن، بىزگە ئامەت كېلىۋاتىدۇ. ئۇلار بىلەن قۇدىلاشساق بىزنىڭ ھەممە ئىشلىرىمىز ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. كېيىن مويكىنى ئۆز قولۇمغا ئېلىپ، چېگرا سودىسىنى ئۆزۈم

قىلىمەن، سەن بۇ تويغا چوقۇم قوشۇلۇشۇڭ كېرەك، — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى بۇيرۇق قىلغاندەك ئۇزۇپ ئېيتتى.

ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ تەھدىتلىك سۆزلىرىنى يادىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك قاراپ:

— بېگىم، بوپتۇ سىزنىڭ دېگىنىڭىزچە بۇ تويغا قوشۇلغانمۇ بولاي، ئۇلار توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن ئاقىۋىتى قانداق بولار؟ — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— قىز مېنىڭ، بۇ ئائىلىدە مەن قوشۇلغان ئىكەنمەن ھەممە ئىش پۈتىدۇ. قىزىمىز بۇ تويغا ھازىر ئۇنىمىغان بىلەن تويدىن كېيىن ئۆگىنىپ قالىدۇ، — دېدى.

— بېگىم، ئۆگىنىپ قالىدۇ دېگەن بىلەن، قىزىمىز بىزدىن مەڭگۈ رازى بولمايدۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

ۋاڭ بېگىم ئۇنى مەنسىتمىگەندەك كۈلۈپ:

— بىر ئۆيدە ياشىغان ئەر - خوتۇن ھامىنى بىر- بىرىگە ئۆگىنىپ قالىدۇ، سەن بىلەن مەنمۇ بىر ئۆيدە ياشاپ كېلىۋاتمىمىزغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئاچچىق بىلەن قاراپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ بېگىممۇ ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ:

— مانا سەنمۇ كۆنۈپ قالدىڭغۇ، سەن مەن بىلەن توي قىلىپ ياخشى كۈن كۆردۈڭ، خېنىم بولدۇڭ، سېنىڭ ھازىر نېمەڭ كەم؟ — دەپ ياسىداق ئۆيىنى كۆز - كۆز قىلغاندەك بىر قاراپ چىقتى.

لېكىن ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قارىدى ۋە گەپ قىلالماي ئىختىيارسىز يىغلاپ، ھۇجرىسىغا كىرىپ دۈم ياتتى. ئۇ شۇ ياتقانچە كېچىچە يىغلاپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالدى. ئۇ بەي ئاغىچا ھۇجرىغا كىرىپ ئويغاتقاندا ئورنىدىن تۇرۇپ،

كىيىمىنى سالمىغانلىقىنى ئاندىن بىلدى. ئۇ ئاغرىپ - تارتىپ قالمىسىلا ئادەتتە سەھەر تۇرۇپ، ساپ ھاۋادا ھويلا ئارامنى ئايلىنىپ سەيلە قىلاتتى. لېكىن ھازىرچۇ، يىغلاپ ئۇخلاپ قالغاچقا، چىرايى ياش يۇقى، ئىنتايىن ئۇسال بولۇپ، خۇددى كېسەل تارتقان ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ھەيران بولغان بەي ئاغىچا:

— ۋاڭ خېنىم نېمە بولدىڭىز، چىرايىڭىز بىر قىسىملىقغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم كۆزىنى بىر ئۇۋۇلىۋېتىپ:

— راست بۇگۈن مىجەزىم يوق، ناشتىلىقنى مۇشۇ ھۇجرىغا ئەكىرىپ بېرىڭ. ۋاقتىڭىز بولسا سىزمۇ مەن بىلەن بىللە ناشتا قىلىڭ، بۈگۈن چىرايىم ئوڭشالغىچە بۇ ھۇجرىدىن چىقمايمەن، — دەپ يۈزىنى بىر سىيلاپ قويدى.

— بولىدۇ، — بەي ئاغىچا چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ خېنىم كىيىمىنى ئالماشتۇرۇپ، تۆشەكنى ئۆزى يىغىشتۇردى. بەي ئاغىچا ئەكىرىپ بەرگەن ئىسسىق سۇ بىلەن يۈزىنى نەچچە قېتىم يۇيۇپ ئەينەككە تازا قارىۋالدى. بەي ئاغىچا ناشتىلىقنى ئەكىرىپ تەييارلاپ قويغاندى. ۋاڭ خېنىم ئەينەك ئالدىدىن كېلىپ:

— ئىككىمىز ناشتا قىلغاچ پاراڭلىشايلى، — دەپ ئورۇندۇققا ئولتۇردى. بەي ئاغىچا ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ چاي قۇيۇپ ناشتا قىلىشقا باشلىدى. ھۇجرىغا ۋاڭ بېگىممۇ، ۋاڭ شىئېرمۇ كىرمىگەچكە، ئۇ ئىككىسى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشكەنلىرىنى باشقىلار بىلمەيتتى، ئەمما دالاندا ئۇلارنىڭ بەزىدە كۈلۈشكەنلىرى، بەزىدە تەڭ يىغلاشقانلىرى ئاڭلىنىپ تۇردى، بەزىدە ھۇجرا خۇددى ئادەم يوقتەك جىمىپ كېتەتتى. ئىككىسىنىڭ پارىڭىمۇ تۈگەپ قالغانىدى. ۋاڭ خېنىم:

— مەن تويۇم بولغاندا نېمىشقا ئۆلۈۋالمىغانلىقىمغا پۇشايمان قىلىمەن، — دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىدى.
— ئۆتكەن ئىش كەتتى، كىمنىڭ دەردى يوق دەيسىز؟ نېمىلا بولمىسۇن بىر ئوبدان ئائىلىڭىز بار، ئىككى بالىڭىز بار. بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىغا چىدىماي ئامال يوق. مانا مەنچۇ، ھېچنېمىسى يوق تۇل خوتۇنمەن، — دەپ بەي ئاغىچىمۇ يىغلاپ كەتتى.
ئىككىسى يەنە بىردەم يىغلاپ توختاشتى.
ئۇلار ھۇجرىدىن چىققاندا چۈشكە ئاز قالغانىدى. ئۇلار ئۇزاق مۇڭدىشىپ، ئىچىدىكى دەردلىرىنى تۆكۈشۈۋالغاچقا، چىرايىدىكى پەرىشانلىق ئاللىقاچان يوقاپ، ھەر ئىككىلىسى خۇشال كۆرۈنەتتى.

# ئون تۆتىنچى باب

## نىكولاينىڭ روسىيىگە كەتمەكچى بولغانلىقى

تۇرداخۇن ناشتا قىلىپ بولۇپ ئادەت بويىچە دۇئا قىلدى. ئايالى ۋە قىزىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ دۇئا قىلدى. تۇرداخۇن دۇئادىن كېيىن كەينىگە سۈرۈلدى ۋە تامغا يۆلىنىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ داستىخاندىن تۇرۇپ كەتمىگىنىگە ھەيران بولغان ئايخان سورىدى:

— بۈگۈنمۇ مويكىغا بارمامسىز نېمە؟

— ياق، بۈگۈن نىكولاي، ماشا بىزنىڭكىگە كېلىدىكەن.

— ئۇلار كەلسىمۇ بۇ ئەتىگەندىلا يېتىپ كەلمەس، ھېچبولمىغاندا مويكىنى ياكى دۇكاننى ئارىلاپ كەلمەمسىز. نەچچە كۈن بولدى ئۇ ئىش - بۇ ئىش بىلەن بولۇپ يا مويكىغا يا دۇكانغا بېرىپ باقمىدىڭىز، — دېدى ئايخان ئۇنىڭ خۇشياقمىغاندەك تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتكەنلىكىگە قاراپ:

— راست دەيسەن، — دېدى تۇرداخۇن، — ماڭا مۇشۇ كۈندە ھېچ ئىش خۇشياقماس بولۇپ قالدى. نىكولاي «بارىمەن» دەپ خەۋەر بېرىپتىكەن، ئىش خۇشياقماي تۇرغىنىمدا ئۇنىڭ بىلەن بىر پاراڭلىشاي دەپ ئولتۇردىمغۇ - تاڭ. — ئۇ نېرىدىكى ياستۇقنى تارتىپ ئېلىپ بېلىگە قىستۇرۇپ يەنە ئولتۇردى. تۇران داستىخاننى يىغىشتۇردى.

— مۇشۇ كۇندە سىزنى خىيال بېسىۋالىدىغان بولدى، — دېدى ئايخان. بۇ گەپتىن تۇرداخۇن ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپ قويدى. چۈنكى ئايخان هازىر ئېرىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالغاندەك ناهايىتى توغرا دېگەنىدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭدىن هال - ئەهۋال سوراپ كەلگەندە، ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسى قىلغۇسى كېلىپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ توساتتىن بۇ قارارغا كېلىپ قالغانلىقى بىر تېپىشماقتەك تۇيۇلۇپ، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. ئايخاننىڭ ئىچى پۇشۇپ سورىدى:

— تۇرداخۇن، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ يا بولمىسا تېۋىپقا بېرىپ باقامسىز؟

تۇرداخۇن سەل سوزۇلۇپ ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ خىياللىرىنى ئۇنىڭغا دېگۈسى كەلدى:

— قارا، سەن دېگەندەك مۇشۇ كۇندە مېنى خىيال بېسىۋېلىپ جىمغۇر بولۇپ قالدىم.

— قېنى دېمەمسىز، نېمە بولدىڭىز؟ سىز جىم بولۇپ قالسىڭىز مېنىڭ ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن.

— مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ نېمە بولغانلىقىمنى بىلەلمەيۋاتىمەن. جاڭ لەشكەر بېگى كېلىپ كەتكەندىن بېرى ۋاڭ بېگىمنىڭ «چېگرا سودىسى قىلىمەن» دېگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن چېگرا سودىسى قىلماقچى بولغانلىقى خىيالىمدىن زادىلا چىقمايدىغان بولۇۋالدى.

— ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلىمەن دېسە ئۆزىنىڭ ئىشى، سىز نېمىشقا ئويلاپ كېتىسىز؟

— توغرا دېدىڭ. . . ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ ئىشنى ئويلاپ كەتمىسەممۇ بولاتتى. لېكىن مەن نىكولاي بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ هويلىنىڭ قالغان پۇلىنى ئۆسۈمى بىلەن مۇددەتتىن

ئىلگىرى تۆلەپ بەرگىنىمدە، «سەن مېنىڭ ھويلامنى سېتىۋېلىپ ئورنىغا مويكا سېلىپ چېگرا سودىسى قىلىپ ناھايىتى تېز بېيىپ كەتتىڭ. . . قارىغاندا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش چېگرا سودىسى قىلسام بولىدىغان ئوخشايدۇ» دېگەنىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ گېپىنى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ، دەپ ئويلاپتىمەن. ئەمما جاڭ لەشكەر بېگىدىن ئۇنىڭ راستلا چېگرا سودىسى قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن، ھويلا توغرۇلۇق بىرەر چاتاق چىقىرامدىكىن دەپ ئويلايمەن.

— ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى يامۇلنىڭ رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئۆتەپ سېتىۋالدۇقۇ. ئەمدى ھويلىدىن ئەنسىرەشنىڭ نېمە ھاجىتى بار؟

— دېگىنىڭ بولسۇن، — دېدى تۇرداخۇن خۇش بولۇپ، — بۇ گېپىڭ مېنى خېلى خاتىرجەم قىلىۋاتىدۇ، ئىلاھىم شۇنداق بولار. لېكىن ئىشنىڭ يامان تەرىپىنىمۇ ئويلاپ قالىدىكەن كىشى. قايسى كۈنى ۋاڭ بېگىم مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، ئوغلى ۋاڭ مىڭئېرنى ماڭا قوشۇپ قويماقچى بولدى.

— ئەگەر ئىشنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلىساق، — دېدى ئايخان دەرھال، — شۇ چاغدا كۆرەرمىز. ھازىر ۋاڭ بېگىم «ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ ئالدىمىزغا كەلمىدىغۇ. . . خاتىرجەم بولۇڭ، بىز كىشىلەرگە يامانلىق قىلمىدۇق.

— راست، بىز كىشىلەرگە يامانلىق قىلمىدۇق، — دېدى تۇرداخۇن ئۆزىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكىدىن پەخىرلىنىپ خۇشال ھالدا، — بىز بۇنىڭدىن خاتىرجەم.

— بىز كىشىلەرگە يامانلىق قىلمىغانىكەنمىز، ئۆزىمىزگە كېلىدىغان يامانلىقتىن خاتىرجەم بولۇشىمىز كېرەك. شەرىئەت ھۆكمىدە ساڭا كەلگەن يامانلىق باشقىلارغا قىلغان يامانلىقىڭ تۆپەيلىدىن بولىدۇ، دېيىلگەنغۇ.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى تۇرداخۇن ئۇلۇغ - كىچىك

تىنىپ، — ۋاڭ بېگىم راستلا چېگرا سودىسى قىلسا، ھويلىنىڭ گېپى چىقىپ قالارمىكىن دەپ گۇمان قىلىمىنا.

— بولدى، بولدى، — دېدى ئايخان، — «گۇمان ئىماننى قاچۇرۇپتۇ» دېگەندەك گۇمان قىلىۋەرسىڭىز تېخــــمۇ غەمگە پېتىپ، مېنىمۇ غەمگە سېلىپ قويىسىز، يوق ئىشلارنى ئويلاپ كەتمەڭ.

تۇرداخۇن ئايالى بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى ۋە:

— بولىدۇ، سېنىڭ دېگىنىڭدەك يوق ئىشلارنىڭ غېمىنى قىلىپ كەتمەي، بۇگۈن مويكا ۋە دۇكانغا بارمىسامىمۇ ھويلا - ئارامغا چىقىپ بىر دەم مېڭەمنى سەگىتىپ كېلەي، — دەپ سۇپىدىن چۈشۈشكە باشلىدى.

ئەر كىشى دېگەنچۇ، — دېدى ئايخان، — بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولمىسا خىيال بېسىپ ئىچى پۇشۇپ قالىدۇ.

— خىياللىرىمنى بۇرۇنراق ساڭا دېگەن بولسام بوپتىكەن، ھازىر سەن بىلەن پاراڭلىشىپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم.

ئايخانمۇ كۈلۈپ كەتتى، ئىككىسى بىللە ھويلىغا چىقىشىغا دەرۋازا تاراقشىدى. ھويلا سۈپۈرۈۋاتقان تۇران بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. دەرۋازا ئالدىدا نىكولاي، ماشا ۋە كىچىك ئوغلى ۋاسە تۇراتتى. تۇران ئۇلارنى ھويلىغا تەكلىپ قىلدى. تۇرداخۇن، ئايخان ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارشى ئالدى.

سۈپۈرۈلگەن كەڭ ھويلا پاك - پاكىز بولۇپ، پېشايۋاندىن باشقا يەرلەردە سايە بولمىغاچقا يوپيورۇق ئىدى. تارتىنچاق ۋاسە ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنــى تۇتۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ ئالتۇندەك سېرىق چېچى ئاپتاپتا تېخىمۇ پارقىرايتتى. تۇرداخۇن، ئايخان ئۇنى ئەركىلىتىپ يېنىــغا چاقىرسىمۇ تارتىنىپ، ئاپىسىنىڭ يېنىدىن زادى ئايرىلمىدى. ئايخان ماشاغا ئامراق ئىدى. ماشا ھەربىر كەلگەندە ئايخان ئادەت

بويىچە يۈزىنى ئۇنىڭ يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشەتتى. ماشامۇ ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ ئادىتىنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئىككىسى يۈزىنى يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشتى. تۇرداخۇن نىكولاي بىلەن ئوڭ قوللىرىنى بېرىشىپ كۆرۈشتى. ئۇ روسىيىدە تۇرغاندا رۇسلارنىڭ كۆرۈشۈش ئادىتىنى ئۆگىنىۋالغانىدى. مېھمانلار ئۆيگە كىرىشتى. تۇران ئۇلارغا كۆرپە سېلىپ قويغانىدى. ئۇلار تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە پات - پات كېلىپ تۇرغاچقا، كۆرپە ئۈستىدە ئولتۇرۇشقا ئادەتلەنگەنىدى. تۇرداخۇن:

— نىكولاي، سەن بۈگۈن بارىمەن دەپ خەۋەر بېرىپتىكەن-سەن، ئىچىم پۇشۇپ تۇرغانىدى، شۇڭا ئىنتايىن خۇش بولۇپ كەتتىم، — دېدى.

— نىكولاي، دوستىڭىزنى غەم بېسىپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن تازا پاراڭلىشىڭ، — دېدى ئايخان.

ئۇنىڭ گېپىگە نىكولاي، ماشا ھەيران بولۇپ بىر- بىرىگە قارىشىۋالدى. نىكولاي:

— تۇرداخۇن، ساڭا نېمە بولدى؟ ساڭا ئوخشاش باي بولۇۋاتقان ئادەمگە نېمە غەم ئەمدى، — دېدى.

— نىكولاي، مۇشۇ كۈندە ئىچىم پۇشىدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى تۇرداخۇن.

— تۇرداخۇن، ھاراق ئىچىدىغان بولۇۋالمىغانسىز؟

— ياق، ھاراق ئىچمەيمەن، ماشا.

— ھە، مۇنداق دەڭە، بىز رۇسلار ئەر كىشى ئىچى پۇشۇپ ھاراق ئىچىشكە ئۆگىنىپ قالسا بۇنى ياخشى ئىش دەپ قارىمايمىز.

— ھەي ماشا، بىزنىڭ ئادىتىمىزنى ئۇيغۇرلارغا ئوخشاتما، ئۇيغۇرلار مۇسۇلمان، مۇسۇلمانلار ھاراق ئىچمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تۇرداخۇن ناماز ئوقۇيدۇ،— دېدى نىكولاي.

— نىكولاي، تۇرداخۇن ھاراق ئىچمىگىنى بىلەن بەزىدە

خۇددى مەست ئادەمدەك غەم بېسىپ شوكلەپ كېتىدۇ، — دېدى ئايخان چاقچاق قىلىپ.

تۇرداخۇن، ئايالىنىڭ چاقچىقىغا كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ نىكولاي، ماشامۇ كۈلدى.

— تۇرداخۇن، نېمە بولدۇڭ؟ سېنى نېمە غەملەر بېسىۋالدى؟ — سورىدى نىكولاي.

بۇ چاغدا تۇران كىرىپ سۇپىغا داستىخان سېلىشقا باشلىدى. ماشا ئۇنىڭغا ئىلگىرى زادىلا كۆرۈپ باقمىغاندەك قاراپ كەتتى. تۇران ھازىر ئۇچىسىدىكى كىيىمنى يۆتكەپ، ماشا تىكىپ بەرگەن بەل پۇرمىلىك رۇس قىزلىرىنىڭ كۆڭلىكىنى كىيىۋالغانىدى. تۇرداخۇن چېگرا سودىسى قىلغاندىن بېرى تۇران ئىلگىرىكىدەك ماتا ياكى سەگەزدىن كۆڭلەك كىيمەي، زاۋۇت گەزماللىرىدىن كىيىم كىيگەچكە، ماشاغا خۇددى رۇس قىزلىرىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ داستىخانغا نازۇنېمەتلەرنى تىزغان ئەپچىل، نازۇك قوللىرىغا دىققەت قىلدى. ۋاسە بولسا تۇراننىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا كۆزىنى ئۈزمەي قارايتتى، داستىخان سالغاچ ئېڭىشكەندە، ئۇزۇن چېچى داستىخانغا تېگىپ سۆرۈلۈپ قالسا تېخىمۇ دىققەت بىلەن قاراپ كېتەتتى. تۇران داستىخاننى سېلىپ بولغاندىن كېيىن تۇرداخۇن:

— نىكولاي، مەن بۇ قېتىم سەپەردىن كېلىپ غەم بېسىۋالدىغان، ئىچىم پۇشىدىغان بولۇپ قالدىم. تېخى بايىلا بۇ توغرۇلۇق ئايخان بىلەن پاراڭلىشىپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدۇم. ئەمدى سىلەرمۇ كەلدىڭلار، تازا مۇڭدىشىدىغان بولدۇق. نىكولاي، سەن بىلەن بىللە ۋاڭ بېگنىڭ قورۇقىغا ھويلىنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتكىلى بارغىنىمىزدا ۋاڭ بېگىم ماڭا «سەن ھويلامنى سېتىۋېلىپ ئورنىغا موبكا ياساپ، چېگرا سودىسى قىلىپ ناھايىتى تېز بېيىپ كەتتىڭ. . . قارىغاندا مەنمۇ ساڭا ئوخشاش چېگرا سودىسى قىلسام بولىدىكەن» دېگەنىدى، شۇ

گەپ يادىڭدا بارمۇ؟ — دېدى.
— راست، شۇنداق دېگەندەك قىلىۋېدى.
— مەن شۇ چاغدا، — دېدى تۇرداخۇن ئالدىرىماستىن، — ئۇنى مۇنداقلا دەپ قويغان گەپ ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ قاپتىمەن. لېكىن ئۆتكەندە جاڭ لەشكەر بېگى مېنىڭدىن ھال سوراپ كەلگەندە ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسى قىلماقچى بولغانلىقىنى ئېيتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ھويلىسى خىيالىمدىن چىقمايدىغان بولۇۋالدى، ئۇ ئۆزى كېلىپ ئوغلىنى ماڭا قوشۇپ قويۇپ چېگرا سودىسى قىلماقچى بولدى.
— قارىماسسىز نىكولاي، ئۆزى پەرەز قىلىپ غەمگە پېتىپ قالدى، — دېدى ئايخان.
— مېنىڭچە، تۇرداخۇننىڭ گۇمانلىرى ئورۇنلۇق. جاڭ لەشكەر بېگى ۋاڭ بېگىمنىڭ «چېگرا سودىسى قىلىمەن» دېگىنىنى يەتكۈزگەنىكەن، شۇنداقلا ئوغلىنى قوشۇپ قويماقچى بولغانىكەن، سېتىۋەتكەن ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىشنىڭ ئامالىنى چوقۇم قىلىدۇ. چۈنكى ھازىر مۇشۇ ناھىيىنىڭ چېگرا سودىسى تۇرداخۇننىڭ مويكىسىدا يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن يۇڭ-تېرىلىرى بىلەن بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى نىكولاي.
لېكىن ماشا خۇددى ئايخاندەكلا ئاددىي ئويلاپ:
— تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى سېتىۋېلىپ پۇلىنىمۇ تۆلەپ بولغان تۇرسا، ئەمدى «ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ تۇرۇۋالاماس، — دېدى.
— ياق، — دېدى تۇرداخۇن، — ئەگەر ۋاڭ بېگىم چېگرا سودىسى قىلىپ پايدىغا ئېرىشىپ قالسا، چوقۇم بۇ ھويلىسىنىڭ دەۋاسىنى قىلىشى مۇمكىن.
— ئەگەر ۋاڭ بېگىم ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ دەۋا قىلسا، «قايتۇرمايمەن، ھويلىنى مويكا قىلىپ ياساپ بولدۇم» دەڭ، — دېدى ماشا.

— مېنىڭچە، ئۇ ھويلىنى قايتۇرۇۋالغۇسى كەلسە ئامال قىلىپ قايتۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. چۈنكى ئاڭلىسام چيەن دارىن لۇكچەك ئوغلىغا ۋاڭ بېگىمنىڭ چىرايلىق قىزىنى ئېلىپ بەرمەكچى ئىكەن. ئۇنداق بولىدىكەن، چيەن دارىن چوقۇم ۋاڭ بېگىمنىڭ گېپىنى قىلىدۇ، — دېدى تۇرداخۇن.

— ئەگەر، — دېدى ئايخان گەپكە ئارىلىشىپ، —ۋاڭ بېگىم مويكا سالدۇرغان چىقىملارنى تۆلەپ بىزنى رازى قىلسا، ھويلىسىنى، مويكىنى بېرىۋېتىپ، «ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ» دېگەندەك، ئۆزىمىزگە لايىق كىچىكرەك ئوقەت قىلمايمىزمۇ، نېمە قىلىمىز چوڭ دەۋاغا چۈشۈپ؟

— ياق، — دېدى تۇرداخۇن، — مويكا سالغان چىقىمدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بېرىمەن دېسىمۇ بۇ مويكىنى ھەرگىز قولدىن چىقارمايمەن.

— تۇرداخۇن، سېنىڭ راستتىنلا غەيرىتىڭ بار. شۇڭا ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قىممىتىگە چىداپ سېتىۋېلىپ، ئاخىرى مۇشۇ مويكىنى قۇرۇپ چىقتىڭ. ئەگەر ۋاڭ بېگىم ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالىمەن دەپ يول ماڭسا، سەنمۇ ئەمەلدارلارنىڭ گېلىغا ئۇرمامسەن، — دېدى نىكولاي.

— ياق، — دېدى تۇرداخۇن، — پارا بەرگۈچىنىمۇ، پارا ئالغۇچىنىمۇ خۇدا راۋا كۆرمەيدۇ. ئەگەر مەن پارا بەرسەم خۇدانىڭ غەزىپى كېلىپ، مويكام ۋەيران بولۇپ كېتىدۇ. شۇڭا ھەرگىز پارا بېرىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

بۇ چاغدا ماشا قول ئىشارىتى بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرگە چوقۇنۇپ قويدى، ئوغلى ۋاسەمۇ ئاپىسىنى دورىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىختىيارسىز قىلغان ئىبادىتىگە قاراپ ئايخانمۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قىبلىگە قاراپ، «بىز كىشىلەرگە يامانلىق قىلمىغان، جانابى ئاللا ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا قىلدى. ئۇلارنىڭ قىلغان دۇئالىرىغا قاراپ نىكولاي بىلەن

تۇرداخۇن بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈشتى. نىكولاي ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ تۇرداخۇنغا:

— مەن چېركاۋنىڭ قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلىمىغانغا ئون يىلدىن ئاشتى. لېكىن ئۆيدە ماشا «ئىنجىل» نى ئوقۇپ، ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ مىس ھەيكىلى ئالدىدا چوقۇنىدۇ. بالىلىرىمىمۇ ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئۇنىڭغا چوقۇنىدۇ. مەن ئانچە قىلىپ كەتمەيمەن، لېكىن يەنىلا خرىستىئانمەن، ئىش بىلەن بولۇپ كەتسەم ئەيسانىڭ ھەيكىلى ئالدىغا بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالىمەن. مەن دىنغا قانچىلىك ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى.

ماشا ئۇنىڭغا ئالىيىپ قاراپ قويدى. تۇرداخۇن ۋاسىگە قاراپ:

— نىكولاي، سېنىڭ بۇ ئوغلۇڭ خۇدادىن قورقىدىغان ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

ماشا ئۇنىڭ گېپىدىن خۇش بولۇپ ئوغلىنى ئەركىلىتىپ بېشىنى سىيلىغاچ:

— مېنىڭ بۇ ئوغلۇمچۇ، — دېدى تۇرداخۇنغا ماختاپ، — مەن ھەر قېتىم «ئىنجىل» نى ئوقۇپ ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ ھەيكىلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىبادەت قىلغىنىمدا، ئوغلۇممۇ مېنىڭ بىلەن تەڭ چوقۇنىدۇ، تۇرداخۇن، سىز مويكىنىڭ غېمىنى تولا قىلماڭ، مويكىنى ۋاڭ بېگىم ئېلىۋالامدۇ - ئېلىۋالمامدۇ ئۇ خۇدانىڭ ئىلكىدىكى ئىش. خاتىرجەم بولۇپ ئىشىڭىزنى قىلىۋېرىڭ.

بۇ گەپ بىلەن ئايخاننىڭ ئاغزى ئېچىلدى:

— شۇ ئەمەسمۇ، يوق ئىشلاردىن گۇمان قىلىپ، غەم تارتىپ، مېنىمۇ ئاۋارە قىلىۋەتتى. ھەممە ئىش خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە بولىدۇ.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى

توختىغاندىن كېيىن نىكولاي ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ:
— خۇدا دېگەن بىلەن خۇدانىڭ بىزدەك ئاددىي ئادەملەر بىلەن كارى يوق ئوخشايدۇ، مانا بىز تىرىكچىلىك قىلىمىز دەپ جۇڭگو تەۋەسىدە ياشاۋاتقىلى ئون يىلدىن ئاشتى. كۆرۈۋاتقان كۈنىمىز، ھال ئوقىتىمىز يەنە ئوخشاش. مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ۋەتىنىمىزگە كەتكىمىز كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا سىلەر بىلەن مۇڭدىشىپ كېلەيلى، دەپ ئەر - خوتۇن ئىككىمىز بىللە كېلىشىمىز، — دېدى.
ماشا بايىلا خىيالغا چۆكۈپ جىم بولۇپ قالغانىدى. نىكولاينىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن كۆزىگە ياش ئالدى. ۋاسە ئاپىسىغا تېخىمۇ يېقىن ئولتۇردى. ئاياللارنىڭ كۆڭلى يۇمشاق بولىدۇ. شۇڭا ئايخان ماشانىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:
— ماشا، سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دېدى.
— راست، بىز روسىيىگە كېتىدىغان بولۇپ قالدۇق، — دېدى ماشا يېشىنى سۈرتۈپ.
— نېمىشقا؟ سىلەرگە بۇ يەر ياقمىدىمۇ؟
— ياق، بىز بۇ يۇرتتىمۇ ئوبدان ياشىدۇق. بۇ يۇرتتىن، خەلقىدىن ئىنتايىن رازى. بىزنى ھېچكىم يەكلىمىدى. ۋەتىنىمىزگە كېتىدىغانلىقىمىزنى ئويلاپ خۇشاللىقتىنمىكىن ياكى كۆنۈپ قالغان بۇ يۇرتتىن كەتكىم كەلمەي قالدىمىكىنتاڭ، ئىختىيارسىز يېشىم قۇيۇلۇۋاتىدۇ، — دەپ يەنە يېشىنى سۈرتتى ئۇ.
— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى ئايخان ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، — كۆڭۈل ئاغرىقى بولمىسىلا بولدى. خۇشاللىقتىنمۇ كىشىنىڭ كۆزىدىن ياش چىقىدۇ.
— ئايخان، — دېدى ماشا ئۇنىڭغا خۇشال قاراپ، — بۇ يۇرتتا زادىلا كۆڭۈل ئاغرىقى بولمىدى، لېكىن ئوغۇللىرىم چوڭ بولۇپ قالدى. مانا مۇشۇ ۋاسە شىنجاڭدا تۇغۇلغان. بىز

بۇ يەرگە كەلگەندە چوڭ ئوغلۇم ئون ياشتا ئىدى، هازىر يىگىرمە ياشتىن ئېشىپ كەتتى. ئوغۇللارنى ئۆيلىشىمىز كېرەك. بۇ يۇرتتا بىزدىن باشقا رۇسلار يوقكەن.

— راست، — دېدى تۇرداخۇن نىكولايغا قاراپ، — بالا بېقىپ چوڭ قىلغان بىلەن ئۇلارنى ئۆي - ئوچاقلىق قىلىدىغان ئىش.

— شۇڭا بىز ۋەتىنىمىزگە قايتىش قارارىغا كەلدۇق، — دېدى نىكولاي. بۇ گەپتىن ئۇلارنىڭ ۋەتىنىگە قايتىدىغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەن تۇرداخۇن بىلەن ئايخان بىر - بىرىگە قاراشتى. ئايخان:

— نىكولاي، كېتىشنى قارار قىپسىلەر، قاچان يولغا چىقايلى دەۋاتىسىلەر؟ — دېدى.

— قاچان يولغا چىقساق بولىدۇ؟ — ماشاغا قاراپ قويدى.

ماشا بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— مېنىڭ ۋەتىنىمگە كەتكىم كېلىۋاتقىنى بىلەن «ئۇ يەرگە بارساق قانداق بولارمىز» دەپ غەممۇ قىلىمەن. ئاڭلىساق سان پېتروبورگتا ئىشچىلار «چار پادىشاھنى ئاغدۇرىمىز» دەپ نامايىش قىلىۋېتىپتۇدەك، قارىغاندا روسسىيە قالايمىقان ئوخشايدۇ. ئۇ يەرگە كەتسەك بۇ يەردىكىدەك خاتىرجەم ياشيالماسمىزمىكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

— راست شۇنداقكەن، — دېدى تۇرداخۇن، — مەن ھەر قېتىم چېگراغا بارغىنىمدا رۇس سودىگەرلىرى سان پېتروبورگتىكى قالايمىقانچىلىق توغرىسىدا گەپ - سۆز قىلىشىدۇ. دۆلەتتە قالايمىقانچىلىق كۆپ بولسا، يېمەك - ئىچمەك قىس بولىدۇ. شۇڭا چېگرىدا رۇس سودىگەرلىرى ئاشلىقنى كۆپ ئېلىۋاتىدۇ.

— بىز بالىلار ئۇچۇنلا كېتىمىز دەۋاتىمىز. ئەگەر

ئوغۇللىرىمىزنى بۇ يەردە ئۆي - ئوچاقلىق قىلالىساق بۇ يۇرتتىن كەتمەيتتۇق. بۇ يۇرت تىنچ ئىكەن، — دېدى ماشا.

نىكولاي ئۇلارنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلمىغاندەك خىيال سۈرۈپ قالغانىدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ تۇرداخۇنغا:

— تۇرداخۇن، بىز ئوغۇللىرىمىزنى مۇشۇ يەردىن ئۆيلەيلى دەپمۇ ئويلىشىپ باقتۇق. لېكىن دىنىمىز ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇيغۇرلار بىزگە قىز بەرمەيدۇ. خەنزۇلاردىن ئۆيلەيلى دېسەك، ئوغۇللىرىمىز خەنزۇچە بىلمەيدۇ، — دېدى.

ماشا ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ كېتىۋاتقان تۇرانغا دىققەت قىلىپ قالغانىدى. نىكولاينىڭ گېپى بىلەن چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ:

— ئايخان، قىزىڭىز تۇراننى بىزگە بېرەمسىلەر يا؟ بۇ يۇرتتىن زادى كەتمەيلى، — دېدى.

تۇرداخۇن ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. ئايخاننىڭ ئۆڭى ئۆچۈپ، چىرايى تاتىرىپ كېتىپ، ئۇمۇ ئېرىگە قاراپ كۈلۈۋەتتى. ئايخان باراتقا ئاتىۋەتكەن بۇ بىر تاللا قىزىنى يات مىللەتكىلا ئەمەس، بەلكى ئۆز مىللىتى ئىچىدىكى ناھايىتى ئابرۇيلۇق ئادەم كېلىپ سورىسىمۇ بەرمەيتتى. شۇڭا ئۇ كۈلگىنىچە جىم بولۇۋالدى. ماشا ئۇنىڭ قىزىنى بىر خرىستىئان رۇسقا بەرگۈسى يوقلۇقىنى بىلىپ:

— ئايخان، چاقچاق قىلىپ قويدۇم، خاپا بولمىغانسىز، — دېدى. ئايخاننىڭ راستلا كۆڭلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن چاندۇرماي كۈلۈمسىرەپ:

— چاقچاق قىلىۋاتقىنىڭىزنى بىلىۋاتىمەن، لېكىن قىزىم تۇراننى ئاتاپ قويغان ئادەم بار، — دېدى.

— كىم؟ — دېدى ماشا ئۇنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ.

— سىلەر بىلىسىلەر، — دېدى ئايخان ئالدىرىماستىن، —

موۋىكىدا يەرمەنكە ئاچقان ۋاقتىمىزدا ئەمەلدارلارنىڭ بالا - چاقىلىرى كەلگەندە بىزگە تىلماچلىق قىلىپ بەرگەن بارات دېگەن بالا شۇ. ئۇ قىزىم بىلەن بىر نەۋرە بولىدۇ، ئۇ تۇرداخۇننىڭ ئاچىسى جىمىلىخان ئاچامنىڭ ئوغلى، — دەپ تۇرداخۇنغىمۇ بىر قاراپ قويدى.

— ھە، — دېدى ماشا باراتنى يادىغا كەلتۈرۈپ، — راست ئۇ ياخشى بالىكەن، ھەم چىرايلىق، قاملاشقان يىگىت ئىكەن. تۇرانمۇ قاملاشقان گۈزەل قىز. ئىككىسى بىر - بىرىگە تازا ماس كەپتۇ.

ئايخاننىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشۈپ باراتنى ماختاپ:

— بارات ھازىر ھاكىمنىڭ تۇڭچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئىلاھىم قىزىم ئىككىسىنىڭ بېشى باش، ئايىغى تاش بولۇپ ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈپ كەتسىكەن دەپ دۇئا قىلىمەن، — دېدى.

ماشا ئىختىيارسىز ھالدا «بالىلىرىمنىڭ بەخت - تەلىيىنى خۇدادىن تىلەيمەن» دەپ پېشانىسىگە ۋە ئىككى دولىسىغا نوقۇپ ئىلتىجا قىلدى. ئۇنىڭغا قاراپ ئايخانمۇ ئىختىيارسىز «ئەلھەمدۇ لىللا، ئاللا بەخت - سائادەت بەرگەي» دەپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى. نىكولاي ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلغان دۇئا - تىلەكلىرىگە قاراپ:

— دىنىي ئېتىقاد دېگەن چوڭ ئىش. بىزنىڭ روسىيىدىمۇ مىللىتى باشقا، دىنى بىر كىشىلەر توي قىلىشسا يەنىلا ياخشى ئۆتۈپ كېتىدىكەن. لېكىن دىنى باشقىلار توي قىلىشسا ئاخىرى ياخشى بولماي، ھەتتا قېرىغاندىمۇ ئايرىلىپ كېتىدىغان ئىشلار كۆپ بولغان، — دېدى.

باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنى راست دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. شۇ چاغدا تۇران كىرىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى داستىخاننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. تېخى ھازىرلا چاقچاق

بولسىمۇ ئۇ توغرىسىدا گەپ - سۆز بولغاچقا، ھەممىسى دىققەت بىلەن تۇرانغا قاراشتى. ئەمما ئۇنىڭ بۇ گەپ - سۆزدىن خەۋىرى بولمىغاچقا، ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ ئەپچىل قوللىرى، چىرايلىق بوي - تۇرقى كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرەتتى، ئۇنىڭ لايىقى باراتىنىمۇ ئەسلەشتى. بىر - بىرىگە ماس كەلگەن قىز - يىگىتلەر توي قىلىشسا ئۆزلىرى بەختلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئەل - جامائەتمۇ خۇش بولۇشىدۇ. شۇڭا تۇران ھازىر ئۇلارغا تېخىمۇ گۈزەل كۆرۈنۈپ كەتتى. كىچىك ۋاسە ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈۋالغان چاچلىرىغا بەك قىزىقىپ قاراپ كەتتى. تۇران داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆي ئىچى بىردەم جىمىپ قالدى. نىكولاينىڭ ۋەتىنىمگە كېتىمەن دەپ كېلىشى تۇرداخۇننى خېلى چوڭقۇر ئويغا سېلىپ قويدى. نىكولاي بۇ يۇرتقا كېلىپ ئورۇنلاشقاندا ئەڭ دەسلەپ تونۇشقان ئادىمى ھەم ھازىرقى دوستى تۇرداخۇن ئىدى.

— نىكولاي، «ۋەتىنىمگە كېتىمەن» دەۋاتىسەن، تۇگمەن، ئۆي - جايىڭنى قانداق قىلىسەن؟

— مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ساڭا مەسلىھەت سالايلى دەپ كەلدۇق، بىزنىڭ بۇ يۇرتقا كېلىپ تاپقان دۇنيا - بىساتىمىز پەقەت مۇشۇ تۇگمەن ۋە ئۈچ ئېغىز ئۆي.

— سەن ئۇلارنى قانداق قىلاي دەيسەن؟

— مېنىڭچە تۇگمەن، ئۆي - جاي ساڭا قالسۇن.

— نىكولاي، كېيىنچە يەنە كېلىپ قالىدىغاندەكمۇ قىلامسەن؟

نىكولاي ماشاغا قارىدى. ماشا:

— ياق، كەتسەك ئەمدى كەلمەيمىز. يۇرتىمىزدا ئوغۇللىرىمىزنى ئۆيلىشىمىز كېرەك، شۇڭا كەتسەك كەلمەيمىز، — دېدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — دېدى تۇرداخۇن، — ئەگەر تۇگمەن،

ئۆي - جايىڭنى ماڭا بەرگىنىڭ بولسا مەن ئېلىپ قالاي.
— بۇ نەرسىلەرنى «قانداق بىر تەرەپ قىلارمەن» دەپ غەمدە قالغانىدىم، سىزنىڭ ئالغىنىڭ بولسا بولدى ساڭىلا قالسۇن. مەن باشقا يەردىن خېرىدار ئىزدەپ يۈرمەي.
— بوپتۇ ئەمىسە، مەن ئېلىپ قالاي.
— تۇرداخۇن، سەن سودىگەر ئادەم، تۇگمەن، ئۆي - جاينى پايدىسىغا ساتامسەن قانداق؟
— ساتمايمەن، ئادەم سېلىپ خۇددى سەن بار چاغدىكىدەك ماڭغۇزىمەن.
نىكولاي تېخىمۇ خۇش بولۇپ:
— ياخشى، بۇ گېپىڭدىن مەن بەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن. ئۇنداقتا تۇگمەنگە ئادەم ئەۋەتكىن، بىز كەتكىچە ئۇنىڭغا تۇگمەن باشقۇرۇشنى، تاش ئويۇشنى ئۆگىتىپ قوياي، — دېدى.
— بولىدۇ، ئەتىلا مويكىدىن ئىككى ئادەم ئەۋەتىمەن.
— ماقۇل، ئۇلارغا چوقۇم ياخشى ئۆگىتىمەن.
— نىكولاي، سېنى قانداق رازى قىلسام بولار، ئۆزۈڭ بىر نېمە دېگىنە.
— تۇرداخۇن، سەن بىلەن مەن ئاغىنە ئادەملەر، باھا قويۇشۇپ كەتمەيلى، مەن سودىگەر ئەمەس، سەن ئويلاپ بىرەر باھانى دەپ باققىن، ئەگەر دېگىنىڭ ماڭا ياقسا، سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرمايمەن.
تۇرداخۇن ئۇزاق ئويلىنىپ، ئۇنىڭ بىلەن بولغان ئاغىنىدارچىلىقىنى ھەم ئۇنىڭ مويكا سېلىشتا قىلغان ياردىمىنى ئويلاپ:
— مەن ساڭا ئون سەر ئالتۇن بەرسەم قانداق؟ — دېدى.

نىكولاي ماشاغا كۆلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆلۈمسىرىشىدىن باھانى مۇۋاپىق كۆرگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇمۇ «بوپتۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى.

— بولىدۇ، مەن رازى.

— ئۇنداقتا، تۇگمەن، قورۇ - جاي ماڭا ئۆتتى، — دېدى تۇرداخۇن ۋە ئايخانغا بۇيرۇدى، — نىكولايغا ئالتۇن ئەچىقىپ بەر.

— ماقۇل، — ئايخان شۇنداق دېگىنىچە ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— نىكولاي، بىزنىڭ تۇگمەنچىلىك قىلىپ تاپقان پۇل - پۇچەكلىرىمىزنى تۇرداخۇن ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەرسۇن، — دېدى ماشا.

نىكولاي تۇگمەنچىلىك قىلىپ تاپقان جۇڭگو پۇللىرىنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقىرالمايۋاتاتتى.

— راست، جۇڭگونىڭ پۇللىرى روسىيىدە ئۆتمەيدۇ، بۇنىڭغىمۇ ياردەم قىلساڭ.

— بولىدۇ، — دېدى تۇرداخۇن يەنە ئويلىنىپ، — سەن ئالدى بىلەن تاپقان پۇل - پۇچەكلىرىڭنى تەڭگىگە ئالماشتۇرغىن، ئاندىن مەن تەڭگىنى بازاردىكى ئالتۇنغا ئايرىۋاشلاش باھاسىدىن ئۆرلىرەك باھادا ساڭا ئالماشتۇرۇپ بېرەي.

نىكولاي، ماشا خۇش بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— نىكولاي، بىز سودىگەرلەر پۇلغا ئامراق كېلىمىز. لېكىن بىزنىڭ دىنىمىزدا «پايدا ئال، لېكىن ئىنساپلىق بول» دېگەن گەپ بار. «سەن باشقىلارنى رازى قىلساڭ، خۇدا سەندىن رازى بولىدۇ» دېگەن گەپمۇ بار، — دېدى تۇرداخۇن.

ئايخان ئىچكىرى ئۆيدىن چىقىپ، يانچۇقىدىن بىر

تۇگۇنچەكنى ئېلىپ تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا قويدى:
— مانا، قايسى كۈنى سىز ئەكىلىپ بەرگەن ئالتۇن، ئون سەر دېگەنىدىڭىز.
تۇرداخۇن تۇگۇنچەكنى قولىغا ئېلىپ دەڭسەپ بېقىپ:
— بىردە ئېلىشىم بار ئىدى، قايسى كۈنى شۇنى ئېلىپ كەلگەنىدىم، ئەگەر ماڭا ئىشەنسەڭلەر بۇنى تارازىغا سالمىساڭلارمۇ بولىدۇ. مەن ئۇنىڭدىن ئالغاندا تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ ئالغانىدىم، — دېدى.
— تۇرداخۇن، ساڭا ئىشەنمىسەم بولامدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سودىگەر ئەمەس. بۇنچىلىك جىق ئالتۇننى مەن ھېلىغىچە قولۇمغا ئېلىپ تۇتۇپ باقمىغان. تەقدىر - ئىرادە بىلەن بۇگۈن مانا بۇنچىلىك جىق پۇلنى كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن، — دېدى

— مانا ئەمىسە، — دەپ تۇرداخۇن تۇگۇنچەكنى يېشىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى.
تۇگۇنچەكتە قەغەزگە ئورالغان كېپەك ئالتۇن پارقىراپ تۇراتتى. نىكولاي، ماشا بېشىنى يىقىن قىلىپ قارىدى. ۋاسەمۇ ئاپىسىنىڭ قولتۇقىدىن بېشىنى سوزۇپ قارىدى، ئۇلار خۇش بولۇشتى.
— مانا بۇ ئالتۇن سېنىڭ بولدى، — دېدى تۇرداخۇن.
نىكولاي ئالتۇننى ئېلىپ يەنە بىر كۆرۈپ قەغەزگە ئوراپ:
— سەن ئېلىپ قوي، — دەپ ماشاغا بەردى.
ماشا ئۇنى ئېلىپ خالتىسىغا سېلىپ قويدى. نىكولاي، ماشا ئالتۇننى ئېلىپ خۇشال بولۇۋاتقاندا، تۇرداخۇن ئۆزىنىڭ تىجارەت قىلىپ بېيىش جەريانىنى ئويلاپ:
— نىكولاي، — دېدى.
نىكولاي، ماشا ئۇنىڭغا تەڭلا قارىدى. تۇرداخۇن ئۇلارغا بىردەم قاراپ:

— مەن تىجارەت قىلغاندا قۇرۇق قول بىلەن ئىش باشلىغان، ئايخان ئىككىمىز تىرىشىپ - تىرمىشىپ مۇشۇنچىلىك ئىگىلىك تىكلىدۇق، شۇ چاغدا بىزنىڭ قولىمىزدا بىر سەرمۇ ئالتۇن يوق ئىدى. ساڭا مۇشۇ ئون سەر ئالتۇننى بەردىم، يەنە پۇل - پۇچەكلىرىڭنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ بەرسەم، بۇنىڭ بىلەن خېلى ئالتۇنلۇق بولۇپ قالىسەن، بۇنچىلىك ئالتۇن سودىگەر ئۈچۈن ئاز دەسمايە ئەمەس. شۇڭا سەن يۇرتۇڭغا بارغاندا مۇشۇ ئالتۇننى دەسمايە قىلىپ تىجارەت قىلساڭ بولامدۇ، — دېدى.

نىكولاي كۈلۈپ كەتتى. چۈنكى ئۇ ھازىر قولىدا ئون سەر ئالتۇن بولسىمۇ، تىجارەت قىلىشنى زادىلا ئويلىمىغانىدى.

— تۇرداخۇن، مېنى تىجارەت قىل دەپ زاڭلىق قىلىۋاتامسەن، بىز يۇرتىمىزغا كەتسەكمۇ يەر تېرىيمىز، تۇگمەنچىلىك قىلىمىز.

— تۇرداخۇن، بىز كىرىستىيانلارنىڭ قولىدىن تىجارەت قىلىش كېلەرمۇ، — دېدى ماشا.

— تىجارەت قىلىمەن دېگەن ئادەم قورقماس ھەم تەۋەككۈلچى بولۇشى لازىم. ھازىر قولىدا ئون سەر ئالتۇنى بار ئادەم قورقماستىن تىجارەت قىلسا بولىۋېرىدۇ، زىيان تارتسىمۇ ئاز زىيان تارتىدۇ.

— ياق، — دېدى نىكولاي دەرھال، — مەن تىجارەت قىلىشنى زادىلا ئويلاپ باقمىدىم. ھازىر يېشىم قىرىق بەشتىن ئاشتى، سودىگەر بولمايمەن ھەم سودىگەرچىلىكنىڭ يولىنىمۇ بىلمەيمەن.

— نىكولاي، سودىگەرچىلىكنىڭ ئۆلچىمى يوق. لېكىن تىجارەت قىلىشنىڭ بىرىنچى قەدىمى تەۋەككۈلچىلىك، دەسمايىسى بار ئادەممۇ، دەسمايىسى يوق ئادەممۇ ئالدى بىلەن تەۋەككۈل قىلىشى كېرەك. خۇدا ساڭا بەرگىسى كەلسە تەۋەككۈل قىلغان

بىرىنچى قەدەمدىن باشلاپ بېرىدۇ.
— ياق، — دېدى نىكولاي، — بىز دېگەن دېھقان.
— ئۇنداقمۇ دېمەك، — دېدى ئايخان، — سىلەر ۋەتىنىڭلارغا بارغاندا نېمە ئىش قىلىسىلەر، خۇدانىڭ ھەر كىشىگە بېرىدىغان رىزقى - نېسىۋىسى بار.
— راست دېدىڭىز، — دېدى ماشا ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — گەرچە مەن ھازىر يۇرتۇمغا كېتىشكە ئالدىراپ تۇرساممۇ، لېكىن ئۇ يەرگە بېرىپ باشقا ئىشلارنى قىلىدىغاندەكلا تۇرىمەن.
— شۇنداق، ئىنسان بالىسىغا ئاللانىڭ بىر كۆرسەتكىنى بولىدۇ، — دېدى تۇرداخۇن نىكولايغا قاراپ.
نىكولاي گەپ قىلماي كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەمما تۇرداخۇننىڭ «تىجارەت قىلىڭلار» دېگەن سۆزى ماشانىڭ كاللىسىغا كىرىۋالغانىدى:
— قېنى ئالدى بىلەن يۇرتىمىزغا ساق - سالامەت بېرىۋالايلى، ئاندىن تەقدىر - پېشانىمىزنى كۆرمەيمىزمۇ، — دېدى ئۇ.
— ماشا، بۇنى توغرا دېدىڭىز، تۇرداخۇنمۇ روسىيىگە بېرىپ ئىشلەمچىلىك قىلغان ئادەم. ئۇ قايتىپ كېلىۋېتىپ يولدا جىق سورۇقچىلىق تارتىپ، ھەممە نەرسىسىدىن ئايرىلىپ قايتىكەن، ھازىر بولسا تىجارەت قىلىپ بېيىپ قالدۇق. بۇنى بىز ئىلگىرى ئويلىيالىغانمۇ، — دېدى ئايخان.
ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.
— نىكولاي، ۋەتىنىڭگە قاچان ماڭاي دەۋاتىسەن؟
— تۈگمەن، قورۇ - جاي ساتا قالىدىغان بولدى، تاپقان پۇل - پۈچەكلىرىمنى ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇپ بېرىدىغان بولدۇق. دېمەك، بىزنىڭ چوڭ ئىشلىرىمىز تۈگىدى. ئەمدى يۈك - تاقلىرىمىزنى تېڭىپ يولغا چىقساقلا بولىدۇ.
— ئۇنداقتا، — دېدى تۇرداخۇن، — مېنىڭ بىلەن

مىڭغىڭلار. بۇ قېتىم چېگراغا گۇرۇچ ئېلىپ بارسام كارۋان تېخىمۇ كۆپ بولىدۇ، يولدا خاتىرجەم ماڭىمىز.

بۇ گەپتىن نىكولاي، ماشا خۇش بولۇشتى.

— بىز بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىپ ياخشى قىپتىكەنمىز. تۈگمەن، قورۇ - جاي سېتىلدى. تاپقان پۇل - پۇچەكلىرىمىز ئالتۇنغا ئالماشتۇرۇلىدىغان بولدى. هازىر بولسا قاچان ۋە قانداق كېتىدىغانلىقىمىزمۇ هەل بولدى، — دېدى ماشا.

ئۇلار خۇشال بولۇشتى. چۈنكى هەممىسى بىر - بىرىدىن رازى ئىدى. تۇران كىرىپ چۈشلۈك تاماققا داستىخان سالدى. كىچىك ۋاسە يەنىلا ئۇنىڭ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچلىرىغا قاراپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇرانمۇ كۈلۈپ كەتتى.

# ئون بەشىنچى باب

## كىچىك باۋەچچىنىڭ بازاردا ۋاڭ شىئىرنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ياراكەندە قىلغانلىقى

ۋاڭ بېگىمنىڭ تېرىلغۇ يېرى كۆپ بولغاچقا، ئاشلىقىنى سېتىپ بولالماي، ھەر يىلى دېگۇدەك ئامباردا بېسىلىپ قالاتتى. گەرچە ھازىر ئالتىنچى ئاي بولسىمۇ، ئۆزلىرى يەيدىغان ئاشلىقنى ئايرىۋالغاندا قالغىنى 50 ھارۋىدىن ئارتۇق گۇرۇچ چىقتى. تۇرداخۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن يەنە بىر قېتىم تاسقاپ يېڭى تاغارلارغا قاچىلاپ تەييار قىلىپ، ھارۋىلارغا بېسىپ تەقلەپ قويدى. چۈنكى چېگرىدىن ئۆتكۈزىدىغان ماللار ياخشى قاچىلانمىسا، ئەۋرىشكە ئېلىپ تەكشۈرگەندە پاكىز بولمىسا، چېگرىدىن ئۆتكۈزۈشكە بولمايتتى ياكى باھاسى چۈشۈپ كېتەتتى. ۋاڭ بېگىم ئوغلى مىڭئېر بىلەن مېڭىشقا تەييار بولۇپ تۇرغان قاتار ھارۋىلارنى چۆرىدەپ بىر ئايلىنىپ چىقىپ ھارۋىكەشكە:

— بۈگۈن ھارۋىلارنى باشلاپ ناھىيىگە كىرىپ، تۇرداخۇننىڭ مويكىسىغا بېرىپ ساقلاپ تۇرىسىلەر. ئەتە چۈشتىن بۇرۇن بىز يېتىپ بارىمىز. ئاڭغىچە تۇرداخۇنمۇ ماللىرىنى تەييارلاپ بولسا، ئاندىن ئۇلار بىلەن بىللە يولغا چىقىسىلەر، — دېدى.

— خوپ، — ھارۋىكەش قامچىسىنى ھارۋىدا تارسىلدىتىپ ئاۋاز چىقىرىپ ئۇرۇپ، باشتىكى ھارۋىنى قوزغىدى. ئۇنىڭ

كەينىدىن باشقا ھارۋىلارمۇ قوزغىلىپ غاچ - غۇچ، تاراق - تۇرۇق ئاۋاز چىقىرىشىپ بىر - بىرىگە ئۇلىنىپ ماڭدى. 50 تىن ئارتۇق ھارۋا قورۇقتىن چىقىپ بولغۇچە ئۇزاتقۇچىلار قاراپ تۇرۇشتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ چېگرا سودىسى قىلىشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا، بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان يېزىنىڭ ھەممە ئادىمى دېگۈدەك ئۇزاتقىلى كەلگەنىدى. ئەگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ ئاشلىقى چېگرا سودىسى ئارقىلىق سېتىلىپ تۇرسا، ئىشلەمچىلەرنىڭ ھال - كۈنى ياخشى بولۇپ قالاتتى ھەم باشقا دېھقانلارمۇ ئاشلىقىنى ۋاڭ بېگىمگە سېتىپ بېرەتتى. ھارۋىلارنىڭ ئاخىرى قورۇقتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ئاستا قايتىشقا باشلىدى. لېكىن ۋاڭ بېگىم، بالا - چاقىلىرى ھەم خىزمەتچىلىرى ھارۋىلار خېلى ئۇزاپ بولغاندا ئاندىن قايتىشتى.

ۋاڭ بېگىم ماللىرىنى چېگراغا ئۇزىتىپ ئىنتايىن خۇش بولدى. ئۇ ئىلگىرى چېگرا سودىسى ئەمەس، ھەتتا باشقىلار بىلەن ئېلىم - بېرىممۇ قىلىپ باقمىغانىدى، ئادەم ئىشلىتىپ يەر ئېچىپ بېيىغان ئادەم ئىدى. مانا ئەمدى چېگراغا گۈرۈچ يۆتكەۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر خۇددى ئۇزىگە غايىبتىن ئامەت يېغىۋاتقاندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. چۈنكى گۈرۈچ چىقمايدىغان روسىيىدە گۈرۈچ چوقۇم بازار تاپىدۇ. كېلەچەكتە قولغا كېلىدىغان نۇرغۇن پايدا ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ دەسمايىسى كۆپ بولغاچقا، بۇ قېتىمقى سودىنى تېخىمۇ چوڭ قىلغۇسى كېلەتتى:

— ماڭا قاراڭلار، — دېدى ئۇ بالا - چاقىلىرىغا، — ئوغلۇم مىڭئىبىرنىڭ تۇنجى قېتىملىق سودا سەپىرى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ. مانا گۈرۈچلەر يولغا چىقىپ بولدى. گۈرۈچ چوقۇم سېتىلىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ بىرىنچى قېتىملىق چېگرا سودىسىنى تېخىمۇ چوڭ قىلىش ئۈچۈن مەن ئوغلۇمغا يەنە يۈز سەر ئالتۇن بەرسەم دەپ ئويلاۋاتىمەن. ئوغلۇم چېگرىدا گۈرۈچنى

سېتىپ مالغا ئالماشتۇرۇپ، يەنە يۈز سەر ئالتۇنلۇق مال ئېلىپ كەلسە، مەن بۇ ناھىيىنىڭ سودىسىنى ئەمەس، بەلكى ئەتراپتىكى قوشنا ناھىيىلەرنىڭمۇ بازىرىنى ئىگىلەيمەن، ھەتتا ئۇرۇمچىگىمۇ مال يۆتكەيمەن.

ۋاڭ مىڭئېر ھەيران بولۇپ:

— دادا، نېمە دەۋاتىسىز؟ مەن چېگراغا كېتىۋاتقىنىم بىلەن سودىنى تۇرداخۇن ئاكام قىلىشىپ بېرىدۇ. مەن پەقەت سودا كارۋىنىنى قوغدايدىغان لەشكەرلەرگە باش بولۇپ مېڭىپ، كارۋاننى باندىتلاردىن ساقلايمەن ئەمەسمۇ، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ۋاڭ بېگىم، — سەن سودا قىلىشنى بىلمەيسەن، تۇرداخۇن ساڭا سودا قىلىشىپ بېرىدۇ. مانا مۇشۇ ياخشى پۇرسەت. سەن يۈز سەر ئالتۇن ئېلىۋال، تۇرداخۇن ساڭا مال ئېلىشىپ بەرسە ئارتۇقچىلىق قىلامدۇ. تۇرداخۇن ساڭا سودا قىلىشىپ بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن ساڭا بۇ ئالتۇنلارنى بەرگىم كېلىۋاتىدۇ.

گەرچە ۋاڭ مىڭئېر دادىسىنىڭ زورلىشى بىلەن چېگراغا مال يۆتكەپ كېتىۋاتىسمۇ، ئەمەلىيەتتە چيەن دارېن ۋە جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن كارۋاننى باندىتلاردىن قوغداش ئۈچۈنلا چېگراغا بېرىشقا ماقۇل بولغانىدى.

— دادا، مەن بىرىنچى قېتىملا چېگراغا 50 نەچچە ھارۋا گۈرۈچنى يۆتكەپ كېتىۋاتقان ئادەم، يەنە يۈز سەر ئالتۇن ئېلىۋالسام، بۇنى قانداق قىلىمەن؟

ۋاڭ بېگىم ئوغلىغا خۇددى كىچىك بالىغا چۈشەندۈرگەندەك سۆزلەپ:

— ئوغلۇم، تۇرداخۇن ھەقىقەتەن تەجرىبىلىك سودىگەر، بۇ ئالتۇنلارنى ھەرگىز سەن خەجلىمەيسەن، تۇرداخۇن خەجلەيدۇ. ئەگەر تۇرداخۇنمۇ خەجلىيەلمىگۈدەك بولسا شۇ پېتى ياندۇرۇپ كېلىسەن. بۇ سودىغا تۇرداخۇن بارمىسا مەنمۇ ساڭا ھەرگىز

بۇنچىۋالا پۇلنى تۇتقۇزۇپ قويمايتتىم، — دېدى.
ۋاڭ مىڭئېر دادىسىنىڭ گېپىگە قايىل بولغاندەك جىم بولۇپ قالدى.
— بوپتۇ بالام، داداڭ دېگەندەك ئۇ ئالتۇنلارنى ئېلىۋال. داداڭ بۇ گەپنى ئالدىدا ماڭا دېگەندە مەنمۇ قوشۇلمىغانىدىم. لېكىن تۇرداخۇن بىلەن بىللە سودا قىلىدىغانلىقىڭ ئۈچۈن مەنمۇ قوشۇلىۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم.
— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى ۋاڭ بېگىم، — تۇرداخۇن تەۋەككۇلچى، قورقماس ئادەم. ئۇ چېگرا سودىسى قىلىپ ناھايىتى تېزلا بېيىپ كەتتى.
ۋاڭ مىڭئېر دادىسىنىڭ گېپىگە قايىل بولۇۋاتىسمۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئەركىلەپ:
— ئاكا، دادام، ئاپام دېگەندىن كېيىن ماقۇل دېگىنە، بارات سېنىڭ ياخشى ساۋاقدىشىڭ تۇرسا، ساۋاقدىشىڭنىڭ تاغىسى چوقۇم ساڭا ياردەم قىلىدۇ، تېخى سېنى ياخشى سودىگەر قىلىپ چىقامدۇ، — دېدى.
سودىگەر دېگەن گەپنىڭ چىقىشى بىلەن ۋاڭ بېگىم خۇش بولۇپ:
— ئوغلۇم، بۇ ئامراق سىڭلىڭمۇ ئالتۇنلارنى ئېلىۋېلىشىڭغا قوشۇلىۋاتىدۇ، — دېدى.
— بولىدۇ، — دەپ كۈلۈۋەتتى ۋاڭ مىڭئېر.
ئۇ ماقۇل بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ بېگىم خۇشاللىقىدىن قولىنى كەينىگە قىلىپ ئۇياق - بۇياققا بىر ئايلىنىۋېتىپ ئۆز - ئۆزىگە: «تۇرداخۇن چېگرا سودىسى قىلىپ بېيىپ كەتتى، مەن تېخىمۇ بېيىيالامدىمەن؟» دېدى. ۋاڭ خېنىم ئېرىنىڭ تۇرداخۇننىڭ مويكىسىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتىنى ئويلاپ:

— بېگىم، ئوغلىمىز سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرىدۇ. تېخىمۇ باي بولىمەن دەپ ھەسەت قىلىدىغان گەپنى قىلماي، ئوغلىمىزغا ئامانلىق تىلەيلى، — دېدى.

لېكىن ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:

— قىزىقسەن خوتۇن، تۇرداخۇن چېگرا سودىسى بىلەن بېيىپ كېتىۋاتسا، مېنىڭمۇ مال - دۇنيا، ئالتۇنلىرىم كۆپ تۇرسا، ئەلۋەتتە ھەسەت قىلىمەن - دە، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم يەنە ئۇنىڭغا گەپ قىلماقچى ئىدى، لېكىن ۋاڭ بېگىم بىلەن ئىككىسى ئۆتكەن قېتىم پاراڭلاشقاندا ئۇنىڭ «ھويلامنى قايتۇرۇۋالسام تۇرداخۇننىڭ مويكىسى ماڭا ئۆتىدۇ» دېگەن گېپىنىڭ يەنە ئاغزىدىن چىقىپ كېتىپ، ۋاڭ مىڭئېر دادىسىنىڭ غەرىزىنى بىلىپ قېلىپ سەپىرىدىن يېنىۋېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— بېگىم، باشقا گەپ - سۆزنى قىلىشمايلى، ئوغلىمىز ئەتە سەپەرگە ماڭىدۇ، سەپەرنىڭ باشقا تەييارلىقىنى قىلايلى. بۇتساتۋادىن ئامان - ئېسەنلىك تىلەيلى، يۇرۇڭلار، — دەپ ئىككى بالىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ماڭدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى، قىزى تۆشەكتە ئۇخلاۋاتاتتى. نېرىقى كارىۋاتتا دۇ قىزچاقمۇ ئۇخلاۋاتاتتى. دېرىزىدىن تاڭ نۇرى چۈشۈپ، ھۇجرا ئىچى خېلى يورۇپ قالغان بولسىمۇ، بۇ ئىككى قىز تېخىچە ئۇخلاپ ياتاتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى، لېكىن قىزلارنى ئويغاتمىسا بولمايتتى، شۇڭا قىزىنى چۆچۈتۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، يوتقاندىن چىقىپ قالغان ئاپئاق بىلىكىنى سىلىدى، لېكىن قىزى ئويغانمىدى. نېرىقى كارىۋاتتىكى دۇ قىزچاق بىرسىنىڭ شەپىسىنى سېزىپ، ئويغىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئېچىپ ۋاڭ خېنىمنى كۆرۈپ:

— ۋاڭ خېنىم كىرىپ قاپسىزغۇ، بىرەر ئىشىڭىز بارمىدى؟ — دېدى.
— ياق، ئىشىم يوق، سىلەرنى ئويغىتاي دەپ كىرېۋىدىم.
— ئۇنىڭ گېپى بىلەن ۋاڭ شىئېرمۇ ئويغىنىپ كېتىپ، يېنىدا تۇرغان ئايىسىنى كۆردى:
— ئاپا، ئەجەب ئەتىگەن كىرىپ قاپسىزغۇ؟
— قىزىم، ئاكىڭىز ئەتىگەندىلا ناھىيە بازىرىغا بارىدۇ، بىزمۇ ناھىيە بازىرىغا بېرىپ ئۇزىتىپ قويايلى. شۇڭا سىلەرنى ئويغاتقىلى كىرىۋېدىم.
ۋاڭ شىئېر كېچىچە قانداقتۇر قورقۇنچلۇق چۈشلەرنى كۆرۈپ بېشى ئاغرىغاندەك بولۇپ، تاڭغا يېقىن ئۇيقۇغا كەتكەنىدى. ھازىرمۇ ئۇيقۇغا قانماي بېشى گاراڭ بولۇپ، ئىسىنى تېخى تۇزۇكرەك يىغالمىغانىدى.
— ئاپا، بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ. مەن ئاكام بىلەن مۇشۇ يەردىلا خوشلىشىپ قويايمىكىن، — دېدى ئۇ.
ئۇنىڭ گېپىدىن دۇ قىزچاق ھەيران بولۇپ:
— خېنىم، ئاخشام مىجەزىڭىز ياخشى ئىدىغۇ، ئىككىڭىز چاقچاقلىشىپ خۇشال ئۇخلاپ قالغانىدۇققۇ، — دېدى.
— راست، ئاخشام ساق ئىدىم. لېكىن بىلمەيمەن، كېچىنىڭ ئىسىدە قالمايدىغان قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرگەچكىمىكىن. . .
— قىزىم، بېشىڭىز راستلا ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى ۋاڭ خېنىم.
— ھەي تاڭ، بېشىم گاراڭلىغۇ ئاپا.
— قارىغاندا ئاغرىپ قالمىغان ئوخشايسىز، لېكىن دۇم يېتىپ قاپسىز. كىشى دۇم يېتىپ قالسا ئاشۇنداق قالايمىقان چۈشلەرنى كۆرۈپ قالىدۇ. شۇڭا بېشىڭىز گاراڭ بولۇپ بىئارام بولۇۋېتىپسىز.

كىيىمىنى كىيىۋاتقان دۇ قىزچاق ۋاڭ شىئىرغا چاقچاق قىلىپ:

— خېنىم، كۆرگەن چۈشىڭىزنى بىزگە دەپ بېقىڭە، ۋاڭ خېنىم ئىككىمىز ياخشىغا ئۆرۈپ تەبىر بېرەيلى، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىدىن ۋاڭ خېنىم كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ شىئىر غۇلىچىنى كەڭ ئېچىپ بىر كېرىلىپ:

— بىلمەيمەن، چۈشۈم زادى ئېنىق ئەمەس. لېكىن چۈشۈمدە بىر نەرسىدىن قورقۇپ قېچىۋاتقۇدەكمەن. لېكىن مېنى نېمىنىڭ قوغلىغانلىقىنى كۆرەلمىدىم. ئەتراپىم تۇپتۇز، ئۆزۈمنى دالدىغا ئالىدىغان جاي يوق. بىر چاغدا ئالدىمدا بىر يالغۇز كۆك تېرەك پەيدا بولۇپ قالدى، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالدىم. مېنى قوغلىغان ھېلىقى نەرسە يالغۇز بىرلا دەرەخنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋالسامۇ مېنى تاپالمايۋاتقۇدەك، ئۇ نەرسە مېنى ئەجەب تاپالمايدىغۇ دەپ ئۆزۈممۇ ھەيران بولۇۋاتقۇدەكمەن، شۇ ھەيرانلىقتا ئويغىنىپ كەتتىم، — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، بۈگۈن قىزىڭىز ناھايىتى ياخشى چۈش كۆرۈپتۇ، چۈش دېگەن تەتۈرىگە ماڭىدۇ، — دېدى دۇ قىزچاق.

— قېنى شەيتان قىز، ئۇ چۈشنىڭ مەنىسى نېمە؟

— چۈشتە قىزلارنى قوغلىسا يىگىتلەر قوغلايدۇ خېنىم، «ئەتراپىم تۇپتۇز، ئۆزۈمنى دالدىغا ئالىدىغان جاي يوق» دېگىنى قوغلىغان قورقۇنچلۇق نەرسە ئادەملەر جىق يەردە قوغلاپتۇ، خېنىم، چۈشتە يىلتىزى بار دەرەخ دېگىنى يوغان يۆلەنچۈك، خېنىم، — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۆزىمۇ كۈلۈۋەتتى دۇ قىزچاق.

ۋاڭ شىئىر ئاپىسىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇپ ئۇنىڭغا:

— سېنىڭ ئاغزىڭ ئەجەب ئىتتىك، ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلۈۋېرىسەن، — دېدى.

دۇ قىزچاق دەرھال:

— خېنىم، چۈشنى سىز كۆردىڭىز، مەن كۆرمىدىم، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى.

ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا تەتۈر قارىۋېلىپ، كىيىمنى كىيىشكە باشلىدى ۋە خىيالغا چۆمدى. ئۇ مانا بۇ يىل ئون يەتتە ياشقا قەدەم قويدى. ھېلىغىچە بىرەر يىگىتنى ياخشى كۆرۈپ باقمىغان بولسىمۇ، ياخشى كۆرىدىغان لايىقىنىڭ چىقىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئەمما جاڭ خېنىم ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، چيەن دارىننىڭ ئوغلى يادىغا كېلىۋېلىپ ئۇنىڭ شېرىن خىياللىرى يوقاپ، غەم باسىدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا ئۇ ئاپىسى ۋە دوستى دۇ قىزچاق بىلەن دائىم بىللە بولۇپ پاراڭلىشىپ، ئۆزىنى خۇشال تۇتۇشقا تىرىشاتتى. ئۇ خىيال بىلەن كىيىمنى ئاستا كىيدى. ئاڭغىچە دۇ قىزچاق كىيىمنى كىيىپ بولۇپ كارىۋىتىنى يىغىشتۇرۇپمۇ بولدى. ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ خىيالچان ھالىتىگە قاراپ:

— قىزىم، گەپ قىلمايسىزغۇ، ئاكىڭىزنى ئۇزاتقىلى ناھىيە بازىرىغا بارمامسىز نېمە؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ناھىيە بازىرى دېگەن گەپنى ئاڭلاپ، كىچىك بايۋەچچە يەنە يادىغا كېلىپ، ئۇنى ناھىيە بازىرىدا ئۇچرىتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ:

— ئاپا، قانداق قىلسام بولار، مېنىڭ بارغۇم يوق، — دېدى، لېكىن ئۆز غېمىنى ئاپىسىغا دېمىدى.

ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ نېمە غەمدە ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ پەقەت ئوغلىنى يىراق سەپەرگە چىرايلىق ئۇزىتىپ قويۇشنى ئويلاپ:

— قىزىم، ئاكىڭىز ئۇزاق سەپەرگە ماڭىدۇ. سىزمۇ ئۇزىتىپ ناھىيە بازىرىغا بارسىڭىز ئاكىڭىز سىزدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىڭىز بىلەن مەنمۇ

بارىمەن، — دېدى.
— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ۋاڭ شىئېر ناھايىتى ئاستا.
— ئۇنداق بولسا چاپسان جابدۇنۇڭلار، مەيلەر تەييار بولۇپ قالدى، ناشتا قىلىپ بولۇپلا كۈن چىققىچە يولغا چىقىشىمىز كېرەك. بولمىسا يېرىم يولدا ئىسسىقتا قالىمىز، — ۋاڭ خېنىم شۇنداق دېدى - دە، ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.
گەرچە ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا ناھىيە بازىرىغا بېرىشقا ماقۇل بولغان بولسىمۇ، لېكىن «ناھىيە بازىرىدا كىچىك بايۋەچچىگە يولۇقۇپ قالسام قانداق قىلارمەن» دېگەن خىيال كاللىسىغا كىرىۋېلىپ كىيىملىرىنى ئاستا كىيىشكە باشلىدى. ئۇنى ساقلاپ بايىلا يۈز يۇيۇۋېلىشقا سۇ ئەكىرىپ قويغان دۇ قىزچاق ئۇنىڭ ئېرىنچەكلىك بىلەن كىيىنىۋاتقانلىقىغا قاراپ:
— خېنىم، مىجەزىڭىز راستلا يوق ئوخشىمامدۇ، ئەگەر ناھىيە بازىرىغا راستلا بارغىڭىز كەلمىسە مەن چىقىپ ۋاڭ خېنىمغا «خېنىمنىڭ مىجەزى يوقكەن، ناھىيە بازىرىغا بارغۇسى يوقكەن» دەپ قوياي، — دېدى.
— ياق، بېرىۋېرىمەن.
لېكىن ۋاڭ شىئېر بۈگۈن ناھىيە بازىرىغا بارسا كىچىك بايۋەچچىنى چوقۇم ئۇچرىتىپ قالىدىغاندەكلا تۇيۇلۇپ، كۆڭلىدىكىنى دۇ قىزچاققا دەپ باققۇسى كەلدى. لېكىن ئاپىسىنىڭ جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمىسۇن دېگەنلىكى يادىغا كېلىپ، كۆڭلىدىكى گېپىنى ئۇنىڭغا دېيىشتىن يالتايدى ۋە كىيىمىنى چاپسان كىيىشكە باشلىدى.
ۋاڭ بېگىم ئوغلىنى سەپەرگە ئۇزىتىشقا ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كەلگەندە ۋاقىت چۈشكە ئاز قالغانىدى. لېكىن تۇرداخۇن جۇمە نامىزىنى ئوقۇپ بولۇپ يولغا چىقماقچى بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇزاتقىلى كەلگەنلەر ساقلاپ تۇراتتى. ۋاڭ بېگىمنى تەبرىكلەش يۈزىسىدىن چىيەن دارىن، جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگى

قاتارلىق يۇرت ئەمەلدارلىرى، بايلار ۋە مۆتىۋەرلەر كېلىشكەنىدى. ئۇلار تۇرداخۇن بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ ماللىرىنى ئارىلاپ كۆرۈشكە باشلىدى. مويكا ئىچى يۇڭ هارۋىلىرى بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى. هارۋىلار ئارىسىدا ئائىلە يۇڭ - تاقلىرى بېسىلغان بىر هارۋا بولۇپ، ئۇستىدە نىكولاي بالا - چاقىلىرى بىلەن ئولتۇرۇشاتتى. يىغىلغان كىشىلەر ئارىسىدا ئۇلارنى ئۇزاتقىلى كەلگەنلەرمۇ كۆپ ئىدى. چۈنكى ئون يىلدىن بېرى ئۇنىڭ قوش تاشلىق تۇگمىنىنىڭ شالاڭ ۋە قېلىن ئەلگەكتىن ئۆتكەن يۇمشاق ئۇننى يېمىگەن ئادەم يوق ئىدى. شۇڭا ئۇلارنى ئۇزىتىشقا كەلگەنلەر ئارىسىدا ئاياللار كۆپ ئىدى. ئۇلارمۇ ئۇزىتىپ كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن ئىنتايىن خۇرسەن بولدى. ھەتتا ماشا كۆزىگە ياش ئېلىپ، خۇددى بۇ يۇرتتىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك قىلاتتى. ۋۇلۇدە، ۋانە، ۋاسە بىللە ئويناپ چوڭ بولغان ئاغىنىلىرى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشماقتا ئىدى. كىشىلەر تۇتقان يوللۇق نان - توقاچ ۋە قايماقلار بىلەن ئۇلارنىڭ هارۋىسى توشۇپ پاتمىغانلىرىنى باشقا هارۋىلارغا سېلىشتى. كارۋاننى قوغداپ ماڭىدىغان لەشكەرلەر پۇقراچە كىيىنىۋالغاچقا، ئۇلارمۇ نىكولايغا ھەمكارلىشىپ نەرسىلەرنى جايلاشتۇرماقتا ئىدى. ماشا بولسا ئاياللار بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلىشىپ، بۇ ئىشلارغا چولىسى تەگمەي قالدى. ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋاتقان كىشىلەرنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ چىيەن دارىن يېنىدىكى ۋاڭ بېگىمگە:

— بۇگۈن مويكىغا كەلگەن كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى نىكولاينى ئۇزىتىشقا كەلگەنمۇ نېمە؟ — دېدى.

— شۇنى دېمەمسىز، مەنمۇ ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك، — نىكولاي تۇگمىنىنى، قورۇ - جايىنى قانداق قىلغاندۇ؟ — ئۇ يېنىدىكى جاڭ لەشكەر بېگى، جيا بېگىمگىمۇ قاراپ قويدى.

— ۋاڭ بېگىم، سىز تېخى بىلمەيدىكەنسىز - دە، نىكولاي تۆگمەن، قورۇ - جايىنى تۇرداخۇنغا ئون سەر ئالتۇنغا سېتىپ بېرىپتۇ، — دېدى چىيەن دارىن جىيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگىگە قاراپ.

ئۇ ئىككىسى راست دېگەندەك قىلىشىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قويدى. نىكولاي تۆگمەننى بىلەن قورۇ - جايىنى ساتقاندا يامۇلغا بېرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ گۇۋاھلىق ئالغانىدى. ۋاڭ بېگىم لېۋىنى چىشلەپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان ۋاڭ خېنىم ئۇلارنىڭ گېپى بىلەن كارىمۇ بولماي ئەتراپقا قاراپ قىزىنى ئىزدىمەكتە ئىدى.

ۋاڭ شىئېر بۇگۈن قورقۇنچلۇق چۈش كۆرگەچكە، كىچىك بايۋەچچە يادىغا كېلىۋېلىپ، ناھىيە بازىرىغا خۇددى بويىنىدىن سۆرىگەندەك كەلگەنىدى. ئۇنىڭ ناھىيە بازىرىغا كېلىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز ئىدى. مۇشۇنداق ئادەم ئۇزىتىش، توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغ ئىشلىرى بىلەن ئاتا - ئانىسىغا ئەگىشىپ بازارغا كەلمىسە ئادەتتە كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ھەر قېتىم ناھىيە بازىرىغا كەلگەندە دوستى دۇ قىزچاق بىلەن بازارنى ئايلىنىپ قانغۇدەك ئوينىۋالاتتى. ھازىرمۇ ئايلىنىپ يۈرەتتى، ئۇلار بازارنى ئايلىنىپ مويكىغا قايتىشىدا مەسچىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. دەل شۇ چاغدا جۈمە نامىزىدىن يانغان جامائەت مەسچىتتىن چىقىۋاتاتتى. ئۇلار مەسچىتتىن چىقىپلا تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىشكە باشلىدى. بازارغا تولا كىرمەيدىغان بۇ ئىككى يېزا قىزى ئۈچۈن جامائەتنىڭ توپلىشىپ مەسچىتتىن چىقىشى ھەم تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىشلىرى بىر تاماشادەك بىلىنەتتى. ۋاڭ شىئېر جامائەت ئارىسىدا سەدىقە بېرىۋاتقان تۇرداخۇن بىلەن يېنىدىكى باراتنى كۆرۈپ قېلىپ دۇ قىزچاققا:

— قارىغىنا، ئاۋۇ سەدىقە بېرىۋاتقان ئادەمنىڭ يېنىدىكى ئېگىز بالىغا، ئۇ مېنىڭ ئاكامنىڭ شۆتاڭدىكى ساۋاقدىشى،

يامۇلدا ھاكىمنىڭ تۇڭچىسى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، — دېدى.
دۇ قىزچاق باراتنىڭ مويكىدىكى يەرمەنكىدە خېنىملارغا تەرجىمانلىق قىلغىنىنى كۆرگەچكە ئۇنى تونۇدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان باراتمۇ بۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، تاغىسىغا بىر نېمىلەرنى دەپ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى:
— سىلەر بۇ يەردە تۇرۇپسىلەرغۇ؟
— ھەئە، بىز ئاكامنى ئۇزاتقىلى كەلگەنىدۇق. ئاكام چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىدىكەن. بىز بازارنى ئايلىنىپ تېخى ھازىرلا بۇ يەرگە كېلىپ تۇرۇشىمىز ئىدى، — دېدى ۋاڭ شىئېر كۈلۈمسىرەپ.
— ياخشى بوپتۇ، مەنمۇ ھازىر مويكىغا بارىمەن، چيەن دارىن مېنى ساقلاپ تۇرىدۇ. تاغام بىلەن جۈمە نامىزىنى ئوقۇشقا كېلىۋىدىم، يۇرۇڭلار ئەمىسە، بىللە ماڭايلى.
ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ بىلەن بىللە ماڭىدىغانلىقىغا خۇش بولۇپ:
— يۈر، ماڭدۇق ئەمىسە، — دەپ دۇ قىزچاقنىڭ قولىدىن تارتتى.
ئۇ ئۈچى تېخى بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا ۋاڭ شىئېر يېنىدا كېتىۋاتقان دۇ قىزچاقنىڭ ئەمەس، ئۇنىڭ يېنىدا كېتىۋاتقان باراتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ھەيران بولغان دۇ قىزچاق ئۇنىڭ بىر نەرسىدىن قورقۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ۋاڭ شىئېرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇياق - بۇياققا قارىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قورقۇپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولغان بارات ئەتراپقا قارىدى. ۋاڭ شىئېر باراتقا چىڭ يېپىشىشقا باشلىدى. بارات ئالدىغا سەپ سېلىپ قارىسا، كىچىك بايۋەچچە بىرنەچچە ئاغىنىلىرى بىلەن بۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن بارات ۋاڭ شىئېرنىڭ ئۇلاردىن قورقۇپ يېنىغا كېلىۋالغانلىقىنى زادىلا

خىيالىغا كەلتۈرمەي، يەنىلا ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. ئاۋغىچە كىچىك بايۇەچچىمۇ يېقىنلاپ قالدى. ۋاڭ شىئېر باراتقا:
— بارات ئاكا، مەن كىچىك بايۇەچچىدىن قورقۇۋاتىمەن، — دېدى.
بارات ھەيران بولغىنىچە تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن:
— شياۋۋاڭ، نېمىدىن قورقۇۋاتىسىلەر، بۇ ھاكىم جانابلىرىنىڭ ئوغلى كىچىك بايۇەچچە ئەمەسمۇ؟ — دېدى.
— مەن دەل شۇنىڭدىن قورقىمەن. — ۋاڭ شىئېر كۆزىنى چىڭ يۇمۇۋالدى. دۇ قىزچاق ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشتى.
كىچىك بايۇەچچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ بىر دەم باراتقا قاراپ، ئاندىن ۋاڭ شىئېرغا ھىجايدى. ئۇنىڭ ھەمراھلىرى كېلىپ ئولاشتى. بارات كىچىك بايۇەچچىنىڭ خىيالىغا كەلگىنىنى قىلىپ باققۇسى كېلىدىغان ساراڭ مىجەزى بارلىقىنى ھەم جېدەلخور تەلۋە مىجەزىنى بىلگەچكە:
— بايۇەچچە، بۇ قىزلار سىزنىڭدىن قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئالدىمىزغا كېلىپ تۇرۇۋالما، — دېدى.
كىچىك بايۇەچچە ئالدىغا يەنە بىر قەدەم مېڭىپ:
— قىز بالا دېگەن يىگىتلەردىن قورقۇشى كېرەك، — دېدى ۋاڭ شىئېرغا ھىجىيىپ، — ۋاڭ شىئېر خېنىم قورقىسىمۇ بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىدىكەن.
ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى يەڭلىرىنى شىمايلاپ كەلدى. لېكىن بارات ئۇنىڭ گەپكە سالسا ئوڭاي ئالدىنىدىغان گول مىجەزىنىمۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغاندەك بولۇپ:
— كىچىك بايۇەچچە، بازار ئايلىنىپ يۈرەمسەن نېمە؟ — دېدى.
— ھەئە شۇنداق، — دېدى كىچىك بايۇەچچە، — قارىمامسەن بارات، بۈگۈن ئويلىغىنىمدەك ئىشلار بولۇۋاتىدۇ.

ۋاڭ مىڭئېرنىڭ سەپەرگە بارىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنى ئۆزىتىشقا سىڭلىسىمۇ كېلىدۇ، دېگەن ئۈمىد بىلەن بازار ئارىلاپ يۈرگەنىدىم، ئويلىغاندەك ئىش بوپتۇ. ۋاڭ شىئېرنى بايىلا بازاردا كۆرۈپ قېلىپ كەينىدە يۈردۈق.

ۋاڭ شىئېر باراتنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ ئىككى بىلىكىنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ:

— بارات ئاكا، مەن بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنى قوغلىۋېتىڭ، — دېدى.

— كىچىك بايۋەچچە، ۋاڭ شىئېر سېنىڭدىن ئەجەب قورقىدىكەنغۇ؟ — دېدى بارات.

كىچىك بايۋەچچە ئۇنى مەنىستىمىگەندەك:

— سەن بىلمەيدىكەنسەن بارات، توي قىلمىغان قىزلار ئاشۇنداق قورقۇنچاق كېلىدۇ. سەن ئۇنىڭغا دەپ قوي، مەن يامان ئادەم ئەمەس، خېنىم، مېنىڭ نېمە ئۈچۈن كەينىڭىزگە چۈشكەنلىكىمنى بىلىسىزغۇ دەيمەن، — دېدى.

باراتنىڭ كەينىدە ئۇنىڭغا چاپلىشىپ تىترەپ تۇرغان ۋاڭ شىئېر باراتنىمۇ تىترىتىۋەتتى. كىچىك بايۋەچچىنىڭ گېپىدىن بۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش بولغانلىقىنى پەملىگەن بارات:

— كىچىك بايۋەچچە، ماڭا قارىغىن، سەن، مەن، ۋاڭ مىڭئېر ھەممىمىز ساۋاقداش، شياۋۋاڭ سەندىن بەك قورقىدىكەن، شۇڭا نېرىراق تۇر، بىز ھازىر مويكىغا ماڭدۇق، تاغام ۋاڭ مىڭئېر بىلەن ھازىرلا يولغا چىقىدۇ، — دېدى.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا ئادەملەر توپلىشىپ قالدى. ئۇلار بىر ئۇيغۇر يىگىتىنىڭ ئىككى خەنزۇ قىزنى قولىدىن تۇتۇپ تۇرغانلىقى ھەم ھاكىمنىڭ ئوغلىنىڭ ھەمراھلىرى بىلەن ئۇلارنى توسۇپ تۇرغانلىقىغا ھەيران ئىدى. كىچىك بايۋەچچە تەپ تارتماي:

— ساۋاقداش بولساق نېمە بوپتۇ؟ مەن ھازىر شۆتاڭغا

بارمايمەن. مەن بۇ ئىككى خېنىمنى مېھمان قىلىپ قويسام قانداق دەيدىكىن، سەن ئۇلاردىن سوراپ باق، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر چىرقىراپ باراتنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. باراتنىڭ كىچىك بايۋەچچىگە ئاچچىقى كەلسىمۇ، لېكىن جېدەل چىقارماسلىق ئۈچۈن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:

— كىچىك بايۋەچچە، سەن جېدەل قىلمەن دېمە، ھازىرلا ۋاڭ مىڭئېرغا دەيدىغان بولسام ئەدىپىڭنى ئۆزى بېرىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئىسمى چىقىشى بىلەن كىچىك بايۋەچچە دەرھال بوشىدى:

— ھەي دادامنىڭ تۆگچىسى، ئەگەر سەن ۋاڭ مىڭئېرغا دەيدىغان بولساڭ، — دېدى ئەتراپىدىكى ھەمراھلىرىنى كۆرسىتىپ، — كۆردۈڭمۇ بۇ پالۋانلارنى، سېنى يالغۇز يەردە ئۇچرىتىپ قالارمەن.

— شۇ چاغدا كۆرەرمىز، لېكىن ھازىر يولنى بوشات، — دېگىنىچە بارات ئىككى قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئۇنىڭ ئالدىدىن ئېلىپ ماڭدى. كىچىك بايۋەچچە بىلەن ھەمراھلىرى يول بەردى.

بەك قورقۇپ كەتكەن ۋاڭ شىئېرنىڭ يۈرىكى دۈپۈلدەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئاخشام كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشى بىلەن كۈندۈزدىكى بۇ تەقدىر - قىسمەتكە ھەيران بولۇپ، چۈشىدىكى كۆك تېرەككە ئوخشاش باراتقا چاپلىشىپ مېڭىپ، كىچىك بايۋەچچىنىڭ كەينىدىن كېلىشىدىن ئەنسىرەپ پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. بارات ئۇلارغا:

— قىزلار، ئەمدى قورقماڭلار، كىچىك بايۋەچچە ئەمدى كەينىڭلارغا كىرىۋالمايدۇ، — دەپ بەزلەپ تۇردى.

ئۇلار مويكىغا ئاز قالغاندا بارات دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ مىڭئېرلارنى كۆردى. ئۇلارمۇ خۇددى بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ تۇراتتى. بارات ۋاڭ

شىئىرغا:

— ۋاڭ شىئىر خېنىم، ئاپىڭىز بىلەن ئاكىڭىز مويكا دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرىدۇ، بەلكىم ئۇلار سىلەرگە قاراپ تۇرغاندۇ، — دېدى.

مويكا دەرۋازىسى خېلى يىراق ئىدى. ۋاڭ شىئىر ئالدىدا ئادەم كۆپ بولغانلىقى ھەم بويى پاكار بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپىسى بىلەن ئاكىسىنى كۆرەلمەي:

— بارات ئاكا، ئۇلارنىڭ يېنىغا بارغىچە يېنىمدىن كەتمەڭ، يۈرىكىم بەك سېلىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ ئۇنىڭ قولىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتتى. بارات ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— ۋاڭ مىڭئىردەك پالۋان ئاكىسى بار قىزچاقمۇ شۇنچىلىك قورقۇنچاق بولامدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر يېنىڭىزدا مەن بارغۇ، — دېدى.

— بارات ئاكا، سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن كىچىك بايۋەچچە بولتۇر بىزنىڭ قورۇقتا مېھمان بولۇپ بېرىپ، مېنى قوغلاپ قورقۇتۇۋەتكەنىدى، شۇندىن بېرى ئۇ ئېسىمگە كېلىپ قالسىمۇ مېنى قورقۇنچ بېسىپ كېتىدۇ.

— ۋاڭ شىئىر، ئۇنداقتا سىزگە ئادەمدىن قورقىدىغان تۈلكە ئەرۋاھى چاپلىشىپ قاپتۇ. داخانىغا ئوقۇتۇپ، ئەرۋاھ تۈلكىنى قوغلىۋېتەيلى.

ۋاڭ شىئىر پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى. دۇ قىزچاق كۈلۈپ كەتتى. ئاڭغىچە بۇلار مويكا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ قالدى. ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ مىڭئىر بۇلارنى كۆرۈپ ئالدىغا ماڭدى. ۋاڭ شىئىر ئاپىسىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كېلىشكە بىر قەدەم قالغىچە باراتنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ كېلىپ، ئاندىن ئاپىسىنى قۇچاقلاپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدۇڭلار؟ — قىزىنى قۇچاقلىدى ۋاڭ خېنىم. دۇ قىزچاقمۇ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇلارغا قاراپ ھەيران بولغان

ۋاڭ مىڭئېر:

— بۇلارغا نېمە بوپتۇ؟ — دەپ باراتتىن سورىدى.

بۇ چاغدا ۋاڭ خېنىم قىزىدىن گەپ سوراۋاتاتتى. لېكىن ئاپىسىنى كۆرۈپ باشقىدىن يىغلاپ كەتكەن ۋاڭ شىئېر يىغا بىلەن گېپىنى قىلالمايۋاتاتتى. بارات ۋاڭ مىڭئېرنىڭ يېنىدىن تارتىپ:

— بۇ ياققا كەلگىنە، — دەپ نېرىغا باشلىدى.

ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلىپ، نېرىراقتىكى بىر سۆگەتنىڭ ئاستىغا كەلگەندە بارات ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن قىلىپ بايا بولغان ئىشلارنى قىسقا قىلىپ سۆزلەپ بەردى. ئاچچىقى كەلگەن ۋاڭ مىڭئېر غەزەپلىنىپ چىشلىرى كىرىشىپ كەتتى، مۇشتۇمى تۈگۈلۈپ، كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتكۈدەك بولدى. لېكىن بارات:

— دوستۇم، ئۆزۈڭنى بېسىۋال، سەن ھازىرلا ئۆزۈڭ سەپەرگە چىقىسەن، ھېلىمۇ سىڭلىڭ قورقۇپ كەتكەندىن باشقا ھېچ ئىش بولمىدىغۇ، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر غەزەپلەنگەن ھالدا بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۆزىنى بېسىۋالدى. بارات يېنىدا سۈكۈت قىلىپ قاراپ تۇردى، بىر ئازدىن كېيىن ۋاڭ مىڭئېر:

— دوستۇم بارات، مەن ھازىر نەچچە ئايلىق ئۇزۇن سەپەرگە ئاتلىنىش ئالدىدا تۇرىمەن. بولمىسا ئۇنىڭ دادىسىنىڭ قانچىلىك چوڭ مەنسەپدار بولغىنىغا قارىماي، ئەدىپىنى بېرەتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى يېقىندىلا كىچىك بايۋەچچىنىڭ سىڭلىم ۋاڭ شىئېرنى ئالىمەن دەپ گەپ - سۆز تاراتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم. مەن ئاكىسى ئۆيلەنمىگەن تۇرۇقلۇق، سىڭلىسى توي قىلىدىغان ئىش نەدە بار، دەپ ئۇنداق گەپكە ئانچە ئىشەنمىگەنىدىم. ئەمما ھازىرقى ئىشلارغا قارىغاندا ئۇنىڭ تاراتقان گەپ - سۆزلىرى راست ئوخشايدۇ. مەن ئالدى بىلەن سەپەردىن كېلەي. ئاندىن ئۇنىڭ كۆرگۈلۈكى بار! — دېدى.

ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىڭراق دەۋەتكەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزگەچكە ئەتراپىغا قارىدى، ئەتراپىدىكى كىشىلەر ئاڭلىمىغاندەك ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ يەنە:

— بارات، سەن بىلىپ قال، ئەگەر ئاتا - ئانام ئۇنىڭ دادىسىنىڭ مەنسىپىگە قاراپ سىڭلىمنى كىچىك بايۋەچچىگە بەرمەكچى بولسا، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن، چىرايلىق، ئەقىللىق، سۆيۈملۈك بىر تال سىڭلىمنى ئۇنداق لۈكچەككە ھەرگىز بەرگىلى قويمايمەن، — دېدى. بارات ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك:

— دوستۇم، سەن ھېلىغىچە «توي قىلىمەن» دېمەيسەنغۇ؟

— دېدى. ئۇنىڭ گېپى ۋاڭ مىڭئېرنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇڭا ئۇ باراتنىڭ سۆزىگە دەرھال جاۋاب بېرەلمەي قالدى.

ۋاڭ مىڭئېر ھېلىغىچە «ئۆيلىنىمەن» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چىقىرىپ باقمىغانىدى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنىڭ ئۆيلىنىشى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بۇيان دادىسى ئۇنى تىجارەتكە سالىمەن، ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆگىنىمەن دەپ سەپەر تەييارلىقى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ توي قىلىشى توغرۇلۇق گەپ - سۆز تېخىمۇ بولمىدى. شۇنداق بولسىمۇ سىڭلىسى توغرىسىدا كىچىك بايۋەچچىنىڭ تارقاتقان گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۆزىنىڭ توي ئىشى توغرىسىدىمۇ ئويلاپ قويغانىدى.

— دوستۇم، مەن «ھامىنى توي قىلىمەنغۇ» دېگەن ئوي بىلەن ھازىرچە توي قىلىشقا ئالدىراپ كەتمىگەنىدىم. لېكىن سىڭلىم توغرىسىدا كىچىك بايۋەچچىنىڭ تارقاتقان گەپ - سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنىمۇ ئويلاپ قالدىم. بۈگۈن مەسچىت ئالدىدا ئاشۇنداق ئىشلار بوپتۇ، مەن سەپەردىن قايتىپ كېلىپ، سىڭلىم توغرۇلۇق كىچىك بايۋەچچىنىڭ تارقاتقان گەپ - سۆزلىرىنى ئاتا - ئانامغا دەيمەن، شۇ چاغدا ئۇلار

مېنىڭ توي ئىشىم توغرۇلۇق چوقۇم گەپ قىلىدۇ، چۈنكى مەن دېگەن ئاكا، — دېدى مىڭئېر.

بارات خۇش بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇنىڭ تويى توغرۇلۇق تۇنجى بولۇپ گەپ قىلغان ئادەم مۇشۇ بارات ئىدى. چوڭ بولۇپ قالغان يىگىتكە نىسبەتەن توي توغرىسىدىكى گەپ خۇش ياقاتتى. شۇڭا ئۇنىڭ كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئەسكىلىكىنى ئاڭلاپ پەيدا بولغان ئاچچىقى يوقاپ، باراتقا قاراپ كۈلۈپ قويىدى. بارات ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— دوستۇم، توي توغرۇلۇق گەپ قىلسا قويسام بەك خۇش بولۇپ كەتتىڭغۇ، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. باراتمۇ ئەگىشىپ كۈلدى. ئىككى ياش بىر - بىرىدىن ناھايىتى خۇشال ئىدى. ۋاڭ مىڭئېرمۇ باراتقا:

— دوستۇم بارات، سەن قاچان توي قىلىسەن؟ — دېدى.

— مەن ھازىر «ئۆيلىنىمەن» دېيەلمەيمەن. دادام بولسا ئاغرىقچان ھەم ئاجىز ئادەم، قولىمىزدا يوق. تاغامنىڭ ياردىمى بىلەن شۆتاڭدا ئوقۇۋالدىم. مەن ئەمدىلا خىزمەتكە چىقىپ مائاشقا ئىگە بولدۇم، كېيىنچە بىر گەپ بولار.

ۋاڭ مىڭئېر گەپ قىلاي دېيىشىگە بىر لەشكەر كىلىپ، ئۇنىڭغا دادىسىنىڭ ئىزدەۋاتقانلىقىنى ئېيتتى. ئۇلار مويكىسغا كىرىپ، دادىسىنىڭ ئالدىدا توختىدى. يۇرت ئەمەلدارلىرىمۇ دادىسى بىلەن بىللە ئىدى. ۋاڭ بېگىم ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، يۇرت ئەمەلدارلىرىمۇ سىلەرنى ئۇزاتقىلى كەپتۇ. قارىغاندا بۇ تۇنجى سەپىرىڭ ئوتۇقلۇق بولىدىغان ئوخشايدۇ. شۇڭا مەن تولىمۇ خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر چيەن دارىنغا:

— سىلەرنىڭ بىزنىڭ چېگرا سودا كارۋىنىمىزنى قوللاپ لەشكەر قوشۇپ بەرگىنىڭلارغا تۇرداخۇن ئاكام ئىككىمىز بەك

خۇش بولدۇق، مەن سودا كارۋىنىنى قوغداپ ماڭىمەن، — دەپ تۇرداخۇنغا قاراپ قويدى.

لېكىن چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمگە:

— ئوغلىڭىز ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل يىگىت بوپتۇ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ گېپىنى دەرھال ئاڭقىرالماي بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۇمىدىچە بولغاندا چيەن دارىن ئوغلىنىڭ چېگراغا بېرىپ تىجارەتنى ياخشى قىلىپ كېلىشىنى تىلەپ گەپ قىلىشى لازىم ئىدى. لېكىن ئۇ ئوغلىنىڭ مىجەزىنىلا ماختاپ قويدى. شۇڭا ۋاڭ بېگىم:

— دارىن جانابلىرى، سىزچە ئوغلۇم چېگرا سودىسى قىلىپ كېتەلەرمۇ؟ — دېدى.

— ۋاڭ بېگىم، ئوغلىڭىزنىڭ چېگرا سودىسىغا تۇرداخۇن ياردەم بېرىدىغان تۇرسا، مېنىڭچە، ئۇ چوقۇم ياخشى قىلىپ كېتىدۇ. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، شۇنچىۋالا جىق مال - دۇنيا بىلەن چېگرا سودىسىغا كېتىۋاتقان ئوغلىڭىز ئۆزىنىڭ لەشكەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۇنتۇماپتۇ، بۇنداق ئادەم مەنچە ئىنىڭ خانلىقىمىزغا ھەقىقەتەن لازىم.

ۋاڭ بېگىم پەقەت كۈلۈمسىرەپلا قويدى. لېكىن جاڭ لەشكەر بېگى ئۆزىنى كۆرسەتكۈسى كېلىپ، چيەن دارىنغا:

— ھاكىم جانابلىرى، لەشكەر تاللاشتا مېنىڭ كۆزۈم بار جۇمۇ، — دېدى.

باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى، ۋاڭ بېگىممۇ كۈلدى. لېكىن جيا بېگىم كۈلمەستىن جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز ھازىر بەك دۆتلۈك قىلىۋاتىسىز، ۋاڭ بېگىمنىڭ كۆڭلىگە يارىشا «ئوغلىڭىز بۇ چېگرا سودىسىدا چوقۇم بېيىپ كېتىدۇ» دېسىڭىز بولاتتى، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپىگە ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. چۈنكى ۋاڭ بېگىم ئوغلىنىڭ بىرىنچى قېتىملىق سەپىرىدىلا بېيىپ كېتىشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

كۈلكە توختىغاندىن كېيىن، تۇرداخۇن يۇرت ئەمەلدارلىرىغا:

— بۇرادەرلەر، بىز سەپەرگە ئاتلاندۇق، — دەپ ئەڭ ئالدىدىكى ھارۋىكەشكە ھارۋىنى ھەيدەشنى بۇيرۇدى.

ھارۋىكەش قامچىسىنى ھاۋادا تارسىلدىتىپ ئوينىتىپ ھارۋىنى قوزغىدى. سېمىز ئاتلار ھارۋىنى قوزغاپ مېڭىپ كەتتى. كارۋاننىڭ باش تەرىپىدىكىسى ۋاڭ بېگىمنىڭ ھارۋىلىرى ئىدى. ئۇنىڭ كەينىدە نىكولاي ئائىلىسى بىلەن ئولتۇرغان ھارۋا بولۇپ، ئۇ ھارۋىنىڭ ئەتراپىدا ئۈزىتىپ كەلگەنلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ئۇلار قول ئېلىشىپ خوشلىشاتتى ھەم ئۇلارغا ئاق يول تىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە تۇرداخۇننىڭ ھارۋىلىرى بولۇپ، ئەڭ كەينىدىكى ھارۋىلاردا لەشكەرلەر ئولتۇرغانىدى. لەشكەرلەر پۇقراچە كىيىنىۋالغانىدى. يۈزدىن ئارتۇق ھارۋا مويكىدىن چىقىپ كەتكىچە ۋاقىت خېلى ئۆتتى. ھارۋىلارنىڭ قارىسى يوقالغاندا ئۈزاتقۇچىلار ئاستا ـ ئاستا تاراپ كېتىشتى.

ۋاڭ بېگىم ئوغلىنى ئۈزىتىپلا ناھىيىدە تۇرماي، قورۇققا قايتىپ كەلدى. ئۇلار يېتىپ كەلگىچە خىزمەتچىلىرى كەچلىك تاماقنى تەييارلاپ ئۈستەللەرگە تىزىپمۇ بولغانىدى. لېكىن ۋاڭ شىئېر سارايغا كىرمەي:

— ئاپا، مەن تاماقنى ھۇجرامدا يەي، دۇ قىزچاق ئىككىمىزنىڭ تامىقىنى ئېلىپ چىقسۇن، — دەپ ئۇدۇل بالىخانىغا قاراپ ماڭدى. ۋاڭ خېنىم ئارتۇق گەپ قىلماي «بولىدۇ» دېگەندەك قاراپ قويۇپ ۋاڭ بېگىم بىلەن مېھمانخانىغا كىرىپ كەتتى. دۇ قىزچاق ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. ۋاڭ شىئېرنىڭ پەلەمپەينى ئاستا دەسسەپ چىقىشلىرى، بالىخانىدىنمۇ

ئاستا مېڭىپ ھوجرىسىغا كىرىپ كېتىشى دالانغا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇردى. گەرچە ئۇ بۇگۇن ناھىيە بازىرىغا كىرىپ - چىققىچە مەيدە ئولتۇرۇپ ئانچە ھېرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، لېكىن كىچىك بايۋەچچىنىڭ پاراكەندىچىلىكى تېخى يادىدىن چىقماي، يۈرىكى ئېغىپ تۇراتتى. شۇڭا چىراغنىمۇ ناھايىتى ئاستا يېقىپ، تۆشەككە بېرىپ، بېشىنى ئىككى ئالقىنىغا قويغىنىچە ئوڭدىسىغا يېتىپ خىيال سۈرۈپ كەتتى. دۇ قىزچاق بىرنەچچە قېتىم مېڭىپ تاماقلارنى توشۇپ بولۇپ:

— خېنىم، تۇرسىلا، تاماقنى يەۋېلىپ باشقا ئىش قىلماي بىراقلا ئۇخلايلى، مەن بۈگۈن بەك ھېرىپ كەتتىم، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ناھايىتى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلگە كەلدى. ئۈستەل ئۈستى خىلمۇخىل تاماقلار بىلەن لىق تولغانىدى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلى تاماققا زادىلا تارتمايتتى.

— مەن بۈگۈن ناھىيە بازىرىغا كىرمىسەم بوپتىكەن، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولامدۇ، خېنىم، — دېدى دۇ قىزچاق ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، — سىز ناھىيە بازىرىدا كىچىك بايۋەچچىدىن قورقۇپ كەتكىنىڭىز بىلەن ئۇزاق سەپەرگە چىققان ئاكىڭىز سىزدىن بەك رازى بولدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بۈگۈن ئوڭۇمدىمۇ چۈشۈمدىمۇ ئاخشام كۆرگەن چۈشۈمدىكىدەك بەك قورقۇپ كەتتىم ئەمەسمۇ، ھازىرمۇ تۇزۇك ئېسىمگە كېلەلمەيۋاتىمەن، — ۋاڭ شىئېر چوكىنى ئېلىپ تاماققا ئاستا ئېغىز تېگىشكە باشلىدى.

— قورقماڭ، — دېدى دۇ قىزچاق، — بارات تۆڭچى دېگەندەك سىزنىڭ ئاكىڭىز پالۋان ئەمەسمۇ، بايا ئۇ ئاكىڭىزنى باشلاپ سۆگەت ئاستىدا پاراڭلىشىپ كەتتى، بەلكىم ئاكىڭىزغا مەسچىت ئالدىدا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەرگەندۇ.

— ئاكام مەيلى پالۋان بولسۇن ياكى بولمىسۇن، لېكىن ماڭا

بىر ۋەھىمە كېلىدىغاندەكلا قورقۇنچ بېسىپ تۇرىدىغۇ تاڭ، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

دۇ قىزچاق ئۇنىڭ كىچىك بايۋەچچىدىن نېمىشقا قورقىدىغانلىقىنى سوراپ باقمىغانىدى. بۇلتۇر كىچىك بايۋەچچە قورۇققا كەلگەندە ئۇنى ئىزدەپ سۈرۈشتۈرگەنلىكىدىن قاچقان بولسا، بۈگۈن مەسچىت ئالدىدا كىچىك بايۋەچچىنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىدىن شۇنچىۋالا قورقۇپ كەتتى. كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئاۋارىمۇ قىلمىدى. شۇڭا ئۇنىڭدىن قورقىدىغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىلگۈسى كەلگەنىدى:

— خېنىم، سىز كىچىك بايۋەچچىدىن زادى نېمىشقا بۇنچىۋالا قورقىسىز؟

— ماڭا بىر ۋەھىمە بار ئوخشايدۇ. ئۇ ۋەھىمىنىڭ نېمىلىكىنى تەگىرى ئۆزى بىلىدىغاندۇر. بۈگۈن ئوڭۇمدا كىچىك بايۋەچچىنى كۆرۈپ قاباھەتلىك چۈشۈم يادىمغا يېسىپ قورقۇپ كەتتىم، مەنمۇ شۇنىڭغا ھەيران بولىمەن.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى دۇ قىزچاقمۇ چوكىسىنى قويۇپ، — سىلەرنىڭ ئائىلە بىلەن ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئوتتۇرىسىدا بىرەر ئىش يۈز بەرگەنمۇ قانداق؟

ۋاڭ خېنىم قىزىغا «جاڭ خېنىمنىڭ ئەلچىلىككە كەلگەنلىكىنى ھېچكىمگە دېمە» دەپ تاپىلىغانلىقى ئۈچۈن كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان دوستى دۇ قىزچاقتىنمۇ يوشۇرۇپ كەلگەنىدى. لېكىن ھازىرچۇ، ئۇنىڭ سوئالى ئەھۋالنى دېيىشكە ئۇندەۋاتاتتى ھەم مۇشۇ پەيتتە دېمىسە ئۆزىنىڭ ئىچى پۇشۇپ، خىيالى تېخىمۇ كۆپىيىپ، غېمى تېخىمۇ ئېغىرلايتتى.

— ماڭا قارا، ساڭا بىر گەپنى ئېيتاي، سېنىڭ بۇنداق سورىغىنىڭمۇ ئورۇنلۇق. . . ئۆتكەندە جاڭ خېنىم بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كەتتىغۇ. . .

— ھەئە، شۇنداق، شۇ چاغدا سىز كۇتۇپخانىنىڭ ئىشىكىنى

ماراپ بىردەم تىڭشاپ كىيىن گەپ قىلماي بالىخانىغا چىقىپ كەتتىڭىز. . .

— شۇ چاغدا، — دىدى ۋاڭ شىئىر، — جاڭ خىنىم كىچىك بايۋەچچە ئۇچۇن ماڭا ئەلچى بولۇپ كەپتىكەن. شۇڭا كىچىك بايۋەچچە مىنىڭ كەينىمگە كىرىپ يۇرىدۇ.

— ھە. . . — دىدى دۇ قىزچاق، — قارىغاندا سىز ئۇنىمايدىغان ئوخشىمامسىز؟

— شۇنى دىمەمسەن، مەن ئۇنداق نىمىگە ھەرگىزمۇ ياتلىق بولمايمەن.

— خىنىم، ئاتا - ئانىڭىز نىمە دەيدۇ؟

— دادام ئۇنايدىغان ئوخشايدۇ، لىكىن ئاپام خۇددى ماڭا ئوخشاش ئۇنىمايدۇ.

— ۋاڭ خىنىمنىڭمۇ ئۇنىمىغىنى ياخشى بوپتۇ. مەنغۇ ھىچنىمىسى يوق بىر يىتىم قىز. لىكىن ماڭا ئۇنداق تەلۋە بايۋەچچە بويۇڭدەك ئالتۇن بىرىمەن دىسىمۇ ھەرگىز ئۇنىمايمەن، — دىدى دۇ قىزچاق.

— شۇ ئەمەسمۇ.

دۇ قىزچاق چوكىنى قولىغا ئىلىپ تاماق يىيىشكە تەمشىلىۋىتىپ:

— سىزمۇ ئۇنىمايدىكەنسىز، ئاپىڭىزمۇ ئۇنىمايدىكەن، ئۇنداقتا بۇ توي بولمايدىكەن. مەن تامىقىمنى يەۋىرەي، — دەپ قورۇمىلاردىن ئىلىشقا باشلىدى.

ۋاڭ شىئىر ئۇنىڭ گىپىدىن تىخىمۇ خۇش بولۇپ، چوكىسىنى ئىلىپ تاماق يىيىشكە باشلىدى.

— خىنىم، سىز بەكمۇ چىرايلىق، خۇددى ئاپىڭىز ۋاڭ خىنىمغا ئوخشاش چىرايلىق. . . ئۇ كىچىك بايۋەچچىنىڭ تەقى - تۇرقىغا قارىسىمۇ كىشىنىڭ ھۆ قىلغۇسى كىلىدۇ. ھىلىقى بارات تۇڭچىدەك تەقى - تۇرقى قاملاشقان، چىرايلىق بولىسىغۇ كاشكى.

ئۇنداق تۇخۇمدەك سىمىز پاكارنى، — دېدى ئۇ ۋە گېپىنىڭ ئاخىرىدا كۈلۈۋەتتى. ۋاڭ شىئېرمۇ كۈلۈۋەتتى. كۈلكە بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى خېلى ئېچىلىپ قالدى. شۇ ئەسنادا دۇ قىزچاقنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلدى.

— خېنىم، يادىمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ.

— نېمە دەيسەن؟

— بايا بارات تۇڭچى «پالۋان ئاكىسى بار قىزمۇ قورقامدۇ» دېدى. شۇڭا ئاكىڭىز قايتىپ كەلگەندە بۇ ئىشلارنى دەيلى. پالۋان ئاكىڭىز ئۇ تەلۋىنىڭ ئەدىپىنى راسا بېرىپ قويسۇن.

— ياق، — دېدى ۋاڭ شىئېر چۆچۈپ، — مەن ئاكامغا ھەرگىز دېيەلمەيمەن، ئاكام تېخى توي قىلمىغان تۇرسا.

دۇ قىزچاق پۇشايمان قىلىپ ئىككى مەڭزىنى تۇتۇپ:

— ۋاي . . . مەن ئۆلەي، ئېسىم قۇرۇسۇن . . . ئاكىسى تۇرغان يەردە سىڭلىسىغا نېمە توي، — دېدى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپ، — بۇ توي راست بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭدىن تېخىمۇ خۇش بولۇپ قاقاقلاپ كۈلدى، ئۇنىڭ سۆزىدىن رازى بولۇپ دۇ قىزچاقنى قۇچاقلىۋالدى.

— خېنىم، ئەگەر بېگىم سىزنى ئۇنىڭغا ياتلىق قىلىشقا مەجبۇرلىسا قانداق قىلارسىز؟

ۋاڭ شىئېر ئاغزىنى پۇرۇشتۇرۇپ خاتىرجەم ھالدا دېدى:

— مەن ئاپامغا ئاللىقاچان ئەسكەرتىپ قويغان، ئەگەر دادام مېنى زورلايدىغان بولسا مۇشۇ بالىخانىدىن ئۆزۈمنى تاشلاپ ئۆلۈۋالىمەن.

دۇ قىزچاق قورقۇپ كېتىپ ئالقىنىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تەڭلەپ تۇتۇپ دېدى:

— خېنىم، ئۇنداق دېمەڭ، راھىبە كالان ئۆلىمالارنىڭ

سۆزىگە قارىغاندا، ئىنسان بالىسىنىڭ ئۆلۈۋالىمەن دېگەن سۆزىنى قىلىشى توغرا بولماسمىش، ئادەمنىڭ ئاغزىدىن سائەت چىقىپ كەتسە دېگىنى بولارمىش، ئۇنداق بولمىغۇر گەپلەرنى ھەرگىز دېگۈچى بولماڭ.

لېكىن ۋاڭ شىئېر يەنە كۈلۈپ:

— مەن ساڭا يەنە بىر قىزىق گەپ قىلىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، — دېدى دۇ قىزچاق. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئاغزىنى يېقىن ئەكەلدى:

— ئاپام سېنى ماڭا كىچىكىدىنمۇ ھەمراھ بولسۇن دەپ ئىككىمىزنىڭ بۇ ھۇجرىدا بىللە يېتىپ قوپۇۋاتقانلىقىمىزنىڭ سەۋەبىنى بىلەمسەن؟

— بەلكىم ۋاڭ خېنىم سىزنى كىچىكلەردە زېرىكىپ قالمىسۇن دەپ شۇنداق قىلغاندۇ.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن ئاپامغا «ئۆلۈۋالىمەن» دېگەنىدىم، شۇڭا ئاپام مەندىن ئەنسىرەپ، شۇ كۈنىلا سېنى ماڭا ھەمراھ قىلىپ قويدى.

— ھە. . . مۇنداق دەڭ، — دېدى دۇ قىزچاق، — مەن ئەسلىدە جېسەكچى ئىكەنمەن ـ دە.

ئىككىسى تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى، تاماقلىرىمۇ سوۋۇپ قالدى. ۋاڭ شىئېرنىڭ غېمى بىر ئاز يەڭگىللىگەندەك بولدى. مانا ھازىر غېمىنى دۇ قىزچاققا ئېيتىپ، ئۆزىنى ئازادە ھېس قىلىپ، دۇ قىزچاقنى قۇچاقلاپ كەتتى. دۇ قىزچاقمۇ خۇش بولۇپ، ئىككىسى تۆشەك ئۈستىدە پومداقلىشىپ بىردەم ئويناشتى.

## ئون ئالتىنچى باب

# چيەن دارىننىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىل لېباپلىق ئىلتىماسىنى قوبۇل قىلغانلىقى

ۋاڭ خېنىم ئۇخلاش ئۈچۈن ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. ھۇجرىدا ۋاڭ بېگىم خىيال سۈرۈۋاتاتتى. ئۈستەل ئۈستىدە يېنىۋاتقان شامنىڭ پىلىكى كۆيۈپ ساڭگىلاپ قالغانىدى، قارىغاندا ۋاڭ بېگىم خېلىدىن بېرى خىيال سۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ۋاڭ خېنىمنىڭ ھۇجرىغا كىرگەنلىكىنى سېزىپ، بۇرۇلۇپ بىر قاراپ قويۇپ، يەنىلا خىيالغا چۆمدى. بۇنىڭغا ۋاڭ خېنىممۇ ئەجەبلىنىپ كەتمىدى، چۈنكى ئوغلى ۋاڭ مىڭئېر سودا قىلىشقا چېگراغا كەتكەندىن بېرى ئۇ مۇشۇنداق جىمغۇر، خىيالچان بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ھازىرچۇ، كەچ كىرىپ ئاللىقاچان ئۇخلاش ۋاقتى بولغانىدى. ۋاڭ خېنىم ھۇجرىغا كىرگەندە ئۇنى ئۇخلاپ بولدى دەپ ئويلىغانىدى. ھازىر كۈن ئۇزۇن، تۈن قىسقا، ھەش - پەش دېگۈچە تاڭ ئېتىپ قالىدۇ. شۇڭا ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— بېگىم، ياتمامدىلا؟

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تۇرسىمۇ، لېكىن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا ئۆز - ئۆزىگە «ئەجەب مەن خەۋەرسىز قاپتىمەن» دەپ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى.

— نېمىدىن خەۋەرسىز قاپتىمەن دەيسىز؟

— نىكولاي تۇگمىنىنى، قورۇ - جايىنى تۇرداخۇنغا سېتىپ بېرىپتۇ ئەمەسمۇ؟

— ئۇنداق بولسا نېمە بوپتۇ؟

— ۋاي ئەخمەق خوتۇن، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، — ئەگەر خەۋەر تاپقان بولسام تۇگمەننى، قورۇ - جاينى چوقۇم مەن سېتىۋالغان بولاتتىم.

— يېتىپ ئاشقۇدەك ئىگىلىك ۋە بايلىقلىرىمىز بارغۇ، شۇنچىۋالا مال - دۇنيانى باشقۇرۇپ بولالمىغاندا تۇگمەننى سېتىۋېلىپ نېمە قىلاتتىڭىز؟

— نېمە قىلاتتىڭىز؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم كۆزلىرى چەكچىيىپ، — نىكولاينىڭ تۇگمىنى ناھىيىمىز بويىچە بىردىنبىر چوڭ قوش تاشلىق تۇگمەن. ئۇ يىل بويى توختىماي ماڭىدۇ، ئۇن تارتقۇزغۇچىلار ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرىدۇ، دېمەك ھەر كۈنى كىرىم بولىدۇ.

— ھە... — دېدى ۋاڭ خېنىم، — نەچچە كۈندىن بېرى كەمسۆز بولۇپ قالغىنىڭىز شۇ ئىكەن-دە...

— شۇنداق بولمايچۇ، پايدا قولدىن كەتسە ھەرقانداق كىشى چىدىمايدۇ.

— مۇشۇ ياخشى كۈنلىرىمىزگە شۈكۈر قىلايلى بېگىم. تۇگمەننى تەڭرى تۇرداخۇننىڭ سېتىۋېلىشىغا نېسىپ قىپتىكەن، بىزگە نېسىپ قىلماپتىكەن. ئۇنداق ئۆتۈپ كەتكەن پايدىنى ئويلىماي، ئۇيقۇلىرىنى ئۇخلىسىلا، — ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ يېنىدىن تارتتى ھەم ئۆزىنىڭمۇ ئۇيقۇسى كەلگەچكە ئۇزۇن بىر ئەسنىۋالدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئاچچىقى كەلگەچكە ئۇنىڭ يېنىنى سىلكىپ:

— تەڭرى بۇيرۇپتۇ، دېگەننى قوي، مەن ناھىيە بازىرىغا پات - پات كىرىپ تۇرمىغانلىقىمدىن تۇگمەن قولۇمدىن چىقىپ كەتتى، — دېدى.

— ئۇنداق يوقىلاڭ خىيالنى قىلمىسىلا، بېگىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا خۇددى نەسىھەت قىلغاندەك ئالدىرىماستىن، — بىزنىڭ مال - دۇنيايىمىز ئاز ئەمەس. سىلىمۇ باشقۇرۇپ كېتەلمەي ئوغلىمىزغا ئىگىلىك باشقۇرۇشنى ئۆگىتىمەن دەپ يۈرىدىلا. ئۆزلىرى ياشىنىپ قالدىلا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغلىمىز چېگرا سودىسىغا نۇرغۇن مال بىلەن كەتتى. دېمەك بىز تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىمىز. ئائىلىمىز ھازىر بايلىق جەھەتتە ناھىيە بويىچە ئەڭ ئالدىدا تۇرىدۇ.

— سەن ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، — دېدى ۋاڭ بېگىم، — ئەگەر تۇرداخۇن چېگرا سودىسى بىلەن مۇشۇنداق بېيىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، يەنە بىرنەچچە يىلدا چوقۇم بىزنىڭ ئالدىمىزغا ئۆتۈپ كېتىدۇ، مەندىچۇ، يىل بويى ئادەم سالمىسا كۆكلىمەيدىغان مۇشۇ يەرلا بار.

ۋاڭ خېنىم ئېرىنىڭ بايلىق توغرىسىدا گەپ - سۆز بولۇپ قالسا ئۆزىنى باسالماي سۆزلەپ كېتىدىغان مىجەزىنى بىلەتتى. ناھىيە بازىرىدىكى كونا ھويلىسىنى تۇرداخۇنغا سېتىپ بولۇپ، چيەن دارىنىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يېنىۋېلىپ يەنە بىر ھەسسە ئارتۇق باھادا ساتقانلىقىنى بىلەتتى ھەم ئۆتكەندىلا «ھويلامنى قايتۇرۇۋالسام مويكا ماڭا ئۆتىدۇ» دېگەن گەپ بولغاندا ئىككىسى گەپ تالىشىپ تاكاللىشىپمۇ قالغانىدى. ئەمدى بولسا ئۇنىڭ خىيالىغا نىكولاينىڭ تۇگمىنى كىرىۋاپتۇ. ھازىر گەپ قىلسا، چوقۇم ئىككىسى يەنە گەپ تالىشىپ قالىدۇ، شۇڭا ۋاڭ خېنىم قولىنى ئۇنىڭ بىلىكىدىن قويۇۋېتىپ تۆشەككە بېرىپ ئورۇن سېلىشقا باشلىدى. ۋاڭ بېگىم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ ئۇياق - بۇياققا ماڭاتتى.

ۋاڭ خېنىم ئەتىگىنى ئويغانغاندا ۋاڭ بېگىمنىڭ كېيىمى بىلەنلا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ كېچىچە ئۇخلىماي تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئويغىتىۋەتمەسلىك

ئۇچۇن ئورنىدىن ئاستا تۇرۇپ تۆشەكتىن چۈشتى. ئۇ كىيىمنى كىيىۋاتقاندا ئۇستەل ئۈستىدىكى بىر قىزىل لىپاپىنى كۆرۈپ، ئۇنى قولىغا ئالدى. لىپاپىنىڭ ئۈستىگە «ياڭزۇ مەھكىمىسىگە تېگىدۇ» دېگەن خەت ئۇچۇق ۋە يوغان يېزىلغانىدى. ۋاڭ خېنىم ۋاڭ بېگىمگە قارىدى. ۋاڭ بېگىم ھېلىمۇ ئۇلۇكتەك ئۇخلاۋاتاتتى. ئاخشام ئۇنىڭ ھۇجرىدىن چىقىپ كۇتۇپخانىدا خەت يازغانلىقىنى بىلمىدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ لىپاپىنى ئېچىپ باققۇسى كەلدى - يۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن ئەنسىرىدى. ۋاڭ بېگىم ئەزەلدىن بىرەر ئىش قىلغۇسى كەلسە ئايالىغا مەسلىھەت سېلىپ باقمايتتى. شۇڭا جاھىل ئېرىنىڭ بۇ ئىشىغىمۇ ئارىلاشقۇسى كەلمەي، لىپاپىنى جايىغا قويۇپ، كىيىمنى كىيىپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ خېنىم شۇ چىقىپ كەتكىنىچە ئاشخانىدا يۇزىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىپ، بەي ئاغىچا بىلەن تالا - تۈزنى ئارىلاپ مۈگدىشىپ چۈشكە يېقىن ھۇجرىغا كىرىپ كەلدى. ھۇجرىدا ۋاڭ بېگىم يوق ئىدى، قىزىل لىپاپىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ گەپ - سۆز قىلماي يوقاپ كەتكىنىگە قاراپ «مەندىن يوشۇرىدىغان بىرەر ئىشى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، ئورۇن - كۆرپىسى يىغىشتۇرۇلمىغان تۆشەكنى يىغىشتۇرۇۋېتىشكىمۇ قولى بارماي، ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خىيال سۈرۈپ كەتتى. چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا بەي ئاغىچا كىرىپ ئورۇن - كۆرپىلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئۇنى تاماققا باشلاپ چىقتى. خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ گاۋ غوجىدار بىلەن بىللە ئاتلىق بازارغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشتى. ۋاڭ خېنىم بۇنى ئاڭلاپ، ھەتتا بەي ئاغىچا بىلەن قىزىغا گەپمۇ قىلماي تاماقنى يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭغا قاراپ باشقىلارمۇ تاماقنى جىمجىت يېدى. ئادەتتە بۇلار تاماق ئۈستىلىدە بىر - بىرىگە «ئالسىلا - باقسىلا» دەپ تۇراتتى. ھازىر ھەممىسى ۋاڭ خېنىمغا قاراپ سۈكۈت ئىچىدە تاماق

يەۋاتقاچقا، بەي ئاغىچىنىڭ ئىچى پۇشۇپ دېدى:
— ۋاڭ خېنىم، بايا ئىككىمىز تالا - تۈزنى خېلى ئۇزاق ئايلىنىپ پاراڭلاشقانىدۇق. ئەمدى ئەجەب جىم بولۇپ قالدىڭىز غۇ؟
ۋاڭ خېنىم چوكىنى قويدى، لېكىن جاۋاب بەرمەي ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان قىزىغا قاراپ ئىختىيارسىز ئۇھ تارتتى. ئۇ ئېرىنىڭ ئاخشامقى ۋە سەھەردىكى ھالىدىن سەل ھەيران بولغان، بولۇپمۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى قىزىل لېپاپنى كۆرۈپ قانداقتۇر بىر ئىشلاردىن گۇمان قىلىپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇ ھۆكۈمەتكە مۇناسىۋەتلىك ئىشلار بولسا ئادەتتە قىزىل لېپاپ ئىشلىتىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدىلىكتە ۋاڭ بېگىم ئۇنى تېخىمۇ گۇمانغا سېلىپ، ئۇنىڭدىن قاچقاندەك، گەپ - سۆز قىلماي يوقاپ كەتكەچكە، ئەتىگەنكى گۇمانلىرى يەنە ئۇنى چىرمىۋالدى. يېقىندىن بۇيان ۋاڭ خېنىمنىڭ خىيالى ھەر قانچە قىلسىمۇ قىزى ۋاڭ شىئېردىن نېرى كەتمەيۋاتاتتى. بۇ باياشات ئائىلىگە جاڭ خېنىم ئىككى قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن بېرى ۋاڭ خېنىمنىڭ بىردىنبىر غېمى قىزىدا قالغانىدى. شۇڭا ئالدىدا ئولتۇرغان قىزى ۋە دۇ قىزچاققا قاراپ:
— سىلەر ئىككىڭلار چىقىپ ئويناڭلار، مېنىڭ مىجەزىم يوق، بەي ئاغىچا بىلەن پاراڭلاشقىم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى.
ئۇ ئىككى قىز تاماقنى بايىلا يەپ بولۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ كەيپىياتىغا دىققەتتە تۇرۇشقانىدى. ھازىر ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئورنىدىن تۇرۇشۇپ چىقىپ كېتىشتى. بەي ئاغىچا ئۇستەلنى يىغىشتۇرۇشقا قوزغالدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم:
— بولدى، ئۇستەلنى خىزمەتچىلەر يىغىشتۇرسۇن. ئىككىمىز ھۇجرىغا چىقايلى، — دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى.
ئۇ ئىككىسى ھۇجرىغا كىرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم ئۆز - ئۆزىگە: — قىزىم ۋاڭ شىئېردىن تولا ئەنسىرەيمەن، —

دېدى. بەي ئاغىچا ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. ئۇ ئىككىسى بايا چۈشلۈك تاماقتىن ئىلگىرى تالا - تۈزنى ئايلىنىپ پاراڭلاشقاندىمۇ ۋاڭ شىئېر توغرۇلۇق بىر نەرسە دېمىگەنىدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ۋاڭ شىئېرنىڭ نېمىسىدىن ئەنسىرەيسىز؟

— ماڭا قاراڭ، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئالدىرىماستىن، — سىزدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر ئىش بار ئىدى. ھەر قانچە يوشۇرساممۇ، لېكىن ئۇ ئىشنى توسۇشقا ئامالسىز ئوخشايمەن.

— نېمە ئىش؟ — سورىدى ھەيران بولۇپ بەي ئاغىچا.

ۋاڭ خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ دېدى:

— قىزىم ۋاڭ شىئېرغا ئەلچى كەلگەن.

— ئەجەب مەن بۇ ئىشتىن خەۋەرسىز قاپتىمەنغۇ.

— راست، مەن سىزگە دېمىگەنىدىم. خۇشاللىق ئىش بولسىغۇ ئاللىقاچان سىزگە دېگەن بولاتتىم، لېكىن . . .

— چاپسان دەڭە، قايسى ئائىلە سىلەر بىلەن قۇدىلاشماقچى بوپتۇ؟

ۋاڭ خېنىم ئۇزۇن ئۇھ تارتىپ:

— ئائىلىسىغۇ بولىدۇ، لېكىن ئوغلى ناچار، — دېدى.

— ئۇنداقتا چيەن دارىننىڭ ئوغلىمۇ نېمە؟

— تاپتىڭىز.

بەي ئاغىچا پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ:

— خۇدا، ۋاڭ شىئېرنىڭ ئۇنىڭغا زايە بولۇپ كېتىشىدىن ساقلىغايسەن، ۋاڭ شىئېر ئۆزى بىلەمدۇ؟ — دېدى.

— جاڭ خېنىم ئەلچى بولۇپ ئىككى قېتىم كەلدى. ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە قىزىم ئۆزى سېزىپ قاپتۇ، لېكىن ئۇ ئىللا - بىللا ئۇنىمايدىكەن. مەن ئۆزۈممۇ زادىلا قوشۇلمايمەن.

بەي ئاغىچا يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ئۇ لوكچەككە ھېچكىم

يولىماس» دېدى. ۋاڭ خېنىم:
— ھازىر بۇ ئىشنى دۇ قىزچاقمۇ بىلىدۇ. ئۇمۇ قوشۇلماپتۇ، ئەمدى سىزگە دەۋاتىمەن، — دېدى.
— بېگىمچۇ؟
— گەپ دەل مانا مۇشۇ يەردە، بېگىمنىڭ ئۇلار بىلەن قۇدىلاشقۇسى بار ئوخشايدۇ. شۇڭا بايا مەن سىزگە گېپىمنىڭ بېشىدىلا «قىزىم ۋاڭ شىئېردىن تولا ئەنسىرەيمەن» دېگىنىم شۇ.
— بېگىمنىڭ كۆزى كورمۇ نېمە؟ — دېدى بەي ئاغىچا ئاچچىقلانغاندەك بولۇپ.
بەي ئاغىچىنىڭ بۇ گېپى بىلەن ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ نەپسانىيەتچىلىكىگە بولغان قورساق كۆپۈكىنى بوشىتىۋالغۇسى كەلسىمۇ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:
— بەلكىم چيەن دارىنىنىڭ ئەمەلدارلىقىغا قىزىقىۋاتقان ئوخشايدۇ، — دېدى. لېكىن بەي ئاغىچا ئۇنىڭ گېپىدىن قانائەت ھاسىل قىلماي:
— ۋاڭ خېنىم، خاپا بولماڭ، كۆڭلۈمگە كەلگەن گەپنى دېگۈم كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ۋاڭ بېگىم ئۇلارنىڭ مەنسىپىگە قىزىقىپ قۇدىلىشىشقا ماقۇل بولسا، بېگىم راستىلا قارا كۆڭۈلكەن. ۋاڭ شىئېردەك گۈزەل، ئەخلاقلىق قىزنى ئۇنداق لۈكچەككە بېرەمدىغان؟ — دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى، بەي ئاغىچا دىققەت قىلمىغاچ يەنە ئۆز - ئۆزىگە: «ۋاڭ بېگىم تولىمۇ ئەقىلسىزكەن، بەكمۇ ئەقىلسىزكەن» دېدى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ:
— بېگىمنى بۇ ئىشتىن ياندۇرۇپ باقتىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى ھەم ئۇنىڭ كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى.

— ياندۇرمامدىغان، ياندۇرمامدىغان، — دېدى ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۇرتۇۋېتىپ، ئەمدى ئۇ ئىچى - قارنىنى تازا بىر بوشىتىۋالغۇسى كەلدى، ئاخشام ئېرى بىلەن دېيىشكەن گەپلىرىنى، ئەتىگەن ئۇستەلدە كۆرگەن قىزىل لېپاپنى، بايا خىزمەتچىلەردىن ئۇنىڭ گاۋ غوجىدار بىلەن ئاتلىق ناھىيىگە كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قىلغان گۇمانلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

بەي ئاغىچا پېشانىسىگە يەنە بىرنى ئۇرۇپ:

— بېگىم ھەقىقەتەن نەپسانىيەتچى ئىكەن. تۇرداخۇننىڭ ئېلىۋاتقان پايدىسىغا ھەسەت قىلىپ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ۋاڭ شىئېردەك گۈزەل ئەخلاقلىق قىزىنى ئاشۇ لۈكچەككە بېرىشكە ماقۇل بولغان بولسا ... سىز ماڭا بايا «قىزىم ۋاڭ شىئېردىن ئەنسىرەيمەن» دەپ ناھايىتى توغرا دەپسىز، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئەمدى ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يىغلىماڭ خېنىم، مەنمۇ ئويلىماي كۆڭلۈمدىكى گەپلەرنى دەۋېرىپ سىزنى يىغلىتىپ قويدۇممۇ نېمە؟ — دەپ ئۇنى بەزلىدى.

— ياق، — دېدى ۋاڭ خېنىم يىغلاۋېتىپ، — بېگىمگە پۇل، دۇنيا بولسىلا بولىدۇ. كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياشنى زادى بىلمەيدۇ. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا خوتۇن بولغاندىن بېرى يىغلاپلا كېلىۋاتىمەن، بولۇپمۇ جاڭ خېنىم ئەلچى بولۇپ كەلگەندىن بېرى تولا يىغلايدىغان بولۇپ قالدىم. مېنىڭ يىغام ئۇ ئادەمگە ھېچنەرسە ئەمەس. جاڭ خېنىم ئىككىنچى قېتىم ئەلچى بولۇپ كەلگەندە بېگىم بىلەن يەنە تاكاللىشىپ قالدۇق، شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا «ئەلچى ئىككى قېتىم كەلدى، قىزىممۇ ئۇنىمايدىكەن، مەنمۇ قوشۇلمايمەن» دېسەم، گېپىمگە پەرۋا قىلماي، «سەنمۇ

كۆنۈپ قالغانغۇ» دەيدۇ. مەن ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىپ، كېچىچە يىغلاپ چىقتىم. ئەتىسى سىز ھۇجرىغا كىرىپ مېنى ئويغاتتىڭىز. شۇ چاغدا مەن ياش چاغلىرىمنى دەپ بېرىپ، كۆڭلۈم خېلى ئېچىلىپ قالغانىدى. ھەتتىگىنەي، شۇ چاغدا ئۆلۈۋالمىغانلىقىمغا بەك پۇشايمان قىلىمەن. ئەگەر شۇ چاغدا ئۆلۈۋالغان بولسام ماڭا بۇ خاپىچىلىق يوق ئىدى. — ئۇ يەنە يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىغان بەي ئاغىچىمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى، ئىككىسى بىردەم قۇچاقلىشىپ يىغلىشىۋالدى.

ۋاڭ بېگىم بىلەن غوجىدار گاۋجىچاڭ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ ناھىيىگە يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل يامۇل مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدا توختاشتى. ئاتنىڭ قورساقلىرى، تېقىملىرى تەرلەپ، تەر ئۇزۇن سىزىق بولۇپ ئېقىپ، ئېغىزدۇرۇقلىرى، كالپۇكلىرىدا شۆلگەي يىغىلىپ ئاقىرىپ كۆپۈكلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىككىسىنى مەھكىمىنىڭ ئادەملىرى تونۇيتتى. شۇڭا دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ئىككى خادىم ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتلارنى ئالدى. ۋاڭ بېگىم بىلەن گاۋ غوجىدار دەرۋازىدىن كىرىپ ئۇدۇل ھاكىم ئىشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئىچىدىن بىر خىزمەتچى چىقىپ ئالدىغا كەلدى. ۋاڭ بېگىم ھاكىمنىڭ ئالدىغا كىرىشنىڭ قائىدىسىنى بىلەتتى. شۇڭا توختاپ:

— ھاكىم جانابلىرىنى ئىزدەيتتىم، — دېدى.

— مەن خەۋەر قىلاي، — خادىم ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي چىقىپ دېدى:

— ھاكىم جانابلىرى سىلەرنى «كىرسۇن» دەيدۇ.

خادىم ئۆزى يول باشلاپ ماڭدى. ئۇلار ئىچىگە كىرىپ، سول تەرەپتىكى ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە خىزمەتچى خادىم ئىشىك تۈۋىدە قالدى. ئۇ ئىككىسى ھاكىمنىڭ يېنىدا جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگىنىمۇ كۆرۈپ، ھاكىمنىڭ

ئۇستىلىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆرە تۇرۇپلا سالام بەردى. گاۋ غوجىدار بېگىمدىن ئىككى قەدەم كەينىدە تۇردى. جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇ ئىككىسى تىزلانماي، ئۆرە تۇرۇپ ھاكىمنىڭ ھۆرمىتىنى دېگەندەك قىلمىغانىدى. لېكىن چيەن دارىن كۆڭلىگە ئالماي، ئۇلارنى سول تەرەپتىكى ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن ۋاڭ بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دارىن، جانابلار، — دېدى ئۇ ئۈچ ئەمەلدارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ، — بىمەھەل كېلىپ سىلەرنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

چيەن دارىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئۇنداق بولامدىغان ۋاڭ بېگىم، قاچان كەلسىڭىز خىزمىتىڭىزدە بولىمىز. قېنى، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دەپ ئورنىدا ئولتۇردى. جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى يەنە ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە قارىشىپ، ناھىيىنىڭ ھاكىمىنىڭ قول ئاستىدىكى بىر بەگكە ئورنىدىن تۇرۇپ قىلغان بۇنداق تەكەللۇپىنى كۆڭۈللىرىدە چۈشەنگەندەك قىلدى. ۋاڭ بېگىم ئورنىدا ئولتۇرمايلا يېنىدىكى گاۋ غوجىدارغا قارىدى. گاۋ غوجىدار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ، يېڭىنىڭ ئىچىدىن بوگۇن ئەتىگەن ۋاڭ خېنىم كۆرگەن ھېلىقى قىزىل لېپاپنى چىقىرىپ ھاكىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ، كەينىچىلەپ يېنىپ كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. چيەن دارىن قىزىل لېپاپنى ئېچىپ، بىر پارچە قەغەزنى ئالدى. قەغەز نېپىز بولغاچقا، كەينىدىن خەتلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. چيەن دارىن خەتنى تازا سىنچىلاپ ئوقۇپ، تۇگەتكىچە خېلى ۋاقىت ئۆتتى. جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى خەتنى كەينىدىن ئوقۇيالمىسىمۇ، لېكىن خۇددى ئۆزلىرى ئوقۇۋاتقاندەك دىققەت قىلىپ تۇرۇشتى.

بىر چاغدا چيەن دارىن خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئالدىرىماي قاتلاپ قىزىل لېپاپقا سېلىپ ئالدىغا قويۇپ:
— ۋاڭ بېگىم، ئەرزىڭىزنى ئوقۇدۇم. ئويلىشىپ باقايلى، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم بۇ ئەرزنى كېچىچە ئۇخلىماي قايتا - قايتا يېزىپ، ھاكىمغا سۇنغاندا ئەرزنىڭ قوبۇل قىلىنىش - قىلىنماسلىقىدىن گۇمان قىلغانىدى. لېكىن ھازىر ھاكىم «ئويلىشىپ باقايلى» دېگەنلىكى ئۈچۈن ناھايىتى خۇرسەن بولۇپ كۈلۈمسىرەپ:
— ئۇنداق بولسا مەن قايتىپ كەتسەم بولامدۇ؟ — دېدى.
— بولىدۇ، چوقۇم جاۋابىنى بېرىمىز، — دېدى چيەن دارىنمۇ كۈلۈمسىرەپ.
ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ خۇرسەن بولۇپ چىرايىدا كۈلكە پەيدا بولدى ۋە گاۋ غوجىدارغا قارىدى. ئۇنىڭ قاراشلىرى «ماڭايلى» دېگەن مەنىنى بېرەتتى، گاۋ خوجىدار دەرھال ئورنىدىن تۇردى. ۋاڭ بېگىم ھاكىمغا:
— ئۇنداقتا بىز ماڭايلى، — دەپ ماڭدى.
چيەن دارىن ئۆزىنىڭ ئۇچۇن ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگىمۇ ئورنىدىن تۇرۇشتى. چۈنكى ھاكىم ئۆزىتىپ ماڭغان مېھماننى ئۇلارمۇ ئۆزىتىپ قويۇشى لازىم ئىدى. ئۇلار ئىشخانىدىن چىقىپ ئۆزۈن دالاندا كېتىۋاتقاندا ۋاڭ بېگىم جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگىگە:
— قايسى كۈنى جيا خېنىم، جاڭ خېنىم بىزنىڭ قورۇقتا بېرىپ مېھمان بولۇپ كەتتى، — دېدى.
— رەھمەت، — دېدى ئۇ ئىككىسى تەڭلا، — ياخشى كۈتۈۋاپسىلەر، بىزمۇ ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق، — ئۇلار چيەن دارىنغا قاراشتى. چيەن دارىن خۇشال كۆرۈنەتتى.
مېھمانلار دەرۋازا ئالدىدا ئاتلىرىغا مىنىپ خېلى ئۇزاپ

بولغىچە چيەن دارىن ئۇلارغا قاراپ تۇردى. مېهمانلار ئۇزاپ كۆزدىن يوقالغاندا، جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگى «بىزمۇ مۇشۇ يەردىن ئۇزايلى» دېگەندەك قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراشتى. لېكىن چيەن دارىن ئۇلارغا:

— جانابلار، ئىشخانامغا كىرەيلى، ئويلىشىدىغان ئىش چىقىپ قالدى، — دېدى.

ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، چيەن دارىن قىزىل لېپاپنى ئېلىپ جيا بېگىمگە سۇندى. جيا بېگىم لېپاپنى ئېلىپ ئالدىرىماي ئاچتى، ئۇ لېپاپنىڭ ئىچىدە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى بىلىدىغاندەك خەتنى بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا كۆز يۈگۈرتۈپ ئوقۇپ بولۇپ، خەتنى لېپاپنىڭ ئىچىگە سالماستىنلا لېپاپ بىلەن قوشۇپ خۇددى تاشلىغاندەك هاكىمنىڭ ئالدىغا قويدى ۋە:

— بۇ نېمە دېگەن چاكىنىلىق! — دېگەن سۆز ئىختىيارسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى.

جاڭ لەشكەر بېگى چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن جيا بېگىمگە چەكچىيىپ قاراپ قالغانىدى. جيا بېگىممۇ يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. لېكىن بۇ خىل هالەت ئۇزاققا بارمىدى. چۈنكى جيا بېگىم گەرچە هېسسىياتقا تايىنىپ هاكىمغا ئاچچىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن مەنسىپى ئۇنىڭدىن تۆۋەن بولغاچقا دەرهال ئۆزىنى ئوڭشاپ:

— هاكىم جانابلىرى، ئۆزلىرى بىر تەرەپ قىلارلا، — دېدى.

چيەن دارىن نېمە دېيىشىنى بىلمەي، ئالدىدىكى قىزىل لېپاپقا ئاندىن جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئارىدىكى كەيپىياتنىڭ پەسەيگەنلىكىگە دىققەت قىلىۋاتاتتى، شۇڭا چيەن دارىننىڭ قارىشى بىلەنلا:

— دارىن جانابلىرى، خەتتە نېمىلەر يېزىلىپتۇ؟ — دېدى.

— سىزمۇ كۆرۈپ باقامسىز؟ — چيەن دارىن خەتنى قولىغا ئالدى.

— ياق، كۆرمىسەممۇ بولىدۇ، ھېلىقى ھويلىنىڭ ئىشى ئوخشىمامدۇ؟

— شۇنداقكەن.

— ھويلىنى قايتۇرۇۋالىدىغانغا نېمە باھانە - سەۋەب كۆرسىتىپتۇ؟

چيەن دارىن جاۋاب بەرگىچە جيا بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئاچچىق بىلەن:

— قارىمامدىغان كۆرسەتكەن باھانە - سەۋەبلىرىنى، ئاللىقاچان تۆلەپ بولغان ھويلىنىڭ ھەققىنى «بەك ئەرزان بولۇپ كەتتى، باھانى يەنە ئۆرلىتىمەن، بولمىسا ھويلىنى ساتقان پۇلنى، مويكا سالغان پۇلنىمۇ تۆلەپ، ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن» دېگىنىنى، — دەپ ئورنىدا ئولتۇرماي ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى. چيەن دارىن ئۇنىڭغا ھەجىيىپ قاراپ قويىدى. كەيپى ئۆرلەپ قالغان جيا بېگىم توختاپ:

— ئۇ بۇنچىلىك ئۆچمەنلىك قىلغۇدەك تۇرداخۇن يا دۈشمەن بولمىسا، ئادەم دېگەنگە يۈز كېرەك ئەمەسمۇ، — دېدى ۋە ئۇ ئىككىسىگە قېنى جاۋاب بېرىڭلار دېگەندەك قاراپ قويىدى.

جيا بېگىمنىڭ تۇرداخۇننىڭ ئىسمىنى تىلغا ئېلىشى بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنى ئويلاپ قالدى. ئۆتكەندە ئىككى لەشكەرنى باشلاپ تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە ھال سوراپ بارغاندا ئۇنىڭ ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

— جيا بېگىم، توغرا دەيسىز، تۇرداخۇن ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ئادەم، مانا ۋاڭ بېگىمنىڭ ئوغلىغا چېگرا سودىسىنى ئۆگىتىپ قويۇش ئۈچۈن ئۇنى نۇرغۇن مال - دۇنيا بىلەن چېگراغا ئېلىپ كەتتى، — دېدى لەشكەر بېگى.

جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى تۇرداخۇننىڭ ياخشى گېپىنى

قىلىۋاتقاندا، چيەن دارىن ئۇلارغا ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى. ئۇ ئىككىسى ئۇنىڭغا قاراپ ھەيران بولدى. چيەن دارىن كۈلكىسىنى توختىتىپ:

— سىلەر ۋاڭ بېگىمگە ئاچچىق قىلىۋاتىسىلەر، شۇ قاتاردا ماڭىمۇ ئاچچىق قىلىۋاتىسىلەر، لېكىن ھازىر مەندىمۇ نېمە ئامال؟ — دېدى.

— نېمىشقا ئامال يوق؟ — دېدى جيا بېگىم.

چيەن دارىن ئالدىرىماستىن:

— ۋاڭ بېگىم بىر تەرسا ئادەم، ئۇنىڭ ئەسكى مىجەزىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئۇ ئەرز قىلىشقا جۈرئەت قىلغانىكەن، ئاخىرغىچە دەۋا قىلىدۇ، — دېدى.

— ھاكىم جانابلىرى، ئەگەر ناھىيىمىزدە بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بولۇپ قالمىسۇن دېسىڭىز ئۇنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلماڭ، — دېدى جيا بېگىم.

— ياق، — دېدى چيەن دارىن، — ئۇنىڭ ئۇرۇمچىدىمۇ تونۇش - بىلىش ئەمەلدارلىرى بار. ئۇ ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئەرز قىلالايدۇ، ئۇ ھويلىسىنى «ھەققىنى تۆلەپ قايتۇرۇۋالىمەن» دەپتۇ، شۇڭا بۇ ئەرزنى قوبۇل قىلىشقا بولىدۇ.

جيا بېگىم كۈلۈپ كېتىپ:

— تۇرداخۇن ھەرگىز ئەخمەق ئەمەس. ئۇ شۇ مويكا بىلەن، چېگرا سودىسى بىلەن پۇل تېپىۋاتىدۇ. ۋاڭ بېگىمنىڭ سىزگە ئەرز تۇتقانلىقى ئۇنىڭ شەخسىي غەرىزىگە ھۆكۈمەت ئىشىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھويلىسىنى مويكىنى قوشۇپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالماقچى بولغانلىقى، سىز بۇنىڭغا قوشۇلماسىز، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى چيەن دارىنغا قارىدى، چيەن دارىننىڭ چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. لېكىن دەرھال چىرايىنى ئوڭشاپ:

— سىلەر بىلىسىلەر، ۋاڭ بېگىمنىڭ مىجەزى ئوسال، مەن بۇ ئەرزنى يۇقىرىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا سۇنىمەن، چۈنكى بۇ

ئەرزنى بىز ناھىيىمىزدە ھەل قىلالمايمىز. يۇقىرى قانداقلا بولمىسۇن بىر تەرەپ قىلسا، ئاندىن ۋاڭ بېگىم رازى بولىدۇ، — دېدى.

ئۇ گېپىنى ئۈزۈپ كەسكىن ئېيتتى. جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگى ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراپ قالدى. چيەن دارىن ئۇ ئىككىسىگە ھېلىمۇ جىددىي قاراپ تۇراتتى. جاڭ لەشكەر بېگى جيا بېگىمگە قاراپ قويۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، ئەرزنى «يۇقىرىغا يوللايمەن» دەپ ياخشى ئېيتتىڭىز، ۋاڭ بېگىمگە «چوقۇم جاۋابىنى بېرىمىز» دېدىڭىز، شۇڭا ۋاڭ بېگىم خاتىرجەم، ئۈمىد بىلەن قايتىپ كەتتى، ئەمدى بىزمۇ قايتايلى، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى. جيا بېگىممۇ ئورنىدىن تۇردى، ئىككىسى چيەن دارىن بىلەن خوشلاشتى، چيەن دارىن ئۇلارغا قاراپ قالدى. ئۇلار مەھكىمىدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى:

— جيا بېگىم، ئىككىمىزنىڭ ئايالى ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە ئەلچى بولۇپ باردى، شۇڭا چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلدى، — دېدى. جيا بېگىم كۈلۈپ كەتتى. جاڭ لەشكەر بېگىمۇ كۈلدى. ئۇلار خېلى ئۇزاققىچە كۈلۈشۈپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، چيەن دارىن مەھكىمىنىڭ كەينىدىكى باغ ئىچى بىلەن ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ھازىر ياز پەسلىنىڭ ئاخىرقى ئايلىرى بولغاچقا، دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ ئاندا - مۇندا چۈشمەكتە ئىدى. چيەن دارىن خىيال بىلەن مېڭىپ ئۆيىگە ئاز قالغاندا، تۇيۇقسىز ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلارنى ئاڭلىدى. ئاۋاز ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ يۈرىكى تۇيۇپ، «ھەي، ئوغلۇم ئاپىسىنى يەنە خاپا قىلغان ئوخشىمامدۇ» دەپ ئويلاپ، ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ پېشايۋانغا يېتىپ كېلىشىگە ئۆي ئىچىدە تۇرۇپ ئۇنى كۆرگەن بىر خىزمەتچى يۈگۈرۈپ ئالدىغا چىقىپ:

— دارىن جانابلىرى، چاپسان بولۇڭ، كىچىك بايۋەچچە دارىن خېنىمنى رەنجىتىپ قويدى، بىزمۇ ئامالسىز قالدۇق، كىچىك بايۋەچچىنى زادىلا توسىيالمىدۇق، — دېدى.

دارىن يۈگۈرگەندەك مېڭىپ ئۆيگە كىردى. ئورۇندۇقتا دارىن خېنىم يۈزىنى تۇتۇپ، بېشىنى سىلىپ يىغلاۋاتاتتى. ئۇ يىغا بىلەن بولۇپ كېتىپ، دارىننىڭ ئۆيگە كىرگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىدا ئوغلى بىر قولىدا هاراق كومزىكىنى تۇتۇپ ئايىغا «بارمايمەنغۇ، بارمايمەنغۇ. . . قانداق قىلىسىلەر» دەپ توۋلاپ هۆرپىيىپ تۇراتتى. دارىن ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. ئوغلى دادىسىنى كۆرۈپ توۋلاشتىن توختىدى. ئۆي جىمىغاندىن كېيىن دارىن خېنىم ئېرىنى كۆرۈپ:

— بۈگۈن بالدۇرلا كېلىپ ئەجەب ياخشى قىلدىڭىز، ئەگەر يەنە كەلمىگەن بولسىڭىز بۇ بالا مېنى سارالڭ قىلىپ قوياتتى، — دېدى.

دارىن ئوغلىنىڭ قولىدىن كومزەكنى ئالدى. ئىلگىرى هاراق ئىچىپ دادىسىدىن ئەيمىنىدىغان كىچىك بايۋەچچە ئەمدىلىكتە دادىسىغا هۆرپىيىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى هاراقتىن قىزىرىپ كەتكەنىدى. چيەن دارىن بايا ئىشخانىسىدا بولغان ئەهۋاللارنى ئېسىگە ئېلىپ، ئىشىك تۈۋىدە بۇلارغا قاراپ تۇرغان خىزمەتچىلەرگە:

— سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، — دېدى.

خىزمەتچىلەر ئىشىكنى يېپىپ چىقىپ كېتىشتى. چيەن دارىن ئوغلىنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ نېرىدىكى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزدى. كىچىك بايۋەچچە ئورۇندۇققا ئولتۇرۇپ، دادىسىغا «گېپىڭ بولسا قىلە» دېگەندەك قارىدى. ئۇ ئەس - هوشىنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە بولغاچقا، چيەن دارىن ئايالىغا گەپ قىلغۇسى كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. كىچىك بايۋەچچىمۇ جىمىغانىدى. چيەن دارىن كۆڭلى

پەرىشان ئايالىغا ئىچ ئاغرىتىپ:
— ئالدىرىماڭلار، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئوغلۇمنىڭ توي ئىشىمۇ ئوڭۇشلۇق بولىدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى. دارىن خېنىم ئالدىراپ:
— نېمە گەپ ئاڭلىدىڭىز؟ — دەپ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدى. ھۇرپىيىپ تۇرغان كىچىك بايۋەچچە كۆزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ دادىسىغا دىققەت بىلەن قارىدى. چيەن دارىن گېلىنى بىر قىرىپ يۆتىلىۋېتىپ:
— بايا ۋاڭ بېگىم مەھكىمىگە ئىش بىلەن كەپتىكەن. ئۇ چاغدا جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى ئىشخانامدا ئىدى. ئۇ ئىشىنى تۈگىتىپ ئۇزاپ ماڭغاندا جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن جيا بېگىمگە «جاڭ خېنىم، جيا خېنىم بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ مېھمان بولۇپ كەتتى» دېدى. ئۇنىڭ گېپى خۇددى «قىزىم ساڭا دەي، كېلىنىم سەن ئاڭلا» دېگەندەك تۇيۇلۇپ، ئۇنىڭدىن بەك خۇش بولدۇم. چۈنكى ئەگەر ۋاڭ بېگىم بىز بىلەن قۇدىلىششقا ماقۇل بولمايدىغان بولسا ئەلچى بولۇپ بارغان ئىككى خېنىمنىڭ ئەرلىرىگە ئۇنداق گەپنى قىلمىغان بولاتتى. ئۇ گەپتىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ماقۇل بولغانلىقىنى بىلدىم. شۇڭا خۇشاللىقتىن بۇ خەۋەرنى سىلەرگە دېيىشكە ئالدىراپ باغ ئىچى بىلەنلا ئۆيگە يېنىپ كېلىشىم، — دېدى.
دارىن خېنىم خۇشاللىقتىن ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— ئوغلۇم قارىمامسەن، قىزنىڭ دادىسى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپتۇ، بۇ تويىدىن بىشارەت. ئەمدى بىز بۇ تويىدىن خاتىرجەم بولساق بولىدىكەن. شۇڭا سەن بىزنى ئالدىرىتىپ تولا خاپا قىلما، — دېدى.
كىچىك بايۋەچچىمۇ خۇش بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. لېكىن دەررۇلا:
— ۋاڭ مىڭئېرنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ

تويىنى كىچىكتۇرسە قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.
چيەن دارىنمۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا كېلىپ:
— ئوغلۇم، قىزنىڭ دادىسى ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشارەت بېرىپ تۇرغان يەردە سەن بۇ ئىشلاردىن خاتىرجەم بول. ۋاڭ بېگىم جاھىل ئادەم، ئۇلا ماقۇل بولغانىكەن، ئوغلىنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقى چوڭ ئىش ئەمەس، — دېدى.
كىچىك بايۋەچچە خۇش بولۇپ، بايا ئاچچىقتىن تۇرۇلگەن خاپا چىرايى ئېچىلدى، سىمىز يۈزىدە ئازراق بولسىمۇ كۈلكە پەيدا بولدى. ئوغلىنىڭ مۇنداق خۇش چىرايىنى ناھايىتى ئاز كۆرىدىغان دارىن خېنىم:
— جېنىم ئوغلۇم، ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ شۆتاڭغا بارساڭ بولىدۇ، — دېدى.
كىچىك بايۋەچچىنىڭ چىرايى دەرھال تۇرۇلدى:
— ياق، ئەمدى ئوقۇمايمەن.
چيەن دارىن ئوغلىغا يالۋۇرغان ئاھاڭدا:
— ئوغلۇم، شۆتاڭدىن قالساڭ زادى بولمايدۇ، توي بولغىچە شۆتاڭدا ئوقۇپ تۇرساڭ قۇدىلارمۇ سېنى «شۆتاڭدا ئوقۇيدىكەن» دەپ ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ. ئەگەر شۆتاڭغا بارماي ئۆيدە يۈرسەڭ ئاغىنىلىرىڭ بىلەن هاراق ئىچىپ جېدەل - ماجىرا چىقارساڭ، ئۇ چاغدا قۇدىلار ئاڭلاپ قېلىپ تويدىن يېنىۋالسا، سەن ۋاڭ شىئېردىن قۇرۇق قالىسەن، — دېدى.
كىچىك بايۋەچچە جىم بولۇپ قالدى. ئوغلىنىڭ ياۋاشلىشىپ جىم تۇرغىنىغا قاراپ:
— ئوغلۇم، تاماق پىشقىچە سەن هويلىدا ئايلىنىپ سەگىپ تۇر. يىراققا كەتمە، داداڭغا دەيدىغان گېپىم بار، كېيىن بۇ گەپنى سەنمۇ ئاڭلايسەن، — دېدى دارىن خېنىم.
كىچىك بايۋەچچە «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ ئاستا ماڭدى، ئەمدىلىكتە كەيپى خېلىلا يېشىلگەندەك قىلاتتى، مېڭىشلىرىمۇ

خېلى تۇزۇك ئىدى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن دارىن خېنىم:

— ماڭا قارىسىلا، ئوغلىمىزنىڭ خۇي - پەيلى ئىككىمىزگە ناھايىتى ئېنىق، گېپىدە تۇرمايدۇ. بىز دېگەن گەپ ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كېتىدۇ. ئۇرۇمچىگە بېرىپ ئوقۇۋېتىپ كاللىسى قوداڭشىپ قالسا ئۆتكەنكىدەك قېچىپ كېلىشى تۇرغان گەپ، شۇڭا ئىشەنچلىك بىرىنى ھەمراھ قىلىپ قويساق، ئۇمۇ ئۇرۇمچىدە بىر مەزگىل بىللە تۇرۇپ ئوغلىمىزنى يامان يولدىن توسۇپ، دەرسكە قارىتىپ، باشقۇرۇپ، ئوغلىمىز تۈزەلگەندە قايتىپ كەلسە قانداق دەيلا؟ — دېدى.

— بۇ دېگىنىڭىزمۇ توغرا، — دېدى چيەن دارىن خۇش بولۇپ، — لېكىن بۇ بەڭۋاش بالىنى باشقۇرالىغۇدەك كىم بار دەيسەن، بېرىشقا توغرا كەلسە سەن ياكى مەن بېرىشىمىز كېرەك.

دارىن خېنىم گېپىنىڭ ئورۇنلۇق بولغانلىقىنى بىلىپ ئېرىگە بېشىنى يېقىن قىلىپ دېدى:

— ماڭا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، سىزنىڭ تۇڭچىڭىز بارات ئوبدان بالا، ئاق كۆڭۈل، كەيپ - ساپادىن نېرى. مەن ئوغلۇمنىڭ ھاراق ئىچىپ جېدەل - ماجىرا چىقارغانلىقىنى كۆرگىنىمدە بارات يادىمغا كېلىپ، «ئوغلۇم مۇسۇلمان باللىرىدەك ھاراق ئىچمىگەن بولسا مۇشۇنداق كۆڭۈل ئاغرىقى بولمىغان بولاتتى» دەپ قالىمەن. ئەگەر سىز لايىق كۆرسىڭىز باراتنى قوشۇپ ئوغلىمىزنى شۆتاڭغا ئەۋەتمەمسەك قانداق؟

چيەن دارىن بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ كۈلۈمسىرىدى. دارىن خېنىم ئۇنىڭ ئەلپازىدىن قوشۇلغانلىقىنى بىلىپ مەمنۇن بولدى. چيەن دارىن:

— بولىدۇ، بۇ مەسلىھەتىڭ ياخشى مەسلىھەت ئىكەن. مەن قوشۇلدۇم، — دېدى.

دارىن خېنىم خۇشاللىقتىن:

— ئۇنداق بولسا بۈگۈن باراتنى ئىشتىن قايتقاندا ئۆيگە باشلاپ كېلىڭ، ئوغلىمىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرايلـــى، دەيدىغان گېپىمىزنى قىلايلى، — دېدى.

— بولىدۇ. ئوغلىمىزنـــى باشقۇرۇشقا مۇشۇنداق ئامال قىلمىساق بولمىدى.

ئەر - خوتۇن ئىككىسى ھازىر بىر - بىرىدىن خۇشال ئىدى.

چيەن دارىن چۈشتىن كېيىن خىزمەتتىن چۈشۈپ تۇڭچىسى باراتنى باشلاپ ئۆيگە كەلدى. ئۇلار ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتقاندا دارىن خېنىم ئۆيدە باراتنى كۆرۈپ، ئالاھىدە ئالدىغا چىقتى. بارات ئادەتتە چيەن دارىننىڭ ئۆيىگە ئىش - كۈش بىلەن پات - پات كېلىپ تۇراتتى. گەرچە دارىن خېنىم ئۇ ھەر قېتىم كەلگىنىدە قىزغىن قارشى ئالسىمۇ، لېكىن ھازىرقىدەك ئالدىغا چىقمىغانىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ كەلدى. دارىن خېنىم باراتنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن ئۈستەلگە يەل - يېمىش ۋە نان - توقاچلارنى تولدۇرۇۋەتكەنىدى. بارات بۇ ئۆيگە كەلگەندە ئۈستەلگە مۇنداق نەرسىلەرنىڭ تىزىلغانلىقىنى كۆرمىگەچكە، «بۈگۈن ماڭا بۇ ئۆيدە بىرەر گەپ - سۆز بولامدۇ نېمە» دېگەنلەرنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى. بىردەمدىن كېيىن كىچىك بايۋەچچە بېشىنى سىلىپ كىرىپ ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. بارات كۆڭلىدە «كىچىك بايۋەچچە يەنە خاپا قىلغان ئوخشايدۇ، شۇڭا مېنى ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشقا باشلاپ كەپتىكەن - دە. ئۇ نېمە كۆڭۈل ئاغرىقى تۇغدۇردىكىن، قېنى ئاڭلاپ باقاي» دەپ خاتىرجەم ئولتۇردى. خىزمەتچىلەر چىنىلەرگە چاي قۇيۇپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويۇشتى. چيەن دارىن ئوغلىنى ئۈستەلگە كېلىشكە تەكلىپ قىلدى، ئۇ ئۇنىمىدى. دارىن خېنىم ئۇنىڭغا:

— ئوغلۇم، ئۇ دېگەن داداڭنىڭ تۇڭچىسى ھەم سېنىڭ ساۋاقدىشىڭ، ئۇ كەلسە گەپمۇ قىلماي ئولتۇرىسەنغۇ؟ — دېدى.

كىچىك بايۋەچچە پەقەت باراتقا قاراپ كۈلۈمسىرەپلا قويدى.

بارات ئۇنىڭغا ئاللىقاچان دىققەت قىلغان بولۇپ، ئىچىدە «سەن بۇ قېتىم نېمە چاتاق چىقارغان بولغىيتتىڭ» دەپ ئويلاۋاتاتتى. دارىن خېنىم باراتقا:

— ئوغلۇم بارات، سىز مېنىڭ ئۆز ئوغلۇمغا ئوخشاش، شۇڭا دارىن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، سىزنى ئوغلۇم بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە ئەۋەتىپ ئوغلۇمنىڭ شۇتاپتا ئوقۇشىغا ياردەملىشىشىڭىزنى، مېڭىش - تۇرۇشىغا دىققەت قىلىپ قويۇشىڭىزنى لايىق تاپتۇق، — دېدى.

— دارىن خېنىم، مەن ئۈرۈمچىدە تۇرسام مەھكىمىدىكى خىزمىتىمچۇ؟ — دېدى بارات ئۇلاپلا.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، — دېدى چيەن دارىن، — سېنىڭ ئورنۇڭغا باشقىلارنى ۋاقىتلىق ئىشلىتىپ تۇرساق بولىدۇ، سەن ئوغلۇم بىلەن ئۈرۈمچىدە تۇرغان چاغلاردا مائاشىڭ ئوخشاش بېرىلىۋېرىدۇ. ئۆيۈڭنىڭ ئىش - كۈشلىرى بولسا مەھكىمىدىن ئادەم چىقىرىپ ياردەم قىلىپ تۇرىمىز. سەن خىزمەتتىن، ئاتا - ئاناڭدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ، ئۈرۈمچىدە ئوغلۇم بىلەن بىر مەزگىل بىللە ھەمراھ بولۇپ تۇرساڭلا بولىدى.

بارات «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ جىم تۇردى. دارىن خېنىم يەنە:

— بارات، سىز ئوغلۇمنىڭ مىجەزىنى ياخشى بىلىسىز، ئۇ بىزگە ناھايىتى جىق خاپىلىق تېپىپ بەردى. بىز سىزدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايمىز. بىز ۋاڭ بېگىم بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇۋاتىمىز، — دېگەندە بارات جۇمە كۈنى مەسچىت ئالدىدا يۈز بەرگەن ئىشنى ئېسىگە ئېلىپ:

— دارىن خېنىم، كىچىك بايۋەچچىگە ۋاڭ شىئېرنى ئېلىپ بەرمەكچىمۇ سىلەر؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى دارىن، — بىز ئۇلار بىلەن

قوْدىلىششقا ئەلچى ئەۋەتكەنىدۇق، قوْدا تەرەپنىڭ جاۋابى تازا ئېنىق ئەمەس. لېكىن بوْگوْن ۋاڭ بېگىم مەھكىمىمىزگە ئىش بېجىرىشكە كېلىپ، بوْ تويغا ئۆزىنىڭ شەخسەن قوشوْلىدىغانلىقىنى بىلدوْروْپ بېشارەت بەردى. شوْڭا بىز بوْ تويغا خېلى ئىشەنچ باغلاپ، ئوغلىمىزنى شۆتاڭدىكى ئوقوْشىنى ئوقوْۋېرىشكە ئەۋەتىۋاتىمىز. لېكىن ئوغلىمىزغا بىر ياخشى ھەمراھ بولمىسا بولمايدوْ، شوْڭا سەن ئوغلوْم بىلەن بىر مەزگىل بىللە توْروْپ، ئوْنىڭ ئوقوْشىغا ياردەملەشسەڭ دەپ ئويلاشتوْق.

يەنە جوْمە كوْنى ۋاڭ مىڭئېر بىلەن دېيىشكەن گەپلىرى باراتنىڭ يادىغا كېلىپ، «بوْ توي قانداق بولار» دېگەن گوْمانغا كېلىپ قالدى. لېكىن ئوْنىڭ كىچىك بايۋەچچە بىلەن ئوْروْمچىگە بېرىپ بىر مەزگىل توْروْشىنى ھاكىم ئوروْنلاشتوْروْۋاتقان بولغاچقا:

— بولىدوْ، سىلەر ئاتا - ئانامدىن خەۋەر ئېلىپ توْرساڭلار مەن كىچىك بايۋەچچە بىلەن ئوْروْمچىگە باراي، — دېدى. دارىن خېنىم ئوْنىڭ ئوْروْمچىگە بېرىشقا قوشوْلغانلىقىغا خوْش بولوْپ:

— ئوغلوْم بارات، رەھمەت سىزگە. ئوْروْمچىگە بارغاندا ئوغلوْمنى قاتتىق توْتوْڭ، ئوْنىڭ كۆڭلىگە قاراپ ھەرگىز بوشاڭلىق قىلماڭ، — دېدى. باراتنىڭ كۆڭلىگە يەنە بىر ئىش يېتىپ دېدى:

— دارىن جانابلىرى، دارىن خېنىم، مەنغوْ ئوْروْمچىگە بارغاندا كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئوقوْشىغا ياردەم قىلارمەن، مېڭىش - توْروْشلىرىغا دىققەت قىلارمەن، لېكىن ئوْنىڭ بەتخەجلىكىنى قانداق قىلىمەن، ئوْ بەك بەتخەج توْرسا.

چيەن دارىن قوشوْمىسىنى توْروْپ:

— بارات، بوْ گەپنى ئوبدان دېدىڭ، بوْنىڭدىن كېيىن ئوغلوْمنىڭ ئوْروْمچىدىكى راسخوتىنى سەن باشقوْرىسەن، — دېدى ۋە ئوغلىغا قاراپ، — ئوغلوْم، بوْنىڭدىن كېيىن ئوْروْمچىدىكى

راسخوتىڭنى بارات قىلىپ بېرىدۇ. ئۇنىڭدىن بىسوراق مېنىڭ نامىمنى سېتىپ باشقىلاردىن پۇل قەرز ئالما، بولمىسا باراتنى ئاۋارە قىلىپ قويىسەن، — دېدى.

كىچىك بايۋەچچە بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇنىڭغا قاراپ باراتنىڭ كۆڭلى تىنىپ كۇلۇمسىرىدى. چيەن دارىن باراتقا:

— بارات، ئەتىلا يولغا چىقىڭلار، ئوقۇش باشلىنىپ كەتكىلى خېلى بولدى. ئوغلۇم ئۆتكەندە شۆتاڭدىن قېچىپ كەلگەنچە، — دېدى.

دارىن خېنىم ئۆز - ئۆزىگە: «ئوغلىمىزنىڭ ئۆيدە بىر كۈن ئارتۇق تۇرغىنى بىز ئۈچۈن بىر كۈن ئارتۇق باش ئاغرىقى» دېدى ۋە باراتقا يەنە ئەسكەرتتى:

— بارات، مېنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىم ئوغلۇمدىن زېرىككەنلىكىم ئەمەس، لېكىن ئۇ بەك بەڭۋاش، بىزنى تولىمۇ خاپا قىلىۋەتتى. شۇڭا ئۇ شۆتاڭدا بىر كۈن بولسىمۇ ئارتۇق تۇرسا بىلىم، ئەخلاق ئۆگىنىپ قالامدىكىن دەپ ئويلايمەن، — ئۇ بىر دەم ئويلىنىۋېلىپ يەنە ئۆز - ئۆزىگە دېدى: «ئوغلىمىزنىڭ خاپىلىقى ئۆيلەپ قويساق تۈگەمدىكىن دەيمەن».

بارات ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. چيەن دارىن ئايالىغا:

— توغرا دېدىڭ خوتۇن. ئۆتكەندە مەن ساڭا دېدىمغۇ، «يامان بالىنى ئۆيلەپ قويسا ياۋاشلىشىپ قالىدۇ» دەپ، — دېدى. بارات يەنە كۈلۈپ كېتىپ كىچىك بايۋەچچىگە قارىدى، كىچىك بايۋەچچە بېشىنى ئىچىگە تىقىپ خىر - خىر كۈلۈۋاتاتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئاپىسى ئاچچىق قىلىپ:

— ۋوي ئىزا تارتمايدىغان بەڭۋاش، كۈلۈۋاتقىنىنى تېخى، — دېدى. كىچىك بايۋەچچە ئاپىسىنىڭ گېپىدىن ئىزا تارتقاندەك بولۇپ بېشىنى تېخىمۇ پەس قىلىۋالدى.

چيەن دارىن ئوغلىغا:

— ئوغلۇم، باراتنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىل جۇمۇ،

هاراق ـ شارابنى ھەرگىز ئىچمىگىن، — دېدى.
كىچىك بايۋەچچە «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ جىم تۇردى. ئۇنىڭغا قاراپ ئاتا ـ ئانىسى خۇش بولۇشتى. چۈنكى ئۇ ھازىرقى سۆھبەتتە زادىلا گەپ ياندۇرمىدى. بارات خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. چيەن دارىن ۋە دارىن خېنىم ئۇنى ئۇزىتىپ دەرۋازىغىچە كەلدى. لېكىن كىچىك بايۋەچچە ئۇزاتقىلى چىقمىدى. بارات مېڭىپ خېلى ئۇزىغاندىن كېيىن ئۇ ئىككىسى قايتىپ كىرىشتى.
ئەتىسى ئەتىگەندە كىچىك بايۋەچچە بىلەن بارات سېمىز يوغان ئات قوشۇلغان مەپىگە ئولتۇرۇپ يولغا چىقتى. مەپىنىڭ ئىچى خېلى چوڭ بولۇپ، بۇ مەپىنى چيەن دارىن بالا ـ چاقىلىرى بىلەن بىرەر يەرگە بارسا ئىشلىتىشكە ياساتقانىدى. شۇڭا بارات بىلەن كىچىك بايۋەچچە پۇت ـ قوللىرىنى سوزۇپ خېلى كەڭ ـ كۇشادە ئولتۇرۇشتى. ئات بىر خىل قەدەم بىلەن توختىماي ماڭدى. مەپە ناھىيە بازىرى تەۋەسىدىن چىقىپ ئېتىز ـ ئېرىقلارنى بويلاپ ماڭدى. بۇلار مەپىنىڭ دېرىزىسىدىن يىراق ـ يېقىنغا كۆز سېلىشقا باشلىدى. ئەتراپتىكى يېشىللىقلار ئۇلارنى خېلى جەلپ قىلدى. لېكىن ئۇزاق ماڭماي ئېتىز ـ ئېرىقلار تۈگەپ، چۆل ـ جەزىرىلەر باشلاندى. يولنىڭ جەنۇبىي تەرىپى ئېدىرلىق بولۇپ، بىر ـ بىرىگە مىنگەشكەن ئېدىرلار ئۇستىدىن يىراقتىكى تاغنىڭ قارلىق چوققىلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يولنىڭ شىمالى قۇملۇق، ئۇپۇققىچە سىدام سارغۇچ بولۇپ، يىراققا قارىغانسېرى بۇ چەكسىز چۆلدە كىشىنىڭ كۆزى تالاتتى.
بارات مەپىنىڭ ئىككى دېرىزىسىدىن ئەتراپقا تولا قاراپ زېرىككەندىن كېيىن، مەپىنىڭ يان تەرىپىگە يۆلىنىپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. تۈنۈگۈن چيەن دارىننىڭ ئۆيىدە كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئۆيلىنىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ كاللىسىغا غەلىتە خىيال كىرىۋالغانىدى. مانا ھازىرمۇ شۇنى ئويلاپ قېلىۋاتاتتى. جۇمە كۈنى ۋاڭ شىئېرنىڭ كىچىك بايۋەچچىدىن قورقۇپ

باراتنىڭ كەينىگە ئۆتتۈۋېلىپ، ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالغانلىقى، ئۇنىڭ قورقۇپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئاكىسى ۋاڭ مىڭئېرنىڭ كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئەدىپىنى بېرىپ قويىمەن دېگەنلىكى، گەرچە كىچىك بايۋەچچە مەنسەپدارنىڭ ئوغلى بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ شىئېر بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە زادىلا ماس كەلمەيدىغانلىقى، بولۇپمۇ بىرىنىڭ تەڭداشسىز گۈزەل، بىرىنىڭ ئەخلاقسىز، لۈكچەك ئىكەنلىكى ۋە بىرىنىڭ ئائىلىدە ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنىپ، بىرىنىڭ ھېلىغىچە شۆتاڭدىن قېچىپ يۈرگەنلىكىنى ئويلاپ ئۇ ئىككىسىنىڭ توي قىلىشىغا زادىلا كۆزى يەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ كىچىك بايۋەچچىگە ھەمراھ بولۇپ ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل تۇرۇشقا كېتىۋاتسىمۇ، شۆتاڭدىن قېچىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ بەڭۋاش ئۈرۈمچىدە زادى قانچىلىك چىداپ تۇرالايدۇ. بولۇپمۇ ئاپىسى ئۇنى «ئۆيلەپ قويساق تۈزۈلۈپ كېتەرمىكىن» دەپ قويسا خۇش بولۇپ كەتكەن بۇ بەڭۋاشنى ئۆزىمۇ ئۈرۈمچىدە قانچىلىك باشقۇرۇپ كېتەلەيدۇ. مەيدە يالغۇز ئىككىسىلا بولغانلىقى ئۈچۈن بارات بۇلارنى ئۇنىڭدىن سوراپ بۇ ئۇزاق يولدا ۋاقىتنى ئۆتكۈزگۈسى كەلدى:

— كىچىك بايۋەچچە، — دېدى بارات.

كىچىك بايۋەچچىمۇ چوڭقۇر خىيالغا چۆمگەنىدى. ئۇ باراتنىڭ سۆزى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك بىردەمدىن كېيىن ئېسىنى يىغىپ:

— ھە، — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى.

— كىچىك بايۋەچچە، سەندىن سوراپ باقسام بولامدۇ، ۋاڭ شىئېر سەندىن نېمىشقا قاچىدۇ، ھەتتا سېنى كۆرسە قورقۇپ كېتىدىكەنغۇ؟

— قايسى كۈنى مەسچىت ئالدىدا ساڭا دېدىمغۇ. توي قىلمىغان قىزلار تارتىنچاق، قورقۇنچاق كېلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ بولۇپ، بىر دەمدىن كېيىن يەنە قوشۇپ قويدى، — توي

قىلمىغان قىز ئەلۋەتتە ئۇنى ئالىمەن دېگەن يىگىتنى كۆرسە ھېيىقىپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ قاچىدۇ - دە.

ۋاڭ شىئېر دەك تالا كۆرمەي، يېزىدىن چىقماي چوڭ بولغان قىزلارنىڭ نېمىلا بولمىسۇن يات يىگىتلەرنى كۆرگەندە تارتىنىشى، قورقۇشى ئادەتتىكى ئىش بولسىمۇ، لېكىن مەسچىت ئالدىدا قورقۇپ كەتكەنلىكتىن باراتنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈۋېلىپ ئۇنىڭغا چىڭ يېپىشىۋالغانلىقى ئۇنىڭ يادىغا كەلدى. شۇڭا، ۋاڭ شىئېر ھازىرچە ئۇنىڭدىن قورقۇپ قېچىپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن مۇبادا توي بولۇپ قالسا قىزنىڭ مەيلىنىڭ قانچىلىك بولىدىغانلىقى بىر گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى بۇ تەرەپكە يۆتكەپ:

— كىچىك بايۋەچچە، سەن ئىلگىرى ۋاڭ شىئېرنى ئۇچرىتىپ باققانمىدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

كىچىك بايۋەچچە بۇ سوئالغا قىزىقىپ ئۆزىنى رۇسلاپ ئولتۇرۇپ:

— ماڭا قارا بارات، مەن بۇلتۇر دادام بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ۋاڭ شىئېرنى كۆرۈپ كۆزۈم چۈشۈپ ئۆزۈمنى تۇتالماي قالدىم. ئىلگىرى ئۇنى كىچىك چاغلىرىدا كۆرگەنىدىم. ئۇ چاغدا ئۇ كىچىكلا قىز ئىدى. ھازىر چوڭ بولۇپ، بىر پەرىزات بولۇپ كېتىپتۇ. مەن ئۇچراتقان ۋە كۆزۈم چۈشۈپ ئويناتقان قىزلار ئارىسىدا ئۇنچىلىك گۈزەل قىز يوق. شۇڭا بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قېلىپ، زادىلا يادىمدىن چىقىرالماي كەلدىم، — دېدى. بارات كۈلۈپ كېتىپ:

— دېمەك سەن بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولۇپ قاپسەن - دە، — دېدى.

— شۇنداق بولمايچۇ، ۋاڭ شىئېر بەك چىرايلىق، بەك چىرايلىق!

— كىچىك بايۋەچچە، ۋاڭ شىئېر سەندىن قاچىدىكەن ھەم

قورقىدىكەن، ئۇنداق تۇرسا ئۇ سەن بىلەن توي قىلىشقا ئۇنامدۇ؟
— ياق، ئۇ ماڭا هازىر ئۇنىمايدۇ، مەن ئاتا ـ ئانىلىرىمىزنىڭ كېلىشىپ تويىمىزنى قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇلتۇر ئۇلارنىڭ قورۇقىغا بېرىپ ئۇنى ئىزدىدىم، لېكىن ئۇ قېچىپ مۆكۈنۈۋالدى. ئۆتكەندە ئاكىسى چېگراغا بارىدىغان كۈنى ئۇنىمۇ ئاكىسىنى ئۇزاتقىلى ناھىيە بازىرىغا كېلىشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ، ئاغىنىلىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ بازاردا ئۇنى كۆرۈپ كەينىگە چۈشسەم، مەسچىت ئالدىدا يەنە مەندىن قېچىپ، سىنىڭ كەينىڭگە ئۆتۈۋالدى، — دېدى كىچىك بايۇەچچە ئۆكۈنگەندەك سۆزلەپ.
بارات ئۇنىڭ گېپىدىن ۋاڭ شىئېرغا ھەقىقەتەن كۆيۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ھېلىقىچە ئىككىسىنىڭ سۆزلىشەلمەي يۈرگىنىگە ئىچى ئاغرىپمۇ قالدى ھەم ۋاڭ شىئېرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشقا زادىلا كۆزى يەتمەيدىغانلىقىنىمۇ پەملىدى. گەرچە ۋاڭ بېگىمنىڭ بۇ تويغا شەخسەن ماقۇللۇق بىلدۈرۈپ بېشارەت بەرگەنلىكىنى، چيەن دارىن ۋە دارىن خېنىمنىڭ بۇ توينى قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلسىمۇ، لېكىن قىزنىڭ ئاكىسىنىڭ تېخى توي قىلمىغانلىقى بىر مەسىلە ئىدى. شۇڭا ئۇ گەپنى مۇشۇ يەرگە يۆتكەپ سورىدى:
— كىچىك بايۇەچچە، ۋاڭ مىڭئېر تېخى توي قىلمىغان تۇرسا، ئاكىسىنىڭ ئالدىدا سىڭلىسى توي قىلارمۇ؟
— ئۆتكەندە، — دېدى كىچىك بايۇەچچە، — ئەلچى بولۇپ بارغان جاڭ خېنىمغا ئۇلار «ئوغلىمىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ئاندىن جاۋاب بېرەيلى» دەپتىكەن. لېكىن هازىر ۋاڭ مىڭئېر يوق، دادىسى قوشۇلغان تۇرۇقلۇق سىڭلىسىنىڭ توينى قىلىۋەتسە ئاكىسى نېمە دېيەلەيتتى؟ مەنمۇ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ قوشۇلماسلىقىدىن ئەنسىرەيمەن، شۇڭا ئۇ چېگرىدىن قايتىپ كەلگىچە توينى قىلىۋېتەيلى، دەپ ئاپامغا دېگەنىدىم. لېكىن ئاپام

«ئەلچىدىن ئېنىق جاۋاب ئالغىلى، ئاندىن توي قىلىشقا تۇتۇش قىلىمىز» دەپ ئۇنىمايۋاتىدۇ.

بارات ئۇنىڭ ئەھۋالىغا ئىچى ئاغرىپ:

— كىچىك بايۋەچچە، ۋاڭ بېگىم دېگىنىنى قىلىدىغان جاھىل ئادەم. ئۇ ئۆزىنىڭ تويغا قوشۇلغانلىقىنى بىلدۈرۈپ بېشارەت بېرىپتۇ، بولمىدىمۇ؟ شۇڭا دادىڭ، ئاپاڭغا يەنە دېگىن، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، توينى قىلىۋەرسەك بولاتتى. دادام توينى ھازىر قىلىشقا ئۇنايدۇ. لېكىن ئاپام مېنىڭ ھاراق ئىچىۋالسام خاپىلىق تېرىيدىغان مىجەزىمنى بىلىپ، توي قىلغىچە مېنى ئۆيدىن نېرىراق تۇرسۇن دەپ شۆتاڭغا ماڭدۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭا ئىشەنمەي سېنى ماڭا قوشۇپ قويدى.

— كىچىك بايۋەچچە، قارىغاندا ئاپاڭنىڭ ئويلىغىنى توغرىدەك قىلىدۇ. سەن توي قىلىشقا مىڭ ئالدىرىغىنىڭ بىلەن قىز بىلەن تېخى رەسمىي كۆرۈشۈپ باقمىساڭ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاكىسىنىڭ قوشۇلمايدىغانلىقىغا كۆزۈڭ يېتىپتۇ. شۇڭا بۇ توي تېخى پىشمىغان تويكەن. ئەمدى سەن ئاتا - ئاناڭنى خاپا قىلماي شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇشۇڭنى ئوقۇپ تۇرساڭ، توينى ئاتا - ئانىلار ئۆزلىرى كېلىشىپ بىر تەرەپ قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنى دېمەمسەن، — دېدى كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، — مەن ئۇچۇن مۇھىم ئىش ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ھازىر بۇ يەردە يوقلۇقى. ۋاڭ بېگىم قوشۇلۇپ بېشارەت بېرىپ تۇرغاندا مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يەنە ئەلچى ئەۋەتىپ توييمىزنى قىلىۋەتسە بولاتتى.

بارات كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلۈۋاتىسەنغۇ؟

— مېنىڭچە، بۇ تويغا ئالدىرىمىساڭ بولغۇدەك، ئەگەر مۇنداق ئالدىرساڭ چاتاق چىقىدىغاندەك قىلىدۇ.

— قانداق دەيسەن؟

— مەنمۇ سەۋەبىنى ئېيتالمايمەن. لېكىن مېنىڭچە ئالدىرىساڭ زادىلا بولمايدۇ.

— ئەگەر ئالدىرىمىسام ۋاڭ شىئېرنى ھەرگىزمۇ ئالالمايمەن.

— ياق، ئالالىشىڭ مۇمكىن. پەقەت ئاپاڭ دېگەندەك ئالدىرىمىساڭلا بولىدۇ. چۈنكى سىلەر مەنسەپدار ھەم باي ئائىلە، بايلار بىلەن مەنسەپدارلار ھامان بىر- بىرى بىلەن چىقىشىپ كېتىدۇ، شۇڭا سەن چوقۇم ئالالايسەن.

كىچىك بايۋەچچە جىم بولۇپ قالدى. باراتىنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ ئىچى ئاغرىسىمۇ، لېكىن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ جۇمە كۈنى ئۇنىڭغا «مەن ھازىر سەپەرگە چىقىش ئالدىدا تۇرىمەن. ئۇنداق بولمىغاندا، كىچىك بايۋەچچىنىڭ دادىسىنىڭ قانچىلىك مەنسەپدار بولۇشىغا قارىماي تازا ئەدىپىنى بېرىپ قوياتتىم» دېگەن سۆزى خۇددى قۇلاق تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. ئۇ ۋاڭ مىڭئېرنىڭمۇ دادىسىغا ئوخشاش ھېچنېمىدىن يانمايدىغان جاھىل مىجەزىنى بىلەتتى.

## ئون يەتتىنچى باب

# تۇرداخۇننىڭ چېگرا سودىسىدىكى كارامىتى

كارۋان چۆچەككە يېتىپ كېلىپ سارايغا ئورۇنلاشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە تۇرداخۇن ھەمراھلىرىنى ئالماي، سودا ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئاتلىق باقتۇغا كەلدى. چېگرا سودىسى ھەر ئاينىڭ بەلگىلەنگەن كۈنلىرى مۇددەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان بولغاچقا، بۇگۈنكى سودا كۈنىگە ئۈلگۈرۈپ كەلگەن ھەر ئىككى دۆلەتنىڭ سودىگەرلىرى تاموژنا ئىشخانىسىدا كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۆزئارا تونۇشمايتتى، بەزىلىرى تونۇشاتتى. تۇرداخۇن چېگرا سودىسىغا پىششىق بولغانلىقتىن، ئۇنى تونۇيدىغانلارمۇ، تونۇمايدىغانلارمۇ ئىزدەيتتى. تاموژنا خادىملىرى ئۇنى ياخشى بىلەتتى. تۇرداخۇن كىشىلەر بىلەن ئوچاي چىقىشىپ كېتەلەيدىغان بولغاچقا، ئۇنىڭ تونۇشلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۇ ئىشخانىغا كىرىشى بىلەنلا ئۇنى تونۇيدىغانلار ئالدىغا كەلدى. ئۇلارغا قاراپ تونۇمايدىغانلارمۇ كېلىپ ئۇنى ئورنىۋېلىشتى. ئۇ روسىيىلىك تونۇش بىر سودىگەرگە:

— سەن نېمە ئېلىپ كەلدىڭ؟ — دېدى.

ئۇ ئەتراپتىكى سودىگەرلەرگە قاراپ:

— زاۋۇت ماللىرىدىن نېمە دېسەڭ شۇ بىزدە بار. بىزگە كېرىكى ئاشلىق، گۆرۈچ بولسا تېخىمۇ ياخشى، — دېدى.

تۇرداخۇن ناھايىتى خۇش بولدى. گەرچە بۇ قېتىم ئۆزى

گۇرۇچنى ئاز ئەكەلگەن بولسىمۇ، ۋاڭ مىڭئېرنىڭ گۇرۇچنى قوشقاندا يۈز ھارۋىغا يېقىن گۇرۇچ بار ئىدى. يول بويى دۆربىلجىن، چۆچەك قاتارلىق يەرلەردە گۇرۇچ قىس بولغاچقا ئوبدان ساتقىلى بولاتتى، لېكىن ئۇ چېگرىدا تېخىمۇ كۆپ پۇل قىلىشنى كۆزلەپ، ئۆزىنىڭ ۋە ۋاڭ مىڭئېرنىڭ گۇرۇچنى ساتقۇزمىغانىدى. ئەھۋال ھازىر دەل ئۇنىڭ ئۈمىد قىلغىنىدەك بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ:

— قارىغاندا، ھەممىڭلار ئاشلىق ئالىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى، سودىگەرلەر خۇش بولۇشۇپ، — گۇرۇچ ئالىمىز، ئاشلىق ئالىمىز، — دېيىشىپ كەتتى. ھېلىقى سودىگەر تۇرداخۇنغا يېقىن كېلىپ:

— تۇرداخۇن، ئەگەر مۇمكىن بولسا ئاشلىقىڭنى بىزگە سېتىپ بەر، ھازىر روسىيىدە قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقاچقا ئاشلىق بەك قىس، — دېدى.

تۇرداخۇن روسىيىدە قالايمىقانچىلىق بولۇۋاتقانلىقىنى خېلى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدى. دەل مۇشۇ كۈنلەردە سان پېتروبۇرگدا بولشېۋىكلار پەيدا بولۇپ، چار پادىشاھقا قارشى ئىش تاشلاپ نامايىش قىلىۋاتقاچقا، يېمەك - ئىچمەك ئىنتايىن قىس ئىدى. شۇڭا رۇس سودىگەرلىرى شەرقتىن ئاشلىق توشۇۋاتاتتى. تۇرداخۇن ئۇنىڭغا:

— سەن باشقىلارغا دەپ قوي، چۈشتىن كېيىن ئاشلىق ئېلىپ كېلىمەن، بىزگە زاۋۇت ماللىرى كېرەك، — دېدى.

ئۇ سودىگەر ئەتراپىدىكىلەرگە رۇسچە جىق بىر نېمىلەرنى دېدى. ئۇلار تۇرداخۇنغا قاراپ خۇش بولۇشتى. تۇرداخۇن ئۇلار ئارىسىدىن قىستىلىپ ئۆتۈپ ئىشخانىدىن چىقىپ، دەرۋازا ئالدىدا باغلاقلىق ئېتىغا مىنىپ چاپتۇرغان پېتى چۆچەك شەھىرىگە يول ئالدى. كارۋان چېگرا سودا كۈنىگە ۋاقتىدا ئۇلگۇرۇپ كېلىپ، سودا ئۇچۇرىنى ئىگىلىگەچكە، ماللارنىڭ تولۇق سېتىلىپ

كېتىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن تۇرداخۇن يولدا كېلىۋېتىپ دوستى نىكولاينىڭ ۋەتىنىگە قايتىش ئىشىنى خىيال قىلىپ قالدى. باقتۇ بىلەن چۆچەك ئارىلىقى يېرىم سائەتلىك يول ئىدى. ئۇ سارايغا كىرىپ كەلگەندە، ئۇنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغان ۋاڭ مىڭئىر بىلەن نىكولاي ئالدىغا كېلىپ ئۇنى ئاتتىن چۈشۈردى. ئۇلار نىكولاي چۈشكەن ئۆيگە كىرىشتى. ئۆيدە ماشا ئۈچ ئوغلى بىلەن ئولتۇراتتى. ھەممىسىنىڭ كۆزى تۇرداخۇندا ئىدى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ دېمىنى ئېلىۋېلىپ:

— مەن ھازىر باقتۇدىن كېلىشىم، سودا ئەھۋالى بىزگە ناھايىتى پايدىلىق ئىكەن، — دېدى.

— تۇرداخۇن ئاكا، مېنىڭ گۇرۇچۇم سېتىلامدىكەن؟ — دېدى ۋاڭ مىڭئىر.

— سىنىڭ گۇرۇچۇڭنىڭ سېتىلىپ بولۇشىدا گەپ يوق، سەن خاتىرجەم بول، ئۇنىڭدىن باشقا مەسلىھەتلىشىدىغان بىر ئىش بار، — دېدى ۋە نىكولايغا قاراپ قويدى.

ۋاڭ مىڭئىر ئىنتايىن خۇش بولۇپ، دادىسىنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەكەلگەن نۇرغۇن ماللىرىنىڭ بازىرى چىقىپ كەتسە، بۇنىڭدىن كېيىن تىجارەت قىلغۇسى كېلىپمۇ قالدى. تۇرداخۇن نىكولاي ئەر - خوتۇنغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— ئەگەر ماقۇل كۆرسەڭلار گېپىمنىڭ سىلەرگە پايدىسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى.

نىكولاي ھەيران بولۇپ ئاغزى ئېچىلىپ قالدى. لېكىن ماشا ئالدىرىماي:

— تۇرداخۇن، گېپىڭىزنى ئېنىق دەڭا، بىزگە پايدىسى بولىدىغان نېمە ئىشلار بار؟ — دېدى.

ئائىلىدە ئايال كىشى ئەر كىشىنىڭ ئىشلىرىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ، ھەتتا ئەرلەر ئويلاپ يېتەلمىگەن ئىشلارنى ئاياللار ئويلاپ يېتەلەيدۇ. ماشا ھازىر گەپنى ئاڭلاشقا

نىكولايدىنمۇ بەكرەك قىزىقىۋاتقاچقا، تۇرداخۇن ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا:

— ماشا سىڭلىم، سىز نىكولايغا قارىغاندا ئەقىللىق جۇمۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى. نىكولاي ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

تۇرداخۇن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ماشا، مېنىڭ گېپىمگە سىزلا قوشۇلسىڭىز نىكولاي چوقۇم ئۇنايدۇ، — دېدى.

— راست دەيسىز، — دېدى ماشا، — مەن قوشۇلغان ئىشقا نىكولاي چوقۇم قوشۇلىدۇ، — ئۇ شۇنداق دەپ نىكولايغا قاراپ يەنە داۋام قىلدى، — بىز ئىككىمىز ئىنتايىن ئىناق ئۆتۈمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ گېپىنى يىرمايمىز.

نىكولاينىڭ ئۈچ ئوغلى ئاپىسىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار ئادەتتە ئاپىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى. ماشا يەنە:

— تۇرداخۇن، بىز روسىيىدىن كېلىپ جۇڭگودا ئەڭ دەسلەپ تونۇشقان ھەم ھېلىغىچە قويۇق مۇناسىۋەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم سىلەر بولدۇڭلار، شۇڭا سىلەرنى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك كۆرىمىز. گەرچە مەن هازىر ۋەتىنىمگە كېتىۋاتسامۇ، ئايخان كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ، يېقىن دوستۇمدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن. لېكىن مۇشۇ ئۈچ ئوغلۇم ئۈچۈن كېتىۋاتىمەن. بىز جۇڭگوغا خېلى ئۆگىنىپ قالغان، تۇرمۇشىمىزمۇ خېلى ياخشى ئۆتكەندى، قېنى، مەسلىھەتىڭىزنى ئاڭلايلى، — دېدى.

— ھەببەللى! — دېدى تۇرداخۇن ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ، — مەن سىلەرنىڭ باي بولۇپ تېخىمۇ ياخشى كۈن كەچۈرۈشىڭلار ئۈچۈن سىلەرگە مەسلىھەت بەرمەكچىمەن.

نىكولاي ئۇنىڭغا چاقچاق قىلغاندەك:

— تۇرداخۇن، گېپىڭنى دېگىنە، بىز دېھقانلار باي بولالارمىزمۇ؟ — دېدى.

— قېنى دەڭا، — دېدى ماشا.

— هازىر روسىيىدە ئاشلىق ناهايىتى قىسكەن، بولۇپمۇ گۆرۈچ بەك قىسكەن. شۇڭا سىلەر بىزدىن گۆرۈچ ئېلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتسەڭلار، روسىيىگە ئاپىرىپ سېتىپ پايدىسىنى كۆرمەمسىلەر.

نىكولاي كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ۋاي... ۋۇي تۇرداخۇن. مەن تىجارەت قىلالامدىم؟ مەن دېگەن بىر تۇگمەنچى، دېھقان هەم تۇگمەنچىنىڭ بالىسى، يۇرتۇمغا بارسامۇ تۇگمەنچىلىك قىلىمەن ياكى يەر تېرىيمەن، — دېدى.

— دوستۇم، — دېدى تۇرداخۇن ئۇنىڭ دولىسىغا بىرنى قېقىپ، — قىلىمەن دېگەن ئىشقا ئالدى بىلەن تەۋەككۇل قىلىش كېرەك، بىز مۇسۇلمانلاردا «خۇدا تەۋەككۇل قىلغۇچىنى ياخشى كۆرىدۇ» دېگەن گەپ بار.

— تۇرداخۇن، مەن مۇسۇلمان ئەمەس، مەن دېگەن بىر خرىستىئان.

تۇرداخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— مەيلى مۇسۇلمان بول، خرىستىئان بول ياكى باشقا دىندا بول، ئاللا بىر. شۇڭا ئاللا دەپ تەۋەككۇل قىلساڭلا بولىدۇ. روسىيىدە هازىر ئاشلىق قىسكەن، پەقەت سەن بىزدىن گۆرۈچنى ئېلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتسەڭلا بولدى، — دېدى.

نىكولاي ماشاغا قارىدى، ماشا:

— تۇرداخۇن، گېپىڭىز ئورۇنلۇقتەك قىلىدۇ، لېكىن بىز گۆرۈچنى ئېلىپ كەتسەك روسىيىدە ساتالارمىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سىلەر گۆرۈچنى سېتىشتىن خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەردىن ئاشقان گۆرۈچنى باشقا سودىگەرلەرگە ساتىمىز. ئۇلار نەگە ئاپىرىپ ساتسا، سىلەرمۇ شۇ يەرگە ئاپىرىپ ساتامسىلەر.

ماشا بىلەن نىكولاي بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ بالىلىرىمۇ «قانداق قىلىسىلەر» دېگەندەك قىلىپ قارىشىپ تۇراتتى.

ماشا ئاستا بۇرۇلۇپ تۇرداخۇنغا قاراپ:

— تۇرداخۇن، بوپتۇ، سىز دېگەندەك «خۇدا» دەپ تەۋەككۇل قىلىپ باقايلى، — دېدى.

لېكىن نىكولاي «ماشا» دەپ ئۇنىڭغا قارىدى.

ئۇنىڭ قارىشىدىن ئىككىلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. لېكىن ماشا:

— نىكولاي، قورقمايلى، بىزمۇ تەۋەككۇل قىلىپ باقايلى. تۇرداخۇن بىزگە توغرا مەسلىھەت بېرىۋاتقاندەك قىلىدۇ. لېكىن بىز زادىلا تىجارەت قىلىپ باقمىغان، — دېدى.

تۇرداخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— مېنىڭچە، ھەرگىز ئىككىلەنمەڭلەر، ئاشلىق قىس يەردە ئاشلىقنىڭ بازىرى چوقۇم چىقىدۇ، بۇنى ئويلاپ بېقىڭلار، — دېدى.

نىكولاي بىلەن ماشا يەنە قارىشىپ قالدى. ماشا جاۋاب بەرگىچە نىكولاي ئالدىراپ:

— تۇرداخۇن، بولىدۇ، سەن دېگەندەك گۈرۈچنى ئالدۇق، — دېدى. ماشا كۈلۈمسىرەپ:

— بولىدۇ، بىزمۇ تەۋەككۇل قىلىپ باقايلى، — دېدى.

ئەمدى بۇ ئۈچى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈپ كېتىشتى. ۋاڭ مىڭئېر گۈرۈچنىڭ تولۇق سېتىلىپ بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ:

— تۇرداخۇن ئاكا، گۈرۈچلىرىمىز تېزلا سېتىلىپ بولىدىغان بولدى - دە، — دېدى.

تۇرداخۇن ئۇنىڭغا قاراپ:

— سەن ئالدىرىمىغىن، بىز يەنە مۇشۇ چۆچەكنىڭ ئۆزىدىلا

بۇغداي ئېلىپ رۇسلارغا ساتىمىز، — دېدى.
ۋاڭ مىڭئېر ھەيران بولۇپ:
— تۇرداخۇن ئاكا، سىز بەكمۇ تەۋەككۇلچى ئىكەنسىز، مەن تېخى بۇ گۇرۇچلىرىمىزدىن ئەنسىرەپ تۇرسام، سىز يەنە چۆچەكتىن بۇغداي ئېلىپ رۇسلارغا ساتىمىز دەيسىزغۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق، بىز چوقۇم شۇنداق قىلىشىمىز كېرەك. خۇدا بىزگە بۇ قېتىم ئامەت ئاتا قىلىدۇ.
لېكىن ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىشەنچ قىلالماي:
— تۇرداخۇن ئاكا، گېپىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىمغۇ، — دېدى.
— ھەي ئەخمەق، — دېدى تۇرداخۇن كۈلۈمسىرەپ، — چۈشەنمەيدىغان نېمىسى بار. داداڭنىڭ ساڭا بەرگەن يۈز سەر ئالتۇنى بار. بىز ھازىر نىكولايغا ئەللىك سەر ئالتۇنلۇق گۇرۇچ بېرىمىز. مۇشۇ بىر يۈز ئەللىك سەر ئالتۇنغا بىر قىسىم ئادەملىرىڭنى باشلاپ بېرىپ چۆچەك شەھىرىدىكى بارلىق رەۋەندىلەرنى تېپىپ بۇغداي يىغىسەن ھەم بىر قىسىم پۇلغا يېڭى تاغار ئېلىپ يىغقان بۇغدايلارنى ئاشۇ تاغارلارغا قاچىلاپ تەييار قىلىسەن. مەن دەرھال نىكولاي بىلەن بىز ئېلىپ كەلگەن گۇرۇچ ۋە باشقا ماللىرىمىزنى باقتۇغا ئېلىپ بېرىپ چۈشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن ھارۋىلارنى دەرھال ماڭدۇرۇۋېتىمەن. سەن يىغقان بۇغدايلارنى ھارۋىلارغا بېسىپ كەينىمدىن باقتۇغا كېلىسەن. دېمەك بىز ئۆزىمىز ئېلىپ كەلگەن مال ۋە چۆچەكتىن ئالغان بۇغداينىڭ ھەممىسىنى رۇسلارغا ئۆتكۈزىمىز.
ماشا كۈلۈپ كېتىپ:
— تۇرداخۇن، سىز راستلا قورقماس تەۋەككۈلچى ئىكەنسىز، — دېدى.
— ئەھۋال شۇنداق تۇرسا، ھازىر روسىيىدە ئاشلىق قىس،

بىزدە بولسا ئاشلىق، چارۋا مەھسۇلاتلىرى كۆپ، بىز بۇ قېتىم سەپەردە مۇشۇنداق ياخشى پۇرسەتكە توغرا كېلىپ قاپتۇق. بۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەيلى.

ھەممەيلەننىڭ بۇ سودىغا ئىشەنچىسى ئېشىپ، بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈمسىرەشتى. شۇڭا ۋاڭ مىڭئېر قويىنىنى ئاختۇرۇپ بىر خالتىنى چىقىرىپ تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا قويدى. ئۇنىڭغا قاراپ ماشامۇ سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، ئىككى تۇگۇنچەكنى ئېلىپ:

— تۇرداخۇن، مانا، — دېدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ، — بۇ سىز بىزنىڭ تۇگمەننى سېتىۋالغاندا بەرگەن ئون سەر ئالتۇن، ماۋۇ بولسا، — دېدى ئۇ چوڭراق تۇگۇنچەكنى قويۇپ، — بىزنىڭ تاپقان تەڭگە - يارماق پۇللىرىمىزنى ئالماشتۇرغان ھەم ئۆزىمىزنىڭ يىغقان ئالتۇنى بولۇپ جەمئىي قىرىق سەر ئالتۇن، سانىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

تۇرداخۇن ئالدىدىكى ئۈچ تۇگۇنچەك ئالتۇنغا قاراپ ۋاڭ مىڭئېرغا:

— ۋاڭ مىڭئېر، بىز سەپەرگە چىققاندا داداڭ ساڭا «تۇرداخۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىل» دېگەنىدى، شۇڭا سەن ھازىر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىشىڭ كېرەك. بۇ ئالتۇنلارنى ھازىرلا قولۇڭغا ئال. بىر بۆلەك ئادەملىرىڭنى ئېلىپ بازارغا كىرىپ رەۋەندىلەرنى تېپىپ، باھانى ئانچە كۆپ سۈرۈشتۈرمەيلا مۇۋاپىق باھادا ئالغىن، ئاشلىقتىن قانچە كۆپ ئالساڭ شۇنچە ئەرزان بېرىدۇ، — دېدى. ۋاڭ مىڭئېر ئالدىدىكى ئالتۇنلارغا قاراپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىككىلىنىۋاتقانلىقىنى بىلگەن تۇرداخۇن:

— ۋاڭ مىڭئېر، يەنە نېمىگە ئىككىلىنىپ تۇرىسەن، بۇ ئالتۇنلارنى قولۇڭغا ئالمامسەن، داداڭنىڭ ساڭا تاپىلىغىنى بويىچە ئېيتقاندا، مەن نېمە دېسەم شۇنى قىلىشىڭ كېرەك، —

دېدى.
ۋاڭ مىڭئېر تۇرداخۇنغا بىر قاراپ قويۇپ، ئاندىن ئالتۇنلارنى ئېلىپ قويىنىغا سېلىشقا باشلىدى. تۇرداخۇن يەنە:
— قورقمىغىن، سودىدا قورقمىغان ئادەم بېيىيدۇ. سېنىڭ بىرىنچى قېتىملىق تىجارىتىڭ ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولۇۋاتىدۇ. تېخى تۇنجى سودىدا زىيان تارتىدىغانلارمۇ كۆپ، سېنىڭ گۇرۇچلىرىڭ سېتىلىپ بولدى ھەم داداڭ بەرگەن يۈز سەر ئالتۇننىمۇ يولىدا خەجلەپ، ئەكەلگەن ماللىرىڭدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق دۇنيا بىلەن داداڭنىڭ ئالدىغا بارىدىغان بولدۇڭ، — دېدى ۋە داۋام قىلدى، — ھازىرلا ئادەملىرىڭنى باشلاپ بېرىپ بۇغداي يىغىشقا باشلىغىن، ھەرگىز كېچىكمە. سودىدا كېچىككەن ئادەم پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. مانا مەن بۇگۈن ئەتىگەندىلا باقتۇ تاموژنىسىدىن بۇ ئۇچۇرنى ئىگىلىدىم. ئەگەر باشقا سودىگەرلەر بىزدىن بۇرۇن باقتۇغا بۇغداي ئاپىرىۋالسا بىز پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويىمىز.
ۋاڭ مىڭئېر خۇددى جەڭچى ۋەزىپە قوبۇل قىلىپ ماڭغاندەك روھلۇق ھالدا ئۆيدىن چىقتى. ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ماشا جىم بولۇپ قالدى. تۇرداخۇن كۈلۈمسىرەپ:
— ماشا، — دېدى، ماشا چۆچۈگەندەك ئۇنىڭغا قارىدى. نىكولايمۇ تۇرداخۇنغا قارىدى، ئۇ — ماشا، سىلەر بىزدىن گۇرۇچ ئېلىپ ۋەتىنىڭلارغا كېتىدىغان بولدۇڭلار، لېكىن ھېلىغىچە گۇرۇچنىڭ باھاسى توغرۇلۇق گەپ - سۆز قىلىشمىدۇق. ماشا، سىز مۇشۇنى ئويلاپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى.
— ياق، — دېدى ماشا ئۇنىڭغا قاراپ، — سىز بىزنى تىجارەت قىلىشقا دەۋەت قىلىۋاتىسىز ھەم بىزنى زىيان تارتقۇزمايسىز. لېكىن ئىلگىرى زادىلا قىلىپ باقمىغان تىجارەتكە ئۇشتۇمتۇت تەۋەككۇل قىلىۋاتقىنىمىزغا ھەيران بولۇۋاتىمەن.
تۇرداخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— راست دەيسىز ماشا، ئىلگىرى قىلىپ باقمىغان ئىشنى قىلغاندا ئادەمنىڭ كۆزى قورقىدۇ. لېكىن بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى، — دېدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، بالىلىرىمۇ كۈلۈشتى.

— تۇرداخۇن، قارىغاندا تىجارەت دېگەننى قىلسا بولىدىغان ئوخشايدۇ، مەن ساڭا ھازىر قايىل بولۇۋاتىمەن. سەن يەنە ۋاڭ مىڭئېرغا بىر يۈز ئەللىك سەر ئالتۇنلۇق بۇغداي ئالدۇرۇپ ساتماقچى بولۇۋاتىسەن. ئەگەر بىز تىجارەت قىلىپ سېنىڭدەك مۇشۇنداق قىلالىساق راۋۇرۇس بېيىپ قالىدىغان ئوخشايمىز، — دېدى نىكولاي.

— نىكولاي، تاپقان - تەرگىنىمىزگە گۇرۇچ ئېلىپ بولۇپ ئەمدى ماڭا غەيرەت كېلىۋاتىدۇ. تۇرداخۇن دېگەندەك چېگرىدىن ئۆتۈپ، باشقا سودىگەرلەر نەگە بارسا بىزمۇ شۇ يەرگە بېرىپ ساتايلى. بىزمۇ تىجارەت قىلىشنى ئۆگىنەيلى، — دېدى ماشا.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. تۇرداخۇن يەنە:

— بايا دېگەن گېپىمگە كەلسەم، گۇرۇچ باھاسى توغرۇلۇق تېخى گەپ قىلىشمىدۇق. ھازىرچە بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلىشمايلى، بىر دەمدىن كېيىن باقتۇغا بېرىپ، رۇس سودىگەرلىرى بىلەن باھادا كېلىشكەندىن كېيىن ئاندىن سىلەرگىمۇ شۇ باھادا ياكى سەل ئەرزان بېرىمەن، — دېدى.

ماشا بىلەن نىكولاي تەڭلا «بولىدۇ» دېدى.

— ئۇنداقتا، — دېدى تۇرداخۇن ئورنىدىن قوزغىلىپ، — بىز ھازىرلا ماللارنى ئېلىپ باقتۇغا ماڭايلى، — شۇ گەپتىن كېيىن ھەممىسى بىللە ئۆيدىن چىقىشتى.

ئۇلار چۇشكە يېقىن باقتۇغا يېتىپ كېلىپ ماللارنى چۇشۇرۇپ جايلاشتۇرۇپ، ھارۋىلارنى توختىتاي دەرھال چۆچەككە ماڭدۇرۇۋەتتى. تۇرداخۇن تاموژنا ئىشخانىسىغا مېڭىش ئالدىدا ماشاغا:

— سىڭلىم، سىز بالىلىرىڭىز بىلەن مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن نىكولاي بىلەن تاموژنا ئىشخانىسىغا كىرىپ چىقاي، — دېدى ۋە نىكولايغا ئەسكەرتتى، — تاموژنا ئىشخانىسىدا رۇس سودىگەرلىرى سېنى كۆرۈپ سېنىڭ بىلەن پاراڭلىشىدۇ. سەن بالا - چاقىلىرىڭ بىلەن جۇڭگودا ئون يىل تۇرغانلىقىڭنى دېمەي، ئۆزۈڭنى روسىيىلىك سودىگەر دەپ تونۇشتۇرغىن. مەن بىلەن باشقا رۇس سودىگەرلىرىگە ئوخشاش گۆرۈچ باھاسىنى تالاشقىن. مەن گۆرۈچ باھاسىنى بېكىتكەندىن كېيىن ساڭا ئۇنىڭدىن ئەرزان باھادا بېرىمەن.

نىكولاي بىلەن ماشا بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. نىكولاي ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويۇپ:

— تۇرداخۇن، قارىغاندا خۇدا نېسىپ قىلسا مەنمۇ سەندىن ئۆگىنىپ سودىگەر بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى.

— تېخى يول ئالدىڭدا، — دېدى تۇرداخۇن، — سەن سودىنى ئەمدى باشلاۋاتىسەن، ئەگەر پايدا كۆرۈپ قالساڭ مەندىنمۇ ئېشىپ كېتەمسەن تېخى. — ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

— كەتتۇق ئەمىسە، — تۇرداخۇن نىكولاينى باشلاپ تاموژنا ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ماشا ئۈچ ئوغلى بىلەن ماللارنىڭ يېنىدا قالدى. تۇرداخۇن ماڭغاچ نىكولايغا بىر نېمىلەرنى دېدى، نىكولاي «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار تاموژنا ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ كىرىشى بىلەن تۇرداخۇننى ساقلاپ تۇرغان رۇس سودىگەرلىرى ئۇنى ئورىۋېلىپ، نىكولاينىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى، ئۇ تۇرداخۇندىن خېلى نېرىدا قالدى. تۇرداخۇنغا يېقىنلىشىشقا شۇنچە كۈچىسىمۇ، ئۇنىڭ يېنىغا زادىلا يېقىنلىشالمىدى. ئەمما ئۇ رۇس سودىگەرلىرىنىڭ ئاشلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى پەملەپ، ئۆزىنىڭ ئېلىپ بارىدىغان گۆرۈچىنىڭ پۇل بولىدىغانلىقىغا

ئىشەنچىسى ئېشىپ خۇش بولدى. سودىگەرلەر تۇرداخۇندىن «قېنى گۇرۇچۇڭ، قېنى ئاشلىقىڭ» دەپ كەينى - كەينىدىن سوراپ كېتىشتى. تۇرداخۇن ناھايىتى خاتىرجەم ھالدا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەندە تېخى بۇغدايمۇ بار، — دېدى. سودىگەرلەر تېخىمۇ خۇش بولۇشۇپ، «بۇغداي بولسىمۇ ئالىمىز» دېيىشىپ كەتتى. تۇرداخۇن يېنىغا قارىدى، يېنىدا نىكولاي يوق ئىدى. نېرىدا تۇرغان نىكولاي ئۇنىڭ ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلىپ بايا ئىككىسىنىڭ دېيىشكەن گەپلىرى يادىغا كەلدى - دە، ئالدىدىكىلەرنى ئىتتىرىپ بۆسۈپ ئۆتۈپ تۇرداخۇنغا:

— ھەي سودىگەر، قېنى گۇرۇچ، بۇغدايلىرىڭنىڭ باھاسىنى دېمەمسەن، — دېدى. تۇرداخۇن ئۇنىڭغا ھەم باشقىلارغا قاراپ قويۇپ:

— گۇرۇچنىڭ قادىقىنى بەش رۇبلى، بۇغداينىڭ قادىقىنى ئۈچ رۇبلى قىممىتىدە زاۋۇت ماللىرىغا تېگىشىمەن، — دېدى. سودىگەرلەر باھانى قىممەت كۆرۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئالدىدا تۇرغان بىر سودىگەر ئاچچىقى كەلگەندەك بولۇپ:

— ھەي مۇسۇلمان سودىگەر، سەندە ئىنساپ دېگەن نەرسە بارمۇ؟ روسىيىدە ھازىر ئاشلىققا ئەڭ موھتاج بولۇۋاتقانلار ئاۋام خەلق، كەمبەغەللەر. بايلاردا ئاشلىق جىق، بايلار بىزنىڭ ئېلىپ بارغان ئاشلىقىمىزنى ھەرگىز ئالمايدۇ، ئۇنى ئىشچىلار، شەھەر كەمبەغەللىرى، ھەتتا دېھقانلارمۇ ئالىدۇ، — دېدى.

— ئەمىسە، — دېدى تۇرداخۇن ئۇنىڭغا قاراپ، — سەن قانچىگە ئالىسەن؟

ھېلىقى سودىگەر ئەتراپىدىكىلەرگە قاراپ دېدى:

— گۇرۇچ ئىككى رۇبلى، بۇغداي ئەللىك كوپىك بولسۇن. تۇرداخۇن ئۇنى مەنسىتمىگەندەك ھىجىيىپ قويۇپ جىم

بولدى. نىكولاي تۇرداخۇن بىلەن دېيىشكەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ يەنە:

— ھەي سودىگەر، گۇرۇچ ئىككى يېرىم رۇبلى، بۇغداي بىر رۇبلى بولسۇن، — دېدى.

تۇرداخۇن گەپ قىلماي جىم بولۇپ قالدى. باشقا رۇس سودىگەرلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ كەتتى، بىر چاغدا ئارىدىن بىرى نىكولايغا:

— ھەي، سەن باھانى مۇنداق قويساڭ بىز قانداق قىلىمىز؟ سەن ئالغان ئاشلىقنى بىزمۇ ئېلىشىمىز كېرەك، — دېدى.

نىكولاي دېگەن باھا مۇۋاپىقتەك بولسىمۇ، باشقا سودىگەرلەر ھەممە ئاشلىقنى ئۇنىڭ ئېلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ قالغانىدى. شۇڭا نىكولاي:

— ئۇنداقتا سەنمۇ بىر نېمە دېمەمسەن، — دېدى.

ئۇ دەسلەپ باھا قويغان سودىگەرنى كۆرسىتىپ:

— بۇنىڭ دېگىنى ناھايىتى مۇۋاپىق باھا ئىدى. ھەي سودىگەر، روسىيىدە ھازىر خەلق ئاچ قېلىۋاتىدۇ، — دېدى.

تۇرداخۇن كۈلۈپ كېتىپ:

— سودا دېگەندە رەھىم - شەپقەت بولمايدۇ، لېكىن مەن سىلەرگە رەھىم - شەپقەت قىلاي. گۇرۇچ ئىككى رۇبلى يىگىرمە بەش كوپېك، بۇغداي يەتمىش بەش كوپېك بولسۇن، — دېدى.

سودىگەرلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ پىچىرلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى كۈلۈمسىرەشتى، قارىغاندا تۇرداخۇننىڭ قويغان باھاسىنى مۇۋاپىق كۆرۈشكەندەك قىلاتتى. شۇڭا ھېلىقى سودىگەر تۇرداخۇنغا:

— ئۇنداق بولسا، سىنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن، شۇ قىممەتتە زاۋۇت ماللىرىغا ئالماشتۇرىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى تۇرداخۇن. ھېلىغىچە رۇس

سودىگەرلىرىنىڭ بىرەرسىمۇ «يۇڭ - تېرە ئالىمىز» دېمىگەندى. ئۇنىڭ يېرىم پىششىقلاپ ئىشلەنگەن ئوتتۇز ھارۋا يۇڭ - تېرىسى بار ئىدى، شۇڭا ئۇلارنىڭ سېتىلىشىدىن ئەنسىرىگەن تۇرداخۇن:

— سودىگەرلەر، ماڭا قاراڭلار، — دېدى. سودىگەرلەر ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قاراشتى. لېكىن ئۇ گېپىنى دەرھال دېيەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. چۈنكى ئۇ گېپىنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەيۋاتاتتى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى سودىگەرلەر تەقەززالىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىشتى. بىر چاغدا ئۇ:

— مېنىڭ يەنە ئوتتۇز ھارۋا يېرىم پىششىقلاپ ئىشلىگەن يۇڭ - تېرەم بار، گۈرۈچ ئالغان سودىگەرلەرگە قوشۇپ ساتىمەن. بولمىسا گۈرۈچنىڭ باھاسى مەن دەسلەپتە دېگەندەك بەش رۇبلى بولىدۇ، — دېدى.

سودىگەرلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ جىددىي پىچىرلىشىپ كەتتى. بەزىلىرى تۇرداخۇنغا ھەيران بولۇپ قارايتتى، بەزىلىرى غەزەپ بىلەن قارايتتى. ئارىدىن بىرى چىقىپ:

— بولىدۇ، يۇڭ - تېرەڭنى مەن ئالدىم. لېكىن ھەممە گۈرۈچىڭنى مەن ئالىمەن، — دېدى.

تۇرداخۇن نىكولايغا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن ئۇنىڭغا:

— گۈرۈچنىڭ بىر قىسمىنى ئالىلقاچان يولدىلا سېتىپ بولغان. قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى ساڭا بېرىمەن، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ سودىگەر.

باشقا سودىگەرلەر يەنە پىچىرلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن باشقا بىرسى چىقىپ ئۇنىڭ گېپىنى بۇزۇۋېتەلمىگەچكە، بىردەمدىلا بېسىقىپ قالدى. قارىغاندا باشقا سودىگەرلەرنىڭ ئەكەلگەن مېلى ئۇنىڭكىچىلىك كۆپ بولمىسا كېرەك. ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن بەسلىشەلىگۈدەك بىرەرسى بولۇپ، ئۇنىڭ سودىسىنى بۇزۇۋېتەلىسە، چوقۇم زور پايدىغا ئىگە بولاتتى.

تاموژنا ئىشخانىسىدا پۈتۈشكەن باھا بويىچە تۇرداخۇن بىلەن

ۋاڭ مىڭئېرنىــــڭ گۇرۇچ، يۇڭ - تېرىلـــــرى ۋە چۆچەك شەھىرىدىن بۇگۇن يىغىپ كەلگەن بوغدايلىرى پۈتۈنلەي سېتىلىپ بولدى. تۇرداخۇن نىكولايغا گۇرۇچنى ئىككى رۇبلىدىن بەردى. بۇ قېتىم تۇرداخۇن بىلەن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئەكەلگەن ماللىرى رۇس سودىگەرلىرى ئەكەلگەن زاۋۇت ماللىرىنىڭ ھەممىسىنى تېگىشىۋېلىشقا يەتتى.

ئەتىسى تۇرداخۇن بىلەن ۋاڭ مىڭئېر نىكولاينى ئۇزىتىپ قويۇش ئۈچۈن چېگرا ئېغىزىغا كەلدى. نىــــكولاي تاموژنا ئىشخانىسىدا چېگرىدىن ئۆتۈش رەسمىيەتلىرىنى ئۆتەپ بولۇپ، جۇڭگو چېگرىسىدىن چىقىش دەرۋازىسىغا كەلدى. دەرۋازا ئالدىدا ماشا، بالىلىرى ۋە تۇرداخۇن، ۋاڭ مىڭئېر ئۇنــــى ساقلاپ تۇرغانىدى. نىكولاينىڭ كېلىشى بىلەن ماشا يىغلاپ كەتتــى.

تۇرداخۇن دەرۋازىدىن روسىيە تەرەپكە قاراپ:

— نېمىشقا يىغلايسىز سىڭلىم؟ سۆيۈملۈك ۋەتىنىڭىزگە خۇشاللىق بىلەن كېتىڭ، — دېدى.

ئىككى - ئۈچ يۈز مېتىر نېرىدا روسىيە چېگراسىنىــڭ دەرۋازىسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۇرداخۇن ماشانىڭ يېنىغا كەلدى، ماشا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرداخۇننىڭ مەيدىسىگە بېشىنى قويۇپ:

— تۇرداخۇن ئاكا، بىز ئەمدى كۆرۈشەلمەيمىز. بىز سىلەر بىلەن ناھايىتى ئىناق ئۆتكەن، ئايخان بىلەن ئاچا - سىڭىل بولۇشقان، مانا ھازىر سىلەردىن ئايرىلىش ئالدىدا تۇرىمىــز، لېكىن سىلەردىن ئايرىلغۇم كەلمەي كۆڭلۈم بۇزۇلىۋاتىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى تۇرداخۇن ئۇنىڭ ئالتۇندەك سېرىق چاچلىرىنى سىلاپ، — بىزمۇ سىلەرنى ئۇنتۇيالمايمىز. دائىم سىلەرنى ئەسلەپ تۇرىمىز.

نىكولاي كېلىپ تۇرداخۇن بىلەن قۇچاقلاشتى. تۇرداخۇن

ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىنى سۆيۈپ قويدى. ۋالى مىخئىرمۇ نىكولاي بىلەن قۇچاقلاشتى. نىكولاي:

— تۇرداخۇن، ۋالى مىخئىر، خوش ئەمىسە، — دەپ دەرۋازىغا كىرىپ كەتتى. ئۇلار روسىيە چېگراسىنىڭ دەرۋازىسىغا بارغىچە پىيادە مېڭىشتى، يول بويى كەينىگە بۇرۇلۇپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلىشىپ ماڭدى.

## ئون سەككىزىنچى باب

# ۋاڭ مىڭئېرنىڭ تۇرداخۇننىڭ گېپىنى ئاڭلىمغانلىقى

تۇرداخۇننىڭ بۇ قېتىمقى چېگرا سودىسىدا ئامىتى كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋە ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ماللىرىنى سېتىپ بولۇپ، يەنە چۆچەكتىن بۇغداي ئېلىپ رۇس سودىگەرلىرىگە ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ زاۋۇت ماللىرىغا ئالماشتۇردى، ئۆزلىرىنىڭ هارۋىلىرى يېتىشمەي، يەنە نۇرغۇن هارۋا كىرا قىلغاچقا، قايتىشىدا كارۋان ئۇزۇن سەپ تارتىپ، چەكسىز كەتكەن قۇربان توڭغۇت چۆللۈكىدە ئايىغى ئۈزۈلمەي ئالغا ئىلگىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. هازىر كۈز كىرىپ قالغانلىقى، هاۋا بەكمۇ ئىسسىق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئاتلارمۇ خېلى چاپسان ماڭاتتى. كۈن قىسقىراپ قالغاچقا، هارۋىكەشلەر قامچا سېلىپ ئاتلارنى چاپسانراق مېڭىشقا مەجبۇرلايتتى. قۇياش پەسىيىپ تاغ ئۈستىگە يېقىنلاپ قالدى. قۇياش پېتىپ كەتسىلا، بۇ چەكسىز چۆلدە ئاسانلا قاراڭغۇ چۈشۈپ، كېچىدە چۆللۈك تېخىمۇ قاراڭغۇ، تىپتىنچ ھەم قورقۇنچلۇق، سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. كارۋان چۆلدىن چىقىپ ئېدىرلارغا يېقىنلاشقانسېرى تۇرداخۇن غەم قىلىشقا باشلىدى. ئالدىنقى قېتىمدىمۇ مۇشۇ ئېدىرلارنى بويلاپ كېتىۋاتقاندا تۇيۇقسىز باندىتلار پەيدا بولۇپ، كارۋانلار بۇلاڭ ـ تالاڭغا ئۇچرىغانىدى. باندىتلار بەزىدە ئېدىرلار باشلىنىش بىلەن، بەزىدە ئېدىرلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، بەزىدە ئېدىرلار ئاخىرلىشىپ

قالغاندا جىرا ئىچىدىن تۈيۈقسىز چىقىپ قالاتتى. شۇڭا ئالدىنئالا باندىتلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن چارە ئويلاپ قويۇشقا توغرا كېلەتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئالدىنقى قېتىمدا كارۋان سېپى قىسقا ئىدى. لېكىن بۇ قېتىم كارۋان سېپى ناھايىتى ئۇزۇن، شۇنچىۋالا ئۇزۇن كارۋان سېپىنى ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك چارە بىلەن باندىتلارنى ئالداپ، ئامان - ئېسەن ئۆتكۈزۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

تۇرداخۇن يېنىدا بىللە كېتىۋاتقان ۋاڭ مىڭئېرغا:

— ۋاڭ مىڭئېر، سەپىرىمىزنىڭ ئۇزۇنى تۇگەپ قىسقىسى قالدى. لېكىن مۇشۇ قىسقا ئېدىر ئارىسىدا دائىم باندىتلار پەيدا بولىدۇ، — دېدى.

— قورقمايمىز، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر ئالدىراپلا، — مەندە تولۇق قوراللانغان يىگىرمە لەشكەر بار، — ئۇ شۇنداق دەپ يېنىدىكى ئۆزىگە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقان ئىككى لەشكەرگە قاراپ قويدى. ئۇ ئىككى لەشكەر قەددىنى رۇسلاپ روھلىنىپ، ئۇنىڭغا جىددىي قارىدى. لېكىن تۇرداخۇن:

— ئىنىلىرىم، غەيرەت - جاسارىتىڭلارغا كۆپ رەھمەت. لېكىن بىز ھازىر كېلىش سەپىرىمىزگە قارىغاندا ئىككى ھەسسە كۆپ مال بىلەن قايتىۋاتقانلىقىمىز ئۈچۈن كارۋان سېپىمىز بەك ئۇزۇن. مۇشۇنداق چوڭ كارۋاننى باندىتلاردىن قانداق قىلىپ ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتىش بىر چوڭ مەسىلە، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر روھلۇق ھالدا:

— تۇرداخۇن ئاكا، سىز ئۆتكەن قېتىم باندىتلارنى ئالدىغاندەك چارە بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېتىمىز، لېكىن ئالدىدا ماڭغان ھارۋىدا چوقۇم مەن ماڭىمەن. بۇ قېتىم باندىتلارغا ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن، — دېدى.

— ياق، — دېدى تۇرداخۇن، — ئالدىنقى قېتىم كارۋاندا ھارۋىلار ئاز ئىدى، ھازىر بولسا ئۈچ ھەسسە كۆپ ھارۋا بار.

ھەممىسى بۇرۇلۇپ كارۋاننىڭ كەينىگە قاراشتى. گەرچە كارۋاننىڭ بېشى چۆلدىن چىقىپ بولغان بولسىمۇ، ئاخىرى تېخى چىقىپ بولمىغانىدى. شۇڭا ۋاڭ مىڭئېر:

— تۇرداخۇن ئاكا، ھارۋىلار راستلا جىقكەن، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى. تۇرداخۇن كۆڭلىدە بىر ئامالنى ئويلاپمۇ قويغانىدى، لېكىن ئۇنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق ئەمەسلىكىنى ئۆزىمۇ ئانچە جەزىملەشتۈرەلمىگەنىدى. شۇڭا ئۇ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى:

— قاراڭلار، مەن مۇنداق بىر ئامالنى ئويلىدىم. بۇ ئۇزۇن كارۋان سېپىنى ئىككىگە بۆلەيلى، — دېدى ۋاڭ مىڭئېرغا قاراپ، — سېنىڭ كارۋىنىڭ كەينىدە قېلىپ مەندىن بىر كۈن كېيىن يولغا چىقسۇن. مەن كارۋىنىمنى باشلاپ ئەتە تاڭ ئېتىش بىلەنلا ئالدىدا يولغا چىقىمەن ھەم ئالدىنقى قېتىمدىكىدەك ئالدىدا ئازراق ھارۋىنى ماڭدۇرۇپ باندىتلارنى بۆلۈپ ئالدايمەن. لېكىن باندىتلار بۇ قېتىم ئالدانماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار ئالدىدىكى ھارۋىلارنى بۇلاپ بولۇپ پەيت كۈتۈپ، كەينىدىكى كارۋانغا ھۇجۇم قىلىدۇ. شۇڭا مەن جىقراق ئادەم ئېلىۋېلىشىم كېرەك. سەنمۇ ماڭا لەشكەر قوشۇپ بەر. بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرۇپ، كارۋاننى ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيمىز. مەن بۇرۇن بىر قېتىم باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ باققان، گەرچە زىيان تارتقان بولساقمۇ، بىر قىسىم ماللىرىمىزنى قوغداپ قالغانىدۇق. بۇ خېيىمخەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشىمىز لازىم. بۇ چۆلدىن ئايدا بىرەر قېتىم كارۋان ئۆتىدۇ، باندىتلار بىز بىلەن ئېلىشقاندىن كېيىن بىزنىڭ كەينىمىزدە يەنە كارۋان بارلىقىنى ھەرگىز ئويلىمايدۇ. شۇنداق قىلغاندا كەينىدە ماڭغان ۋاڭ مىڭئېر كارۋاننى ساق ـ سالامەت ئۆتكۈزۈپ كېتەلەيدۇ.

ۋاڭ مىڭئېر ئويلىنىپ قالدى. ئۇنىڭغا قاراپ قالغان ئىككى لەشكەرمۇ جىمىپ كەتتى. تۇرداخۇن ئۇلارغا سەپسالدى. ئۇ

ئىككى لەشكەر جاڭ لەشكەر بېگى تۇرداخۇندىن هال سوراپ ئۆيگە بارغاندا بىللە بېرىپ مېهمان بولۇشقانلار ئىدى. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ياشقا چوڭراق بىرى خۇددى ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك قىلىپ:
— قارىغاندا تۇرداخۇننىڭ بۇ ئامالى مۇۋاپىقتەك قىلىدۇ، — دەپ يېنىدىكى لەشكەرگە قارىدى.
— راست، — دېدى ئۇ لەشكەر ۋاڭ مىڭئېرغا قاراپ، — بۇنىڭ ئۈچۈن ئالدىدا ماڭغان تۇرداخۇننىڭ كارۋىنىغا كۆپرەك ئادەم قوشايلى.
— ئۇنداقتا، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر تۇرداخۇنغا قاراپ، — مەن سىزنىڭ كارۋىنىڭىزغا قوشۇلۇپ، باندىتلارنى بۇلىتىپ ئالدايدىغان ئەڭ ئالدىدىكى هارۋىدا ماڭىمەن.
— ياق، ئۇنداق قىلساڭ بولمايدۇ، — دېدى تۇرداخۇن، — سەن هەرقانچە غەيرەت ـ جاسارەتلىك بولساڭمۇ، باندىتلار دېگەن قورالىلانغان زوراۋان كۈچ. سەن ئالدىدا ماڭساڭ، ئاچچىقىڭغا پايلىماي ئۇلار بىلەن چوقۇم تۇتۇشۇپ قالىسەن، — ئۇنىڭ گېپى تۈگىشىگە ۋاڭ مىڭئېر:
— ئەلۋەتتە مەن ئۇلار بىلەن تۇتۇشىمەن، — دېدى.
تۇرداخۇن كۈلۈپ كېتىپ:
— ياشلىق قىلمىغىن، سەن ئۇلار بىلەن تۇتۇشساڭ ئۇلار سېنى زەخىملەندۈرۈپ قويسا ياكى بىرەر كېلىشمەسلىك بولۇپ قالسا قانداق قىلىسەن. سەن دېگەن جاڭ لەشكەر بېگىمنىڭ ياردەمچىسى. داداڭ سېنى چېگرا سودىسى ئۆگەنسۇن دەپ نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن يولغا سالغان ئەتىۋارلىق يالغۇز ئوغۇل. ساڭا بىرەر ئىش بولۇپ قالسا ئاتا ـ ئاناڭغا، جاڭ لەشكەر بېگىمگە نېمە دەيمەن؟ — دېدى.
— مەن، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر — ناهىيىمىزنىڭ سودا كارۋىنىنى قوغداشقا ئەۋەتىلگەن لەشكەر باشلىقى. شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئالدىدا مېڭىشىم كېرەك، — ئۇ يېنىدىكى ئىككى لەشكەرگە

قارىدى.

ئۇ ئىككىنچىسىمۇ تەڭلا:

— شۇنداق، بىز سودا كارۋىنىنى قوغدايدىغان لەشكەرلەر، قوغداش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز، — دېدى.

— ياق، — دېدى تۇرداخۇن، — ئەڭ ئالدىغا بىر نەچچە هارۋىلىق كىچىك كارۋاننى ماڭدۇرۇش باندىتلارنى ئالداش ئۈچۈن. سەن ئالدىدا ماڭساڭ باندىتلار بىلەن چوقۇم تۇتۇشۇپ قالىسەن. مېنىڭ ئالدىنقى قېتىم قاراقچىلارنى ئالدىيالىغانلىقىم ئەڭ ئالدىدا ماڭغان كىچىك كارۋاننىڭ ئادەملىرى باندىتلار پەيدا بولۇپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشى بىلەنلا قارشىلىق كۆرسەتمەي هارۋىلاردىن نېرى كەتكەن. گەرچە باندىتلار هارۋىدىكى ماللار ۋە ئاتلارنى بۇلاپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەم زەخىملىنىش، ئۆلۈش ئىشلىرى بولمىغان.

— ياق، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر قەتئىي هالدا، — مەن باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنى چوقۇم يوقىتىشىم كېرەك. مەن بۇ قېتىم باندىتلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بەرمىسەم زادى بولمايدۇ. بولمىسا مېنىڭ چامباشچىلىق ئۆگەنگىنىم، بۇ لەشكەرلەرگە چامباشچىلىق ئۆگەتكىنىم نەگە كېتىدۇ؟

ئۇ ئىككى لەشكەرمۇ تەڭلا:

— راست، شۇنداق، — دېيىشتى.

— ياق، ۋاڭ مىڭئېر ئالدىدا ماڭسا هەرگىز بولمايدۇ، — دېدى تۇرداخۇن ئاچچىقلانغان هالدا.

ئۇنىڭ جاھىللىق قىلىپ ئۇنىمايۋاتقانلىقىغا هەيران بولغان ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە تىكىلىپ قاراپ:

— تۇرداخۇن ئاكا، ئۇنداقتا سىز نېمىشقا هاكىمدىن سودا كارۋىنىنى قوغداشقا لەشكەر تەلەپ قىلىسىز؟ — دېدى.

— راست، — دېدى تۇرداخۇن كۈلۈپ كېتىپ، — مەن سودا كارۋىنىنى قوغداشقا لەشكەر تەلەپ قىلدىم. لېكىن

باندىتلارنى يوقىتىشقا لەشكەر تەلەپ قىلمىدىم. شۇڭا سىلەرنىڭ ۋەزىپەڭلار: باندىتلار پەيدا بولۇپ ئۇلار ئاتسا سىلەرمۇ ئاتىسىلەر، ئۇلار نەيزە ـ قىلىچ ئىشلەتسە سىلەرمۇ تەڭ ئىشلىتىپ، ئۇلارنى مالغا يېقىن كەلتۈرمىسەڭلەرلا بولىدى. شۇ چاغدا ئادەم زەخىملىنىش ئاز بولىدۇ. ئەگەر ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالساڭلار ئىش چوڭىيىپ كېتىدۇ، جەڭ بولىدىكەن يارىدار بولۇش، ھەتتا ئادەم ئۆلۈش بولىدۇ، ئۇ چاغدا قانداق قىلىمىز؟

— ياق، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر تېرىكىپ، — دادام مېنى «چېگرا سودىسىغا مال ئېلىپ بارسەن» دېگەندە ئۇنىمىغانىدىم، لېكىن ھاكىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى «چېگرا سودا كارۋىنىنى قوغداشقا لەشكەر قوشۇپ بېرىمىز، سەن شۇ لەشكەرلەرگە باش بولۇپ بارسەن» دېگەندە «چامباشچىلىق ھۈنىرىمنى ئەمدى كۆرسىتىدىغان بولدۇم» دەپ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولغان. گەرچە مەن نۇرغۇن مال ـ دۇنيا بىلەن كېتىۋاتساممۇ، سودىغا ئەسلا قىزىقمايمەن، مېنىڭ قىزىقىدىغىنىم لەشكەر بولۇپ ئەلنى قوغداپ، مەنچىڭ خانىمىزنى رازى قىلىش.

تۇرداخۇن ئويلىنىپ قالدى. ئەگەر ۋاڭ مىڭئېر ئەڭ ئالدىدىكى كىچىك كارۋانغا قوشۇلۇپ ماڭسا، بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا ئۇنىڭ پېشكەللىككە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى، شۇڭا ئۇ نېمىلا بولسا تەڭ كۆرەيلى، دېگەن ئويغا كېلىپ:

— ئەگەر باندىتلار بىلەن تۇتۇشىمىز دەيدىكەنمىز، كارۋاننى ئىككىگە بۆلمەيمىز، ھەممىمىز بىللە مېڭىپ، نېمە ئىش بولسا ھەممىمىز تەڭ كۆرىمىز، — دېدى.

— تۇرداخۇن، مېنىڭچە ئەڭ ئالدىدا باندىتلارنى بۆلىتىپ ئالدايدىغان كىچىك كارۋاننى ماڭدۇرۇپ، ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ، باندىتلارنىڭ بىر بۆلۈك كۈچىنى يوقاتقىنىمىز ياخشى. ئەگەر ئۇنداق قىلمىساق، باندىتلار بىزنىڭ بۇ ئۇزۇن كارۋان

سېپىمىزگە تەرەپ - تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ بىزنى پارچىلاپ ئاۋارە قىلىۋېتىدۇ. گەرچە بىزدە ئادەم كۆپ بولغىنى بىلەن لەشكەرلەر پەقەت يىگىرمە نەپەر، قورال - ياراغلارمۇ شۇنىڭغا لايىق، ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ كۇچىمىزنى بۆلۈۋېتىپ، پۈتۈن كارۋاننى بۇلاپ كېتىشى مۇمكىن، — دېدى ئارىدىن بىر لەشكەر.

ئۇنىڭ دېگىنىمۇ توغرىدەك قىلاتتى. شۇڭا تۇرداخۇن:

— ئەمىسە ئالدىدا باندىتلارنى ئالدايدىغان كىچىك كارۋاننى ماڭدۇرۇپ، باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ باقامدۇق - يا؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر خۇشال بولۇپ.

تۇرداخۇن يەنە ئويلىنىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ دېدى:

— ئۇنداقتا ئۇ كارۋانغا سەن قوشۇلمىغىن.

— ياق، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر دەرھال، — مەن دېگەن لەشكەر باشلىقى، مەن چوقۇم كىچىك كارۋانغا قوشۇلۇپ، لەشكەرلەرگە قوماندانلىق قىلىشىم كېرەك.

— ئەگەر بىرەر چاتاق چىقىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟

— «ئەسكەرنى يۈز يىل باق، بىر كۈن ئىشلەت» دېگەن گەپ بار، باندىتلارنى يوقاتسام بولدى.

— ھەي بالا، — دېدى تۇرداخۇن ئالدىرىماستىن، — مەن سەندىن ئەنسىرەۋاتىمەن.

ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭ قوشۇلىۋاتقانلىقىغا خۇش بولۇپ:

— تۇرداخۇن ئاكا، مەندىن ئەنسىرىمەڭ، ھەرگىز چاتاق چىقمايدۇ. مەن دېگەن چامباشچى، باندىتلارغا كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي، — دېدى.

يېنىدىكى ئىككى لەشكەر كۈلۈپ كەتتى. ئۇلارغا قاراپ ئەنسىرەپ تۇرغان تۇرداخۇنمۇ كۈلۈپ قويدى.

كارۋان چۆلدىن چىقىپ توختىغان مۇشۇ جايدا قونمىسا

بولمايتتى. چۈنكى ئادەملەرمۇ، ئات - ئۇلاغلارمۇ هارغان، كەچ كىرىپ قالغانىدى. شۇڭا ئات - ئۇلاغلارنى دەرھال هارۋىدىن چىقىرىپ سوۋۇتۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشتىن ئىلگىرى يەم - بوغۇز بېرىپ، بەزى شاش ئاتلارنىڭ پۇتىنى چۈشەپ قويۇۋەتتى. ئادەتتە كارۋان ئاتلىرى هارۋىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. شۇڭا كارۋانچىلار هارۋا ئۈستىدە ئۇخلاپ، خاتىرجەم تاڭ ئاتقۇزۇشتى.

تاڭ ئېتىشى بىلەن ۋاڭ مىڭئېر لەشكەرلىرى بىلەن باندىتلارنى بۆلىتىپ ئالدايغان ئون هارۋىلىق كىچىك كارۋاننى باشلاپ يولغا چىقىپ كەتتى. بۇ هارۋىلارغا تۆمۈر - تەسەك، قاتتىق - قۇرۇق زاۋۇت ماللىرى بېسىلغانىدى. كەينىدىكى ئۇزۇن كارۋان يېرىم كۈن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئارىلىقتا تۆت كۆزەتچى قويۇپ، هەربىر كۆزەتچىنى بىر سائەت ئۆتكۈزۈپ يولغا سالماقچى بولۇشتى. بۇ تۆت كۆزەتچىنىڭ ئارىلىقى يېقىن بولغاچقا، ئۇلار بىر - بىرىگە ئۇلاپ بەلگە بېرىپ، كارۋاننىڭ ئەھۋالىدىن ناهايىتى تېزلا خەۋەر بېرىپ تۇراتتى. ئۈچ كۆزەتچى بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى يولغا چىقىپ بولغاندىن كېيىن، تۆتىنچى كۆزەتچى يولغا چىقىشىنىڭ ئالدىدا تۇرداخۇننىڭ ئەزان ئېيتىشى بىلەن كارۋانچىلار ناماز پېشىنىنى ئوقۇدى. ئاندىن، تۆتىنچى كۆزەتچىنى يولغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن چوڭ كارۋان ئالدىرىماي يولغا چىقتى.

ئالدىدا ماڭغان كىچىك كارۋان سەگەكلىك بىلەن ئالدىدىكى هەربىر ئېدىرنىڭ جىرالىرىغا دىققەت بىلەن قارىماقتا ئىدى. بىر ئېدىرنى بېسىپ يەنە بىر ئېدىرغا كەلگەندە، تۇيۇقسىز باندىتلار چىقىپ يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغاندەك جىرا ئىچى ئەنسىز كۆرۈنەتتى. لېكىن لەشكەرلەر مۇبادا باندىتلار چىقىپ قالسا تۇتۇشۇپ، ئۇلارنى بىراقلا يوقىتىشنى ۋە بۇ ئەتراپتىن باندىتلارنى تازىلاشنى ئۈمىد قىلىشاتتى. بولۇپمۇ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ كۈچ - قۇۋۋىتى، ماهارىتى ۋە پەمى بولغاچقا، باندىتلار چىقىپ قالسا ئۇلارغا

كۆرسىتىدىغان كارامەتلىرى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كېلىپ تۇراتتى، ئۆزىگە بىر ئەمەس، ھەتتا بىر نەچچە باندىت ئېتىلىپ كەلسىمۇ ئۇلارنى يېڭەلەيدىغان ئىشەنچتە ئىدى. شۇڭا ئۇنىڭدا قىلچە قورقۇنچ تۇيغۇسى يوق ئىدى. ھەمراھلىرىغىمۇ غەيرىتىنى، ئىشەنچىسىنى ئاشۇرۇش ھەققىدە ئىلھام بېرىپ ماڭاتتى. بۇنىڭدىن ئۇنىڭ يېنىدا كېلىۋاتقان بىر ياش لەشكەر غەيرەتلىنىپ:

— ياردەمچى لەشكەر بېگى، مەن لەشكەر بولغاندىن بېرى دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ باقمىدىم، ھېلىغىچە چامباشچىلىق ئۆگىنىپ، مەشىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ئادەتتە قاراۋۇللۇق قىلىمەن. قېنى، ئەگەر باندىتلار چىقىپ قالسا ئۆگەنگەن ماھارىتىمنى، كارامىتىمنى بىر كۆرسىتىپ باقاي، — دېدى.

ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ:

— مەشىقلىرىڭ قانچە پىششىق بولسا، ئۆگەنگەن ماھارىتىڭ قانچە كۆپ بولسا، دۈشمەندىن شۇنچە قورقمايدىغان بولىسەن. ئالدىڭدىكى دۈشمەننى چوقۇم يېڭەلەيسەن، — دېدى ئۇنى ماختاپ.

— شۇنداق، مەن چوقۇم باندىتلارنى يېڭىمەن.

— ياخشى، — دېدى ۋاڭ مىڭئېر يېنىدىكى يېشى چوڭ لەشكەرگە قاراپ، — ھەممىمىز مۇشۇنداق غەيرەتتە بولساق باندىتلارنى چوقۇم يېڭەلەيمىز، مەن كارۋاننىڭ بېشىغا بېرىپ باقاي، — ئۇ ئېتىنى چاپتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى.

باندىتلارنى بۇلتىپ ئالدايدىغان بۇ كىچىك كارۋان گەرچە ئون ھارۋىلىق بولسىمۇ، بەزى ھارۋىلار ئىتتىك مېڭىپ، بەزى ھارۋىلار ئاستا مېڭىپ، كارۋان سىپى خېلى ئۇزىراپ كەتكەنىدى. ۋاڭ مىڭئېر يول بويى كارۋاننىڭ بېشىدا مېڭىپ كېلىۋاتاتتى، لېكىن گەپ بىلەن بولۇپ كەينىدە قېلىپ قالغانىدى. ئۇ مېڭىپ خېلى ئۇزىغاندىن كېيىن يېشى چوڭراق

لەشكەر ياش لەشكەرگە:
— سىنىڭ ھەقىقەتەن غەيرىتىڭ باردەك قىلىدۇ. لېكىن دۈشمەنىمۇ بوش چاغلىغىلى بولمايدۇ. باندىتلار ھازىر تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ يوپۇرۇلۇپ ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، قورقۇپ كېتىپ ئېسىڭنى يىغالماي، قىلغان مەشىقلىرىڭ، ئۆگەنگەن ماھارىتىڭ يادىڭغا كەلمەي قالامدۇ تېخى، — دەپ ئۇنى سىناۋاتقاندەك كۆزىگە قارىدى.
— ھەي، بابا ياردەمچى لەشكەر بېگى «قىلغان مەشىقلىرىڭ قانچە پىششىق بولسا، ئۆگەنگەن ماھارىتىڭ قانچە كۆپ بولسا، دۈشمەندىن شۇنچە قورقمايسەن» دېدىغۇ. مەن دېگەن مەشىقنى ياخشى قىلىدىغان لەشكەر، مېنى ياردەمچى لەشكەر بېگى دائىم ماختايدۇ.
— لېكىن سەن ـ بىز ھېلىغىچە دۈشمەن بىلەن تۇتۇشۇپ باقمىدۇق. باندىتلارچۇ؟ ئۇلار ھۇجۇم قىلىپ، بۇلاپ ـ تالاپ، قارشىلىق كۆرسەتسە ئۇرۇپ ـ ئۆلتۈرۈپ كۆنۈپ كەتكەنلەر، شۇڭا ئۇلار بىزدەك دۈشمەن كۆرۈپ باقمىغان لەشكەرلەرگە دەھشەتلىك كۆرۈنەمدىكىن دەيمىنا. . . — دەپ گەپكە ئارىلاشتى يەنە بىرى.
ياش لەشكەر گەپ قىلماي ئۇنىڭغا قارىغىنىچە جىم بولۇپ قالدى. ياشقا چوڭراقى ئۇنىڭغا:
— ئۇنداقتا، باندىتلار تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ئۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن قورقۇپ قوراللىرىمىزنى تاشلاپ قېچىپ كەتسەك بولىدىكەن ـ دە، — دېدى.
— ياق، ئۇنداق دېمەكچىمۇ ئەمەسمەن، — دېدى ھېلىقى لەشكەر، — باندىتلار ھۇجۇم قىلىپ كەلسە مەنمۇ ئەدىپىنى بېرىمەن. «قېچىپ ئۆلگەندىن ئېتىپ ئۆلگەن ئەۋزەل» دېگەن تەمسىل بار ئەمەسمۇ. لېكىن تۈنۈگۈن تۇرداخۇننىڭ «ئالدىنقى قېتىمدا باندىتلار ھۇجۇم قىلىپ كەلگەندە ئادەملەر كارۋاندىن

نېرى كېتىپ قاراقچىلارغا ماللارنى بۇلىتىپ، ئادەملەرنى ساقلاپ قالغان» دېگەن گېپى يادىمدىن چىقمايۋاتىدۇ. باندىتلار خۇددى بىزگە ئوخشاش قوراللىق كۈچ، ئۇلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالسا بىز چوقۇم ئۇلار بىلەن تۇتۇشىمىز. دۈشمەن بىلەن تۇتۇشىدىكەنمىز، يارىدار بولۇش، ھەتتا ئۆلۈش چوقۇم بولىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا ياردەمچى لەشكەر بېگى بار، شۇڭا بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئىككى، بىرى، كارۋاننى قوغداش، يەنە بىرى، ياردەمچى لەشكەر بېگىنى قوغداش. ئەگەر بىزدىن باندىتلار كۆپ بولۇپ، ھۇجۇم قىلىپ كەلسە، ياردەمچى لەشكەر بېگىنىڭ غەيرىتى قانچە چوڭ، ماھارىتى قانچە كۆپ بولغىنى بىلەن بىز تەڭ كېلەلمەي قالارمىزمىكىن.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن ئىككى لەشكەر بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم بولۇپ قالدى. ھېلىقى لەشكەر يەنە:

— ماڭا قاراڭلار، باندىت دېگەننى بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن كەينىمىزدىن قوغلاپ يۈرۈپ بولسىمۇ يوقاتقىلى بولىدۇ. مېنىڭچە، باندىتلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالسا، ئۇلار بىلەن تۇتۇشماي ئۆزىمىز نېرى كېتىپ، مۇشۇ ئون ھارۋا مالنى بېرىۋەتسەك بولىدۇغۇ، كەينىمىزدە يەنە ئىككى يۈز ھارۋىغا يېقىن مال بارغۇ، ئۆزىمىز ساق قالساق بولمىدىمۇ. ئەگەر چەت ئەلدىن تاجاۋۇز قىلىپ كىرگەن دۈشمەن بولسىدى كاشكى، تۇتۇشۇپ جان تىكىپ ئېلىشاتتۇق، — دېدى مۇشتۇمىنى تۈگۈپ.

ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇۋاتقان ياشقا چوڭ لەشكەر:

— راست، مېنىڭچە، سېنىڭ گېپىڭ ناھايىتى توغرىدەك قىلىدۇ، باندىت دېگەن ھەممە يۇرتتا، ھەممە يەردە بار. يەرلىك ئادەملەرمۇ چارۋا بۇلاپ بازارغا ئەكىلىپ سېتىۋاتىدۇ. بازاردا مېلىنى كىم ئەرزان ساتسا، كىم كۆپ ساتسا، ئۇ چوقۇم چارۋا بۇلىغان يەرلىك باندىت. شۇڭا ئۇ نېمىلەر بىلەن تۇتۇشۇپ نېمە قىلىمىز؟ تۇرداخۇن دېگەندەك كارۋاننى قوغداپ ئۆزىمىز ساق

قالساق بولمىدىمۇ، ئەگەر بىز بۇ باندىتلار بىلەن تۇتۇشساق چوقۇم يارىدار بولىمىز، ھەتتا ئۆلىمىز. ئۆيىمىزدە بالا - چاقىلىرىمىز بار، ئاتا - ئانىلىرىمىز بار. بىزگە بىرەر ھادىسە بولۇپ قالسا، ئۇلار نېمە بولۇپ كېتىدۇ، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن ھېلىقى لەشكەر يەنە:

— بىز چوقۇم مەنچىلىك خانىمىزغا سادىق بولۇشىمىز كېرەك. بۇ باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنى يوقىتىش بىزنىڭ ۋەزىپىمىز ئەمەس. بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىپىمىز كارۋاننى قوغداش، شۇڭا باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇش، مېنىڭچە، ئورۇنسىز، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن بۇ ئۈچ لەشكەر بىر - بىرىگە قارىشىپ، خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلىشماي جىمىپ كېتىشتى.

چىڭقى چۈش ۋاقتى ئىدى، گەرچە كۈز بولسىمۇ، ئەتراپ خۇددى يازدىكىدەك ئىسسىپ كەتكەنىدى. تاڭ سەھەردىن بېرى توختىماي ماڭغان ئاتلار ھېرىپ، ھارۋىلارنىڭ سۈرئىتىمۇ ئاستىلاپ قالدى. شۇڭا ھارۋىلارنىڭ ئارىلىقى تېخىمۇ ئۇزىراپ، كارۋان سېپى تېخىمۇ سوزۇلۇپ كەتتى. ۋاڭ مىڭئېر باشتىكى ھارۋىنى توختىتىشقا بۇيرۇدى. كەينىدىكى ھارۋىلار بىر - بىرلەپ كېلىپ يىغىلىپ بولغىچە ۋاقىت خېلى ئۆتەتتى. ئادەملەرمۇ ھارغانىدى، شۇڭا چۈشتە ئۇزاقراق دەم ئېلىش ئۈچۈن ئاتلارنى ھارۋىلاردىن چىقىرىپ يەم - بوغۇز بېرىلدى، ئادەملەرمۇ چۈشلۈك غىزالىنىشقا باشلىدى.

ئۇلار تاماقلىرىنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئولتۇرغان يېرىدە دەم ئېلىشتى. شۇڭا بەزىلىرىنىڭ ئۇيقۇسى كېلىپ ئۇزۇن - قىسقا ئەسنەشكە باشلىدى. ئاتلارمۇ يەملىرىنى يەپ بولۇپ، بەزىلىرى يەرنى تېپىشكە، بەزىلىرى جايىدا تۇرۇپ چۆرگىلەشكە، بەزىلىرى ئېغىناشقا باشلىدى، بەزىلىرى خۇددى يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك ئېدىرغا، چۆلگە قاراپ

تۇراتتى. ئىنس - جىن يوق بۇ ئېدىر ئەمدىلىكتە بىردەم بولسىمۇ ئاۋاتلىشىپ قالغانىدى. ئادەملەرنىڭ يولغا چىققۇسى يوقتەكلا قىلىشاتتى، قورسىقى تويغان ئاتلارمۇ قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ جىم تۇرۇشاتتى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇلارغا قاراپ يولغا چىقىشقا بۇيرۇق بەرمەي، ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ھايال ئۆتمەي ئاتلار تۇيۇقسىز جىرا تەرەپكە بۇرۇلۇپ، قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىشىپ قاراپ كېتىشتى. جىرا ئىچىدىن بىر توپ ئاتلىقلار چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ كارۋانغا قاراپ چېپىپ كەلمەكتە ئىدى. ۋاڭ مىڭئېر دەرھال ھارۋىغا ماڭغاچ لەشكەرلەرنى «تەييارلىنىڭلار» دەپ توۋلاپ، بېرىپ نەيزىسىنى ئالدى. باشقىلارمۇ ھارۋىسىغا بېرىپ نەيزىلىرىنى ئېلىشقا باشلىدى. باندىتلار نەيزە - قىلىچلىرىنى ئوينىتىپ يېقىنلاپ قالغاچقا، لەشكەرلەرنىڭ مىلتىقىنى ئېلىپ بەتلەپ قارىغا ئېلىپ ئېتىشىغا پۇرسەت بولمىدى. شۇڭا ئىككى تەرەپ نەيزە - قىلىچ بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. باندىتلار ئاتتىن چۈشمەي نەيزە - قىلىچ ئىشلىتىشكە باشلىدى. لەشكەرلەر باندىتلارنىڭ ئاتلىرىدىن ئۇياق - بۇياققا قېچىپ، باندىتلارنى ئۆزلىرىگە يېقىن كەلتۈرمىدى. لېكىن ئۇلار كىچىك كارۋاننى قورشىۋالغاچقا، لەشكەرلەر تەمتىرەپ قالدى. لەشكەرلىرىنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ تۇرغان ۋاڭ مىڭئېر بىر ئىرغىپلا ھارۋىغا چىقىۋېلىپ، ئالدىدا تۇرغان بىر باندىتنى بىر نەيزە ئۇرۇپلا ئاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ ئېتى قېچىپ كېتىپ، باندىت يىقىلغان يېتى يەردە ياتاتتى. ئۇ باندىتنىڭ ئۆلۈشى لەشكەرلەرگە غەيرەت قوشۇپ، بىرنەچچە لەشكەرمۇ ئىرغىپ ھارۋىغا چىقىۋېلىپ، باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. يەردىكى لەشكەرلەر ئۆزىنى باندىتلاردىن قاچۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا يۆتكىلىپ ئېلىشىپ تۇردى. ھارۋا ئۈستىدىكى لەشكەرلەر يەنە ئىككى باندىتنى يىقىتتى. باندىتلار يىقىلغان ئادەملىرىنى كۆرۈپ ئالاقزادە بولۇپ چېكىنىشكە باشلىدى. ۋاڭ مىڭئېر ئەمدى

ھارۋىدىن چۇشۇپ، بىر لەشكەر بىلەن ئېلىشىۋاتقان باندىتنىڭ كەينىدىن نەيزە ئۇرۇپ ئۇنى يىقىتتى. باندىت بىلەن تۇتۇشىۋاتقان لەشكەرنى يەنە بىر ئاتلىق باندىت كېلىپ قىلىچ بىلەن چېپىۋەتتى. ئۇنى كۆرۈپ غەزەپلەنگەن ۋاڭ مىڭئېر خۇددى شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنى ئاتتىن چۇشۇرۇۋېتىپ نەيزە سانچىپ ئۆلتۈردى. ۋاڭ مىڭئېر باندىتلارنى نەيزە ئۇرۇپ يىقىتىشقا باشلىدى. لەشكەرلەر باندىتلارنى ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرمەي تۇتۇشۇپ تۇرغاچقا، ۋاڭ مىڭئېر كەينىدىن كېلىپ بىردەمدىلا بىر نەچچە باندىتنى يىقىتتى. لەشكەرلەردىنمۇ يىقىلغانلار، يارىدارلار بار ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلار باندىتلاردىن ئۇستۇنلۇككە ئۆتۈۋالغاچقا، باندىتلار تەمتىرەشكە باشلىدى. بەزى لەشكەرلەر يىقىلغان باندىتلارنىڭ ئاتلىرىنى مىنىۋېلىپ ئۇلارغا ئات بىلەن ھۇجۇم قىلدى. شۇڭا ئەمدى باندىتلار ھارۋىغا يېقىن كېلىش تۇرماق، بەلكى ئۇلار بىلەن كۇچ ئېلىشالماي، ئۆلگەن ۋە يارىدار بولغان ھەمراھلىرىنى كۆرۈپ بارغانسېرى چېكىنىشكە باشلىدى. ئىككى باندىت قېچىپ جىراغا قاراپ ئات سالدى. ۋاڭ مىڭئېر ئات چاپتۇرۇپ بېرىپ ئالدىنى توسۇپ ئۇلارنى ياندۇردى. دەل شۇ چاغدا يارىدار بولۇپ ھارۋىغا يۆلىنىپ قالغان بىر باندىت ئەتراپقا قاراپ قان ئېقىۋاتقان بىقىنىنى تۇتقىنىچە نېرىدا تۇرغان بىر ئاتنى ياندىن كېلىپ تۇتۇۋېلىپ ئاتقا يامىشىپ چىقىپ، ئاتنى چاپتۇرغان پېتى نېرىقى كىچىك جىراغا كىرىپ كەتتى. لەشكەرلەر باندىتلار بىلەن ئېلىشىۋاتقاچقا، ئۇنى كۆرمەي قالدى. چوڭ جىرا ئالدىدا باندىتلار قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بىر - بىرىگە شەرەت قىلىشىپ قوراللىرىنى تاشلاشقا باشلىدى. لەشكەرلەر تەسلىم بولغان باندىتلارنى بىر - بىرىگە باغلاپ تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇلار ئاران تۆت ئىدى. قالغانلىرى ھارۋا ئەتراپىدا — چوڭ جىرا ئالدىدا يىقىلغان بولۇپ، بەزىلىرى ئۆلگەنىدى، كۆپلىرى ئىڭراپ ياتاتتى. ۋاڭ

مىڭئېر ئۇلارنى ئارىلاپ، ئۆزىنىڭ لەشكەرلىرىنى ئىزدىدى. لەشكەرلەرنىڭمۇ بەزىلىرى ئۆلگەنىدى، بەزىلىرى ئىڭراپ ياتاتتى. ساق لەشكەرلىرىگە قاراپ ئۇلارنى ساناپ باقتى، ئۇلاردىن ئاران ئون نەچچە لەشكەر قالغانىدى.

قاچقان باندىت ئېتىنى چاپتۇرغان پېتى كىچىك جىرادىن ئېدىر ئۇستىگە چىقتى، ئۇنىڭ يارىسى خېلى ئېغىر بولغاچقا، ئەمدىلىكتە ئېتىنى چاپتۇرالماي مەيلىگە قويۇۋەتكەنىدى. باندىتلارنىڭ ئىككى پايلاقچىسى ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ئارىلىق خېلى يىراق بولۇپ، بىرنەچچە ئېدىر بار ئىدى. ئۇلار بىر پەستىن كېيىن ياردار ھەمراھىنىڭ ھالىنى پەملەپ، بىرى ئات چاپتۇرۇپ كەينىگە ياندى، بىرى ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋەردى. قاچقان باندىتتىن قان توختىماي ئېقىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ بارغانسېرى ھالسىراپ، ئېگەرگە ئېگىشىپ قالغانىدى. باندىت يېتىپ كېلىپ ئۇنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ يەرگە قويدى. ئۇ يەردە يېتىپ كۆزى يۇمۇق ھالەتتە:

— خوجا ئاكام كېلىۋاتامدۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلارنى چاقىرغىلى ئادەم كەتتى. — ياردار باندىت ئېغىر نەپەس ئالماقتا ئىدى. پايلاقچى باندىت كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ، يىراقتىن بىر توپ ئادەمنىڭ ئات سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— غەيرەت قىل، ئادەملىرىمىز كېلىۋاتىدۇ، ئەنە، — دېدى.

— بەك ياخشى بولدى! — دېدى ياردار باندىت تېخىمۇ ئېغىر نەپەس ئېلىپ. ھايال ئۆتمەي باندىتلار يېتىپ كېلىپ، يەردە ئۆلۈكتەك ياتقان ئۇ باندىتنى ئورىۋېلىشتى. ئۇ باندىت ئۇلار ئارىسىدىن بىرىنى كۆرۈپ ھالسىراپ تۇرسىمۇ تىرىشىپ كۈلۈمسىرەپ:

— خوجا ئاكا، بىزگە يامان بولدى، — دېدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى باندىتلارنىڭ خوجىسى ئۈنىڭغا ئېڭىشىپ قاراپ. ياردار باندىت ئىككى قېتىم ئېغىر نەپەس ئېلىۋېلىپ:

— خوجا ئاكا، بىز كارۋاننىڭ ئالدىنى توسماپتۇق، بەلكى خان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇق، — دېدى.

ھەيران بولغان باندىتلارنىڭ خوجىسى:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدى.

— راست، — دېدى ئۇ ئالدىرىماي، — بىز راستلا خان لەشكەرلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇپتۇق. ئۇلار ھەرگىزمۇ كارۋان ئەمەس.

— نېمە بولدى؟ دېگىنە، — دېدى باندىتلار خوجىسى ئالدىراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— نېمە بولاتتى، بىز يېڭىلدۇق. مەن ياردارلار ئارىسىدىن ئاران ئۆمىلەپ چىقىپ قاچتىم. قالغانلارنىڭ كۆپى ياردار بولدى، ئۆلدى. مەن قاچقان ۋاقتىمدا بىزدىن بىرنەچچە ئادەم قالغانىدى، ئۇلارنى خان لەشكەرلىرى چوڭ جىرانىڭ ئالدىدا قورشىۋالغانىدى، سىلەر يېتىپ بارغىچە ئۇلار ساق قالارمۇ؟ — شۇنداق دەپلا ئۇنىڭ ئاۋازى بوشاپ كەتتى.

باندىتلار خوجىسى چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ ئۆز - ئۆزىگە:

— خەپ تۇرداخۇن، بىز يەنە ئالدىنىپتۇق - دە! — دەپ بېشىنى تۇتۇپ قالدى. تۇرداخۇننىڭ ئالدىنقى قېتىم ئالدىدا كىچىك كارۋاننى ماڭدۇرۇپ باندىتلارنى بۇلىتىپ ئالدىغانلىقى سۆز - چۆچەك بولۇپ قۇلىقىغا يەتكەن باندىتلار بۇ قېتىم ئادەملىرىنىڭ بىر قىسمىنى ئالدىدا ماڭىدىغان كىچىك كارۋانغا قويۇپ، قالغانلىرىنى كەينىدىن كېلىدىغان چوڭ كارۋاننى بۇلايدىغانغا ئورۇنلاشتۇرغان، ئالدىدا كەتكەنلەردىن خەۋەر ئېلىش

ئۇچۇن پايلاقچى قويغانىدى. باندىتلار خوجىسى غەزەپتىن ئالدىدا ياتقان نىمجان باندىتتىن سورىدى:
— ئۇلار قانچە ئادەمكەن؟
— يىگىرمىچە باركەن. لېكىن ئۇلاردىن ياردار بولغانلارمۇ بار، ئۇلار بىر - بىرىدىن ئۇستا چامباشچىلار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىر پالۋىنى بار ئىكەنكى، ھەربىر قەدەم باسقاندا يەردىن توپا ئۆرلەپ كېتىدىكەن، سەكرىسە خۇددى قۇشتەك ھاۋادا تۇرالايدىكەن، ئىككى پۇتى بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىككى تەرەپكە تەڭلا پەشۋا ئاتالايدىكەن، خۇددى ئون قولى باردەك نەيزىنى ھەر خىل ئايلاندۇرۇپ ئوينىيالايدىكەن، قىلىچنى ئويناتسا كىشىنىڭ كۆزى قامىشىپ كېتىدىكەن. خۇددى رىۋايەتلەردىكى پالۋاننىڭ ئۆزى ئىكەن.
باندىتلار خوجىسى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆز - ئۆزىگە «مەن ھېلىغىچە يول توسۇپ مۇنداق ئەھۋالنى كۆرمىگەن. يول توسۇپ بۇلاش - تالاش مەن ئۈچۈن بىر ئويۇن - تاماشا ئىدى» دېدى ۋە ئەتراپىدىكىلىرىگە خىتاب قىلدى:
— يۇرۇڭلار، ھەممىمىز ئاتلىنايلى. — ئۇ ئېتىغا مىندى، باشقىلىرىمۇ ئاتلىرىغا دەرھال مىنىشتى. لېكىن قاچقۇن باندىت شۇ ياتقان پېتى قالدى، ئۇ ئۆلگەنىدى.
كەينىدىن كېلىۋاتقان چوڭ كارۋان ئارىلىقتىكى كۆزەتچىلەرنىڭ كۆرۈنۈپ خەۋەر بېرىشىنى كۈتۈپ داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. ئالدىدىكى كىچىك كارۋان يولغا چىققىلى بىر كۈن بولدى، بۇگۈن چۈشكىمۇ ئاز قالدى، لېكىن تۆتىنچى كۆزەتچى ھېلىغىچە كۆرۈنمىگەچكە، تۇرداخۇن «باندىتلار ھېلىغىچە پەيدا بولماپتۇ» دەپ ئويلاپ خاتىرجەم بولدى. يەنە تۇرۇپ«بەلكىم كېيىنرەك پەيدا بولۇشى مۇمكىن» دېگەن ئوي بىلەن ئەنسىرەپمۇ قالدى.
قۇياش قىيامغا يېقىنلاپ، ئاپتاپ تازا قىزىشقا باشلىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي يىراقتىن تۆتىنچى كۆزەتچــى پەيدا بولدى. تۇرداخۇننىڭ يۈرىكى دۇپۇلدەپ كەتتى. ئۇ ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. كۆزەتچى يېتىپ كەلدى. كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈپ تۇرداخۇنغا:

— ئالدىدىكى كارۋاننىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيمەن. لېكىن مېنىڭ ئالدىمدىكى ئۈچىــنچــى كۆزەتچىــنىــڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپلا ئات چاپتۇرۇپ كەلدىم، — دېدى.

تۇرداخۇن ئەتراپىتىكىلەرگە قاراپ دېدى:

— بۇرادەرلەر، قارىغاندا باندىتلارنىڭ ئالدىدىكى كارۋاننى بۇلىغانلىقىغا خېلى ئۇزاق بولغان ئوخشايدۇ. چۈنكــى تۆت كۆزەتچى بىر - بىرىگە خەۋەر بەرگىچە خېلى ۋاقىت ئۆتىدۇ، — ئۇ ئاسمانغا قارىدى، قۇياش قىيامدىن يانغانىدى، — بىز ئەمدى ئىلاج قىلىپ چاپسانراق مېڭىپ، كۈن پاتقىچە ئالدىدىكى كارۋانغا يېتىشىۋالايلى.

كىشىلەر دەرھال بېرىپ هارۋىلىرىنى هەيدەشتى. تامچىلار تارىسلدىدى. ئاتلار چاپچىپ هارۋىلارنى سۆرەشكە باشلىدى، يولدا چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى.

باندىتلار خوجىسى ئادەملىرىنى باشلاپ كىچىك جىلغىدىن تۇيۇقسىز چىقىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ تۆت ئادىمى چوڭ جىلغىنىڭ ئالدىدا باغلاقلىق تىزلىنىپ تۇراتتى. لەشكەرلەر تۇرداخۇننىڭ پەرىزى بويىچە باندىتلارنىڭ يەنە پەيدا بولۇپ پاراكەندە قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تەييار بولۇپ تۇرۇشقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار كىچىك جىرادىن چىقىپ كەينىدىن كەلگەچكە، ئالدىنقى قېتىمقىدەك تۇيۇقسىزلا تۇتۇشۇپ كەتتى. باندىتلار جار سېلىپ هەيۋە بىلەن هۇجۇم قىلدى، لېكىن چامباشچىلىق ئۆگەنگەن لەشكەرلەر يەنە بوش كەلمىدى. هاۋادا نەيزە ـ قىلىچــلارنــىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلغان ئاۋازى ياڭراشقا باشلىدى. ئاتلارنىڭ تۇياقلىرىدىن توپا ئۆرلەپ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى.

لەشكەرلەر باندىتلارنىڭ قالايمىقان ھۇجۇملىرىنى چېكىندۈرۈپ، ئۇلاردىن ئۈچ ئادەمنى ئېتىپ يىقىتتى. ۋاڭ مىڭئېر بىلەن تۇتۇشۇۋاتقان باندىت يىقىلغان ئادەملىرىنى كۆرۈپ ئېتىنى بۇراپ چوڭ جىراغا قاچتى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇنىڭ يەنە قالغان ئادەملىرىگە خەۋەر بېرىشىدىن ئەنسىرەپ، قوغلاپ بېرىپ كەينىدىن نەيزە ئېتىپ ئاتتىن چۈشۈرىۋەتتى. لەشكەرلەر ھەرقانچە تىرىشىپ باندىتلارنى چېكىندۈرۈپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئادىمى يەنىلا ئاز ئىدى. يەنە بىر باندىت ئېتىنى بۇراپ كىچىك جىراغا قاراپ چاپتى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇنى كۆرۈپ قوغلىغىچە ئالدىغا چىققان ئۈچ باندىت بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. بۇ ئۈچىنىڭ بىرى باندىتلار خوجىسى ئىدى، ئۇنىڭ قولىدا ئۇزۇن ساپلىق ئاي پالتىسى بار ئىدى. ئۇ ئاي پالتىسىنى كۆتۈرۈپ ھەربىر ئۇرغاندا ۋاڭ مىڭئېر ئەپچىللىك بىلەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ بولغىچە باشقا ئىككىسىنى يىقىتتى. جەڭ خېلى سوزۇلدى. لەشكەرلەردىن ئۆلگەنلەر، يارىدار بولغانلار يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ساق لەشكەرلەر غەيرەت بىلەن ئېلىشماقتا ئىدى. ئەتراپتا يىقىلغان باندىتلارنىڭ ئاتلىرى تەمتىرەپ يۈرۈشەتتى. بىر چاغدا چوڭ جىرادىن يەنە بىر تۈركۈم باندىت تۇيۇقسىز چىقىپ، چۇقان - سۈرەن بىلەن لەشكەرلەرگە ئېتىلدى. ۋاڭ مىڭئېر تۇتۇشۇۋاتقان باندىتنى نەيزە بىلەن يىقىتىۋېتىپ، ئېتىنى بۇراپلا «تارقىلىڭلار» دەپ نېرى كەتتى. يېڭى كەلگەن باندىتلار ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. تارىلىپ كەتكەن، ئىلگىرى - كېيىن كەلگەن باندىتلار ئۇنىڭ ئالدى - كەينىدىن قورشىۋالدى. ئېلىشىش يەنە باشلاندى. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەر كېلىپ، باندىتلار ئارىسىغا بۆسۈپ كىرىپ تۇتۇشۇپ كەتتى. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئەتراپىدا باندىتلار كۆپ ئىدى. ئۇ نەيزە ئوينىتىپ بىرمۇ باندىتنى يېنىغا كەلتۈرمىدى. باندىتلار خوجىسى ئېتىنى توختىتىپ ئادەملىرىگە:

— بىزنىڭ ئادىمىمىز دېگەن ھېلىقى پالۋان مۇشۇ ئوخشايدۇ. ئۇنى چوقۇم تىرىك تۇتايلى، — دەپ ئات سالدى.

ئۇنىڭ ئادەملىرىگە بەرگەن بۇيرۇقى لەشكەرلەرنى چۆچۈتىۋەتتى. شۇڭا ئۇلار ۋاڭ مىڭئېرغا يېقىنلاشتى. ۋاڭ مىڭئېر لەشكەرلىرىگە قارىدى. ئۇلاردىن پەقەت يەتتىلا ئادەم قالغانىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دائىم ئۇنىڭ يېنىدىن ئايرىلمايدىغان ھېلىقى ئۈچ لەشكەر يوق ئىدى. باندىتلار ئۇلارنى قورشاپ يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى، ۋاڭ مىڭئېر ئادەملىرىگە «قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەيلى» دەپ شەرەت قىلىپ، ئاتلىرىنى چۆل تەرەپكە بۇرىدى. لېكىن ئۇ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ بولغاندا كەينىدىن كەلگەن نەيزە ئېتىنىڭ پۇتىغا تېگىپ، ئاتنى يىقىتىۋەتتى، ۋاڭ مىڭئېر ئات بىلەن بىللە دومىلاپ چۈشتى. لەشكەرلەر يەنە باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ئارىدىن ئىككى لەشكەر ئات سالغان پېتى چۆلگە قاراپ قاچتى. باندىتلارنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماي، كۆپى باندىتلار خوجىسىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە ۋاڭ مىڭئېرنى قورشىۋېلىپ، ئۇنى ئاتنىڭ ئاستىدىن سۆرەپ چىقتى. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ پۇتى قايرىلىپ كەتكەنىدى. باندىتلار ئۇنىڭغا نەيزە سانچىۋەتتى. باندىتلار قانغا بويىلىپ ھالسىراپ ياتقان ۋاڭ مىڭئېرنى ئاتقا ئارتىپ چوڭ جىراغا كىرىپ كەتتى. لەشكەرلەر ئۇنى قۇتقۇزۇشقا شۇنچە تىرىشقان بولسىمۇ، باندىتلار كۆپ بولغاچقا ئامال بولمىدى. باندىتلار ياردار بولغان، ئۆلگەن ئادەملىرىنى تاشلاپ كەتتى. چوڭ جىرا ئالدىدىكى جەڭ ئاخىرلىشىپ، ئەتراپ جىمىدى. ئۆلۈكلەر، ياردارلار يەردە سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئاتلار ئۇياق - بۇياققا پىتىراپ يۈرەتتى. ھايال ئۆتمەي قان ھىدىنى پۇرىغان قاغا - قۇزغۇنلار ئاسماندا پەيدا بولۇشقا باشلىدى.

چۆلگە قاچقان ئىككى لەشكەر چۆلدىن چىقىپ كارۋان يولىغا چۈشۈپ، كەينىدىكى چوڭ كارۋاننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى

ئېيتتى. چوڭ كارۋان ئارىدىن ئىككى سائەت ئۆتكەندە ئاندىن كىچىك كارۋان تۇرغان يەرگە يېتىپ كېلىشتى. ياردارلار ئۆمىلىگەن ياكى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشقان ھالدا ھارۋىلارنىڭ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغانىدى. قاغا - قۇزغۇنلار جەسەت ئارىسىدىن قان ئىچىپ يۈرمەكتە ئىدى. چوڭ كارۋاندىكىلەر ئەھۋالنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ لەشكەرلەرگە قاتتىق ئېچىندى. تۇرداخۇن ياردارلارنى، يەردە ياتقان جەسەتلەرنى ئارىلاپ چۆچۈپ ئىختىيارسىز ۋاڭ مىڭئېر قېنى؟ دەپ توۋلىۋەتتى. ياردارلار ئارىسىدىن بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا كەلدى، ئۇ سايمۇساق ئىدى. ئۇ جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە بىللە بارغان ھېلىقى لەشكەر ئىدى. لەشكەر:

— تۇرداخۇن، ۋاڭ مىڭئېر تولىمۇ ياشلىق قىلدى. ئۇ سىزنىڭ گېپىڭىزگە كىرىپ، تۇنۇگۇنلا كارۋاننى ئىككىگە ئايرىپ ئۆزى كەينىدىكى كارۋاندا ماڭغان بولسا بۇنداق بولمايتتى. ئادەملەرمۇ زەخىملەنمەيتتى، — دېدى.

قاغا - قۇزغۇنلار ھېلىمۇ قان ئىچىپ يۈرەتتى. تۇرداخۇننىڭ يادىغا يەنە ۋاڭ مىڭئېر كېلىپ:

— ۋاڭ مىڭئېر يوققۇ؟ — دەپ سورىدى.

بىر ياردار ئاران تىزلىنىپ تۇرۇپ:

— باندىتلار ۋاڭ مىڭئېرنى يارىلاندۇرۇپ ئاتقا ئارتىپ چوڭ جىراغا ئېلىپ كىرىپ كەتتى، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن، — دېدى ھېلىقى لەشكەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، — ۋاڭ مىڭئېر ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ، باندىتلارنى ئۆزى يالغۇز دېگۈدەك يوقاتتى، ئۇلاردىن پەقەت تۆت ئادەم قالغانىدى، ئۇلارنى باغلاپ قويغانىدۇق. لېكىن كېيىن پەيدا بولغان باندىتلار كۆپ ئىكەن، ئۇلار ۋاڭ مىڭئېرغىلا ھۇجۇم قىلدى. قارىغاندا ئۇلارغا خەۋەر يەتكۈزگەن باندىت ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى دەپ بەرگەن

بولسا كېرەك، شۇڭا ئۇلار ۋاڭ مىڭئېرغىلا ھۇجۇم قىلىپ، ئۇنى ياردار قىلىپ ئېلىپ كەتتى.

تۇرداخۇن ھارۋىلارغا قارىدى. ھارۋىدىكى ماللار شۇ پېتى ئىدى. ئەتراپتا يۇرگەن ئاتلارنىڭ تولىسى باندىتلارنىڭ ئىدى. تۇرداخۇن ھەيران بولدى، قارىغاندا لەشكەرنىڭ دېگىنى توغرىدەك ئىدى. ئەگەر باندىتلار ۋاڭ مىڭئېرنى تۇتۇپ كەتمىگەن بولسا، ئەلۋەتتە ئون ھارۋا مال بىلەن ئاتلىرىنى ئېلىپ كەتكەن بولاتتى.

— راست، — دېدى چوڭلگە قاچقان ئىككى لەشكەرنىڭ بىرى، — ئۇنىڭ دېگىنى توغرا، كېيىن كەلگەن باندىتلار بىلەن مەنمۇ ۋاڭ مىڭئېر بىلەن بىللە تۇتۇشقانىدىم، لېكىن باندىتلار نەيزىلىرىنى ئۇنىڭغىلا توغرىلىدى. يەنە باندىتلارنىڭ باشلىقى ئادەملىرىگە «ھېلىقى ئادىمىمىز دېگەن پالۋان مۇشۇ ئوخشايدۇ، ئۇنى تىرىك تۇتۇڭلار» دەپ توۋلىدى. ۋاڭ مىڭئېر بىزگە ئىشارەت قىلدى. بىز قورشاۋدىن بوسۇپ چىقىپ كەتتۇق. لېكىن ئۇلار ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئېتىنى نەيزە بىلەن زەخىملەندۇرۇپ يىقىتىپ، ۋاڭ مىڭئېرنى ئات ئاستىدىن تارتىپ چىقىرىپ ئېلىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بىز بىلەنمۇ كارى بولمىدى. ئاندىن مەن ئۇنىڭ بىلەن، — دەپ يېنىدىكى لەشكەرنى كۆرسىتىپ داۋاملاشتۇردى، — چوڭلگە قېچىپ، سىلەرنى تاپتۇق.

— راست، — دېدى يەنە بىر لەشكەرمۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ.

ئەھۋال بارغانسېرى ئايدىڭلاشماقتا ئىدى. تۇرداخۇن ياردارلار ئارىسىدىكى ھېلىقى ساق لەشكەرگە:

— سەن باندىتلار بىلەن تۇتۇشمىدىڭمۇ؟ — دېدى.

لەشكەر كۇلۇپ كېتىپ:

— مېنىڭ ساق تۇرغانلىقىمغا ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، باشقىلار ئۆلۈپتۇ، ياردار بوپتۇ، سەن بولساڭ

باندىتلارنى كۆرمىگەندەكلا ساق تۇرسەنغۇ؟

— مەن باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ، ئۇلارنىڭ تۆت ئادىمىنى باغلاپ قويغانىدىم. لېكىن باندىتلار ئىككىنچى قېتىم بۆسۈپ كەلگەندە ئۇلارنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، ئۇلار بىلەن داۋاملىق كۈچ ئېلىشالمايدىغانلىقىمىزغا كۆزۈم يەتتى. سىزنىڭ ئالدىنقى قېتىمدا باندىتلار كەلگەندە ئالدىدىكى كىچىك كارۋان ئادەملىرىنى قارشىلىق كۆرسەتمەي ھارۋىدىن نېرى كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىڭىز يادىمغا كېلىپ، ياردارلار ئارىسىغا كىرىپ يېتىۋالغانىدىم.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى كۈلۈشۈپ كەتتى، بەزىلىرى ئۇنىڭغا قاراپ پىچىرلىشىپ كەتتى.

— مەن، — دېدى ھارۋىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ تۇرغان بىر ياردار لەشكەر ناھايىتى بوش ئاۋازدا. ھەممىسى ئۇنىڭغا قارىدى، تۇرداخۇن ئۇنىمۇ تونۇدى. ئۇ جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن ئۆيگە بىللە بارغان لەشكەرنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئېغىر يارىلانغان بولۇپ، بېشىدىن ئاققان قان بىلەن يۈزى قىپقىزىل بويالغانىدى.

— مەن باندىتلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشتۇم. لېكىن ئىككىنچى قېتىم باندىتلار كۆپ كەلگەنلىكتىن، تۇرداخۇننىڭ گېپى يادىمغا كېلىپ، «باندىتلار دەسلەپتە كەلگەندىلا ھارۋىنى تاشلاپ نېرى كەتكەن بولساق بوپتىكەن» دەپ ئويلاپ قالدىم، ئەمما ئۆلگۈرەلمەي ئۇلار بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتۇق، مانا ئەمدى نېمە بولدى؟ ئۆلگەنلەر ئۆلدى، ياردار بولغانلار ياردار بولدۇق. ئىككى تۈك ـ تۈك باندىتنى دەپ جېنىمىزنى سېلىپ بەردۇق. يۇرتىمىزغا بارساق ئاتا ـ ئانىمىز، بالا ـ چاقىلىرىمىز ھەسرەتتە قالامدۇ! — كۆزىگە ياش ئالدى ئۇ.

ئۇنىڭغا قاراپ ھەممىسى ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىشتى. گۇگۇم چۈشۈپ، ئېدىرلار قارىيىپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. پەقەت چۆل تەرەپ ئۇپۇقنىڭ ئاخىرقى نۇرىدا ئاقىرىپ تۇراتتى. تۇرداخۇن:

— بۇرادەرلەر، باندىتلار ئەمدى كەلمەيدۇ. بۈگۈن مۇشۇ

يەردە تۆنەيمىز، جەسەتلەرنى يىغىشتۇرۇپ، قانلارنى قىرىپ تازىلىغۇيتەيلى، بولمىسا بۇ جىرا ئالدى قاغا - قۇزغۇنلارنىڭ ماكانى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى.

كۆپچىلىك ھە - ھۇ دېيىشىپ لەشكەرلەرنىڭ جەسەتلىرىنى ھارۋىغا باستى، باندىتلارنىڭ جەسەتلىرىنى ئازگالغا تاشلاپ قىرىلغان قان توپىلار بىلەن كۆمۈۋېتىپ، ئەتراپنى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تازىلىۋېتىپ، ئەتىسى يولغا چىقىشتى.

## ئون توققۇزىنچى باب

# چيەن دارىنىنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزىل لېپاپلىق شىكايەتنامىسىنى قوبۇل قىلغانلىقى

تۇرداخۇن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ تۇنجى قېتىملىق سودىسىغا ياردەملىشىپ، ئۇنى زور مال - دۇنياغا ئىگە قىلىپ قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنتۇلماس بىر چوڭ ھازىنى باشلاپ كەلدى. جەڭدە ئۆلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى يىغلاپ - قاقشاشتى. يارىدار بولۇپ مېيىپ بولغانلارنىڭ ئائىلە - تاۋابىئات، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەسرەت - نادامەت ئىچىدە قېلىشتى. بولۇپمۇ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ يوقلۇقى ھەممىدىن ئېغىر قايغۇ بولدى. ئۇنىڭ دېرەكسىز يوقالغانلىقىنى ئاڭلىغان ھەممە ئادەم ئۇنىڭدىن قاتتىق ئەنسىرەشتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئائىلىسى نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قاتتىق قايغۇدا قالدى. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلگەنلىكى توغرۇلۇق ئېنىق خەۋەر بولمىسىمۇ، لېكىن ۋاڭ بېگىم ئائىلىسى ئوغلىنى ئۆلدى دەپ گۇمان قىلىپ، ماتەم كىيىملىرىنى كىيىپ يۇرۇشتى. پەتچىلەر كەلسىمۇ شۇ كىيىم بىلەن ئالدىغا چىقىشتى. پەتچىلەر ئۇلارنىڭ ماتەم كىيىمىنى كىيىۋالغانلىقىنى «توغرا بولمىدى» دېسىمۇ، باندىتلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمنى ئۆلگەنگە چىقىرىپ ھازا تۇتتۇەردى. ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ شىئېر، بەي ئاغىچا ۋە دۇ قىزچاق ئولتۇرسا - قوپسا تولا يىغلاپ كۆزىدىن ياش قۇرۇمايتتى. ۋاڭ بېگىم ئوغلىغا

ئىچ ئاغرىتىپ ھەممىدىن بەك قايغۇردى ھەم تۇرداخۇنغا غەزەپلىنىپ، ئۇنى توختىماي قارغايتتى. ھەتتا «مېنىڭ بىردىنبىر ئوغلۇمنى تۇرداخۇن كۆرەلمەسلىك قىلىپ يوقاتتى» دەپ يىغلايتتى. بەزىدە ئوغلى چېگرا سودىسىغا يولغا چىقىش ئالدىدا ئۇنىڭغا بەرگەن يۈز سەر ئالتۇن يادىغا يەتسە، «يۈز سەر ئالتۇنۇمنى تۇرداخۇن كۆرەلمەي يوقاتتى» دەيتتى. «مەن نېمىشقا تۇرداخۇنغا ئىشىنىپ ئوغلۇمنى ئۇنىڭغا قوشۇپ قويغاندىمەن» دەپ داد - پەرياد قىلاتتى. ئۇ ھېچكىمنىڭ تەسەللىسىنى ئاڭلىمايتتى. پەقەت يىغىسى توختاپ، ئۆزىمۇ ھارغاندا باشقىلارنىڭ گېپى قۇلىقىغا ياقسا ئاڭلايتتى، ياقمىسا، ئۇنى سىلكىۋېتەتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىش ئۈچۈن باشقىلار ئوپۇل - توپۇل يېنىغا كەلمەيتتى. ھەتتا ۋاڭ خېنىم، ئەتىۋارلىق قىزى ۋاڭ شىئېرمۇ مۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا گەپ قىلمايتتى. پەقەت گاۋ غوجىدارلا ئۇنىڭ كەيپىياتىنى مۆلچەرلەپ ئېپىنى تېپىپ گەپ قىلالايتتى. بىر كۈنى ۋاڭ بېگىم قايغۇدىن سەل پەسەيگەندە گاۋ غوجىدار ئاستا يېنىغا كېلىپ:

— بېگىم، ئوغلىڭىزنى ياد ئېتىپ قاتتىق قايغۇرۇپ كېتىۋاتىسىز، ياشىنىپ قالدىڭىز، سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ. مۇنداق قىلسىڭىز ئاغرىپ قالىسىز، ئۇ چاغدا بۇ يېزىدىكى ھەممىمىز نادامەتتە قالىمىز، — دېدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا ھومىيىپ:

— قانداق قىلىمەن ئەمىسە؟ مەن جان - جىگىرىمدىن ئايرىلىپ قېلىۋاتىمەنغۇ، مەن قايغۇرماي كىم قايغۇرىدۇ، — دەپ ئاچچىق قىلدى.

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، — دېدى گاۋ غوجىدار ئۇنىڭغا بېشىنى ئېگىپ، — ۋاڭ مىڭئېرنى ئەسلەپ پەرياد چېكىپ يۈرۈۋەرگىچە ئۇنىڭ خەۋىرىنى ئالىدىغان ئامالنى قىلمايمىزمۇ.

— نېمە؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم ھەيرانلىقتا دىققىتىنى

يىغىپ، — ئوغلۇمنىڭ خەۋىرىنى ئالىدىغان نېمە ئامال بار؟

— ئامال بار، — دېدى گاۋ غوجىدار كۇلۇمسىرەپ، — ھاكىم جانابلىرىغا ئەرز سۇنىمىز.

— نېمە. . . نېمە؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ. گاۋ غوجىدار بېشىنى كۆتۈرۈپ رۇسلىنىپ تۇرۇپ دېدى:

— ۋاڭ بېگىم، ئوغلىڭىز ھەربىر يادىڭىزغا يەتسە تۇرداخۇننى قارغاپ تىللاپ كېتىدىكەنسىزغۇ؟

— شۇنداق، ئۇنى ئەلۋەتتە قارغايمەن. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمغا چېگرا سودىسى ئۆگىتىپ قويماقچى بولۇپ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن تۇرسا.

— ھەببەللى، — گاۋ غوجىدار بېشىنى ئۇنىڭغا يەنە يېقىن قىلىپ بىر نېمىلەرنى دەپ خېلى ئۇزاق پىچىرلىدى. ۋاڭ بېگىم خۇددى بىر نەرسە تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ:

— ئوبدان دېدىڭ، چوقۇم شۇنداق قىلىمەن، — دەپ ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ قويدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ خۇش بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ يەنە:

— ھېچبولمىغاندا ئوغلىڭىزنىڭ خەۋىرى بولغىچە چيەن دارىن تۇرداخۇننى قاماپ قويسىمۇ ئىچىڭىزدىكى دەرد - ئەلەم سەل بېسىلامدۇ. سىز ئۆيدە پەرياد چېكىپ يۈرسىڭىز، تۇرداخۇن بولسا چېگرىدىن ئېلىپ كەلگەن ماللىرىنى خالىغانچە باھا قويۇپ سېتىپ بېيىپ كېتىۋاتسا. ھازىر كىم بىلەن كىمنىڭ كارى، — دېدى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، سەن راست ئەقىللىق جومۇ، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ ماختاپ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى گاۋ غوجىدار يەنە، — ئۇرۇنۇپ باقمامدۇق، يا ئۇيياقتىن چىقار، يا بۇياقتىن. ئەگەر تۇرداخۇن باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن بىرەر پاكىت چىقىپ قالسا،

ئوغلىڭىزنىڭ خۇنى ئۇچۇن ئۇنىڭ ھەممە بايلىقىنى يۇلۇۋالامسىز. ئەگەر ئۇنداق پاكىت بولماي قالغاندىمۇ، چيەن دارىن جانابلىرى ئەقىللىق ئادەم، ھېچبولمىغاندا «چېگرا سودىسىنى ئۆگىتىشكە ئېلىپ بېرىپ نېمىشقا ۋاڭ مىڭئىبرغا ئىگە بولمىدىڭ، نېمىشقا قاتتىق باشقۇرمىدىڭ» دەپ، قولغا ئالغانلىقىنى خاتاغا چىقارماي جۆندەيدۇ.

بۇ گەپكە ۋاڭ بېگىم تولىمۇ خۇش بولۇپ، چىرايى ئېچىلىپ كەتتى. چوڭ كارۋان يېنىپ كەلگەندىن بېرى ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم كۈلۈشى ئىدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ھەققىدە سۇنغان ئەرزى ئېقىپ ھويلىسى بىلەن مويكىنى قولغا كىرگۈزۇۋالسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قېتىم چېگرىدىن كەلتۈرۈلگەن ھەددى ــ ھېسابسىز جىق ماللار بازارغا سېلىنسا، ئۇ كارامەت بېيىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ھازىر ئىنتايىن خۇش ئىدى.

زاۋال كىردى. ۋاڭ خېنىم تاماقخانىدىن چىقىپ دالاندا كېتىۋېتىپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ چىرىغى يېنىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. چوڭ كارۋان يېنىپ كەلگەندىن بۇيان ۋاڭ بېگىم يىغا ـ زار بىلەن بولۇپ، كۇتۇپخانىسىغا كىرىپ باقمىغانىدى. كىرسىمۇ كۇندۇزى كىرەتتى. تېخى بايىلا ۋاڭ بېگىم گاۋ غوجىدار بىلەن تالاغا چىقىپ كەتكەندەك قىلغانىدى. شۇڭا ۋاڭ خېنىم كۇتۇپخانىغا كىرىپ كەلدى، ۋاڭ بېگىم كىچىك ئۇستەلنىڭ ئالدىدا خىيال سۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇستەل ئۇستىدە دۇۋەت، قەغەز ۋە موي قەلەم تۇراتتى. ۋاڭ بېگىم بىرسىنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزگەن بولسىمۇ، دىققىتىنى بۆلمەي جىم ئولتۇراتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇستەلگە قارىدى. قەغەزنىڭ ئاستىدا قىزىل لىپاپ تۇراتتى. ئۇ:

— بېگىم، خىيال سۇرۇپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئالدىرىماي بۇرۇلۇپ:

— ئوغلۇمنىڭ ھېلىغىچە ھېچقانداق خەۋىرى بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا ھاكىم جانابلىرىغا ئەرز تۇتۇپ، ئوغلۇمنىڭ خەۋىرىنى سۈرۈشتۈرەي دەيمەن، — دېدى.

ھازىر كىشىلەر ئاغزىدا ۋاڭ مىڭئېر توغرۇلۇق ھەر خىل گەپ - سۆزلەر كۆپ ئىدى. كەلگەن پەتىچىلەردىنمۇ ھەر خىل گەپلەرنى ئاڭلاپ تۇرغان ۋاڭ خېنىم:

— بېگىم، ھاكىم جانابلىرىغا ئەرز تۇتمىسىڭىزمۇ ئوغلىمىزنى باندىتلار تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدىغۇ. يامۇلمۇ سۈرۈشتۈرۈۋاتىدۇ، يېقىندا ئاڭلىساق جاڭ لەشكەر بېگى لەشكەر تارتىپ باندىتلارنى قوغلاپ تۇتماقچىكەنغۇ، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئەھۋالدىن قارىغاندا ئوغلىمىزغا سۈيقەست باردەك قىلىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسىز، يالغۇز بىر ئوغلۇملا سۈيىقەستكە ئۇچراپتۇمۇ؟ — دېدى ۋاڭ خېنىم ئوغلىنى يادىغا ئېلىپ ۋە — جېنىم ئوغلۇم سۈيىقەستكە ئۇچرىغانمىدىڭ، — دەپ يىغلاشقا باشلىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنى بەزلەپ:

— بولدى يىغلىما، مەنمۇ شۇنداق شەپە بارلىقىنى سېزىپ ھاكىم جانابلىرىغا ئەرز تۇتماقچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى.

— كىمنىڭ قەست قىلغانلىقىنى بىلدىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ.

— ياق، لېكىن ئەرز تۇتمىسام ئېنىقلانمايدىغاندەك قىلىدۇ. ھاكىم جانابلىرى «سۈرۈشتۈرىمىز» دېگىنى بىلەن ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالماپتۇ» دېگەندەك، ئەرز تۇتسام بۇ ئىشقا بالدۇرراق تۇتۇش قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق قىلىڭ، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ئوغلىمىزدىن خەۋەر بولمىغانسېرى يۈرەك - باغرىمىز ئېزىلىپ كېتىۋاتىدۇ، — ئۇنىڭ يەنە كۆڭلى بۇزۇلۇپ، — بىچارە بالام

ھايات تۇرۇۋاتقانسەن! — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.
ۋاڭ خېنىممۇ ئەرز تۇتۇشقا قوشۇلۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ۋاڭ بېگىم قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، بايا ئېنىق پاكىتى يوق گۇمان بىلەن ئەرز يازايمۇ - يازمايمۇ دەپ ئىككىلىنىپ تۇرغان بولسا، ئەمدى ئەرزنى چوقۇم يېزىش قارارىغا كەلدى. ئۇ خوتۇنىغا:
— سەن چىقىپ ئۇخلاۋەرگىن، مەن ئەرزنى يېزىپ بولۇپ ئاندىن ياتىمەن. بەلكىم بۈگۈن كەچرەك يېتىشىم مۇمكىن، — دېدى.
— بولىدۇ ئەمىسە، مەن چىقىپ ياتاي، — ۋاڭ خېنىم كۇتۇپخانىدىن چىقىپ ئىشىكنى چىڭ يېپىپ قويدى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ ھەممە ئۆيلەرگە چىراغ يېقىلىپ بولغانىدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم ھۇجرىسىغا كىرسە ئوغلىنى ئويلاپ، يالغۇز ئۇخلىغۇسى كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ ئاستا بىر دەسسەپ، ئىككى دەسسەپ پەلەمپەيدىن چىقىپ قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ھۇجرىدا دۇ قىزچاق ھەم بەي ئاغىچىلارمۇ بار ئىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارنى كۆرۈپ، «ئۇيقۇم كەلگىچە بىردەم پاراڭلىشىدىغان بولدۇم» دەپ خۇش بولدى. ئۇلارمۇ ۋاڭ خېنىمنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ بىر ئورۇندۇقنى قويۇپ بەردى. ۋاڭ خېنىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ:
— مەنمۇ سىلەرنى مۇشۇ يەردىمىكىن دەپ كىرىشىم، — دېدى ۋە قىزىغا قاراپ داۋاملاشتۇردى، — دادىڭىزنىڭ كۇتۇپخانىسىدا ئىشى باركەن. قارىغاندا كەچرەك ئۇخلايدىغان ئوخشايدۇ.
— ئوبدان قىپسىز ئاپا، پاراڭلىشىپ ئولتۇرمايمىزمۇ، — دېدى ۋاڭ شىئىر تېخىمۇ خۇش بولۇپ.
— ۋاڭ خېنىم، پەتىچىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ بەك ھېرىپ كەتتىڭىز. بىزمۇ ئۇ يەر - بۇيەردىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق، — دېدى بەي ئاغىچا ئىككى قىزغا قاراپ.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن ۋاڭ خېنىمنىڭ يادىغا بىر ئىش كېلىپ:
— راست، تۈنۈگۈن پەتىگە كەلگەن ئۇيغۇر ئاياللار ئارىسىدا ئىلگىرى كۆرۈپ باقمىغان بىر ئايال بارىكەن. ئويلىسام - ئويلىسام ئۇ ئايال ھېچ يادىمغا كەلمەيدۇ. لېكىن ئۇمۇ خۇددى ماڭا ئوخشاش غەمكىن كۆرۈنىدۇ، ئۇ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئادىتى بويىچە يۈزۈمگە يۈزىنى يېقىپ كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن ئىنتايىن خۇش بولدۇم، ئۇ ئايال زادى كىم بولغىيدى؟ — دېدى.
— ئاپا، — دېدى ۋاڭ شىئېر، — ھېلىقى ئايخان ئاچام بىلەن بىللە كەلگەن ئايالنى دەمسىز؟
— ھەببەللى، شۇ ئايال.
ۋاڭ شىئېر كۈلۈپ كېتىپ:
— ئاپا، ئۇ ئايالنى مەن سۈرۈشتۈردۇم. ئۇ بارات ئاكامنىڭ ئاپىسى ئىكەن. سىز ئۇ ئايالنى كۆرمىگىنىڭىز راست، بىزمۇ كۆرمىگەن. ئاكامنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، بارات ئاكامنىڭ دادىسى ئاغرىقچان، گەپنى تۈزۈك قىلالمايدىغان ئادەمكەن. شۇڭا ئاپىسى دادىسىنى كۈتۈپ، ئادەتتە تالا - تۈزگە چىقمايدىكەن. لېكىن بارات ئاكام ئاكامنىڭ دوستى بولغاچقا، ئۇ ئايخان ئاچام بىلەن بىللە پەتىگە كەپتۇ، — دېدى.
— رەھمەت ئۇ ئايالغا، لېكىن مەن يىغا بىلەن بولۇپ ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىيالماپتىمەن، ئەجەب سەت بوپتۇ.
— ھېچقىسى يوق، — دېدى بەي ئاغىچا، — سىزدىن ھازىر كىم ئاغرىنىدۇ.
— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ ئايال ئوغلۇمنىڭ دوستىنىڭ ئاپىسى ئىكەن ئەمەسمۇ. ئۇ مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆز كۆرۈپ ماڭا ئوخشاش قايغۇرۇپ، ئالاھىدە پەتىگە كەپتۇ، — دېدى ئۇ ۋە ئوغلىنى يادىغا ئېلىپ يەنە كۆز يېشى قىلدى.
بەي ئاغىچا دەرھال ئۇنىڭ قولىغا قول ياغلىقنى بەردى. ۋاڭ

خېنىم يېشىنى سۆرتۈۋېتىپ، ئىختىيارسىز باراتنى ئەسلەپ قالدى. ھېلىغىچە بۇ ئۆيگە پەتىچىلەر ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى، چيەن دارىنمۇ نەچچە قېتىم كەلدى، لېكىن تۆگچىسى بارات يېنىدا يوق ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— راست، بىزنىڭ ئۆيگە پەتىگە كەلمىگەن ئادەم قالمىدى، لېكىن باراتنى كۆرمىدۇق، — دەپ ئۇلارغا قارىدى. ۋاڭ شىئېر گەپ قىلمىدى. لېكىن دۇ قىزچاقنىڭ گەپ قىلغۇسى كېلىپ ئالدىراپ:

— ۋاڭ خېنىم، بارات ئاكامچۇ ھازىر بۇ يەردە ئەمەسكەن، ئۇ ھازىر ئۇرۇمچىدىكەن، ئاڭلىساق ھاكىم چيەن دارىن جانابلىرى كىچىك بايۋەچچىسىنى باشقۇرالماي بارات ئاكامنى قوشۇپ بالىسىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئۇرۇمچىگە ئەۋەتىۋېتىپتۇ، — دېدى.

ھېلىمۇ كۆڭلى بۇزۇلۇپ تۇرغان ۋاڭ خېنىم ئۆزىنى تۇتالماي:

— ۋاي خۇدايىم، مېنىڭ باتۇر، قاۋۇل ئوغلۇمغا بالا ـ قازا كېلىپ يوقاپ كەتتى، لېكىن ئاشۇنداق لۇكچەك، ھاراقكەش، كىشىلەرگە ئارام بەرمەيدىغان شۇملارغا ھېچ ئىش يوقكەن، — دەپ ئوغلىنى ئەسلەپ يەنە يىغلىدى.

بەي ئاغىچا دۇ قىزچاققا ئالىيىپ قويدى. ئۇنىڭ ئالىيىپ قارىشىدىن دۇ قىزچاق ئالدىراقسانلىق قىلىپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىپ قويغانلىقىغا خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. لېكىن باراتنىڭ «پالۋان، چامباشچى ئاكىمىز تۇرسا ئۇ كىچىك بايۋەچچىدىن نېمىشقا قورقىسىز» دېگەن سۆزى ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېسىگە كېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئاپىسىنىڭ ئالدىدا توختاپ:

— ئاپا، ئۇنداق ئەسكىنىڭ گېپىنى قىلىپ نېمىشقا يىغلايسىز؟ — دېدى چىرايى تۇرۇلۇپ، — خەپ، ئاكام قايتىپ

كېلىپ باقسۇنچۇ قېنى، ئاكامغا دەپ ماڭا چۈشۈمدىمۇ، ئوڭۇمدىمۇ ئاراملىق بەرمەي يۈرگەن ئۇ لۈكچەكنىڭ ئەدىپىنى بىر بەرگۈزمىسەم، — مۇشتۇمىنى تۈگدى ئۇ.

ئۇنىڭ كېيىدىن ۋاڭ خېنىم يىغىسىنى دەرھال توختىتىپ، قىزىغا قارىدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قارىشىپ، بىردەمدىن كېيىن ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ شىئېرنىڭ گېپى ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە تازا ياققانىدى. شۇم خەۋەر كەلگەندىن بېرى بۇ تۆتىنىڭ بىرىنچى قېتىم كۈلۈشى ئىدى.

ۋاڭ بېگىم ئاخشام يېزىپ چىققان ئەرزنامىنى ھاكىمغا كېچىكتۈرمەي تاپشۇرۇش ئۈچۈن، ئەتىسى ئەتىگەندىلا گاۋ غوجىدار بىلەن بىللە ئاتلىق يولغا چىقتى. ئۇلار ناھىيىگە بالدۇرلا يېتىپ كېلىپ، يامۇل دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈشتى. قايغۇ - ھەسرەتتىن بوشاشقان ۋاڭ بېگىمگە بۇ يول ئازابى قوشۇلۇپ ئوبدانلا ھاردۇق يەتكەنىدى. شۇڭا گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ يېنىدا بىردەم تۇرۇپ، ئۇ دېمىنى ئوبدان ئېلىپ ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، يامۇل ئىچىگە قاراپ ماڭدى.

ۋاڭ بېگىمنى يامۇل خىزمەتچىلىرىنىڭ ھەممىسى تونۇغاچقا، چيەن دارىن ئۇنىڭ كەلگەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ يېنىدىكى خىزمەتچىسىنى ئالدىغا چىقارغانىدى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى، ئاندىن ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئىشخانىغا باشلاپ ماڭدى. ئىشخانىدا ھاكىمدىن باشقا يەنە جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ۋاڭ بېگىمنى ئىككى ئادەم ئىككى بىلىكىدىن تۇتۇپ ئاۋايلاپ ئېلىپ كىرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەشتى. ئۇلار ۋاڭ بېگىمنى چيەن دارىننىڭ يېنىدىكى بوش ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇشتى. ئۇنىڭ ناھايىتى ھارغىن چىرايىنى كۆرگەن جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگى بىر - بىرلەپ ئالدىغا كېلىپ

ئەھۋال سوراشتى. ئۇنىڭدىن كۆپ گەپ سوراشمۇ كىشىگە بىئەپ تۇيۇلاتتى. ئوغلىنىڭ خەۋىرى ھېلىغىچە بولمىغاچقا، ئۇنىڭ سۈنئۇق كۆڭلىگە تەسەللى بولغىدەك گەپ - سۆز تېپىشمۇ تەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار ۋاڭ بېگىمدىن ئەھۋال سوراپ ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلار ۋاڭ بېگىمنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتەتتى. ۋاڭ بېگىم ئالدىرىماستىن ھاكىمغا:

— ھاكىم جانابلىرى، ئوغلۇمنىڭ دەرد - پىراقىدا نېمە بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىمنى ھەممىڭلار ياخشى بىلىسىلەر، — دېدى ۋە جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى. ئۇلارمۇ «راست شۇنداق» دېگەندەك قىلىشىپ بىر - بىرىگە قاراپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىشتى. ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مېنىڭچە، ئوغلۇمغا سۇيىقەست بارمىكىن دەپ گۇمان قىلىمەن، — دېدى.

چيەن دارىن ھەيران بولۇپ، جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى. ئۇلارمۇ تەئەججۈپ بىلەن بىر - بىرىگە قاراشتى. چۈنكى ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ھېلىغىچە دېرىكى بولماي، ئۇ توغرۇلۇق ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقالغان بولسىمۇ، «ئۇنىڭغا سۇيىقەست قىلىنغان» دېگەن گەپ چىقمىغانىدى. شۇڭا چيەن دارىن ھەيرانلىق بىلەن:

— ۋاڭ بېگىم، راست شۇنداقمىكەن؟ — دېدى.

— مېنىڭچە شۇنداق، — ۋاڭ بېگىم يېنىدىكى گاۋ خوجىدارغا قارىدى. گاۋ غوجىدار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر قىزىل لېپاپىنى چىقىرىپ، ئالدىرىماي ھاكىمنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ، كەينىچىلەپ مېڭىپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ھاكىم ئالدىدىكى لېپاپقا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى ھەتتا ھاكىمنىڭ يېنىدىكى خىزمەتچىسىمۇ ئۇ لېپاپقا قاراپ قالدى. چيەن دارىن لېپاپنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىرنەچچە ۋاراق خەتنى چىقىرىپ

ئالدىغا قويدى. خەت ئۇزۇن يېزىلغانىدى. ھاكىم خەتنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ خاتىرجەم ھالدا يەنە لېپايقا سىلىپ ۋاڭ بېگىمگە:
— ۋاڭ بېگىم، ئەرزىڭىزنى ئوقۇپ چىقتىم، ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ باقايلى، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ گېپىدىن رازى بولمىغاندەك ئورۇندۇقتىن دەرھال تۇرۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ:
— ھاكىم جانابلىرى، «ئەھۋالنى تەكشۈرۈپ باقايلى» دېمەي، دەرھال چارە قوللانمىسىڭىز مەن يامۇلدىن رازى بولمايمەن. بۇ ئىش ھەل بولماي ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ، — دېدى.
ئۇنىڭ تىكىلىپ قاراشلىرى، ئاچچىقىدا گەپ قىلىشلىرى چيەن دارىننىڭ سەل كۆڭلىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن يالغۇز ئوغلىنىڭ ئوت - پىراقىدا مۇشۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەندى ھەم ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىشىش ئارزۇسى بولغاچقا:
— بېگىم، ئاچچىق بىلەن ئۆزىڭىزنى ئۇپراتماڭ، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز چوقۇم چارە قوللىنىمىز، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم ئەمدى ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ ئورنىغا ئولتۇردى ھەم كۆڭلى تىنغاندەك بولۇپ، چىرايى ئوڭشالدى. چيەن دارىن ئۇنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن:
— ۋاڭ بېگىم، بۈگۈن ئەرز سۇنۇپ يىراقتىن ئالاھىدە ئۆزىڭىز كەپسىز. ئەرزىڭىزنى باشقىلار ئارقىلىق ئەۋەتسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى.
— ياق، بولمايدۇ، ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى ئۆزۈم قىلىشىم كېرەك.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى چيەن دارىن، — ئەرزىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، بىز دەرھال چارە قوللىنىمىز ھەم تەكشۈرۈپ چوقۇم ئېنىقلايمىز.
ۋاڭ بېگىم ئەمدى ئۇنىڭدىن ھەقىقىي رازى بولدى، چىرايىغا

كۆلكە يۈگۈرۈپ غوجىدارغا قاراپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە هاكىمغا:

— هاكىم جانابلىرى، سىزگە كۆپ رەھمەت. جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى، ھەممىڭلار هازىرقى كەيپىياتىمنى ئوبدان چۈشىنىسلەر، مەن هازىر ساراڭ بولاي دەپ قالدىم. جانجىگەر يالغۇز ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن، مەن چوقۇم ئۆچ ئالىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ يەنە ئاچچىقلىنىپ چالۋاقاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چيەن دارىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئۆزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ. سۇنغان ئەرزىڭىزدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم خاتىرجەم هالدا:

— ئۇنداقتا بىز ماڭايلى، — دەپ بۇرۇلۇپ مېڭىشقا تەمشەلدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى. يامۇل خىزمەتچىسىمۇ كېلىپ ئۇنىڭ يەنە بىر بىلىكىدىن تۇتۇپ، خۇددى بايا ئۇلار ئىشخانىغا كىرىپ كەلگەن قىياپەتتە مېڭىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىن هاكىم، جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگى ئىشخانا ئىشىكىگىچە ئۇزىتىپ كەلدى.

ۋاڭ بېگىم كېلىشتىن ئىلگىرى بۇ ئۈچى باندىتلارنى قوغلاپ يوقىتىش پىلانى توغرىسىدا مەسلىھەتلىشىۋاتاتتى. لېكىن ئۇلار قاچان يولغا چىقىشنى بېكىتمىگەنىدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ كېلىپ ئەرز سۇنۇشى ئۇلارنى بۇ پىلاننى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشقا ئالدىراتقاندەك بولدى. شۇڭا هاكىم نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ تۇرغىنىدا ۋاڭ بېگىمنى ئۇزىتىپ چىقىپ كەتكەن يامۇل خىزمەتچىسى كىرىپ كەلدى. هاكىم ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ۋاڭ بېگىم كەتتىمۇ؟

— كەتتى. لېكىن ئۇ بۈگۈن ئۆيىگە قايتمايدىكەن، شۇڭا مېهمانخانىغا ئورۇنلاشقىلى كەتتى. ۋاڭ بېگىم سىزنىڭ قوللانغان

چارە - تەدبىرىڭىزنى ئاڭلاپ ئاندىن ئۆيگە قايتىدىغانلىقىنى دەپ قويۇشنى ماڭا ئالاھىدە تاپىلىدى، — دېدى ئۇ ۋە ئۇستەلنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇردى.

جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى تەڭلا ھاكىمغا قارىدى. گېپىنى قانداق باشلاشنى بىلەلمەي تۇرغان ھاكىم ئالدىدىكى قىزىل لېپاپىنى ئېلىپ:

— سىلەرمۇ كۆرۈپ بېقىڭلار، — دەپ جيا بېگىمگە سۇندى. جيا بېگىم لېپاپتىن خەتنى چىقىرىپ سىنچىلاپ ئوقۇشقا باشلىدى. ئۇ ئوقۇپ بولۇپ لېپاپنى خەت بىلەن قوشۇپ جاڭ لەشكەر بېگىگە سۇنۇپ ئالدىغا قارىغىنىچە جىم ئولتۇردى. جاڭ لەشكەر بېگىمۇ خەتنى ئالدىرىماي ئوقۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ خەت ساۋادى ئانچە بولمىغاچقا، بەزى جايلىرىنى قايتىلاپ ئوقۇپ ۋاقىتنى خېلى ئالدى. ئۇ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ لېپاپقا ئالدىرىماي سېلىپ، چيەن دارىننىڭ ئالدىغا قويدى. چيەن دارىن ئۇ ئىككىسىگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپ:

— قانداق، دەرھال چارە قوللانساق بولامدىكەن؟ — دېدى.

جيا بېگىم ئورنىدا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، مېنىڭچە سىز بايا ۋاڭ بېگىمگە دېگەندەك ئالدى بىلەن تەكشۇرۇپ باقساق بولامدىكىن، — دېدى.

چيەن دارىن جاڭ لەشكەر بېگىگە سىز نېمە دەيسىز؟ دېگەندەك قارىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى، — باندىتلارنى تازىلاشنى باشلاپ، ئۇلارنى يوقاتقاندىن كېيىن ئاندىن بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلساق بولامدىكىن.

چيەن دارىن كۇلۇپ كېتىپ:

— مەن ھازىر ھەر ئىككىڭلارغا ھەيران بولۇۋاتىمەن. ئەرزدە ناھايىتى چوڭ ئىككى پاكىت ئېنىق يېزىلىپتۇغۇ، — دېدى.

— هاكىم جانابلىرى، — دېدى جيا بېگىم ئالدىرىماي، — ئەرزدىكى ئۇ ئىككى ئىشنى گۇمان دېيىشكە بولىدۇ، پاكىت دېيىشكە ھەرگىز بولمايدۇ. گۇمانغا تايىنىپ دەرھال چارە - تەدبىر قوللانساق، كېيىن ئوسال بولۇپ قالىمىز.

جاڭ لەشكەر بېگى:

— ھاكىم جانابلىرى، مېنىڭ بىلىم سەۋىيەم تۆۋەن، ئۇ ئىككى ئىشنىڭ پاكىت ياكى گۇمان ئىكەنلىكىنى ئانچە بىلىپ كېتەلمىدىم. مەن بولسام قورال تۇتۇپ مەنچىڭ خانىمىزغا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان لەشكەر. شۇڭا ئالدى بىلەن باندىتلارنى تازىلاشنى باشلاپ، ئاندىن چارە - تەدبىر قوللانساق دەيمەن، — دېدى.

جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ پىكرىنى ئېيتقان بولسىمۇ، دەرھال «چارە - تەدبىر قوللىنايلى» دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، چيەن دارىننىڭ كاللىسىغا بايا يامۇل خىزمەتچىسى يەتكۈزگەن ۋاڭ بېگىمنىڭ گېپى كېلىۋېلىپ، ئەگەر دەرھال چارە - تەدبىر قوللانمىسا، ئۇنىڭ يەنە ئەتىلا يامۇلغا كېلىۋېلىپ ئاۋارە قىلىدىغانلىقىنى ئويلىدى ھەم ئەڭ مۇھىمى كەلگۈسىدە ئۇنىڭ بىلەن قۇدىلىشىدىغانلىقى ئۈچۈن:

— مېنىڭچە، ئەرزدە يېزىلغان ئىككى چوڭ ئىشنى پاكىت دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ھازىرلا چارە - تەدبىر قوللىنىمەن، — دېدى ۋە يېنىدىكى خىزمەتچىسىگە قاراپ ئالدىدىكى ھۆكۈم تاختىسىنى ئۇستەلگە ئۇردى.

— خوپ! — دەپ جايىدا رۇسلاندى ئۇ خادىم.

چيەن دارىن ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھازىرلا لەشكەر باشلاپ تۇرداخۇننى تۇتۇپ كېلىپ قاماڭلار، — دېدى.

— خوپ! — ئۇ دەرھال چىقىپ كەتتى.

جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى بىر - بىرىگە قاراپ قىلىشتى. چيەن دارىن ناھايىتى تەمكىن ھالدا:

— جاڭ لەشكەر بېگى، باندىتلارنى بېسىقتۇرۇشنى ئەتىلا باشلاڭ، — دېدى. جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— خوپ، باش ئۇستىگە، — دەپ تىزلىنىپ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدا ئولتۇردى.

تۇرداخۇنغا مەسلىھەتتىن ئۆتمەيلا مۇنداق ئۇشتۇمتۇت چارە - تەدبىر قوللىنىلغانلىقىغا ھەيران بولغان جيا بېگىم:

— ھاكىم جانابلىرى، ئالدىدا تۇرداخۇننى قولغا ئېلىپ ئاندىن ئەرزنى تەكشۈرىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى چيەن دارىن يەنە تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن مەن تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايمەن.

ئۇلار ھەيران بولۇشۇپ ھاكىمغا قاراپ قالدى. ھاكىم كۈلۈمسىرەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— مەن راستتىنلا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايمەن، ۋاڭ بېگىمنىڭ سۇنغان ئەرزىنى قوشۇپ، «گۇمانلىق جىنايەتكار تۇرداخۇننى قولغا ئالدۇق، باندىتلارنى تازىلاشقا لەشكەر چىقاردۇق» دەپ ئۈرۈمچى ۋالىيسىغا مەلۇمات يوللايمەن، — دېدى.

جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى، جيا بېگىم چيەن دارىنغا:

— ھاكىم جانابلىرى، سىز راستتىنلا پەم - پاراسەتلىك ئادەمكەنسىز، بۇنچىۋالا چوڭ ئىشنى يۇقىرىغا ئىتتىرىپ قويۇش مېنىڭ ئەقلىمگە زادىلا كەلمەيتتى، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ھاكىم، — مۇنداق چوڭ ئىشلارغا ئۈرۈمچى ۋالىيسى چوقۇم ئارىلىشىدۇ. چۈنكى ۋاڭ بېگىم، تۇرداخۇن چوڭ بايلار، ئۇلارنىڭ ئىشىنى ئۈرۈمچى ۋالىيسىنىڭ تۇتۇپ ئىشلىگىنى ياخشى.

جىيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى يەنە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارغا قوشۇلۇپ ھاكىممۇ كۈلۈپ كەتتى.

بۈگۈن چۈشلۈك تاماققا قاسىم ئاخۇن ۋە جىمىلىخاننى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويغاچقا، تۇرداخۇن مويكىدىن بالدۇرلا يېنىپ كەلدى. مېھمانلار ئۆيدە ئولتۇرۇشقانىدى، قاسىم ئاخۇن قېيىنىنىسىنى كۆرۈپ گەپ قىلالمىسىمۇ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ئورنىدىن قوزغىلىشقا تەمشەلدى. ئۇنىڭ قىيىنىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن تۇرداخۇن دەرھال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاكا، قوزغالماڭ، مەن دېگەن ئۆز ئادەم، — دەپ ئۇنى ئورنىدىن قوزغاتماي كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىدى. قاسىم ئاخۇن بىرسىنى كۆرۈپ ئەھۋال سورىسىمۇ ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى، ھەتتا بەزىدە سۆزىنى داۋاملاشتۇرالماي توختاپ قالاتتى. ھازىر ئۇنىڭ كۆڭلىدە قېيىنىنىسىغا دەيدىغان جىق گەپلىرى بولسىمۇ، گېپىنى داۋاملاشتۇرالمايۋاتقىنىغا ئىچى ئاغرىغان ئايالى جىمىلىخان:

— بولدى گەپ قىلماڭ، ئۆزىڭىزنى ئاۋارە قىلماڭ، — دەپ ئۇنى بەزلىدى. قاسىم ئاخۇن جىم بولغاندىن كېيىن جىمىلىخان ئۆيگە قارىدى، تۇران تالادا قازان بېشىدا ئىدى، شۇڭا:

— ئىنىم تۇرداخۇن، سىڭلىم ئايخان، مەن قاسىم ئاخۇنىنىڭ سالامەتلىكىدىن بەك ئەنسىرەيمەن، ئۇنىڭ گەپ قىلىشى بارغانسېرى قىيىنلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئادەتتە ئانچە - مۇنچە مىدىرلاپ قىلىپ تۇرىدىغان موزدۇزلۇقىنىمۇ ئانچە قىلالمايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ خىيالى يەنىلا باراتتا، بەزىدە ماڭا ئاستا «باراتنىڭ تويى، باراتنىڭ تويى» دېگەن گەپلەرنى قىلىدۇ. شۇڭا بۇ يىل قىشتا ياكى كېلەر يىلى ئەتىيازدا تۇران ئىككىسىنىڭ تويىنى قىلىۋەتسەك بولامدىكىن، — دېدى.

ئايخان تۇرداخۇنغا قارىدى، تۇرداخۇن ئاچىسىغا قاراپ:

— خاتىرجەم بول ئاچا، ئىككىسىنى چوقۇم چېتىپ

قويمىز. لېكىن هازىر بارات يوق، ئالدى بىلەن ئۇ كەلسۇن. خۇدايىم بۇيرۇسا پۇتۇن ئەل - جامائەتنى چاقىرىپ چوڭ توي قىلىپ بېرىمەن. ئاچا، سەن قاسىم ئاكامدىن خاتىرجەم بول، ئۇ گەپ قىلالمىغىنى بىلەن پۇت - قوللىرى ساق، ئىشتىهاسى ياخشى، ئۇ تېخى سەن، بىز بىلەن بىللە ئۇزاق ياشايدۇ، — دېدى.

— رەھمەت ئىنىم، — دېدى جېمىلىخان كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مېنىڭچە، توي قانچە بالدۇر بولسا شۇنچە ياخشى بولاتتى.

— ئاچا، خاتىرجەم بولۇڭ، باللار ئەمدى چوڭ بولۇپ، ئاق - قارىنى پەرق ئېتىدىغان بولدى. لېكىن ئۇ ئىككىسى هېلىمۇ «ئاكام، سىڭلىم» دەپ يۈرۈشىدۇ. بارات ئۇرۇمچىدىن كەلگەندە ئۇلارغا بىز ئاتا - ئانىلارنىڭ ئويلىغىنىنى دەيلى. ئاندىن توينى قىلساق ياخشى بولىدۇ، — دېدى ئايخان. قاسىم ئاخۇن ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. جېمىلىخان ئۇنىڭغا:

— تېنىڭىز ساق بولسىغۇ كاشكى، ئوغلىمىزنىڭ تويى بولغاندا سىزمۇ بىزگە ئوخشاش خۇشال بولۇپ ئويناۋالسىڭىز نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى - هە! — دېدى. قاسىم ئاخۇن گەپ قىلىپ ئاغزىنى مىدىرلاتتى.

تۇرداخۇن بىلەن ئايخاننىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ يېنىغا كېلىپ قاسىم ئاخۇننى بەزلىدى. جېمىلىخاننىڭ يىغىسى پەسەيدى. بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، تۇران داستىخان كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. ھەممىسى تەڭلا ئۇنىڭغا قارىدى. تۇران هازىر تازا تولۇپ، گۈزەللەشكەن، كىيىملىرى بەدىنىگە توق كېلىدىغان بولۇپ، قارىغان ئادەمنىڭ زوقى كېلەتتى. ئۇ داستىخان سېلىۋاتقاندا ئۇششاق ئۆرۈلگەن ئۇزۇن چاچلىرى ساڭگىلاپ داستىخانغا سۆرۈلۈپ تۇردى. بېشىدىكى چىمەن دوپپىسى گۈلدەك چىرايىغا تولىمۇ

ياراشقانىدى. مانا مۇشۇ گۈزەل قىز بىلەن بەرنا يىگىت بارات تويى قىلماقچى، خۇدا ئۇ ئىككىسىنىڭ بەخت ـ تەلىيىنى بەرگەي. ئۇ داستىخاننى سىلىپ بولۇشىغا تالادىن دەرۋازىنىڭ قېقىلغىنى ئاڭلاندى. دەرۋازىنىڭ مۇنداق جىددىي قېقىلىشى بىنورمال ئىدى. شۇڭا ئۆي ئىچىدە بىر دەملىك جىددىيلىك هۆكۈم سۈردى، ھەممەيلەن دىققەت قىلىشتى. تۇران «مەن چىقىپ باقاي» دەپ دەرھال چىقىپ كەتتى.

دەرۋازا داۋاملىق قېقىلىۋەردى. تۇران بېرىپ دەرۋازىنى ئاچتى. تالادىن بىرنەچچە ئادەمنىڭ كىرىپ كەلگىنى ئۆيگە ئاڭلىنىپ، ئۆيدىكىلەر تالاغا تېخىمۇ دىققەت قىلدى. ھايال ئۆتمەي ئۆينىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئېچىلدى، ئۆيدىكىلەر ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. ھەتتا قاسىم ئاخۇنمۇ سەنتۇرۇلۇپ ئاران تۇردى، جىمىلىخان ئۇنى يۆلىۋالدى. ئۆيگە يامۇل خىزمەتچىسى ۋە ئىككى لەشكەر كىرىپ كەلدى. تۇرداخۇن دەرھال سۇپىدىن چۈشۈپ، ئۇ ئىككى لەشكەرگە كۈلۈمسىرىدى. ئۇلار ئىلگىرى جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن بىللە مۇشۇ ئۆيگە كەلگەنلەر ئىدى. لېكىن ھازىر ئۇلار تۇرداخۇنغا ئوچۇق چىراي ئاچمىدى. تۇرداخۇن ھەيران بولدى. ئۇ يامۇل خىزمەتچىسىنى تونۇمايتتى. ياموُل خىزمەتچىسى يانچۇقىدىن بىر يارلىقنى چىقىرىپ:

— تۇرداخۇن، سەن قولغا ئېلىندىڭ، — دەپ يارلىقنى ئوقۇماي پەقەت كۆرسىتىپلا قويدى.

— نېمىشقا؟ — دېدى تۇرداخۇن ئالاقزادە بولۇپ.

ياموُل خىزمەتچىسى يارلىقنى قاتلاۋېتىپ:

— قاماققا كىرگەندە بىلىسەن، — دەپ لەشكەرلەرگە بۇيرۇدى:

— ئېلىپ مېڭىڭلار!

ئۇ ئىككىسى دەرھال كېلىپ تۇرداخۇننىڭ بىلىكىدىن تۇتتى. لېكىن تۇرداخۇن ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ئۆيدىكىلەرگە:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم، — دېدى. ئەمما ئۇلار يىغلىشىپ كەتتى. تۇران ئىشىكنى ئاچقان پېتى بوسۇغا ئالدىدا يىغلاپ تۇراتتى. ياموُل خىزمەتچىسى:

— ئېلىپ مېڭىڭلار! — دەپ توۋلىدى.

لەشكەرلەر تۇرداخۇننى ئېلىپ ماڭدى. تۇرداخۇن كەينىگە ئۆرۈلۈپ بىر قارىۋالدى. بۇ چاغدا قاسىم ئاخۇن يىقىلىپ قالغان بولۇپ، جىمىلخان ئۇنى يۆلەۋاتاتتى. لەشكەرلەر تۇرداخۇننى ئېلىپ ھويلىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن يىغا - زار رەسمىي باشلاندى. دەرۋازا ئوچۇق قالدى. كەچ كۈز مەزگىلى بولغاچقا، شامالدا ھويلىدىكى غازاڭلار ئۇچۇپ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى.

## يىگىرمىنچى باب

# جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ باندىتلارنى تەلتۆكۈس يوقاتقانلىقى

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋاڭ بېگىم گاۋ غوجىدار بىلەن بىللە يامۇلدا يەنە پەيدا بولدى. چيەن دارىن ئىشخانىسىغا يېڭىلا كېلىپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ھېچقانداق خەۋەرسىزلا كىرىپ كېلىۋاتقان ئۇ ئىككىسىنى كۆرۈپ، تۇنۇگۈن ۋاڭ بېگىمنىڭ يامۇل خىزمەتچىسى ئارقىلىق يەتكۈزگەن گېپى يادىغا كەلدى - دە، ئۇلارنى خۇش قىلغۇسى كېلىپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئەمدى ئۆيىڭىزگە خاتىرجەم كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق بولمامدىغان دارىن جانابلىرى، — دېدى ۋاڭ بېگىم غوجىدارى بىلەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، — سىزنىڭ كېچىكتۇرمەي چارە - تەدبىر قوللانغانلىقىڭىزنى ئاڭلاپ خۇش بولۇپ، ئۆيگە كېتىش ئالدىدا رەھمەت ئېيتىپ قوياي دەپ ئەتىگەندىلا ئىشخانىڭىزغا كېلىشىم، — ئۇ گاۋ غوجىدارغا قاراپ قويدى.

گاۋ غوجىدار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ يېنىنى ئاختۇرۇپ بىر تۇگۈنچەكنى ئېلىپ، ھاكىمنىڭ ئۈستىلىگە قويۇپ ئورنىدا ئولتۇردى.

ھاكىم تۇگۈنچەككە قاراپ:

— ھاجەت ئەمەس ئىدى، ئاۋارە بوپسىز، — دېدى.

— بۇ تېخى ئازلىق قىلىدۇ. ئوغلۇمنىڭ ئىشى ئىنقىلانغاندا سىزنى تېخىمۇ ئوبدان رازى قىلىمەن، تۇرداخۇن كونا هويلامنى قايتۇرۇۋالىدىغىنىمنى بىلىپ قېلىپ ئوغلۇمغا سۇيىقەست قىلدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، چوقۇم ئىنقىلاپ چىقىمىز، مۇنداق چوڭ دېلونى بىزلا ئەمەس، ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىمۇ ئارىلىشىپ هەل قىلىدۇ، — دېدى چيەن دارىن ئۇلارنى تېخىمۇ خۇش قىلىش ئۈچۈن.

ۋاڭ بېگىم خۇشاللىقتا گاۋ خوجىدارغا قارىدى، بۈگۈن ئۇنىڭ كەيپى چاغ بولۇپ، تۈنۈگۈنكى هارغىنلىق، روھسىزلىقتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى، گەپ - سۆزلىرىمۇ جانلىق، مېغىش - تۇرۇشىمۇ خېلى تېتىك ئىدى. ئۇنىڭ بۇ هالىنى كۆرگەن گاۋ غوجىدار:

— ۋاڭ بېگىم، ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى بۇ دېلوغا ئارىلىشىدىغانلا بولسا، بىزنىڭ بۇ ئەرزىمىز كۆڭۈلدىكىدەك هەل بولغۇدەك، — دېدى. لېكىن ۋاڭ بېگىم چيەن دارىنغا قاراپ:

— هاكىم جانابلىرى، ئۈمىدىم سىزدە، ئەمىسە بىز ماڭايلى، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى. چيەن دارىن:

— ئىككىڭلار بۈگۈن چۈشتە بىزنىڭ ئۆيدە مېھمان بولۇپ ئاندىن يولغا چىقساڭلار قانداق؟ — دېدى.

— ياق، — دېدى ۋاڭ بېگىم، — هازىر كۈن قىسقىراپ قالدى، هاۋامۇ سوۋۇپ كەتتى. ئەگەر چۈشتىن كېيىن يولغا چىقساق ئۆيگە يېتىپ بارغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ، رەھمەت سىزگە، بىز ماڭايلى.

چيەن دارىن ئۈزۈتىپ ماڭدى. ئۇلار بوسۇغىغا كەلمەستىن دالاندىن يامۇل خىزمەتچىسى كىرىپ چيەن دارىنغا:

— جاڭ لەشكەر بېگى كەلدى، — دېدى.

ئۇلار جايىدا توختاپ قېلىشتى. جاڭ لەشكەر بېگى كېلىپ

بوسۇغا ئاتلىمايلا جايىدا توختاپ قالدى. ئۇ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالغاچقا چىيەن دارىن:
— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز كىرىپ تۇرۇڭ، بۇ مېھمانلارنى ئۇزىتىپ قوياي، — دەپ ئۇلار بىلەن ماڭدى.
ۋاڭ بېگىم، گاۋ غوجىدار جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئالدىدىن ئاستا ئۆتۈپ كەتتى. جاڭ لەشكەر بېگى ئىشخانىغا كىرىپ ھاكىمنىڭ ئۈستىلى ئالدىدا توختاپ، ئۈستەل ئۈستىدىكى تۈگۈنچەكنى كۆردى. بۇنىڭ بىلەن ئىككى يىل بۇرۇن چىيەن دارىن بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا خانىنىڭ يارلىقىنى يەتكۈزگىلى بارغاندا ۋاڭ خېنىم چىيەن دارىننىڭ ئالدىغا قويغان تۈگۈنچەك يادىغا كېلىپ، بۇرۇلۇپ ئىشىككە قارىدى. ئۇ ئۈچى دالاندىن ئاللىقاچان چىقىپ بولغانىدى. جاڭ لەشكەر بېگى خۇددى ئاچچىق قىلغاندەك ئۈستەلگە قاراپ قويۇپ ئاندىن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. بىر چاغدا چىيەن دارىن يېنىپ كىرىپ ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپلا:
— يولغا چىقىش تەييارلىقلىرى پۈتتىمۇ؟ — دەپ سورىدى.
جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:
— دارىن جانابلىرى، تەييارلىقلار پۈتۈپ، لەشكەرلەر يولغا چىقىشقا سەپكە تىزىلىپ بولدى، ھازىرلا يولغا چىقساق بولىدۇ. لېكىن ۋاڭ مىڭئېر باندىتلار بىلەن تۇتۇشقاندا يارىلىنىپ ساقايغان ۋە ساق قالغانلار پەقەت تۆت كىشى ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئىككىسى پېشقەدەم لەشكەرلەر ئىدى. تۇنۇگۈن يامۇل خىزمەتچىسى تۇرداخۇننى قولغا ئالغىلى بارغاندا تۇرداخۇننىڭ ئۆيىنى ئۇلار بىلگەچكە، باشلاپ بېرىپ تۇرداخۇننى قولغا ئاپتۇ ھەم ئاخشامدىن بېرى شۇ ئىككىسىنى قاراۋۇللۇققا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ. ئەگەر ئۇ ئىككى پېشقەدەم لەشكەر بولمىسا بىز باندىتلارنىڭ قايسى جىرادا پەيدا بولۇپ، قايسى جىراغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيمىز. شۇڭا قاماقخانىغا باشقا

لەشكەرلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇ ئىككىسىنى ئېلىپ كەتسەم، سىزدىن بۇ ھەقتە يولىيورۇق سوراپ كەلدىم، — دېدى.

چيەن دارىن:

— بوپتۇ، قاماقخانىغا باشقىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ، ئۇ ئىككىسىنى ئېلىپ كېتىڭ، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى گەپ ئارىلىقىدا ئۈستەل ئۈستىدىكى تۇگۇنچەككە بىر نەچچە قېتىم ئىختىيارسىز قاراپ سالدى. چيەن دارىن بۇنى سېزىپ، ئۇنى بايا ئېلىۋەتمىگەنلىكىگە پۇشايمان قىلدى، چۈنكى ئىككى يىل ئىلگىرى ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا قويغان تۇگۇنچەكنى زادىلا ئالمىغانىدى. شۇنى ئويلاپ بىردەم جاڭ لەشكەر بېگىگە، بىردەم تۇگۇنچەككە قاراپ قالدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭ بۇ بىئەپ ھالىتىنى سېزىپ:

— ھاكىم جانابلىرى، بىز يولغا چىقتۇق ئەمىسە، — دەپ بۇرۇلۇپ ماڭدى.

— بولىدۇ، — چيەن دارىن يەنە باشقىلارنىڭمۇ تۇگۇنچەكنى كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى ئىتتىك ئېلىپ يېنىغا سالدى. ئۇ ئالاقزادە بولغانلىقتىن، جاڭ لەشكەر بېگىنى ئۇزىتىپ قويۇشنىمۇ يادىغا كەلمىدى.

جاڭ لەشكەر بېگى ئۈچ ليەن ئاتلىق لەشكەرنى باشلاپ يولغا چىقتى. يول ئۇزۇن ئىدى، بىر كۈن يول يۈرۈپمۇ تېخىچە ئېدىرغا ئۇلاشمىدى. يەنە بىرەر - يېرىم كۈن ماڭسا ئېدىرلىققا يېتىپ كېلىشى مۇمكىن ئىدى. لېكىن باندىتلارنى نەدىن تېپىش كېرەك؟ باندىتلار بۇلارغا ئۇچراپ قالسا ئىشنىڭ ئوڭدىن كەلگىنى شۇ، كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ بىراقلا يوقىتىش مۇمكىن. جاڭ لەشكەر بېگى ۋاڭ مىڭئېرغا قوشۇپ بەرگەن يىگىرمە لەشكەرنىڭ تولىسى ئېلىشىشتا ئۆلگەن، ياردار بولغانلىرىنىڭمۇ تولىسى مېيىپ بولۇپ قالغانىدى، شۇڭا، ئۇنىڭ باندىتلار ئۇچراپ قالسا بىرىنىمۇ قويماي ئۆلتۈرۈۋەتكۈسى

كېلەتتى. لېكىن هازىر باندىتلارنى يوقىتىش ئەمەس، ئۇلارنى نەدىن تېپىش بىر مەسىلە ئىدى. بۇ چۆل - جەزىرىدە ئادەم تۇرماق، بىرەر هايۋانمۇ ئۇچرىمايتتى. پەقەت ئۇ تۆشۇكتىن بۇ تۆشۈككە كىرىپ كېتىۋاتقان پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك، دالا چاشقانلىرى قاتارلىق ئۇششاق جانىۋارلارلا كۆزگە چېلىقاتتى.

ئۇلار يەنە بىر كۈن مېڭىپ، كەچكە يېقىن چوڭ بىر جىراغا كېلىپ توختاشتى. پېشقەدەم لەشكەرنىڭ ئىككىسى تەڭلا دېگۈدەك جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— بىز باندىتلار بىلەن تۇتۇشقان چوڭ جىرا مانا مۇشۇ، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى جىراغا قارىدى. چوڭ جىرا بىلەن ياندىكى ئىككى كىچىك جىرامۇ تىپتىنچ ئىدى. ھەتتا باندىتلار بىلەن تۇتۇشقاندا ئاتلار چەيلىۋەتكەن ئىزلارمۇ چۆل شامىلىدا يوقاپ كەتكەنىدى. پەقەت كارۋان قونغاندا ئوت قالىغان يەرلەر قارىداپ تۇراتتى، ئەتراپىدا چالا كۆيگەن سۆكسۆك ئوتۇننىڭ پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

جاڭ لەشكەر بېگى:

— باندىتلارنى تېپىشتا بىزمۇ تۇرداخۇندەك ھىيلە ئىشلىتىپ باقمايمىزمۇ؟ — دېدى.

— قانداق ھىيلە؟ — دېدى ئالدىدىكى لەشكەر.

ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپى بىلەن ئەتراپتىكىلەرمۇ ئولىشىپ يېقىن كېلىشتى. جاڭ لەشكەر بېگى ئالدىدىكى لەشكەردىن سورىدى:

— باندىتلار ۋاڭ مىڭئېرنى تۇتۇپ كەتكەندە قانچىلىك ئادەم ئىدى؟

— جىق بولسا ئوتتۇزچە باردۇر، لېكىن يىگىرمىدىن كەم ئەمەس. ئۇلارنىڭمۇ بىرمۇنچىسى بىز بىلەن ئېلىشقاندا ئۆلدى.

ئۇلار ياردارلىرنى ئېلىپ كەتمىگەن.

ئۇنىڭ يېنىدىكى لەشكەرمۇ قوشۇمچە قىلدى:

— شۇنداق، ئۇلارنىڭ ئادەملىرى ئىككىنچى، ئۇچىنچى قېتىم كەلگەندە كۆپ ئىدى. لېكىن ۋاڭ مىڭئېرنى تۇتۇپ كەتكەندە ئادەملىرى ئانچە كۆپ قالمىغان.

جاڭ لەشكەر بېگى لەشكەرلىرىگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— بىزدە هازىر ئۈچ ليەن بار. باندىتلار هازىرقىدىن يەنە بىر ھەسسە كۆپ بولسىمۇ، بىز ئۇلارغا تاقابىل تۇرالايمىز. كاللامغا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. لەشكەرلەر دىققەت بىلەن ئاتلارنىمۇ تىپىرلاتقۇزماي جىم بولدى. جاڭ لەشكەر بېگى يەنە، — بىرىنچى ليەننىڭ ئادەملىرىنى ئىككىدىن قىلىپ ھەر يېرىم سائەتتىن ئارىلىق قالدۇرۇپ چوڭ جىراغا كىرگۈزىمىز. ئىككىنچى جۇپ لەشكەر چوڭ جىراغا كىرگەندە ئىككى ليەن لەشكەرنى تەڭلا ئىككى ياندىكى كىچىك جىراغا كىرگۈزىمىز. بىرىنچى جۇپ لەشكەر باندىتلارغا ئۇچراپ قالسا كەينىگە چېكىنىدۇ، بۇ چاغدا ئىككىنچى جۇپ لەشكەر يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلارمۇ چېكىنىپ ئۈچىنچى جۇپ لەشكەر يېتىپ كەلگەندە ئىككى ياندىكى كىچىك جىرادىكى لەشكەرلەر ئېدىر ئۈستىگە چىقىپ باندىتلارنى كەينىدىن قوغلايدۇ. بىرقانچە جۇپ لەشكەرنى مۇشۇنداق كەينى ـ كەينىدىن كىرگۈزسەك، باندىتلار ئۇلارنى كۆرۈپ قوغلايدۇ. ئاندىن قالغان لەشكەرلەر بىراقلا بۆسۈپ كىرىپ، باندىتلارنى ئالدى ۋە كەينىدىن قورشاپ يوقىتىمىز، — دېدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ پىچىرلىشىپ كەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ گېپىنى توغرا تېپىشقانىدى. شۇڭا ئالدىدىكى لەشكەر:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز ناھايىتى توغرا ئويلاپسىز، — دېدى.

ئۇلار يەنە مەسلىھەتلىشىپ ئەتە جىرا ئىچىگە كىرىدىغان

بولۇپ، چوڭ جىرا ئالدىدا توختىدى. ئەتىسى لەشكەرلەر ناشتا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، جاڭ لەشكەر بېگى پېشقەدەم لەشكەرنىڭ بىرىگە يەنە بىر لەشكەرنى قوشۇپ ئىككىسىنى بىرىنچى جۈپ قىلىپ چوڭ جىراغا كىرگۈزدى. ئۇلار جىراغا كىرىپ يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە بىر پېشقەدەم لەشكەرگە يەنە بىر لەشكەرنى قوشۇپ ئىككىنچى جۈپ لەشكەر قىلىپ جىراغا كىرگۈزۈۋېتىپ، ئۇلار بىلەن تەڭلا ئىككى لىيەن لەشكەرنى چوڭ جىرانىڭ ئىككى يېنىدىكى جىراغا بىر - بىرلەپ كىرگۈزدى، ئۆزى قالغان لەشكەرلەر بىلەن چوڭ جىرانىڭ ئالدىدا قالدى. ئۇ ھەربىر جۈپ لەشكەر جىراغا كىرىپ قارىسى يوقىلاي دېگەندە كەينىدىن يەنە بىر جۈپ لەشكەرنى كىرگۈزدى. تۆتىنچى جۈپ لەشكەرگە ئۆزىمۇ قوشۇلۇپ باشقا لەشكەرلەرنى باشلاپ جىراغا كىردى. بۇ چاغدا چۈش بولۇپ قالغانىدى.

جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە باندىتلارنىڭ ئۇلارنى كۆرۈپ قوغلاپ كېلىشى ئۈچۈن چوڭ جىراغا كىرگەن ھەربىر جۈپ لەشكەر ئېدىرنىڭ ئۈستىگە چىقىپ يىراق - يېقىنغا كۆرۈنگىدەك بولۇپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. ئىككى ياندىكى كىچىك جىراغا كىرگەن لەشكەرلەر جىرادىن چىقماي، ئېدىر ئۈستىدە كېتىۋاتقان جۈپ لەشكەرلەرگە قارا كۆرۈپ ئەگىشىپ مېڭىشى كېرەك ئىدى. خېلى ۋاقىت ئۆتتى. بىرىنچى جۈپ لەشكەر ئېدىر ئۈستىدە خاتىرجەم كېتىۋاتاتتى، كەينىدىكى بىر قانچە جۈپ لەشكەرمۇ ئارىلىق قالدۇرۇپ بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن قارا كۆرۈپ كېلىۋاتاتتى. چۈشكە يېقىن خاتىرجەم كېتىۋاتقان بىرىنچى جۈپ لەشكەرنىڭ ئالدىدا تۇيۇقسىز يىراقتىن بىر توپ ئادەم پەيدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئات سېلىپ كەلدى. ئارىلىقى يېرىم چاقىرىم بار ئىدى. ئۇلار دەرھال كەينىگە قاچتى. قوغلىغانلار باندىتلار ئىدى. باندىتلار چۇقان

سېلىپ، ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. بىرىنچى جۇپ لەشكەرنىڭ قېچىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن كەينىدىكى ئىككىنچى جۇپ لەشكەر جايىدا جىم تۇرۇپ، ئۆزلىرىنى ياندىكى كىچىك جىرادا كۆزىتىپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى ئالدىغا ئۆتكۈزدى. بىرىنچى جۇپ لەشكەر يېتىپ كېلىشىگە كەينىدىكى ئىككىنچى جۇپ لەشكەر كەينىگە قاراپ قاچتى. ئۇلار ئۈچىنچى جۇپ لەشكەرگە يېتىشىشكە ئاز قالغاندا ئىككى ياندىكى كىچىك جىرادىكى لەشكەرلەر باندىتلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، ئىككى ليەن لەشكەر تەڭلا ئېدىر ئۈستىگە چىقىپ، باندىتلارنى كەينىدىن قوغلاپ كەلدى. باندىتلار ئۇلارنى كۆرمەي ئالدىدىكى جۇپ لەشكەرلەرنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىشقا ئاز قالغاندا، ئۇلار ئۈچ تەرەپكە بۆلۈنۈپ قاچتى. باندىتلارمۇ بۆلۈنۈپ ئۇلارنى قوغلىدى. كەينىدىن كېلىۋاتقان ئىككى ليەن لەشكەرمۇ بۆلۈنۈپ باندىتلارنى قوغلىدى. باندىتلار ئەمدى كەينىدىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنى كۆرۈپ قېلىپ توپلىشالماي تارقاق جەڭ قىلىشقا باشلىدى. باندىتلارنىڭ سانى ئاز ھەم بۆلۈنۈپ كەتكەن بولغاچقا، كۈچ ئېلىشالمىدى. تەربىيىلەنگەن لەشكەرلەر ئۇلارنى نەيزە سانچىپ، قىلىچ بىلەن چېپىپ رەھىمسىزلەرچە ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. شۇ چاغدا چوڭ جىرادىن يېتىشىپ كەلگەن جاڭ لەشكەر بېگى قالغان باندىتلارنى يەنە تەرەپ - تەرەپتىن قورشىدى. باندىتلارنىڭ بىرى ئۆزلىرىنىڭ قورشاۋدا قالغانلىقىنى كۆرۈپ كۈچىنىڭ بارىچە:

— خوجا ئاكىمىز ئۆلدى، قېچىپ كېتەيلى! — دەپ ۋارقىراپ تاغ تەرەپكە ئات سېلىپ قاچتى. جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنى قوغلاپ بېرىپ يېقىن قالغاندا نەيزە ئېتىپ ئاتتىن چۈشۈرۈۋەتتى. باندىت نەيزە سانجىقلىق ھالدا يەرگە دۈم چۈشتى. «خوجا ئاكا» دېگەن باندىتنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئەمما ۋاڭ مىڭئېر باندىتلار بىلەن ئېلىشقاندا ھېلىقى ئىككى پېشقەدەم لەشكەر «خوجا ئاكا»

دېگەن گەپنى ئاڭلىغاندەك قىلغانىدى. ۋاڭ مىڭئېرنى يارىدار قىلىپ تۇتۇپ كەتكەن شۇ ئىدى. شۇڭا ئۇ ئىككى پېشقەدەم لەشكەر ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن «خوجا ئاكا» دېگەن باندىتنى ئىزدەشكە باشلىدى. شۇ چاغدا بىرنەچچە باندىت تاغ تەرەپكە قاچتى. جاڭ لەشكەر بېگى بىلەن بىرلىكتە جەڭ قىلىۋاتقان لەشكەرلەر ئۆلارنى قوغلاشقا ئۈلگۈرەلمىدى. باندىتلارنىڭ بەزىلىرى نەيزە - قىلىچنىڭ زەربىسىدە ئات ئۈستىدە ئۆلدى، بەزىلىرى ئاتتىن موللاق ئاتتى. ئۆلگەنلەرگە قاراپ ھېلىمۇ تىركىشىۋاتقان بىر باندىت نەيزىسىنى تاشلاپ دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ «بىر قوشۇق قېنىمدىن كېچىڭلار» دەپ تىزلىنىپ، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تۇرۇۋالدى. لەشكەرلەر ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ئەتراپتا ئۆلگەن باندىتلار ئۇيەر - بۇيەردە ياتاتتى، يارىدار بولغانلار ئىڭراپ ياتاتتى. لەشكەرلەردىن ئۆلگەنلەر يوق، ئەمما يارىدار بولغانلار خېلى بار ئىدى. جاڭ لەشكەر بېگى تىزلىنىپ تۇرغان باندىتقا:

— ھەي، — دەپ تۇۋلىدى، باندىت بېشىنى ئاستا كۆتۈردى. ئۇنىڭ يۈزى قىپقىزىل قان بولۇپ، كۆرەلمەيۋاتقاندەك كۆزىنىڭ ئەتراپىدىكى قاننى سۈرتۈۋاتاتتى. جاڭ لەشكەر بېگى يەنە:

— بىزنىڭ ھېلىقى ئادىمىمىز قېنى؟ — دەپ سورىدى.

باندىت ئەتراپتىكى لەشكەرلەرگە بىر قۇر قاراپ چىقىپ ئالدىرىماستىن:

— ئۇ پالۋىنىڭلار ھېلىمۇ ھايات، — دېدى.

لەشكەرلەر بىر - بىرىگە قاراپ كۈسۈرلىشىپ كەتتى. چۈنكى نېمىلا بولمىسۇن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ خۇش بولۇشقانىدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئېتىنى باندىتنىڭ ئالدىغا تارتتى:

— ئۇ ھازىر نەدە؟

— قارىغايلىقتا.

لەشكەرلەر تاغقا قاراشتى. قارىغايلىق خېلى يېقىن بولۇپ، ياپيېشىل كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— يۇر، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى ئالدىراپ، — بىزنى قارىغايلىققا باشلاپ بار.

باندىت ئورنىدىن تۇرۇپ بىر پۇتىنى سىيلاشقا باشلىدى. قارىغاندا ئۇنىڭ پۇتى يارىلانغاندەك قىلاتتى. جاڭ لەشكەر بېگى يېنىدىكى ئىككى لەشكەرنى ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈرگەن باندىتلارنىڭ ئىتتىدىن بىرنى تۇتۇپ كېلىشكە بۇيرۇدى. «خوجا ئاكا» دېگەن باندىتنى ئۆلۈكلەر، ياردارلار ئارىسىدىن ئىزدىگەن ئىككى پېشقەدەم لەشكەر ھېلىقى باندىتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىلەرنىڭ «خوجا ئاكا» دېگەن ئادىمىڭلار قېنى؟ بىز ئۆلۈكلەر ئارىسىدىن تاپالمىدۇق، — دېدى.

باندىت پۇتىنى سۆرەپ ئەتراپنى ئايلىنىپ بىر ئۆلۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— مانا مۇشۇ، — دېدى.

لەشكەرلەر بىرىپ ئۇنى ئورىۋېلىشتى. ئۆلۈك خېلى يوغان ئادەم بولغاچقا باشقا ئۆلۈكلەردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى، لېكىن ئۇ دۈم ئىدى. ھېلىقى باندىت يەنە:

— مانا مۇشۇ، — دەپ ئۆلۈكنى ئۆرىدى.

ئۇنىڭ يۈزى قان ئىدى. بۇرنىدىن، قورسىقىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى. ساقاللىرى ۋە مەيدىسىدىكى تۈكلەرمۇ قانغا بويالغانىدى. باندىت ئۇنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— «خوجا ئاكا» دېگىنىمىز مۇشۇ شۇ، بۇ بىزنىڭ باشلىقىمىز، — دېدى.

لەشكەرلەر ئۆلۈككە خۇددى بايا كۆرمىگەندەك يەنە قارىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ يوغان يۈزى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ، تېخىمۇ بەتبەشىرە كۆرۈنەتتى. جاڭ لەشكەر بېگى ھېلىقى باندىتتىن:

— قارىغايلىقتا سىلەرنىڭ يەنە قانچىلىك ئادىمىڭلار بار؟ — دەپ سورىدى.

— قارىغايلىقتا بىزنىڭ ئادەملىرىمىز يوق ئىدى، لېكىن بايا بىرنەچچىسى قېچىپ كەتتى. ئۇلار شۇ قارىغايلىققا بېرىشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ پالۋانىڭلار ئۆتكەندە بىزنىڭ ناھايىتى جىق ئادىمىمىزنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنىدى، شۇڭا بىز ئاز قالدۇق.

ئات تۇتقىلى كەتكەن لەشكەرلەر بىر ئاتنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇنى ئاتقا مىندۇرۇپ، ئارىغا ئېلىپ تاغقا قاراپ ئات چاپتۇرۇپ كېتىشتى. باندىت ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، خۇددى قېچىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى، مىنىۋالغان ئېتىمۇ ئۇچىدىغاندەك چاپىدىغان شاش ئات ئىدى. ئۇنى ئەتراپىدا قورشاپ كېتىۋاتقان لەشكەرلەر ئاتلىرىنى بولۇشىغا چاپتۇرسىمۇ ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئېتى ئالدىغا ئۆتۈۋالدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئېتىنى بولۇشىغا چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭغا:

— نېمانداق تېز ماڭىسەن؟ — دېدى.

باندىت ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويۇپ:

— قارىغاندا سىز باشلىق ئوخشايسىز، بىز قارىغايلىققا تېزرەك بارمىساق بولمايدۇ، — دېدى.

— نېمىشقا؟

— بايا قېچىپ كەتكەنلەر سىلەرنىڭ پالۋانىڭلارغا زىيان يەتكۈزۈپ قويمىسۇن دەيمەن، سىلەرنىڭ ئۇ پالۋانىڭلار ئاجايىپ چامباشچى ئىكەن.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى چۆچۈپ.

— لەشكەر باشلىقى، پالۋانىڭلارغا مەن يامان نىيەتتە ئەمەسمەن، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ ماھارىتىگە ھەۋەس قىلىمىز. لېكىن قارىغايلىققا تېزرەك يېتىپ بارمىساق ئويلىمىغان ئىش بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئويلايمەن.

جاڭ لەشكەر بېگى ئەتراپقا قاراپ:

— چاپسان بولۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.

لەشكەرلەر ئاتلىرىنى قامچىلاپ بولۇشىغا چاپتۇرۇپ، باندىتنىڭ ئېتى بىلەن تەڭلىشىپ ماڭدى. لېكىن ئۇنىڭ ئېتى يەنىلا ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بۇلار بىر مەزگىل خۇددى بەيگىگە چۈشكەندەك ئېدىر ئۇستىدە توپا - چاڭ توزۇتۇپ چېپىشتى. ئۇلار خېلى چېپىشىپ قارىغايلىققا يېقىنلىدى. قارىغايلىقنىڭ ئاستىدا بىرنەچچە چېدىر تىكىلگەنىدى، ئوتتۇرىدىكى بىر چېدىر خېلى چوڭ ئىدى. شۇنچىۋالا ئادەم ئات چاپتۇرۇپ يېقىنلاپ كەلسىمۇ چېدىرلاردىن بىرەر ئادەم چىقمىدى. چېدىرلار جىمجىت ئىدى. هايال ئۆتمەي لەشكەرلەر چېدىرلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، باندىتقا قارىدى. باندىت ئاتتىن چۈشۈپ، چوڭ چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر دەم تۇردى، لېكىن چېدىردىن شەپە بولمىدى. باندىت لەشكەرلەرگە قارىدى، لەشكەرلەرنىڭ كۆزى ئۇنىڭغا تىكىلگەنىدى. باندىت چېدىرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىچىگە قارىدى. چېدىرنىڭ ئىچى خۇددى گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. باندىت يەنە بىر دەم قاراپ بېقىپ ئاندىن ئىچىگە كىردى. لېكىن هايال ئۆتمەي يېنىپ چىقىپ جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— بۇ يەردە يوقكەن، — دەپ يېنىدىكى كىچىك چېدىرغا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئەنسىرىگەندەك چېدىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ باقمايلا كىرىپ كەتتى. ئۇ چېدىرنىڭ ئىچىمۇ قاپقاراڭغۇ ئىدى. باندىت كىرىپ كېتىپ خېلى ۋاقىتقىچە چىقمىدى. لەشكەرلەر دىققەت بولۇشۇپ چېدىر ئالدىغا ئولاشتى. بىر چاغدا باندىت چېدىردىن بېشىنى سىلىپ چىقىپ ئىشىك ئالدىدا تۇرۇپ قالدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئېتىنى ئۇنىڭ ئالدىغا تارتىپ:

— بارمىكەن؟ — دەپ سورىدى.

باندىت بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ:

— باشلىق، مەندىمۇ ئامال يوق، بايا قېچىپ كەتكەنلەر پالۋىنىڭلارنى ئۆلتۈرۈپ قېچىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ جەستى بۇ چېدىردا تۇرىدۇ، — دېدى. لەشكەرلەر ئاتلىرىدىن دەرھال چۈشۈپ، چېدىر ئىچىگە كىرىشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىچىگە كىرىپ كەينىدىكىلەر كىرىۋاتقاندا چېدىر ئىچىگە پاتمىغاندەك يېنىپ چىقىشقا باشلىدى. جاڭ لەشكەر بېگى تېخى كىرمىگەنىدى. تۆت لەشكەر يوغان بىر كالا تېرىسىنى تۆت تەرەپتىن تۇتۇپ كۆتۈرۈپ چىقىپ چېدىر ئالدىغا قويدى. تېرىنىڭ ئۈستىدە ۋاڭ مىڭئېرنىڭ جەستى تۇراتتى. ئۇنىڭ بوينى چېپىلىپ تولۇق ئۈزۈۋېتىلمىگەچكە، بېشى تولغىشىپ سىڭايان بولۇپ، بەدىنى تېرە ئۈستىدە ئوڭدا تۇراتتى، بوينىدىن ھېلىمۇ قان ئېقىپ تۇراتتى. جەسەتنىڭ يۈزى پاكىز ئىدى. ئۇ يېڭى ئۆلتۈرۈلگەچكە چىرايى ئانچە ئۆزگىرىپ كەتمىگەنىدى، ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتى قاپقارا بولۇپ، ئۆلۈكتەكمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۈرۈۋالغان بىر ئۆرۈم چېچى دولىسىدىن چۈشۈپ تۇراتتى. لەشكەرلەر جەسەتكە قاراپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلىدى. جاڭ لەشكەر بېگىمۇ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. ئۇلارغا قاراپ باندىتمۇ جىمىپ، سۈكۈتتە بېشىنى سېلىپ تۇردى. بىر چاغدا جاڭ لەشكەر بېگى قول ياغلىقىنى ئېلىپ جەسەتنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويدى. لەشكەرلەر يەنە بىردەم سۈكۈتتە تۇرغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى باندىتتىن:

— پالۋىنىمىزنى ئۆلتۈرگەنلەر نەگە كېتىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

باندىت جەسەتكە بىر قارىۋېتىپ ئاندىن ھودۇقماستىن:

— باشلىق، ھازىر ئۇلارنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيمەن. مەن سىلەرگە تەسلىم بولدۇم. باشقا ئادەملىرىمىز ئۆلدى، ھەتتا خوجا ئاكىمىزمۇ ئۆلدى، ئەمدى بىزنىڭ باشپاناھىمىز يوق. بۇ پالۋاننى ئۆلتەرگەنلەرمۇ ئەمدى بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە

كېتىدۇ، بىز ئەمدى پۈتۈنلەي تۈگەشتۇق، — دېدى ۋە چېدىرغا قاراپ قويۇپ داۋاملاشتۇردى، — بۇ چېدىرلار بىزنىڭ يازدا تۇرىدىغان ماكانىمىز ئىدى. كۆز كىرىپ ھاۋا سوۋۇپ بىز تۆۋەنگە كۆچۈپ كەتكەنىدۇق. پەقەت سىلەرنىڭ مۇشۇ پالۋىنىڭلارنى ساقلاپ بىر نەچچىمىز مۇشۇ چېدىردا تۇراتتۇق. ھازىر پالۋاننى ئۆلتۈرگەنلەرنى قوغلىساقمۇ تاپالمايمىز. تۆۋەندىكى تۇرالغۇمىزدىمۇ يوق ھەقاچان.

جاڭ لەشكەر بېگى ئەتراپقا قارىدى. تۆۋەن تەرەپ بىر-بىرىگە تۇتاش كۆز يەتكۈسىز ئېدىرلار، ئۇنىڭ ئاخىرى قۇربان تۇڭغۇت چۆللۈكى. يۇقىرى تەرەپتىكى ئېدىرنىڭ باش تەرىپى ياپيېشىل قارىغايلىق بولۇپ، خۇددى ئاچ ئېيىقلار تۇيۇقسىز چىقىپ قالىدىغاندەك سۈرلۈك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئۈستى يىل بويى قار كەتمەيدىغان تەڭرى تېغىنىڭ چوققىلىرى بولغاچقا، ئەتراپ تىپتىنچ كۆرۈنەتتى.

جاڭ لەشكەر بېگى ئويغا چۆمدى. ئۇ باندىتلارنىڭ مەنچىڭ خانىنىڭ يارامىلىق بىر پالۋىنىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنلىكىگە غەزەپلىنىپ، نەدىن بولمىسۇن ئىزدەپ تېپىپ، ئۇلارنىڭ ئەدىپىنى بېرىشنى ئويلىدى. لېكىن ھازىر ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى. قېچىپ كەتكەن باندىتلار چوقۇم جېنىنى ئېلىپ بېشى قايغان، پۇتى تايغان تەرەپكە كېتىشى مۇمكىن ئىدى. تەسلىم بولغان باندىتنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى. ئۇلارنىڭ خوجا ئاكىسىمۇ ئۆلدى، قاچقان بىرنەچچىسىدىن باشقا ھەممىسى ئۆلۈپ تۈگىدى. ئەگەر قاچقانلارنى قوغلاشقا توغرا كەلسە جەسەتنى ساقلىغىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇ «جەسەتنى ئېلىپ قايتايلى» دېدى.

لەشكەرلەر ھە-ھۇ دېيىشىپ بىر دەمدىلا جەسەتنىڭ ئىككى يېنىغا بىرنەچچە بادىرىنى قىستۇرۇپ، تېرىگە ئوراپ ئاتقا ئارتىپ، تەييار بولۇپ، ھېلىقى باندىتقا قاراشتى. جاڭ لەشكەر بېگىمۇ

ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قاراشلىرىدىن «لەشكەرلەر مېنى چوقۇم ئۆلتۈرۈۋېتىدۇ» دەپ باندىتنىڭ چىرايىدا قان قالمىدى. ئۇ قورقۇپ لاغ - لاغ تىترەپ جاڭ لەشكەر بېگگە قاراپ قالغانىدى. لېكىن جاڭ لەشكەر بېگى ئۆزىنى بېسىۋېلىپ بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بولدى، سەنمۇ ئاتقا مىن، — دېدى.

ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزگەن باندىت خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك ھودۇقۇپ ئىختىيارسىز:

— مەنما! ؟ — دەۋەتتى.

جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭغا:

— ھەئە، سەن، — دېدى.

باندىت دەرھال تىزلىنىپ بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تەزىم قىلىپ:

— مەن سىزنىڭ قۇلىڭىز بولاي، قۇلىڭىز بولاي، — دېدى.

— چاپسان بول، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى ئەمدى غەزەپلىنىپ، باندىت ئورنىدىن دەرھال تۇرۇپ ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئاتقا مىندى.

لەشكەرلەر جەسەت ئارتىلغان ئاتنى ئارىغا ئېلىپ يولغا چىقىشتى. ئۇلار ئەتىگەن ناشتا قىلغان پېتى ئىدى. باندىتلار بىلەن جەڭ قىلىپ قورساقنىڭ ئاچقانلىقىنى ئۇنتۇغان لەشكەرلەر ئەمدى قورساقلىرىنىڭ ئاچقانلىقىنى سېزىشتى، لېكىن توختاپ تاماق يېيىشكە بولمايتتى. شۇڭا ئېلىۋالغان يېمەكلىكلىرىنى ئات ئۈستىدە يەپ، ناھىيىگە يېتىپ بېرىش ئۈچۈن كېچىلەپ مېڭىشتى. لېكىن تېز مېڭىشقا بولمايتتى، چۈنكى تېز ماڭسا جەسەت تولا چايقىلىپ، قورۇقتا يېتىپ بارغىچە تونۇغۇسىز بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى. شۇڭا ئاتلارنى بىر خىل قەدەمدە ئىككى كۈن توختىماي ماڭغۇزۇپ، ئۈچىنچى كۈنى ئەتىگەندە ناھىيە

بازىرىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار تۇتۇۋالغان باندىتنى زىندانغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، توختىماي ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا قاراپ ماڭدى.

جەسەتنى قورۇققا ئېلىپ كەلگىچە خەۋىرى ئاللىقاچان كېلىپ بولغانىدى. ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ پۈتۈن قورۇقتىكىلەر ماتەم كىيىمى كىيىپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تۇردى.

چۇشكە يېقىن كېلىۋاتقان لەشكەرلەر يىراقتىن كۆرۈندى. ئۇلارنى كۆرگەن ۋاڭ بېگىم بىرىنچى بولۇپ ھۆڭگۈرەپ ئېتىپ يىغلاشقا باشلىدى. ۋاڭ خېنىم يىغلاپ ھوشىدىن كەتتى. بەي ئاغىچا ئۇنى يۆلىۋالدى. ۋاڭ شىئېر يىغلىغان پېتى «ئاكا!» دەپ ۋارقىرىدى. دۇ قىزچاقمۇ يىغلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇلارغا قاراپ باشقا خىزمەتچىلەرمۇ يىغلاپ ئالدىغا مېڭىشتى. ۋاڭ بېگىممۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن يىغلاپ ماڭدى، گاۋ غوجىدار ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلەپ ماڭدى. جەسەت دەرۋازىغا يېتىپ كەلگىچە ھازىدارلار بىرىپ جەسەتنى ئورىۋېلىپ يىغلاشتى. ۋاڭ شىئېر ئاكىسىنىڭ جەسىتىگە ئۆزىنى تاشلاپ يىغلاۋاتاتتى. جەسەتنى تېخى ئۆيگە ئەكىرمەيلا قورۇق دەرۋازىسى ئالدىدا ھازا تۇتۇلۇپ، ئاسمان - زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگۈدەك يىغا - زار باشلاندى.

# يىگىرمە بىرىنچى باب

## باراتنىڭ تاغىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۈرۈشتۈرگەنلىكى

تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنىپ يالاپ كېتىلگەنلىكىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن قاسىم ئاخۇن ھوشىدىن كېتىپ، تېخىمۇ ئاغرىقچان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنىنى بەزىدە جىمىلىخان ئاڭقىرالماي قالسا، ئۇ ئاچچىقلىنىپ خوتۇنىنى بىرەر كاچات سېلىپ قويىدىغان بولۇۋالدى. خوتۇنىنى ئۇرۇپ بولۇپ ئۆزى يىغلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بىچارە قىياپىتىگە قاراپ ئىچى ئاغرىغان جىمىلىخانمۇ يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ بەزىدە تۇر دېگەن يەردە تۇرمايدىغان، تولا تالاغا چىقىپ كېتىدىغان بولۇۋالغانىدى. تاماق ۋاقتىدا بولسا بەزىدە تاماقنىمۇ يېمەي تاماققا قارىغىنىچە خىيال سۈرۈپ ئۇزاق ئولتۇرۇپ كېتەتتى. شۇنداق چاغلاردا جىمىلىخان ئۇنى «تاماق يەڭ» دەپ توۋلاپ قوياتتى ياكى قوشۇق بىلەن تاماقنى ئاغزىغا سېلىپ قوياتتى. مۇنداق دېۋەڭ كېسەلنى باقماق جىمىلىخانغا بارغانسېرى تەس كېلىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ئايخان، قىزى تۇران پات - پات كېلىپ تۇرىدىغان بولدى. ئۆيگە بىرى كەلسە گەرچە قاسىم ئاخۇن گەپ قىلالمىسىمۇ، لېكىن بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ ياۋاشلىشىپ قالاتتى. بولۇپمۇ مۇشۇ كۈنلەردە بۇ ئائىلە ۋە تۇرداخۇننىڭ ئائىلىسى ئۈچۈن باراتنىڭ يوقلۇقى بەكمۇ بىلىنىدى. ئەگەر بارات ئۆيدە بولسا تالاغا چىقىپ كەتكەن دادىسىنى ئىزدەپ

تېپىپ كېلەتتى ياكى ئۇنــى ئۇيەر - بۇيەرگە باشلاپ بېرىپ ئايلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ كېسەل ئازابىنى بىــر دەم بولســـمۇ يېنىكلەتكەن بولاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قاسىم ئاخۇنمۇ بارات ئۆيدە بولسا ياۋاشلاپ قالاتتى.

تۇرداخۇن قولغا ئېلىنغاندىن بېرى مويكا بىلەن دۇكاننىڭ بارلىق ئىشلىرى ئايخان بىلەن قىزى تۇرانغا قالدى. ئايخان ھازىر كۆپرەك مويكىدا تۇرۇپ، ئېرى بار چاغدا مويكىغا كېلىپ ئانچە - مۇنچە كۆرۈپ بىلىۋالغىنى بويىچە مويكىنى توختاتماي ئىشچىلار بىلەن بىللە باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى. ھازىر كۆز كىرىپ ھاۋا سوۋۇپ، ئۆستەڭدىكى سۇمۇ ئازلاپ، يۇڭ - تېرە يۇيىدىغان ئىـــشلار ئازىيىپ كەتكەچكە، يۇيۇلۇپ بولغان يۇڭلارنى قۇرۇتۇش، تازىلاپ ئوراش، تەييارلاش قاتارلىق ئىشلارغا ئايخان يېتىــــشىــــپ كېتەلىدى. لېكىن يۇڭ - تېرە يىغىش ئىشلىرىنى قىلالمايتتى. تۇران بولسا دۇكاندىن ئايرىلماي، دۇكاننىڭ ئىــشلــــرىغا ئارىلىشىپ كېلىۋاتاتتى، شۇڭا ئۇ ئىككىسىنىڭ چۈشلۈك تامىقى ئادەتتە قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆيىدە ئىدى. بارات بولسىمۇ كاشكى، يامۇلنىڭ تۈگچىلىكىنى قىلغاچ ئاتا - ئانىسىغىمۇ، تاغىسىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ قاراشقان بولاتتى. تۇرداخۇن قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭغا خەۋەر يەتكۈزگەن بولســـمۇ، ھېلىغىچە كەلمىدى ھەم خەۋىرىمۇ يوق ئىدى. بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن بارات ئۆيگە تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. ئۇنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ تۇرغان ئاتا - ئانىسى ۋە ئايخان، تۇرانلار ئۇنى كۆرۈپلا يىغلىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ يىغلىشىپ كۆرۈشكەنلىكىگە ھەيران بولغان بارات:

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ ئەنسىرەپ سورىدى ۋە سۇپىدا ئولتۇرغان دادىسىنى كۆرۈپ، — دادامىمۇ يىغلاۋاتىدىغۇ، — دېدى - دە، دادىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى. دادىسى گەپ قىلالماي ئۈنسىز يىغلاپ، ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتتى. جىمىلىخان يېشىنى

سۇرتۇۋەتتى. باشقىلارمۇ يىغىسىنى پەسەيتتى.
— بالام، بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن ئىشنى ئاڭلىمىدىڭمۇ؟
— دەپ سورىدى جىمىلخان.
— ياق، نېمە ئىش بولدى؟ — بارات ھەممىسىگە چەكچىيىپ قاراپ قالدى. ئايخان يېشىنى سۇرتۇۋېتىپ:
— بالام، سەن ھازىر نەدىن كېلىشىڭ؟ — دەپ سورىدى.
— ئۇرۇمچىدىن كېلىشىم، يامۇلغىمۇ كىرمەي ئۇدۇل ئۆيگە كېلىشىم.
ئۇنىڭ ھېچ ئىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئۆيدىكىلەر بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى، ئايپىسى:
— ئولتۇرغىن بالام، — دېدى.
بارات دادىسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:
— نېمە ئىش بولدى؟ دېمەمسىلەر، — دەپ ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى، لېكىن ھېچكىم گەپ قىلمىدى. بارات ئىختىيارسىز تۇراننىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ:
— سىڭلىم، سەن گەپ قىلە، زادى نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى. لېكىن تۇران ئاپىسىغا قاراپ قويۇپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. ئايخان:
— بارات، سەن تېخى بىلمىدىڭمۇ؟ — دېدى.
— نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى بارات ۋە بۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرداخۇننىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ، — تاغام يوققۇ، مويكىدىن تېخى يېنىپ كەلمىدىمۇ - يا؟ — دېدى.
تۇران ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئايخانمۇ يىغلىدى. جىمىلخان باراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— بالام، سېنى كەلسۇن دەپ ساڭا خەۋەر بەرگەنىدۇق. قارىغاندا ساڭا خەۋەر يەتمىگەن ئوخشايدۇ، تاغاڭ تۇرداخۇننى قولغا ئېلىپ كەتتى، ئۇ ھازىر سولاقتا، — دېدى.
بارات ئىختىياسىز ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ:

— قاچان، نېمە سەۋەبتىن قولغا ئېلىندى؟ — دېدى.
— ئولتۇر، — دېدى ئاپىسى.
بارات ئاستا ئورنىدا ئولتۇرۇپ ھەيران بولۇپ:
— نېمىشقا تاغامنى قولغا ئېلىشتى؟ — دېدى.
— نېمىشقا ئېكەنلىكىنى بىزمۇ بىلمىدۇق، — دېدى ئايخان، — لېكىن تاغاڭنى قولغا ئېلىپ يالاپ ماڭغاندا تاغاڭ بىزگە «خاتىرجەم بولۇڭلار، مەندە ھېچقانداق گۇناھ يوق» دېدى، شۇڭا بىزمۇ خۇدا دەپ خاتىرجەم ئولتۇردۇق، بىزنىڭ بىلىدىغىنىمىز پەقەت مانا مۇشۇ.
بارات تاغىسىنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا زادى ئىشەنگىسى كەلمەي:
— نېمىشقا قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭلارمۇ؟ — دېدى.
— سۈرۈشتۈرمەمدىغان، — دېدى جىمىلىخان، — سۈرۈشتۈرۈپ يامۇل مەھكىمىسىگە باردۇق. چيەن دارىن «تۇرداخۇننىڭ مەسىلىسىنى ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى ئىنىقلايدۇ» دەپتۇ، شۇڭا «ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى ئىنىقلىغىدەك نېمە ئىش بولغاندۇ» دەپ تېخىمۇ غەم قىلىپ ئولتۇردۇق.
بارات ئاپىسىنىڭ چيەن دارىن بىلەن بىۋاستە كۆرۈشمىگەنلىكىنى بىلىپ:
— چيەن دارىن ئۆزى شۇنداق دېدىمۇ؟ — دېدى.
— ياق، — دېدى ئايخان، — چيەن دارىن بىزنى قوبۇل قىلمىدى. يامۇل خىزمەتچىسى بىزگە ئۇنىڭ ئاشۇ گېپىنى يەتكۈزدى. جىمىلىخان ئاچام بىلەن تۇرداخۇننى كۆرۈشكە نەچچە قېتىم تۈرمىگە بارساق، ئۆزى بىلەن كۆرۈشتۈرگىلى قويمىدى.
بارات ئۆز - ئۆزىگە: «چيەن دارىن بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەي، تاغامنىڭ قولغا ئېلىنغىدەك گۇناھ قىلىشى

مۇمكىنمۇ» دەپ قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ كەتتى.

— راست دەيسەن، — دېدى ئايخان، — ئويلىسام - ئويلىسام تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغىدەك گۇناھ ئۆتكۈزۈشىگە زادىلا ئىشەنگىم كەلمەيدۇ. مەن شۇنچە يىل ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتتۇم، ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەمدىم. ئەگەر ئۇ گۇناھ قىلسا، مەنمۇ ئۇنىڭ گۇناھىغا شېرىك بولمامدىم؟

تۇران داستىخان تەييارلىغانىدى. ئۇلار تاماقتىن بۇرۇن ھاردۇق چېيى ئىچىشتى. جىمىلىخان ئوغلىنىڭ تاغىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىدىن خەۋەرسىز ئۆيگە تۇيۇقسىز كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيران بولۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ:

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئەجەب تۇيۇقسىزلا كېلىپ قالدىڭغۇ؟ — دېدى.

بارات ئالدىرىماستىن:

— ئاپا، مەن ھازىرچە ئۈرۈمچىدىن كەلمەيتتىم، لېكىن كىچىك بايۋەچچىنىڭ لۇ جەنپىڭ دەيدىغان بىر ئاغىنىسى بولىدىغان، ئۇ ئۈرۈمچىگە ئوينىغىلى بېرىپتىكەن، ئۇنىڭدىن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ جەسىتى تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ، ۋاڭ مىڭئېر مېنىڭ ساۋاقدىشىم ھەم دوستۇم بولغانلىقى ئۈچۈن ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلەي دەپ كىچىك بايۋەچچىگە «سەن بىر نەچچە كۈن شۆتاڭدىن قېچىپ كەتمەي، لى مۇئەللىمنى خاپا قىلماي ئوقۇپ تۇرغىن» دەپ قويۇپ كېلىشىم. شۇڭا ناھىيىگە كېلىپ چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشمەيلا ئۇدۇل ئۆيگە كەلدىم. ئەگەر تاغام قولغا ئېلىنمىغان بولسا مەن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشۈپ چيەن دارىنغا يولۇقمايلا يەنە كېتەتتىم. ئەمدى چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشمەي بولمايدۇ، — دېدى.

ئايخان ئۇنىڭ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئۆتكەندە جىمىلىخان ۋە باشقا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ ئاياللىرى بىلەن قورۇققا پەتىگە بارغاندا

خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاڭ خېنىم بىلەن پاراڭلىشالمىغانلىقىنى ئەسلىدى ھەم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ جەستى تېپىلغاندىن كېيىن تېخى پەتنگە بارمىغانلىقىنى ئويلاپ، بارات بىلەن بىللە پەتنگە بارغۇسى كەلدى، شۇڭا ئۇ:

— بارات، ئەتە ئالدىدا چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشەمسەن ياكى ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا پەتنگە بارامسەن؟ — دېدى.

بارات ئويلىنىپ قالدى. گەرچە ھازىر تاغىسىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ، ھازىرلا چيەن دارىننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بىلگىسى كەلسىمۇ، لېكىن بىر قېتىم كۆرۈشۈپلا ئەھۋالنى ئېنىق بىلىپ كەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئاۋۋال پەتنى تۈگىتىپ، ئاندىن چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشۈش نىيىتىگە كېلىپ:

— ئالدى بىلەن قورۇققا بېرىپ پەتنى تۈگىتىپ ئاندىن چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشسەممۇ بولىدۇ، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئايخان، — ئەتە سەن بىلەن بىزمۇ بىللە پەتنگە بارايلى، ئۆتكەن قېتىم پەتنگە بارغاندا خەنزۇ تىلىنى بىلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن گەپ قىلىشالمىدۇق. ۋاڭ خېنىم بىزنى كۆرۈپ بەك خۇش بولدى. ئەتە سەن بىزگە تىلماچلىق قىلىپ بەرگىن. ۋاڭ خېنىمدىن ئالاھىدە ئەھۋال سوراپ قويايلى.

— بولىدۇ، ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقايلى، — دېدى بارات.

لېكىن جىمىلخان ئايخانغا:

— ئايخان، ئەتە سىلەر بېرىپ كېلىڭلار، مەن سىلەر بىلەن بىللە بارالمايمەن، ئاكاڭلارغا قارىمىسام بولمايدۇ. ۋاڭ خېنىمغا مېنى «ئۆتكەن قېتىم مەن بىلەن بىللە كەلگەن ئايال مۇشۇ باراتنىڭ ئاپىسى» دەپ قويۇڭ. ئۆتكەندە پەتنگە بارغىنىمىزدا مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى ۋاڭ خېنىم چوقۇم بىلمەي قالدى، — دېدى ۋە يەنە ئوغلىغا قاراپ، — ئوغلۇم، سەن قاچانغىچە

كىچىك بايۋەچچىگە ھەمراھ بولۇپ ئۇرۇمچىدە تۇرىدىكەنسەن؟ تاغاڭ قولغا ئېلىنغاندىن بېرى سېنىڭ يوقلۇقۇڭ ئەجەب بىلىنىۋاتىدۇ، — دېدى.

بارات دەرھال:

— ئاپا، تاغامنىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئەمدى ئاڭلىدىم، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى ئېنىق بىلمەي ئۇرۇمچىگە زادىلا قايتقىم يوق، — دېدى.

— ئەجەب ئوبدان دېدىڭ، — دېدى ئايخان خوش بولۇپ، — ھازىر بۇ ئىككى ئائىلىگە بەكمۇ تەس بولۇۋاتىدۇ، بىز گاڭگىراپلا قالدۇق. مانا تۇرانمۇ دۇكاندىن زادىلا ئايرىلالمايۋاتىدۇ. مەن بولسام تاغاڭنىڭ ئورنىدا مويكىنى باشقۇرۇۋاتىمەن، ئەر كىشى يوق ئۆينى باشقۇرماق ئەجەب تەسكەن.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، مەن ئەمدى چەتتە قاراپ تۇرالمايمەن، كىچىك بايۋەچچە بىلەن ئەمدى كارىممۇ يوق، — دەپ ئاچچىقلاندى بارات.

ئۇلار باراتتىن خوش بولۇشتى. ھەتتا دادىسىمۇ ئوغلىدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرىدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بارات ئايخان ۋە بىر نەچچە مۆتىۋەرنىڭ ئاياللىرىنى ئېلىپ ياخشى ئات قوشۇلغان ئىككى خادىكنى كىرا قىلىپ ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا قاراپ يولغا چىقتى. ئاتلارنىڭ بويىنىدىكى قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازى يىراقلارغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. قورۇققا ئاز قالغاندا خادىكنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن قورۇق خىزمەتچىلىرى قورۇق ئىچىگە خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن كىرىپ كەتتى. ئادەتتە ئۇيغۇرلار يىراق - يېقىنغا بارسا خادىك بىلەن باراتتى. شۇڭا قورۇق خىزمەتچىلىرى كېلىۋاتقان خادىكقا ئالاھىدە دىققەت قىلىشتى. خادىك قورۇق دەرۋازىسى ئالدىغا كەلگىچە گاۋ غوجىدار ئالدىغا چىقىپ بولغانىدى. ئۇ خادىكنى يىراقتىن كۆرۈپ ئۇنىڭدا ئاياللارنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، يېنىدىكى

ئادىمىگە بىر نىمىلەرنى دەپ قورۇق ئىچىگە ماڭدۇرۇۋەتتى. خادىك كېلىپ توختىدى. ئاڭغىچە قورۇق ئىچىدىن بەي ئاغىچا ۋە بىرنەچچە خىزمەتچى ئايال چىقىپ، خادىكتىن چۈشۈۋاتقان مېھمانلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ قارشى ئېلىشتى. گاۋ غوجىدار باراتنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆرۈشتى. بەي ئاغىچا ۋە ھەمراھلىرى ئايال مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىققانلار ماتەمدە بولغاچقا، قورۇقنىڭ چوڭ دەرۋازىسىدىن كىچىك دەرۋازىغىچە جىم مېڭىشتى. ئۇلار كىچىك ھويلىغا كىرىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە گاۋ غوجىدار باراتنى باشلاپ ئالدىدا ماڭدى، كەينىدىن ئاياللار مېڭىپ دالانغا كىرىپ كېلىشتى. دالاندىن كىرگەندىلا سول تەرەپتە چوڭ مېھمانخانا بولۇپ، ۋاڭ خېنىم مېھمانخانىدا ئىدى. ئاياللار مېھمانخانىغا كىرگەندە ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ شىئېر ئۇلارنى كۆرۈپ يىغلاشقا باشلىدى. گاۋ غوجىدار باراتنى ۋاڭ بېگىمنىڭ كۇتۇپخانىسىغا باشلىدى. كۇتۇپخانىدا ۋاڭ بېگىم يالغۇز بولۇپ، باراتنى كۆرۈپ ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويمىدى. لېكىن بارات يول بويى «مەن ۋاڭ بېگىم بىلەن كۆرۈشسەم ئۇ مېنى كۆرۈپ چوقۇم يىغلاپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانىدى. ئەمما ھازىر ئەھۋال ئۇنىڭغا باشقىچىرەك تۇيۇلدى:

— ۋاڭ بېگىم، ئويلىمىغان ئىش بوپتۇ. مەن تېخى بۇ مۇسىبەتنى ئۇلۇشكۈن ئۇرۇمچىدە ئاڭلاپلا يولغا چىقىپ، تۈنۈگۈن يېتىپ كەلدىم. ۋاڭ مىڭئېر مېنىڭ يېقىن دوستۇم ئىدى، مەن ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق قايغۇرىمەن، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم كۆزىگە ياش ئېلىپ ئىۆز - ئۆزىگە ئوغلۇمنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى ئۇرۇمچىگىمۇ يېتىپ بېرىپتۇ، دەپ ئاندىن باراتقا قارىدى.

— بېگىم، — دېدى بارات دەرھال، — كىچىك بايۋەچچىنىڭ لۇ جەنپىڭ دەيدىغان بىر دوستى بولىدىغان، ئۇ ئۇرۇمچىگە ئويۇنغىلى بېرىپتىكەن، شۇنىڭدىن ئاڭلىدىم.

ۋاڭ بېگىمنىڭ يادىغا بىر ئىش كەلگەندەك:

— بارات، ئاڭلىسام سىز كىچىك بايۋەچچىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆرۈمچىدە بىللە تۇرۇۋېتىپسىز، كىچىك بايۋەچچە ياخشى تۇرۇۋاتامدۇ؟ — دېدى. بارات:

— شۇنداق، كىچىك بايۋەچچە ھازىر خېلى كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇۋاتىدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ياخشى ئوقۇۋەرسە بۇ يىل شۆتاڭنى تاماملايدۇ، — دېدى ۋە ۋاڭ مىڭئېبرغا قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرگۈسى كېلىپ داۋام قىلدى، — ئوغلىڭىز، كىچىك بايۋەچچە، مەن ئۆرۈمچىگە مۇشۇ ناھىيىدىن بېرىپ بىللە ئوقۇغان ساۋاقداشلار ئىدۇق.

— شۇنداق، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئالدىرىماي، — مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ ئەلىمى كۆڭلۇمدىن زادى چىقمايدۇ، — بارات ئۇنىڭ گېپىدىن تەئەججۇپلىنىپ، يېنىدا تۇرغان گاۋ غوجىدارغا قارىدى. گاۋ غوجىدار سۇكۇتتە تۇرغاندەك جىم بولۇۋېلىپ، باراتنىڭ ئۇنىڭغا قارىغانلىقىنى سەزسىمۇ قاراپ قويمىدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ «ئۇنىڭ ئەلــــــــى كۆڭلۇمدىن زادى چىقمايدۇ» دېگەن سۆزى باراتنىڭ خىيالىغا كىرىۋالدى. ھازىر ۋاڭ بېگىمدىن نېمە ئىش بولغانلىقىنى سوراشمۇ بىئەپ ئىدى. ئۇ «ۋاڭ مىڭئېبر ئۇنىڭ ئەتىۋارلىق يالغۇز ئوغلى ئىدى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا ئوغلىنىڭ دەردىگە چىدىماي شۇنداق دېگەن گەپ» دەپ ئويلاپ:

— ۋاڭ بېگىم، سىز سالامەتلىكىڭىزنى ئاسراڭ، سىز يەنىلا بۇ ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم باراتقا زاڭلىق قىلغاندەك كۈلۈمسىرەپ:

— بارات تۇڭچى، سىز شۆتاڭدا راستلا ياخشى ئوقۇپسىز. مېنى ھېلىمۇ تۈۋرۈككە ئوخشىتىپسىز. لېكىن بىز خەنزۇلاردا «ئائىلە باشلىقىنىڭ ئۆلگىنى چىراغنىڭ ئۆچكىنى» دەيدىغان

تەمسىل بار، مەن قېرىپ قالدىم، ئۇزاق ياشىيالمايمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تارتىۋاتقان ئىچ ئاغرىقىم بىلەن بالدۇرلا كېتىدىغاندەك قىلىمەن. مېنىڭ ئورنۇمنى باسىدىغان بىردىنبىر ئوغلۇم مېنىڭدىن بۇرۇن ئۇ دۇنياغا كەتتى. ئەمدى بىزنىڭ ئائىلە تۇزۇپ كېتىدۇ دەڭە، فامىلىمىز پۈتۈنلەي يوقايدۇ، — دېدى ۋە يەنە ئاچچىق بىلەن، — لېكىن ماڭا كەلگەن بۇ ئەلەمنىڭ دەردىنى چىقارماي قويمايمەن! — دەپ قوشۇپ قويدى.

ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى چىڭراق ۋە غەزەپلىك چىقتى. ھەتتا گاۋ غوجىدارمۇ چەكچىيىپ قاراپ قالدى. بارات ۋاڭ بېگىمنىڭ ئوغلىغا چىدىماي يەنە سۆزلەپ بىئارام بولماسلىقى ئۈچۈن چىقىپ كەتكىسى كېلىپ:

— ۋاڭ بېگىم، مەن ۋاڭ خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. گاۋ غوجىدار باراتقا:

— بارات تۈڭچى، يۈرۈڭ، ۋاڭ خېنىم بىلەن كۆرۈشۈپ قويۇڭ، — دېدى.

بارات ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋاڭ بېگىم، ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، — دەپ گاۋ غوجىدارغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار دالانغا چىققاندا ئاياللارنىڭ بايىقى يىغا - زارى جىمىغانىدى. گاۋ غوجىدار مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى يوغان ئېچىپ، باراتنىڭ كىرىشىگە قاراپ تۇردى. مېھمانخانا ئىچىدىكى ئاياللار باراتقا قاراشتى. ئۇ بوسۇغا ئاتلاپ كىرىشىگە تۆردىكى ئاياللار ئارىسىدىكى ۋاڭ شىئېر «ئاكامنىڭ دوستى كەپتۇ» دەپ كېلىپ باراتنى قۇچاقلاپ يىغلاپ تاشلىدى. باراتمۇ ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى، ۋاڭ خېنىممۇ يىغلىدى، بۇلارغا قاراپ باشقىلامۇ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلارنىڭ يىغىسىدىن تەسىرلىنىپ ئايخان بىلەن بىللە كەلگەن ئاياللارمۇ يىغلىشىپ كەتتى. ئۇ ۋاڭ

بېگىمنىڭ ئۆزىنى سوغ قوبۇل قىلغانلىقىغا ھەيران قالغانىدى. لېكىن ۋاڭ شىئېرنىڭ باراتنى قۇچاقلاپ يىغلىشى، ۋاڭ خېنىمنىڭمۇ باراتنى كۆرۈپ يىغلىشى باراتنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق يېرىم قىلدى.

ۋاڭ خېنىم بىلەن ۋاڭ شىئېر باراتنى كۆرۈپ ئوغلىغا ئېچىنىپ ئاچچىق يىغلىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ باراتقا:

— ئوغلۇم بارات، ئۆتكەندە ئايخان ئوغلۇمنىڭ ھادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ، يۇرت چوڭلىرىنىڭ ئاياللىرىنى باشلاپ پەتىگە چىقىپتىكەن، ئىنتايىن خۇش بولدۇق. لېكىن تىل بىلىشمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئەھۋال سورىشالمىدۇق. بۈگۈن سىز بىلەن بىللە يەنە پەتىگە كېلىپ، خۇددى ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك ئىش قىلدى. مەن سىلەردىن ناھايىتى خۇرسەن، — دېدى، ئۇنىڭ گېپىنى بارات تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئايخان:

— ئوغلۇم، سەن ۋاڭ خېنىمغا دەپ قوي. مەيلى بىزنىڭ مىللىتىمىز، دىنىمىز باشقا - باشقا بولسىمۇ، بىز ئاياللار يەنىلا ئانا، ئانا دېگەن بالىسىغا چىدىمايدۇ. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلۈمىگە بىزمۇ خۇددى ۋاڭ خېنىمدەك قايغۇردۇق، لېكىن تەقدىر - قىسمەتكە ئىلاج يوق. ئەمما ھايات قالغانلار ئۆزىمىزنى ئايىمىساق بولمايدۇ، سەۋر قىلىش كېرەك. سەۋر قىلساقلا ئاللا كۆڭلىمىزگە ئارام بېرىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم:

— رەھمەت سىزگە ئايخان، بۇ گېپىڭىزدىن كۆڭلۈم خېلى ئارام تېپىپ قالدى، سىز ماڭا ھازىر يۇرتۇمدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتىسىز، — دېدى ئايخانغا قاراپ،

— بۇ قايغۇنى ئۇنتۇيالمايدىغان ئوخشايمەن. تەڭرى ماڭا مۇشۇ كۈنلەرنى بۇيرۇغان ئوخشايدۇ، سىز دېگەندەك سەۋر قىلىش لازىمكەن. يىغلاپ - قاقشاپمۇ بۇ قايغۇ يوقالمىدى، — ۋە يادىغا

بىر ئىش كەلگەندەك داۋام قىلدى، — تۇرداخۇن بىر ياققا كەتكەنمۇ نىمە؟ نۇرغۇن ئادەملەر پەتىگە كەلدى، لېكىن ئۇنى كۆرگەندەك قىلمىدىم.

ئايخان ئۇنىڭ گېپىنى تولۇق چۈشەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئېرىنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ باراتقا قاراپ، كۆزىنى چىمىلدىتىپ قويدى. بارات ئۇنىڭ مەنىلىك قارىشىدىن ۋاڭ خېنىمنىڭمۇ تۇرداخۇننىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوقلۇقىنى بىلىپ:

— تاغام هازىر ئۈرۈمچىدە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ. بۇ يېقىن كۈنلەردە كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى.

— هە، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — تۇرداخۇن هازىر بۇ يەردە يوقكەن - دە، بار بولسا چوقۇم پەتىگە كەلگەن بولاتتى. . .

باشقىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم بولۇشتى.

تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقى ۋاڭ خېنىم ئۈچۈن بىر سىر بولغاچقا، ئۇ بۇ ئىشنى ئاڭلاپ قالسا سۈرۈشتۈرۈشى مۇمكىن ئىدى.

گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىم يوق چاغلاردا قورۇقنى باشقۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا، ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ ماهارىتىگە قايىل ئىدى. شۇڭا گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىمگە ئاقساقاللىق قىلىپ مەسلىھەت كۆرسەتسىمۇ، لېكىن ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىدا ھەرگىز گەپ ياندۇرماي دېگىنىنى قىلىپ پايپېتەك بولۇپ، ئاغزىدىن كىرىپ بۇرنىدىن چىققىدەك خۇشامەت قىلاتتى.

هازىرمۇ مېهمانلارنىڭ ئالدىدا خۇشامەت قىلغۇسى كېلىپ:

— ۋاڭ خېنىم، مېهمانلار ئۆزلىرىدىغان چاغدا ئۆزىمىزنىڭ مەپىسىنى قوشۇپ ئۆزىتىپ قويايلىمىكىن دەيمەن. مېهمانلار خادىكتا قىستىلىشىپ قالمىسۇن. يول ئۇزاق، ئاتلار هېرىپ، ئۇلار ئۆيىگە ۋاقتىدا يېتىپ بارالمامدىكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم كۈلۈمسىرەپ:
— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمىز - دە، بۇنى ئوبدان ئويلاپسەن، — دېدى. بارات ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— ۋاڭ خېنىم، ئاۋارە بولماڭلار، يول يىراق بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ خادىك ھارۋىسى بىلەن كېتىۋېرەيلى، — دېدى.
— ياق، سىلەر شۇنچە يىراق يەردىن كەلسەڭلار بىز ئۇنچىلىك خېرىدارلىقىڭلارنى قىلمىساق بولامدۇ. بىز مەپە قوشۇپ بېرەيلى، مەپە ئەتە يېنىپ كەلسىمۇ بولىدۇ. بارات، ئۆتكەن قېتىم ئاپىڭىز پەتمگە كەپتىكەن، لېكىن شۇ چاغدا ئۇنى بىلمەي قاپتىمەن. قىزىم ۋاڭ شىئېر ئاپىڭىزنىڭ كەلگەنلىكىنى دېگەندىن كېيىن ئاندىن بىلدىم. قايتىپ بارغاندا ئاپىڭىزغا مەندىن سالام ئېيتىڭ، ئۇنىڭغا كۆپ رەھمەت.
ئۇنىڭ گېپىنى بارات تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئايخان:
— شۇ چاغدا جىمىلخان ئاچام مەن بىلەن بىللە كەلگەنىدى، لېكىن بىز گەپلىشەلمىگەچكە، ئۆزىمىزنى تونۇشتۇرالماي قالدۇق. بۇ قېتىممۇ جىمىلخان ئاچام بىز بىلەن بىللە كەلمەكچى ئىدى، ئەمما قاسىم ئاخۇن ئاكام ئاغرىقچان بولغاچقا، ئۇنىڭغا قاراپ قالدى، — دېدى. ئۇنىڭ گېپىنى بارات تەرجىمە قىلىپ بەردى. ۋاڭ خېنىم:
— بارات، ئاڭلىسام دادىڭىز ئاغرىق ئىكەن، ھازىر ئەھۋالى قانداقراق؟ — دېدى.
بارات ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
— ۋاڭ خېنىم، دادامنى سورىغىنىڭىزغا كۆپ رەھمەت. دادام ساقىيالمايدۇ، ئۇ بارغانسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى. ۋاڭ خېنىممۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئۆز - ئۆزىگە: «تەڭرى كېسەلگە شىپا بەرگەي» دېدى. ئاندىن باراتقا، — بارات، ئۆيگە بارغاندا ئاپىڭىزغا مېنىڭدىن سالام ئېيتىڭ، مېنى سورىدى دەپ قويۇڭ، — دېدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى بارات خۇش بولۇپ.

ھازىر بارات بولغاچقا مېھمانلار بىلەن ساھىبخانىلار ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، ھەممىسى ئۇنىڭدىن رازى بولۇشتى. بولۇپمۇ ۋاڭ خېنىم ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي پەتىــگە كەلگەن بۇ ئۇيغۇر ئاياللاردىن خۇش بولۇپ باراتقا:

— بارات، سىز پەتىچىلەرنى باشلاپ كېلىپ بەك ياخشى قىلدىڭىز، سىز بولغاچقا ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشالىدىم. ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېر دائىم سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلاتتى. سىز بىزنىڭ ئائىلىگە ھەرگىز يات ئەمەس. سىزنى كۆرۈپ ھازىر ئوغلۇمنى كۆرۈۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن، سىزگە كۆپ رەھمەت، — دېدى.

بارات كۈلۈمسىرەپ قويۇپ ۋاڭ خېنىمغا:

— ۋاڭ خېنىم، بىز قايتايلى، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم مېھمانلار بىلەن خوشلاشتى، پەتىــچىــلەر مېڭىشتى. گاۋ غوجىدار ئۇلارنــى يولغا سېلىــش ئۇچۇن مېھمانلارنىڭ ئالدىدا ئۆيدىن چىقىپ مەپىنى تەييارلاپ تۇردى. ۋاڭ خېنىم ئۆيدىلا ئۇزىتىپ قالدى. خىزمەتچىلەر ئۇلارنــى ئۇزىتىپ ئۇزاق ئۆتمەي قايتىپ كىرىشتى. بىر چاغ بولغاندا گاۋ غوجىدار شاپاشلاپ كىرىپ كېلىپ ۋاڭ خېنىمنىــڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— ۋاڭ خېنىم، پەتىچىلەرنى بىر مەپە قوشۇپ يولغا سېلىپ قويدۇم، ئۆزلىرىنىڭ خادىكى خېلى بوش كەتتى. ئۆيلىرىگە يېتىپ بارغىچە ئاتلىرى ھارمايدىغان بولدى، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم بوپتۇ دېگەندەك قىلىپ قاراپ قويدى. ئەمما گاۋ غوجىدار ئىجازەت بەرسە ئورنۇمدىن تۇرىمەن دېگەندەك قىلىپ بېشىنى ئېگىپ جىم تۇردى. خىزمەتچىلەر ئۇنىــڭ مۇنداق ئادىتىنى بىلگەچكە كارىمۇ بولماي ئىشلىرىنى قىلىۋەردى. ئۇنىڭ تېخى چىقىپ كەتمىگەنلىكىگە دىققەت قىلغان ۋاڭ خېنىم:

— غوجىدار، بولدى، چىقىپ كەت، — دېدى.

— خوپ، — گاۋ غوجىدار بىشىنىمۇ كۆتۇرمەي خۇددى خاننىڭ ئالدىدىن ھۆرمەت بىلەن يانغاندەك كەينىچىلەپ مېڭىپ بوسۇغىغا كەلگەندە ئاندىن بۇرۇلۇپ چىقىپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە بارات يامۇلغا كىرىپ كەلگەندە، يامۇل خىزمەتچىلىرى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشۇپ پىچىرلىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ تاغىسى نام - ئابرۇيلۇق ئادەم بولۇپ، قولغا ئېلىنغاندا بارات يوق بولغاچقا، يامۇل خىزمەتچىلىرى «بارات كەلسە نېمە بولار» دەپ ئويلاشقانىدى. بولۇپمۇ ھاكىم ئىشخانىسىدا ئۇنى كۆرگەن كاتىپ ھودۇقۇپ قالدى. بارات ئۇنىڭ بۇ ھالىتىنى سەزمىگەندەك ئۇنىڭ بىلەن سالاملاشتى. كاتىپ ئۇنىڭ بۇ بىخىرامان ھالىتىنى سېزىپ، ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋېلىپ:

— بارات تۇڭچى، تۇيۇقسىز كېلىپ قاپسىزغۇ؟ — دەپ يېڭىلا سۇرتۇپ قويغان بىر ئورۇندۇقنى سۇرۇپ ئەكىلىپ بەردى.

— كاتىپ، ھاكىم ھازىر كېلەمدۇ؟ — سورىدى بارات ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاچ.

— ھاكىم تۇنۇگۇن كەلمىگەنىدى، شۇڭا بۈگۈن كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. سىز بىلىسىز، ھاكىم ئادەتتە ئەتىگەندە ئىشقا كېلەلمەيدۇ، — دېدى كاتىپ دېرىزىدىن تالاغا بىر قاراپ قويۇپ.

باراتمۇ دېرىزىگە قارىدى. كەچ كۈز كىرىپ قالغان بولغاچقا، قۇياش ئەمدى كۆتۈرۈلۈپ، سارغۇچ نۇرلىرى بىلەن يەر - جاھاننى يورۇتماقتا ئىدى. كاتىپ ھاكىم كېلىشتىن ئىلگىرى ئىشخانىنى تازىلاۋاتقانىدى. بارات ئۇنىڭغا:

— قارىمامسىز كاتىپ، ئۇرۇمچىدە ھېچ ئىشتىن خەۋەرسىز كىچىك بايۋەچچىگە ھەمراھ بولۇپ تالا - تۈزگىمۇ چىقماي شۆتاڭدا يۇرۇپتىمەن. كىچىك بايۋەچچىنىڭ دوستى لۇ جەنپىڭ ئۇرۇمچىگە ئوينىغىلى بېرىپتىكەن، شۇنىڭدىن ۋاڭ مىڭئېرنىڭ جەستى تېپىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئالدىراپ ئۆيگە كېلىپ تاغامنىڭ قولغا

ئېلىنغانلىقىنى ئاڭلىدىم، شۇڭا ھەيران بولۇپ بۇگۇن ئەتىگەندىلا ھاكىمنى ئىزدەپ كېلىشىم، — دېدى ۋە ئىشىككە بىر قارىۋېتىپ يەنە، — ھاكىم ئىشخانىغا كەلگىچە سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىممۇ ياخشى بولدى، سىزدىن سوراپ باقاي، تاغامنىڭ ئايالى بىلەن ئاپام تاغامنىڭ نېمە ئۇچۇن قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كەلسە چىەن دارىن ئۇلارنى قوبۇل قىلماي سىز قوبۇل قىپسىز، — دېۋىدى كاتىپ ھودۇقۇپ كېتىپ:

— راست شۇنداق، مەن قوبۇل قىلغان، — دەپ قىلىۋاتقان ئىشنى تاشلاپ تۇرۇپ قالدى.

— سىز بىلەمسىزكىن، تاغام نېمە گۇناھ قىپتىكەن؟

كاتىپ ئۆزىنى ئوڭشاپ باراتنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— بارات، مەنمۇ تاغىڭىزنىڭ نېمە گۇناھ قىلغانلىقىنى بىلمەيمەن. ئەمما چىەن دارىن جانابلىرىنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە «تۇرداخۇننىڭ ئىشىنى ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى ھەل قىلىدۇ» دەپ جاۋاب بەردىم.

بارات ھەيران بولۇپ:

— بۇ قالتىس گەپ بولدىغۇ، تاغامنىڭ ئىشىنى ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى ھەل قىلسىغۇ مەيلى، لېكىن ئۇنىڭ گۇناھى توغرۇلۇق بىرەر ئېغىز گەپ قىلىشىڭلار كېرەك - تە، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى كاتىپ ئۆزىنى رەسمىي ئوڭشاپ، خۇددى يېقىن دوستى بىلەن سۆھبەتلىشىۋاتقاندەك، — تاغىڭىزنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىز ئۇچۇنمۇ بىر سىر، شۇڭا تۇرداخۇن قولغا ئېلىنىشى بىلەن پۈتۈن ناھىيە زىلزىلىگە كەلدى. ھەتتا ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلۈمى ناھايىتى چوڭ ھادىسە بولسىمۇ، خالايىق ھازىر ئۇنى ئۇنتۇشقا باشلىدى، لېكىن تاغىڭىزنىڭ قولغا ئېلىنىشى بىر سىر بولغاچقا، ھېلىمۇ كىشىلەر ئارىسىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تۇگىمەيۋاتىدۇ.

بارات ئۇنىڭ ئامالسىز ھالىتىنى سېزىپ، ئۇنىڭدىن يەنە گەپ سوراپ ئۇنى تەڭقىسلىقتا قويغىسى كەلمەي:

— مەن ھاكىمنى ساقلايمەن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۇشىمەن، — دېدى. شۇ چاغدا دالاندا بىرىنىڭ كېلىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى.

كاتىپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ باراتقا:

— بارات، ھاكىم جانابلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى. باراتمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىككىسى يانمۇيان ئۆرە تۇرۇشتى. ھايال ئۆتمەي چېيەن دارىن كىرىپ باراتنى كۆرۇپ، ئىختىيارسىز جايىدا توختاپ قالدى. بارات بىلەن كاتىپ ھاكىمغا ھۆرمەت بىلدۇرۇپ ئالدىغا قاراپ تىك تۇراتتى. ھاكىم ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۇپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن ئۇلار ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. چېيەن دارىن ئۇستىلىگە بېرىپ ئولتۇرۇپ باراتقا قاراپ قويدى. چۇنكى ئۇ باراتنىڭ مۇنداق تۇيۇقسىز يامۇلدا پەيدا بولۇپ قېلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. گەرچە چېيەن دارىن ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇتقان ئەرزىنى جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگىمنىڭ مەسلىھەتىگە سالماي تۇرداخۇننى قولغا ئېلىپ، ئەھۋالنى ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە يوللىغان بولسىمۇ، بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ پەرەز قىلالمىغاچقا، جىمىلىخان بىلەن ئايخاننىڭ يامۇلدىن تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى باراتقا خەۋەر قىلىپ، ئۇنى ئۇرۇمچىدىن ياندۇرۇپ كېلىش توغرىسىدىكى تەلىپىگە كاتىپ ئارقىلىق ماقۇل دېگەن بولسىمۇ ھېلىغىچە باراتقا خەۋەر يەتكۇزمىگەنىدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىدىكى سەۋەب، بارات شۇ چاغدا «بەش نىزام، تۆت دەستۇر»نى پىششىق ئوقۇغان ھەم قانۇن - نىزام ئۆگەنگەن ئەلاچى ئوقۇغۇچى بولغاچقا، ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى تۇرداخۇننىڭ مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن ئىلگىرى بارات ئەھۋالنى بىلىپ قالسا، تىل بىلگەچكە ۋالىي بىلەن بىۋاسىتە كۆرۇشۇپ ئۇنى ئوسال قىلىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەنىدى.

شۇنداقلا تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى بارات ئاڭلاپ بولغىچە ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ تەپتىش بېگىنى ئەۋەتىپ تۇرداخۇننىڭ مەسىلىسىنى ئەرزدە يېزىلغان پاكىت بويىچە بىر تەرەپ قىلىۋېتىشىنىمۇ ئۇمىد قىلغانىدى. بارات ھېلىغىچە ئۇرۇمچىدىن كەلمىگەچكە ھاكىمنىڭ كۆڭلىمۇ خېلى خاتىرجەم ئىدى. لېكىن ھازىرچۇ، ھاكىم ئىشخانىسىدا باراتنى كۆرۈپ يۈرىكى سېلىپ سارىسىمىگە چۈشۈپ، چىرايى ئۆڭۈپ، قول ئاستىدا ئىشلەۋاتقان تۆگچىسى بىلەن نېمە دەپ كۆرۈشۈشىنىمۇ بىلمەي تىلى كالۋالىشىپ:

— بارات ياخشىمۇ سەن، كېلىپ قاپسەنغۇ؟ — دېدى.

— دارىن جانابلىرى، ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، ئوغلىڭىزمۇ خېلى ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇ ھازىر شۆتاڭدىن قاچمايدىغان بولدى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ، ئۆيگە ئاتا - ئانامنى كۆرگىلى كەلدىم، — دېدى بارات.

چيەن دارىن ئەسلىدە «بارات گېپىنى تاغىسىنىڭ ئىشىدىن باشلايدۇ» دەپ ئويلاپ ئەنسىرەپ، ئوغلىنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنى يادىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. ئۇ ئەمدى ئۆزىنى خېلى ئوڭشاپ:

— راست، ئوغلۇم سېنى خاپا قىلمىغاندۇ؟ — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ دارىن جانابلىرى، — دېدى بارات خۇش بولۇپ، — ئوغلىڭىز گەپ ئاڭلايدىغان بولدى. دارىن خېنىم دېگەندەك ئوغلىڭىزغا راسخوتنى ئۆزۈم قىلىپ بېرىۋاتىمەن. ئۇنىڭغا ئارتۇق پۇل بەرمەيمەن. شۇڭا ئۇ شۆتاڭدىن نېرى كەتمەي خاتىرجەم ئوقۇۋاتىدۇ، ئوقۇش نەتىجىسىمۇ خېلى ياخشى. لى مۇئەللىمنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، كىچىك بايۋەچچە ئەگەر مۇشۇنداق ئوقۇۋەرسە شۆتاڭنى بۇ يىل پۈتتۈرەلەيدىكەن.

چيەن دارىن خۇش بولۇپ چىرايى ئېچىلدى. گەرچە ئۇ باراتنىڭ تاغىسى توغرۇلۇق گەپ باشلىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرسىمۇ، لېكىن ھېچ ئىش بولمىغاندەك:

— بارات، ئوغلۇم بىلەن ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل بىللە تۇرغىنىنىڭ بەك ياخشى ئىش بولدى. قارىغاندا ئوغلۇم شۆتاڭنى پۈتتۈرگىچە ئۈرۈمچىدە تۇرساڭ بولىدىكەن. سەن بولساڭ مەن ئوغلۇمدىن پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولىدىكەنمەن، — دېدى. چيەن دارىن باراتنىڭ ئوغلى توغرۇلۇق دېگەنلىرىنى ئاڭلاپ ھەقىقەتەن خۇش بولغانىدى. لېكىن بارات:

— دارىن جانابلىرى، ئوغلىڭىز شۆتاڭغا ياخشى ئۆگىنىپ قالدى. ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئەمدى ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئوغلىڭىزغا ھەمراھ بولالمايدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى.

— نېمىشقا؟ ئۈرۈمچىگە كۆنەلمىدىڭمۇ ياكى ئوغلۇم ساڭا بەك جاپا سالدىمۇ؟

— ياق ئۇنداق ئەمەس، ئۈرۈمچى مەن تۇرغان جاي، ئۇ چىرايلىق شەھەر، يېمەك - ئىچمىكى مول، ئوغلىڭىز ھازىر گېپىمنى ئاڭلايدىغان بولدى. ئۇنىڭدىن مەنمۇ خاتىـــرجەم، لېكىن، — دېيىشىگە چيەن دارىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنـــــى تۇيغاندەك:

— ھە، تاغاڭنىڭ ئىشىنى دېمەكچىـــمۇسەن؟ — دەپ ھىيلىگەرلىك بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق، دارىن جانـابلىرى، تاغام ھەپسىگە چۈشۈپ قېلىپ، پۈتۈن ئائىلىمىز پاراكەندىچىلىكتە قاپتۇ، — ئۇ شۇنداق دېيىشىگە چيەن دارىن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ:

— ھەي بارات، تاغاڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئىشىنى ھۆكۈمەت بىر تەرەپ قىلىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى.

— شۇنداق دارىن جانابلىرى، تاغامنىڭ ئىشىنى ھۆكۈمەت چوقۇم بىر تەرەپ قىلىدۇ. لېكىن تاغامنىڭ نېمە ئۈچـۈن قـولغا ئـېلىنـغـانلىقىنى سوراپ بېقىشقا بولامدىكىن؟

چيەن دارىن يېنىدا ئۆرە تۇرغان كاتىپقا «چىقىپ كەت» دېگەندەك قىلىپ قارىدى. كاتىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ:

— تاغاڭنىڭ ئىشى توغرۇلۇق ھازىرچە مەنمۇ ئېنىق بىر نەرسە بىلمەيمەن، — دېدى.

— دارىن جانابلىرى، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، تاغامنىڭ گۇناھى سىزگە ئېنىق بولمىسا، نېمىشقا ئۇنى قولغا ئالىسىز؟

— شۇنداق، قولغا ئالغىنىم راست. لېكىن ئۇ ھامىنى ئېنىقلىنىدۇ، تاغاڭنىڭ ئۇستىدىن قىلىنغان ئەرزگە قارىغاندا ئۇنىڭ گۇناھى بار، شۇڭا ئۇنى دەرھال قولغا ئالدۇق، — دېدى ئۇ تەرىنى تۇرۇپ.

بارات قىلچە تەمتىرىمەي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— دارىن جانابلىرى، تاغام قولغا ئالغىدەك گۇناھ قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، — دېدى.

چيەن دارىن دەرھال چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كېتىپ:

— «ھايۋاننىڭ ئالىسى تېشىدا، ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە» دېگەندەك، مەنمۇ ئىلگىرى تاغاڭنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈشىگە ئىشەنمەيتتىم، لېكىن ئەرز كەلدى، تاغاڭ گۇناھ ئۆتكۈزۈپتۇ، — دېدى.

— مەن تاغامنىڭ گۇناھ ئۆتكۈزىدىغانلىقىغا زادى ئىشەنمەيمەن، — بارات شۇنداق دەپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.

چيەن دارىن ئەسلىدە گەپ يورغىلىتىپ، باراتنى بۇ ئىشنى سۈرۈشتۈرمەسلىككە كۆندۈرمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ جاھىللىق قىلىپ چىڭ تۇرۇۋالغاچقا، ئۇنىڭغا ئەمدى توك تېگىپ ھەيۋە قىلىشقا باشلىدى:

— بارات، سەن ئەڭ ياخشىسى، ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى بۇ ئىشنى بىر تەرەپ قىلغىچە سۈرۈشتۈرمىگىن، چۈنكى ئۇنىڭ مەسىلىسى ھامىنى ھەل بولىدۇ. ئەگەر «تاغامنىڭ ئىشىنى سۈرۈشتۈرىمەن» دەپ مېنىڭ خىزمىتىمگە دەخلى

قىلساڭ، سەن دېگەن ھازىر مەنچىلىك ھۆكۈمىتىنىڭ
خىزمەتچىسى، قىلىۋاتقان ئىشىڭدىن ئايرىلىپ قالمىغىن يەنە:
بارات تاغىسى توغرۇلۇق چيەن دارىننى ئىزدەپ كەلگەندە،
«مەن ئۇنىڭ تۇغچىسى بولغانلىقىم ئۈچۈن ئەھۋالنى ماڭا دەپ
بېرىدۇ» دەپ ئويلاپ زور ئىشەنچ قىلغانىدى. لېكىن ھازىر
ئەھۋال ئۇ ئويلىغاندەك بولماي، پوپۇزا قىلىنىۋاتقانلىقى ئۈچۈن
ئاچچىقى كەلدى - يۇ، ئاغرىقچان دادىسىنى ئويلاپ پەسكويغا
چۈشۈپ ئورنىدا ئولتۇردى ۋە:
— دارىن جانابلىرى، مېنىڭ سىزنى ئىزدىشىم پەقەت
تاغامنىڭ گۇناھىنى سوراپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. ئەگەر ئۇنىڭ
گۇناھىنى بىلىۋالمىسام ئاتا - ئانام ۋە تاغامنىڭ بالا - چاقىلىرى
تولا ئويلاپ ساراڭ بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. مەن «تاغامنى
سولاقتىن چىقىرىپ بېرىڭ» دېمەكچى ئەمەسمەن، ئۇنىڭ ئىشىنى
ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىدۇ، ماڭا
ئۇنىڭ گۇناھىنى دەپ بەرسىڭىزلا بولدى، ئۇنىڭ كېيىن قانداق
بولۇشىغا ئەلھۆكمىلىللا دەيمىز، — دېدى.
چيەن دارىن ئۇنىڭ پەسكويغا چۈشۈۋاتقانلىقىنى بىلىپ،
ئۇنى يەنە چىرايلىق گەپ بىلەن ئالدىماقچى بولۇپ:
— بارات، ئەڭ ياخشىسى تاغاڭنىڭ مەسىلىسىنى ئۈرۈمچى
ۋالىي مەھكىمىسى ئىنقىلاپ بىر تەرەپ قىلغىچە سورۇشتۇرمەي،
بۈگۈنلا ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىپ، ئوغلۇمغا بىر مەزگىل ھەمراھ
بولۇپ ئوقۇشىغا ياردەملىشىپ تۇرغىن، مەن سېنى ئالاھىدە رازى
قىلىمەن، — دېدى.
— ياق، تاغامنى سىز قولغا ئالغان ئىكەنسىز ئۇنىڭ
گۇناھىنى چوقۇم دەپ بېرىشىڭىز كېرەك، — بارات ئۇنىڭغا
تىكىلىپ قارىدى. ئۇ جاھىللىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن چيەن
دارىن ئۇنىڭغا دوق قىلىپ:
— بارات، سەن تاغاڭنى «قولغا ئالغىدەك گۇناھ قىلمىغان

ئادەم ئەمەس» دەيسەن، بىلەمسەن، سېنىڭ تاغاڭ ۋاڭ مىڭئېرغا سۇيىقەست قىلىپ، ئۇنىڭ باندىتلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولغان، — دېدى.

بارات ئىختىيارسىز كۆلۈپ كېتىپ:

— دارىن جانابلىرى، نېمە دەۋاتىسىز، مېنىڭ تاغام دوستۇم ھەم ساۋاقدىشىم ۋاڭ مىڭئېرغا سۇيىقەست قىپتۇما؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئەرزدە پاكىت ئېنىق يېزىلغان.

بارات ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ ئاچچىق بىلەن:

— بۇ يالغان گەپ، خاتىرجەم بولۇڭ دارىن جانابلىرى. تاغام ھەرگىز بىرسىگە سۇيىقەست قىلمايدۇ، ئۇ خۇدادىن قورقىدۇ، — دېدى.

چيەن دارىن كۆلۈپ كېتىپ:

— بارات، سەن تاغاڭنى «خۇدادىن قورقىدۇ» دېگىنىڭ بىلەن سەن شۆتاڭدا ئوقۇغان، بىلىمىڭ بار ئادەم. بىز خەنزۇلاردا «پۇل شەيتاننىمۇ ئۇسسۇلغا سالىدۇ» دېگەن گەپ بار. خۇدادىن قورقىدىغان تاغاڭ پۇل، مال - دۇنيانى ئويلاپ خۇدانىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولغىيدى، — دېدى.

— راست جانابلىرى، چاقچىقىڭىزنى قويۇڭ، ماڭا ھازىر تاغامنىڭ گۇناھىنى دەپ بېرىڭ. ئەگەر دەپ بەرمىسىڭىز بۇ ئىشخانىڭىزدىن ھەرگىز كەتمەيمەن.

ھاكىم ئەرز ئەھۋالى توغرىسىدا ئالدىراپ بىر نەرسە دەپ سالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىغا ئەپسۇسلىنىۋاتاتتى. تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنىشىنىڭ ھازىرچە بىر سىر بولۇپ كېلىۋاتقانلىقى دەل مۇشۇ «سۇيىقەست» بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. گەرچە بۇ گەپنى جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى بىلىدىغان بولسىمۇ، لېكىن چيەن دارىن ئۇ ئىككىسىنىڭ مەسلىھەتىنى ئالماي تۇرداخۇننى ئالدىراپ قولغا ئېلىپ قويغاچقا،

ئۇلارمۇ بۇ گەپنى ئېغىزىدىن چىقارماي، ھېلىغىچە سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتاتتى. ئەمما چيەن دارىن ئەمدى كاتىپى ئىشخانىدا بولمىغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىدە يېزىلغان سەۋەبلەرنى ئېنىق ئېيتىش نىيىتىگە كەلدى:

— بارات، سەن تاغاڭنى «بىرسىگە ھەرگىز سۇيىقەست قىلمايدۇ» دەيسەن.

— شۇنداق، تاغام بىرسىگە ھەرگىز سۇيىقەست قىلمايدۇ.

— ئالدىرىماي تۇرغىن، گېپىمنى ئاڭلا، — چيەن دارىن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ دېدى، — تاغاڭنىڭ ۋاڭ مىڭئېرغا سۇيىقەست قىلغانلىقى ناھايىتى ئېنىق. ئەگەر سەۋەبلىرىنى ئاڭلىغىڭ كەلسە مانا مۇنداق، — دەپ بارماقلىرىنى چىقىرىپ ساناشقا باشلىدى، — بىرىنچىدىن، باندىتلار كارۋاننىڭ ئالدىنى توسقاندا زادى نېمە ئۈچۈن ۋاڭ مىڭئېر بىلەنلا تۇتۇشىدۇ، يالغۇز ۋاڭ مىڭئېرنىلا يارىلاندۇرۇپ ئۇنى ئېلىپ كېتىدۇ، نېمىشقا شۇ جايدا ئۆلتۈرۈۋەتمەيدۇ؟ ئىككىنچىدىن، باندىت دېگەن يول توسۇپ مال ـ دۇنيا بۇلايدىغانلار، ئۇلار نېمە ئۈچۈن كارۋاندىكى مال ـ دۇنيانى بۇلىمايدۇ، ھەتتا باندىتلارغا دائىم كېرەك بولۇپ تۇرىدىغان كارۋاننىڭ ياخشى ئاتلىرىنى ئېلىپ كەتمەي تاشلاپ قويىدۇ؟ ئۈچىنچىدىن، ۋاڭ بېگىمنىڭ مەقسىتى تۇرداخۇنغا سېتىپ بەرگەن كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىپ، ئوغلىنى چېگرا سودىسىغا سېلىپ، سودىگەر قىلىش. لېكىن تاغاڭ ئۇنىڭ مەقسىتىنى بىلىۋېلىپ ئوغلىغا سۇيىقەست قىلدى. ۋاڭ بېگىم ئەمدى ئوغلى يوق، چېگرا سودىسى قىلالمايدۇ، كونا ھويلىسىنىمۇ قايتۇرۇۋالالمايدۇ. — ئۈچىنچى سەۋەب ئۇ ئۆزى ئويلاپ توقۇغان تۆھمەت ئىدى.

ئۇنىڭ دېگەنلىرى تەجرىبىسىز ياش باراتنى گاڭگىرىتىپ، كۆرسەتكەن سەۋەبلىرى ناھايىتى ئېنىق پاكىتتەك تۇيۇلدى. لېكىن تاغىسىنىڭ ئۆزىنىڭ دوستى ۋاڭ مىڭئېرغا سۇيىقەست

قىلمايدىغانلىقىغا ئىشىنىپ:

— دارىن جانابلىرى، ئەگەر دېگەنلىرىڭىزنى پاكىت دېسىڭىز تاغام قولغا ئېلىنغاندا نېمىشقا ئۆزىگە دېمەيسىز ياكى تاغامنىڭ بالا - چاقىلىرى ئۇنىڭ گۇناھىنى سوراپ كەلگەندە دېمەيسىز؟ — دېدى.

— دېمىگىنىم راست، تاغاڭنىڭ مەسىلىسى بىر تەرەپ بولغىچە ھېلىمۇ دېمەيتتىم، لېكىن سەن سوراپ تۇرۇۋالدىڭ.

بارات بايا گاڭگىراپ قالغىنى بىلەن بۇ تۇتۇرۇقسىز سەۋەبلەرنى ئاڭلاپ تاغىسىنىڭ سۆيىقەست قىلمايدىغانلىقىغا تېخىمۇ ئىشىنىپ ئۆزىنى رۇسلاپ دېدى:

— دارىن جانابلىرى، تاغامنى ئۇنداق سەۋەبلەر بىلەن قولغا ئالغان بولسىڭىز بوپتۇ. مەن ئەمدى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرمەيمەن، چۈنكى تاغام ئاقلىنىدۇ، ئۇ گۇناھسىز.

«گەپنى گەپ تېشىدۇ» دېگەندەك، چيەن دارىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىشلارنىڭ بارغانسېرى ئۆز ئاغزىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىغا تېخىمۇ ئەپسۇسلىنىپ قالدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۆزى سىر تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. پەقەت ۋاڭ بېگىم ئەرز قىلغانلىقى ئۈچۈنلا تۇرداخۇننى قولغا ئالغان بولسىمۇ، تۇرداخۇننىڭ ۋاڭ مىڭئېرغا سۆيىقەست قىلغان - قىلمىغانلىقىنى ئۆزىمۇ ئېنىق پەرەز قىلالمايتتى. مانا ھازىرچۇ؟ يوشۇرۇپ كېلىۋاتقان ئىككى پاكىتمۇ، ئۆزىنىڭ تۆھمىتىمۇ ئاشكارىلىنىپ قالغاچقا، ئۆزى تاپقان بۇ ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن:

— بارات، سەن ئەڭ ياخشىسى، تاغاڭ توغرۇلۇق ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا بولغان بۇ گەپلەرنى ھازىرچە ھېچكىمگە دېمەي بوگۇن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا ئۈرۈمچىگە كەتكىن، مەن ساڭا پۇل بېرىمەن. ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى تاغاڭنىڭ مەسىلىسىنى چوقۇم توغرا ھەل قىلىدۇ، — دېدى.

— دارىن جانابلىرى، ئۇرۇمچىگە بۇگۈن - ئەتىلا كەتسەممۇ بولىدۇ، لېكىن تاغامنىڭ قولىغا ئېلىنغانلىق سەۋەبلىرىنى ئاتا - ئانامغا ۋە تاغامنىڭ بالا - چاقىلىرىغا دېمەي تۇرالمايمەن. چۈنكى تاغامنىڭ دوستۇمغا سۇيىقەست قىلغانلىقىنى ئاڭلاپ ئۆزۈممۇ خاتىرجەم بولالمايۋاتىمەن، — دېدى بارات.

چيەن دارىن ئۇنىڭ گېپىدىن ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، ئىككىسىنىڭ بايا دېيىشكەن گەپلىرى تۇرداخۇننىڭ قولىغا ئېلىنىشىغا قوشۇلماي ھېلىغىچە سۈكۈت قىلىپ كېلىۋاتقان جىيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، ئۇ ئىككىسى تۇرداخۇننىڭ تەرىپىنى قىلىپ گەپ - سۆز قىلىپ قويسا، ئۆزى خەلقنىڭ نەزەرىدىن چۈشۈپ كېتەتتى. شۇڭا باراتقا تەھدىت سېلىش ئۈچۈن:

— بارات، ئەگەر ئىككىمىز دېيىشكەن گەپلەرنى ئاغزىڭدىن چىقىرىۋەتسەڭ خىزمەتتىن قالىسەن، مائاشىڭ توختايدۇ، — دېدى. چيەن دارىن ئۇنى ھازىر يامان يەردىن قىستىغانىدى. ئەگەر ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە تاغىسىنىڭ ۋاڭ مىڭئېرغا سۇيىقەست قىلغانلىقى ئىسپاتلىنىپ قالسا، تاغىسىنىڭ مال - مۈلكى چوقۇم مۇسادىرە قىلىناتتى ھەم كونا ھويلا مويكا بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئۇ چاغدا تاغىسىنىڭ ئائىلىسىنى، ئاتا - ئانىسىنى بېقىش باراتنىڭ زىممىسىگە چۈشەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇزاق ئويلاندى، چيەن دارىنمۇ ئۇنىڭغا قاراپ سۈكۈت قىلىپ تۇردى. لېكىن شۇنچە ئويلانسىمۇ تاغىسىنىڭ دوستى ۋاڭ مىڭئېرغا ھەرگىز سۇيىقەست قىلمايدىغانلىقىغا تولۇق ئىشىنەتتى. ئۇلۇشكۇن ئايخاننىڭ «تۇرداخۇننىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئايالى بولغان مەن بىلمەمدىم، ئۇنىڭ قىلغان گۇناھىغا مەن شېرىك بولمامدىم» دېگەن سۆزى دەرھال يادىغا كېچىپ ئورنىدىن دەس تۇردى:

— دارىن جانابلىرى، مېنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ

قويسىغىزمۇ مەيلى، تاغامنى ھەرگىز ئەيىبلىيەلمەيسىز، مەن ئەمدى ئۆرۈمچىگە بارمايمەن، — ئۇ شۇنداق دەپ دەرھال ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

چيەن دارىن «ھوي» دەپلا ئۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇنىڭ مۇشۇ كۆنلەردىكى بىردىنبىر غېمى ئوغلىدا بولغاچقا، «تۇرداخۇننىڭ ئىشىنى ئۆرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى ھامىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. ئوغلۇمنى ھازىر باراتتىن باشقا ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ» دەپ بېشىنى تۇتۇپ قالدى.

بارات تالاغا چىققاندا يامغۇر يېغىۋاتاتتى. بۇ كەچكۈز كىرگەندىن بۇيانقى تۇنجى يامغۇر ئىدى. ھاۋا خېلى سوغۇق، شامال كۈچىيىپ، كىشىنىڭ كۆزىنى ئاچۇرمايتتى. بارات ھاكىم ئىشخانىسىدىن ئاچچىقىدا خىيال بىلەن چىقىۋاتقاچقا، ئۈستى - بېشى يالاڭ بولسىمۇ سوغۇقنى سەزمىدى. يېرىم يولغا بارغاندا يامغۇر ئارىلاش قار چۈشۈشكە باشلىدى. ئۇ ھازىر تاغىسىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ھويلىغا يېتىپ كەلگەندە يامغۇر قارغا ئايلىنىپ، ئەتراپ ئاقىرىشقا باشلىغانىدى.

# يىگىرمە ئىككىنچى باب

## ۋىلايەتتىن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كەلگەنلىكى

«ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن تەپتىش ئەمەلدارى كېلىدىكەن» دېگەن گەپتىن يامۇل ياكى ناھىيىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى بولغان جىيا بېگىم خەۋەر تاپقىچە جامائەتچىلىككە پۈر كەتتى. بۇ ناھىيىنىڭ ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق كېتىۋاتقاچقا، ۋىلايەتتىن ھېلىغىچە تەپتىش ئەمەلدارى تۇرماق، ئادەتتىكى ئەمەلدارلارمۇ كېلىپ ناھىيىنىڭ ئىشلىرىنى تەكشۈرۈپ باقمىغانىدى. ئادەتتە ۋىلايەتتىن ناھىيىلەرگە تەپتىش ئەمەلدارى ياكى باشقا ئەمەلدارلار كەلسە شۇ ناھىيىنىڭ خىزمىتىدە چوقۇم بىرەر ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەپتىش ئەمەلدارى مەخسۇس مەنچىڭ خانىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرى، قانۇن - نىزاملىرىغا خىلاپ ئىشلارنى تەكشۈرۈشكە كېلەتتى. شۇڭا «تەپتىش ئەمەلدارى كېلىدىكەن» دېگەن گەپنىڭ تارىلىشى بىلەن جامائەت ئارىسىدا ھەر خىل غۇلغۇلا كۆپەيدى. لېكىن قايسى تەپتىش ئەمەلدارى كېلىدىغانلىقىنى، نېمە ئۈچۈن كېلىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى.

بىر كۈنى جىيا بېگىم جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئىشخانىسىغا تۇيۇقسىز كىرىپ كەلدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئىشخانىسىدا يالغۇز ئىدى. ھەر ئىككىلىسى «ئىچ پۇشۇقىمىزنى چىقىرىۋالغۇدەك پاراڭلىشىدىغان بولدۇق» دەپ ئويلاپ خۇش بولۇشتى. جاڭ

لەشكەر بېگى دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ بىر ئورۇندۇقنى سۇرۇپ ئەكىلىپ ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. تۇنجى قار يېغىپ ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتكەچكە، جيا بېگىممۇ، جاڭ لەشكەر بېگىممۇ خېلى قېلىن كىيىنگەنىدى. ھەر ئىككىلىسى ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى:

— جيا بېگىم، بەك ياخشى كەپسىز، ئىچىم پۇشۇپ تۇراتتىم، — دېدى.

جيا بېگىم چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ:

— قىلىدىغان ئىش يوق، ئىچىڭىز پۇشۇپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى كۈلۈپ كېتىپ، — قىلىدىغان ئىشلارنىڭ توللىقىدا قايسىبىرىنى قىلىشنى بىلەلمەي تۇرسام «ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن تەپتىش ئەمەلدارى كېلىدىكەن» دېگەن گەپ پەيدا بولدى، شۇ گەپ يادىمغا يەتسىلا «ئۇ تەپتىش ئەمەلدارى نېمىشقا كېلىدىكىن» دەپ ئويلاپ قالىمەن. تېخى بايىلا مۇشۇنى ئويلاپ ئولتۇرغانىدىم، سىز كېلىپ تازىمۇ ياخشى بولدى، ئوبدان پاراڭلىشىدىغان بولدۇق.

— مەنمۇ شۇنداق گەپنى ئاڭلىدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى ھەيران بولۇپ، — سىز ناھىيىمىزنىڭ تەپتىش بېگى تۇرسىڭىز، —ئۇنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

— راست، مەنمۇ بىلمەيمەن، — دېدى جيا بېگىم ئورنىدا رۇسلىنىپ ئولتۇرۇپ ئالدىرىماستىن، — ئۇ تەپتىش بېگىنىڭ خەۋىرى كېلىپ ئۆزى كەلمىگەنگە قارىغاندا ئۇ مەخپىي كېلىشى مۇمكىن.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.

جىيا بېگىم كۈلۈمسىرەپ:

— تېخى ئۇ تەپتىش بېگى كېلىپ بولدىمۇ بىلمەيمەن، ۋالىي مەھكىمىسى بەزىدە ئەمەلدارلىرىنى مەخپىي ئەۋەتىدۇ. ئۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ، ئۇنداق ئەۋەتىلگەن ئەمەلدار خىزمىتىنى قىلىپ بولۇپ، كېيىن ئۆزىنى مەلۇم قىلىدۇ ياكى مەلۇم قىلماي كېتىپمۇ قالىدۇ، — دېدى.

— ئەجەبا، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى، — ۋىلايەتتىن كېلىدىغان تەپتىش ئەمەلدارىنى سىز بىلمىسىڭىز، قارىغاندا چيەن دارىننىڭ مۇشۇ كۈنلەردە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئۈرۈمچى ۋالىيسى ئاڭلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟

— ئۇنىمۇ بىلمەيمەن. مېنىڭچە، باندىتلارنىڭ بۇلاڭچىلىق قىلغان ئىشلىرىدىن باشقا ئۈرۈمچى ۋالىيسىنىڭ قۇلىقىغا يەتكىدەك چوڭ ئىشلار بولمىدىغۇ دەيمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن چيەن دارىن باراتنى تۇڭچىلىقتىن بوشىتىۋەتتى. ھازىر ئۇنىڭ مائاشىمۇ يوق. دادىسى ئاغرىقچان ئادەم، بارات ۋىلايەتكە بېرىپ ئەرز قىلدىمۇ؟ — جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە قاراپ قويدى.

— بارات ۋىلايەتكە بېرىپ ئۆزىنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىلگەنلىكى توغرىسىدا دەۋا قىلسا ئاقاتتى. ئۇ دېگەن يامۇلنىڭ يارامىلىق خىزمەتچىسى ئىدى. ھەتتا چيەن دارىن بەگۋاش ئوغلىنى باشقۇرۇش ئۈچۈنمۇ ئۇنى خۇددى ئۆز مالىيىدەك ئىشلەتتى. لېكىن بارات خىزمىتى توغرۇلۇق دەۋا قىلغۇدەك بولمىدى. ئۇ ھازىر ئائىلىسىگە ھەم تاغىسىنىڭ مويكىسىغا، دۇكىنىغا قارىشىپ بېرىۋېتىپتۇ.

— ئۇنداقتا بۇ قىزىق ئىشقۇ، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى، — بارات خىزمىتى توغرۇلۇق دەۋا قىلىپ ئۈرۈمچىگە بارمىسا، ناھىيىمىزنىڭ تەپتىش بېگى بولغان سىز ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن كېلىدىغان تەپتىش ئەمەلدارىنى بىلمىسىڭىز،

قارىغاندا ناھىيىمىزدە سىز ۋە مەن بىلمەيدىغان بىرەر ئىش بولغان ئوخشىمامدۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — دېدى جىيا بېگىم ئاستا، — مەن يېقىندىن بېرى چيەن دارىن بىلەن كۆپ بىللە بولدۇم. لېكىن مەندىن يوشۇرۇپ يۈرەمدۇ ياكى ئۆزى بىلمەمدۇ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن ۋالىي مەھكىمىسىدىن تەپتىش ئەمەلدارى كېلىدىغانلىقى توغرىسىدا گەپ ئاڭلىمىدىم. — جاڭ لەشكەر بېگى كۈلۈپ كېتىپ:

— ئۇنداق بولسا جىيا بېگىم، ئەتە ئىككىمىز چيەن دارىننىڭ ئىشخانىسىغا خەۋەر قىلمايلا تۇيۇقسىز كىرەيلى، ئۇمۇ بىزنىڭ تۇيۇقسىز كىرگەنلىكىمىزگە ھەيران قالسۇن. شۇنىڭ بىلەن گەپ باشلىنىدۇ. ئۇنىڭ بۇ ئىشتىن خەۋىرى بار - يوقلۇقىنى بىلىۋالالايمىز، — دېدى.

— شۇنداق قىلايلى جاڭ لەشكەر بېگى، ناھايىتى ياخشى ئامال كۆرسەتتىڭىز، بەك ئىچىم پۇشۇپ كەتكەنىدى، مانا ئەمدى بىردەم بولسىمۇ پاراڭلىشىپ ئىچىم خېلى بوشاپ قالدى.

— شۇنداق، مېنىڭمۇ ئىچىم بوشاپ قالدى.

ئۇلار شۇ تەرىقىدە خېلى ئۇزاق مۇڭداشتى.

ئەتىسى جىيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ يامۇلغا قاراپ ماڭدى. بۇ چاغدا چۈشكە خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ئىككىسىنىڭ ئويىچە، بۇ چاغدا چيەن دارىن ئىشلىرىنى تۈگىتىپ بولۇشى كېرەك ئىدى. ئۇلار دوقمۇشتىن ئۆتۈپ يامۇلغا بۇرۇلۇشىغىلا دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ھاكىمنىڭ كاتىپى ئۇلارنى كۆرۈپ شاپاشلاپ ئالدىغا كېلىپ:

— ھۆرمەتلىك بېگىملەر، سىلەرنى ئىزدىتىپ تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتكەنىدىم، لېكىن ئۇلار سىلەرنى تاپالماي قايتىپ كېلىشكەنىدى. سىلەرنى ئۆزلىرى كېلىپ قالسىكەن دېگەن ئۈمىدتە دەرۋازا ئالدىدا قاراپ تۇرغان، تەلىيىمىزگە يارىشا

كەلدىڭلار، — دېدى. جىيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى، جىيا بېگىم:
— نېمە ۋەجىدىن بىزنى ئىزدەپ ئادەم ئەۋەتكەنىدىڭ؟ — دېدى.
— ۋىلايەتتىن تەپتىش ئەمەلدارى تۇيۇقسىز كەپتۇ. ئۇ ھاكىم بىلەن سۆھبەتلەشمەكچى ئىكەن، سۆھبەتتە سىلەرنىڭمۇ بىللە بولۇشۇڭلارنى ئېيتقان، شۇڭا سىلەرنى ئىزدەپ ئادەم ئەۋەتكەنىدۇق.
جىيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى يەنە بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى، جىيا بېگىم:
— ئۇنداقتا كىرەيلى، — دەپ ماڭدى.
كاتىپ ئۇلارنىڭ كەلگەنلىكىنى ئالدىن خەۋەر قىلغىلى يامۇل ھويلىسىغا قاراپ يۈگۈرگەندەك ماڭدى. جىيا بېگىم:
— تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىز كەلگىنىگە قارىغاندا، ناھىيىمىزنىڭ ئىشلىرىدا چوقۇم بىرەر چاتاق چىققان ئوخشايدۇ، — دېدى.
— ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا ئۇيۇننىڭ قىزىقىنى كۆرىدىغان ئوخشىمامدۇق.
جىيا بېگىم مېيىقىدا كۈلۈپ قويدى، ھايال ئۆتمەي ئۇ ئىككىسى ھاكىم ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئىشخانىدا ھاكىمنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئىككى ئورۇندۇقتا ياشانغان بىر ئادەم بىلەن يەنە بىر ياش يىگىت ئولتۇراتتى. يىگىتنىڭ ئالدىغا كىچىك بىر ئۈستەل قويۇلغان بولۇپ، ئۈستەل ئۈستىدە سىياھدان، موي قەلەم ۋە قەغەز تۇراتتى. ھاكىمنىڭ كاتىپى ھاكىمنىڭ سول يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. بۇلار ھاكىمنىڭ سول تەرىپىدىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇشۇپ، ئاندىن ئۇ ئىككى مېھمانغا باشقىدىن قاراشتى، ئۇ ئىككىسىنى ئىلگىرى ئۈرۈمچىگە بارغاندىمۇ زادى كۆرمىگەندەك قىلىشتى. ياشانغان مېھماننىڭ ساقال - بۇرۇتىغا

ئاق كىرىشكە باشلىغان، كۆزلىرى يوغان، يۈزى كەڭ بولۇپ، قارىماققا خېلى سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. يېنىدىكى ياش مېھمان ئورۇق بولۇپ، كۆزىنى ئۈستەلدىن ئۈزمەي جىم ئولتۇراتتى.

بىر چاغ بولغاندا چيەن دارىن گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئېچىشىغا يۆتىلىپ كەتتى. ھازىر ھاۋا خېلى سوۋۇپ قالغاچقا كىشى ئۆزىگە ئوڭايلا سوغ تەگكۈزۈۋالاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ يۆتىلىشىنىڭ توختىشىغا قاراپ تۇرۇشتى. ئۇ خېلى ئۇزاق يۆتىلىپ، ئاندىن ئۇ ئىككى مېھمانغا قاراپ:

— مانا بۇلار سىلەر سۆھبەتتە ھازىر بولۇشنى تەلەپ قىلغان ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلدارلىرى بولىدۇ، — دېدى ۋە جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئىسمىنى بىر - بىرلەپ ئاتاپ، ۋەزىپىسىنى تونۇشتۇردى.

مېھمانلار ئۇ ئىككىسىگە كۈلۈمسىرەپ بېشىنى ئېگىپ سالام قىلغاندىن كېيىن، چيەن دارىن «سىلەرگە بۇ ئىككى مېھماننى تونۇشتۇرۇپ قوياي» دەپ ياشانغان مېھماننى «ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارى»، يېنىدىكى ياش مېھماننى ئۇنىڭ كاتىپى دەپ تونۇشتۇردى. جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال ئورنىدىن تۇردى. جيا بېگىم:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى كەچۈرگەيلا، بىز سىلەرنى ساقلىتىپ قويۇپتۇق، — دېدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.

جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ئورۇنلىرىدا ئولتۇرۇشتى. چيەن دارىن گەرچە ھاكىم بولسىمۇ، لېكىن ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى تۇرغان يەردە خۇددى جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگىگە ئوخشاش تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇراتتى.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا بىر قاراپ قويۇپ:

— بىز تۈنۈگۈن چۈشكە يېقىن يېتىپ كېلىپ، سىلەر بىلەن

كۆرۈشمەي، ئۇدۇل ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا چىقىپ كەتتۇق، — دېۋىدى ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەيران بولۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن تەپتىش ئەمەلدارى قوشۇپ قويدى، — بىزنىڭ ئۇدۇل ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا چىقىپ كېتىشىمىزدىكى سەۋەب، ئۇرۇمچى ۋالىيسى ۋاڭ بېگىمنىڭ يۇرتدىشى ئىكەن. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ سىلەر يوللاپ بەرگەن ئەرزىدىن ئوغلىنىڭ باندىتلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى بىلىپ، بىزنىڭ ئاۋۋال ۋاڭ بېگىم بىلەن كۆرۈشۈپ پەتە ئوقۇپ، تەزىيە بىلدۈرۈپ قويۇشىمىزنى تاپىلىغانىدى.

ئۇنىڭ گېپى بىلەن ۋاڭ مىڭئېر توغرىسىدا ئۆزىنىڭ يۇقىرىغا ئورۇنسىز مەلۇمات سۇنغانلىقىدىن ئەنسىرەپلا تۇرغان چىيەن دارىن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۆزىنى بىر رۇسلاپ ئولتۇرۇۋالدى. تەپتىش ئەمەلدارى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇن سىلەر بىزگە يوللاپ بەرگەن ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى تۇرداخۇندىن قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئەرزىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ۋالىينىڭ پىكرى بويىچە بۇ مەسىلىنى «ئىككى تەرەپ ئۆزئارا پۈتۈشسە بولىدىغان ئىشكەن، ئارىدا بىرەر تەڭسىزلىك بولسا يامۇل ئارىلىشىپ كېلىشتۈرۈپ قويسا بولىدىكەن» دەپ قاراپ، بۇ ئەرزنى ناھىيىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى بېكىتكەندۇق. لېكىن يېقىندا يەنە سىلەر يوللاپ بەرگەن ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇرداخۇن ئۈستىدىكى شىكايىتىنى تاپشۇرۇۋالدۇق، ئۇنىڭ مەزمۇنىدا «سۈيىقەست قىلىندى» دېيىلگەنلىكى ئۈچۈن ۋالىي بۇنىڭغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىلگىرى - كېيىن يېزىلغان بۇ ئىككى ئىشنى ئالاھىدە چىڭ تۇتۇپ تەكشۈرۈشكە بىزنى ئەۋەتتى. ئەگەر ۋاڭ بېگىم بىلەن تۇرداخۇن ئوتتۇرىسىدىكى كىچىككىنە زىددىيەت سۈيىقەست قىلغىچىلىك دەرىجىگە يەتكەن بولسا، تۇرداخۇن قاتتىق

جازالىنىپ كېتىدۇ، — دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى زەردە بىلەن ئېيتقاچقا، ئۇنىڭ كۆزى چەكچىيىپ تېخىمۇ يوغىناپ كەتكەندى.

جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى تەڭلا چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن بېشىنى سىلىپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كاتىپى بولسا بىردەم ھاكىمغا، بىردەم تەپتىش ئەمەلدارىغا قارايتتى. جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى «ئەگەر ھازىر سۆزلەشكە توغرا كەلسە ئالدى بىلەن چيەن دارىن سۆزلىسۇن» دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى. لېكىن چيەن دارىن خېلى ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى. بەلكىم ئۇ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ بۇنچىلىك ئاچچىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ شىكايىتىنى ئالدىراپ - تېنەپ قوبۇل قىلىپ قويغانلىقىنى، تۇرداخۇننى بولسا قولغا ئالغانلىقىنى ئويلاۋاتقان بولسا كېرەك. نېمىلا بولمىسۇن، ھازىر ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئىشنىڭ چوڭىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى.

جىمجىتلىق يەنە خېلى ھۆكۈم سۈردى. تەپتىش ئەمەلدارى ناھىيە ئەمەلدارلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— ئالدى بىلەن سىلەردىن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، — دېدى. ھەممىسى دەرھال بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. تەپتىش ئەمەلدارى ئاۋازىنى يوغان چىقىرىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى تاپشۇرۇۋالغاندا نېمىشقا ۋاڭ بېگىم بىلەن تۇرداخۇننى كۆرۈشتۈرۈپ بېقىشنى ئويلاشمىدىڭلار؟ — ئۇنىڭ كاتىپى قەلىمىنى ئېلىپ يېزىشقا تەييارلىق كۆردى. جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى تەڭلا چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن ئەمدى سۆزلىمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ بېشىنى كۆتۈردى:

— ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلەتتۇق. تۇرداخۇن ۋاڭ

بېگىمنىڭ ھويلىسىنى ئۆزگەرتىپ مويكا قۇرۇپ، چېگرا سودىسى قىلىپ بېيىۋاتقاچقا، ھويلىنى ھەرگىز قايتۇرۇپ بەرمەيدىغانلىقىنىمۇ بىلەتتۇق. لېكىن تۇرداخۇننىڭ ھويلىنى قايتۇرۇپ بېرىش ئويىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن تۇرداخۇن دەسلەپكى قېتىم باندىتلارغا يولۇققاندا ئۇنىڭدىن ھال سورىغاچ جاڭ لەشكەر بېگىنى ئەۋەتكەنىدىم. تۇرداخۇن ۋاڭ بېگىم بىلەن شېرىك تىجارەت قىلىشقىمۇ ئۇنىمىغانلىقى ئۈچۈن، جاڭ لەشكەر بېگى ھويلىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى گەپنى دېمەي قايتىپ كەپتۇ.

تەپتىش ئەمەلدارى جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— شۇنداق، تۇرداخۇنغا ھويلىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرىسىدا گەپ قىلىش ئەمەس، ھەتتا «ۋاڭ بېگىمنىڭ سىز بىلەن شېرىك چېگرا سودىسى قىلغۇسى بار ئىكەن» دېسەممۇ ئاچچىقلىنىپ كەتكەنىدى. ئۇ «ئەگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ ئوغلى چېگرا سودىسى قىلسا ئۇنىڭ تىجارىتىگە ياردەملىشىپ بېرىمەن» دېگەن، — دېدى. تەپتىش ئەمەلدارى كۈلۈپ كېتىپ:

— تۇرداخۇن ئەلۋەتتە ئۇنىمايدۇ ـ دە، چۈنكى يەۋاتقان نانغا بىرى شېرىك بولاي دېسە كىم ئۇنايدۇ، — دېدى ۋە يەنە:

— ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىدە «ھويلىنىڭ باھاسى بەك ئەرزان بولۇپ كەتكەن، شۇڭا تۇرداخۇننىڭ مويكا سالدۇرغان چىقىمىنى تۆلەپ ھويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن» دەپ يېزىلغان، ھويلىنىڭ باھاسى ھەقىقەتەن ئەرزان بولۇپ كەتكەنمىدى؟ — دەپ سورىدى چيەن دارىنغا قاراپ.

چيەن دارىن جىم بولۇپ قالدى. جاڭ لەشكەر بېگى ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنىڭ باھاسىنى ئىككى ھەسسە ئۆرلىتىپ ئوبدان نەپ ئالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. تەپتىش ئەمەلدارى بولسا

«قايسىسى گەپ قىلاركىن» دېگەندەك ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. بىر چاغدا ھاكىمنىڭ كاتىپى چيەن دارىنغا ۋە تەپتىش ئەمەلدارىغا قاراپ گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، ھويلىنىڭ باھاسىدا تەڭسىزلىك بولغان - بولمىغانلىقىنى مەن بىلمەيمەن، لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ھويلىنى سېتىۋېلىش - سېتىشتا تۈزگەن توختامىنى مەن يېزىپ تامغا بېسىپ بەرگەن، — ئۇ گېپى تۈگىگىچە تىلى كالۋالىشىپ تىترەپ كەتتى. تەپتىش ئەمەلدارى ئەمدى چيەن دارىندىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ قالدى. چيەن دارىن سۆزلەشكە مەجبۇر بولدى:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، ھويلىنى ساتقاندا ھەر ئىككىلىسى توختام تۈزۈشكەندى. لېكىن ۋاڭ بېگىم ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش مەقسىتىدە «ھويلام بەك ئەرزان كەتتى» دەپ ئەرز يېزىپتۇ.

— ئەگەر توختاملاشقان بولسىمۇ، ھويلىنىڭ باھاسى ھەقىقەتەن ئەرزان بولۇپ كەتكەن بولسا، «ھويلامنىڭ باھاسى ئەرزان بولۇپ كەتتى» دەپ ئەرز قىلىشى يوللۇق، كېيىنى تولدۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ. لېكىن تۇرداخۇنغا كېيىنى تولدۇرۇپ بېرىشكە مەسلىھەت بەردىڭلارمۇ؟ — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.

— ياق، — چيەن دارىن بېشىنى سىلىۋالدى.

تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتتى. لېكىن ئۇ جىم تۇرۇۋالغاچقا تەپتىش ئەمەلدارى:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە ئەھۋال سوراپ بارغاندا ھويلىنىڭ باھاسى توغرىسىدا گەپ قىلغانمىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

— ياق، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال، — ئۇ چاغدا تۇرداخۇنغا بۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىگەن.

تەپتىش ئەمەلدارى ھەيران بولۇپ:

— ئۇنداقتا «هويلىنىڭ باھاسى بەك ئەرزان بولۇپ كەتتى» دېگەن گەپ نېمىشقا ئەرزگە يېزىلىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

خېلىغىچە ھېچكىم گەپ قىلمىدى. جيا بېگىم چيەن دارىنغا بىر قاراپ قويۇپ ئاندىن:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، ۋاڭ بېگىم سېتىۋەتكەن هويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ئەرز قىلماقچى بولغانلىقىنى بىز — ناھىيىنىڭ مۇشۇ مۆتىۋەرلىرى بىلەتتۇق، لېكىن ئەرز يېزىش ئۈچۈن بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىش كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا ھاكىم جانابلىرى «هويلىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن هويلىنىڭ باھاسى بەك ئەرزان بولۇپ كەتتى، شۇڭا هويلامنى قايتۇرۇۋالىمەن ھەم مويكىنىڭ چىقىمىنى تۆلەيمەن دەپ بىرەر باھانە - سەۋەب كۆرسىتىڭ» دېگەنىدى، — دېدى.

چيەن دارىن يەر تېگىدىن ئۇنىڭغا قارىدى، تەپتىش ئەمەلدارى ۋە ياردەمچىسى ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ قالدى. تەپتىش ئەمەلدارى چيەن دارىننىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈلۈپ كەتتى - دە:

— بولدى، بولدى، بۇ باھا توغرىسىدىكى گەپكەنغۇ. هويلىنىڭ باھاسىنى ئەرزان كۆرۈپ هويلىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغان ۋاڭ بېگىم ھازىر ئاغرىق، تۇرداخۇن بولسا سولاقتا ياتىدۇ. بۇ ئىش كېيىن بىر تەرەپ بولىدۇ. لېكىن سىلەردىن سورايدىغان يەنە بىر ئىش، — دېدى چيەن دارىنغا قاراپ، — ئادەتتە ناھىيىدىن ۋىلايەتكە يوللىنىدىغان ئەرز - شىكايەتنامىلەرنى ئالدى بىلەن ناھىيە ئۆزى بىر تەرەپ قىلىپ، بىر تەرەپ قىلالمىغانلارنى ئاندىن يوللىشى لازىم ئىدى. لېكىن سىلەر ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى «ۋىلايەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز» دەپ بىۋاستە ئۇرۇمچىگە يوللاپسىلەر، مۇنداق قىلىش قائىدىگە خىلاپ ئەمەسمۇ؟

چيەن دارىن دەرھال بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى بىۋاسىتە سىلەرگە يوللىغانلىقىم راست، مۇنداق قىلىشتىكى سەۋەب، ۋاڭ بېگىم ناھىيىمىزنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ يېرىمىغا تەڭ كەلگۈدەك چوڭ يېزىنى باشقۇرۇۋاتقان شاڭيو ھەم باي، ئۇنىڭ ئابرۇيى ۋە تەسىرى چوڭ. تۇرداخۇن بولسا چېگرا سودىسى قىلىپ ناھايىتى تېز بېيىپ باشقىلاردا ھەسەت قوزغاۋاتقان باي. ھەر ئىككىلىسى ھويلا مەسىلىسىدە بىر - بىرىگە يول قويمايدۇ. شىكايەتتە سۆيىقەست بىلەن ئادەم ئۆلۈش ئىشى يېزىلغانلىقى ئۈچۈن، ئىككىسىنىلا ۋىلايەتنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يوللىدىم. چۈنكى خۇن دەۋاسى ناھايىتى چوڭ ئىش. مۇنداق ئىشلارنى ناھىيە توغرا بىر تەرەپ قىلالمايدۇ، — دېدى. ئۇنىڭ گېپى خېلى ئورۇنلۇقتەك قىلاتتى. لېكىن تەپتىش ئەمەلدارى ئانچە ئويلىنىپ كەتمەيلا:

— بوپتۇ، ھازىرچە بۇ ئىشلارنى تەگىمەيلى. لېكىن نېمىلا بولمىسۇن ئەرزنى ناھىيە ئاۋۋال ئۆزى بېجىرىپ، ئاندىن ۋىلايەتكە يوللىشى لازىم ئىدى. سىلەر تۈزۈم بويىچە ئىش قىلمىغىنىڭلار ئۈچۈن ئاقىۋەتتە ئىش چوڭىيىپ كېتىپتۇ. شۇڭا ئەرز - شىكايەت توغرىسىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقىمىز. ئەگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئەرزى ئىككىسىنى كېلىشتۈرۈش ئارقىلىق ھەل قىلىنمىغانلىقتىن سۆيىقەست يۈز بېرىپ، ۋاڭ مىڭئېر ئۆلگەن بولسا، تۇرداخۇن قاتتىق جازاغا تارتىلغاندىن باشقا، ئەرزنى ناھىيىدە ھەل قىلماي ۋىلايەتكە يوللىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، — دېدى.

ناھىيە ئەمەلدارلىرى چۆچۈپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرەلمەي جىم بولدى. تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا بىر نېمىلەرنى دېدى. كاتىپ ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، — دېيىشىگە چيەن دارىن

چۆچۇگەندەك بېشىنى كـۆتـۈرۈپ، ئالاق - جالاق بولۇپ قارىدى. كاتىپ:

— تۇرداخۇن ھويلىنى سېتىۋالغان چاغدا يامۇلدا قالغان ھۆججەت بىزگە كېرەك، — دېدى.

چيەن دارىن كاتىپىغا قارىدى. كاتىپ ئىشكاپتىكى ماتېرىياللارنى ئاختۇرۇپ، بىر پارچە سامان قەغەزگە يېزىلغان قىزىل تامغىلىق يوغان خەتلىك ھۆججەتنى چىقىرىپ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپىغا بەردى. ئۇ ھۆججەتنى ئىچپىلا بىر قاراپ ماتېرىياللىرىنىڭ ئىچىگە سالدى. تەپتىش ئەمەلدارى جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— جاڭ لەشكەر بېگى، قاماقتىكى تۇرداخۇن بىلەن تۇتۇپ كېلىنگەن باندىتقا ياخشى قاراڭلار، ئۇلار بىلەن بىزدىن باشقا ھەرقانداق ئادەمنىڭ كۆرۈشۈشىگە بولمايدۇ، — دېدى.

— خوپ، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى ئورنىدىن تۇرۇپ. تەپتىش ئەمەلدارى چيەن دارىنغا:

— بىز ماڭايلى، — دېدى. چيەن دارىن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، خىزمەت ئۈچۈن كەپسىلەر، سىلەرگە تاماق ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، — دېدى.

— ياق، بىز تۈنۈگۈن ناھىيىگە كېلىپلا سارايغا چۈشۈپ ياتاقنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان، بۈگۈن شۇ سارايدا قونىمىز. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. — ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭدى. ناھىيە ئەمەلدارلىرى ئۇ ئىككىسىنى ئۇزىتىپ كەينىدىن چىقتى. لېكىن ئۇزىتىشتا بولىدىغان ئادەتتىكى تەكەللۇپ سۆزلىرى بولماي جىملا مېڭىشتى. ئادەتتە ۋىلايەتتىن كەلگەن ئەمەلدارلارنىڭ كېلىش - كېتىشى ناھايىتى داغدۇغىلىق بولاتتى. ئۇ ئىككى مېھمان بۈگۈن ئەتىگەندە ھاكىم ئىشخانىسىغا كىرىپ، ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى تونۇشتۇرغاندا چيەن دارىن ھەيران بولغانىدى.

تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن كاتىپى كەتكەندىن كېيىن، جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى بىللە ئۆيلىرىگە قايتىشتى. چۈش بولۇپ قالغاچقا، يامۇل خىزمەتچىلىرى بىر - بىرلەپ يامۇلدىن چىقىپ كېتىشۋاتاتتى. لېكىن هاكىمنىڭ كاتىپى هاكىمغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئادەتتە هۆرمەت يۈزىسىدىن هاكىمنى ئۆزىتىشۋېتىپ ياكى هاكىم ئۇنىڭ كېتىشىگە رۇخسەت قىلغاندىن كېيىن ئاندىن يولغا ماڭاتتى. لېكىن هازىر هاكىم ئۇنىڭغا گەپمۇ قىلماي تەپتىش ئەمەلدارى كەتكەن تەرەپكە قاراپ قالدى، بىر چاغدا ئېسىنى يىغىپ كاتىپقا:

— سەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ خېنىمغا دەپ قويغىن، مەن هازىرلا ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا بارىمەن. دەرهال ئېغىلدىن ئات ئېلىپ چىق، لېكىن مېنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىمنى هېچكىمگە دېمە، — دېدى.

— خوپ، — كاتىپ يامۇل هويلىسىغا كىرىپ هايال ئۆتمەي هاكىم ئۆزى مىنىدىغان قۇلان ئاتنى ئېلىپ چىقىپ هاكىمنى يۆلەپ مىنگۈزۈپ يولغا سالدى. ئات يورغىلىغان پېتى بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

هاكىم بۈگۈن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىگە ئۆز بېشىمچىلىق قىلىپ قويغانلىقىغا قاتتىق پۇشايمان قىلدى. ئۇ ئوغلىنى دەپ ۋاڭ بېگىمنى خۇش قىلىش ئۈچۈن قوبۇل قىلغان ئەرزنى ۋىلايەتتىن تەپتىش ئەمەلدارى كېلىپ مۇنداق تۇيۇقسىز سۈرۈشتۈرۈپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. بولۇپمۇ بۈگۈن سۆهبەتتە جيا بېگىم ئۇنىڭ هويلىنىڭ باهاسى توغرىسىدا ۋاڭ بېگىمگە ئەقىل كۆرسەتكەنلىكىنى دەپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭدىن قاتتىق رەنجىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە تەپتىش ئەمەلدارى سۆهبەتنىڭ ئاخىرىدا «ئەگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزى ناهىيىدە هەل قىلىنمىغانلىقى ئۈچۈن ئەهۋال چوڭىيىپ سۇيىقەستكە ئايلىنىپ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان بولسا،

ئەرزىنىڭ ناھىيىدە بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دېگىنى ئۇنى قاتتىق چۆچۈتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ۋاڭ بېگىمنى ئەرزىدىن ۋاز كەچتۈرگۈسى كەلدى. شۇنداق قىلغاندا چيەن دارىن ھەممە جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇپ قالاتتى. ئۇ گاۋ غوجىدارنىڭ ئۆگىتىشى بىلەن شىكايەتكە كىرگۈزۈلگەن ئۇ ئىككى ئاتالمىش «پاكىت» نىڭ ھەم ئۆزى بارلىقىنى ئىشەندۇرۇش ئۈچۈن توقۇغان «تاغاڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالىدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ئوغلىغا سۇيىقەست قىلدى» دېگەن تۆھمىتىنىڭ قاملاشمىغانلىقىنى بارغانسېرى ھېس قىلىشقا باشلىدى. لېكىن، جاھىل ۋاڭ بېگىمنى ئەرزىدىن ۋاز كەچتۈرۈش مۇمكىنمۇ؟ بۇ بىر مەسىلە ئىدى. چيەن دارىن تەۋەككۇل قىلىپ ئۆز تەلىيىنى سىناپ باقماقچى بولدى. ئۇ ھاكىم بولغاندىن بېرى سىرتلارغا چىقسا تەختىراۋاندا ياكى مەپىدە ئولتۇراتتى، ئاتقا ناھايىتى ئاز مىنەتتى. ئات ھازىر سىلىق يورغىلاپ كېتىۋاتسىمۇ، ئادەمنى سىلكىيتتى. چيەن دارىن غەم بىلەن كېتىۋاتقاچقا، سىلكىنىشىمۇ بىلىنمەي قالدى. ئۇ كۆپ قېتىم قايرىلغاندا قورۇققا يېتىپ كەلدى.

چيەن دارىن قورۇققا يېقىن قالغاندا قورۇقچىلار ئۇنى يىراقتىن كۆرۈپ خەۋەر قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قورۇققا يېتىپ كەلگىچە ۋاڭ بېگىم بىلەن گاۋ غوجىدار ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا چىقىپ قارشى ئالغانلىقىنى كۆرگەن چيەن دارىن ئىنتايىن خۇش بولۇپ، غەملىرىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ بىلەن خۇشال - خۇرام كۆرۈشتى. ۋاڭ بېگىم تەكەببۇر ئادەم بولغاچقا، ئادەتتە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقمايتتى. ھەتتا ئۆزى كېلىپ قالغان مەرتىۋىسى يۇقىرىراق ئەمەلدارنىڭ ئالدىغىمۇ چىقمايتتى. بولۇپمۇ ئوغلى قازا قىلغاندىن بېرى كىشىلەرگە ئانچە چىراي ئاچماس بولۇپ قالغانىدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئادەملىرى چيەن دارىننى ئاتتىن چۈشۈرۈشتى. خېلى

ۋاقىتلاردىن بىرى ئات مىنمىگەن ھەم بۇگۇن خېلى ئۇزاق يول بېسىپ كەلگەن چيەن دارىن ئاتتىن چۈشۈپ پۈتىنى ئالالماي قالدى. گاۋ غوجىدار ئۇنى يۆلەپ بىر دەم ماڭغاندىن كېيىن ئاندىن ئوڭشالدى. ئۇلار ۋاڭ بېگىمنىڭ مېھمانخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇشۇپ بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭدىن تىنچ - ئامانلىق سورىمايلا ئۆزىنى ناھايىتى خۇشال تۇتۇپ:

— دارىن جانابلىرى، ئۇرۇمچى ۋالىيسى مېنىڭ يۇرتلۇقۇم ئىدى، ئوغلۇمنىڭ سۇيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىنى ئاڭلاپ تونۇگۇن بىر تەپتىش ئەمەلدارىنى ياردەمچىسى بىلەن تەزىيە بىلدۈرۈشكە ئالاھىدە ئەۋەتىپتۇ، مېنىڭ يازغان ئەرزىمنىمۇ ئېلىپ كەپتۇ. مەن ئىنتايىن خۇش بولدۇم، سىزگىمۇ كۆپ رەھمەت. سىز ئەرزىمنى ئۇرۇمچىگە يوللاپ بېرىپتىكەنسىز، — دېدى.

چيەن دارىن ئۇنىڭ گەپىنى مۇنداق باشلىشىنى زادىلا كۈتمىگەنىدى. ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنى ئەرزىدىن ۋاز كەچتۇرۇش نىيىتىدىن ئىككىلىنىپ قالدى ۋە:

— ۋاڭ بېگىم، ۋىلايەتتىن كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارى بۇگۇن چۈشتىن ئىلگىرى يامۇل ئىشخانىسىدا بىز بىلەن سۆھبەتلەشتى. سىزنىڭ ئۇرۇمچى ۋالىيسى بىلەن بىر يۇرتلۇق ئىكەنلىكىڭىزنى شۇنىڭدىن بىلدۇق، — دېدى.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ خۇش بولۇپ، — ئۇرۇمچى ۋالىيسى مېنىڭ يۇرتلۇقۇم. ئۇنىڭ بىر ئەمەلدارىنى ئەۋەتىشى مېنىڭ ئەرزىمنىڭ ھەل بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ، مەن ئەمدى ئۆچۈمنى ئالىدىغان بولدۇم.

چيەن دارىن ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. چۈنكى يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ ئاغزىدىن «ئۆچ ئالىمەن» دېگەن سۆز پات - پات چىقىپ قالاتتى، مانا ھازىرمۇ شۇ گەپنى دەۋاتىدۇ. چيەن دارىن ئۇنىڭ بۇ گەپنى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئالدىدا دېگەن - دېمىگەنلىكىدىن گۇمان قىلىپ قالدى. ئۇ:

— بېگىم، تەپتىش ئەمەلدارى سىزنىڭ شىكايىتىڭىز توغرۇلۇق نېمە دېدى؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ بېگىم دەرھال:

— ۋالىي «ۋاڭ بېگىم مېنىڭ يۇرتلۇقۇم، تۇرداخۇن چوقۇم قاتتىق جازالىنىدۇ» دەپتۇ. ياق، ياق، ھۆكۈمەت ئۇنى جازالىغان بىلەن مېنىڭ دەردىم چىقامدۇ؟ — دېدى ۋە يېنىدىكى غوجىدارغا قاراپ داۋاملاشتۇردى، — گاۋ غوجىدار دېگىنە، تۇرداخۇننى ھۆكۈمەت جازالىغان بىلەن مەن ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم ئەمەسمۇ، ئۆمرۈممۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ھازىر بايلىق، مال - دۇنيا كۆزۈمگە كۆرۈنمەيدۇ، پەقەت ئۆچ ئېلىشلا خىيالىمدىن كەتمەيدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى گاۋ غوجىدار قول قوۋۇشتۇرۇپ. چيەن دارىن ئەمدى ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى ياندۇرۇۋېلىشىدىن ئۈمىد ئۈزۈپ دېدى:

— بېگىم، سالامەتلىكىڭىزگە دىققەت قىلىڭ، ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى ئەھۋالنى چوقۇم تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىدۇ. — بۇ گەپنى ئاڭلاپ ۋاڭ بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ چالۋاقاپ كەتتى:

— نېمە دەۋاتىسىز ھاكىم جانابلىرى؟ ئۈرۈمچى ۋالىيسى ئەھۋالنى تەكشۈرەمدۇ - تەكشۈرمەمدۇ كارىم نېمە، تۇرداخۇننى جازالىغان بىلەن مېنىڭ ئۆچۈم چىقامدۇ، مەن يەنە قانچىلىك ئۆمۈر كۆرىمەن. مەن ئۆچ ئالماي ئۆلۈپ كەتسەم كۆزۈم ئوچۇق كېتىدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق بېگىم، دەرد سىزنى مۇشۇنداق سۆزلىتىۋاتىدۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ۋاڭ بېگىم چيەن دارىنغا قاراپ، — مەن ئوغلۇم ئۈچۈن ياشاۋاتاتتىم، ئوغلۇم قۇرامىغا يەتكەندە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالدىم، مەن قانداق چىداپ تۇرالايمەن؟

ئۇ بارغانسېرى ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتاتتى. چيەن دارىن پات - پات گاۋ غوجىدارغا قاراپ قويىدى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنى بەزلەش ئورنىغا خۇددى ئوتقا ياغ چاچقاندەك تېخىمۇ ئوغىسىنى قايىنىتىۋاتاتتى. شۇڭا چيەن دارىن ئۆزىنى ناھايىتى يېتىم ھېس قىلىپ قالدى. لېكىن ئۇ ئەگەر ۋاڭ بېگىم مۇشۇنداق «ئۆچ ئالىمەن» دەپ ئىشنى ئۆزى بۇزۇپ قويسا، ئۆزىنىڭ ئالدىراپ - تېنەپ قىلىپ قويغان ئىشلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئۆزىنى خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلىشقا باشلىدى.

## يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# باراتنىڭ ئۈچ دوستى بىلەن يوشۇرۇن تۇتقۇن قىلىنغانلىقى

تەپتىش ئەمەلدارى كېلىپ كەتكەندىن كېيىن ۋاڭ بېگىم ئوغلى ئۈچۈن تولا ھەسرەت چېكىپ، ئوغلى يادىغا يەتسە تولا يىغلايدىغان، ئويچان ۋە جىمغۇر بولۇپ قالغانىدى. بىرى ئۇنىڭغا گەپ قىلسا خالىسا جاۋاب بېرەتتى، خالىمىسا جىم بولۇۋالاتتى. گەپ قىلسىمۇ قوپال جاۋاب بېرەتتى. ۋاڭ خېنىم گەپ قىلسىمۇ سىلكىيدىغان بولۇۋالغانىدى. ھەتتا ئامراق قىزى ۋاڭ شىئېرغىمۇ ئانچە قاپاق ئاچمايتتى. ئۇ پەقەت گاۋ غوجىدار بىلەنلا پاراڭلىشاتتى، ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاق - ئۇزاق مۇڭدىشىپ كېتەتتى. بىر كۈنى گاۋ غوجىدارنى مېھمانخانىسىغا چاقىرىپ ئىككىسى ئۇزاق مۇڭداشتى، ئەل ياتارغا يېقىن ئۇنىڭغا ئاغزىنى يېقىن قىلىپ:

— ماڭا قارا غوجىدارىم، ماڭا مۇنداق بىر ئوي كېلىۋاتىدۇ، — دېدى مېھمانخانىنىڭ ئىشىك - دېرىزىلىرى ھەم يېپىلغان بولسىمۇ بىر قۇر قاراپ چىقىپ، — ئەرز تۇتۇپ تۇرداخۇنغا ئۆلۈم جازاسى بەرگىنى بىلەنمۇ دەردىم چىقمايدىغاندەك قىلىدۇ.

گاۋ غوجىدار «ئۇنىڭ يەنە نېمە قىلغۇسى باردۇر» دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەس - ھوشى جايىدا ئەمەس ئىدى. گاۋ غوجىدار ئۇرۇمچى ۋالىيسى تۇرداخۇننىڭ قاتتىق جازاغا تارتىلىدىغانلىقىنى، ھەتتا ئۆلۈم جازاسى بېرىلىشى

مۇمكىنلىكىنى ئېنىق ئېيتىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ بۇنچىلىك ئەسەبىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ ئۇنى گەپكە سالدى:

— بېگىم، بۇ نېمە دېگەنلىرى؟ چيەن دارىن جانابلىرى ئەرزنى قوبۇل قىلىپ شۇ كۈنىلا تۇرداخۇننى قولغا ئېلىپ قاماققا تاشلىدى. ئۇرۇمچى ۋالىيسى بىر تەپتىش ئەمەلدارىنى ئالاھىدە ئەۋەتىپ، تۇرداخۇننى قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئېنىق ئېيتتى، مۇشۇ ئىشلار يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟

— ھەي ئەخمەق، — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ دولىسىغا پەپىلەپ بىرنى ئۇرۇپ، — ئەگەر ئىككىمىزنىڭ قولىدىن كەلسە، تۇرداخۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى باراتنى تۇتۇپ كېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم دەيمەن.

گاۋ غوجىدار چۆچۈپ ئۇنىڭغا قاراپ دېدى:

— بېگىم، بۇ دېگەنلىرى بەك ئېشىپ كەتتىمىكىن. — لېكىن ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا كۆزىنى چەكچەيتىپ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بىر باراتنى ئەمەس، ھەتتا باراتتەك ئوننى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرسەممۇ يۈرىكىمدىن چىقمايمەن، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئەتراپقا قارىدى. ۋاڭ بېگىم:

— قانداق، قورقۇۋاتامسەن. ئەگەر سەن قورقساڭ، باراتنى ئۆزۈم ئۆلتۈرىمەن، پەقەت سەن ماڭا ئۇنى كىشىلەرگە تۇيدۇرماي تۇتۇپ ئەكېلىپ بەرسەڭلا بولدى. مەن سېنى ئوبدان رازى قىلىمەن، پۇتۇن مال - مۈلكۈمنىڭ يېرىمىنى ساڭا بېرىمەن. مال - دۇنيايىمنىڭ يېرىمى خوتۇنۇمغا، قىزىمغا ئۆمۈرۋايەت يېتىپ ئاشىدۇ. سەن مېنىڭ مۇشۇ قورۇقۇمغا ئىگە بولىسەن، مېنىڭ ئورنۇمدا شاڭيو بولىسەن، ئۇ چاغدا پۈتۈن يېزا ساڭا قارايدۇ، قانداق دەيسەن؟ — دېدى. ئۇنىڭ بۇ ۋەدىلىرىنى ئاڭلاپ گاۋ غوجىدار ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ۋاڭ خېنىمغا كۆيۈپ -

پىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئاشنا ئويناش كويىدا ئىدى. شۇڭا ۋاڭ خېنىم نېمە دېسە «ماقۇل» دەپ خۇشامەت قىلىپ، «سىزنىڭ راست» دەپ پاي - پېتەك بولۇپ يۈرەتتى. لېكىن ۋاڭ بېگىم هايات بولغاچقا، بۇ مەقسىتىگە يېتەلمەيۋاتاتتى، مانا هازىر يول ئېچىلىۋاتاتتى. ۋاڭ خېنىم ۋاڭ بېگىمدىن خېلى ياش بولۇپ، گاۋ غوجىدار بىلەن بىر دېمەتلىك ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ شەھۋانىي ھەۋىسى قوزغىلىپ، توساتتىن ۋاڭ بېگىمنىڭ بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلىپ قالدى. شۇڭا بايىقى چۆچۈشلىرىنى ئۇنتۇپ:

— بېگىم، باراتنى يوشۇرۇن تۇتماق ناھايىتى ئوڭاي. هازىر قىش كىرىپ قالدى، باراتنى تۇتۇشنىڭ پەيتى دەل مۇشۇ، — دېدى.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى ۋاڭ بېگىم ھەيران بولۇپ.

— قار ياغقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قولىغا كالتەك - توقماق ئېلىپ، ئىت - تايغانلارنى ئەگەشتۈرۈپ توشقان قوغلايدىغان بىر خىل ئويۇنى بار. ئۇلار ئاشۇ كۈنى دەل مۇشۇ بىزنىڭ قورۇق ئەتراپىغا كېلىدۇ، شۇ چاغدا تۇتقىلى بولىدۇ.

ۋاڭ بېگىم كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ دولىسىغا بىرنى ئۇرۇپ دېدى:

— ئەقلىڭگە باركاللا! لېكىن ھېچكىم تۇيۇپ قالمىسۇن. كېرەكلىك ئادەمنى ئۆزۈڭ تاللا، ئۇلارنىمۇ ئوبدان رازى قىلمەن.

— بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، يەنە بىر قارنىڭ يېغىشىنى كۈتەيلى، ئاڭغىچە مەن ئادەم تاللاپ تەييارلىق كۆرۈپ تۇراي. بارات ئاغىنىلىرى بىلەن توشقان قوغلىغىلى كەلسىلا ئۇنى تۇتماق ناھايىتى ئوڭاي، — دېدى گاۋ غوجىدار ئىشەنچلىك ھالدا.

— ئۇھ. . . — دېدى ۋاڭ بېگىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، — مەن ئەمدى پۇخادىن چىقىدىغان بولدۇم، — ئۇ ئۆيىنى

ئايلىنىپ سۆزلەشكە باشلىدى. گاۋ غوجىدار سۈكۈت قىلىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ مۇشۇنداق تولا سۆزلەپ ئەسەبىيلىشىپ، تۇرداخۇندىن ئۆچىنى ئېلىۋېلىپ بالدۇرراق ئۆلۈپ كېتىشىنى تېخىمۇ ئۈمىد قىلاتتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قار ياغدى، ياغقاندىمۇ خېلى قېلىن ياغدى. ھەتتا دەل - دەرەخلەرمۇ قىروغا ئورىلىپ، ئەتراپ ئاپئاقچىلىق بولۇپ كەتتى. پەقەت ئېگىز ئۆسكەن ئوت - چۆپلەرنىڭ، چالا كۆيگەن چىغ - تىۋىلغىلارنىڭ ئۇچى قاردىن چىقىپ تۇراتتى. ئەتراپ تولىمۇ جىمجىت ئىدى. ھاۋا ئېچىلىشقا باشلىغاندا دەل - دەرەخلەر، قىرلاردا، يوللاردا قاغىلار پەيدا بولۇپ، قۇشلار سايرىشىپ، يېزىنىڭ ئەتىگەنلىك جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ، ئەتراپنى جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى. توشقانلار ئۇۋىلىرىدىن چىقىپ ئەتراپقا سەپسېلىشقا باشلىدى. ئۇلار ھازىر قاغا - قۇزغۇندىن ئۈركۈمەي ئىت، تۈلكە ۋە ئادەملەردىن ئۈركۈيتتى. لېكىن كۈشەندىلىرى كۆرۈنمىگەچكە، قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ ئۇزاق - ئۇزاق قاراپ كەتتى، شەپە بولمىغاچقا، سەكرەپ مېڭىپ ئوزۇق ئىزدەپ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈشكە باشلىدى، ئەمما پۇتلىرى قارغا چۆكۈپ ماڭالماي بىرنەچچە قېتىم سەكرەپ يەنە ئەتراپقا قاراپ تۇرۇشاتتى. ئەمدىلىكتە ئۇياق - بۇياققا كېتىۋاتقان ئاتلىق، ھارۋىلىق يولۇچىلار ئاندا - ساندا پەيدا بولۇشقا باشلىدى. بىر چاغدا نۇرغۇن ئادەملەر پەيدا بولۇشۇپ يولدىن ئېتىزغا چىقىپ قاتار سەپ بولۇپ، قار كېچىپ چۇقان - سۈرەن سېلىشىپ ماڭدى. ھەر بىرىنىڭ قوللىرىدا كالتەك - توقماقلار بار ئىدى. ئۇلار ئىت - تايغانلارنى ئەگەشتۈرۈۋالغان بولۇپ، توختىماي سۈرەن سېلىشاتتى. قورقۇنچاق توشقانلار ھودۇققانلىقىدىن ئۈركۈپ ئۇۋىلىرىغا كىرىۋېلىشنى ئۇنتۇپ ئۇياق - بۇياققا قاچاتتى. توشقان تۇتقىلى چىققان بۇ بىر توپ ياشلار تەرەپ - تەرەپكە قاچقان توشقانلارنى ئىت - تايغانلىرى بىلەن

قوغلاشقا باشلىدى. ئىت - تايغانلار ئوينىغاندەك يۈگۈرۈپ بېرىپ توشقانلارنى بېسىۋالماقتا ئىدى. گاۋ غوجىدار ياللاپ كەلگەن ئادەملەر چوڭ دەرەخ ئاستىدا ئېرىقتىن بېشىنى چىقارماي مۆكۈنۈپ ياتاتتى. توشقان تۇتۇۋالغانلار ئولجىلىرىغا قىزىقىپ، ئېتىز ئارىلاپ ئىچكىرىلەپ كەلمەكتە ئىدى. گاۋ غوجىدارلار ئۇلارنى ئالدىدىن خېلى ئۆتكۈزۈۋېتىپ ئاندىن ئۇلارغا سىنچىلاپ قارايتتى. قېچىۋاتقان توشقانلار بىر - بىرىگە ئەگىشىپ ئۇلار تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى. بىر توپ توشقان كەينىدىن تۆت ياش كالتەك - توقماق كۆتۈرۈپ قوغلاپ كەلدى. گاۋ غوجىدار بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ ئۇلارغا سەپسالدى. توشقانلار ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. توشقان قوغلىغانلار ئىز بېسىپ كەينىدىن كەلدى. گاۋ غوجىدار ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى باراتنى تونۇۋالدى. تېخى ئۇ ئەڭ ئالدىدا قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. گاۋ غوجىدار ھەمراھلىرىغا «شۈك بولۇڭلار» دېگەندەك ئىشارەت قىلىپ، ئۆزى يىراق - يېقىنغا سەپسالدى. بۇ ياشلارنىڭ بىر قىسمى باشقا ياقتىكى توشقانلارنى قوغلاپ كەتكەنىدى. بارات ۋە كەينىدىكى ئۈچ ئاغىنىسى توشقاننى قوغلاپ گاۋ غوجىدارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. گاۋ غوجىدار بىلەن ئۇلارنىڭ ئارىلىقىدا پەقەت بىر ئۇزۇنچاق تار ئېتىز بار ئىدى. گاۋ غوجىدار كۆڭلىدە ناھايىتى خۇش بولدى. قايسى كۈنى ۋاڭ بېگىمنىڭ بەرگەن ۋەدىسىنى ئەسلىدى. كېيىن شاڭيو بولىدىغانلىقى، چىرايلىق ۋاڭ خېنىم كۆز ئالدىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇ شېرىن خىياللار ئىلكىدە ماراپ تۇرغان ئادەملىرىگە ئاستا پىچىرلىدى:

— ئۇ تۆتى سەل ئۇزاپ كەتسۇن. ئۇلار قوغلاۋاتقان توشقانلىرىغا تېخىمۇ يېقىنلاشقاندا كەينىدىن يوپۇرۇلۇپ بېرىپ ھەممىسىنى بىراقلا تۇتىمىز.

ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان بىر ئادىمى:

— خوجىدار بېگىم، سىز بىزگە «بىر ئادەم بار، شۇنى

تۇتىمىز» دېگەن ئەمەسمىدىڭىز، لېكىن ھازىر «ھەممىسىنى بىراقلا تۇتىمىز» دەيسىزغۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق ئىدى، لېكىن ھازىر ئۇ تۆتىنىڭ ھەممىسىنى تۇتمىساق ئىشىمىز پاش بولۇپ قالغۇدەك.
باشقىلار ئۇنىڭ گېپىنى «توغرا» دېگەندەك قىلىپ بىر - بىرىگە قاراشتى.
ئەسلىدە يالغۇز باراتنىلا تۇتقىلى كەلگەن گاۋ غوجىدار باراتتىن ئايرىلماي توشقان قوغلاۋاتقان ئۈچ ھەمراھىنى كۆرۈپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ «باراتتەك ئۇنىنى ئۆلتۈرۈۋەتسەممۇ پۇخاندىن چىقمايمەن» دېگەن سۆزى يادىغا كېلىپ، ئۇنى قانچە رازى قىلسا، ئۇنىڭدىن شۇنچە نەپكە ئېرىشىدىغانلىقى ئۈچۈن تۆتىنى بىراقلا تۇتۇشنى ئويلىدى.
بارات بىلەن ئۇنىڭ ھەمراھلىرى توشقان قوغلاپ ئالدىدىكى تۆۋەن ئېتىزغا چۈشۈپ كەتتى. ئېتىزنىڭ ئەتراپىدىكى قويۇق دەرەخ ئاستىدا ماراپ تۇرغان ئادەملەرنى ئۇلار زادىلا كۆرەلمەيتتى. گاۋ غوجىدار ئادەملىرىگە تەييارلىنىشنى شەرەت قىلدى. توشقان قوغلىغانلار توشقاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋېلىپ، توشقانلارنى تۆت ئەتراپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. توشقانلار قورقۇپ قېچىپ تۇرسىمۇ بىر - بىرىگە يېقىنلاپ يىغىلىپ قالدى. ياشلار بارغانسېرى ئۇلارنى قورشاپ ئارىدىن قاچالماس قىلىپ قويۇپ كالتەك - توقماق ئېتىشقا باشلىدى. كالتەك - توقماق تەگكەن توشقانلار يىقىلىشقا باشلىدى. ياشلار ئولجىلىرىنى تۇتۇش بىلەن ئاۋارە ئىدى. دەل شۇ چاغدا گاۋ غوجىدارنىڭ ئادەملىرى دەرەخ ئارىسىدىن بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بىر دەمدىلا ئۇ تۆتىنى تۇتۇۋېلىشتى. ئۇلار بەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغاچقا ياشلار قارشىلىقمۇ كۆرسىتەلمىدى، قېچىپمۇ كېتەلمىدى. ئەتراپتىن قورشاپ كەلگەنلەر كۆپ ئىدى. ئۇ تۆتىنىڭ كۆزلىرى تېڭىلىپ، پۇت - قوللىرى چەمبەرچاس

باغلىنىپ قار ئۈستىگە ياتقۇزۇپ قويۇلدى. يانلىرىدا ئۆلۈك توشقانلار قانغا بويلىپ ياتاتتى، كالتەك - توقماق تەگمىگەنلىرى بولسا ئاللىقاچان قېچىپ بولغانىدى. توشقان تۇتقىلى باشقا يەرگە كەتكەنلەر يىراقلاپ بۇلارنى زادىلا كۆرەلمەيتتى. گاۋ غوجىدار ئادەملىرىگە توشقانلارنى يىغدۇرۇپ، بۇ تۆت ياشنى سۆرەپ، يول بويىدا توختىتىپ قويغان هارۋىغا باستى. ئېتىزدىكى قان يۇقىنى قار بىلەن كۆمۈۋەتتى، ئاندىن هارۋىنى هەيدەپ خۇددى يىراق يەردىن كېلىۋاتقان يولۇچىلاردەك مېڭىشتى. قاغىلار توشقان قېنىنىڭ هىدىنى پۇراپ، ئېتىز ئۈستىدە ئەگىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

هارۋا خېلى ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشقا كەلگەندە كونا يولغا چۈشۈپ ئۇدۇل ماڭدى. بۇ يول ئەسلىدە ۋاڭ بېگىم مۇشۇ يېزىغا دەسلەپ كەلگەندە ئولتۇرغان ئۆيگە بارىدىغان يول بولۇپ، ئۇ هازىر يېڭى ئۆيدە تۇرۇۋاتقاچقا، ئىلگىرىكى ئۆيى تاشلىنىپ قالغانىدى. بۇ كونا ئۆيلەرنى ئەسكى - تۈسكى جابدۇقلارنى قويىدىغان، كۈزدە ئوت - چۆپ، سامان ساقلايدىغان ئامبار قىلىۋالغانىدى. شۇڭا بۇيەرگە ئادەتتە هېچكىم كەلمەيتتى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى قويۇق قارىياغاچلىق بولغاچقا، كۈندۈزىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. هارۋا خېلى ماڭغاندىن كېيىن بۇ هويلىغا يېتىپ كەلدى. يول بويى قېلىن قاردا هارۋا چاقىنىڭ ئىزلىرى قالدى. گاۋ غوجىدار تۇتۇلغانلارنى بىمالال هارۋىدىن چۈشۈردى. هېلىمۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرى تېڭىقلىق، پۇت - قوللىرى باغلاقلىق بولۇپ، ئاغزىغا تىقىلغان لاتا قىرو باغلاپ كەتكەنىدى. ئۇلار پۇت - قوللىرىنى ئاران مىدىرلىشاتتى، توۋلىشاتتى. لېكىن ئاغزىدا لاتا بولغاچقا ئاۋازى ناهايىتى بوش چىقاتتى. ئۇلارنىڭ قىسىلىپ توۋلاشلىرى، تېپىرلاشلىرى ئەتراپىدىكى ياللانغانلار ئۈچۈن هېچ ئىش ئەمەس ئىدى. شۇڭا ئۇلار بۇ تۆتىنى سۆرەپ ئۆزۈندىن بېرى

ئېچىلىپ باقمىغان بىر ئىشىكنى ئېچىپ ئۇلارنى تۆت بۇلۇڭغا ئاپىرىپ تاشلاپ چىقىپ كېتىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى ھەم بىر - بىرىنى زادىلا كۆرەلمەيتتى. پەقەت بىر - بىرىنىڭ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ، تۆتىنىڭ بىر يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. گاۋ غوجىدار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار بىردەم ئىڭراپ توختاپ قېلىشتى، چۈنكى ئۇلار توڭلاشقا باشلىغانىدى. تۈنۈگۈن ياغقان قارنىڭ سوغۇقى خېلى ئاچچىق ئىدى. ئۇزۇندىن بۇيان بۇ كونا ئۆيگە ئوت قالىمىغاچقا ئۇلار بارغانسېرى توڭلاپ تىترەشكە باشلىدى.

گاۋ غوجىدار تۆتقۇنلارغا قارايدىغانغا ئادەم قويۇپ، باشقا ئادەملىرىنى تارقىتىۋەتتى ۋە قورۇققا قايتىپ كېلىپ، ئۇدۇل ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىگە كىردى. ئۆيدە ۋاڭ خېنىم بىلەن ۋاڭ شىئېرمۇ بار ئىدى. ۋاڭ بېگىم تۇرۇقسا قارىغىنىچە تۆشەكتە ياتاتتى. ئۇ يېقىندىن بېرى زۇكام بولۇپ قالغاچقا، يېنىدىن ئادەم ئۈزۈلمەيتتى. ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر يەتكۈزگىلى كىرگەن گاۋ غوجىدار ۋاڭ خېنىمنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ نېمە دېيىشىنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى. لېكىن سەل ئېسىنى يىغىپ ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىدى:

— ۋاڭ خېنىم ئوبدان تۇردىڭىزمۇ، بۈگۈن بېگىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراقكىن؟

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي:

— گاۋ غوجىدار، بۈگۈن سىزنى ئادەم ئەۋەتىپ تاپتۇرالمىدىم، نەگە كەتتىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

بۇ سوئال ئۇنى ھودۇقتۇرۇپ قويدى. چۈنكى ئۇنىڭ بۈگۈنكى ئىشى ۋاڭ بېگىم ئىككىسىلا بىلىدىغان خۇپىيانە ئىش ئىدى. شۇڭا ئۆزىنى دەرھال ئوڭشىۋېلىپ:

— خېنىم نېمە ئىشلىرى باركىن، مەن يىراقتا

كەتمىگەنىدىم، مۇشۇ ئەتراپتا ئۇ، بۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈم.
بۇ قېلىن قاردا نەگىمۇ باردىڭىز؟ — دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگەندەك بولدى ۋە:

— ۋاڭ بېگىم دورا ئىچسىمۇ دېگەندەك ياخشى بولالمايۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا تېۋىپ يېزىپ بەرگەن دورىنىڭ ئىككىسى كەم ئىدى، ئۇ دورىلار بىزدە يوقكەن. شۇڭا كەم دورىلارنى ئادەم ئەۋەتىپ تاپتۇرۇپ كەلسىڭىز، — دېدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ ئىش تاپشۇرۇۋاتقانلىقىغا خۇش بولغان گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ كۆلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

— بولىدۇ خېنىم، قايسى دورا كەمكەن، ئادەم ئەۋەتىپ تاپقۇزۇپ كېلەي ياكى ئۆزۈم بارساممۇ بولىدۇ، — دېدى.

— شۇنداق قىلىڭ، بېگىم بۇ چاغقىچە سەللىمازا ساقىيىپ كەتسە بولاتتى، زۇكام بولغىلىمۇ خېلى كۈنلەر بولدى.

ۋاڭ بېگىم ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ياتقانىدى. ئۇ ئاستا قوزغىلىپ يېنىغا ئۆرۈلۈپ گاۋ غوجىدارغا:

— غوجىدارىم، كەم دورىلارنى ئۆزۈڭ بىر ئامال قىلىپ تاپمىساڭ بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. سېنىڭ قولۇڭدىن ئىش كېلىدۇ، سەنلا تاپالايسەن، باشقىلارنى ئەۋەتسەڭ تاپالمايدۇ، — دېدى ۋە ۋاڭ خېنىم ۋە قىزىغا قاراپ، — سىلەر چىقىپ تۇرۇڭلار، مېنىڭ غوجىدارغا دەيدىغان گېپىم بار، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم تەئەججۇپ بىلەن ئۇنىڭغا ۋە گاۋ غوجىدارغا قاراپ قويۇپ ئورنىدىن قوزغالدى. ۋاڭ شىئېرمۇ ئاپىسىغا ئەگىشىپ چىقىپ كەتتى. گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىمنىڭ يېنىغا كەلدى. ۋاڭ بېگىم ئىشىككە قاراپ قويۇپ ئاندىن:

— گەرچە زۇكامدىن ياخشى بولالمىساممۇ، تۈنۈگۈن ياغقان قارغا قاراپ ھېلىقى گەپلەر يادىمغا كېلىپ خېلى يېنىكلەپ قالدىم، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئۇنىڭغا تىخىمۇ يېقىن كېلىپ:
— بېگىم، خاتىرجەم بولۇڭ. تۈنۈگۈن قار يېغىۋېدى، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ بۈگۈن بىر باراتىنىلا ئەمەس ئۈچ ئاغىنىنىسى بىلەن قوشۇپ تۇتۇپ كېلىپ، كونا ئۆيىڭىزگە سولاپ قويدۇم، — دېدى ئىشىككە قاراپ قويۇپ.
ۋاڭ بېگىم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى.
— راست، خۇددى سىز تاپىلىغاندەك قاملاشتۇردۇم. ھېچكىم بىلمەي قالدى. — گاۋ غوجىدار بۇ سۆزنى ئۇنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ ئېيتتى، ۋاڭ بېگىم بىردىنلا كېسىلىنى ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ دېدى:
— بەك ياخشى بوپتۇ، مەن ئەمدى ئۆچۈمنى ئېلىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ ئارمانسىز كېتىمەن.
— بېگىم، ئۈچ ئېلىشقا ئالدىرىمىسىلا، كېسەللىرى سەللىمازا ساقايسۇن.
— نېمە، مېنىڭ كېسىلىم پۈتۈنلەي ساقىيىپ بولدى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئۆلگىنىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرسەم، ھەتتا ئۇلارنى ئۆز قولۇم بىلەن ئۆلتۈرسەم بولدى. ماڭا ئەمدى ياشاشنىڭ كېرىكى يوق، — دېدى ۋە بىردىنلا توختاپ يەنە داۋاملاشتۇردى، — گاۋ غوجىدار، سەن كەم دورىنى تاپمىساڭمۇ بولىدۇ. چۈنكى ئەمدى دورا ئىزدەش، دورا ئىچىشنىڭ ھاجىتى قالمىدى. ماڭا ھازىر كېرىكى بۈگۈن كەچتىلا بېرىپ ئۇلارنى كۆرۈش، قانداق دەيسەن؟
— ئەگەر ئۇلارنى بۈگۈنلا بېرىپ كۆرىمەن دېسىڭىز، ۋاڭ خېنىم بىلەن قىزىڭىز ھازىر ئىككىمىزنىڭ بۇ يەردىلىكىنى بىلىدۇ، ئۇلار گۇمانلىنىپ قالامدۇ؟
— مەن ھازىرلا ئۇلارغا «گاۋ غوجىدار بىلەن ناھىيىگە بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنىمەن» دەيمەن، ئاندىن ئىككىمىز بىللە

چىقىمىز. سەن ئادەملىرىڭگە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىسەن. مەن سېنى ساقلاپ تۇرىمەن. ئىككىمىز ناھىيىگە بارغان بولۇپ كەچتە كونا ئۆيگە بارىمىز، قانداق دەيسەن؟

— ئەقلىڭىزگە بارىكاللا! — دېدى گاۋ غوجىدار كۈلۈپ، — سىز راستىنلا ئەقىللىق جۇمۇڭ، سىزنى ھەرگىزمۇ قېرى دېگىلى بولمىغۇدەك. — ۋاڭ بېگىم قوپال، باغرى قاتتىق ئادەم بولغىنى بىلەن ماختاپ قويسا مۇلايىملىشىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ گاۋ غوجىدارغا كۈلۈپ تۇرۇپ:

— گاۋ غوجىدار، بىلەمسەن، مەن مۇشۇنچىۋالا بايلىقنى ھەم چىرايلىق خوتۇنۇمنى ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىپ، قاتتىق قوللۇق قىلىپ، مۆرىتى كەلگەندە ئادەم ئۆرۈپ يارىلاندۇرۇپ، ھەتتا ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ يانماي تاپقان. شۇڭا مەن تۇرداخۇندىن ئۆچۈمنى ئالماي قويمايمەن، — دېدى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ قوشۇپ قويدى، — سەنمۇ مەندىن قېلىشمايسەن، شۇڭا مەن سېنى غوجىدارلىققا تاللىغان.

ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسى دالانغىچە ئاڭلاندى. بۇ چاغدا چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولۇپ، ۋاڭ خېنىم ئۇلارنى تاماققا چاقىرغىلى كېلىۋاتاتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۇ ئىككىسىنىڭ خۇشال ھالىتىنى كۆرۈپ:

— ئەجەب خۇشال بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ، كۈلكەڭلار دالانغا ئاڭلاندى، — دېدى.

ئۇ ئىككىسى ئېسىنى يىغىۋالدى ۋە ۋاڭ بېگىم چاندۇرماسلىق ئۈچۈن دېدى:

— ماڭا قارا خوتۇن، گاۋ غوجىدار ئىككىمىز بىللە تاماقتىن كېيىن ناھىيىگە بېرىپ دوختۇرغا كۆرۈنۈپ كېلىدىغان بولدۇق، شۇڭا خۇشال بولۇپ كۈلۈشۈۋاتىمىز.

— ياخشى مەسلىھەت قىپسىلەر، بەك ياخشى بوپتۇ. گاۋ

غوجىدار، چۈشلۈك تاماق تەييار بولدى، بۈگۈن چۈشتە بىز بىلەن بىللە تاماق يەڭ، — دېدى ۋاڭ خېنىم خۇش بولۇپ، ئۇ گاۋ غوجىدارغا ناھايىتى ئاز ئىلتىپات قىلاتتى. تاماقتا تەكلىپ قىلىنغىنىغا ئىنتايىن خۇش بولغان گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىم گەپ قىلغىچە ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ:

— بولىدۇ خېنىم، ئىلتىپاتلىرىغا كۆپ رەھمەت، ھەرقايسىلىرى بىلەن بىللە تاماققا داخىل بولۇش مەن ئۈچۈن بىر ئامەت، — دېدى.

ئۆزلىرىنىڭ گەپ - سۆزلىرىنىڭ چانمايۋاتقىنىغا خۇش بولغان ۋاڭ بېگىم:

— بىز ھېلىلا يول ماڭىدىغان ئادەم، شۇڭا چۈشلۈك تامىقىمىز ياخشى بولسۇن، — دېدى.

— شۇنداق بولمامدىغان بېگىم، مەن ھازىرلا چىقىپ باشقىدىن داستىخان تەييارلىتاي، — ۋاڭ خېنىم چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ بېگىم بىلەن گاۋ غوجىدار چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن ئاتلىق يولغا چىقتى. ئۇلار يېرىم يولغا بارغاندا گاۋ غوجىدارنىڭ بىر تونۇشىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئولتۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، كۈن پاتقاندا قورۇق ئەتراپىدا پەيدا بولدى. بۇ چاغدا گۇگۇم چۈشكەن بولۇپ، ھېچكىم - ھېچكىمنى تونۇيالمايتتى. ئۇ ئىككىسى ئېتىنى ئارىلاپ مېڭىپ، كونا ھويلىغا يېتىپ كەلدى. ۋاڭ بېگىم ھېچ نەرسىگە قارىماي جان بىلەن ئويىنىشىپ ئۆچ ئېلىشقا بەل باغلاۋاتقان بولسىمۇ، بۇ ئىشنى ۋاڭ خېنىمدىن يوشۇرۇپ كېلىۋاتقانىدى. ۋاڭ خېنىممۇ ھېلىغىچە ئېرىنىڭ بۇ ئىشلىرىنى زادىلا سەزمەي كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ بېگىم بۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمايتتى. ئۇ كونا ئۆيىگە كېلىپ، تورۇسقا قاتار ئېسىلغان تۆت تۇتقۇننى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. بۇلار يېتىپ كەلگىچە گاۋ غوجىدار ئادەملىرىگە تۇتقۇنلارنىڭ كۆزىنى تېخىمۇ چىڭ تېڭىپ،

ئاغزىغا لاتا تىقىپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇشنى بۇيرۇغانىدى. ئىككى جىن چىراغ پىلىلداپ ئىشىك تەرەپنى ئاران يورۇتۇپ تۇراتتى. گاۋ غوجىدارنىڭ ئادەملىرى دەرھال ۋاڭ بېگىمگە ئورۇندۇق ئەكېلىپ، ئۆينىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ بەردى. ۋاڭ بېگىم ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، تۆت بۇلۇڭدىكى تۆت تۇتقۇنغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ھەربىر تۇتقۇننىڭ يېنىدا بىردىن جازالايدىغان ئادەم قولىدا قامچا تۇتۇپ، بىلەكلىرىنى تۈرۈپ دېۋەيلەپ تۇراتتى. ئۇلارنى گاۋ غوجىدار ياخشى رازى قىلغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ بېگىمگە سادىقلىقىنى بىلدۈرۈپ «قېنى بۇيرۇق قىلىڭ» دېگەندەك قارىشىپ تۇراتتى. ۋاڭ بېگىم ئۇلارغا قاراپ خۇش بولۇپ:

— قېنى، ئۆلگۈدەك ئۇرۇڭلار، — دەپ توۋلىدى. شۇنىڭ بىلەن جازالىغۇچىلار تۇتقۇنلارنى قامچىلاشقا باشلىدى. تۇتقۇنلار ئاغرىققا چىدىماي ۋارقىراشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ جېنى قاقشىغانسېرى ۋاڭ بېگىم كۈلۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىختىيارسىز كۈلۈشى، قامچىنىڭ قارسىلداپ تېگىشى، تۇتقۇنلارنىڭ تاياققا چىدىماي ئاچچىق توۋلاشلىرى ئۆينى بىر ئېلىپ، ئۆي ئىچى قىيا - چىياغا توشۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ قىيا - چىيالىرى بۇ خىلۋەت ئۆيدىن تالاغا ئاڭلىنىشقا باشلىدى. شۇڭا گاۋ غوجىدار ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتقان ۋاڭ بېگىمگە يېقىن كېلىپ، جازالىغۇچىلارغا «توختاڭلار!» دەپ بۇيرۇق قىلدى. جازالىغۇچىلار قامچىلىرىنى بىردىنلا توختىتىشتى. ۋاڭ بېگىم كۈلكىسىنى توختىتىپ ئۇنىڭغا قارىدى. تۇتقۇنلار ئىڭراپ قاقشاۋاتاتتى. گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىمنىڭ قۇلىقىغا:

— بېگىم، بۇلار بەك قىيا - چىيا قىلىپ كەتتى. ھازىر كەچ بولۇپ قالدى، كەچتە ۋاراڭ - چۇرۇڭ، قىيا - چىيا يىراققا ئاڭلىنىدۇ، شۇڭا بۇ تۇتقۇنلارنى بىردىن - بىردىن ئۇرساقمىكىن، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم بىر ئاز ئويلىنىۋېلىپ، ئاندىن كۈلۈمسىرەپ:
— بۇ دېگىنىڭمۇ توغرا. مەن تازا پۇخادىن چىققۇدەك ئۆچۈمنى ئالىدىغان بولدۇم، — دېدى ۋە جازالىغۇچىلارغا قاراپ
— ئەمدى سىلەر تۇتقۇنلارنى ئوڭ تەرەپتىن باشلاپ بىردىن - بىردىن ئۇرىسىلەر، لېكىن تۆتىڭلار كېلىپ تەڭ ئۇرىسىلەر. شۇنداق قىلمىسام ھەرگىز ئۆچۈم چىقمايدۇ، — دېدى.
گاۋ غوجىدار «شۇنداق قىلىڭلار» دېگەندەك قىلىپ جازالىغۇچىلارغا قارىدى. تۆت جازالىغۇچى ئوڭ تەرەپتە ئېسقلىق تۇرغان تۇتقۇننىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئۇ تۇتقۇننىڭ جۇغى كىچىك ھەم ئورۇق ئىدى. جازالىغۇچىلار بۇيرۇق كۈتۈپ ۋاڭ بېگىمگە قارىدى. ۋاڭ بېگىم:
— تازا ئۇرۇڭلار! — دەپ توۋلىدى.
ئۇلار قامچىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئوڭ تەرەپتىكى تۇتقۇننى ئۇرۇشقا باشلىدى. تۆتى ئارقا - ئارقىدىن ئۇرغاچقا، قامچا ئۇزۇلمەي تېگىپ تۇردى. تۇتقۇننىڭ ۋارقىراشلىرى ئۆينى بىر ئالدى. ۋاڭ بېگىم يەنە سارائىڭلاردەك كۈلۈشكە باشلىدى. بىر چاغدا قامچا يەۋاتقان تۇتقۇننىڭ ئاۋازى ئۆچۈپ توختاپ قالدى. ئۇنىڭغا قاراپ جازالىغۇچىلار ئۇرۇشتىن توختىدى. ئەمما ۋاڭ بېگىم بىر خىلدا كۈلۈۋاتاتتى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ كۈلكىسىدىن باشقا ئاۋازنىڭ يوقلۇقىنى سېزىپ ئېسىنى يىغدى، كۈلكىسىنى توختىتىپ ھەيران بولۇپ ئەتراپقا قارىدى. جازالىغۇچىلار قامچىلىرىنى تۇتۇپ جىم تۇرۇشاتتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ كۆزى گاۋ غوجىدارغا چۈشۈپ:
— نېمە بولدى، توختاپ قالدىڭلارغۇ؟ — دېدى.
گاۋ غوجىدار ئاستا:
— بېگىم قارىسىلا، ئۇ تۇتقۇن جىمىپ كەتتى، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم خۇددى ساڭگىلىتىپ قويغان تاغارغا ئوخشاش تۇرغان تۇتقۇنغا بىر دەم قاراپ قويۇپ:

— بوپتۇ، يەنە بىرسىنى ئۇرۇڭلار، بۇ ھوشىغا كەلگەندە يەنە ئۇرسىلەر، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ جازالىغۇچىلارغا قارىدى. ئۇلار نېرىدىكى ئېسىقلىق تۇتقۇننىڭ يېنىغا بېرىپ ۋاڭ بېگىمگە قارىدى. ۋاڭ بېگىم:

— ئۇرماسىلەر! — دەپ قاتتىق توۋلىدى. جازالىغۇچىلار قامچىلىرىنى ئوينىتىپ، ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ۋاڭ بېگىم بۇ قېتىم قاتتىق توۋلىغاچقا، جازالىغۇچىلار بۇنى ئاۋۇ تۇتقۇنغا قارىغاندا تېخىمۇ قاتتىق ئۇردى. تۇتقۇن قامچىغا چىدىماي قاقشاپ كەتتى، بۇ تۇتقۇن بارات ئىدى. گەرچە ۋاڭ بېگىم باراتنىڭ تۇتۇپ كېلىنگەنلىكىنى بىلسىمۇ، لېكىن بۇ ئۆيگە كەچ كېلىپ ئۆچ ئېلىشقا ئالدىراپ كەتكەچكە، قايسى تۇتقۇننىڭ بارات ئىكەنلىكىنى سورىمىغانىدى. گاۋ غوجىدارمۇ ئۇنىڭغا دېمىگەنىدى ھەم بۇ كېچىدە ئۇلارنىڭ كۆزى تېڭىقلىق، ئاغزىغا لاتا تىقىقلىق بولغاچقا، ئۆزىمۇ پەرق ئېتەلمەيتتى. تۇتقۇنلارنىڭ تاياق يەۋاتقانلىقىغا خۇش بولۇۋاتقان ۋاڭ بېگىمگە قاراپ ئۇمۇ خۇشال ئىدى. ۋاڭ بېگىم خۇشاللىقتا كۈلۈپ ئېسىنى يوقىتىپ، بارغانسېرى قالايمىقان كۈلمەكتە ئىدى. بىر چاغدا باراتمۇ قاقشاشتىن توختاپ ئىڭىراشقا باشلىدى. جازالىغۇچىلار بىر - بىرلەپ ئۇرۇشتىن توختىدى. كۈلۈۋاتقان ۋاڭ بېگىم ئۆينىڭ جىمىپ قالغانلىقىنى سېزىپ كۈلكىسىنى توختىتىپ:

— نېمىشقا توختاپ قالىسىلەر؟ — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— بۇ تۇتقۇنمۇ جىمىپ كەتتى، يەنە بىرسىنى ئۇرايلى، — دېدى.

— بولىدۇ، شۇنداق قىلىڭلار!

گاۋ غوجىدار ۋە جازالىغۇچىلارغا قارىدى. ئۇلار يەنە بىر تۇتقۇننىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇ تۇتقۇنمۇ

خېلى قامچا يېگەندىن كېيىن توۋلاشتىن توختىدى. لېكىن جازالىغۇچىلار ۋاڭ بېگىمنىڭ ئاچچىقلىنىشىدىن قورقۇپ ئۇرۇۋەردى. ئۇنى ئۆچكەن تۇتقۇن ھەربىر ئۇرۇلغاندا مىدىرلايتتى. گاۋ غوجىدار جازالىغۇچىلارغا شەرەت قىلىپ قويۇپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۆيدە قامچا ئاۋازى ئاڭلانمىغاچقا، ۋاڭ بېگىم ئېسىنى يىغىپ ئالدىدا تۇرغان گاۋ غوجىدارغا قارىدى. گاۋ غوجىدار:

— بېگىم، بۇنىڭمۇ ئاۋازى ئۆچتى، — دېدى.

— يەنە بىرىنى ئۇرۇڭلار ئەمىسە.

گاۋ غوجىدار جازالىغۇچىلارغا شەرەت قىلدى. ئۇلار بىرىنچى ئاخىرقى تۇتقۇننى ئۇرۇشقا باشلىدى. ۋاڭ بېگىم يەنە كۈلۈشكە باشلىدى. ئاخىرقى تۇتقۇن بەستلىك ھەم سېمىز ئىدى. ئۇنى خېلى چاغقىچە قاتتىق ئۇرسىمۇ توۋلاشتىن ـ قاقشاشتىن توختىمىدى. ۋاڭ بېگىم تېخىمۇ خۇش بولۇپ «قاراڭلار بۇنى، شۇنچىۋالا تاياق يېسىمۇ ئۆلمىگىنىنى» دەپ كۈلۈپ كەتتى. لېكىن بىر چاغدا ئۇ كۈلۈشتىن، ئالا ـ جوقا سۆزلەشتىن توختاپ، ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان پېتى ئالدىغا قاراپ جىمىپ قالدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. جازالىغۇچىلارمۇ ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ئاخىرقى تۇتقۇننى ئۇرۇشتىن توختىدى. ۋاڭ بېگىم ھازىر ھېچنېمىنى سەزمەيتتى. پەقەت ئۆيدە ئاخىرقى تۇتقۇننىڭ ئىڭراشلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. جازالىغۇچىلارمۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەتراپىغا كەلدى. ئۇ بىردەمدىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ ئەتراپىدا تۇرغانلارغا ھەم گاۋ غوجىدارغا قاراپ:

— بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇرۇپ بولدۇڭلارمۇ؟ — دېدى.

— ھەئە، شۇنداق، — دېدى گاۋ غوجىدار جازالىغۇچىلارغا قاراپ، ۋاڭ بېگىم ئېسىگە كەلگەنسېرى تولغىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ:

— گاۋ غوجىدار، بۇگۈن جازالاش مۇشۇنچىلىك بولسۇن،

لېكىن مەن بۇلارنى قىيناپ ئۆلتۈرىمەن. شۇڭا بۇلار تولاپ ئۆلۈپ قالمىسۇن. كۈندۈزى ئوت قالىماي، كېچىسى ئوت قالاڭلار، كېچىسى ئادەم قارىسۇن، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى گاۋ غوجىدار ۋە جازالىغۇچىلارغا بۇيرۇدى: — ئۇلارنى تورۇستىن چۈشۈرۈڭلار.

جازالىغۇچىلار تۇتقۇنلارنى بىر - بىرلەپ تورۇستىن چۈشۈرۈشتى. دەسلەپتە قامچا يېگەن ئورۇق، ۋىجىك تۇتقۇن تورۇستىن چۈشكەندە يىقىلغان پېتى مىدىرلىماي ياتاتتى. قالغان ئۈچى مىدىرلىدى. گاۋ غوجىدار مىدىرلىماي ياتقان تۇتقۇننىڭ يېنىغا بېرىپ ئېڭىشىپ، قولىقىنى ئۇنىڭغا يېقىن تۇتتى. لېكىن ھېچنەرسىنى سەزمىگەچكە، ئالقىنىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا تۇتتى، ئاندىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بېگىم، ئۇ ئۆلگەن ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئۈچ ئېلىش ۋەسۋەسىسى بىلەن ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭ گېپىگە پىسەنت قىلماي:

— بۇگۈن مۇشۇنداق يېتىپ تۇرسۇن، ئەتە تىرىلىپ قالسا يەنە ئۇرۇپ قىيناپ ئۆلتۈرىمەن. ئۆلسە ئۆلۈكىنى ئىتلىرىمغا تاشلاپ بېرىمەن، — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى گاۋ غوجىدار ۋە جازالىغۇچىلارغا قاراپ، — ئاۋۇ ئۈچ تۇتقۇننى ئۈچ بۇلۇڭغا ئاپىرىپ قويۇڭلار. ئاۋۇ ئۆلگىنىنى ئىشىك تۈۋىگە ئاپىرىپ قويۇڭلار... بۈگۈن ئىككىڭلار ئۇلارغا قارايسىلەر، ئەتە يەنە ئىككىڭلار كېلىپ نۆۋەت بىلەن قارايسىلەر. بۈگۈنكى ئىشلارنى ئاغزىڭلاردىن ھەرگىز چىقارمايسىلەر، ئەگەر قايسىڭلار دەپ قويىدىكەنسىلەر، خۇددى مۇشۇ تۇتقۇنلاردەك جازالاپ ئۇن - تىنسىز يوقىتىۋېتىمىز، — دېدى.

جازالىغۇچىلار بىر - بىرىگە قارىشىپ «بولىدۇ» دېيىشتى. ۋاڭ بېگىم كۈلۈمسىرەپ گاۋ غوجىدارغا:

— بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ساڭا تاپشۇردۇم، — دېدى، ئاندىن جازالىغۇچىلارغا — سىلەر گاۋ غوجىدارنىڭ گېپىنى ئاڭلىساڭلار ھەرگىز زىيان تارتمايسىلەر، — دەپ ئەسكەرتىپ قويدى.

جازالىغۇچىلار «بولىدۇ» دېيىشىپ گاۋ غوجىدارغا قارىدى. ۋاڭ بېگىم ئورنىدىن قوزغالدى. باشقىلار ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ ئۆيدىن چىقىشتى. تۇن قاراڭغۇسى بولسىمۇ ئاپئاق قېلىن قاردا ئەتراپ يەنىلا يورۇق كۆرۈنەتتى. ئاتلارمۇ كەلگەن يولنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، تېز مېڭىپ كەتتى. ئۇلار قورۇققا يېتىپ كەلگەندە قورۇقتىكىلەر ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن بولۇپ، قورۇق ئىچى تىپتىنچ ئىدى.

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# جىمىلخان بىلەن ئايخاننىڭ ئەمەلدار-لارنى ئىزدىگەنلىكى

ئاشۇ كۈنى توشقان تۇتقىلى چىققان ياشلار توشقان تۇتۇپ يانىدىغان چاغدا بارات بىلەن ئۈچ دوستىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، كەڭ دالىدا تەرەپ - تەرەپكە بېرىپ ئىزدىدى. ئۇلارنى تاپالماي ئاخىرى زاۋال ۋاقتىدا مەھەللىگە قايتىپ كېلىپ، باراتنىڭ ئاتا - ئانىسىغا خەۋەر قىلدى. شۇندىن تارتىپ بىرنەچچە كۈنگىچە بارات ئۆيدە پەيدا بولمىدى ياكى ئۇ تۆتەيلەننىڭ ھېچبىر ئىز - دېرىكى بولمىدى. شۇ كۈندىن تارتىپ قاسىم ئاخۇننىڭ كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى. جىمىلخان بولسا ئەتىدىن كەچكىچە يىراق - يېقىنغا بېرىپ تونۇش - بىلىشلەردىن باراتنىڭ ئىز - دېرىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئۆيدە تۇرمايتتى. ھەتتا توشقان تۇتقىلى چىققان باللارنى ئەگەشتۈرۈپ باراتلار يوقاپ كەتكەن دالىغا بىرنەچچە قېتىم بېرىپ باقتى. بۇ تۆت ياشنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشى مەھەللىدىكى پۈتۈن ئادەمنى قايغۇغا سالدى. بىر كۈنى جىمىلخان ئەتىگەنلىك ناشتىدىن كېيىن ئوغلىنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن يەنە تالاغا چىقىش ئالدىدا تۇرغاندا ئايخان ئۇنىڭغا:

— ئاچا، مېنىڭچە بۇگۈن ئىككىمىز بىللە ھاكىم جانابلىرىنىڭ يېنىغا بېرىپ باقساق، بەلكىم ئۇلارمۇ باراتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىۋاتقاندۇ، ئۇلارغا نېمە خەۋەر كەلدى ئاڭلاپ باقمايمىزمۇ، — دېدى.

— سىڭلىم، باراتنى ھاكىم خىزمەتتىن توختىتىپ قويغان تۇرسا، ئۇنىڭدىن ئوغلىمىزنى سۈرۈشتۈرسەك قانداق بولار؟ — دېدى جىمىلىخان ئىككىلىنىپ.

— ئاچا، بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ ئۇ باراتنى خىزمەتتىن قالدۇرغان ياكى قالدۇرمىغان بولسۇن، بارات يەنىلا مۇشۇ يۇرتنىڭ ئادىمى. ھاكىم دېگەن ئۆز يۇرتىنىڭ ئادىمىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. شۇڭا ئۇلارمۇ باراتنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېقىشى لازىم، ئاڭلىسام دارىن خېنىم بەك ئاق كۆڭۈل ئايال ئىمىش.

— بوپتۇ ئەمىسە، ئۇنداقتا بىز دارىن خېنىمنى ئىزدەيلى، دەرد - ئەھۋالىمىزنى ئۇنىڭغا دېسەك بەلكىم دارىن خېنىم ھاكىمغا دېيىشى مۇمكىن.

— شۇنداق قىلايلى، — ئىككىسى شۇنداق دەپ جابدۇنۇپ ئۆيدىن چىقىشتى. لېكىن ئۇلار ھازىر دارىن خېنىمنى ئىزدەمەكچى بولغىنى بىلەن ئۇلارنىڭ گېپىنى كىم ئۆرۈپ بېرىدۇ؟ بۇ ئىش ئايخاننىڭ ئېسىگە كېلىپ دېدى:

— ئاچا، بىز دارىن خېنىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ دەرد - ئەھۋالىمىزنى ئېيتساق گېپىمىزنى ئۇنىڭغا كىم ئۆرۈپ بېرىدۇ؟

— راست، بىز ئالدىراشچىلىقتا بۇ ئىشنى ئويلىماپتۇق، قانداق قىلارمىز؟

— ئاچا، تۇران دۇكاندا تۇرۇپ خەنزۇچىنى ئانچە - مۇنچە ئۆگىنىپ قالدى. ھازىر دۇكانغا بېرىپ تۇراننى ئېلىۋالايلى، تۇران ئىككىمىز بىر نېملەرنى قىلىپ مەقسىتىمىزنى ئۇقتۇرارمىز. باراتنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئۇلارمۇ ئاڭلىغاندۇ، بىزنى كۆرۈپ، نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىمىزنى ئۇلار چوقۇم بىلىدۇ.

— شۇنداق قىلايلى، — دېدى جىمىلىخان. ئىككىسى دۇكانغا بېرىپ تۇراننى ئېلىپ ھاكىم چيەن دارىننىڭ ئۆيىگە

ماڭدى.

ئۇلار ھاكىمنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بارغاندا خىزمەتچىسى خەۋەر قىلغىلى ئىچىگە كىرىپ كېتىپ ھايال ئۆتمەي ئۆيدىن دارىن خېنىم توشقان تېرىسىدىن جىيەك تۇتۇلغان جۇۋىسىنى كىيىپ چىقتى ۋە ھويلىدا ساقلاپ تۇرغان ئۇچ ئايالنى كۆرۈپ خىزمەتچىسىگە:

— ھەي كالۋا، مېھمانلارنى ئۆيگە باشلاپ كىرىۋەرسەڭ بولمامدۇ، بۇ ئايالالارنى سوغۇقتا ساقلىتىپ، — دەپ ئاچچىق قىلدى، خىزمەتچى بېشىنى سىلىپ جىم تۇردى.

دارىن خېنىم مېھمانلارنى ئوچۇق چىراي بىلەن ئۆيگە تەكلىپ قىلدى. مېھمانلار ئۆيگە كىردى ۋە ھەيرانلىقىدىن تۇرۇپ قېلىشتى، ھاكىم چيەن دارىن ئۆيدە بار ئىدى. مېھمانلار ئۇنى كۆندۈزى يامۇلدا خىزمەتتە بولىدۇ دەپ ئويلاپ ئۆيىگە كەلگەنىدى. چيەن دارىن مېھمانلارنى كۆرۈپ دەرھال ئالدىغا كېلىپ قارشى ئالدى. مېھمانلار ئورۇندۇقلارغا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. دارىن خېنىم خىزمەتچىسىگە مېھمانلارغا چاي قۇيۇشنى بۇيرۇپ، ئۆزىمۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ مېھمانلارنىڭ ئۆيىگە كەلگىنىگە خۇشال بولغاندەك قىلاتتى. لېكىن چيەن دارىن تەڭلىكتە قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى ئۇ باراتنى خىزمەتتىن قالدۇرۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ «ئەگەر تۇرداخۇننىڭ مەسىلىسى ئاۋۋال ناھىيىدە بىر تەرەپ قىلىنماي ۋىلايەتكە يوللىنىپ زىددىيەت چوڭىيىپ سۈيىقەست قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەب بولغان بولسا، ناھىيىدە بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دېگىنىگە ئاساسەن، «باراتنىڭمۇ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغانلىقى سۈرۈشتۈرۈلۈپ قالارمۇ» دەپ ئەنسىرەپ پۇشايمان قىلىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باراتنىڭ ئۇچ دوستى

بىلەن بىللە يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ۋەھىمىدە قالغانىدى. شۇڭا ئۇ مېھمانلارنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىپ:

— سىلەرگە بىر كېلىشمەسلىك كەپتۇ، مەنمۇ ئاڭلاپ قايغۇردۇم، — دېدى. ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەنلا دارىن خېنىم:

— باراتنى مەن شۇنداق ياخشى كۆرەتتىم، ئۆز ئوغلۇمدەك ئىدى. بارات ئۆزىمۇ ياۋاش بالا ئىدى، — دېدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئايخان يېرىم - يارتا چۈشەنگەنىدى، لېكىن جىمىلىخان ھېچ نەرسىنى چۈشەنمىگەچكە تۇرانغا قارىدى، تۇران تەرجىمە قىلىپ بەردى. جىمىلىخان ئاڭلاپلا يىغلاشقا باشلىدى. دارىن خېنىم ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تەسەللى بەردى. جىمىلىخان گېپىنى تۇرانغا دېدى. تۇران تەرجىمە قىلىپ:

— دارىن جانابلىرى، ئاچام سىلەرنى بىر نەۋرە ئاكام توغرۇلۇق بىرەر خەۋەر ئاڭلىدىمىكىن دەۋاتىدۇ، — دېدى. چيەن دارىن تۇراننىڭ قىلغان تەرجىمىسىگە زوقى كېلىپ:

— قىزىم، ئاپىڭىزغا دەپ قويۇڭ، يۇرتىمىزنىڭ ئادەملىرى بىرەر خېيىمخەتەرگە ئۇچرىسا، ئۇنى سۈرۈشتۈرۈش ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىسى. باراتلارنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپلا ئادەم ئاجرىتىپ سۈرۈشتۈرگەنىدۇق، لېكىن ھېلىغىچە بىرەر خەۋەر ئالالمىدۇق. ئەمما يەنىلا سۈرۈشتۈرۈۋاتىمىز، باراتلارنىڭ خەۋىرىنى چوقۇم ئالىمىز، بەلكىم ئۆزلىرىمۇ پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى. جىمىلىخان بىلەن ئايخان چيەن دارىندىن رازى بولۇپ:

— رەھمەت دارىن بېگىم، ھەر نېمە بولمىسۇن يۇرت ئىگىسى بولغاچقا ئاتىدارچىلىق قىپسىلەر، رەھمەت، ئىلاھىم بالىلىرىمىز تېپىلىپ قالار، — دېدى. چيەن دارىن ئۇلارنىڭ گېپىدىن رازى بولۇپ:

— خاتىرجەم بولۇڭلار، يوقاپ كەتكەنلەرنى چوقۇم تاپىمىز، — دېدى. لېكىن دارىن خېنىم چيەن دارىنغا:

— دارىن جانابلىرى، ئادەم ئەۋەتىپ ئۇلارنى ئىزدەتكىلى خېلى كۈنلەر بولدى، لېكىن ھېچقانداق ئىز - دېرەك يوق. مۇنداق ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكىنىگە قارىغاندا ئۇلار باشقىلارنىڭ سۇيىقەستىگە ئۇچرىدىمۇ - يا؟ — دېدى.

ئۇ ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۈل ئايال بولۇپ، ئۆز ئوغلىدەك كۆرىدىغان باراتنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ كۆڭلىدىكى گەپنى ئوچۇقلا ئېيتتى. ئادەتتە ھاكىم ئەرزىيەت ئېيتىپ كەلگۈچىلەر بىلەن دەرقەمدە تۇرغاندا ئۇ ھەرقانچە گەپ قىلغۇسى كەلسىمۇ ئويلىغىنىنى ئۇنداق ئۇدۇل دېمەيتتى. شۇڭا چيەن دارىن سەل ئەندىكىپ تۇرانغا قارىدى. لېكىن دارىن خېنىمنىڭ گېپى تۇگىشى بىلەن تۇران گەپنى تەرجىمە قىلىپ بولغانىدى. چيەن دارىن ئۇڭايسىزلىنىشۋاتقانلىقىنى چاندۇرماي كۈلۈمسىرەپ ئايالىغا:

— مېنىڭچە ئۇنچىلىك ئىش بولمىسا كېرەك دەپ ئويلايمەن، ياشلار دېگەن كۆرگەنلا ئىشلارغا قىزىقىپ قالىدۇ، ئۇڭاي ئالدىنىپ قالىدۇ، خەتەرگە يولۇقمىغان تەقدىردىمۇ يامان ئىش، يامان ئادەملەرگە قوشۇلۇپ قېلىپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈرەمدۇ، ئۇنىسى ھازىرچە نامەلۇم، — دېدى.

دارىن خېنىم ئىختىيارسىز قولىنى جۈپلەپ ئالدىغا تۇتۇپ «ئامى تابا. . . تەڭرى بەندىلىرىڭنى ئۆز پاناھىڭدا ساقلىغايسەن» دەپ دۇئا قىلدى. تۇران چيەن دارىننىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەندىن كېيىن جىمىلىغان ئۇنىڭغا:

— قىزىم، دارىن جانابلىرىغا دەپ قويغىن، مېنىڭ بالام يامان ئىشلارغا ئارىلىشىدىغان بالا ئەمەس. دارىن خېنىم دېگەندەك بالامغا دۈشمەنلىك يېتىپ قالغان بولمىسۇن يەنە، — دېدى.

جىمىلىخان گېپىنى ئەنسىرىگەن ھالدا ئېيتتى. چۈنكى ئۇ نەچچە كۈندىن بېرى ئوغلىنى ئىزدەپ - سۈرۈشتۈرۈپ ھەر خىل خىياللارنى قىلىپ، ئۆزىمۇ شۇنداق ئويلاپ قالغانىدى، شۇڭا كۆزىگە ياش ئالدى. چيەن دارىن جاۋاب بەرگىچە دارىن خېنىم جىمىلىخاننىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ:

— سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بەلكىم ئۇنداق بولمىغاندۇ، ئۇلارنى ئاخىرغىچە سۈرۈشتۈرگۈزىمەن، — دېدى چيەن دارىنغا قاراپ، — دارىن جانابلىرى، ئەگەر بىزنىڭ ئوغلىمىز مۇشۇنداق ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتسە بىز قانداق قىلاتتۇق؟

چيەن دارىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ:

— مېنى ئويلىمايۋاتىدۇ دەمسەن؟ باراتمۇ ئۆز بالىمىزدەك، ئۇلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىمەن، — دېدى.

جىمىلىخان بىلەن ئايخان ئۇلاردىن خۇرسەن بولدى. ئاشخىچە خىزمەتچىلەر مېۋە - چېۋە بىلەن داستىخان تەييارلىدى. مېھمانلار ئەمدى باشقا گەپلەرنى قىلىشىپ بىردەم ئولتۇرۇپ قايتىشتى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن قاسىم ئاخۇن كۈندىكى ئادىتى بويىچە يىغلاۋېتىپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ بىر دەم يىغلاپ، بىردەم توختاپ قالىدىغىنىغا ئادەتلىنىپ قالغان جىمىلىخان ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي ئۆي ئىشىنى قىلىۋەرگەنىدى. ئۆي ئىچى خېلى ۋاقىتقىچە جىمىپ كەتكەچكە، ئۇ ئېسىنى يىغىپ، يۇغۇرۇۋاتقان خېمىرىنى تاشلاپ قاسىم ئاخۇننىڭ يېنىغا كەلدى. قاسىم ئاخۇن بېشىنى پۈكۈپ يېنىچە يېتىپ قالغانىدى. جىمىلىخان ئېڭىشىپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ يەنىلا جىم بولۇپ، نەپەسى يوقتەك قىلاتتى. ئەنسىرىگەن جىمىلىخان قولىنى ئۇنىڭ ئاغزىغا يېقىن تۇتتى، لېكىن ھېچقانداق نەپەس ئالامىتى بىلىنمىدى، ئۇ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنىدى.

قاسىم ئاخۇن گەرچە ئاددىي ئادەم بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى

«ئوغلى تويۇقسىز يوقاپ كەتكەچكە ئوغلىنىڭ دەردىدە ئۆلۈپ كەتتى» دېيىشىپ، ئۇنىڭغا قاتتىق قايغۇرۇشتى ھەمدە ئۇ ناھىيە بويىچە كۆزگە كۆرۈنگەن باي تۇرداخۇننىڭ قېيناكىسى بولغاچقا، ئۆلۈمىنى ناھايىتى چوڭ ئۇزاتتى. شۇڭا يىراق - يېقىندىن، يۇقىرى - تۆۋەندىن پەتىچىلەر كېلىپ تۇردى.

ھازىر قاسىم ئاخۇن ۋاپات بولۇپ، كەلمەسكە كەتتى. بارات تويۇقسىز يوقاپ كېتىپ ھېلىغىچە ئىز - دېرىكى يوق، تۇرداخۇن بولسا تۈرمىدە ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدە پەقەت ئۈچلا ئايال قالدى. «ئايال ئايالنىڭ قاياشى» دېگەندەك ئاياللار ئۈزۈلمەي پەتىگە كېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى دارىن خېنىم، جىيا خېنىم، جاڭ خېنىم، ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ شىئېر، دۇ قىزچاق ۋە بەي ئاغىچىلارمۇ بىللە پەتىگە كېلىشتى. جىيا خېنىم ئادەتتە تالا - تۈزگە كۆپ چىقمايدىغان، لېكىن دەرد - ئەھۋال ئېيتىپ كەلگەن يۇقىرىلارنىڭ ھال - ئەھۋالىنى ئېرىگە يەتكۈزۈپ تۇرىدىغان ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. جاڭ خېنىم بولسا خۇشچاقچاقلىقى بىلەن تونۇش - بىلىشلىرىنى، ئەل - جامائەتنى خۇش قىلالايدىغان ئوچۇق چىراي ئايال ئىدى. ۋاڭ خېنىم گەرچە ياخشى ئايال بولسىمۇ، بازارغا كۆپ كەلمىگەچكە، ئۇنى كۆپ ئادەملەر تونۇمايتتى. شۇنداقتىمۇ قولۇم - قوشنىلار، ئەل - جامائەت بۇ پەتىچىلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ قايسى ئايال ئىكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بىلىۋېلىشتى. ئۇنىڭ چىرايلىق ھۆسن - جامالى، كېلىشكەن قامىتى ئەتراپتىكىلەرنى ھەيران قالدۇردى. بۇ ئايال مېھمانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىر - بىرىدىن ئېسىل جۇۋىلارنى كىيىپ كېلىشكەنىدى. جۇۋىلىرىنىڭ تېشى تەتىللا، تاۋار بولۇپ، ئۈچىسىدا جۇلالىنىپ مېھمانلارنى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك كۆرسىتەتتى. بەي ئاغىچا گەرچە ياشانغان ئايال بولسىمۇ، بۈگۈن باشقا خېنىملاردىن قېلىشمىغۇدەك ھالدا قوزا تېرىسىدىن جۇۋا كىيىپ كەلگەنىدى. ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ

قىزچاق توشقان تېرىسىدىن جىيەك تۇتۇلغان، تاشلىقى بىر خىل قىزىل جۇۋا كىيگەنىدى. ۋاڭ خېنىم ئادەتتە ئۇ ئىككىسىنى بىر خىل ياساپ قوياتتى. مېھمانلار يۈز - كۆزلىرىگە قېنىق پەرداز قىلغان بولۇپ، ئورۇق - سېمىزلىكىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئوخشاشلا ئاق، مەڭزلىرى ئوخشاشلا قىزغۇچ، كالپۇكلىرى ئوخشاشلا قىپقىزىل بولۇپ، بىر - بىرىدىن پەرق ئېتمىش تەس ئىدى. چاچلىرىمۇ ئوخشاشلا ئارقىغا تۈگۈپ تارالغان، تاقىۋالغان قىسقۇچ، تۈرگۈچلىرىمۇ ئالتۇن - كۈمۈشتىن بولۇپ، قاپقارا چاچ ئۈستىدە تېخىمۇ پارقىراپ تۇراتتى. ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق تاۋاردىن گۈل تاقىغان بولۇپ، بېشى خۇددى ئېچىلىپ تۇرغان پورەك گۈلدەك كۆرۈنەتتى. ئۇيا - ئەڭلىك سۇرۇپ ئانچە پەرداز قىلمايدىغان ئەترايىتىكى مۇسۇلمان ئاياللار مېھمانلارنىڭ پەردازلىرىغا، كىيىنىشلىرىگە ھەيران بولۇشۇپ، بىر - بىرلەپ قاراپ كېتىشتى. ئەل - جامائەتكە ئاز كۆرۈنىدىغان ۋاڭ خېنىم ئۇلارغا ھەممىدىن ئالاھىدە كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بۈگۈن يۈزىگە قېنىق پەرداز قىلمىغان بولسىمۇ، ئاق يۈزلۈك بولغاچقا، مەڭزىگە نېپىز سۇرۇۋالغان قىزغۇچ ئەڭلىكى ھەم كالپۇكىدىكى قىزىل لەۋسۇرۇق بەكمۇ ئۇچۇق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ قېشى خۇددى چېچىدەكلا قارا بولغاچقا، ئاپئاق چىرايىنى تېخىمۇ ئېچىپ، مەرى ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ دەردىدە تولا يىغلاۋەرگەچكە كۆزى ئانچە نۇرلۇق بولمىسىمۇ، لېكىن شەھلا كۆزى يەنىلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ چېچىغا قىستۇرۇۋالغان قىسقۇچ - تۈرگۈچلىرى باشقىلاردىن جىق ئىدى. گەرچە مېھمانلار قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن باراتنىڭ تويىۋقىسىز يوقاپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماي قالمىدى.

— جىمىلىخان، ئەجەب بىر ئىش بوپتۇ، مەن باراتنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرەتتىم. ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئىېرنىڭ ئوتى تېخى

ئۆچمەي تۇرغاندا ئۇنىڭ دوستىنىڭ يوقاپ كېتىشى ماڭىمۇ بەك ئېغىر كەلدى. ئىلاھىم بارات ئامان ـ ئېسەن بولغاي، — دېدى ۋاڭ خېنىم. جىمىلىخان ۋاڭ خېنىمغا:

— ھەممە ئانىلارنىڭ كۆڭلى ئوخشاش ئىكەن، مەنمۇ ئوغلۇمنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ئوغلۇم ماڭا ھازىر ھاياتتەكلا تۇيۇلىدۇ، — دېدى.

تۇران ئارىدا بولۇۋاتقان گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرىپ تۇردى.

جاڭ خېنىم:

— قىزىم تۇران، جىمىلىخانغا تەرجىمە قىلىپ بېرىڭ، باراتنى ئىزدەشكە جاڭ لەشكەر بېگى لەشكەر چىقاردى. سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، بارات چوقۇم تېپىلىدۇ، — دېدى. دارىن خېنىم ۋاڭ خېنىم، جاڭ خېنىم، جيا خېنىملارغا قاراپ:

— قايسى كۈنى جىمىلىخان بىلەن ئايخان، تۇران بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپتىكەن، دارىن جانابلىرىمۇ «چوقۇم تاپىمىز» دەپ ۋەدە بەردى، — دېدى.

جيا خېنىم تۇرانغا:

— قىزىم تۇران، جىمىلىخانغا، ئايخانغا دەپ قويۇڭ، بىز بۇ يەرگە پەتىگە كېلىشتە جيا بېگىم سىلەرگە دەپ قويۇشۇمنى تاپىلىغانىدى، «ھازىر تۇرداخۇن قاماقتا، بارات بولسا تېپىلمايۋاتىدۇ، شۇڭا ئايخان ۋە جىمىلىخاننىڭ قانداق قىيىنچىلىقى بولسا بىزگە دېسۇن، ھەل قىلىشىپ بېرىمىز. تۇرداخۇننىڭ مەسىلىسى چوقۇم ئېنىقلىنىدۇ، خاتىرجەم بولسۇن» دەيدۇ، — دېدى. ئايخان ئۇنىڭ گېپىنى تولۇق چۈشىنىپ كېتەلمىسىمۇ، لېكىن تۇرداخۇن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. تۇراننىڭمۇ بۇ گەپلەرنى تەرجىمە قىلىپ بېرىۋېتىپ كۆزى لىققىدە ياشقا تولدى. خېنىملار ئۇلارغا تەسەللى بەردى.

ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن جىمىلىخان قايسى كۈنى چيەن دارىننىڭ ئۆيىگە بارغاندا دارىن خېنىمنىڭ ھاكىمغا دېگەن سۆزىنى ئېسىگە ئېلىپ، جيا خېنىمنىڭ بايىقى گېپىگە ۋە باراتلارنىڭ ھېلىغىچە تېپىلمايۋاتقانلىقىغا قاراپ، ئەھۋالنىڭ يامان تەرىپىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە باراتنىڭ تاغىسى توغرۇلۇق ھاكىم بىلەن سۆزلەشكەندىن كېيىن دەپ بەرگەن گەپلىرى يادىغا يېتىپ، ئوغلىنىڭ سۈيىقەستكە ئۇچرىغانلىقىغا ئىشىنىپمۇ قالدى. ئوغلىنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقى تەرەپتە يوقاپ كېتىشى ۋاڭ بېگىمنىڭ «ۋاڭ مىڭئېرنى تۇرداخۇن سۈيىقەست قىلىپ ئۆلتۈرگۈزدى» دېگەن ئەرزى بىلەن قوشۇلۇپ كۆڭلىدىكى گۇماننى تېخىمۇ كۈچەيتتى. شۇڭا ئۇ ئايخانغا:

— سىڭلىم ئايخان، مەن ئەمدى ئوغلۇمنى ئىزدەيمەن دەپ ئۇياق - بۇياققا قاتراپ يۈرمەي، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۈستىدىن دەۋا قىلىپ باقايمىكىن دەيمەن، — دەپ گۇمانلىرىنى بىر - بىرلەپ ئېيتىپ بەردى.

ئايخانمۇ ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولۇپ:

— بولىدۇ ئاچا، شۇنداق قىلايلى، «بالا يىغلىمىسا ئانا ئەمچەك سالماپتۇ» دېگەندەك، بىز چوڭ يەردىن تۇتۇش قىلىپ ئۇرۇمچىگە بېرىپ بولسىمۇ دەۋا - دەستۇر قىلمىساق، باراتنىڭ تېپىلىشى، تۇرداخۇننىڭ تۈرمىدىن چىقىشى تەس ئوخشايدۇ، — دېدى.

ئۆزىنىڭ گۇمانىغا ئايخاننىڭمۇ قوشۇلغانلىقىغا خۇش بولغان جىمىلىخان تېخىمۇ غەيرەتلەندى:

— سىڭلىم، ئۇنداقتا ئەتىلا جيا بېگىمنىڭ ئۆيىگە بارايلى، بايا جيا خېنىم جيا بېگىمنىڭ «ئايخان، جىمىلىخاننىڭ قېيىنچىلىقى بولسا بىزگە دېسۇن» دېگەنلىكىنى ئېيتتىغۇ.

— ئاچا، دەۋا - دەستۇر قىلىپ بارساق ھاكىم چيەن دارىننىڭ ئالدىغا بارمامدۇق، تەپتىش بېگى جيا بېگىم نېمىلا

بولمىسۇن هاكىمنىڭ قول ئاستىدىكى ئەمەلدار ئەمەسمۇ.
— يادىڭىزدىن چىقىپ قالدىمۇ سىڭلىم، — دېدى جىمىلىخان دەرھال، — ھاكىم چيەن دارىن ۋاڭ بېگىم بىلەن قۇدىلاشماقچى بولۇۋاتسا، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۇستىدىن دەۋا قىلىپ ئۇنى ئىزدىسەڭ قانداق بولىدۇ؟
ئايخان كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ جىمىلىخانمۇ كۈلۈپ كەتتى. بۇ ئىككى ئايالنىڭ خېلىدىن بۇيان غەم - قايغۇلىرىنى ئۇنتۇغان ھالدا تۇنجى قېتىم كۈلۈشى ئىدى.
ئەتىسى جىمىلىخان بىلەن ئايخان تۇراننى باشلاپ جيا بېگىمنىڭ ئۆيىگە كەلدى. جيا خېنىم مېھمانلارنى ھويلىدا تۇرۇپ كۈرۈپ، خىزمەتچىسىنى بۇيرۇماي ئۆزى ئالدىغا چىقتى ۋە ئۇلارنى خۇددى يىراقتىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى كۆرگەندەك قىزغىنلىق بىلەن ھويلىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ مۇنداق ئوچۇق چىراي قارشى ئالغانلىقىغا ئۇلار خۇش بولۇپ ھويلىغا كىرىپ كەلدى. قىش كىرىپ ئاتتىق سوغۇق بولۇپ كەتكەچكە، جيا خېنىم مېھمانلارنى «ئاۋايلاپ مېڭىڭلار، تېيىلىپ كېتىپ قالماڭلار» دەپ ئەسكەرتىپ تۇردى. جيا بېگىم ھويلىدا بولۇۋاتقان گەپلەرنى ئاڭلاپ جۇۋىسىنى يېپىنچاقلاپ ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئىشىك ئېچىلىشى بىلەن ئۆينىڭ ئىسسىق ھاۋاسى بىردەمدىلا سوۋۇپ ئۆيگە ئاپئاق ھور بۆسۈپ كىردى. مېھمانلار ئىشىك ئالدىدا تۇرغان جيا بېگىمگە تەزىم قىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئاڭغىچە خىزمەتچىلەر ئورۇندۇق، ئۇستەللەرنى تىزىپ بولغانىدى. مېھمانلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتى بويىچە ئورۇنلىرىدىن يەنە تۇرۇشۇپ ساھىبخانىلارغا سالام بېرىپ ئولتۇرۇشتى.
تۇنۇگۇن قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆيىگە ئۆلۈم پەتىسىگە بارغاندا تۇراننىڭ تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگىنىگە زوقى كېلىپ قالغان

جيا خېنىم سۆزلەشكە باشلىدى:
— بېگىم، بىز تونۇگۇن ئۆلۈم پەتىسىگە بارغاندا مۇشۇ قىز، — دېدى تۇراننى قولى بىلەن كۆرسىتىپ، — گەپلىرىمىزنى تەرجىمە قىلىپ بەردى، خەنزۇ تىلىنى بەك چىرايلىق سۆزلەيدىكەن، ئۆزىمۇ نېمە دېگەن چىرايلىق، قاملاشقان قىز.
جيا بېگىم تۇرانغا زوق بىلەن قاراپ:
— بۇ قىز تۇرداخۇننىڭ قىزى ھەم باراتنىڭ بىر نەۋرە سىڭلىسى بولغاچقا، ئۇ ئىككىسىگە ئوخشاش ئەقىللىق بولىدۇ - دە، — دېدى.
جىمىلخان بىلەن ئايخان ئۇلارنىڭ نېمە دېگەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ تۇرانغا قارىدى. لېكىن تۇران ئۇلارغا:
— بۇ گەپلەرنى تەرجىمە قىلمىساممۇ بولىدۇ، — دەپ خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى. جيا بېگىمنىڭ ئاغزىدىن تۇرداخۇن، بارات دېگەن سۆزلەر چىققاچقا ئايخان:
— قىزىم، جيا بېگىم دادىڭ بىلەن نەۋرە ئاكاڭنىڭ ئىسمىنى ئاتاۋاتىدىغۇ؟ — دېدى.
تۇران ئۆزىنى ماختىغان گەپلەرنى تەرجىمە قىلغۇسى كەلمەي:
— ئاپا، دادام، ئاكام توغرۇلۇق باشقا گەپ بولمىدى، — دېدى. جيا خېنىم تۇراننىڭ بۇ ھالىتىنى سېزىپ جيا بېگىمگە:
— بۇ قىز ھەقىقەتەن ياخشى تەربىيە كۆرگەنىكەن، ئۆزىنى ماختىغان گەپلەرنى ئاپىلىرىغا دېگۈسى كەلمەيۋاتىدۇ. بىز تونۇگۇن قاسىم ئاخۇننىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە بارغاندا سىزنىڭ ماڭا تاپىلىغان گېپىڭىزنى دېگەنىدىم، مېھمانلار بۈگۈن شۇنىڭغا كەلدىمىكىن، — دېدى.
تۇران ئەمدى ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىشقا باشلىدى. جىمىلخان:

— جيا بېگىم، بىز باراتنى كۆپ ئىزدىدۇق. ئىزدەپ، سۈرۈشتۈرۈپ ھاردۇق. ھېلىغىچە ھېچ ئىز - دېرىكى يوق. خېيىمخەتەرگە يولۇققان بولسا بۇ چاغقىچە خەۋىرى بولاتتى ياكى ئۆلگەن بولسا ئۆلۈكى تېپىلغان بولاتتى. يوقاپ كەتكەن يالغۇز مېنىڭ بالاملا ئەمەس، يەنە ئۇنىڭ ئۈچ ئاغىنىسىمۇ بار. ئۇ باللار مويىكىدا ئىشلەيدىغان ئىشلەمچىلەر ئىدى. بۇ تۆت بالىنىڭ بىراقلا يوقاپ كېتىپ ھېلىغىچە ھېچقانداق خەۋىرى بولمىغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇلارغا بىرەر سۇيىقەست بولۇپ قالدىمىكىن دەپ ئويلاپ، بۇنى سىزگە دەپ باقاي دەپ كېلىشىم، چۈنكى سىز ناھىيىمىزنىڭ تەپتىش بېگى، — دېدى. جيا خېنىم جيا بېگىمگە:

— بېگىم، شۇنداق بولغانمۇ نېمە؟ سۇيىقەست بولمىغان بولسا، بۇ تۆت ئادەم بىراقلا تۇيۇقسىز يوقاپ كېتەرمۇ دەيمەن، — دېدى. ئەمما جيا بېگىم:

— مەن دېگەن ھاكىمدىن كېيىن تۇرىدىغان ئەمەلدار تۇرسام، دەۋا - دەستۇرىڭلار بولسا نېمىشقا ھاكىم چيەن دارىننى ئىزدىمەي مېنى ئىزدەيسىلەر؟ — دېدى. ئايخان بىلەن جىمىلخان بىر - بىرىگە قارىشىۋېلىپ، تۈنۈگۈن ئىككىسى دېيىشكەن گەپلەر يادىغا كېلىپ جىمىلخان:

— جيا بېگىم، ئەسلىدە ھاكىم جانابلىرىنى ئىزدىسەك بولاتتى، لېكىن «چيەن دارىن بىلەن ۋاڭ بېگىم ئىككىسى قۇدىلىشىدىكەن» دېگەن گەپنى ئاڭلىدۇق. بىزنىڭ گۇمان قىلغان ئادىمىمىز دەل ۋاڭ بېگىم. شۇڭا گۇمانىمىزنى سىزگە دېگىلى كەلگەنىدۇق. جيا بېگىم، ئەگەر دەۋا - دەستۇرىمىزنى ئاڭلىغىڭىز كەلمىسە، بىز ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئۈرۈمچى ۋالىيسى بىلەن كۆرۈشىمىز، — دېدى.

جيا بېگىم ھەيران بولۇپ كۆلدى ھەم ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى كەينىگە تۇتۇپ پەگانى ئايلىنىشقا باشلىدى. ئايخان بىلەن

جىملىخان ئۇنىڭدىن قورۇنغاندەك بولدى. جيا خېنىم ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ جيا بېگىمگە:

— بېگىم، بۇ مېھمانلار كۆڭلىدىكى گەپنى دېگۈسى كېلىپ كەپتۇ، بالا كۆيىكى يامان. بىزنىڭمۇ بالىلىرىمىز مۇشۇنداق تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپ ئىز - دېرىكى بولمىسا، بىز قانداق بولۇپ كېتەرمىز، قاراڭا سىزنىڭ كۆلۈۋاتقىنىڭىزنى، — دېدى.

جيا بېگىم ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— مەن بۇ ئىككى ئايالنىڭ غەيرىتىگە ھەيران بولۇۋاتىمەن، — دېدى ۋە قولىنى ئايالىغا شىلتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — سىلەر خېنىملار بۇ ئىككى ئۇيغۇر ئايالنى زادىلا دورىيالمايسىلەر، بۇ ئىككىسىنىڭ غەيرەت - شىجائىتىگە قارىغاندا، ئۇرۇمچى ۋالىيسى ئەمەس، ھەتتا بېيجىڭگە بېرىپ خاننىمۇ ئىزدەيدىغاندەك قىلىدۇ.

جيا خېنىم كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋاي - ۋۇي بېگىم، بىز خېنىملارنى زاڭلىق قىلغىنىڭىز بىلەن بىزنىڭمۇ بېشىمىزغا مۇشۇنداق ئىش كەلسۇنچۇ قېنى، بىزمۇ بارىدىغان يەرگە بارالايمىز، — دېدى ۋە قولىنى ئالدىغا جۈپلەپ تۇتۇپ ئىلتىجا قىلدى، — ئامى تابا، ياراتقان ئىگەم بەندەڭنى بالا - قازادىن ساقلىغايسەن.

تۇران ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بېرىۋېدى، جىملىخان بىلەن ئايخان كۈلۈشۈپ كەتتى. جيا بېگىم ئۇ ئىككىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— سىلەرنىڭ مۇنداق غەيرىتىڭلارغا ئاپىرىن ئوقۇيمەن، لېكىن پاكىتىڭلار بارمۇ؟ — دېدى.

جىملىخان تارتىنىۋاتقاندەك بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ ئاستا:

— بىزنىڭغۇ پاكىتىمىز يوق، لېكىن باراتلارنى ۋاڭ بېگىم تۇتۇپ كەتتىمىكىن دەيدىغان گۇمانىمىز بار، — دەپ گېپىنى داۋاملاشتۇرالماي تۇرۇپ قالدى.

جيا بېگىم:

— گۇمان قىلغىنىڭلار بىلەن پاكىتىڭلار بولمىسا بىكار ئەمەسمۇ، — دېدى.

جىمىلىخان بىلەن ئايخان بىر - بىرىگە قارىشىپ جىم بولۇپ قالدى. جيا خېنىم جيا بېگىمگە:

— بېگىم، بۇلار گۇمانىنى دەپ باقامدۇ، دەرد - ئەھۋال ئېيتىپ كەلمەك تەس. بۇلار بالىسىنىڭ دەردىدە ئامالسىز ئالدىڭىزغا كەپتۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى جيا بېگىم كۈلۈپ، — قېنى گۇمانىنى دەپ باقسۇن. — ئۇ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. جىمىلىخان:

— جيا بېگىم، بىزنىڭ گۇمان قىلىدىغان ئىشلىرىمىز كۆپ ئەمەس، لېكىن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان بەزى ئىشلارنى ئويلاپ، ۋاڭ بېگىم سۇيىقەست قىلىپ ئوغلۇم بىلەن دوستلىرىنى تۇتقۇن قىلغۇالدىمىكىن دەپ گۇمان قىلىپ قالدۇق. قانداق دېسىڭىز، بىرىنچىدىن، ئوغلۇم دوستلىرى بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقى تەرەپتە يوقاپ كەتكەن، ئىككىنچىدىن بولسا، ئوغلۇمنىڭ دەپ بېرىشىچە ئۇ ئىنىم تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى سۇرۇشتۇرۇپ چيەن دارىن بىلەن كۆرۈشكەن. ئىككىسى سۆزلىشىپ قىزىرىشىپمۇ قالغان. ھەتتا چيەن دارىننىڭ ئاچچىقى كېلىپ، ئۇنى تۈگچىلىق خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتكەن. ئوغلۇم شۇ كۈنى ئۆيگە قايتىپ كېلىپ ماڭا ھاكىمنىڭ «ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇننى ‹باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ۋاڭ مىڭئېرنى ئۆلتۈرگۈزۈۋەتتى›، دېگەن گۇمان بىلەن ئەرز قىلدى» دېگەنلىكىنى ئېيتقانىدى. شۇڭا ۋاڭ بېگىم ئىنىمدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن ئوغلۇم بىلەن ئۈچ ئاغىنىسىنى قوشۇپ تۇتقۇن قىلىپ يوشۇرۇپ يۈرەمدىكىن دەپ ئويلايمەن، — دېدى. جيا بېگىم ئۇنى سىناۋاتقاندەك ياكى ھېچ نەرسە ئاڭلىمىغاندەك كۈلۈمسىرەپ

قاراپ تۇردى. ئۇنىڭغا ئاچچىقلانغان جيا خېنىم:
— بېگىم، پۇقرالار ئەرز ئېيتىپ كەلسە ئەجەب پىسەنتسىزگە ئالماي ھىجىيىپ تۇرىسىزغۇ. ۋاڭ بېگىم گۇمان بىلەن داڭلىق بىر باينى قولغا ئالدۇرالايدىكەنۇ، بۇلار ۋاڭ بېگىمدىن گۇمان قىلىپ كۆڭلىدىكىنى دېسە بولمامدىكەن؟ — دېدى.
جيا بېگىم كۈلۈپ:
— ھەي خوتۇن، سەن ئالدىراپ بىرنەرسە دېمە. سەن بىلسەڭ چيەن دارىن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىدىكى گۇمانلىرىنى پاكىت ئورنىدا كۆرۈپ تۇرداخۇننى قولغا ئېلىپ قويغانلىقى ئۈچۈن ئۇرۇمچىدىن كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارى «ئەگەر ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى ئاۋۋال ناھىيە بىر تەرەپ قىلماي زىددىيەت يوغىناپ كېتىپ ۋاڭ مىڭبېگىنىڭ ئۆلۈشىگە سەۋەبچى بولغان بولسا ئەرزنىڭ ناھىيىدە بىر تەرەپ قىلىنمىغانلىقىنىڭ جاۋابكارلىقى سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دەپ ئوچۇق ئېيتتى. شۇڭا چيەن دارىن ھازىر ناھايىتى ئوسال ئەھۋالدا تۇرۇۋاتىدۇ، ھەتتا ئۆزى قولغا ئالدۇرۇپ قاماققا تاشلىغان تۇرداخۇن بىلەنمۇ كۆرۈشەلمەيدۇ، — دېدى.
جيا خېنىم:
— ئەمىسە بۇلار دەۋا - دەستۇر قىلىپ كەلمىسۇنمۇ! — دېدى ئاچچىق قىلىپ.
جيا بېگىم قولىنى كەينىگە تۇتۇپ پەگادا ئايلىنىشقا باشلىدى. تۇران ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلماي جيا بېگىمنىڭ نېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇراتتى. بىر چاغدا جيا بېگىم جىملىخان بىلەن ئايخاننىڭ ئالدىدا توختاپ:
— بۈگۈن مېنى ئىزدەپ كەلگىنىڭلار ناھايىتى ياخشى بولدى. مەن ئەھۋالدىن خەۋەر تاپتىم. لېكىن بۇ گۇمانىڭلار بىلەن خاننىڭ ئالدىغا بارساڭلارمۇ «پاكىتىڭلار يوقكەن» دەپ بۇ

دەۋايىڭلارنى سورىمايدۇ. بۇنىڭدا چوقۇم باراتلارنى ۋاڭ بېگىمنىڭ تۇتۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن ئادەم بولۇشى كېرەك ياكى ۋاڭ بېگىمنىڭ «تۇرداخۇندىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن تۇرداخۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى باراتقا سۇيىقەست قىلىمەن» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغان ئادەم بولۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا بۇ دەۋايىڭلارنى نەگە بېرىپ ئىپتىساڭلار بولىدۇ. يېقىندا ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن تەپتىش ئەمەلدارى كېلىپ، تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىق مەسىلىسىنى تەكشۈرىۋاتىدۇ. ئەگەر تەكشۈرۈش جەريانىدا باراتلارنىڭ تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىشىگە ئائىت بىرەر يىپ ئۇچى چىقىپ قالسا، ئۇنى ئايرىم مەسىلە قىلىپ ئېنىقلايمىز. ئەگەر ئۇنداق يىپ ئۇچى چىقمىسا ۋاڭ بېگىمنى «باراتلارغا سۇيىقەست قىلدى» دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى.

جيا خېنىم:

— بېگىم، ئەگەر ئۈرۈمچىدىن كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارى تۇرداخۇننىڭ مەسىلىسىنى ئېنىقلاش جەريانىدا باراتلارنىڭ يوقاپ كېتىشىگە دائىر بىرەر يىپ ئۇچى چىقمىسا، بۇلار ھازىرقى گۇمانىغا ئاساسەن يەنە دەۋا - دەستۇر قىلالامدۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ.

— بۇلارنىڭ گۇمانىنى پاكىت دېيىشكە بولمىسا، باراتلار تېپىلمىسا، بۇ ئىش قېلىۋېرەمدۇ؟

— ھەي خوتۇن، — دېدى جيا بېگىم زەردە بىلەن،— بۇ دۇنيادا پاكىتى يوق، ئىز - دېرىكى بولمىغان، سۈرۈشتۈرۈلمىگەن ئىشلار كۆرمىڭ، بىلەمسەن؟

جيا خېنىم قولىنى دەرھال ئالدىغا جۈپلەپ تۇتۇپ: — ئامى تابا. . . ياراتقان ئىگەم بەندىلىرىگىنى بالا - قازادىن، قۇرۇق سۆز - قۇرۇق تۆھمەتتىن ساقلىغايسەن، — دېدى. تۇران ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلمايلا ئاپىسىغا بۇرۇلۇپ:

— ئاپا بىز قايتايلى، بىزنىڭ گۇمانلىرىمىز بىكار بولىدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى دەۋا - دەستۇر قىلماي خۇدادىن تىلەيلى، — دەپ مىڭىشقا تەمشەلدى.

جىمىلىخان بىلەن ئايخان كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىگە ياش ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. لېكىن جىيا بېگىم ئۇلارنى توختىتىپ تۇرانغا:

— قىزىم تۇران، ئاپاڭلار نېمىشقا يىغلايدۇ؟— دېدى.

تۇران ئۆزىنىڭ ئويلىغانلىرىنى دېگەندىن كېيىن جىيا بېگىم جىمىلىخانغا قاراپ:

— جىمىلىخان، مېنىڭچە باراتلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىشى مۇمكىن ياكى چوقۇم خەۋىرى چىقىپ قالىدۇ. سەۋر قىلايلى، مېنىڭچە تۇرداخۇن چوقۇم ئاقلىنىپ چىقىدۇ. چۈنكى ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۇنى قولغا ئالدۇرغىنى پاكىت ئەمەس. تۇرداخۇن ئاق كۆڭۈل ئادەم، ئۇ كىشىگە سۇيىقەست قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، — دېدى.

ئايخان بىلەن جىمىلىخاننىڭ چىرايى ئوچۇشۇپ كۈلۈمسىرىدى. تۇرانمۇ خۇش بولدى. ئۇلارغا قاراپ جىيا خېنىممۇ خۇش بولۇپ:

— ئىشلار چوقۇم خەيرلىك بولىدىغان ئوخشايدۇ. باراتلارمۇ تېپىلىدۇ، تۇرداخۇنمۇ تۇرمىدىن چىقىدۇ. ئەمدى بىز كىشىنىڭ كۆڭلىنى يېرىم قىلىدىغان دەۋا - دەستۇرنىڭ گېپىنى قىلىشماي، خۇش بولىدىغان باشقا گەپلەرنى قىلىشايلى، — دېدى ۋە جىيا بېگىمگە بېشارەت بەردى، — مېھمانلارغا ئايرىم ئۇستەل تەييارلاپ قويدۇق. مېھمانلار بىزنىڭ تامىقىمىزنى يېمىسىمۇ مېۋە - چېۋە بىلەن چاي - پاي ئىچىشسۇن.

جىيا بېگىم خۇش بولۇپ:

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولسۇن، — دېدى ۋە تۇرانغا قاراپ داۋام ئەتتى، — بۇ قىزىم بىزنىڭ گېپىمىزنى بەك چىرايلىق

سۆزلەيدىكەن، ئەمدى بىزنىڭ باشقا گەپلىرىمىزنى ئۆرۈپ بەرسۇن.

تۇران خۇش بولدى. جىيا خېنىم مېھمانلارنى سارايغا باشلىدى. مېھمانلار ساھىبخانىلار بىلەن خۇشال پاراڭلىشىپ قايتىشتى.

# يىگىرمە بەشىنچى باب

## ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاقنىڭ ئۇتقۇنلارنى سېزىپ قالغانلىقى

ئېتىز - ئېرىق، كەڭ دالىنى قېلىن قار باسقان بولۇپ، ئەتراپ تەپتەكشى كۆرۈنەتتى. يىراق - يېقىندا كېتىۋاتقان بىرەر يولۇچىنى ياكى ناگان - ناگاندا ئۇچراپ قالىدىغان يالغۇز هارۋىلارنى هېسابقا ئالمىغاندا ئەتراپ تىپتىنچ ئىدى. بولۇپمۇ ناهىيە بازىرىدىن خېلى يىراق ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقى تېخىمۇ تىنچ ئىدى. لېكىن بۇ كۈنلەردە هاۋا ئىنتايىن سوغۇق بولغىنىغا قارىماي، ياشلار زېرىكىپ قالسا يىراق - يېقىنغا بېرىپ ئايلىنىپ كېلەتتى. ئۇلار ئۇچۇن قار كېچىپ يىراقلارغا بېرىپ ئويناش بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئىش ئىدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق ئۆيدىن چىقىپ «ئويناپ كېلەيلى» دېيىشىپ قورۇق ئالدىدىن ئېتىزغا ئۆتۈپ، قار كېچىپ ئويناپ يۈرۈپ يىراقلاپ كەتتى. بۇ ئىككى قىزنىڭ ئۆيدە قىلىدىغان ئىشى بولمىغاچقا، مەيلى ياز بولسۇن ياكى قىش بولسۇن، ئۆيدىن چىقسىلا يىراق - يېقىنغا بېرىپ ئويناپ كېلىدىغان ئادىتى بار ئىدى. بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇلار بىر - بىرىگە قار ئېتىشىپ يۈرۈپ خېلى ۋاقىت ئۆتكەنلىكى يادىغا يېتىپ ئاسمانغا قاراشتى. كۈن پەسلەپ، ئېگىز دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە يېقىنلاشقانىدى. قىش كۈنلىرى كۈن قىسقا بولغاچقا، ئاسانلا كۈن پېتىپ كېتەتتى. شۇڭا ئۇ ئىككىسى

بالدۇرراق ئۆيگە بېرىۋېلىشنى ئويلاپ كەينىگە قايتتى. كېتىۋېتىپ دۇ قىزچاق يىراقتىن ئىككى ئاتلىق ئادەمنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا قورۇقى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتلىقلارغا سەپسالدى. بۇلار بىلەن ئاتلىقلارنىڭ ئارىلىقى بىر چاقىرىمچە بولۇپ، ئۇلارنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى.

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، ئاياققا قاراڭە، ئىككى ئاتلىق ئادەم سىلەرنىڭ كونا قورۇقىڭلارغا كېتىۋاتقاندەك قىلىدۇ، — دېدى دۇ قىزچاق.

ۋاڭ شىئېر دەرەخ ئارىسىدىن ئىككى ئاتلىقنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىسىمۇ، لېكىن «بۇ كەچتە ئادەمسىز ئۇ كونا قورۇققا كېتىۋاتقان كىملەردۇ» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ تەرەپتە ئۇ كونا قورۇقتىن باشقا ئۆيمۇ يوق ئىدى. ئاتلىقلار كونا قورۇققا ئۇدۇل كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇلار بۇ كونا قورۇقتا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ياز كۈنى بولسىغۇ ئامبار قىلىنىۋالغان بۇ قورۇققا قورۇقنىڭ ئادەملىرى نەرسە - كېرەك ئالغىلى بارىدۇ. ئەمما بۇ زىمىستان سوغۇق كۈنلەردىچۇ، يەنە كېلىپ هازىر كۈن پېتىشقا ئاز قالغان تۇرسا... ۋاڭ شىئېر ئۇ ئىككى ئاتلىق ھەققىدە ئويلاپ دۇ قىزچاققا:

— چاپسان قايتايلى، ئۆيگە بارغىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۇلار بەلكىم يولدىن ئېزىپ قالغان يولۇچىلار بولمىسۇن، — دېدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، — دېدى دۇ قىزچاق، — ئۇلار ھېچكىم يوق بۇ قورۇققا بېرىپ چوقۇم قايتىپ كېتىشىدۇ.

ئۇ ئىككىسى خېلى مېڭىپ ئېتىزدىن كونا يولغا چىقىپ، قەدىمىنى تېزلەتتى. ئۇلار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە ئاللىقاچان كۈن پېتىپ، گۇگۇم چۈشكەنىدى. ئۆينىڭ ئالدىدا ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغان خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ نەگە بېرىشقانلىقىنى سورىدى ۋە ۋاڭ خېنىمنىڭ بۇ ئىككىسىدىن ئەنسىرىگەنلىكىنى

ئېيتىشتى. ئۇ ئىككىسى دەرھال ئۆيگە كىردى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارنى كۆرۈپ خاپا بولۇپ:

— نەگە بېرىشتىڭ بىزنى ئەنسىرىتىپ؟ — دەپ ئاچچىق قىلدى. ئىككىسى بېشىنى سىلىپ جىم تۇردى. ئاچچىقى يانمىغان ۋاڭ خېنىم يەنە قولىنى ئۇلارغا شىلتىپ تۇرۇپ، — بۇنىڭدىن كېيىن نەگە بېرىشساڭ دەپ قويۇپ كېتىش، بىزنى ئەنسىرەتمەي، دادىڭىز ھازىرلا ئۆيدە باردەك قىلاتتى، ئۇمۇ گەپ قىلماي يوقاپ كەتتى، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى. ئاپىسىنىڭ يەنە ئاچچىقلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ:

— ئاپا، خاپا بولماڭ، دۇ قىزچاق ئىككىمىز ئويناپ يىراققا كېتىپ قاپتۇق. كۈن پېتىشقا ئاز قالغانلىقىنى بىلىپ ئالدىراپ قايتىپ كەلدۇق، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم تېخىمۇ ئاچچىقلىنىپ:

— يەنە كەچ كەلگىنىڭلار بارمىتى جۇۋاينىمەكلەر، باراتتەك تۆت ئوغۇل بالا ئىدى - دېرەكسىز يوقاپ كېتىۋاتسا، قىزلاردىن ئانا ئەنسىرىمەمدۇ، يەنە كېلىپ باراتلار بىزنىڭ مۇشۇ قورۇق ئەتراپىدىكى دالىدا يوقالغان تۇرسا، — دېدى.

ئۇ ئىككى قىز قورقۇپ كېتىپ، خۇددى ئاپىسى ھازىر كېلىپلا ئۇرۇپ كېتىدىغاندەك بىر - بىرىگە يېقىن بولۇۋالدى. ۋاڭ خېنىم ئۇ ئىككىسىنىڭ راستىنىلا قورققانلىقىنى سېزىپ ئاچچىقى يانغاندەك بولۇپ:

— ھازىر كۆزۈمدىن يوقىلىش، ھۇجراڭغا كىرىپ كېتىش. سەنلەردىن ئەنسىرەپ ھېلىغىچە تاماق يېمىدۇق، — دېدى.

ئىككى قىز ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىدىن قورۇنۇپ ئۆتۈپ دالانغا چىققاندا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك پەلەمپەيدىن تاراقشىپ ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. خىزمەتچىلەر ئۇلارنىڭ كەچلىك تامىقىنى

ھۆجرىسىغا ئەكىرىپ بەردى. ئۇ ئىككىسى تامىقىنى يەپ بولۇپ ھۆجرىدىن چىقىپ پەسكە چۈشۈپ، مېھمانخانىغا كىردى. مېھمانخانىدا ئاپىسى بىلەن بەي ئاغىچىلا بولۇپ، دادىسى يوق ئىدى. ۋاڭ خېنىم قىزىغا ئالىيىپ قارىدى. ۋاڭ شىئېر ئاپىسىنىڭ ئاچچىقى يانمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، كەچلىك تاماقتا دادىسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ:

— ئاپا، دادام يوققۇ؟ — دەپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. دۇ قىزچاق كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇردى. ۋاڭ خېنىم:

— ۋاي تاڭەي، دادىڭىز بايا يوقاپ كەتكەنچە ھېلىغىچە پەيدا بولمىدى. يېقىندىن بېرى دادىڭىز كەچتە يوقاپ كېتىدىغان بولۇۋالدى، — دېدى. بەي ئاغىچا ئىككى قىزغا قاراپ:

— سىلەر چۈشتىن كېيىن بىزنى ھەقىقەتەن قاتتىق ئەنسىرەتتىڭلار. سىلەرنى ئىزدىتىپ ئادەممۇ ئەۋەتتۇق، گۇگۇم چۈشكەندە پەيدا بولدۇڭلار، سىلەرنى كۆرۈپ ئۇھ دېدۇق. شۇڭا بۈنىڭدىن كېيىن نەگە بارساڭلار دەپ قويۇڭلار، مۇنداق كەچ قالماڭلار، — دېدى.

— ئاپا، بىز خاتا قىلدۇق. ئەمدى سىلەرنى ھەرگىز ئەنسىرەتمەيمىز، كەچۈرۈڭ ئاپا، — دېدى ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا.

دۇ قىزچاق دەرھال ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ:

— ۋاڭ خېنىم، مەن ۋاڭ شىئېر خېنىمنى «بالدۇرراق قايتايلى» دەپ ئەسكەرتمەي قار كېچىپ ئويناپ كېتىپتىمەن، — دېدى. ئۇ ئىككى قىز گۇناھىنى تونۇۋاتقانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ خېنىم سەل كۈلۈمسىرەپ:

— بولدى، ئەمدى كۆزۈمگە سەت كۆرۈنمەي چىقىپ كېتىڭلار، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى پەلەمپەيدىن چىقىۋاتقاندا ۋاڭ

خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ئىختىيارسىز كۈلۈشۈپ كەتتى.
ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق كەچلىك تاماقتىن كېيىن ئادەتتە ھۇجرىسىغا كىرىپ پاراڭلىشىپ، ئوينىشىپ، ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ ئۇخلاپ قالاتتى. لېكىن بۈگۈن كەچلىك تاماقتا ۋاڭ بېگىمنىڭ يوقلۇقى ۋاڭ شىئېرنىڭ خىيالىغا كىرىۋالغاچقا، خىيال سۈرۈپ جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھالىغا قاراپ دۇ قىزچاقمۇ ئارتۇق گەپ قىلماي جىم ئولتۇردى. ئۇلار ئۇيقۇسى كېلىپ كىيىملىرىنى سېلىپ ئورۇنغا كىرىپ بولغاندىمۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيگە يېنىپ كەلگەنلىكى سېزىلمىدى. ئادەتتە ۋاڭ بېگىم كەچ قېلىپ يېرىم كېچىدە كەلسىمۇ دالاندا چىققان تاراق - تۇرۇق بالىخانىدىكى بۇ ئىككى قىزنىڭ ھۇجرىسىغا ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىناتتى. مانا ھېلىغىچە دالان تىپتىنچ. قىش كۈنلىرى كېچىدە سايرايدىغان قۇشلار، قۇرت - قوڭغۇزلار بولمىغاچقا، ھازىر بۇ ئۆيلەر خۇددى گۆردەك جىمجىت ئىدى. ۋاڭ بېگىم ھېلىغىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭ شىئېر كۈن پاتارغا يېقىن كونا قورۇققا كېتىۋاتقان ھېلىقى ئىككى ئاتلىق يوچۇن ئادەمنى ئىختىيارسىز ئويلاپ قالدى. كونا قورۇققا تونۇش ئادەملەر بارمىسا كىم بارىدۇ... ۋاڭ شىئېر بۇلارنى ئويلاپ زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى:

— يۇر، ئاپامنىڭ يېنىغا چىقىپ پاراڭلىشىپ كىرەيلى، — دېدى ۋاڭ شىئېر دۇ قىزچاققا. دۇ قىزچاقمۇ ئۇخلىمىغانىدى. لېكىن ئۇ:

— نېمىشقا؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.

— پەقەت ئۇيقۇم كەلمەيۋاتىدۇ، ئاپامنىڭ يېنىغا چىققىم كېلىۋاتىدۇ.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، ۋاڭ خېنىم ئۇخلاپ قالدىمىكىن.

— ياق، دادام ھېلىغىچە كەلمىگەچكە، ئاپام ئۇخلىمىدى.

— بولىدۇ، — دۇ قىزچاق ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيىشكە باشلىدى. ئۇ ئىككىسى چىراغنى ياندۇرمايلا قاراڭغۇدا پەلەمپەيدىن ئاستا چۈشۈپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى. ئۇمۇ ئۇخلىمىغانىدى. ئۇ ئىككى قىزنىڭ بالىخانىدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ «چوقۇم مېنىڭ يېنىمغا كىرىدۇ» دەپ ئويلاپ كىيىملىرىنى كىيگەنىدى. قىزلار كىرگەندە ۋاڭ خېنىم چىراغ ياندۇرۇشقا تەمشەلدى، لېكىن ۋاڭ شىئېر:

— ئاپا، چىراغ ياقماڭ، يېنىڭىزدا بىر دەم ئولتۇرۇپ چىقىپ كېتىمىز، — دېدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، — ۋاڭ خېنىم نېرى سۈرۈلۈپ، تۆشەكتىن ئۇلارغا ئورۇن بوشىتىپ بەردى. ئىككى قىز ۋاڭ خېنىمنىڭ ئىككى يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ خېنىمۇ زېرىكىپ قالغانىدى، شۇڭا ئۇ ئىككىلىسىنى قۇچاقلاپ:

— نېمە بولدى، بۈگۈن ئەجەب ئۇيقۇڭلار كەلمەي قاپتۇغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ئاستا:

— ئاپا، دادام ھېلىغىچە ئۆيگە قايتىپ كەلمەپتۇغۇ؟ بايا بىر دالىدىن قايتىپ كېلىۋېتىپ ئاتلىق ئىككى ئادەمنىڭ كونا قورۇقىمىز تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈق، ئۆيگە كەلسەك دادام يوق، ھېلىمۇ قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇ كونا قورۇققا مۇشۇ قورۇقىمىزنىڭ ئادەملىرى بارمىسا كىم بارىدۇ؟ مۇشۇلار خىيالىمغا كىرىۋېلىپ ئۇيقۇم كەلمەي يېنىڭىزغا چىقىشىم، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىشى بىلەن دۇ قىزچاق:

— ۋاڭ خېنىم، كۆرگىنىمىز راست، ئۇ ئىككى ئاتلىق ئادەمنى ئالدىدا مەن كۆرۈپ ۋاڭ شىئېر خېنىمغا دېسەم، ۋاڭ شىئېر خېنىم ئۇلارنىڭ كىملىكىنى بىلەلمەي «بەلكىم يولدىن ئېزىپ قالغانلاردۇر» دېدى. لېكىن ھازىر ۋاڭ شىئېر خېنىمنىڭ

گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ئويلىنىپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى. ۋاڭ خېنىم ئۇ ئىككى قىزدىن قولىنى بوشىتىپ ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ گەپ قىلىشىغا تەقەززا بولۇۋاتقان ۋاڭ شىئېر:
— ئاپا، گەپ قىلىڭچۇ، دادام يېقىندىن بېرى غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۇ ھازىر ئىلگىرىكىدەك «ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېر» دەپ يىغلىمايدىغان، ھەتتا ئاكامنىڭ گېپىنىمۇ قىلمايدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى.
— قىزىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ بېشىنى سىيلاپ،
— سىلەر يىراقتىن كۆرۈپ قالغان ئۇ ئادەملەرنى ئويلاپ كەتمەڭلار. بەلكىم ئۇلار يولدىن ئېزىپ قالغانلاردۇر. سىلەر ئۇ ئاتلىق ئىككى ئادەمنىڭ يولۇچى ياكى بىزنىڭ قورۇقنىڭ ئادىمى ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئەتە چۈشتىن بۇرۇن ئوينىغان بولۇپ كونا قورۇققا بېرىپ بېقىڭلار. ئەگەر قورۇقتا ئادەم بولسا، ئۇ ئىككى ئاتلىق يوچۇن ئادەم بىزنىڭ قورۇقنىڭ ئادىمى بولىدۇ. ئەگەر ئادەم بولماي بۇرۇنقىدەك جىمجىت بولسا، ئۇ ئىككى ئاتلىق راستىنلا ئېزىپ قالغان يولۇچى بولۇشى مۇمكىن.
ئىككىسى ئۇنىڭ سۆزىدىن رازى بولۇشۇپ كۈلۈمسىرەشتى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارنىڭ خۇش بولۇۋاتقانلىقىنى سېزىپ:
— ئەمدى ھۇجراڭلارغا چىقىپ ئۇخلاڭلار، ئۇيقۇڭلار تازا كېلىدۇ، — دېدى. ئىككىسى خۇشال بولۇپ ئۇنى قۇچاقلاپ قويۇپ ئۆيدىن چىقىشتى.
ۋاڭ خېنىم ئۇ ئىككىسى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار دېگەن ئىككى ئاتلىقنى ئويلاپ تېخىمۇ ئۇيقۇسى قېچىپ، يوتقانغا كىرىپ تورۇسقا قاراپ خىيال سۈرۈپ ياتتى. ۋاڭ شىئېر بايا دېگەندەك يېقىندىن بېرى ۋاڭ بېگىمنىڭ مىجەزى بارغانسېرى قوپال، چۇس بولۇپ كېتىۋاتاتتى. ھەتتا ۋاڭ خېنىم گەپ قىلسىمۇ توك تېگەتتى. بولۇپمۇ مېڭىش - تۇرۇشى بەكمۇ سىرلىق بولۇپ، نەگە بېرىپ، نەدە تۇرغانلىقىنى ۋاڭ شىئېر

سورىسىمۇ گەپ قىلمايتتى. كەچ كىلىدىغان، بەزىدە تاڭ ئاتقاندا كېلىدىغان، ھەتتا بىر - ئىككى كۈن يوقاپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ پەقەت گاۋ غوجىدار بىلەنلا مۇڭدىشىدىغان، قوپسا - تۇرسا ئىككىسى بىللە يۈرىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇ خىيال سۈرۈپ تاڭغا يېقىن كۆزىگە ئەمدى ئۇيقۇ كىلەي دېيىشىگە دالاندا تاراق - تۇرۇق ئاۋاز پەيدا بولۇپ، ۋاڭ بېگىم ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى ھارغان بولۇپ، ۋاڭ خېنىم چىراغ ياندۇرغىچە جۇۋىسى، پىيمىسىنى سېلىپ، تۆشەككە ئۆزىنى تاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. ۋاڭ خېنىم چىراغنى ئەكىلىپ قارىدى. ئۇ ھېچنەرسىنى سەزمەيتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ چىراغنى ئۆچۈرۈپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ يەنە خىيالغا كەتتى.

ئەتىسى ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق ناشتا قىلىپ بولۇپ، يەنە دالىغا ئوينىغىلى ماڭدى. ئۇلار ئېتىز ئارىلاپ قار ئېتىشىپ ئويناپ ماڭغاچقا، باشقىلار كۆرسىمۇ «يەنە ئويناپ مېڭىپتۇ» دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ دادىسىنىڭ ئاخشام ئۆيگە قاچان يېنىپ كەلگەنلىكىنى بىلمەيدۇ. لېكىن ئەتىگەنلىك ناشتىدا دادىسى يەنىلا يوق. ياتىدىغان ئۆيىگە كىرسە دادىسى ئۆلۈكتەك ئۇخلاۋاتاتتى. شۇڭا، «تۈنۈگۈنكى ئىككى ئاتلىق ئادەمنىڭ بىرى دادام بولۇشى مۇمكىن» دەپ گۇمان قىلدى. ئەمىسە يەنە بىرى كىمدۇ؟ گاۋ غوجىدارمىدۇ؟ ئۇلار كۈن پاتارغا يېقىن كونا قورۇقتا نېمە قىلىدۇ؟ ۋاڭ شىئېر ئۇ ئىككى يوچۈن ئاتلىقنى ئويلىماسلىققا شۇنچە تىرىشىسىمۇ، يەنىلا خىيالىدىن كەتمەيتتى. دۇ قىزچاق ئۇ ئىككىسىنى «قورۇقتىكىلەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دەپ ئويلىمايتتى. شۇڭا ئۇلار كونا قورۇققا ئاز قالغاندا دۇ قىزچاق:

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، ئەگەر ئاپىڭىز دېگەندەك قورۇقتا ئادەم بولۇپ قالسا، بىز يىراقتىن كۆرگەن ئاتلىق ئىككى ئادەم مۇشۇ قورۇقنىڭ ئادىمى بولۇپ قېلىشى مۇمكىنمۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر «ئۇ ئىككى ئادەمنىڭ بىرى دادامىمكىن» دەپ گۇمان

قىلسمۇ، لېكىن ئۇنداق بولۇپ قېلىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلمايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا چۆچۈگەندەك قاراپ:

— بەلكىم دادام كونا قورۇقتىكى ئامباردىن بىرەر نەرسە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇغان ئادەملەردۇر، — دېدى.

— شۇنداق بولغاي ئىلاھىم، لېكىن بۇ قاتتىق سوغۇقتا بېگىمگە كونا قورۇقتىكى نېمە لازىم بولۇپ قالغان بولغىيدى، — دېدى دۇ قىزچاق ئــۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش «قورۇق ئادەملىرىدىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن» دېگەن ئويدا بولغانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى بارغانسېرى قورقۇنچ باستى. لېكىن ئۆزىنىڭ گۇمانىنى زادىلا دېگۇسى كەلمەي، بولمىغۇر خىياللاردىن قۇتۇلۇشقا تىرىشىپ:

— ماڭا قارا، ئەگەر كونا قورۇقتا ئادەم بولۇپ قالسا، ئاپام دېگەندەك ئۇ ئاتلىق ئىككى ئادەم چوقۇم بىزنىڭ قورۇقنىڭ ئادەملىرى بولىدۇ. ئۇ چاغدا ئاپامغا نېمە دەيمىز؟ — دېدى.

— نېمە دەيتتۇق، — دېدى دۇ قىزچاق دەرھال، — نېمىنى كۆرسەك شۇنى دېمەيمىزمۇ.

ۋاڭ شىئېرنى تېخىمۇ قورقۇنچ بېسىپ، يەنە گەپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئاڭغىچە ئۇلار كونا قورۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ئىككى قىز قورۇققا چاپسانراق بېرىش ھەم باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغىماسلىق ئۈچۈن، ئېتىز ئارىلاپ قار كېچىپ كېلىپ، دەرۋازا ئالدىدا نۇرغۇن ئات تۇيىقىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇشتى. بۇ ئىزلار ئىچىدە كونا ئىزلارمۇ، يېڭى ئىزلارمۇ بار ئىدى. بۇ ئىزلار قورۇققا كىرىپ كەتكەنىدى. قورۇقنىڭ ئۇ چېتى كەڭ دالا ھەم ۋاڭ بېگىمنىڭ چەتتىكى ئېتىزلىرى ئىدى. لېكىن ئۇ تەرەپتە ئات تۇيىقىنىڭ ئىزى يوق ئىدى. قارىغاندا بۇ كونا قورۇققا يېقىندىن بېرى ئاتلىق ئادەملەر كېلىپ - كېتىپ تۇرغاندەك قىلاتتــى. توڭلاپ قالغان ئات تېزەكلىرىمۇ كۆپ ئىدى. بۇنىڭغا قاراپ ئۇ ئىككىسى تېخىمۇ

ھەيران بولۇپ، دەرۋازىدىن قورۇققا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئەتراپ تىپتىنچ، كىشىنى سۈر بېسىپ تۇراتتى. دۇ قىزچاق ۋاڭ شىئېرغا:

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، قورقۇۋاتىمەن، — دېدى.

— مەنمۇ قورقۇۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ شىئېر ئاستا، — لېكىن ئاتلارنىڭ تېزىكىگە قارىغاندا بۇ يەردە كۈندۈزى ئادەم يوقتەك، كېچىسى باردەك قىلىدۇ، شۇڭا ھازىر ئىچىگە كىرىپ باقايلى...

— كىرىۋېرەمدۇق؟ — دېدى دۇ قىزچاق ئىككىلىنىپ.

— ھەئە، كىرىپ باقايلى، ئەگەر كىرمىسەك ئۇ ئىككى ئاتلىق بىزنىڭ قورۇقنىڭ ئادەملىرىمۇ ياكى يولۇچىلارمۇ، قانداق بىلىمىز؟

— بولىدۇ، ئەمىسە.

ئۇ ئىككىسى ئاستا دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ يوچۇقىدىن مارىدى. ھويلا جىمجىت ئىدى. ئىككى قىز دەرۋازىنىڭ قانىتىنى ئادەم پاتقىدەك ئېچىپ ئاستا كىرىشتى. ئۇلارنىڭ ئالدىغا بىرەر ئادەم ياكى بىرەر ئىت چىقمىدى. ھويلىدىكى ئات تۇيىقىنىڭ ئىزلىرى دەرۋازا ئالدىدىكىدەك جىق ئىدى. ئات تۇيىقىنىڭ ئىزلىرى ئارىسىدا ئادەمنىڭ ئىزىمۇ بار ئىدى. ئىككى قىز ئىزلارغا قىزىقىپ ئۆينىڭ ئالدىغا يېقىنلىغاندا، ئالدىدىكى چوڭ ئۆينىڭ ئىچىدىن بىرسىنىڭ ناھايىتى بوش ئىڭراۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. ئۇ ئىككىسى جايىدا توختاپ ئاۋازغا دىققەت قىلدى. ئۆيدىن ئىس پۇرىقى چىقىۋاتقاندەك قىلاتتى. دۇ قىزچاق پىچىرلاپ:

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، كەتسەكمىكىن، — دەپ قورقۇپ كەينىگە قارىدى.

— ياق، — دېدى ۋاڭ شىئېر، — ھويلىدا ئادەم بولسا چوقۇم بىزنىڭ قورۇقنىڭ ئادەملىرى. قورقمىغىن، ئاۋاز

چىققان ئۆينى ماراپ باقايلى، مېنىڭچە خەتەر يوق.

— بولىدۇ، — دۇ قىزچاق بۇرۇلۇپ قارىدى. ئىككىسى مېڭىپ ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئاۋاز ئەمدى خېلى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى، لېكىن ناھايىتى ئاجىز بولۇپ، ئىڭراش بەزىدە ئۇزاق - ئۇزاق ئۈزۈلۈپ قالاتتى. ۋاڭ شىئېر ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ماردى. ئۆي قاپقاراڭغۇ بولغاچقا ھېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. لېكىن يوچۇقتىن ئۇزاق قاراپ تۇرغاچقا، ئۆي ئىچى غۇۋا بولسىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئادەمنىڭ تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى، چەتتىكى ئىككى بۇلۇڭدا ئىككى ئادەمنىڭ ئىڭراپ ياتقانلىقىنى كۆرۈپ قورقۇپ كېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ بىردەم جىم بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ يېنىدا يوچۇقتىن ماراشقا جۈرئەت قىلالماي تۇرغان دۇ قىزچاق:

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر گەپ قىلماي ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. دۇ قىزچاق ئەمدى بېشىنى ئېگىپ يوچۇقتىن ماراپ، بىردەمدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۆزىنى تارتىپ، قورققانلىقىدىن ۋاڭ شىئېرنى قۇچاقلىۋالدى. ۋاڭ شىئېرمۇ ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ:

— دۇ قىزچاق، قورقمىغىن، بۇ ئۆيدە ئاشۇ ئادەملەردىن باشقا ئادەم يوق ئوخشايدۇ. ئىككىمىز كىرگىلى خېلى بولدى، ئۇنداق بولمىسا بۇ چاغقىچە بىرەرسى ئالدىمىزغا چىققان بولاتتى. شۇڭا ئىككىمىز قورقماي ئۆيگە كىرىپ باقايلى. مېنى قورقمايۋاتىدۇ دەمسەن، مەن سەندىنمۇ بەتتەر قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەمما تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغان ئادەمنى، بۇلۇڭدا ئىڭراپ ياتقان ئادەملەرنى كۆرمەي كەتسەك بولامدۇ. ئەگەر بىز كۆرمەي كېتىپ بۇ يەردە بىرەر ئىش چىقىپ قالسا، دادامنىڭ يۈزىگە سەت بولىدۇ، چۈنكى بۇ بىزنىڭ قورۇقتە. قانداق دەيسەن؟ — دېدى.

دۇ قىزچاق بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، سىز قورقمىغاندىكىن، مەنمۇ قورقماي كىرىۋېرەي، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر كۈلۈمسىرەپ:

— سەن قورقمىساڭ مەنمۇ قورقمايمەن، يۈر، — دەپ ئىشىكنى ئاچتى. ئۆي ئىچى يورۇدى. ئۆينىڭ تۈگۈلۈكى ھەم ئېتىكلىك ئىدى. ئىشىكنىڭ كەينىدە ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرگە ئورالغان يوغان بىر نەرسە تۇراتتى. تورۇسقا ئېسىقلىق ئادەم ئېنىق كۆرۈندى. نېرىقى ئىككى بۇلۇڭدىكى ئىگراۋاتقان ئادەم ئوڭدىسىغا ياتاتتى. ئوچاقتىن ئىسنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇراتتى، شۇڭا ئۆي ئانچە سوغ ئەمەس ئىدى. ۋاڭ شىئېر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىپ، ئېسىقلىق تۇرغان ئادەمگە قارىدى ـ دە كەينىگە داجىپ:

— يۈر، كېتەيلى، — دېدى دۇ قىزچاققا.

دۇ قىزچاق دەرھال بۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. لېكىن ئىشىك كەينىدىكى ئەسكى - تۈسكىگە ئورالغان قاتتىق يوغان نەرسىگە پۇتلىشىپ، سەنتۈرۈلۈپ كېتىپ ئىشىكنى ئاران تۇتۇۋالدى. ۋاڭ شىئېر ئۇنى يۆلەپ تۇتۇۋېلىپ ئىشىكتىن چىقىپ، ئىشىكنى ھەم يېپىپ ھويلىدىن ئاستا چىقىپ، كەلگەن يولى بىلەن ئېتىز ئارىلاپ ئۇدۇل ئۆيگە يېنىپ كېلىشتى.

ئىككى قىزنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ۋاڭ خېنىم ئۇلار ھۇجرىسىغا كىرىشى بىلەنلا كەينىدىن كىرىپ كەلدى. ئۇ ئىككى قىزنىڭ قورقۇمسىراپ تۇرغان پەرىشان ھالىتىنى كۆرۈپ:

— نېمە بولدۇڭلار؟ — دەپ ھەيران بولۇپ سورىدى.

ۋاڭ شىئېر ھۇجرىسىغا كىرىپلا ئىختىيارسىز قورقۇنچ بېسىپ دۈم يېتىۋالغانىدى. دۇ قىزچاق ئۇنى كۆرۈپ تېخىمۇ قورقۇپ تىترەپ تۇراتتى. ۋاڭ خېنىم يەنە:

— زادى نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ شىئېر ئاغزىغا گەپ كەلمەي ئاپىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ دۇ قىزچاقمۇ ۋاڭ خېنىمنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇ ئىككىسىنى بىردەم بەزلەپ:

— نېمە ئىش بولغانلىقىنى ماڭا دەڭلارچۇ، نېمىنى كۆردۈڭلار؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاپا، بارات ئاكاملار كونا قورۇقتا ئىكەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— ۋۇي، نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى.

— راست ئاپا، ئىشەنمىسىڭىز دۇ قىزچاقتىن سوراڭ.

ۋاڭ خېنىم دۇ قىزچاققا قاراپ:

— راستمۇ؟ — دېدى.

دۇ قىزچاق بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— ۋاڭ خېنىم، مەنمۇ قورقۇپ كېتىپ ئۇلارغا تۈزۈك قارىيالمىدىم، شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسىنىڭ بارات ئاكام ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. لېكىن بىر ئادەم ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ئىككى ئادەم نېرىقى ئىككى بۇلۇڭدا ئىڭراپ ياتىدۇ. ئىشىكنىڭ كەينىدە ئۈستىگە ئەسكى - تۈسكى تاشلاپ قويۇلغان بىر قاتتىق يوغان نەرسە بار ئىكەن. مەن ئۇنىڭغا ئۆيدىن چىققىچە پۇتلىشىپ كەتتىم. ئۇ ئادەممۇ ياكى باشقا نەرسىمۇ، بىلمەيمەن، مېنىڭچە ئۇنى ئادەممىكىن دەيمەن. چۈنكى ئۇ نەرسىنىڭ تېگىدىن بىر پاي ئۆتۈك چىقىپ تۇرىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم پېشانىسىگە بىرنى ئۇرۇپ قىزىغا:

— سىز بارات ئىكەنلىكىنى راستىنلا تونۇدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— ئاپا، مەن بارات ئاكام ئىكەنلىكىنى نېمىشقا تونۇمايمەن،

مەن ئۇنى قاپقاراڭغۇ كېچىدە بولسىمۇ تونۇيالايمەن. بىز ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا ئۆي يورىدى. تورۇسقا ئېسىقلىق ئادەمنىڭ يېنىغا بېرىپ قارىدىم، ئۇ بارات ئاكام ئىكەن.

ۋاڭ خېنىم ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆي چۆرگىلەۋاتقاندەك كۆزىنى يۇمۇپ جىم بولۇپ قالدى. ئىككى قىز ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ قاراپ قالدى. بىر چاغدا ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:

— مەن ئىككى كۈندىن بېرى بىكار قالايمىقان چۈش كۆرمەپتىكەنمەن - دە، ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ چۈشۈمگە كىرىپ قېلىشىدا بىر گەپ بار ئىكەن ئەمەسمۇ، — دەپ كۆزىنى ئاچتى.

ۋاڭ شىئېر ئاپىسىنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ:

— ئاپا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— قانداق قىلاتتۇق، ھېچبولمىغاندا باراتنى بولسىمۇ قۇتقۇلدۇرۇپ قالمىساق ئاكىڭىز كۈندە چۈشۈمگە كىرىۋېلىپ مېنى ئارامىمدا قويمايدۇ. دادىڭىزنىڭ كېچە - كېچىلەپ يوقاپ كېتىدىغىنى شۇ ئىكەندە. يەنە كېلىپ باراتلارنىڭ بىزنىڭ قورۇق تەرەپتە يوقاپ كەتكىنى بىكار ئەمەس ئىكەن، دادىڭىز «تۇرداخۇندىن ئۆچ ئالىمەن» دەپ يۈرەتتى. قايسى كۈنى بىز جىملىخانىنىڭ ئۆيىگە ئۆلۈم پەتىسىگە بارغاندا، جيا خېنىم «ھازىر تۇرداخۇن قاماقتا، باراتلار تېپىلمايۋاتىدۇ» دېگەندىلا تۇرداخۇننىڭ قولغا ئېلىنغانلىقىنى ئاندىن بىلىپ، «مۇنداق چوڭ ئىشنى مەن ئەجەب بىلمەي قاپتىمەن» دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. قارىغاندا دادىڭىز تۇرداخۇننى قولغا ئالدۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ماۋۇ چاتاقنى تېرىپتۇ - دە، — دەپ ئاچچىق بىلەن سۆزلەپ كەتتى ۋاڭ خېنىم.

— ئاپا، مېنى مۇنداق قورقۇتماڭە.

— بالام، مېنى قورقماۋاتىدۇ دەمسىز، مەن ھازىر سىلەردىنمۇ بەك قورقۇپ كېتىۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ئىش پاش بولۇپ قالسا، پۈتۈن قورۇقىمىز ۋەيران بولىدۇ. دادىڭىز «ئۆچ

ئالىمەن» دەپ ئادەمنىڭ جېنى بىلەن ئۆيىنىشىپتۇ ئەمەسمۇ.
— ئاپا، ئەمدى قانداق قىلىمىز؟
ۋاڭ خېنىم ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىككى قىزنىڭ بېشىنى سىيلاپ تۇرۇپ:
— قىزلىرىم، سىلەر بۇ ئىشنى كىشىگە ھەرگىز تىنىغۇچى بولماڭلار، — دېدى. دۇ قىزچاق بېشىنى ئاستا ئىرغىتتى. ئۇ ۋاڭ بېگىم ئائىلىسىگە خىزمەتچى بولۇپ كەلگەندىن بېرى ۋاڭ خېنىم ئۇنى بىرىنچى قېتىم ئۆز قىزى قاتارىدا «قىزىم» دەپ ئاتىغانىدى. شۇڭا بۇ يېتىم قىز ئىنتايىن خۇش بولۇپ «ئاپا» دەپ ئىختىيارسىز ئۇنى قۇچاقلىدى. ۋاڭ خېنىممۇ ئۇنى خۇددى ئۆز قىزىدەك باغرىغا باستى. بۇلار بىردەم قۇچاقلىشىۋالغاندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم، — قىزلىرىم، بۇ ئىشنىڭ ئامالىنى مەن قىلىمەن. لېكىن سىلەر ھېچكىمگە تىنماڭلار، — دەپ يەنە جېكىلەپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئىككى قىزنىڭ قورقۇنچىسى تۈگەپ، بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.
ۋاڭ خېنىم ۋاڭ بېگىمنى چۈشلۈك تاماقتا ئاران ئويغىتىپ تاماقنى بەردى. ۋاڭ بېگىم تاماقنى يېگەچ خۇددى جۆيلۈگەندەك تاقتا - تۇقتا سۆزلەيتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ تولۇق ئېسىگە كەلمىگەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ يەنە ئۇخلىتىپ قويغانىدى. ئۇ ئەمدى قاچان ئويغىنىدۇ، بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا ۋاڭ خېنىم گاۋ غوجىدارنى دۇ قىزچاق ئارقىلىق مېھمانخانىسىغا خۇپىيانە چاقىرتتى. ئۇنىڭ چاقىرتقانلىقىنى ئاڭلىغان گاۋ غوجىدار ناھايىتى خۇشال بولۇپ قىلىۋاتقان ئىشىنى تاشلاپ، ئالدىراپ - تېنەپ يېتىپ كەلدى.
ئۇ بۇ قورۇقتا غوجىدار بولۇپ بەلگىلەنگەندىن بۇيان ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۆزىنى مۇنداق يالغۇز چاقىرتىشى ناھايىتى ئاز بولغانىدى. بولۇپمۇ يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى زادى ئالدىغا

چاقىرتىپ باقمىغانىدى. شۇڭا ئۇ مېھمانخانىغا كىرىپ خېلىغىچە دېمىنى ئالالماي قالدى. قائىدە بويىچە، ئالدىدا تۇرغان بېگىمنىڭ ئايالى بولغاچقا، ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىشى لازىم ئىدى، لېكىن ۋاڭ خېنىم ئاۋۋال ئەھۋال سوراپ:

— ياخشىمۇ سىز غوجىدار؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنى بەزىدە سەنلەپ، بەزىدە سىزلەپ سۆزلەيتتى. سىزلىگەندە گاۋ غوجىدار ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ سۆيۈنۈپ كېتەتتى. شۇڭا ھازىر تېخىمۇ خۇش بولۇپ تىزلىنىپ:

— خېنىم، ۋاڭ بېگىم بىلەن ئىككىلىرىنىڭ دۆلىتىدە بەكمۇ ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا يانچە قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— گاۋ غوجىدار، بولدى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — دېدى.

گاۋ غوجىدار دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھەجىيىپ قاراپ:

— ۋاڭ خېنىم، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن، بەجانىدىل ئورۇندايمەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا ئىشىك يېنىدىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ:

— گاۋ غوجىدار، ئولتۇرۇڭ، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— خېنىم، تاپشۇرۇقلىرى بولسا دېسىلە، دەرھال ئورۇندايمەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا تىكىلىپ:

— شۇنداقمۇ، مېنىڭ دېگەنلىرىمنى دەرھال ئورۇندامسىز؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە، — دېدى گاۋ غوجىدار ئورنىدىن تۇرۇپ ھەم ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ، — دەرھال ئورۇندايمەن...

ۋاڭ خېنىم ئالدىرىماستىن:

— گاۋ غوجىدار، ماڭا قارالڭ، مەن ھەممىنى بىلىپ بولدۇم، — دېدى ئۇنىڭغا يەنە تىكىلىپ قاراپ.

گاۋ غوجىدار دەرھال كۆڭلى تۇيۇپ، تىلى كالۋالىشىپ ئۇدۇق - بۇدۇق قىلىپ بېشىنى سالدى ۋە:

— ۋالڭ خېنىم، نېمىنى بىلىپ بولدىلىكىن؟ مەن چۈشىنەلمىدىم، — دېدى.

— تولا خۇپسەنلىك قىلماڭ، مەن ھەممىنى بىلدىم، ھەممىنى كۆردۇم. باراتلارنىڭ بىزنىڭ قورۇق ئەتراپىدا يوقاپ كەتكىنى بىكار ئەمەسكەن، بېگىم بىلەن ئىككىڭلارنىڭ پات - پات كەچتە ئۇيگە كىرمەيدىغىنىڭلار، كەلسەڭلارمۇ كەچ كېلىدىغىنىڭلار بىكار ئەمەسكەن. مانا بېگىم ئاخشامۇ تاڭ ئاتقاندا كېلىپ، ھېلىغىچە خۇدىنى بىلمەي ياتىدۇ.

گاۋ غوجىدار ئەمدى ئۇنىڭدىن يوشۇرۇپ قۇتۇلالمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— ۋالڭ خېنىم، كەچۈرۈڭ، مەن گۇناھكار، مەن گۇناھكار، — دەپ ئۆزىنى كاچاتلىدى.

— بولدى، ئۆزىڭىزنى كاچاتلىماڭ، گېپىڭىزنى ئوچۇق قىلىڭ، — دېدى ۋالڭ خېنىم.

— ۋالڭ خېنىم، كەمىنە قولىڭىزدىمۇ ئامال يوق، ۋالڭ بېگىم «ئوغلۇمنىڭ ئۆچىنى ئالىمەن» دەپ مۇشۇنداق قىلدى. بىز دېگەن پەقەت سىلەرنىڭ سايەڭلەردە كۈن كۆرۈۋاتقان ئادەم، ۋالڭ بېگىم نېمە دېسە بىز شۇنى قىلىپ كەلدۇق.

— تۇتقۇنلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

— خېنىم، ئەمدى راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى تۇتۇپ كەلگەن كۈنىمىز تاياقتا ھوشىدىن كەتكەنىدى، ئەتىسى ئۆلۈپ قاپتۇ. قالغان ئۇچى ھايات، لېكىن ئۇلارنىمۇ ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتسەك بولىدۇ. چۈنكى ئىككىسىنى يۈلەپ ئۆرە تۇرغۇزۇپ قويساقمۇ دەسسەپ تۇرالمايدۇ. پەقەت

بىرسىنىڭلا جېنى بار، لېكىن ئۇ تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرىدۇ. ۋاڭ بېگىم ئۇلارنى كۆز ئالدىدا جازالىتىدۇ. بېگىم قاچان توختاڭلار دېگەندە ئاندىن ئۈرۈشتىن توختايمىز.

— شۇنداقمۇ ۋەھشىيلىك قىلامسىلەر؟

— ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ بېگىم ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئېشىپ كەتتى. بىزدىمۇ ئامال يوق، — دېدى گاۋ غوجىدار.

ۋاڭ خېنىم باراتنى ئويلاپ قېلىپ:

— باراتنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ — دەپ سورىدى.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا جېنى بار، ئەھۋالى ياخشىراقى پەقەت شۇ. لېكىن ئۇ ئېسىقلىق. قالغان ئىككىسى ئورنىدىن تۇرالمايدۇ، لېكىن ھېلىغىچە جېنى چىقمىدى. بىزمۇ ئۇلارنى جېنى چىقىپ بالدۇرراق ئارام ئالسىكەن دەيمىز.

— كىشىنىڭ جېنى بىلەن مۇشۇنداقمۇ ئويناشقان بارمۇ؟

— قانداق قىلىمەن، مەندىمۇ ئامال يوق. ۋاڭ بېگىم جازالىغۇچىلارنى ئوبدان رازى قىلدى. شۇڭا بۇ ئىشنى ھېلىغىچە ھېچكىم بىلمەيدۇ.

— بېگىم سېنى قانداق رازى قىلدى؟

گاۋ غوجىدار دۇدۇقلاپ بىردەم ئويلىنىۋېلىپ:

— ماڭا ئىشەنسىلە، ۋاڭ خېنىم، بېگىم «سېنى بۇلار ئۆلگەندە ئوبدان رازى قىلىمەن» دېگەنىدى، — دەپ جىم بولدى.

— مەن ھازىر بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالدىمغۇ، سىلەر مۇنداق بولۇشنى ئويلىمىغان بولغىيدىڭلار؟

— شۇنداق خېنىم، مەنمۇ بۇنى بىلىپ قالغانلىقلىرىغا ھەيران بولۇۋاتىمەن.

— «قىڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر» دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ ئەمدى ئۇلارنى قانداق قىلىمىز دەۋاتىسلەر؟

— مەنمۇ بىلمەيمەن، ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ بېگىم نېمە دېسە شۇ. لېكىن ۋاڭ بېگىممۇ ھازىر ئەقلىدىن ئازدى. ئۇلارنى

جازالىغانــنــى كــۆرۈپ تــۇرسىمۇ، ئىگىز - پەس سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا ئۇ تۆتىنىڭ قايسىسى بارات ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. مەيلى قايسىسىنى ئۇرۇپ جازالىساق «باراتنى تازا قاتتىق ئۇرۇڭلار» دەيدۇ.

— ماڭا قاراڭ گاۋ غوجىدار، سىز بىزگە خېلى يىلدىن بېرى غوجىدار بولۇپ كېلىۋاتىسىز. ۋاڭ بېگىمنىڭ مۇشۇنداق ئۆچ ئېلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلگەن ئادەم ماڭا بالدۇرراق دېگەن بولسىڭىز ئىش بۇنچىلىك چوڭىيىپ كەتمىگەن بولاتتى، لېكىن ھېلىمۇ كېچىكمىدىڭىز، ھازىر بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلىپ قويۇڭ.

— گاۋ غوجىدار ئالدىراپ:

— بولىدۇ خېنىم، نېمە دېسىڭىز شۇنى قىلاي، مەن تەييار، — دېدى. ۋاڭ خېنىم كۈلۈپ كېتىپ:

— ئەگەر مەن بۇ ئىشنى مەلۇم قىلىپ قويسام پۈتۈن قورۇق ۋەيران بولىدۇ. شۇڭا بۇ خۇپىيانە ئىش خۇپىيانە پېتــى كېتىۋەرسۇن، ھېچكىم بىلمەي قالسۇن. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باراتنى تۇزۇكرەك دەۋاتىسىز. شۇڭا سىز ئامال قىلىپ بۈگۈن يېرىم كېچىدە باراتنى بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاققا تاپشۇرۇپ بېرىسىز. مەن ئۇ ئىككىسىنى يېرىم كېچىگە توغرىلاپ كونا قورۇققا ئېشەك ھارۋىسى بىلەن ئەۋەتىمەن، — دەپ يانچۇقىدىن بىر بولاقنى چىقىرىپ يېنىدىكى ئۈستەلگە قويدى.

— خېنىم ماڭا بۇ لازىم ئەمەس. مەن سىلىنىڭ ئالدىلىرىدا گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن ھەممە تاپشۇرۇقلىرىنى ئورۇندايمەن.

— ياق، — دېدى ۋاڭ خېنىم دەرھال، — بۇنى چوقۇم ئېلىشىڭىز كېرەك، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ بولاقنــى گاۋ غوجىدارنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى.

بۇ چىرايلىق خوتۇننىڭ قولىنى زادىلا تۇتۇپ باقمىغان گاۋ غوجىدار يۇمشاق، ئىسسىق قولنىڭ تېگىشى بىلەن پۈتۈن ئەزايى

جىغىلداپ، بەدىنى تىترەپ كەتتى. شۇڭا ئۇ «ياق» مۇ دېيەلمەي بولاقنى ئالدى. لېكىن ئۇنى چىڭ تۇتمىغانلىقى ئۇچۇن ئېچىلىپ كەتتى. بولاق ئىچىدە چوڭ ـ كىچىك زىخچە ئالتۇنلار پارقىراپ تۇراتتى. بۇ ئالتۇنلار ۋاڭ بېگىم جازالىغۇچىلارغا بەرگەن ئالتۇن ـ يامبۇلاردىن جىق ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— ۋاڭ خېنىم، ئۆزلىرى رازى بولۇپ بەردىلە، ئەمىسە تارتىنمىدىم، — دەپ بولاقنى يەنە ئوراپ يانچۇقىغا سالدى. ۋاڭ خېنىم ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دېدى:

— گاۋ غوجىدار، بۈگۈن يېرىم كېچىدە باراتنى بەي ئاغىچىغا پەقەت ئۆزىڭىزلا تاپشۇرۇپ بېرىسىز، ئاندىن كونا قورۇقتا بىر كېچە تۇرىسىز، قېلىن كىيىنىۋېلىڭ. لېكىن ئىشەك هارۋىسىنىڭ كەينىگە چۈشمەيسىز هەم ئادەم قويمايسىز. ئەگەر باراتنى مېنىڭ ئالدۇرۇپ كەتكەنلىكىمنى پاش قىلىپ قويسىڭىز مەن هەممىنى پاش قىلىۋېتىمەن. ئۇ چاغدا هەممىمىز تۈگىشىمىز.

— بولىدۇ خېنىم، — دېدى گاۋ غوجىدار دەرهال تىزلىنىپ، — دېگەنلىرىنى بەجانىدىل ئورۇندايمەن، ۋاڭ بېگىمگە هەرگىز چاندۇرمايمەن.

— شۇنداق بولسۇن ئەمىسە.

— بولىدۇ، — گاۋ غوجىدار كەينىچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ۋاڭ خېنىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ قويدى، چۈنكى گاۋ غوجىدارنىڭ خېلى يىللاردىن بېرى ئۆزىگە كۆز سېلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى. مانا بۈگۈن ئۇ بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ باراتنى قۇتقۇلدۇرۇۋالماقچى بولدى. قالغان ئىككىسىنىمۇ قۇتقۇلدۇرۇۋېلىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەهۋالىنىڭ يامانلىقىنى ئويلاپ نىيىتىدىن ياندى.

بىر هەپتىدىن كېيىن كەچقۇرۇن ۋاڭ بېگىم گاۋ غوجىدار

بىلەن يەنە كونا قورۇققا كەلدى. ۋاڭ بېگىم تۇتقۇنلار تۇتۇپ كېلىنىشتىن ئىلگىرى سوغ تېگىپ زۇكامدىن ساقىيالماي تۇرغاندا تۇتقۇنلار تۇتۇلغان كۈنى ئۇلارنى كۆرگىلى كېلىپ، سوغۇق ئۆيدە تۇتقۇنلارنى جازالىغىچە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىگە تېخىمۇ سوغ ئۆتكۈزۈۋالغانىدى. شۇنداق بولسىمۇ ئۈچ ئېلىش خۇددى خۇمار قىلغاندەك تۇتقۇنلارنى جازالىغۇسى كەلسە پات - پات قورۇققا كېلىپ يېرىم كېچىگىچە ھەتتا بەزىدە تاڭ ئاتقىچە سوغۇقتا تۇرىۋەرگەچكە كېسەلى زادىلا ئوڭشالمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مانا بۈگۈنمۇ تۇرداخۇندىن ئۈچ ئالغۇسى كېلىپ «باراتلارنى جازالايمەن» دەپ گۈگۈمدا كەلدى. لېكىن گاۋ غوجىدار ئادەملىرىگە بۇيرۇپ، باراتنىڭ ئورنىغا ئالىلقاچان ئۆلۈپ قېتىپ قالغان ئىشىك تۇۋىدىكى جەسەتنى تورۇسقا ئېسىپ قويغانىدى. ۋاڭ بېگىم ئۆيگە كىرىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئالدىدا ئېسىقلىق تۇرغان تۇتقۇننى كۆرۈپ يەنە ئەسەبىيلىكى تۇتۇپ ئۆز - ئۆزىگە «خەپ سېنى بارات، بۈگۈن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام» دەپ سۆزلەۋېتىپ يۆتىلى تۇتۇپ، ئۇزاققىچە قېقىلىپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇنىڭ يۆتىلى توختىشى بىلەن گاۋ غوجىدار جازالىغۇچىلارغا ئىشارەت قىلىپ قويدى. جازالىغۇچىلار ئېسىقلىق تۇتقۇننى ئۇرۇشقا باشلىدى. ئۇلارغا قاراپ ۋاڭ بېگىم يەنە ئالىجوقا سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ خېلى كۈنلەردىن بېرى ئېسىنى يوقاتقانىدى. بولۇپمۇ تۇتقۇنلارنى جازالاۋاتقاندا «ئۈچۈمنى ئېلىۋاتىمەن» دەپ خۇش بولۇپ، تېخىمۇ قالايمىقان سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇ سۆزلەۋېتىپ يەنە يۆتىلىپ كەتتى. گاۋ غوجىدار ئادەملىرىگە ئىشارەت قىلدى. ئۇلار ئېسىقلىق تۇتقۇننى ئۇرۇشتىن توختىدى. بۇ چاغدا ۋاڭ بېگىم يۆتكىلىشتىن توختاپ ئېسىنى يىغىشقا باشلىغانىدى. ئۇ تولا يۆتىلىپ كۆزىدىن ياش چىقىپ يېشىنى ئېرتىۋاتقاندا گاۋ غوجىدار ئۆزى بېرىپ ئېسىقلىق تۇتقۇننى يەشتى. تۇتقۇن «گۈپ» قىلىپ

يەرگە چۈشتى. گاۋ غوجىدار دەرھال ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ:
— بېگىم قارىسىلا، بارات ئۆلۈپتۇ، — دېدى.
ۋاڭ بېگىم قاقاقلاپ كۈلۈپ:
— مېنىڭ ئۆچۈم ئەمدى چىقىدىغان ئوخشايدۇ، — دەپ ئۆزىدىن ماختانغاندەك ئەتراپتىكىلەرگە قارىدى. لېكىن ئەتراپتىكىلەر بېشىنى سېلىپ جىم تۇردى. گاۋ غوجىدار:
— بېگىم، سىز راستتىنلا ئۆچىڭىزنى ئېلىۋاتىسىز، — دېدى.
— بارات ئۆلگەن بولسا قالغانلىرىنى ئۇرۇڭلار!
— بېگىم، ئۇ ئىككىسى تونۇگۈنلا مىدىرلىمىغان، بۇگۈن ئۆلۈپ قاپتۇ، — دېدى گاۋ غوجىدار.
ئەتراپتىكىلەر قامچىلىرىنى تۇتۇپ جىم تۇرۇشتى. لېكىن ۋاڭ بېگىم ئۇلارغا ئاچچىقلاپ:
— نېمىگە قاراپ تۇرۇشىسىلەر، بۇلارنى، — دەپ تۇۋلىدى جەسەتلەرنى كۆرسىتىپ، — كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار!
جازالىغۇچىلار بىردىنلا گاۋ غوجىدارغا قارىدى. گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ:
— بېگىم، بۇلارنى قانداق قىلساق بولار؟ — دېدى.
— قانداق قىلاتتىڭلار؟ كۆمۈۋېتىڭلار!
— بېگىم، ھازىر قىش، يەر توڭ، قانداقمۇ ئورا كولىغىلى بولىدۇ؟
— كۆيدۈرۈڭلار، بۇلارنىڭ كۈلىنى كۆككە سورۇيمەن.
— بېگىم، ھازىر جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ لەشكەرلىرى بۇ تۆتىنى كېچە - كۈندۈز تەرەپ - تەرەپتىن ئىزدەۋاتىدۇ. كېچىدە ئوت قالىساق قورۇقتىكىلەر گۇمانلىنىپ قالماسمۇ.
— قانداق قىلىمىز ئەمىسە، سەن بىرەر ئامال تاپمامسەن.
گاۋ غوجىدار جەسەتلەرنى ئورا كولاپ كۆمۈۋەتسىمۇ ياكى

كۆيدۇرۇۋەتسىمۇ، ۋاڭ بېگىم ئۇلارنى بىر - بىرلەپ سانايتتى، ئۇ چاغدا بىر جەسەت چوقۇم كەم چىقاتتى. شۇڭا ئۇ:

— بېگىم، هازىر يېرىم كېچە بولمىدى. تېخى ئۇخلىمىغان ئادەملەرمۇ بار. ئەگەر كۆيدۇرسەك كىشىلەر بىلىپ قالىدۇ. شۇڭا ماقۇل كۆرسىڭىز ئەتە ياكى ئۆگۈن بۇ جەسەتلەرنى يىراققا ئاپىرىپ ئۆزۈم بىر تەرەپ قىلىۋېتەي، — دېدى.

ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا ئالىيىپ:

— نېمە دەۋاتىسەن؟ بۇ جەسەتلەرنى مۇشۇ قورۇقنىڭ ئۆزىدىلا بىر تەرەپ قىلىمىز، هويلىدىكى كونا قۇدۇققا تاشلىۋەتسەك هېچكىم كۆرمەيدۇ، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئامالسىز ئادەملىرىگە قارىدى. ئۇلارمۇ ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى كۈتۈپ تۇراتتى. گاۋ غوجىدار ۋاڭ خېنىمنىڭ تاپىلىغىنى بويىچە باراتنى ئۆزى يالغۇز بەي ئاغىچا، دۇ قىزچاق هەيدەپ كەلگەن هارۋىغا سېلىپ بەرگەننىدى. شۇڭا ئۇ ئىشنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئۇلارغا:

— قېنى ئەمىسە، جەسەتلەرنى تالاغا ئېلىپ چىقىڭلار، — دېدى ۋە ئۆزى ئالدى بىلەن قول سالدى. بۇ چوڭ ئۆيدە بىرلا جىنچىراغ تۆردىكى تامغا ئېسىقلىق بولۇپ، ئىشىك تۈۋىدىكى نەرسىلەرنى كۆرگىلى بولمايتتى. گاۋ غوجىدار ئىشىك تۈۋىدىكى دەسلەپتە ئۆلگەن تۇتقۇنغا يېپىپ قويغان ئەسكى - تۈسكى نەرسىلەرنى ئالدى بىلەن تالاغا سۆرەپ ئېلىپ چىقىپ، باشقا جەسەتلەرنى ئېلىپ چىقىپ بولغۇچە بىر جەسەت ياساپ تىزىپ قويدى. بىردەمدىلا تۆت جەسەت تىزىلىپ بولدى. ۋاڭ بېگىمگە ئورۇندۇق ئېلىپ چىقىپ قۇدۇقتىن نېرىراق قويۇپ بەردى. ۋاڭ بېگىم ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— قېنى ئەمىسە، — دەپ ئۇنىڭغا قارىدى. گاۋ غوجىدار يېنىدىكى ئادەملىرىگە — جەسەتلەرنى قۇدۇققا تاشلاڭلار، — دېدى. ئۇلار جەسەتلەرنى بىردەمدىلا كونا قۇدۇققا تاشلاپ بولدى.

كىچىنىڭ سوغۇقىدا تولا يۆتىلىپ قىينىلىپ كەتكەن ۋاڭ بېگىم:

— مەن يۆتىلىپ بەك قىينىلىپ كەتتىم، ئەمدى كېتەي. بۇلارنىڭ قۇدۇقتا تاشلانغىنىنىمۇ كۆردۈم، ئۆچۈم چىقتى، — دەپ ئورنىدىن قوزغالدى. گاۋ غوجىدار ئۇنى يۆلەپ ئاتقا مىنگۈزۈپ ئىككى ئادەمنى قالدۇرۇپ كېچىچە قۇدۇقنى پۇتۇنلەي كۆمۈۋېتىشنى تاپىلاپ، باشقىلار بىلەن بىللە ۋاڭ بېگىمنى قورۇققا قايتۇرۇپ كەلدى. بۇ چاغدا تاڭ ئېتىشقا ئاز قالغانىدى.

ۋاڭ بېگىمنىڭ يېرىم كېچىدە، تاڭ ئاتقاندا ھەتتا بەزىدە كۈنلەپ ئۆيگە قايتمايدىغانلىقىغا كۆنۈپ قالغان ۋاڭ خېنىم دالاندىكى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ يېنىپ كەلگەنلىكىنى سەزسىمۇ، كارى بولماي ئۇخلاۋەردى. ۋاڭ بېگىممۇ جۇۋىسىنى ئاستا سېلىپ، ئايىغىنىمۇ سالماي، شۇ پېتى يېتىۋالدى. لېكىن بىردەمدىن كېيىن قىزىتمىسى ئۆرلەپ جۆيلۈشكە باشلىدى. ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ۋاڭ بېگىم ئەمدى خۇدىنى يوقىتىپ تىترەپ كەتتى. ئۇنى تۇتقان ۋاڭ خېنىمنىڭ قولىمۇ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭدىن ئەنسىرىگەن ۋاڭ خېنىم قىيا - چىيا قىلىپ باشقىلارنى ئويغاتتى. بىردەمدىلا ئۆيگە ئايال خىزمەتچىلەر كىرىپ كەلدى. كەينىدىن ئەر خىزمەتچىلەرمۇ كىردى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا گاۋ غوجىدارمۇ بار ئىدى. ئۇلار تىترەپ، ئوتتەك قىزىپ جۆيلۈۋاتقان، خۇدىنى بىلمەي ئۇياق - بۇياققا ئالىيىپ قاراۋاتقان ۋاڭ بېگىمگە قاراپ ھەيران بولۇشتى. بۇ چاغدا كۈن چىقىشقا باشلىغانىدى. ۋاڭ خېنىم بىلەن ۋاڭ شىئېر يىغلاشقا باشلىدى. گاۋ غوجىدار ئات چاپتۇرۇپ ناھىيىگە بېرىپ تېۋىپ ئېلىپ كېلىشكە كەتتى. ئاڭغىچە ئاياللار ۋاڭ بېگىمنىڭ كىيىمنى سالدۇرۇپ، ئورۇن سېلىپ ياتقۇزۇپ، ئوچاققا ئوتنى توختاتماي قالاپ ئۆينى ئىسسىتتى، لېكىن ئۇنىڭ قىزىتمىسى زادىلا يانمىدى. چۈشكە يېقىن گاۋ غوجىدار

ناھيېدىن داڭلىق تېۋىپنى باشلاپ كەلدى. بۇ تېۋىپمۇ دەرھال شىپا بولىدىغان دورا بېرەلمىدى. بېرىپمۇ قىزنىڭ يېنىدىن يانمىدى، ئاخىرى ئۇنىڭ يېشىنى تىلغا ئېلىپ، بۇ سەكراتنىڭ ئالامەتلىرى ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئەلھۆكمىللا دېيىشتى. شۇنىڭ بىلەن ۋاڭ بېگىم ئۈچ كۈن قىزنىڭ يېنىدىن يانماي، تىترەپ قالايمىقان جۆيلۈپ، ئەتراپقا ئالىيىپ قاراپ، ۋەسىيەتمۇ قالدۇرالماي جان ئۈزدى.

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# ئۈرۈمچى ۋالىيسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كەلگەنلىكى

ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزى تېخى بىر تەرەپ بولماي تۇرۇپ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىنتايىن ئەپسۇسلانغان يۇرتدىشى — ئۈرۈمچى ۋالىيسى ئۇنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلاپ ناھىيىگە يېتىپ كەلدى. زېمىستان قىش ئايلىرى بولغاچقا، يىراق - يېقىندىكى تونۇش - بىلىش، ئەل - ئاغىنىلەر ۋە ئۇرۇق - توغقانلارنىڭ ۋىدالىشىۋېلىشى ئۈچۈن، جەسەت خېلى كۈنلەرگىچە دەپنە قىلىنماي ساقلاندى. ئۈرۈمچى ۋالىيسىنىڭ ئۆلۈم پەتىسىگە كېلىدىغان خەۋىرى ئالدىنئالا يېتىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقچىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇ كېلىدىغان كۈنى ئۇنى يولغا چىقىپ قارشى ئېلىش ئۈچۈن تەق بولۇپ تۇرۇشتى. ۋالىي قورۇق دەرۋازىسى ئالدىغا ئاز قالغاندا ئۇنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىدىن ئىچكىگە خەۋەر بېرىشتى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىدىغانلار گاۋ غوجىدارنىڭ باشچىلىقىدا دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ تۇرۇشتى. ئۈرۈمچى ۋالىيسى دەرۋازىغا يېتىپ كېلىپ ئاتتىن چۈشتى. ئۇ تونۇگۈن ناھىيىگە كېلىپ بۈگۈن ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى ھەم ھەمراھلىرى بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا كۆزدە ۋالىي ئەۋەتكەن تەپتىش ئەمەلدارى ھەم ئۇنىڭ كاتىپىمۇ بار ئىدى. قورۇقچىلەر ئۇلارنى ئارىغا ئېلىپ ئىچكىرىگە باشلىدى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاڭ بېگىمنىڭ

جەسىتى سىلىنغان قىزىل گۈەنسەي تۇراتتى. ئۇ داغلىق باي بولغاچقا، گۈەنسىينى ياخشى ياغاچتىن يوغان قىلىپ ياساتقانىدى. گۈەنسەيدىكى خەتلەر ياغاچنى ئويۇپ چىقىرىلغان ھەم سىرىق ھەل بىلەن سىرلانغاچقا ناھايىتى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. پەتچىلەر ئادەت بويىچە ئالدىدا گۈەنسەيدىكى جەسەتنى كۆرۈپ ۋىدالىشىپ، ئاندىن مېيىتنىڭ ئائىلە - تاۋابىئاتلىرى بىلەن كۆرۈشەتتى. ئۇرۇمچى ۋالىيسى ھويلىغا كىرگەندە ھويلا بىردىنلا جىمىپ، تېخىمۇ سۈرلۈك بولۇپ كەتتى. ۋالىي گۈەنسەينىڭ ئالدىغا كەلگىچە خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇرغانىدى. ۋالىي گۈەنسەينىڭ يېنىغا كېلىپ بىر تەزىم قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ جەسىتى تالادا ساقلىنىپ قېتىپ قالغاچقا، جەسەتنىڭ رەڭگىدە ئانچە ئۆزگىرىش بولماي قاتۇرۇپ قويغاندەك تۇراتتى. ئاندىن كېيىن كەينىدىكىلەر خۇددى ۋالىيغا ئوخشاش گۈەنسەينىڭ ئالدىدا بىردەم تۇرۇپ جەسەتكە بىر تەزىم قىلىپ، ۋالىينىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇشتى، ھويلىغا تىزىپ قويۇلغان تەزىيىلەرنى ئوقۇدى، قەغەزدىن ياسالغان ئات، كالا، قوي، چوشقا قاتارلىق ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ ھەيكەللىرىنى كۆرۈشتى. ۋاڭ بېگىمنىڭ خىزمەتچىلىرىمۇ ماتەم كىيىمى كىيىشكەنىدى، ھويلىدا جەسەت بىلەن ۋىدالىشىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلار ۋالىي قاتارلىقلارنى ئۆيگە باشلاشتى. ئۇلارنى كۆرۈپ ئالدىدا ۋاڭ خېنىم يىغلىدى، قىزى ۋاڭ شىئېرمۇ ئەگىشىپ يىغلىدى. بەي ئاغىچا ۋە دۇ قىزچاقمۇ يىغلاشتى. ئۇرۇمچى ۋالىيسى ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ يىغىسىنى توختاتتى. ئۆي ئىچى بىردەم جىمىپ قالدى. ۋالىي ئەتراپىغا بىردەم قاراپ، ۋاڭ بېگىمگە قاتتىق قايغۇردىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ:

— يۇرتدىشىم ۋاڭ تيەنمىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى ئەمەلگە ئاشماي ۋاقىتسىز بۇ دۇنيادىن كېتىپ قالدى، — دېدى.

— شۇنى دېمەمسىز ۋالىي جانابلىرى، بېگىمنى جىن ئۇردى، جىن ئۇردى. . . ئۇ جۆيلۈپ سەكراتقا چۈشۈپ، جۆيلۈۋېتىپ جېنى چىقىپ كەتتى، — ۋاڭ خېنىم شۇنداق دەپ يەنە يىغلاشقا باشلىدى.

ئۇنىڭغا قاراپ باشقا ھازىدارلارمۇ بىردەم يىغا - زار قىلىشتى، ئۇلارنىڭ يىغىسى بېسىققاندىن كېيىن ھەممىسى ھويلىغا چىقىشتى. بۇگۈن مېيىتنى دەپنە قىلىدىغان كۈن بولۇپ، ھازىدارلار ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتۈپ تۇرغانىدى. بۇلار ھويلىغا چىققاندا خىزمەتچىلەر جەسەتنى ھارۋىغا سېلىشقا باشلىدى. ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ شىئېر يەنە يىغلاشقا باشلىدى. ئۇلارغا قاراپ باشقا ھازىدارلارمۇ يىغلىدى. ئۇرۇمچى ۋالىيسى ۋاڭ خېنىمغا تەسەللى بەردى:

— ۋاڭ خېنىم، خاتىرجەم بولۇڭ، ۋاڭ تيەنمىڭ ھايات چېغىدا بىزگە ئەرز سۇنغانىدى. ئەسلىدە ئۇنى ناھىيە بىر تەرەپ قىلىشى لازىم ئىدى، لېكىن يامۇل ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە يوللاپ بېرىپتىكەن. بىز ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا باشلىغاندا ۋاڭ تيەنمىڭ ۋاپات بولۇپ كەتتى. مەن ئەتە ياكى ئۆگۈن ئۇرۇمچىگە قايتىپ كېتىشىم مۇمكىن. ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ناھىيىدە قېلىپ ئۇنى بىر تەرەپ قىلىدۇ.

ۋاڭ خېنىم يىغىسىنى توختىتىپ، ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارىدى. ئۇ ئېرىنىڭ قىزىل لېپاپلىق ئىككى پارچە خەت يازغانلىقىدىن خەۋىرى بولسىمۇ، لېكىن مەزمۇنىنى بىلمەيتتى.

— ۋاڭ خېنىم، ھازىر ئۇ ئىشلارنى چۈشەندۈرۈپ بېرىشكە ۋاقىت يوق، ئىلگىرى بىلمىگەن بولسىڭىز ئەمدى بىلىپ قالىسىز. . . نېمىلا بولمىسۇن، ۋاڭ تيەنمىڭنىڭ ئەرزى چوقۇم بىر تەرەپ بولىدۇ، — دېدى ۋالىي.

ۋاڭ خېنىم چوڭقۇر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى. ئاڭغىچە مالايلار گۆەنسەينى ھارۋىغا سالدى، ئاتلار قوزغالدى.

هازىدارلارمۇ هارۋىغا چىقىشتى. گۈەنسەينىڭ كەينىدىن هارۋىلار بىر - بىرلەپ هويلىدىن چىقىشتى، هارۋىلار قورۇق دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا سۇنايلار چېلىنىشقا باشلىدى.

خەنزۇلارنىڭ زاراتگاھلىقى يىراق بولۇپ، تاغنىڭ ئېتىكىدە ئىدى، ئۇ يەرگە دەل كونا قورۇقنىڭ يېنىدىن ئۆتەتتى. هارۋىلار كونا قورۇققا ئاز قالغاندا گاۋ غوجىدار هارۋىكەشلەرگە بۇيرۇپ هارۋىنى تېز ماڭدۇردى. هارۋىلار كونا قورۇقنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا دۇ قىزچاق بىلەن ۋاڭ شىئېر ئىختىيارسىز بىر - بىرىگە قارىشىپ قويىدى. ئۇلارغا قاراپ بەي ئاغىچا بىلەن ۋاڭ خېنىممۇ بىر - بىرىگە قاراشتى. ئۇ تۆتى ئايرىم هارۋىدا ئولتۇرغانىدى. ئۇلار بۇ يەردىكى سىرلىق ئىشلارنى ئەسلەپ، توختىماي چېلىنىۋاتقان سۇناينىڭ زىل ئاۋازى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك خىيال سۈرۈپ ماڭدى. قاردا ئاتلار هارۋىنى تەستە سۆرەيتتى. زاراتگاھلىققا يېقىنلاشقانسېرى هارۋىلار تېخىمۇ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم ۋاڭ بېگىمنى بالدۇرراق دەپنە قىلىۋېتىپ بۇ تەرەپكە قايتا كەلمەسلىكنى ئۈمىد قىلىپ زاراتگاھلىققا قاراپ قويىدى.

ئەتىسى ئۇرۇمچى ۋالىيسى ناھىيىدىن كېتىش ئالدىدا ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قويماقچى بولۇپ، چۈشكەن سارايدىن چىقىپ ھەمراھلىرى بىلەن يامۇلغا قاراپ ماڭدى. ئۇنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلگەن چيەن دارىن كاتىپىنى ئەتىگەندىلا سارايغا ئەۋەتىپ ئۆزلىرى باشقا ئەمەلدارلار بىلەن يامۇلدا ساقلاپ تۇردى. چيەن دارىننىڭ كاتىپى ۋالىينىڭ يېنىدا بىللە ئىدى. ۋالىينىڭ ناھىيە بازىرىنى كۆرۈپ باققۇسى كېلىپ، ئالدىرىماي كوچا ئارىلاپ ماڭدى. دوكانلار ئېچىلىپ، كوچىلاردا ئادەملەر خېلى كۆپ ئىدى. بۈگۈن ھاۋا قاتتىق سوغۇق بولغاچقا، كىشىلەر ئۆز ھەلەكچىلىكىدە يۈزۈر كىيىنىۋالغان ۋالىيغا ئانچە سەپسالمىدى. ئەمما ئۇنى تونۇيدىغانلار ياكى ئۇنىڭ ناھىيىگە

كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغانلار جايىدا توختاپ، ئۇ ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاندىن يولىغا ماڭاتتى. ۋالىي ئالدىدا يىراقتىن بىرىنىڭ قاتتىق سوغۇققا پەرۋا قىلماي ئۇياق - بۇياققا قارىغىنىچە بەزىدە جايىدا بىردەم توختاپ قولىدىكى ئۇزۇن تاياقنى پىرقىرىتىپ، بەزىدە خۇددى ھاسىدەك ئۇنىڭغا تايىنىپ كېلىۋاتانلىقىنى كۆرۈپ، دىققەت بىلەن تىخىمۇ ئالدىرىماي ماڭدى. ئۇ يېقىنلىغانسېرى ۋالىي ئۇنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئايالنىڭ كىيىمى ناھايىتى يالاڭ بولۇپ، ئاق كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە يالاڭ كەمزۇل، پۇتىغا مەسە - كالاچ، قارا ئىشتان كىيىۋالغانىدى. تىزىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان داكا ياغلىقى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى ۋە ياغلىق شامالدا ھەربىر كۆتۈرۈلگەندە بېلىدىكى ئاق بەلۋېغى كەمزۇلنىڭ ئۈستىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنەتتى. ۋالىي يېنىدىكى چيەن دارىنىنىڭ كاتىپىدىن سورىدى:

— ئۇ كېلىۋاتقان ئايال كىم؟

— ئۇ ئۇيغۇر ئايال، ئۇ ماتەم كىيىمىنى ھېلىمۇ تاشلىماپتۇ، ئۇنىڭغا سوغمۇ ئۆتمەيدۇ تېخى.

— ئۇنىڭ بىر نېمىسى ۋاپات بولغانمۇ نېمە؟

— ھەئە، ۋالىي جانابلىرى، سىز ئاڭلىدىڭىزمىكىن، ئۇنىڭ يالغۇز ئوغلى ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپ تېپىلمايۋاتقاندا، ئاغرىقچان ئېرى ئۆلۈپ كەتتى. شۇڭا ئوغلىنىڭ، ئېرىنىڭ دەردىدە ئاشۇنداق بولۇپ قالدى.

— سىلەر ئۇنىڭ ئوغلىنى ئىزدىمىدىڭلارمۇ؟

— ئىزدىمەمدىغان ۋالىي جانابلىرى، يامۇل ئادەم چىقىرىپ ئىزدەۋاتىمىز. لەشكەرلەرمۇ يىراق - يېقىنغا بېرىپ ئىزدەۋاتىدۇ. لېكىن ھېلىغىچە ھېچقانداق دېرىكى يوق.

ئۇ ئايال ئالدىدىكى پۇزۇر كىيىنگەن ۋالىي بىلەن كارى يوق قولىدىكى تايىقىنى ئويناپ، خۇددى ئۇنى سوقۇۋېتىدىغاندەك

ئۇدۇل كەلدى. ئۇ تېخىمۇ يېقىنلاپ ئارىلىق ئاز قالغاندا ۋالىي يەنە كاتىپقا:

— قارىغاندا ئۇ خېلى ياخشى ئائىلىنىڭ ئادىمىدەك قىلىدىغۇ، — دېدى.

— راست دېدىڭىز ۋالىي جانابلىرى، ئۇ تۇرداخۇن دېگەن باي سودىگەرنىڭ ئاچىسى بولىدۇ، ئىسمى جىمىلىخان.

— ھېلىقى ۋاڭ بېگىم ئۇستىدىن شىكايەت قىلغان تۇرداخۇن بولمىسۇن يەنە.

— دەل ئۆزى شۇ.

ۋالىي يېقىنلاپ قالغان جىمىلىخانغا تەئەججۇپ بىلەن قاراپ يەنە كاتىپقا:

— تۇرداخۇن دېگەن داڭلىق چېگرا سودىگىرى ئەمەسمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئۇنىڭ ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرى ناھىيىمىز ۋە قوشنا ناھىيىلەردە سېتىلىۋاتىدۇ.

ۋالىي ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى ئەسلەپ، «تۇرداخۇن قولغا ئېلىنمىغان بولسا ئاچىسى بۇنچىلىك بولۇپ كەتمەس ئىدى» دېگەن ئويغا كەلدى:

— بۇ ئايالنى داۋالاتمىدىمۇ؟

— ئاڭلىساق «داۋالىتايلى» دېسە بۇ ئايال «مەندە كېسەل يوق» دەپ زادىلا ئۇنىمايدىكەن. ئۇنى ھازىر ھېچكىم باشقۇرالمايدۇ، مۇشۇنداق يۈرگىنى يۈرگەن.

جىمىلىخان بۇلارغا يېقىنلاپ قالغاندى، شۇڭا ۋالىي بىلەن كاتىپ بۆلۈنۈپ ئۇنىڭغا يول بەردى. جىمىلىخان ئۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن تايىقىنى ئويىنىتىپ خۇددى ئۇسسۇل ئويناۋاتقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ خېلى ئۇزاپ كەتكىچە ۋالىي بىلەن كاتىپ كەينىگە ئۆرۈلۈپ قاراپ قالدى. جىمىلىخان كىشىلەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولغاندىن كېيىن، ئۇلار يولىغا ماڭدى. بۇلار

ھازىر يامۇلغا يېقىنلاپ قالغانىدى.

ۋالىي ھەمراھلىرى بىلەن دوقمۇشتىن بۇرۇلۇپ يامۇلغا قاراپ ماڭغاندا، دەرۋازا ئالدىدا تۇرغان ناھىيە ئەمەلدارلىرى قارشى ئېلىپ ئالدىغا كېلىشتى. چيەن دارىن توختاپ ۋالىيغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇلارنى يامۇلغا باشلىدى. بۈگۈن ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىدا ئورۇندۇقلار كۆپ ئىدى. بىر تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ۋالىينىڭ ھەمراھلىرى، يەنە بىر تەرەپتىكى ئورۇندۇقتا ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئولتۇردى. چيەن دارىن ئۈستىلنى قائىدە بويىچە ۋالىيغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزى ناھىيە ئەمەلدارلىرى ئولتۇرغان ئورۇندۇقلارنىڭ ئەڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدە كاتىپى ئۆرە تۇردى. كۆپچىلىك ھاكىمنىڭ ئۈستىلىدە ھەيۋەت بىلەن ئولتۇرغان ۋالىينىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ، ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى. لېكىن ۋالىي چوڭقۇر خىيالدا ئىدى. گەرچە ئۇ بۈگۈن ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ ئۇلارغا تاپىلايدىغان جىق ئىشلارنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ، لېكىن بايا يولدا ھېلىقى ئېلىشىپ قالغان ئائىلىنى كۆرۈپ، ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا دەيدىغان ئىشلارنى ئۇنتۇپ ئۇ ئائىلە توغرىسىدا ئويلاۋاتقاچقا، گېپىنى شۇنىڭدىن باشلىماقچى بولدى:

— ھاكىم جانابلىرى، — دېدى ھاكىمغا قاراپ. چيەن دارىن دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، بېشىنى سىلىپ تۇردى. ۋالىي ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ داۋام قىلدى، — بايا يولدا كېلىۋېتىپ ئېلىشىپ قالغان بىر ئائىلىنى ئۇچراتتۇق. ئۇ بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق قاتتىق سوغۇقتىمۇ ناھايىتى يالاڭ كىيىم بىلەن كوچىدا يۈرىدۇ.

— ۋالىي جانابلىرى، — دېدى چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ھازىر ناھىيىمىزدە شۇنداق بىر ئائىلە پەيدا بولۇپ قالدى.

— ھاكىم جانابلىرى، ئاڭلىسام ئۇ ئايالنىڭ يالغۇز ئوغلى قىش كىرىپ قار ياغقاندا تۈيۈقسىز يوقاپ كېتىپتۇغۇ؟
— شۇنداق، ۋالىي جانابلىرى، شۇنداق ئىش بولدى. ئۇلارنى ئادەم چىقىرىپ ئىزدىتىۋاتىمىز، ناھىيىنىڭ لەشكەرلىرىمۇ ئىزدەۋاتىدۇ.
جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال ئورنىدىن تۇردى:
— شۇنداق، ۋالىي جانابلىرى، ئۇ تۆتى قىش كىرگەندە يوقاپ كەتكەنىدى. مانا ھازىر قىشنىڭ دەل ئوتتۇرىسى بولۇپ قالدى، لەشكەرلەر ھېلىغىچە ئۇلارنى ئىزدەۋاتىدۇ.
— ھاكىم جانابلىرى، تۆت ئادەم يوقاپ كەتكەن مۇنداق چوڭ ئىشنى ئەجەب بىزگە مەلۇم قىلماپسىزغۇ؟ — دېدى ۋالىي.
چيەن دارىن ھودۇقۇپ ئۇياق - بۇياقنى قاراپ قويۇپ:
— ۋالىي جانابلىرى، سىلەرگە مەلۇم قىلمىغانلىقىمىز راست، ئۇلارنى تېپىلىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىدتە شۇنداق قىلغان، — دېدى.
— ھېلىغىچە ئىز - دېرىكى يوقكەنغۇ.
— شۇنداق، ھېلىغىچە ئىز - دېرىكى بولمايۋاتىدۇ.
ۋالىي ئاچچىقلاپ ئۈستەلگە بىرنى ئۇرۇپ:
— ھېلىغىچە ئىز - دېرىكى بولمىسا، بىزگە «ئىز- دېرىكى بولمايۋاتىدۇ» دەپ بولسىمۇ مەلۇم قىلىشىڭلار كېرەك ئەمەسمىدى؟ — دېگىنىچە كۆزلىرىنى چەكچەيتتى.
— بۇ ئەيىب مەندىن ئۆتتى. لېكىن ھېلىمۇ تېپىلىپ قالار دېگەن ئۈمىدتە بولۇۋاتىمىز.
— ھاكىم جانابلىرى، ساپساق تۇرغان تۆت ئادەمنىڭ يوقاپ كېتىشى كىچىك ئىش ئەمەس. بۇ دېگەن جاننىڭ ئىشى. مۇنداق جان بىلەن مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەردىن ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى چوقۇم خەۋەردار بولۇشى كېرەك، — ۋالىي شۇنداق دەپ ئۈستەلگە يەنە بىرنى ئۇردى.

چيەن دارىن تىزلىنىپ:

— مەن ئەيىبلىك، مەن ئەيىبلىك، — دېدى.

ئۇنىڭ ياۋاشلاپ قالغانلىقىغا قاراپ ۋالىينىڭ ئاچچىقى سەل بېسىلغاندەك بولدى:

— هاكىم جانابلىرى، سىز ۋاڭ بېگىمنىڭ ناھىيىنىڭ ئۆزىدە بىر تەرەپ قىلىنىدىغان ئەرزىنى بىزگە يوللاپ بەردىڭىز. ئەمدىلىكتە بىر ئەمەس تۆت پۇقرا يوقاپ كەتسە بىزگە ھېلىغىچە مەلۇم قىلمىغانلىقىڭىز پەقەت توغرا بولماپتۇ.

چيەن دارىن ئۆزىنى كاچاتلاپ:

— ۋالىي جانابلىرى، مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي، — دېدى.

ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھېچكىمنىڭ پىكىر - مەسلىھەتىنى ئالماي ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىدىغان بۇ تەكەببۇر ھاكىمنىڭ ۋالىي ئالدىدا كۈچۈكلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئەتراپتىكىلەر ئىچىدە كۈلۈشكە باشلىدى. ۋالىي يەنە:

— ھاكىم جانابلىرى، يوقاپ كەتكەن تۆت ئادەمنىڭ كىملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدى.

چيەن دارىن بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ:

— ۋالىي جانابلىرى، مەن يەنە خاتالىق ئۆتكۈزدۈم. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بىرىنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئوغلىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئالدىمغا كەلدى. ئاڭلىساق قالغان ئۈچى بۇ ناھىيىمىزگە جەنۇبىي شىنجاڭدىن كەلگەن ئىشلەمچىلەر ئىكەن، — دېدى.

ۋالىي يەنە ئاچچىقلاندى:

— ھاكىم جانابلىرى، قارىغاندا سىز ئۇ تۆتىنى مەخسۇس سۈرۈشتۈرمەپسىز - دە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سىز، بىزگە ئوخشاش مەنچىڭنىڭ پۇقرالىرى ئەمەسمۇ. پۇقرالارغا ھۆكۈمەت ئىگە بولۇشى لازىم ئەمەسمۇ؟

چيەن دارىن يەنە «مەن ئۆلەي، مەن ئۆلەي» دەپ ئۆزىنى

كاچاتلاشقا باشلىدى.
ۋالىي ئۆزىنى بېسىۋېلىپ:
— ۋاڭ بېگىم ئەرزى بىر تەرەپ قىلىنىماي، ئارزۇ - ئارمىنىغا يېتەلمەي كېتىپ قالدى. مەن بۇگۈن كوچىدا كۆرگەن ئۇ ئايالنىڭ ئوغلى دەل ۋاڭ بېگىم دەۋا قىلىۋاتقان داڭلىق چېگرا سودىگىرى تۇرداخۇننىڭ ئاچىسىنىڭ ئوغلى ئىكەن. تۇرداخۇن هازىر سولاقتا ياتىدۇ. ئۇ ئىككى ئائىلىگە تازا كېلىشمەسلىك بولۇۋاتىدۇ. هاكىم جانابلىرى، بىلىشىمچە، سىزنىڭ ئۇرۇمچى شۆتاڭدا ئوقۇغان بىر تۇڭچىڭىز بار ئىدىغۇ، بىز ئۇنى «يامۇلنىڭ تۇڭچىسى» دەپ ئەنگە ئالغان، بۇگۈن ئۇ كۆرۇنمەيدىغۇ؟ — دېدى ۋە باشقىلارغا قاراپ، — هازىر يامۇلنىڭ خىزمەتچىلىرىنىڭ هەممىسى خەنزۇلارغۇ، — دېۋىدى، ئىشخانىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ هەممىسى خۇددى كاماندا بەرگەندەك بىراقلا چيەن دارىنغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇلارنىڭ مۇنداق قاراشلىرىدىن ۋالىيمۇ تەئەججۇپلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى. چيەن دارىننى تىترەك بېسىپ:
— شۇنداق، ۋالىي جانابلىرى، مېنىڭ بىر تۇڭچىم بار ئىدى، — دەپ جىم بولۇپ قالدى.
— هازىر ئۇ نەدە؟
چيەن دارىن ناهىيىنىڭ ئەمەلدارلىرىغا يەر تېگىدىن بىر قۇر قاراپ چىقىپ دۇدۇقلاپ:
— ۋالىي جانابلىرى، بايا سىز دېگەن هېلىقى ئايالنىڭ يوقاپ كەتكەن ئوغلى شۇ، — دېدى.
— هە! — ۋالىي هەيران بولۇپ ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ قالدى.
چيەن دارىن يەنە دۇدۇقلاپ:
— شۇنداق، شۇنداق، ۋالىي جانابلىرى، — دېدى.
ۋالىي ئۇستەلگە بىرنى ئۇرۇپ:

— بۇ قانداق گەپ؟ ھۆكۈمەتنىڭ بىر خىزمەتچىسى يوقاپ كەتسە ھېلىغىچە ئىز - دېرىكىنى قىلىپ تاپالمىغانلىق خاندانلىقىمىزغا قىلىنغان ئېغىر مەسئۇلىيەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئاچچىقلىنىپ.

ئىشخانا بىردەم جىمىپ كەتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋالىي جانابلىرى، مەن سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بىلەن كۈزدە بۇ ناھىيىگە كېلىپ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزى توغرۇلۇق ئەھۋال ئىگىلىگەن ۋاقتىمدا ئۇ تۆگىچىنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىلغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، — دېدى.

ۋالىي ھەيران بولۇپ چيەن دارىنغا تىكىلىپ قالدى. جيا بېگىم ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋالىي جانابلىرى، ئۇ تۆگىچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى بارات قاسىم. ئۇنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىلغانلىقى راست، مانا ھېلىغىچە ئۇنىڭ ئورنىغا تۈزۈك بىر تۆگىچى چىقمايۋاتىدۇ. ئۇ خەنزۇ تىلىنى ئىنتايىن راۋان سۆزلەيدىغان بالا ئىدى، — دېدى.

ۋالىي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، سىز تولىمۇ ئۆز بېشىمچىلىق قىپسىز، ھۆكۈمەتنىڭ بىر خىزمەتچىسىنى يۇقىرىغا ئالاقە يوللىماي خىزمەتتىن قالدۇرۇش خاندانلىقىمىزنىڭ نىزام - قائىدىسىدە يوق. خىزمەتتىن قالدۇرۇلغان خادىم چوقۇم رويخەتتىن ئۆچۈرۈلۈشى كېرەك، — دېدى.

چيەن دارىننىڭ بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى، ئىشخانا سوغ بولسىمۇ، جىددىيلەشكەنلىكىدىن ئۇنىڭدىن تەر چىقىشقا باشلىدى.

ۋالىي كۆپچىلىككە قاراپ:

— كۆپچىلىك، سىلەر ياخشى بىلىسىلەر، بېيجىڭ خانى ھەر يىلى زور تەشۋىق قىلىپ، خىراجەت ئاجرىتىپ،

ئۇيغۇرلارنىڭ پەرزەنتلىرىنى شۆتاڭلاردا ئوقۇتۇشىنى دەۋەت قىلىۋاتىدۇ. لېكىن شۆتاڭغا كېلىپ ئوقۇيدىغانلىرى ناھايىتى ئاز، شۆتاڭنى تولۇق تاماملايدىغانلىرى تېخىمۇ ئاز. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق شۆتاڭنى تاماملاپ تۇڭچى بولۇپ بىر ئوبدان خىزمەت قىلىۋاتقان خانلىق خىزمەتچىسىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن خىزمەتتىن قالدۇرۇش خاندانلىقىمىزغا زور زىيان ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە خانلىقىنىڭ بىر خىزمەتچىسى ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن بىللە تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپتۇ. ھاكىم جانابلىرى، بولدى، مەن ئەمدى كېتىش ئالدىدا گەپنى جىق قىلماي، يەنە سۆزلىسەم ئاچچىقىمدا ئۆتۈم يېرىلىپ كېتىدىغاندەك قىلىدۇ. قالغان ئىشلارنى كېيىن يەنە سۆزلىشىمىز. لېكىن يوقاپ كەتكەن تۆت ئادەمنى چوقۇم تېپىشىڭىز كېرەك. ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن كەلگەن تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىغا يېقىندىن ياردەملىشىسىز، — دېدى.

— خوپ، ۋالىي جانابلىرى، — دېدى چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، يۈزىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ.

ۋالىي چيەن دارىنغا ئاچچىقلىنىپ تاپىلايدىغان باشقا يوليورۇقلىرىنى ئۇنتۇغان بولسىمۇ، ۋاقىت خېلى ئۆتتى. ئۇ بۈگۈن يولغا چىقىشى كېرەك ئىدى. بىر كەمدىن كېيىن ۋالىي مېڭىشقا قوزغالدى. چيەن دارىننىڭ كاتىپى ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ۋالىي جانابلىرى، ھازىر چۈش بولۇپ قالدى. تاماق تەييارلاپ قويغانىدۇق، — دېدى.

— بولدى، — دېدى ۋالىي قولى بىلەن توسۇپ تۇرۇپ، — چۈشلۈك تاماقنى چۈشكەن سارايدا يەپ يولغا چىقىمىز، — ئاندىن ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارىغا ئالاھىدە ئەسكەرتتى، — سىز قېلىپ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرز لىرىنى بىر تەرەپ قىلىش جەريانىدا ئۆزۈڭلار چۈشكەن سارايىنىڭ

تامىقىدىن باشقا يەردىن تاماق يېمەيسىلەر. ئەگەر بىرەر زىياپەتكە بېرىپ قالغىنىڭلارنى ئاڭلاپ قالسام سىلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىمەن.

— خوپ، — تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلەن قارىدى.

ۋالىي يەنە باشقىلارغا:

— قايسىڭلار بۇلارنى مېھمانغا چاقىرىدىكەنسىلەر «ھۆكۈمەت خادىملىرىغا پارا بەردى» دەپ سىلەرنىمۇ جازالايمەن، — دېدى. ئىشخانىدىكى ھەممەيلەن بېشىنى سىلىپ جىم بولۇشتى.

ۋالىي ماڭدى. ئۇنىڭ كەينىدىن ھەمراھلىرى ئەگىشىپ ئىشخانىدىن بىرلەپ - ئىككىلەپ چىقىشتى. باشقىلار كەينىدىن ئەگىشىپ جىم مېڭىشتى. ئەمما ئۇلار يامۇل دەرۋازىسىدىن چىقىپلا بىردىنلا توختاپ، كوچىغا قاراپ قېلىشتى. كوچىنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدا بايا ۋالىي ئۇچراتقان ھېلىقى ئايال قىبلىگە قاراپ يۈكۈنۈپ دۇئا قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇلار ھەيران بولۇپ خېلى قاراپ تۇردى، لېكىن ئۇنىڭ دۇئاسى تۈگىمەي ئاغزىنى مىدىرلىتىپ بىرنېمىلەرنى ئوقۇۋاتاتتى. ئۇنى كۆرۈپ ھەيران بولۇۋاتقان ۋالىي يېنىغا قارىدى. يېنىدىكى چيەن دارىنىنىڭ كاتىپى:

— ۋالىي جانابلىرى، جىمىلىخان دۇئا قىلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇۋالسا دۇئاسىنىڭ تۈگىمىكى تەس. دۇئا قىلىش يادىغا يېتىپ قالسا، نەدىلا بولمىسۇن ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىدۇ، لېكىن بۇ ئايالدىكى بىر خىسلەت قىبلىگە قاراپ دۇئا قىلىشنى زادىلا يادىدىن چىقارمايدىكەن. دۇئا قىلىۋاتقاندا باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا تەگمەيدۇ، — دېدى. يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنى يانداپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ھەتتا ئات - هارۋىلارمۇ ئايلىنىپ ئاستا ئۆتۈپ كېتىشتى. ۋالىي بۇنىڭغا تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

— دۇئا قىلىمەن دەپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ ئۆتكەنلەرنى توسۇۋالغىنى نېمىسى؟ — دېدى.

— ۋالىي جانابلىرى، ئۇ ئايال دۇئاغا ئولتۇرغاندا ئۆزىنى ئۇنتۇغان هالدا ئىخلاسمەنلىك بىلەن دۇئا قىلارمىش. شۇڭا ئۇنىڭغا هېچكىم تەگمەيدۇ. لېكىن بەزىدە ئۇرۇق - تۇغقانلىرى پەيدا بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، دۇئاسىنى قىلدۇرۇپ ئېلىپ كېتىدۇ. بولمىسا ئۆزى دۇئادىن تۇرۇش يادىغا كەلگەندە ئاندىن تۇرۇپ كېتىدۇ...

بۇلار جىمىلىخانىغا خېلى ئۇزاق قاراپ تۇرۇشتى. لېكىن ئۇ دۇئادىن تۇرىدىغاندەك ئەمەس. ئەمما ئۇنىڭ پۇتى، تىزلىرى توك يەردە زادىلا توختىمىغاندەك مىدىرلاپمۇ قويمىدى. ۋالىي نېرىدىكى چيەن دارىننى يېنىغا چاقىردى. چيەن دارىن دەرهال ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— ۋالىي جانابلىرى، نېمە تاپشۇرۇقلىرى باركىن؟ — دېدى.

— سىز ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى خىزمەتتىن بوشاتقىنىڭىز بىلەن بىزگە مەلۇم قىلىپ رويخەتتىن ئۆچۈرۈلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭ هەر ئايلىق مائاشى ئوخشاشلا بېرىلىدۇ، شۇنداقتۇ.

— شۇنداق جانابلىرى.

— ئۇ ئايالنىڭ ئوغلى تېپىلغىچە مائاشىنى بىر تىيىنمۇ ئېلىپ قالماي ئائىلىسىگە تاپشۇرۇپ بېرىسىز.

— ۋالىي جانابلىرى، مەن هازىر ئۇ ئايالنى داۋالىتىشنى ئويلاۋاتىمەن، — دېدى چيەن دارىن.

ۋالىي ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ، ئالدىرىماستىن:

— هاكىم جانابلىرى، ئۇ ئايالنى تېۋىپنىڭ دورىسى بىلەن داۋالاپ ساقايتقىلى بولارمۇ؟ — دېدى.

چيەن دارىن بېشىنى سىلىپ:

— بولىدۇ جانابلىرى. مەن باراتنى چوقۇم تاپىمەن. ئۇنىڭ مائاشىنى ئاپىسىغا ئاپىرىپ بېرىمەن، — دېدى.

باشقىلار ئۇ ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ قارىشىپ قالغانىدى. شۇ ئەسنادا جىمىلىخانىنىڭ دۇئاسى تۈگەپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ قولىدىكى تايىقنى پىرقىرىتىپ ئوينىتىپ كېتىۋاتاتتى. بېشىدىكى داكا ياغلىقى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. ۋالىي چيەن دارىنغا يەنە:

— ھاكىم جانابلىرى، سىز ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنى چوقۇم تېپىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

— خوپ.

— ھاكىم جانابلىرى، ئۇ ئايالنىڭ ئوغلىنىڭ خىزمەتتىن بوشىتىلىش سەۋەبلىرىمۇ سۈرۈشتۈرۈلىدۇ. لېكىن ھازىرچە ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرز لىرى سۈرۈشتۈرۈلۈپ بىر تەرەپ قىلىنىدۇ، — دېدى ۋالىي. چيەن دارىن گەپ قىلماي بېشىنى سىلىپ تۇردى. باشقىلار ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتكەن بولسىمۇ، ئۇ زۇۋان سۈرمىگەچكە ۋالىينىڭمۇ كارى بولماي كوچىغا قارىدى. جىمىلىخان كېتىۋاتقان تەرەپتە ئادەملەر ئاز ئىدى. ئات ھارۋىلارمۇ شالاڭ بولغاچقا، ئۇنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقى تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن ۋالىي ئۇ تەرەپنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئۇ:

— ئۇ ئايال ھازىر نەگە بارىدۇ؟ — دەپ سورىدى.

كاتىپ جىمىلىخانىنىڭ نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى دېمەي:

— ئۇ ئايال ئاشۇنداق نەگە بولسا كېتىۋېرىدۇ، لېكىن يوقاپ كەتمەيدۇ، بۈگۈن بولمىسا ئەتە، ئەتە بولمىسا ئۆگۈن يەنە مۇشۇ بازاردا پەيدا بولىدۇ، — دېدى.

ۋالىي تەئەججۇپلەنگىنىدىن ئالقىنىنى ئېچىپ كەڭ يۈزىنى بىر سىلىۋەتتى. كۆپچىلىك جىمىلىخان كېتىۋاتقان دالىغا قاراپ تۇرۇشتى. ئاپئاق قارغا پۈركەنگەن كەڭ دالىدا ئۇ يالغۇز قار كېچىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ داكا ياغلىقى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

# يىگىرمە يەتتىنچى باب

## ۋاڭ خېنىمنىڭ قىزى ۋاڭ شىئېرنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىپ قېلىشى

ۋاڭ بېگىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم كۆپرەك قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ پاراڭلىشاتتى ھەم باراتنىڭ ئەھۋالىنى قىزى ئارقىلىق بىلىپ تۇراتتى. قورۇقتىكى ھەممە ئادەم ماتەم ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتكەچكە، باراتنىڭ ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھازىر پەقەت ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاقلا باراتنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالاتتى. ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا كېچىسى يوشۇرۇن بېرىپ كۆرۈپ كېلەتتى. بىر كۈنى ۋاڭ خېنىم باراتنى كۆرۈپ كەلگۈسى كېلىپ، ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان ئۆيگە بېرىشنىڭ ئالدىدا قىزىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. ھۇجرىدا قىزى يالغۇز ئىدى. ئادەتتە قىزى ھۇجرىدا يالغۇز بولسا دۇ قىزچاق چوقۇم باراتنىڭ يېنىدا بولاتتى. ئۇ ھۇجرىغا كىرگەندە ۋاڭ شىئېر قولىدىكى ئىشىنى قويۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاپىسىنى قارشى ئالدى. ۋاڭ خېنىم كېلىپ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ تۆشەك ئۈستىدە ئەمدى تىكىشكە باشلىغان خەينىڭ يۈزلۈكىنى كۆرۈپ قالدى. يىپ ئۆتكۈزۈلگەن يىڭنە يۈزلۈككە سانجىقلىق ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ خەي تىكىۋاتقانلىقىغا ھەيران بولۇپ:

— قىزىم، تىكىۋاتقىنىڭىز نېمە؟ — دەپ سورىدى.

— خەي...، — دەپ بولۇپ ۋاڭ شىئېرنىڭ يۈزى

ئىختىيارسىز ھۇپپىدە قىزىرىپ يەرگە قارىۋالدى. ۋاڭ خېنىم تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، خەينىڭ يۈزلۈكىنى قولىغا ئېلىپ ئايلاندۇرۇپ كۆرۈپ:

— بارات ئاكىڭىزغا تىكىۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ھەئە، — دەپلا ۋاڭ شىئېر يەنە قىزىرىپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى جايىغا قويۇپ:

— بوپتۇ، ئوبدان قىپسىز بالام، بارات بولسا ئاكىڭىزنىڭ دوستى ھەم ساۋاقدىشى ئىدى، — دېگىنىچە ئوغلىنى ئەسلەپ، ئۆلۈغ - كىچىك تىنىپ ئورنۇدۇقا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ شىئېر خەينىڭ يۈزلۈكىنى نېرى ئىتتىرىپ قويۇپ، ئاپىسىغا ئۇدۇل ئولتۇردى. ۋاڭ شىئېر بۇ يىل توپتوغرا ئون سەككىز ياشقا كىردى. ئىككى يىلدىن بېرى چيەن دارىن «ۋاڭ بېگىم بىلەن قۇدىلىشىمەن» دەپ ئەلچى ئەۋەتمىگەن بولسا ئۇ ئاللىقاچان باشقىلارغا ياتلىق بولۇپ بولغان بولاتتى. چۈنكى بىر ناھىيىنىڭ ھاكىمى «قۇدىلىشىمەن» دەپ تۇرغاندا باشقا ئائىلىلەرنىڭ ئۇلاردىن ئەيمىنىپ ئەلچى ئەۋەتىشى تەس ئىدى. كىچىك بايۋەچچە پوچىلىق قىلىپ «ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ۋاڭ شىئېرنى ئالىمەن» دەپ گەپ تارقىتىۋەتكەنىدى. ئانا - بالا ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ ئۇزاق ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم باراتقا تىكىۋاتقان خەينى كۆرۈپ، قىزىنىڭ كېلەچىكى توغرۇلۇق ئويلىنىپ قالدى. قىزى خەينى باراتنى ئاكىسى ئورنىدا كۆرۈپ تىككەن بولۇشى مۇمكىن ياكى باراتنى خۇش قىلىش ئۈچۈن تىككەن بولۇشى مۇمكىن، ياكى باراتنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ تىكىۋاتقانمىدۇ. باراتمۇ قىزلارنىڭ كۆزى چۈشكىدەك قاملاشقان يىگىت. ئۆزىمۇ ياش چاغلىرىدا كۆيگەن يىگىتىگە خەي تىكىپ كىيدۈرۈپ قويغان. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، قىزىنىڭ نېمە ئۈچۈن خەي تىكىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ:

— قىزىم، — دەپ ئورنۇدۇقتىن تۆشەككە كېلىپ

ئولتۇردى. ۋاڭ شىئېرمۇ ئاپىسىغا يېقىن كېلىپ ئولتۇردى. چۈنكى ئۇ دادىسى، ئاكىسىدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئاپىسىغا بەكمۇ مېھرىبان بولۇپ كەتكەنىدى. ۋاڭ خېنىممۇ قىزىنى تېخىمۇ ئەزىزلەپ، قىزىدىن ھېچ نەرسىنى يوشۇرمايتتى. شۇڭا ئويلىغانلىرىنى سورىغۇسى كېلىپ:

— قىزىم، بارات ئاكىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىزمۇ - يە؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ئاپىسىنىڭ گەپنى مۇنداق ئۇدۇل قىلىشىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئىزا تارتىپ جىم بولۇۋالدى.

ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشىنىپ، ئۇنىڭدىن يەنە گەپ سورىماي ئويغا چۆمدى. ۋاڭ خېنىم چيەن دارىنىنىڭ «قۇدا بولىمىز» دەپ ئەلچى ئەۋەتكەنلىكىنى ئويلىماي تۇرالمىدى. لېكىن كىچىك بايۋەچچىنى ئۆزىمۇ ياراتمايدىغان، قىزىمۇ خالىمايدىغان بولغاچقا، جاڭ خېنىم ئەلچى بولۇپ كەلگەندە ئەنسىرەپ يالغۇز قىزىنى ئۆمۈرۋايەت يېنىدىن ئايرىغۇسى كەلمەيدىغاندەك قىلغانىدى. لېكىن ھازىر قىزىنىڭ ئوغلىنىڭ دوستى ۋە ساۋاقدىشى باراتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سېزىپ، باراتنى باشقىدىن ئويلاپ قالدى. بارات ۋاڭ خېنىم ئۈچۈن خېلى يىللاردىن بېرى تونۇش بولۇپ، ئۆيدە پات - پات گېپى بولاتتى ھەم ئۇنىڭغا نەچچە قېتىم تەرجىمانلىق قىلىپ بەرگەنىدى. بارات شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالغانىدى. شۇڭا قىزىدىن يەنىمۇ كۆپرەك بىر نەرسە بىلگۈسى كەلدى:

— قىزىم، بارات ئاكىڭىزنى قاچاندىن بېرى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭىز؟ — ۋاڭ شىئېر ئىختىيارسىز ئاپىسىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇۋالدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ بېشىنى سىيلاپ:

— قىزىم، بارات ئاكىڭىز ھەقىقەتەن ياخشى يىگىت، —

دىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى.

ۋاڭ شىئېر ئاپىسىنى تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىدى. چۈنكى ئۇ قەلبىدە ئويغانغان مۇھەببەتنىڭ ئاپىسىنىڭ كۆڭلىگە ياققانلىقىدىن بەك خۇرسەن بولغانىدى، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئۇيۇلۇپ:

— ئاپا، بارات ئاكامغا ئەجەب بولدى ـ ھە، — دېدى.

ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىپ بولغان ئاپىسى كۇلۇمسىرەپ:

— قىزىم، بارات ئاكىڭىز چوقۇم ساقىيىپ كېتىدۇ. ھازىرمۇ كۈندىن ـ كۈنگە ياخشى بولۇۋاتىدىغۇ، ئۇنى چوقۇم ياخشى داۋالىتىمىز، بارات ياش، ياش ئادەم چوقۇم تېزلا ساقىيىپ تۈزۈلۈپ كېتىدۇ، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر خۇشاللىقىدا ئاپىسىغا تېخىمۇ چىڭ يېپىشتى. ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ بۇ خۇشال ھالىتىنى كۆرۈپ چاقچاق قىلىپ:

— قىزىم، مېنى قۇچاقلاپ سىقىۋەتتىڭىزغۇ، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر قولىنى بوشىتىپ، ئاپىسىغا تەتۈر قارىۋالدى. ۋاڭ خېنىم يەنە:

— قىزىم، بارات ئاكىڭىزنى قاچاندىن بېرى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىڭىز؟ — دەپ سورىدى.

ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا يانچە قاراپ:

— ئاپا، سىز بۇنى سوراپ قالدىڭىز، مەن بارات ئاكامنى ھازىر كېسەللىكە قاراۋېتىپ ئەمەس، خېلى بۇرۇنلا ياخشى كۆرۈپ قالغان. يەنى بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئىلگىرى دادام بىلەن ئۈرۈمچىگە ئاكامنى كۆرگىلى شۆتاڭغا بارغاندا ئۇنى تۇنجى قېتىم كۆرگەنىدىم، شۇ چاغدىلا ئۇ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قېلىپ، شۇندىن بېرى پات . پات يادىمغا كېلىۋالىدىغان بولۇپ قالدى. ھازىر بولسا دۇ قىزچاق ئىككىمىز ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىۋاتىمىز، لېكىن، — دەپ جىم بولۇپ قالدى.

— قىزىم، «لېكىن» دەيسىزغۇ؟

— ئاپا، گەرچە مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بولساممۇ، لېكىن ئۇنىڭ ماڭا قانداق قارايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن، — دەپ بېشىنى تۆۋەن سېلىۋالدى ۋاڭ شىئېر.

— قىزىم، باراتنىڭ ئۇيغۇر، مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى ئويلاشتىڭىزمۇ؟ — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— ئاپا، مەن بارات ئاكامنى سېغىنىپ ئەسلىگىنىمدە، ئۇنىڭ مىللىتى، دىنىنىڭ ياتلىقى زادىلا يادىمغا كەلمەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمنى ياخشى كۆرمەيمەن.

— شۇڭا چيەن دارىنىنىڭ ئوغلىنى ياراتماپتىكەنسىز دە؟

— ئاپا، ئۇ لۈكچەكنىڭ گېپىنى ھەرگىز قىلماڭ. ئاكام چېگرا سودىسىغا ماڭىدىغان كۈنى ئۇ لۈكچەك بازاردا كەينىمگە كىرىۋېلىپ دۇ قىزچاق ئىككىمىزنى ئاۋارە قىلغاندا بارات ئاكام بىزنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان.

— قىزىم، شۇنداق ئىشمۇ بولغانمۇ؟

— ھەئە، — ۋاڭ شىئېر شۇ جۇمە كۈنىدىكى ئىشنىڭ تەپسىلاتىنى قىسقىچە سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن يەنە، — ئەگەر ئاكام ھايات بولغان بولسا، ئۇ لۈكچەكنىڭ ئەدىپىنى تازا بەرگەن بولاتتى، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كېتىپ ئۆز - ئۆزىگە «ئەمدى چيەن دارىن ئەلچى ئەۋەتىپ باقسۇنچۇ قېنى، ئەلچىنىمۇ، ئۆزىنىمۇ ئاياپ ئولتۇرمايمەن. ھازىر بىزنى بېسىپ كېلىۋاتقان دادىڭىز يوق، ئەمدى ئۇلارغا ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دېدى. ۋاڭ شىئېر بۇ گەپتىن بەكمۇ خۇشال بولدى ۋە ئاپىسىنىڭ يېنىغا سۈرۈلۈپ كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— ئاپا، مەن ھازىر بارات ئاكامنىڭ كېسىلىگە قاراۋاتىمەن. ئۇنىڭغا جىق ئىشلارنى قىلىپ بەرگىم كېلىدۇ. ئۇ ئورنىدىن تېخى تۇزۇك تۇرمىدى. مەن ئۇنىڭ پۇتىنى ئۆلچەۋاتسام «نېمە

قىلمىۋاتىسىز» دېدى. مەن «سىزگە خەي تىكىپ بېرەي» دېسەم ئۇ ئىنتايىن خۇش بولدى، — دەپ كۇلۇمسىرىدى. ۋاڭ خېنىممۇ خۇش بولۇپ قىزىنى قۇچاقلىدى ۋە:

— قىزىم، كونىلاردا «مۇھەببەت ئوتىنى تەڭرى سالىدۇ» دېگەن گەپ بار، سىز باراتنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قاپسىز. تەڭرى ئۇنىڭغىمۇ بۇ ئوتنى سالغاي ئىلاھىم، — دەپ قىزىنى تۆشەككە ئولتۇرغۇزۇپ داۋام قىلدى، — سىز باراتنى تۇنجى كۆرۈپلا ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭىز چۈشۈپ قاپتىكەن. تەڭرى ئاتا قىلغان چىن مۇھەببەت مانا مۇشۇنداق بولىدۇ. — ۋاڭ شىئېر بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بارغانسېرى خۇش بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن باراتنىڭ ئۆزىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا بۇ ئىشتا ئۆز تەلىيىنىڭ قانداقلىقىنى ئاپىسىدىن سوراپ بىلگۈسى كېلىپ:

— ئاپا، «تەڭرى ئۇنىڭغىمۇ بۇ ئوتنى سالغاي» دەيسىز، شۇنداقمۇ بولارمۇ؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم خۇددى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە:

— بۇنى مەن بىلمەيمەن. لېكىن تەڭرى ھەقىقىي مۇھەببەت ئاتا قىلسا ھەر ئىككىڭلارغا ئوخشاش ئاتا قىلىدۇ. شۇڭا مۇھەببەتنى تەڭرىدىن تىلەش لازىم، — دېدى ۋە قىزىغا بۇرۇلۇپ قاراپ، — سىلەر باراتقا ياخشى قاراڭلار، — دەپ تاپىلىدى.

ۋاڭ شىئېر «بولىدۇ» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇلار باراتقا ياخشى قارىغاچقا، ئۇنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ياخشى بولۇۋاتاتتى، لېكىن ئۇ بارات دادامنىڭ قىلغىنىنى كەچۈرەرمۇ دەپ گۇمان قىلاتتى. شۇڭا بۇ ئويىنىمۇ ئاپىسىدىن سوراپ باققۇسى كېلىپ:

— ئاپا، بارات ئاكام دادامنىڭ زىيانكەشلىكىنى كېيىن يۈزۈمگە سالارمۇ؟ — دېدى.

— قىزىم، بارات ئاكىڭىز بۇ توغرۇلۇق گەپ - سۆز قىلىپ

باقتىمۇ؟

— ياق، ھېلىغىچە ئۇنداق گەپ بولمىدى. ئىككىلىمىز ھازىر ناھايىتى چىرايلىق پاراڭلىشىمىز.

— قىزىم، ئۇنداق بولسا بارات سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەگەر ئۇنداق بولمىغان بولسا، سىزنى ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى دەپ سىزگە قارىمىغان بولاتتى. ھەتتا بىزنىڭ ئۇنى يوشۇرۇپ داۋالاۋاتقانلىقىمىزنى قوبۇل قىلماي قارشىلىق كۆرسەتكەن بولاتتى. ئۇنداقتا بۇ چاغقىچە بىزنىڭ ئۇنى يوشۇرۇپ داۋالاۋاتقانلىقىمىز ئاللىقاچان پاش بولۇپ قالغان بولاتتى.

ۋاڭ شىئېر خۇشاللىقتا ئاپىسىنى قۇچاقلاپ:

— ئاپا، مەن بارات ئاكامنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرۈپ قالدىم، — دەپ ئاپىسىنىڭ كۆكسىگە بېشىنى قويۇپ جىم بولۇپ قالدى.

ۋاڭ خېنىم كۈلۈمسىرەپ:

— ئىلاھىم باراتمۇ سىزنى مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالار، بارات بۇرۇندىنلا كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنەتتى. ئاكىڭىز ۋاپات بولۇپ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى باشلاپ پەتىگە كەلگەندە مەن ئۇنىڭدىن بەكمۇ رازى بولغانىدىم، — دېۋىدى ۋاڭ شىئېر:

— ئاپا، شۇ چاغدا بارات ئاكام ماڭا خۇددى ئۆز ئاكامدەك كۆرۈنۈپ، مەن يىغلاپ ئۇنىڭ ئالدىغا بارغانىدىم، — دېدى.

— راست، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ئاكىڭىزمۇ باراتقا ئىنتايىن ئامراق ئىدى، ئاكىڭىز ئۆيدە بولسا ئۇنىڭ گېپىنى تولا قىلاتتى. ئەمدى سىز ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قاپسىز. مەن ئەمدى باراتقا تېخىمۇ ئامراق بولۇپ قېلىۋاتىمەن. گەرچە ئۇ باشقا مىللەت، باشقا دىندىن بولسىمۇ، لېكىن مۇھەببەت يات ئەمەس. شۇڭا سىزنىڭ بارات بىلەن ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

ۋاڭ شىئېر بۈگۈن ئىنتايىن خۇش بولدى. چۈنكى

قەلبىدىكى يوشۇرۇن مۇھەببەتنى ئاپىسىغا ئېيتتى، ئاپىسىمۇ مۇھەببىتىنى چۈشەنگەچكە، قىزىنىڭ رايىغا باقىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئۇ ئىككىسىگە تەڭرىدىن چىن مۇھەببەت تىلەپ دۇئا قىلدى. لېكىن دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن ئەلچىگە قانداق جاۋاب بېرىش ئاپىسىنىڭ ئىختىيارىغا باغلىق بولسىمۇ، چيەن دارىن يەنىلا ناھىيىنىڭ ھۆكۈمرانى، ئوغلى بولسا كىشىنى بىزار قىلىدىغان لۈكچەك ئىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ يەنە ئاۋارە قىلىشىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتى. شۇڭا ئۇ:

— ئاپا، دادام ھايات ۋاقتىدا ئەلچىگە ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدىڭلار، ئەمدى يەنە ئەلچى كەلسە نېمە دەپ جاۋاب بېرەرسىز؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم دەرھال:

— قىزىم، ئەمدى خاتىرجەم بولۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ئەلچى ئەمەس ھەتتا چيەن دارىن ئۆزى كەلسىمۇ، قوغلىۋېتىمەن. ئەگەر ئۇ ماڭا تەھدىت سالىدىغان بولسا، مەن بارات ئىككىڭلارنى باشقا يۇرتقا قاچۇرۇۋېتىمەن، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر كۈلۈپ كېتىپ:

— ئاپا، چيەن دارىنغا شۇنچىلىكمۇ قىلارسىزمۇ؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم ئويلىنىپ:

— قىزىم، چيەن دارىننىڭ بىز بىلەن «قۇدىلىشىمەن» دېگىنى بىكار. ئۇنىڭ ئوغلى كىم چىرايلىق بولسا شۇنى بېرىپ چىشلەيدىغان غالجىر ئىت. چيەن دارىننىڭ بۇ تويغا قىزىقىدىغىنى بىزنىڭ بايلىقىمىز. ئۇ ئوغلىنىڭ ئەسكى مىجەزىنى، لۈكچەكلىكىنى ياخشى بىلىدۇ. ھازىر دادىڭىز يوق، شۇڭا ئۇ مېنى «تۇل قالدى» دەپ بۇ تويغا مەجبۇرلىشى مۇمكىن، لېكىن مەن ھەرگىز ئۇنىمايمەن، — دېدى.

— ئا،ا، قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — ۋاڭ شىئېر ئاپىسىنى قۇچاقلىۋالدى. ئۇ تويىنىڭ، چيەن دارىننىڭ ئوغلىنىڭ گېپى بولسا، قورقۇپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ۋاڭ خېنىم:

— قىزىم قورقماڭ، بۇ تويغا سىزمۇ ئۇنىمايسىز، مەنمۇ ئۇنىمايمەن. چيەن دارىن مال - دۇنياغا تويمايدىغان ئادەم. قىزىم، بىز ناھىيە بازىرىدىكى كونا ھويلىمىزنى ئەسلىدە مۇۋاپىق باھادا تۇرداخۇنغا سېتىپ بولغانىدۇق. لېكىن چيەن دارىن دادىڭىزغا گەپ ئۆگىتىپ ھويلىنىڭ باھاسىنى ئىككى ھەسسە ئۆرلىتىپ قايتا ساتقۇزۇپ، بىزدىن ئوبدانلا تاپان ھەققى ئالدى. ئۇرۇمچى ۋالىيسى پەتىگە كېلىپ مەندىن ئەھۋال سوراپ، دادىڭىزنىڭ ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغانلىقىنى ئېيتتى. بىر چاغدا دادىڭىزنىڭ يامۇلغا قىزىل لېپاپ سۇنغانلىقىنى بىلەتتىم. ئاكىڭىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن دادىڭىز گاۋ غوجىدار بىلەن ناھايىتى ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتى. بۇ ئىشتا بىر يامانلىقنىڭ بارلىقىنى سېزىپ تۇراتتىم. چۈنكى ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، «مېنىڭ راست» دەيدىغان دادىڭىز بىر خىزمەتكارى بىلەن تۇيۇقسىزلا مۇشۇنداق يېقىنلىشىپ كەتكەنىدى. ئاخىرى مەن گۇمان قىلغاندەك ئىش بولدى. بىز تەرەپتە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن تۆت ئادەم بىزنىڭ كونا قورۇقتىن چىقتى. ئۇنىڭ ئۈچى ئۆلدى، بىر بارات ساق قالدى. جېنىم قىزىم، مېنى خاتىرجەم دەپ ئويلامسىز. بىزنىڭ بۇ چوڭ قورۇق قاچان ۋەيران بولىدۇ، بىلمەيمەن. لېكىن پات يېقىندا ۋەيران بولىدىغاندەك مېنى ۋەھىمە بېسىپ تۇرىدۇ. بىزدە ئائىلە چوڭىنىڭ ۋاپات بولغىنى چىراغنىڭ ئۆچكىنى دېگەن گەپ بار. دادىڭىز ئۆلدى، ئائىلىمىزنى ئېغىر غەم باسقاندا مەن تۇل قالدىم. قىزىم، مەن مۇشۇلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە پەقەت سىزنىلا ئويلايمەن. چيەن دارىن ماڭا زورلۇق قىلىپ بولسىمۇ سىزنى ئوغلىغا ئېلىپ بېرەمدىكىن دەپ ئەنسىرەيتتىم. لېكىن بۈگۈن سىزنىڭ بارات ئاكىڭىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىڭىزنى بىلىپ، كۆڭلۈم خاتىرجەم بولدى، — دەپ بىردەم قىزىغا قاراپ قويۇپ يەنە، — تەگرى نېسىپ قىلسا

سىلەرنى چوقۇم مۇرادىڭلارغا يەتكۈزىمەن. سىلەرنى قاچۇرۇۋېتىپ بولسىمۇ، سىزنى چيەن دارىن ئائىلىسىگە تۇتۇپ بەرمەيمەن، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ئاپىسىنى قۇچاقلىغان پېتى يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭغا قاراپ ۋاڭ خېنىممۇ كۆز يېشى قىلدى. چۈنكى ئۇ ئىككىسى ھازىر بېشىغا كېلىۋاتقان غەم - قايغۇلىرىنى بىر - بىرىگە تۆكۈشۈپ، بىردەم بولسىمۇ ئىچى بوشىغانىدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ باراتنى كۆرگۈسى كېلىپ:

— قىزىم، مەن بۈگۈن كەچ باراتنى كۆرۈپ كېلەي، خېلى كۈنلەر بولدى ئۇنى كۆرمىدىم. سىلەر ئۇنى «ياخشى بولۇۋاتىدۇ» دەيسىلەر، بۈگۈن بېرىپ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ كېلەي، — دېدى. ۋاڭ شىئېر خۇش بولۇپ:

— ئاپا، مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى.

— ياق قىزىم، بىز باراتنى باشقىلاردىن يوشۇرۇن ساقلاۋاتىمىز. شۇڭا بىردىن بېرىپ كۆرەيلى. بۇنىڭدىن كېيىن سىزمۇ كۆپ بارماڭ، بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاق بېرىپ ئۇنىڭدىن خەۋەر ئېلىپ تۇرسا چېنىپ كەتمەيدۇ. ئىككىمىز بىللە بارساق ياكى سىز كۆپ بارسىڭىز باشقىلارنىڭ دىققىتىنى قوزغاپ قويىمىز. ھازىر بىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىشىمىز باراتنى ئوبدان ساقلاپ ساقايتىۋېلىش.

ۋاڭ شىئېر «بولىدۇ» دېگەندەك بېشىنى لىڭشىتتى. ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن قوزغىلىپ بولۇپ بىر ئىش يادىغا يېتىپ:

— قىزىم، ئاڭلىسام باراتنىڭ ئاپىسى جىمىلىخان ھازىر ئوغلىنىڭ دەردىدە ئېلىشىپ قاپتۇ. كوچىلاردا يۈرەرمىش، دادىڭىز تەگرىدىن قورقماي ئەجەب يامان ئىشلارنى قىلدى، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر كۆزىگە ياش ئالدى. ۋاڭ خېنىم:

— يىغلىماڭ قىزىم، باراتنى ساقايتىپ تەگرىدىن

گۇناھىمىزنى تىلەيلى، — دەپ ھۇجرىدىن چىقىپ كەتتى. ۋاڭ شىئىر ئىشىككىچە بېرىپ ئاپىسىنى ئۇزىتىپ قويدى.

ئەلياتقۇ بولغان چاغدا ۋاڭ خېنىم بەي ئاغىچىنىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ئۇنى ئويغىتىپ، ئۇنىڭدىن ئامبارنىڭ ئاچقۇچىنى ئېلىپ تالاغا چىقتى. بۇگۈن ئاسمان سۈزۈك، تۈن قاراڭغۇسى بولغاچقا، يۇلتۇزلار چاقناپ ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ خاتىرجەم ئامبارغا قاراپ ماڭدى. ھويلا ئىچى شۇنداق تىنچ ئىدىكى، ئۇنىڭ ماڭغانلىقىنى ۋاڭ بېگىمنىڭ سەزگۈر ئىتلىرىمۇ تۇيماي قالدى. ۋاڭ خېنىم ئامبارغا بېرىپ ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ كىرىپ، چەتتىكى بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. ئۇلار باراتنى مۇشۇ قازناق ئۆيدە ساقلاۋاتاتتى. بۇ ئامباردا ۋاڭ بېگىم ئائىلىسىنىڭ يېمەك - ئىچمەكلىرى ساقلىناتتى. ئۇنىڭ ئاچقۇچى بەي ئاغىچىدا تۇراتتى. خىزمەتچىلەرگە نېمە لازىم بولسا بەي ئاغىچا ئۆزى ئەچىقىپ بېرەتتى، باشقا ئادەمنى كىرگۈزمەيتتى. باراتنى بۇ يەرگە ئەكېلىپ ساقلىغاندىن بېرى ۋاڭ خېنىم ۋە ۋاڭ شىئىر پەقەت يېرىم كېچىدە ياكى يېرىم كېچىگە ئاز قالغاندا كېلىپ يوقلاپ كېتەتتى. بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاق كۈندۈزى ئامبارغا كىرسىمۇ باشقىلار گۇمان قىلمايتتى. ۋاڭ خېنىم قازناققا كىرىپ چىراغنى ياندۇردى. بۇ قازناقنىڭ تۈڭلۈكتىن باشقا روجەك - دېرىزىسى يوق ئىدى. چىراغ يانغانلىقىنى سەزگەن بارات ئويغاندى، لېكىن ئورنىدىن دەرھال تۇرالمىدى. ۋاڭ خېنىم چىراغنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە چىراغنى كارىۋاتنىڭ بېشىغا قويۇپ، باراتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ:

— بالام، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ — دەپ ئۇنىڭ ئاجىز قوللىرىنى سىيلىدى. باراتنىڭ يۈزىدىكى جارھەت ساقايغان بولسىمۇ، لېكىن بەدىنىدىكى جاراھەت تېخى ساقايمىغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ يۈزى كېچىدە قارا كۆرۈنەتتى، لېكىن بىر جۈپ

كۆزى ناھايىتى نۇرلۇق بىلىنەتتى. ئۇ ۋاڭ خېنىمنىڭ ئەھۋال سوراپ كېچىدە كەلگەنلىكىگە خۇش بولۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، رەھمەت سىزگە، ئاۋارە بولۇپ كېچىدە كەپسىز، — دېدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا بىر دەم قاراپ تۇرۇپ:

— ئوغلۇم بارات، ئەمدى سىز مېنى ۋاڭ خېنىم دېمەڭ. سىز ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ دوستى، سىز ئۆز ئوغلۇمغا ئوخشاش، سىلەرگە يۈز كېلەلمەيمىز، — دېدى.

— ئۇنداق دېمەڭ ۋاڭ خېنىم، — بارات قوزغىلىپ ئۆرە بولماقچى بولدى. لېكىن ئاجىز بەدىنىنى ئارانلا مىدىرلىتىپ، جەينىكىگە تايىنىپ ئۆزىنى سەل يۇقىرىغا تارتىپ ئولتۇردى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ قىينىلىپ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بالام، جىم يېتىڭ. خۇدايىم بۇيرۇسا چوقۇم ساقىيىپ ياخشى بولۇپ كېتىسىز، — دېدى ئۇنىڭ يۈزىنى سىيلاپ، — بالام، دورىلار شىپا بولۇۋاتامدۇ؟

— رەھمەت، دورىنى ئىچكەنسېرى ئىچىم يورۇشقا باشلىدى، ئېسىمنى يىغالايدىغان بولدۇم، پۇت - قولۇممۇ خېلى مىدىرلايدىغان بولدى، ئىشتىھايىممۇ ئېچىلدى، قارىغاندا پات يېقىندا ساقىيىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن. روھىممۇ ياخشى. ۋاڭ شىئېر، دۇ قىزچاق، بەي ئاغىچا مەن بىلەن دائىم پاراڭلىشىدۇ، ئۇلار مېنى زېرىكتۈرمەيدۇ. رەھمەت سىلەرگە، — دېدى بارات ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ.

— جېنىم بالام، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ھېلىمۇ سىزنىڭمۇ، بىزنىڭمۇ تەلىيىمىز بار ئىكەن. ئەگەر قىزىم دۇ قىزچاق بىلەن ئۇيناپ كونا قورۇققا بېرىپ قالمىغان بولسا، سىز نېمە بولۇپ كېتەرىدىڭىز. بىز تەڭرىنىڭ ئالدىدا تېخىمۇ گۇناھكار بولاتتۇق.

بارات كۈلۈمسىرەپ:

— مېنىڭ يەيدىغان رىزقىم بار ئىكەن، سىلەر مېنى

قوتولدۇرۇپ قالدىڭلار، — دېدى.
ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ سۆزىدىن خۇش بولۇپ:
— ئوغلۇم بارات، بېگىم سىلەرنىمۇ، بىزنىمۇ مۇشۇنداق دەردۇ بالاغا دۇچار قىلىپ قويۇپ ئۆزى ئۆلۈپ كەتتى. ھەر ئادەم قىلغان گۇناھىنىڭ دەردىنى ئۆزى تارتىدىغان ئوخشايدۇ. مەن گۇناھىمنى يۇيۇش ئۈچۈن سىزنى سەللىمازا ساقايتىۋېلىشىم لازىم. سىزگە ھەربىر قارىغىنىمدا ئىنتايىن خىجىل بولىمەن، — دېدى.
— ئۇنداق بولامدىغان ۋاڭ خېنىم، سىلەر مېنى دوزاختىن قۇتۇلدۇردۇڭلار. مەن سىلەرگە كۆپ رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، — بارات ئۇنىڭغا سۆيۈنۈش بىلەن قارىدى.
— ئۇنداق دېمەڭ بالام، ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ. سىزنى بىزنىڭ ساقلاپ قالغانلىقىمىز تەڭرىنىڭ مېنى يۆلىگەنلىكى، شۇڭا ھەممىمىز تەڭرىگە رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم.
ئۇ ئىككىسى بىر - بىرىدىن ئىنتايىن رازى بولۇپ، كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ:
— ئوغلۇم، «ھازىر ئىشتىھايىم ياخشى بولۇپ قالدى» دېدىڭىز. بۇ ياخشى ئەھۋال، — دېدى.
— راست، بىر ھەپتە بولدى، قورسىقىم ئاچىدىغان بولدى.
ۋاڭ خېنىم خۇش بولۇپ:
— ئوغلۇم، ئەگەر قورسىقىڭىز ئېچىۋاتقان بولسا، ئىچىڭىزدىكى دەرد تۈگەشكە باشلاپتۇ. بىز سىزنى ناھايىتى داڭلىق تېۋىپلارنىڭ رېتسېپى بىلەن داۋالاۋاتىمىز. ئۇ تېۋىپلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ئادەم سىرتتىن زەخىم يېسە دەرد ئىچىگە ئۆتۈپ كېتىدىكەن. شۇڭا ئالدى بىلەن ئىچىدىكى دەردنى داۋالىغاندا سىرتتىن يېگەن زەخىم ئوڭايلا تۈزۈلۈپ كېتىدىكەن. قارىغاندا سىز ئوڭايلا ساقىيىپ كېتىدىغاندەك قىلىسىز. خۇدا بۇيرۇسا سىزنى سەللىمازا ساقايتىپ، ئاندىن

ئاپىڭىزغا ئۆز قولۇم بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى.
باراتنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى. چۈنكى ئۇ ئاتا - ئانىسىنى ئىنتايىن سېغىنغانىدى. ئۇنى بۇ قازناقتا ئېلىپ كەلگەن دەسلەپكى كۈنى ئۇ ئاغرىق ئازابىدا «ئاپا» دەپ جۆيلۈگەنىدى. بۇنى ۋاڭ خېنىممۇ ئاڭلىغانىدى. شۇڭا:
— ئوغلۇم بارات، ئاپىڭىزنى ئەسلىتىپ كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىپ قويدۇم. ھەرگىز كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، مەنمۇ ئانا، مەنمۇ ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېردىن ئايرىلىپ ساراڭ بولۇپ قالغىلى تاس قالغانىدىم، لېكىن تەقدىرگە تەن بېرىپ چىداپ كېلىۋاتىمەن، — دېدى.
بارات ئاپىسىنى ئەسلەپ ئىختىيارسىز:
— ئاپا، — دەپ ۋاڭ خېنىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ۋاڭ خېنىممۇ ئوغلى ۋاڭ مىڭئېرنى ئەسلەپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ كۆزىگە ياش ئالدى. بارات ئۇنىڭ كۆزىدىن ياش ئېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى سېزىپ خىجىل بولۇپ قولىنى ئاستا قويۇۋېتىپ:
— ۋاڭ خېنىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ. مەن ئاتا - ئانامنى سېغىنىپ ئۆزۈمنى باسالماي قاپتىمەن، — دېدى. ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:
— ئوغلۇم بارات، «مېنى نېمىشقا ئاتا - ئانامغا تاپشۇرۇپ بەرمەيدىغاندۇ» دەپ ئويلايدىغانسىز؟ — دېدى.
— شۇنداق، — دېدى بارات دەرھال.
ئۇ بۇ قازناقتا داۋالىنىپ ئېسىگە كېلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ، ئۆز ئۆيىدە داۋالىنىشنى ئويلايتتى.
— ئوغلۇم بارات، مەن سىزنى ھېلىغىچە ئاتا - ئانىڭىزغا تاپشۇرۇپ بەرمەي مۇشۇ قاراڭغۇ قازناقتا يوشۇرۇپ داۋالىتىۋاتقانلىقىمنى بىلەمسىز؟ — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ئەگەر

سىلەرنى بېگىم ئۆزى يالغۇز تۇتۇپ كېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرگەن بولسا ئىدى، مەن گەرچە بېگىمنىڭ ئايالى بولساممۇ بۇ ئىشنى ئالىقاچان ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلىپ ھازىرقى ۋىجدان ئازابىنى تارتمىغان بولاتتىم. مەن ھازىر سىزنىڭ ئالدىڭىزدا، ئۆلۈپ كەتكەن ئۈچ ھەمراھىڭىزنىڭ روھى ئالدىدا ئىنتايىن ئازابلىنىمەن. لېكىن بۇ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە سەۋەبكار بولغان ۋاڭ بېگىمدىن باشقا يەنە خېلى كۆپ ئادەم بار ئىكەن. ئۇلارمۇ سىزنىڭ ھازىرچە ئاشكارا بولۇپ قالماسلىقىڭىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە ئاشكارا بولۇپ قالسىڭىز، ئۇلار سىزنىمۇ، مېنىمۇ ئۇجۇقتۇرۇۋېتىدۇ. شۇڭا سىزنى ھازىرچە ئۇلاردىنمۇ، سىزنى تەرەپ - تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئىزدەۋاتقان ھۆكۈمەتتىنمۇ، ئاتا - ئانىڭىزدىنمۇ يوشۇرۇپ تۇرۇۋاتىمەن.

— ۋاڭ خېنىم، دادام ئاغرىقچان ئىدى. ئاپام مېنى ئىزدەپ نېمە بولۇپ كېتىۋاتقاندۇ - ھە!

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى يوشۇرۇپ:

— بارات، ئاتا - ئانىڭىزدىن خاتىرجەم بولۇڭ، دادىڭىز ھېلىمۇ سىز كۆرگەندەك ئىكەن. ئاپىڭىز سىزنى ئىزدەپ سوروشتۇرۇپ يىراق - يېقىنلارغا بېرىپ تۇرىدىكەن، — دېدى.

بارات ئۆز - ئۆزىگە «خۇداغا شۈكۈر، نېملا بولمىسۇن ئاتا - ئانام ھايات ئىكەن» دېدى ۋە ۋاڭ خېنىمغا قاراپ:

— ۋاڭ خېنىم، خەۋىرىڭىز بارمىكىن، تاغام سولاقتا ئىدى. ئۇنىڭ ئىشلىرى ھازىر قانداق بولۇپ كېتىۋاتىدىكىن؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۈرۈمچى ۋالىيسىنىڭ پەتىگە كەلگەنلىكىنى دەرھال ئېسىگە ئېلىپ:

— ئوغلۇم بارات، ئۈرۈمچى ۋالىيسى بېگىمنىڭ ئۆلۈم

پەتىسىگە كەلگەندە «بېگىمنىڭ تۇرداخۇن ئۇستىدىن قىلغان ئەرزىنى ئەمدى بىر تەرەپ قىلىمىز» دېدى. مەن بۇ ئىشلارنى ئىلگىرى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن، — دەپ ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى.

بارات كۇلۇمسىرەپ:

— ۋاڭ خېنىم، بىز تۆتىمىزنى تۇتۇپ كېلىپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ ئۇرۇپ جازالىغاندا، ۋاڭ بېگىم «ئۆچۈمنى ئالدىم» دەپ جۆيلۈگەندەك قالايمىقان سۆزلەيتتى، — دېۋىدى، بۇنى ئاڭلاپ ۋاڭ خېنىم:

— نېمە دەۋاتىسىز بالام، — دەپ ئۇنىڭغا قاراپ قالدى.

— ۋاڭ خېنىم، سىز بىلمەيدىكەنسىز، ۋاڭ بېگىم چيەن دارىنغا «تۇرداخۇن باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئوغلۇمغا سۇيىقەست قىلدى» دەپ ئەرز قىپتىكەن. مەن ئۇرۇمچىدە ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن تاغامنىڭ سولاققا كىرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدىم. مۇشۇ ئىش توغرۇلۇق چيەن دارىن بىلەن يۈزتۇرانە كۆرۈشتۇم. شۇ چاغدا ھېلىقى ئەرزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ مەنمۇ ھەيران بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن گەپ تاكاللىشىپ قالدىم، ئۇ مېنى تۆگچىلىق خىزمىتىدىن قالدۇرۇۋەتتى. — بارات شۇنداق دېيىشىگە ۋاڭ خېنىم:

— بۇ نېمە ئىش ئەمدى. ئوغلۇمنى باندىتلار ئۆلتۈرۈۋەتسە، ۋاڭ بېگىم «ئۆچ ئالىمەن» دەپ سىلەرنى تۇتۇپ كېلىپ ئۇچىڭلارنىڭ بېشىغا چىقىپتۇ ـ دە، — دېدى.

— شۇنداق، ۋاڭ خېنىم، بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى چيەن دارىن بىلىدۇ. ئۇ ۋاڭ بېگىمنى توسمىدى.

ۋاڭ خېنىم كۆز يېشى قىلىپ:

— مەن ناماقۇل بالام، مېنى چاقماق چېقىپ ئۆلسەممۇ رازىمەن. بىز سىلەرنىڭ ئائىلىگە ھەرگىز يۈز كېلەلمەيمىز، — دېدى.

— سىزدە نېمە ئەيىب، — دېدى بارات كۈلۈمسىرەپ، — ھېلىمۇ سىز مېنى قۇتۇلدۇرۇپ قالدىڭىز.

— رەھمەت بالام، — دېدى ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، — بالام، سىزگە راستىنى ئېيتسام، چيەن دارىن بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشىپ ۋاڭ بېگىمنى ھەر كويغا سالغان. تاغىڭىزغا سېتىپ بولغان كونا ھويلىنىڭ باھاسىنى ئىككى ھەسسە ئۆرلىتىپ يەنە ساتقۇزغانمۇ شۇ چيەن دارىن، ئەمدىلىكتە «ئۆچ ئالىمەن» دەپ سىلەرنى مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قويۇشقا سەۋەبچى بولغانمۇ شۇ چيەن دارىن، — يەنە قىزىنىڭ تويى توغرۇلۇق غېمىنى دېگۈسى كېلىپ، — تېخى چيەن دارىن بىز بىلەن «قۇدىلىشىمىز» دەپ ۋاڭ بېگىمنى خېلى كولدۇرلاتتى، — دېدى.

— بۇنى بىلىمەن، — دېدى بارات.

— بۇ ئىشلارنى سىز قانداق بىلىسىز؟ — سورىدى ۋاڭ خېنىم ھەيران بولۇپ.

— بۇ ئىشلارنى ۋاڭ مىڭئېر چېگرا سودىسىغا سەپەرگە چىقىدىغان كۈنى دەپ بەرگەن. شۇ چاغدا ۋاڭ مىڭئېر ئاچچىق بىلەن «ئاڭلىسام مەن توي قىلماي تۇرۇپ كىچىك بايۋەچچە سىڭلىمنى ئالىمەن دەپ جار سېلىپ يۈرۈپتۇ، قېنى مەن سەپەردىن كېلەي، ئۇ لۈكچەكنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىپ قويمىسام» دېگەنىدى. لېكىن دوستۇمنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ قالدى.

ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئوغلۇم بارات، كىچىك بايۋەچچىنىڭ قىزىم بىلەن دۇ قىزچاقنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ بوزەك قىلغانلىقىنى قىزىمدىن تېخى بايىلا ئاڭلىدىم، — دېدى باراتقا سۆيۈنۈش بىلەن قاراپ، — بالام، ياخشى ئادەمگە ياخشى ئىشلار يولۇقۇپ تۇرىدۇ. شۇ كۈنى قىزىم سىزدىن ئىنتايىن رازى بوپتۇ. سىز ئوغلۇم ۋاڭ

مىڭئېرنىڭ ھەقىقىي دوستى ئىكەنسىز. بىزنىڭ ئائىلىدىكى مەن بىلمەيدىغان ئىشلارنىمۇ ياخشى بىلىدىكەنسىز. مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىزنى ئۆز ئوغلۇمدەك كۆرىمەن.

بارات كۇلۇمسىرەپ قويدى. ئۇمۇ ۋاڭ خېنىمنى دوستىنىڭ ئاپىسى بولغاچقا بۇرۇندىنلا ياخشى كۆرەتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆز ئاپىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

ۋاقىت بېرىم كېچىگە ئاز قالغانىدى. تۇتۇلۇك كىچىك بولسىمۇ، يۇلتۇزلارنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ۋاڭ خېنىم چىراغنى ئۆچۈرۈپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ھۇجرىسىغا چىققاندا بەي ئاغىچا تېخى ئۇخلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇنى ھۇجرىسىغا چىقىرىۋەتمەي ئىككىسى مۇڭدىشىپ، تاڭغا يېقىن ئۇخلاپ قېلىشتى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# تەيتىش ئەمەلدارىنىڭ ۋاڭ مىڭئېر دېلوسىنى تەكشۈرگەنلىكى

ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىدىن كەلگەن تەيتىش ئەمەلدارى كاتىپى بىلەن بىللە ئەتىگەندىلا جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار تونۇگۈن ناھىيىگە يېتىپ كېلىپلا دېلوغا مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرنى بۈگۈن تەييار قىلىشنى جاڭ لەشكەر بېگىدىن تاپىلاپ قويغانىدى. كاتىپ ئىشخانىغا كىرىپلا تەيتىش ئەمەلدارىنىڭ ئۇستىلىگە ياندىپ قويۇلغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپ، ماتېرىياللارنى ئاچتى. ئاندىن تەيتىش ئەمەلدارى ئۇستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ جاڭ لەشكەر بېگىدىن:

— بۈگۈن بىز كۆرۈشىدىغان ئۈچ ئادەم تەييار بولدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى جاڭ لەشكە بېگى ئۆرە تۇرغان پېتى، — ئۇلار سىزنىڭ قوبۇل قىلىشىڭىزنى كۈتۈپ تۇرىدۇ.

تەيتىش ئەمەلدارى بۈگۈنكى سۆھبەتتىن ئىلگىرى ناھىيىگە بىرنەچچە قېتىم كېلىپ، ۋاڭ مىڭئېر باندىتلار بىلەن تۇتۇشقاندا ساق قالغان ۋە يارىدار بولغان لەشكەرلەر بىلەن بىرنەچچە قېتىم سۆھبەتلىشىپ ئەھۋال ئىگىلەپ، ئۇلاردىن ئۈچ ئادەمنى تاللاپ رەسمىي سۆھبەت ئۆتكۈزۈشكە كېلىشكەنىدى. تەيتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قاراپ قويۇپ ئاندىن جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— ۋاڭ مىڭئىر باندىتلار بىلەن تۇتۇشقاندا ئەڭ قاتتىق يارىدار بولغان لەشكەر كىرسۇن، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى ئىشىككە بېرىپ سىرتقا قاراپ بىرىنىڭ ئىسمىنى ئاتىدى. ھايال ئۆتمەي ئىشىك ئاستا ئېچىلىپ، بىر لەشكەر ئاقساپ كىرىپ كەلدى. ئۇ ھەر بىر قەدەم باسقاندا بېشى ئوڭ تەرەپكە قىيسىيىپ، بەدىنىمۇ ئېگىلەتتى، ئوڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئاياپ ماڭاتتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىپ توختاپ، تەپتىش ئەمەلدارىغا سالام بەرمەكچى بولۇپ ئېڭىشتى. لېكىن پۇتىنى ئەگكىچە خېلى قىينالدى. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا:

— بولدى، بولدى. ئاۋۇ ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇر، — دېدى.

تىزلىنىپ سالام بېرىشكە قىينالغان ھېلىقى لەشكەر كۆلۈمسىرەپ نېرىدىكى ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردى. تەپتىش ئەمەلدارى جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز چىقىپ تۇرۇڭ، بىز بۇلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم سۆزلىشىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — جاڭ لەشكەر بېگى چىقىپ كېتىپ، ئۇچى ئىشخانىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. لەشكەر بىردەم تەپتىش ئەمەلدارىغا، بىردەم ئۇنىڭ كاتىپىغا ئەيمىنىپ قارايتتى. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭدىن سورىدى:

— سەن تۇرداخۇننى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، — دېدى ئۇ ئاستا، — سەپەرگە چىقىشتىن ئىلگىرى جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغانىدى.

تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ پۇتىغا قاراپ قويۇپ دېدى:

— سەن باندىتلار بىلەن دەسلەپ تۇتۇشقاندا يارىدار بولغانمۇ ياكى كېيىن تۇتۇشقاندا يارىدا بولغانمۇ؟

— باندىتلار بىلەن دەسلەپ تۇتۇشقاندا ئېغىر يارىدار بولۇپ،

هارۋىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ هوشۇمدىن كېتىپتىمەن. مۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب، باندىتلار تويۇقسىز پەيدا بولۇپ بىزگە قاتتىق هۇجۇم قىلغاندا، دەسلەپتە بىز گاڭگىراپ قالدۇق. چۈنكى تۇرداخۇن بىزگە «باندىتلار بىلەن تۇتۇشماي هارۋىدىن نېرى كېتىڭلار» دېگەنىدى. لېكىن ۋاڭ مىڭئېر باتۇرلۇق قىلىپ ئۇلار بىلەن تۇتۇشتى. شۇڭا مەنمۇ ۋاڭ مىڭئېردىن نېرى كەتمەي باندىتلار بىلەن تۇتۇشتۇم. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ باتۇرلۇقى بىز لەشكەرلەرگە ئىلهام بولدى. هايال ئۆتمەي بىز ئۈستۈنلۈككە ئۆتۈۋالدۇق. مەن بىخۇدلۇق قىپتىمەن. يارىدار بولۇپ ياتقان بىر باندىت ئورنىدىن تۇرۇپ پۇتۇمغا نەيزە ئۇردى. جايىمغىلا يىقىلىپ هارۋىنىڭ چاقىغا يۆلىنىپ قالدىم. شۇ چاغدىلا پۇتۇم سۇنۇپتىكەن، — ئۇ شۇنداق دەپ پۇتىنى تۇتۇپ قويدى.

— تۇرداخۇن «باندىتلار بىلەن تۇتۇشماي هارۋىدىن نېرى كېتىڭلار» دېگەننى سەن ئاڭلىغانمىدىڭ؟

— شۇنداق، تەپتىش بېگىم. تۇرداخۇن بىزگە شۇنداق دېگەندە ۋاڭ مىڭئېر «ياق، مەن باندىتلار بىلەن تۇتۇشىمەن» دەپ ئۇنىمىغان. ئۇنىڭغا قاراپ مەنمۇ «باندىتلار بىلەن تۇتۇشىمەن» دېگەنىدىم.

— پۇتۇڭ هازىر قانداقراق؟

— يارىدار بولغىنىمغا يېرىم يىلدىن ئاشتى، سۇنۇق تۇتۇپتۇ. لېكىن يەنىلا دەرد قىلىۋاتىدۇ، ماڭسام خېلى قىيىنىلىمەن.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قارىدى. كاتىپ قەلىمىنى قويۇپ:

— سەن يارىدار بولۇپ يىقىلىپ قاچان هوشۇڭغا كەلدىڭ؟

— دېدى.

— ئۇزاق ئۆتمەي هوشۇمغا كەلدىم. قارىسام ۋاڭ مىڭئېر تۆت باندىتنى قوغلاپ كېلىۋاتقانىكەن. شۇ چاغدا يارىلىنىپ ياتقان

بىر باندىتنىڭ ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ، ئىگىسىز قالغان بىر ئاتنى تۇتۇپ مىنىپ كىچىك جىراغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۇم.
— شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ھوشۇڭدىن كەتتىڭمۇ؟
— ياق، كېيىن ھوشۇمدىن كەتمىدىم، ھەممىنى كۆرۈپ تۇردۇم. باندىتلارنىڭ ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كېلىپ تۇتۇشقانلىقىنىمۇ كۆرۈپ تۇردۇم. لېكىن پۇتۇم ئاغرىپ، ئاغرىق قىيناۋاتاتتى. بەزىدە ئاغرىقتا چىدىماي كۆزۈم يۇمۇلۇپمۇ كېتەتتى. ئەمما قىلىچ - نەيزىلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ تۇراتتىم.
— باندىتلار ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كەلگىچە ۋاڭ مىڭئېر ياردار بولغانمۇ؟
— ياق، باندىتلار ئىككىنچى قېتىم كەلگىچە بىز ئۈستۈن كېلىپ ئۇلارنىڭ تۆت ئادىمىنى تۇتۇۋالغان. باندىتلار ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كېلىپ ئۆزلىرىنىڭ باغلاقلىق ئادەملىرى بىلەن كارىمۇ بولماي بىز بىلەن تۇتۇشۇپ كەتتى. ۋاڭ مىڭئېر ئۇلار بىلەن قاتتىق تۇتۇشۇۋاتقاندا باندىتلار ئۇنى قورشىۋالدى. ۋاڭ مىڭئېر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتەي دېگەندە باندىتلار ئۇنىڭ ئېتىغا نەيزە سانجىپ ياردار قىلىپ، ۋاڭ مىڭئېرنى ئاتنىڭ ئاستىدىن سۆرەپ چىقىپ ئاتقا ئارتىپ، جىراغا قاچتى. بۇ چاغدا بىزنىڭ لەشكەرلەردىن ساقلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. شۇڭا باندىتلارنىڭ باغلاقلىق تۆت ئادىمى بوشىنىپ كەينىدىن قاچتى.
— لەشكەرلەرنىڭ ساقلىرى قالمىغانلىقىنى قانداق بىلىسەن؟ — سورىدى كاتىپ.
— مەن ياردار بولۇپ يېتىپ قالغان ئادەم، باندىتلار ۋاڭ مىڭئېرنى ئاتنىڭ ئاستىدىن سۆرەپ چىقىپ ئاتقا ئارتىپ ماڭغاندا ئۇنى قۇتۇلدۇرىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. شۇڭا بىزنىڭ ئادەملىرىمىزدىن ساقلىرى قالمىغانمىكىن دەپ ئويلىدىم.

كاتىپ ئۇنىڭ گېپىگە قايىل بولغاندەك تەپتىش ئەمەلدارىغا قارىدى.

— بولدى، سەن چىقىپ كېتىپ يەنە بىرىنى چاقىرىپ قوي، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.

ياردار لەشكەر ئورۇندۇقتىنمۇ ئاران تۇرۇپ، ئاقساپ چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ ھايال ئۆتمەي يەنە بىر لەشكەر كىرىپ كەلدى. ئۇ ئېگىز بوي، بەستلىك ئىدى. ئۇ گۆش - گۆش دەسسەپ مېڭىپ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئالدىدا توختاپ، تىزلىنىپ سالام بەردى. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ مېڭىشلىرىغا، تىزلىنىپ قائىدە بويىچە سالام بەرگىنىگە دىققەت قىلدى. لەشكەر ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمەلدار بېگىم، نېمە گەپ - سۆزلىرى باركىن؟ — دېدى.

تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلمايلا:

— تۇرداخۇننى بىلەمسەن؟ — دېدى.

— شۇنداق، بىلىمەن، جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغاندا مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بارغان. مېھمان بولغان، — لەشكەر ناھايىتى تەمكىن سۆزلىدى.

— سەن تۇرداخۇن بىلەن سۆھبەتتە بولغانمۇ؟

— شۇنداق، سۆھبەتتە بولغان. بىز سەپەردە كېتىۋاتقاندا پات - پات پاراڭلىشىپ قالاتتۇق. ئۇ ئاق كۆڭۈل، كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدىغان ئادەم.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قاراپ قويۇپ يەنە لەشكەرگە:

— باندىتلار سىلەرگە ئىككى قېتىم ھۇجۇم قىپتۇ، لېكىن سەن زادىلا ياردار بولماپسەنغۇ، مانا، جەڭگە قاتناشمىغاندەك ساپ - ساق تۇرۇپسەن؟ — دېدى.

— راست، ياردار بولمىدىم تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى،

زادىلا ياردار بولمىدىم.
— نېمىشقا؟ — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاراپ.
— چۈنكى، بىرىنچى قېتىم تۇتۇشقاندا بىز ئۇستۇن كېلىپ ئۇلارنى يەڭدۇق. ھەتتا ئۇلارنىڭ تۆت ئادىمىنى تۇتۇۋېلىپ باغلاپمۇ قويدۇق. بىزدىن ياردار بولغانلار ئاز ئىدى. مەن ياردار بولمىدىم. مەنمۇ جەڭدە خېلى باتۇرلۇق قىلدىم، لېكىن باندىتلار ئىككىنچى قېتىم باستۇرۇپ كەلگەندە ئۇلار ناھايىتى جىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار بىلەن كۆپ ئېلىشالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، دەرھال ياردارلار ئارىسىغا كىرىپ يۈز - كۆزۈمگە قان سۈرتۈپ يېتىۋالدىم، ئۇلار مېنى سەزمەي قالدى.
— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسەن؟ — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى ئاچچىق قىلىپ.
— مۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەب، — دېدى لەشكەر ئاستا، — تۇرداخۇن ۋاڭ مىڭئېر بىلەن بىزگە «باندىتلار كەلگەندە ئۇلار بىلەن تۇتۇشماي ھارۋىنى تاشلاپ نېرى كېتىڭلار، ھەرگىز ئۇلار بىلەن تۇتۇشقۇچى بولماڭلار. سىلەر ئالدىدا ماڭغان كىچىك كارۋاننىڭ ۋەزىپىسى پەقەت باندىتلارنى ئالداپ، كەينىدىكى چوڭ كارۋاننى ساقلاپ قېلىش» دېگەنىدى. شۇ سۆز يادىمغا كېلىپ شۇنداق قىلدىم. چۈنكى بۇنچىۋالا كۆپ باندىت بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنى يېڭىشىمىز مۇمكىن ئەمەس ئىدى.
— مۇنداق قىلغىنىڭ توغرا بولماپتۇغۇ.
— بۇ دېگىنىڭىزمۇ ناھايىتى ئورۇنلۇق، تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، لېكىن بىز چەت ئەلدىن كىرگەن تاجاۋۇزچىلار بىلەن تۇتۇشۇپ قالغان بولساق، جەڭدە ئۇلار بىلەن ئېلىشىپ ئۆلۈپ كەتسەممۇ رازى ئىدىم. لېكىن بىزنى باندىتلارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى كارۋاننى قوغداش ئۈچۈن ئەۋەتكەن. شۇڭا مۇنداق كۆپ باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ ھارام ئۆلۈپ كەتمەي

دېدىم.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا «سورايدىغان سوئالىڭىز بارمۇ» دېگەندەك قارىدى. كاتىپ قەلىمىنى قويۇپ:

— ئەجەب باشلىقىڭ باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇۋاتقاندا ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەپسەنغۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق بولدى، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىدىم. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاتقا مىنىپ ياردەم قىلماقچىمۇ بولدۇم. لېكىن مەن ھەرقانچە تىرىشساممۇ ئۇنى قۇتۇلدۇرالمايتتىم. ۋاڭ مىڭئېر گوّدەكلىك قىلىپ تۇرداخۇننىڭ گېپىنى زادىلا ئاڭلىمىدى. ئۇ غەيرىتىگە، چامباشچىلىق ماھارىتىگە بەك ئىشىنىپ، ھەتتا تۇرداخۇن «كارۋاننى ئىككىگە بۆلۈپ ماڭدۇرايلى، سىزنىڭ ماللىرىڭىزنى كەينىدە ماڭدۇرۇپ بىر كارۋاننى بولسىمۇ ساقلاپ قالايلى، سىزگە خېيىمخەتەر يېتىپ قالسا، دادىڭىز ئالدىدا، چيەن دارىن ئالدىدا، جاڭ لەشكەر بېگى ئالدىدا ماڭا سەت بولىدۇ» دېسىمۇ قۇلاق سالمىدى. شۇڭا مەن ئورنۇمدىن تۇرماي يېتىپ، كېيىن چوڭ كارۋانغا خەۋەر قىلغىلى ماڭسام بىر ياردار لەشكەر كېلىپ ماڭا قوشۇلدى. ئىككىمىز چوڭ كارۋانغا كېلىپ ئەھۋاللارنى ئېيتتۇق.

— سىلەر چوڭ كارۋانغا خەۋەر قىلغاندا تۇرداخۇن ئاڭلاپ نېمە دېدى؟

— تۇرداخۇن «ۋاڭ مىڭئېر گوّدەكلىك قىلدى، ئالدىراڭغۇلۇق قىلدى» دېدى. بىز ھەممىمىز ئۆكۈندۇق.

تەپتىش ئەمەلدارى:

— بولدى، سەن چىقىپ كېتىپ يەنە بىرىنى چاقىرىپ قوي، — دېدى.

— خوپ، — لەشكەر كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇ ھەقىقەتەن قامەتلىك بولۇپ، كەينىدىن قارىغاندىمۇ خۇددى يارمىغان كۆتەكتەك كۆرۈنەتتى. يەنە بىر لەشكەر كىرىپ كەلدى.

ئۇ ئېگىز بويلۇق، ئورۇقراق ئىدى. ئۇ تىزلىنىپ سالام بېرىپ ئۆرە تۇردى. ئۇنىڭ يۈزىدە ھەتتا بويىنىدىمۇ قىلىچ ـ نەيزىلەرنىڭ ئىزلىرى بار ئىدى.

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، نېمە گەپ ـ سۆزلىرى باركىن؟ — دېدى لەشكەر.

تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا تازا سىنچىلاپ قارىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىكى يارا ئىزلىرى قارامتۇل، بەزى يارىلار تېخى يېڭى ساقايغان بولغاچقا قىزىل ئىدى. قول ـ بىلەكلىرىدىكى تاتۇقلار قوڭۇر ئىدى. قارىغاندا بۇ لەشكەر كۆپ جەڭ قىلغاندەك قىلاتتى. ئەمما يېشى ھەممىدىن كىچىك بولۇپ، چىرايىدىنمۇ كىچىكلىكى چىقىپ تۇراتتى. تەپتىش ئەمەلدارى:

— قانچە ياشقا كىردىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىردىم.

— سەن تۇرداخۇننى بىلەمسەن؟

— ئىلگىرى ئۇ ئادەمنى زادىلا كۆرۈپ باقمىغان، سەپەرگە چىققاندا كۆردۈم.

— سەن ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتتە بولغانمۇ؟

— ياق، سۆھبەتتە بولغان دېگىلى بولمايدۇ. ئۇ دېگەن چوڭ باي، لېكىن ئۇنىڭ گەپ ـ سۆزلىرىنى ئاڭلىغان.

تەپتىش ئەمەلدارى كۈلۈپ كېتىپ سورىدى:

— قاچان، قەيەردە ئاڭلىغان؟

— مەن ۋاڭ مىڭئېر بىلەن يېقىن ئىدىم، دائىم ئىككىمىز بىللە يۈرەتتۇق. تۇرداخۇن ۋاڭ مىڭئېر بىلەن كۆپ پاراڭلىشاتتى، مەن ئۇنىڭ يېنىدا تۇرۇپ ئاڭلىغان.

تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ تۇرقىغا قىزىقىپ، ئۇنى ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانىدى، ھازىر يادىغا كېلىپ:

— ئاۋۇ ئورۇندۇققا ئولتۇر، — دېدى.

ياش لەشكەر نېرىدىكى ئورۇندۇقتا قاراپ قويۇپ:
— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، مەن باشلىقلار ئالدىدا ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ باقمىغان. شۇڭا ئالدىڭىزدا ئۆرە تۇرىۋېرەي، — دېدى.
تەپتىش ئەمەلدارى يەنە كۈلۈپ كېتىپ كاتىپىغا قارىدى. كاتىپمۇ كۈلۈۋاتاتتى. ياش لەشكەر ئۇ ئىككىسى ئالدىدا خىجىل بولۇپ يەرگە قاراپ تۇراتتى.
تەپتىش ئەمەلدارى كۈلكىسىنى توختىتىپ:
— ۋاڭ مىڭئېر دېگەن سېنىڭ باشلىقىڭ، ئۇ جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ياردەمچىسى تۇرۇقلۇق سەندەك بىر سېرىق تۈك بىلەن يېقىن ئۆتەمدۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق، تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، بىزنىڭ باشلىقىمىز مەندىن چوڭ، لېكىن مەن لەشكەرلەر ئارىسىدا ئۇنىڭ ماھارىتىنى ئەڭ ياخشى ئۆگەنگەنىدىم. شۇڭا ئۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى، دائىم يېنىدا ئېلىپ يۈرەتتى.
— ئۇنداقتا، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى، — سەن چامباشچىلىقنى ياخشى ئۆگەنگەن ھەم باشلىقىڭنىڭ يېقىن ئادىمى تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنى قوغداپ قالالمىدىڭ؟
— راست دەيسىز تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، باشلىقىمنى شۇ چاغدا قوغدىيالماي قالدىم. ئەسلىدە مەن ۋاڭ مىڭئېرنى باندىتلار دەسلەپتە كەلگەندىمۇ، ئىككىنچى قېتىم كەلگەندىمۇ يېنىدىن ئايرىلماي قوغداپ تۇرغانىدىم. قارىمامسىز مانا يۈز - كۆزۈمدىكى، بىلەكلىرىمدىكى تاتۇقلارنى، — ئۇ يېڭىنى تۇرۇپ كۆرسەتتى. ئۇنىڭ بىلىكىدە قىلىچنىڭ ئۇزۇن ئىزلىرى تۇراتتى. ئۇ گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ، — باندىتلار ئىككىنچى قېتىم كەلگەندە ئۇلاردىن بىرى «بۇلار كارۋان ئەمەس، خاننىڭ لەشكەرلىرى ئىكەن. ئاشۇ باتۇرنى تىرىك تۇتىمىز» دەپ ۋاڭ مىڭئېرغا قىستاپ ھۇجۇم قىلىپ، مېنى

ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتى. ئۇ چاغدا بىزدىن ساق قالغانلار ناھايىتى ئاز ئىدۇق. باندىتلار بىز بىلەن كارى بولماي ۋاڭ مىڭئېرنى قورشىۋالدى. شۇ چاغدا بىزدىن ساق قالغانلاردىن بىرى ئېتىنى بۇراپ كەينىگە ماڭدى، بايا سىز بىلەن كۆرۈشكەن لەشكەر شۇ، ئاندىن مەنمۇ ئېتىمنى بۇراپ ئۇنىڭ كەينىدىن كەلدىم. شۇڭا مەن ئۆزۈم يالغۇز شۇنچىۋالا كۆپ باندىتنىڭ قولىدىن ۋاڭ مىڭئېرنى قۇتۇلدۇرۇپ چىقالمىدىم، — دەپ بېشىنى سىلىپ جىم تۇردى.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قارىدى. كاتىپ ئۇنىڭغا قاراپ «سورايدىغان باشقا گەپ يوق» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى چايقىدى. تەپتىش ئەمەلدارى ياش لەشكەرگە:

— سەن چىقىپ كەت، جاڭ لەشكەر بېگىنى چاقىرىپ قوي، — دېدى. ياش لەشكەر چىقىپ كەتكەندىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا:

— مېنىڭچە، بۇ ياش لەشكەر راست گەپ قىلدى، — دېدى.

— مەنمۇ شۇنداق قارايمەن. شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن گەپ سورىمىدىم، — دېدى كاتىپ كۈلۈمسىرەپ.

ھايال ئۆتمەي جاڭ لەشكەر بېگى كىرىپ تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ ئالدىدا توختاپ، ئۇنىڭ گېپىنى كۈتتى. تەپتىش ئەمەلدارى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ۋاڭ مىڭئېر دېلوسى توغرىسىدا لەشكەرلەر بىلەن قىلىدىغان سۆھبەت تۈگىدى. ئەمدى تۇتۇلغان باندىتنى سوراق قىلىمىز. بۇ سوراقتا سىزمۇ بىللە بولىسىز، — دېدى.

— خوپ، بولىدۇ، لېكىن ھازىر چۈش بولۇپ قالدى. چۈشلۈك تاماقنى بۇيرۇتۇپ قويدۇق.

تەپتىش ئەمەلدارى كۈلۈپ كېتىپ:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز ئۇنتۇغان بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە، ئۆتكەندە ۋالىي جانابلىرى بىزگە نېمە دەپ تاپىلىغانىدى؟ «ئەگەر چۈشكەن سارايدىن باشقا يەردە تاماق يېگىنىڭلارنى ئاڭلاپ

قالسام سىلەرنى ئالماشتۇرۇۋېتىمەن» دېمىدىمۇ، — دېدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن چۈشتىن كېيىن باندىت بىلەن سۆزلىشىسىلەر، سىلەرمۇ ئۇنىڭ تەربىيىنى قىلمايسىلەر، بىزمۇ قىلمايمىز.

— ياق، گەرچە سۆزلىشىدىغان ئادەم دۈشمەن بولسىمۇ، بېيجىڭ خانى چىقارغان تۈزۈم بار.

جاڭ لەشكەر بېگى كۆلۈمسىرەپلا قويدى. تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قاراپ قويۇپ ماڭدى. كاتىپ قەغەز- قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ پىيادە سارايغا ماڭدى. جاڭ لەشكەر بېگى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالدى.

چۈشتىن كېيىن جاڭ لەشكەر بېگى تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن كاتىپىنى باشلاپ تۈرمىگە كىرىپ كەلدى. باندىت تۈرمىدە ئىدى. ئۇلار ياغاچ رېشاتكىلىق بىر ئىشىككە كېلىپ توختىدى. گۇندىپاي چىراغنى ئىشىككە تۇتتى. بۇلۇڭدا چاچلىرى، ساقال- بۇرۇتى ئۆسۈپ كەتكەن بىرى ياتاتتى. ئۇ چىراغنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى. گۇندىپاي ئىشىكنى ئېچىشىغا ئەمەلدارلار ئىچىگە كىرىپ كەلدى. باندىت نېرىغا سۈرۈلۈپ، تىزلىنىپ ئولتۇردى. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپى قەغەز - قەلەملىرىنى تەييارلاپ چىراغنىڭ يېنىغا كەلدى. گۇندىپاي ئۇلارغا چۈشتىن بۇرۇنلا ئورۇندۇق، جوزا تەييارلاپ قويغانىدى. ئەمەلدارلار ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى باندىتتىن:

— سىلەر باندىتلار تۇرداخۇن دېگەن ئۇيغۇر سودىگەرنى بىلەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

باندىت بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ياق، تۇرداخۇن دېگەن ئادەمنى ئەسلىدە بىلمەيتتۇق، لېكىن ئۇ بىزگە ئالدىنقى قېتىم ئازراق تۆمۈر - تەرسەك قاتارلىق ئانچە پۇلغا يارىمايدىغان ماللارنى بۇلىتىپ ئالداپ، پۇلغا يارايدىغان نۇرغۇن مالنى كەينىدىن ئۆتكۈزۈپ كېتىپتىكەن. بۇ

ئىشنى كېيىن ئاڭلاپ قالدۇق، — دېدى.
— ئۇنى كۆرگەنمۇ؟
— ياق، ھېچقايسىمىز كۆرمىگەن. لېكىن ئۇنى تاپماقچى ئىدۇق.
— نېمىشقا؟
— ئۇ بىزنى ئالدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى ئىدۇق.
تەپتىش ئەمەلدارى بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى بىر - بىرىگە قاراشتى. تەپتىش ئەمەلدارى يەنە:
— ئۇنداقتا نېمىشقا تۇرداخۇننى تېپىپ ئۆلتۈرمىدىڭلار؟ — دېدى.
باندىت قىلچە ئەيمەنمەستىن:
— بىز ئۇنى ئىزدەپ ناھىيىگە ئادەم ئەۋەتكەنىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ چېگرا سودىسىغا كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ يېنىپ كېلىشىنى كۈتۈپ يول توسۇپ ياتقانىدۇق، بىزمۇ ئۇنىڭ ھىيلىسىگە قارىتا ئازراق ئادەملىرىمىزنى ئالدىدا كېلىدىغان كىچىك كارۋانغا قويۇپ، كەينىدىن كېلىدىغان تۇرداخۇننى تۇتۇپ ئۆلتۈرۈپ، كارۋاننىڭ ھەممە ماللىرىنى بۇلىماقچى بولغانىدۇق. لېكىن ئالدىدا كەلگەن كىچىك كارۋاننىڭ ئادەملىرى كارۋانچى ئەمەس، خاننىڭ لەشكەرلىرى ئوخشايدۇ. بىز بىلەن تۇتۇشۇپ بىزنى يېڭىۋالدى. ياردار بولغان بىر ئادىمىمىز قېچىپ بېرىپ بىزگە خەۋەر بەردى. شۇنىڭ بىلەن بىز كارۋاننى ئادەملىرى بىلەن تولۇق يوقاتماقچى بولۇپ، ھەممىمىز بىراقلا باستۇرۇپ كەلدۇق. كارۋان ئادەملىرى بىز بىلەن قاتتىق تىركەشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىرى قېچىپ بارغان ئادىمىمىز ئېيتقاندەك راستتىنلا پالۋان ئىكەن، بىز بىلەن قاتتىق ئېلىشتى. خوجا ئاكىمىز ئاشۇ پالۋاننى «تىرىك تۇتۇڭلار» دەپ بۇيرۇق قىلدى. شۇڭا باشقىلار بىلەن كارىمىز بولماي ئۇنى قورشىۋالدۇق.

شۇنداق بولسىمۇ بىزگە بوي بەرمەي ئېلىشتى. ئاخىرى ئۇنىڭ ئېتىغا نەيزە سانجىپ يىقىتىپ، ئۇنى ئۆلتۈرمەي ئېلىپ كەتتۇق،
— دېدى ۋە بېشىنى سېلىپ جىم بولدى.
— ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلەمسىلەر؟ — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى تەپتىش ئەمەلدارىغىمۇ قارىماي ئاچچىقلىنىپ.
باندىت بېشىنى كۆتۈرۈپ تەمتىرىمەي جاڭ لەشكەر بېگىگە قاراپ:
— راست، بىز ئۇنىڭ كىملىكىنى بىلمەيمىز. ھېلىغىچە بىزگە ئىسمىنىمۇ دەپ بەرمىدى. لېكىن ئۇ ناھايىتى قەيسەر يىگىت ئىكەن. ھەتتا ئۇ بىزگە تەھدىت سېلىپ «دادام ھۆكۈمەتكە دەپ لەشكەر باشلاپ كېلىپ سىلەرنى يوقىتىدۇ» دېدى. بىز ئۇنى «ناھايىتى باي ياكى ئابرۇيلۇق ئادەمنىڭ بالىسى ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇنى تۇتۇۋالغانلىقىمىزغا تۆلەم تۆلىتىپ، زىيانلىرىمىزنى تولدۇرۇۋالماقچى بولغانىدۇق. لېكىن لەشكەرلەر بىزنى قوغلىغاندا، ئالدىمىزدا قېچىپ كەتكەنلەر ئۇ پالۋان يىگىتنى بوغۇزلىۋېتىپتۇ. ئۇ پالۋاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە مەنمۇ ئېچىنىمەن، — دېدى.
تەپتىش ئەمەلدارى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ سورىدى:
— سەن قەيەرلىك؟
— بىز ھەممىمىز سىچۇەنلىك.
— سىچۇەندە نېمە ئىش قىلاتتىڭلار؟
— سىچۇەندىمۇ مۇشۇنداق يول توساتتۇق. بىزگە بۇلايدىغان مال - دۇنيا بولسىلا بولىدۇ، بىز ھېلىغىچە يول توسۇپ بۇلاڭچىلىق قىلغاندا قارشىلىق قىلىدىغان كارۋانچىلارنى كۆرمىگەن. ئۇلار بىزنى كۆرسىلا مال - دۇنيالىرىنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدىغان، يول توسۇپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىش بىزگە ئويۇن ئىدى. لېكىن بۇ كارۋاننىڭ ئادەملىرى چامباشچىلىق ئۆگەنگەنىكەن. بىزنىڭ ئادەملىرىمىز كۆپ بولمىغان بولسا ئۇلار

چوقۇم بىزنى يېڭىۋالغان بولاتتى.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قاراپ «بولدى» دېگەندەك ئىشارەت قىلدى. كاتىپ يازغانلىرىنى باندىتنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ:

— بۇنىڭغا بارمىقىڭنى باس، — دەپ قىزىل سۇرۇقنى قويدى.

باندىت بارمىقىنى بېسىپ ئىمزا قويۇپ بولغاندىن كېيىن، تەپتىش ئەمەلدارى جاڭ لەشكەر بېگكە:

— بىز ئەمدى تۇرداخۇننى كۆرەيلى، ئۇ نەدە؟ — دېدى.

— ئۇ كىچىك هويلىدىكى ئۆيلەردە تۇرىدۇ، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى ۋە ئورنىدىن تۇردى.

ئەمەلدارلار چىقىپ كېتىشتى. گۇندىپاي چىراغنى كۆتۈرۈپ ئەڭ ئاخىرىدا چىققاندا تۇرمە ئۆيى گۆردەك قاپقاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى. جاڭ لەشكەر بېگى تەپتىش ئەمەلدارىنى تۇرمىنىڭ ئىچىدىكى بىر كىچىك هويلىغا باشلىدى. بۇ هويلىنىڭ ئىشىكىدە قاراۋۇل تۇراتتى. ئۇ هويلا كىچىك بولسىمۇ، ئەتراپىدىكى تام ناهايىتى ئېگىز بولۇپ، تامنىڭ ئىككى بېشىدا ئىككى قاراۋۇل مىلتىق تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ هويلىدىكى ئۆيلەر تۇرمە چوڭ هويلىسىدىكى تۇرمە ئىشخانىلىرىنىڭ يان تەرىپىگە سېلىنغان بولۇپ، ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى يوق، پەقەت ئىشىكنىڭ ئۈستىدە كىچىك روجەك بار ئىدى. هويلىنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە ئادەم ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئۇلار ئىختىيارىي هەرىكەت قىلىۋاتقان مەھبۇسلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تامغا يۆلىنىپ ئاپتاپسىنىپ ئولتۇراتتى. هازىر ئەتىياز كىرىپ، ئاپتاپ يەر - جاهاننى خېلى ئىللىتقانىدى. بۈگۈنكىدەك شامال يوق كۈندە ئاپتاپسىنىپ ئولتۇرۇش كىشىگە راهەت بېغىشلايتتى. جاڭ لەشكەر بېگى هويلىدىكى ئادەملەرگە بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئىزدىگەن ئادەم كۆرۈنمىدى. ئاندىن

قاتار سېلىنغان ئەڭ چەتتىكى ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئىشىكنىڭ ئۇستىدىكى تۆشۈكىدىن ئىچىگە قارىدى. ئۇ ئۆينىڭ تۇڭلۇكى بولۇپ، شولا چۈشۈپ تۇرغاچقا، ئۆي ئىچى يورۇق ئىدى. ئۇدۇلدىكى كارىۋاتتا بىرى سوزۇلۇپ ياتاتتى، ئۇ تۇرداخۇن ئىدى. تۇرداخۇن جاڭ لەشكەر بېگىنى تونۇپ دەرھال ئىشىككە كەلدى. ئىشىكنىڭ ئۇستىدىكى تۆشۈك خېلى چوڭ بولغاچقا، تۇرداخۇننىڭ يۈزىنى تولۇق كۆرگىلى بولاتتى. جاڭ لەشكەر بېگى تەپتىش ئەمەلدارىغا:

— تۇرداخۇن دېگەن سودىگەر مانا مۇشۇ، — دېدى.

تەپتىش ئەمەلدارى تۇرداخۇنغا قاراپلا قويدى، ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەنىدى. تۇرداخۇن جاڭ لەشكەر بېگىگە:

— جاڭ لەشكەر بېگى، سىز قانداق ئادەم؟ مېنى قولغا ئېلىپ ھېلىغىچە بىر تەرەپ قىلماي خۇددى خام گۆشتەك ئېسىپ قويدىڭىز ياكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم بىلەن كۆرۈشتۇرمىدىڭىز. خاننىڭ مەھبۇسلارنى بالا - چاقىلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرمەيدىغان پەرمانى بارمىدى؟ قېنى دەڭا، سىز مېنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمنى بىلمىسىزغۇ، — دېدى.

جاڭ لەشكەر بېگى تەپتىش ئەمەلدارىغا قارىدى. تەپتىش ئەمەلدارى گەپ قىلماي كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى. ئۇنىڭ كاتىپىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇ ئىككىسى گەپ قىلماي كېتىۋاتقاچقا، جاڭ لەشكەر بېگىمۇ بىر دەم تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىگە ئەگىشىپ، كىچىك ھويلىنىڭ ئىشىكىدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، تۇرداخۇن بىلەن سۆزلەشمىدىڭىزغۇ؟ — دېدى.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن سۆزلەشمىسەممۇ بولىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ باققۇم بار ئىدى.

جاڭ لەشكەر بېگى ئەجەبلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن گەپ قىلمىدى. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا:

— تۇرداخۇننىڭ تامىقى قانداق بېرىلىۋاتىدۇ؟ — دېدى.

— بۇ تۇرمىدىكى بارلىق مەھبۇسلار مۇسۇلمانچە تاماق يەيدۇ. شۇڭا تۇرداخۇننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى تاماق ئېلىپ كەلسىمۇ ئالمىدۇق.

تەپتىش ئەمەلدارى «بوپتۇ» دېگەندەك قاراپ قويۇپ ئاندىن:

— جاڭ لەشكەر بېگى، بىز ئەتە چۈشتىن كېيىن ئۇرۇمچىگە قايتىمىز، چۈشتىن بۇرۇن ناھىيە ئەمەلدارلىرى بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزىمىز. بۈگۈن چيەن دارىنغا ئۇقتۇرۇپ قويۇڭ، ئەتە ئەتىگەندىلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بارىمىز، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى.

ئۇلار تۇرمە دەرۋازىسىدىن چىقىپ، ئاتلىرىغا مىنىشىپ مېڭىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپى بىلەن چيەن دارىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئىشخانىدا ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئورۇندۇقلاردا قاتار ئولتۇرۇشقانىدى. ئۇلار كەلگىچە تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپىغا ئايرىم ئۇستەل تەييارلاپ قويۇلغانىدى. كاتىپ ئۆزىگە تەييارلانغان ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. لېكىن تەپتىش ئەمەلدارى نېرىدىكى بىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇنىڭ ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان چيەن دارىننىڭ ئۇستىلى بوش قالدى. چيەن دارىن تۆۋەندىكى ئورۇندۇقلارنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتى. تەپتىش ئەمەلدارى ئولتۇرغانلارغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ:

— بۇرادەرلەر، بىز بۈگۈن چۈشتىن كېيىن يولغا چىقىش ئالدىدا ھەرقايسىڭلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزمەكچى. بىز سورىغان سوئاللارغا بىلگىنىڭلارچە، يوشۇرماي جاۋاب بېرىپ، ۋاڭ مىڭئېرنىڭ دېلوسىنى توغرا ئېنىقلاپ چىقىشىمىزغا ياردەم بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز. نېمە ئۈچۈن چېگرا سودا كارۋىنىنى قوغداشقا لەشكەر قوشۇپ بېرىلگەن؟ قايسىڭلار جاۋاب بېرىسىلەر؟ — دېدى.

— ئىش مۇنداق ئىدى، — دېدى جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال، — تۇرداخۇن بىرىنچى قېتىملىق سودا سەپىرىدە ئالدىدا ئاز مال بىلەن كىچىك كارۋاننى ماڭدۇرۇپ باندىتلارنى ئالداپ، كەينىدىن كۆپ ماللىرىنى ساق - سالامەت ئۆتكۈزۈپ كەلگەندىن كېيىن، ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇنغا ئاللىقاچان سېتىپ پۇلىنى ئېلىپ بولغان كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋالماقچى بولۇپ چيەن دارىنغا ئەرز تۇتتى. لېكىن بىز ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى ئانچە مۇۋاپىق كۆرمىدۇق. بۇ ئىشنى تۇرداخۇننىڭ سەمىگە سېلىپ باقماقچى بولۇپ، چيەن دارىن مېنى ئۇنىڭدىن ھال سورىغاچ ئىككى لەشكەر بىلەن ئۆيىگە ئەۋەتتى. مەن تۇرداخۇن بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرداخۇندىن ھويلىنى قايتۇرۇپ بېرىش توغرۇلۇق گەپ ئېلىپ باقاي دېسەم، تۇرداخۇن بۇنىڭغا ئۇنىماق تۇگۇل ۋاڭ بېگىم بىلەن بىللە چېگرا سودىسى قىلىشقىمۇ ئۇنىمىدى. ئاخىرىدا ئۇ «ئەگەر ۋاڭ بېگىم ئوغلىنى چېگرا سودىسى قىلدۇرماقچى بولسا ئۇنى ماڭا قوشۇپ قويسۇن، مەن ئۇنىڭغا سودا قىلىشنى ئۆگىتىپ قويىمەن» دېدى. لېكىن ئۇ «يول خەتەرلىك، باندىتلار بۇلاڭ - تالاڭ قىلىدۇ، شۇڭا ھۆكۈمەت كارۋاننى قوغداشقا لەشكەر قوشۇپ بەرسۇن» دېگەن تەلەپنى قويدى.

تەپتىش ئەمەلدارى ھاكىمغا قاراپ:

— ھاكىم جانابلىرى، سودا كارۋىنىغا لەشكەر قوشۇپ بېرىشكە سىز قوشۇلغانمۇ؟ — دېدى.

— مەن قوشۇلغان، — دېدى چيەن دارىن دەرھال.

جيا بېگىم ئۇنىڭغا قاراپ:

— ھاكىم جانابلىرى، «قوشۇلغان» دەپ ئەجەب چاپسانلا جاۋاب بېرىۋەتتىڭىزغۇ، — دېدى.

— راستقۇ، ھەممىمىز قوشۇلغانغۇ.

جيا بېگىم تەپتىش ئەمەلدارىغا قاراپ:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، گەرچە سودا كارۋىنىغا

لەشكەر قوشۇپ بېرىشكە ھەممىمىز قوشۇلغان بولساقمۇ، لېكىن ئۇ ئىش ئانچە ئوڭايغا چۈشمىدى. چۈنكى ۋاڭ مىڭئېر دادىسىنىڭ ئۆزىنى سودىگەر قىلىشىغا قوشۇلمايتتى. لېكىن ۋاڭ بېگىم «سودا كارۋىنىنى قوغداشقا لەشكەر قوشۇپ بېرىڭلار، ئوغلۇمغا چېگرا سودىسى ئۆگىتىمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالدى. ئوغلى يەنىلا ئۇنىمىدى. كېيىن چيەن دارىن ۋاڭ مىڭئېرغا «سودا كارۋىنىغا لەشكەر قوشۇپ بېرىمىز، سىز ئۇلارغا باش بولۇپ كارۋاننى قوغداپ ماڭىسىز» دېگەندە ۋاڭ مىڭئېر ئاندىن سودا كارۋىنى بىلەن چېگراغا بېرىشقا قوشۇلغان. ئەگەر ۋاڭ بېگىم ئوغلىغا «چېگرا سودىسىنى ئۆگىتىمەن» دەپ قاتتىق تۇرۇۋالمىغان بولسا، تۇرداخۇنمۇ سودا كارۋىنىغا لەشكەر قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلمىغان بولاتتى. ۋاڭ مىڭئېرمۇ چېگراغا بارمىغان بولاتتى، بۇ ۋەقەلەرمۇ سادىر بولمىغان بولاتتى، —دېدى. بۇ چاغدا چيەن دارىن بېشىنى سىلىپ تۇراتتى، باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا قاراپ قالغانىدى.

— مەن بىر ئىشنى سوراپ باقاي، — دەپ كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى بۇزدى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپى.

— قېنى سۆزلەڭ، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.

كاتىپ ئالدىرىماستىن:

— تۇرداخۇن سولاققا كىرگىچە ۋاڭ بېگىمنىڭ سېتىپ بەرگەن كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بارلىقىنى بىلەمدۇ؟ — دېدى. ناھىيە ئەمەلدارلىرى «ياق، بىلمەيتتى» دېيىشتى. كاتىپ چيەن دارىنغا قاراپ:

— بۇ ناھايىتى مۇھىم ئىش، بۇنىڭغا ھاكىم جانابلىرى قانداق قارايدىكىن، باشقا ئەمەلدارلار ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش نىيىتى بارلىقىنى تۇرداخۇننىڭ بىلمەيدىغانلىقىنى ئېيتتى. سىز بۇنىڭ راستلىقىغا كېپىل بولالامسىز؟ — دېدى. چيەن دارىن ئىككى يېنىغا قاراپ قالدى.

كاتىپ يەنە:

— ھاكىم جانابلىرى، سىز «ھەئە» ياكى «ياق» دېيىشىڭىز كېرەك. چۈنكى ۋاڭ بېگىمنىڭ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدىكى ئەرزىنى سىلەر تولۇق مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ ئەرزنىڭ مۇۋاپىق ياكى مۇۋاپىق بولمىغانلىقى توغرىسىدا بىرەر پىكىرگە كەلمەي، ناھىيىدە مۇرەسسە قىلىپ كېلىشتۇرۇپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ۋىلايەتكە يوللاپ بەرگەنلىكىڭىزنى تۇرداخۇننىڭ زادىلا بىلمەيدىغانلىقىغا سىز چوقۇم كاپالەت بېرىشىڭىز كېرەك، — دېدى.

— راست شۇنداق، مەن كاپالەت بېرەلەيمەن، تۇرداخۇن قولغا ئېلىنىشتىن ئىلگىرى ۋاڭ بېگىمنىڭ نىيىتىنى بىلمەيتتى، — دېدى چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ. كاتىپ چيەن دارىنغا قول قويدۇرۇۋالدى. تەپتىش ئەمەلدارى:

— بۇرادەرلەر، بىز تۇنۇگۈن چۈشتىن بۇرۇن جەڭ قىلغان لەشكەرلەر بىلەن سۆزلەشتۇق، چۈشتىن كېيىن تۇتۇلغان باندىت بىلەن سۆزلەشتۇق. ئۇلارنىڭ ئىسپاتىدىن قارىغاندا، تۇرداخۇننىڭ باندىتلار بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بولۇپ چىقتى. ھازىر چيەن دارىن جانابلىرىنىڭ كاپالەت بېرىشىگە قارىغاندا، تۇرداخۇننىڭ سودا كارۋىنىغا لەشكەر قوشۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشىدا كارۋاننى قوغداشتىن باشقا ئالاھىدە غەرىزى يوق دېيىشكە بولىدۇ، — دېدى.

كۆپچىلىك ئۇنىڭ گېپىنى «توغرا» دېگەندەك قىلىپ كۆسۈرلىشىپ كەتتى. چيەن دارىن يەنىلا بېشىنى سىلىپ تۇراتتى. تەپتىش ئەمەلدارى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— بۇرادەرلەر، بىز ئىگىلەيدىغان ئەھۋاللار تۈگىدى. خۇلاسىنى ۋالىي مەھكىمىسى چىقىرىدۇ، ھۆكۈمنى ۋالىينىڭ ئۆزى ئېلان قىلىدۇ، — دېدى.

كاتىپ دەپتەر - قەلەملىرىنى يىغىشتۇردى، تەپتىش

ئەمەلدارى ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشخانىدىن چىقىشتى. شۇ كۈنىلا تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلارنى ھېچكىم تاماققا تەكلىپ قىلمىدى.

# يىگىرمە توققۇزىنچى باب

## گاۋ غوجىدارنىڭ ۋاڭ خېنىمغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغانلىقى

ئۇخلاشقا ياتقان ۋاڭ خېنىم ئۇيقۇسى كەلمەي، دېرىزىدىن كۆك ئاسماندا چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا قاراپ ئويغا كەتتى. يۇلتۇزلار ئۆچۈپ تاڭ ئاتىدۇ، ئاندىن كۈن چىقىدۇ. كەچتە كۈن پېتىپ ئاي چىقىدۇ. شۇنداق قىلىپ كۈنلەر، ئايلار، يىللار ئۆتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى مۇشۇلارغا ئوخشىتىپ، ياشنىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىدى. ۋاڭ تيەنمىڭ ئۇنى يۇرتىدىن ئېلىپ كەلگەندە چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇن زامان ئۆي تۇتتى. مانا ئەمدى ئېرىمۇ، ئوغلىمۇ ئۆلدى، قىزى ھامىنى ياتلىق بولۇپ كېتىدۇ، يەنىلا ئۆزى يالغۇز قالىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ يالغۇز قېلىۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنمەيتتى. ئەمما ئويلىغانسېرى غەم - قايغۇسى ئاۋۇپ، قىزىنىڭ باراتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىدىن خۇشال بولسىمۇ، لېكىن بارات تېخى تۇزۇك ساقىيىپ كېتەلمىگەچكە، قىزىنىڭ ئىشىدىن غەم قىلىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ كۆزىنىڭ قاچان ئۇيقۇغا كەتكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. بىر چاغدا ئازراق ئوچۇق قالغان دېرىزە ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى. ۋاڭ خېنىم دېرىزىنىڭ ئاستا ئېچىلىۋاتقانلىقىنى خىيالەن سەزگەن بولسىمۇ، لېكىن كېچىچە خىيال سۈرۈپ ھارغانلىقتىن، يەنە ئۇيقۇغا كەتتى. دېرىزە بارغانسېرى يوغان ئېچىلىپ، ئېگىز بويى بىر ئادەم پۈتىنى تىقىپ دېرىزىدىن

ئېغىشىپ كىرىپ ئاستا مېڭىپ، ۋاڭ خېنىم ياتقان تۆشەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ خېلى ۋاقىتقىچە جايىدا ئاشۇنداق تۇردى. بىر چاغدا تۆشەكنىڭ پەردىسىنى ئاستا قايرىپ ئاچتى. لېكىن ۋاڭ خېنىم ھېچ نەرسىنى تۇيماي ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ ھازىر ناھايىتى تاتلىق ئۇيقۇدا بولۇپ، ئۇستىدىكى يوتقان ئاپئاق سېمىز يوتىسىغا يېرىم - يارتا يېپىقلىق ئىدى. گەرچە ھۇجرا قاراڭغۇ بولسىمۇ، بۇ يوچۇن ئادەم ۋاڭ خېنىمنى خۇددى كۈندۈزدە ئوپئوچۇق يالىڭاچتەك كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھاۋايى - ھەۋىسى قوزغىلىپ خۇددى بۆرىدەك ئۇنىڭغا ئېتىلغۇسى كەلدى. لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، تۆشەكنىڭ پەردىسىنى تولۇق ئېچىپ يەنە قاراپ تۇردى. ۋاڭ خېنىمنىڭ چۈشىدىمۇ بىر يوچۇن ئادەم ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى. ئۇ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئوڭىدىمۇ بىر ئادەمنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— كىمسەن؟ — دەپ توۋلىدى.

ئۇ ئادەم دەرھال جايىدا تىزلىنىپ:

— خېنىم، يېرىم كېچىدە كېلىپ سىزنى قورقۇتۇپ قويدۇم، — دېدى. ئۇنىڭ ئاۋازىدىن تونۇغان ۋاڭ خېنىم يوغان كۆكسىنى يوتقان بىلەن دەرھال يېپىۋېلىپ:

— گاۋ غوجىدار، بۇ كېچىدە ھۇجرامدا نېمە قىلىسەن؟ — دېدى.

گاۋ خوجىدار يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ:

— خېنىم، ئوتتىمىزدا كۆيۈپ يۈرگىلى خېلى يىللار بولدى، — دېدى. ۋاڭ خېنىم دەرھال كىيىملىرىنى كىيىپ، يوتقاننى ئۆزىگە ئوراپ بېشىنى چىقىرىپ، بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇرۇۋالدى. ئۇ گاۋ غوجىدارنىڭ خېلى يىللاردىن بېرى ئۆزى نېمە دېسە شۇنى قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ھەم ئۆزىگە كۆزى چۈشۈپ يۈرگەنلىكىنى سەزگەنىدى. بەزىدە كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ئۇنى

خىجىلمۇ قىلغاندى، ئەمما ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا تومۇر تۇتقۇزماي، قىلچە چىراي ئاچماي كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ شىئېر بىلەن دۇ قىزچاق باراتلارنىڭ كونا قورۇقتا قىيىن - قىستاقتا تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ۋاڭ خېنىم ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن گاۋ غوجىداردىن پايدىلانغاندا گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىمدىن قورقسىمۇ، ۋاڭ خېنىمغا كۆيۈپ قالغانلىقتىن، ئۇنىڭغا ھېچقانداق شەرت قويماي تەلىپىگە ماقۇل كەلگەنىدى. ۋاڭ خېنىم ئاشۇ ئىشلارنى ئويلاپ ئۇنىڭدىن رازى بولسىمۇ، لېكىن ھازىرقى ھۆرمەتسىزلىكىگە ئاچچىقلىنىپ:

— ھەي گاۋ غوجىدار، بېگىمنى ۋاپات بولدى دەپ مېنى بوزەك قىلماقچىمۇ سەن؟ — دېدى.

— ياق، — دېدى گاۋ غوجىدار تىزلانغان پېتى ئېڭىشىپ تۇرۇپ، — خېنىم، سىزگە كۆيۈپ قالغىنىم راست، سىزنى ھەرگىزمۇ بوزەك قىلمايمەن، سىزنى بوزەك قىلىشقا ھەددىممۇ.

— ئۇنداقتا مېنى ھۆرمەت قىلىشىڭ كېرەكتە.

— سىزنى ئەلۋەتتە ھۆرمەت قىلىمەن خېنىم. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ھۆرمىتىڭىزنى قىلىمەن. ئەمما مېنىڭ سىزگە كۆيۈپ قالغىنىمنى «ھۆرمەتسىزلىك قىلدى» دەپ قالماڭ خېنىم.

ۋاڭ خېنىم قورقۇپ تۇرۇپ گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ تەلۋىلىك قىلىپ ئۆزىنى بېسىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. لېكىن گاۋ غوجىدار ئۇنىڭغا تىزلانغىنىچە بېشىنى كۆتۈرمەي تۇراتتى. شۇڭا قورقۇنچى سەل بېسىققاندەك بولۇپ:

— ئەگەر سەن مېنى ھۆرمەت قىلساڭ، ئەڭ ياخشىسى، ھازىرلا ھۇجرامدىن چىقىپ كەت، — دېدى.

— ياق، — دېدى گاۋ غوجىدار بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ھازىر بېگىم يوق، ئوغلىڭىزمۇ يوق، قىزىڭىز ھامىنى ياتلىق بولۇپ كېتىدۇ، سىز تېخى ياش، خالىسىڭىز ئاشنا ئويناپلى ياكى

خالىسىڭىز مەن خوتۇنۇمنى قويۇۋېتىپ سىزنى ئالاي.

ئۇنىڭ «ئاشنا ئوينايلى» دېگەن گېپى ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئېغىر كېلىپ:

— گاۋ غوجىدار، سەن بۇنداق بولمىغۇر خىيالىڭدىن كەچ، مەن ئائىلەمگە سادىق خوتۇنمەن. پاھىشە قىلىدىغان ئىشقۋاز خوتۇنلاردىن ئەمەسمەن. شۇڭا چىرايلىقچە ھۇجرامدىن چىقىپ كەت، بولمىسا ۋارقىرىسام باشقىلار ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۇ چاغدا ساڭىمۇ سەت، ماڭىمۇ سەت. ھۇجرامغا مۇنداق ئوغرىلىقچە كىرگىنىڭنى ھېچكىم بىلمەي قالسۇن، — دېدى. ئۇنىڭ گېپىنىڭ ئاخىرى يىغا ئارىلاش چىقىپ، كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش تۆكۈلدى.

گاۋ غوجىدار گېپىنىڭ ئۇنىڭغا ھار كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ جىم بولۇپ قالدى. ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، بۇ ئىشقا يولۇققىنىغا كۆڭلى يېرىم بولدى. گاۋ غوجىدار بىزەڭلىك قىلىپ تۇراتتى. ئۇ ۋاقىت ئۇزىراپ تاڭ ئېتىپ كەتسە تېخىمۇ سەت بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ:

— گاۋ غوجىدار، ئەگەر سەت بولمىسۇن دېسەڭ، ھازىرلا ھۇجرامدىن چىقىپ كەت. سەن ھازىر ياخشى ئىش قىلمىدىڭ، شۇنچە ئۇزۇن يىل ئىشلەتكەن خوجايىنىڭنىڭ يۈزىنى قىلمىدىڭ. سەن ۋاڭ بېگىمنى، ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنى يوق دېگىنىڭ بىلەن ئۆلەرنىڭ روھى سېنى جىم قويمايدۇ. ھامىنى بىر بالاغا قالىسەن. شۇڭا ھازىرلا يوقال. بۇ ئىشلار مۇشۇ يەردە قالسۇن، ھېچكىم بىلمىسۇن، — دېدى.

گاۋ غوجىدار بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— ۋاڭ خېنىم، چىقىپ كەتسەممۇ كېتەي، لېكىن سىزگە ئاشىقلىقىمدىن كېچەلمەيمەن. كېيىن سىزنى يەنە ئىزدەيمەن، قورۇقتا خۇددى ۋاڭ بېگىم باردەكلا سادىقلىق بىلەن ئىشلەيمەن. سىزنى بېشىمدا كۆتۈرىمەن. باي خېنىملار ئېرى ئۆلۈپ كەتسە

مالىيغا تېگىدىغان ئىشلار ئەزەلدىن بارغۇ، — دېدى.
— ئۇنداق دېمە، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — مېنىڭ قايتا ئەرگە تەگكىممۇ يوق. بىرى بىلەن ئاشنا ئوينىغىممۇ يوق، مېنى ئۇنداق پەسكەش ئايال دەپ ئويلاپ قالما.
— خېنىم، مەن سىزنى ھەرگىز ئۇنداق ئايال دەپ ئويلىمايمەن، لېكىن سىزگە كۆيۈپ قالغىنىم راست.
ۋاڭ خېنىمنىڭ ئاچچىقى كېلىپ:
— ھازىرلا چىق، بولمىسا ۋارقىرايمەن، — دېدى.
گاۋ غوجىدار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ۋاڭ خېنىم، مەن سىزنى يەنە ئىزدەيمەن، — دېدى.
— چىق دەيمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم قاتتىقراق ئاۋازدا.
گاۋ غوجىدار بۇرۇلۇپ ئىشىككە قاراپ ماڭدى.
— كىرگەن دېرىزىدىن چىقىپ كەت، ئىشىكتىن چىقساڭ باشقىلار كۆرۈپ قالىدۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم.
گاۋ غوجىدار كەينىگە يېنىپ، بايا كىرگەن دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم دېرىزىنى دەرھال ئېتىۋېلىپ «ئۇھ» دەپ بىر تىنىۋېلىپ، ئورنىغا كېلىپ يوتقانغا يۆگىنىپ يېتىۋالدى. گاۋ غوجىدارنىڭ قىلىقىنى ھار ئېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي ئىختىيارسىز ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسىنى دالان ئۆيدە ياتقان بەي ئاغىچا ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ، يالاڭ كىيىمى بىلەنلا چىقىپ ۋاڭ خېنىمنىڭ ھۇجرىسىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ۋاڭ خېنىم يىغىسىنى توختىتىپ ئىشىككە ماڭدى. ئۇ ئىشىكنى چەككەن بەي ئاغىچا ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى. چۈنكى مۇنداق كېچىدە بەي ئاغىچىدىن باشقا ھېچكىم ئۇنىڭ ئىشىكىنى چەكمەيتتى. ۋاڭ خېنىم ئىشىكنى ئاچتى. بەي ئاغىچا كىرىپ:
— خېنىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى.
ۋاڭ خېنىم گەپ قىلماي كەينىگە يېنىپ ئورنىغا كەلدى.

بەي ئاغىچا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ چىراغنى تېپىپ ياندۇرۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراپ ھەيران بولدى. قاتتىق يىغىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئىششىپ، چاچلىرى ياش بىلەن ھۆل بولۇپ يۈز - كۆزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. بەي ئاغىچا چىراغنى ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ:

— خېنىم، سىزگە نېمە بولدى؟ — دەپ يەنە سورىدى.

ۋاڭ خېنىم جاۋاب بەرمەي ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. گەرچە بەي ئاغىچا ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يىغلىغانلىقىنى بىلمىسىمۇ، ئۆزۈن يىللاردىن بۇيان سىرداش بولۇپ كېلىۋاتقان ئايال خوجايىنىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىغا قاراپ ئۇمۇ يىغلاپ كەتتى. ئىككىسى بىردەم يىغلىشىۋېلىپ يىغىسىنى توختىتىشتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ۋاڭ خېنىم، زادى نېمە بولدىڭىز؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم بايا بولغان ئىشلارنى بىر - بىرلەپ دەپ بەرگەندىن كېيىن بەي ئاغىچا غەزەپلىنىپ:

— ئۇ لۈكچەكنىڭ سىزگە قانات سۆرەپ يۈرىدىغانلىقىنى بىز بىلەتتۇق، شۇڭا بىز چاكارلار ئۇنىڭغا ئىنتايىن ئۆچ. لېكىن ۋاڭ بېگىم ئۇنى بەكمۇ ئەتىۋارلاپ كەتكەنىدى. ئۇ مۇتىھەمنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، قاراڭلار ئۇنىڭ ۋاڭ بېگىم ئۇياقتىن ئۆلسە، بۇ ياقتىن قىلىغان قىلىقىنى، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى.

ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— بولدى قىلىڭ، ئىش چوڭىيىپ كەتمىسۇن. ئۇمۇ گېپىمنى ئاڭلاپ ھۇجرامدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئىشلارنى ھەرگىز كىشىگە تىنمايلى. ئۇ ئەمدى ئەسكىلىك قىلماس، — دېدى.

— پەخەس بولۇڭ، — دېدى بەي ئاغىچا دەرھال، — ئۇ ھازىر خوتۇننى زار قاقشىتىپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭ خوتۇننى قاقشاتقىنى بىكار ئەمەسكەندە.

— بولدى، بولدى، يەنە كايىپ كەتمەڭ. ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئىنساپ بەرگەي ئىلاھىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

بەي ئاغىچا ۋاڭ خېنىمغا:

— راست دەيسىز خېنىم، بىز ھازىر ئامالسىز، ئوغلىڭىز يوق، بېگىممۇ يوق. بىز ئۇنىڭ قىلىۋاتقىنىنى كىمگە تىنالايمىز؟ — دېدى.

— مەنمۇ شۇنى ئويلايمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ئەگەر گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىم بىلەن بىرلىشىپ كونا قورۇقتىكى ھېلىقى ئىشلارنى قىلمىغان بولسا، ئۇنىڭ بۇ ئەسكىلىكىنى ھازىرلا ھۆكۈمەتكە ئېيتىپ ئەدىپىنى بەرگۈزۈپ، ئۇنى غوجىدارلىقتىن قوغلىۋېتەتتىم. لېكىن ھازىر ئۇنىڭ ئۇستىدىن دەرد - شىكايەت ئېيتىشقا تىلىمىز قىسقا. شۇڭا ئۇنىڭدىن پەخەس بولايلى، — ئۇ بەي ئاغىچىغا قاراپ يەنە، — بەي ئاغىچا، سىز بۇنىڭدىن كېيىن مەن بىلەن مۇشۇ ھۇجرىدا يېتىپ ماڭا ھەمراھ بولۇڭ، ئۇ بۇنى بىلسە بۇگۇنكىدەك ئاۋارە قىلماس، — دېدى.

— بولىدۇ خېنىم، مېنى كەمبەغەل كۆرمەي «ھۇجرامدا بىللە يېتىپ ھەمراھ بول» دېسىڭىز مەن سىزگە ھەمراھ بولاي.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭدىن خۇش بولۇپ:

— بەي ئاغىچا، ئەمدى باي - كەمبەغەل دېگەن گەپنى قىلماڭ. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا ئەمدى بۇنداق گەپ بولمىسۇن، مۇشۇ بايلىقلار ئائىلىمىزگە ئاپەت كەلتۈرۈۋاتىدۇ. ماڭا يەنە نېمە كۈنلەر كېلىدۇ، بىلمەيمەن. مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم، يەيدىغىنىمنى يەپ بولدۇم، ئۇ دۇنياغا كەتسەممۇ ئارمىنىم يوق. لېكىن يالغۇز قىزىمنىڭ بېشىغا يەنە نېمە كۈنلەر كېلىدۇ، يا بۇ يەردە ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمىز يوق. شۇڭا قىزىمنى كۆپ ئويلايمەن، — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، — دېدى بەي ئاغىچا، — چىرايلىق قىزىڭىز ۋاڭ شىئېرغا نېمە بولاتتى دەيسىز؟ ئۆزى خالىغان

بىرىگە چىتىپ قويساق، سىلەرنىڭ بايلىقىڭلار يېتىپ ئاشىدۇ، ئۇنىڭدىن نېمە ئەنسىرەيسىز. ھازىر سىزنى ئەنسىرىتىدىغان ماۋۇ گاۋ غوجىدار دېگەن نىجىس، يا ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلالمىساق، يا ئۇنى ئۇرۇپ ئەدىپىنى بېرەلمىسەك.

— ياق، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — مېنىڭچە گاۋ غوجىدارنىڭ ئەسكىلىكىنى توسۇۋالغىلى بولىدۇ. ئەسكىلىك قىلسا يەنە مۇشۇنچىلىك قىلار، ئىككىمىز كېچە - كۈندۈز ھەمراھ بولۇپ ئۆتسەك ئۇ ئەسكىلىك قىلالمايدۇ. لېكىن...

بەي ئاغىچا دەرھال:

— ۋاڭ خېنىم، چيەن دارىنىنىڭ يەنە ئەلچى ئەۋەتىشىدىن ئەندىشە قىلمىۋاتامسىز؟ نېمە قورقۇش؟ ئۇلار بىلەن قۇدىلىششقا ماقۇل بولىدىغان ۋاڭ بېگىم ئەمدى يوق، ئەلچىگە جاۋابنى ئۆزىڭىز بېرىسىز ئەمەسمۇ، — دېدى.

— توغرا دەيسىز، ئەلچىگە جاۋابنى ئەمدى ئۆزۈم بېرىمەن. لېكىن چيەن دارىنىنىڭ لۈكچەك ئوغلى قىزىمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋالسا قانداق قىلغۇلۇق، ئۇنىڭ ئەدىپىنى بېرەلەيدىغان ئوغلۇم يوق. قىزىم ئىككىمىز يەنىلا ئاجىز. قولۇمدا مال - دۇنيا بولغىنى بىلەن ئەر كىشى يوق ئائىلىدە ئاياللار ھامىنى ئاجىزدە. قورۇقتا گاۋ غوجىدارغا تايىناي دېسەم ئۇ ماڭا يامان نىيەتتە بولۇۋاتسا، مەن ھازىر تولىمۇ قىيىن ئەھۋالدا قالدىمغۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم ھەسرەتلىنىپ.

— ئۇنداق بولسا يەر - زېمىن، مال - دۇنيانى سېتىپ قىزىڭىز بىلەن يۇرتىڭىزغا كەتمەمسىز.

— ياق، ئۇنداق قىلالمايمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم دەرھال، — ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ كېپىگە قارىغاندا، ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇننىڭ ئۈستىدىن ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنۇپتىكەن. ھازىر تۇرداخۇن قاماقتا، بۇ ئىشلار ھەل بولماي مەن بۇ يەردىن كېتەلمەيمەن.

— ئۇ ئىشلار ھەل بولغاندىچۇ؟
— ئۇ ئىشلار قاچان بىر تەرەپ بولىدۇ، ئۇنى بىلمەيمەن. ئۇ ئىشلار ھەل بولغاندىمۇ يەنىلا كېتەلمەيمەن.
— نېمىشقا؟
— بارات تېخى ساقايمىدى، مەن ئۇنى سەللىمازا ساقايتىپ ئۆيىگە تاپشۇرۇپ بېرىشىم كېرەك، بولمىسا ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ روھى مېنى قارغايدۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم. بەي ئاغىچا ئەمدى ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلىغاندەك قىلىپ ئېڭىكىنى تۇتۇپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئويىنىڭ ئاخىرىغا يېتەلمەي بىر ئۇھ تارتىپ:
— قانداقمۇ قىلارسىز ئەمىسە؟ — دەپ ۋاڭ خېنىمغا قارىدى.
— بەي ئاغىچا، مەن قىزىمنى يېنىمدىن نېرىراق تۇرسۇنمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.
— نېمىشقا ئۇنداق ئويلاپ قالدىڭىز، يالغۇز قىزىڭىزدىن ئايرىلىپ قانداق چىدايسىز؟
— مەن قىزىمنىڭ كېلەچىكىنى ئويلىسام قىزىمنى ھازىرلا يېنىمدىن نېرى قىلغۇم كېلىدۇ. گاۋ غوجىدار پاراكەندىچىلىكنى باشلىدى، ئۇ يەنە پاراكەندە قىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ يامان نىيىتىگە ئۇنىمىسام، ئۇ چيەن دارىن بىلەن بىرلىشىۋالسا، يا مەن ۋاڭ بېگىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ قىلغان يامانلىقىنى ھۆكۈمەتكە بېرىپ ئېيتالمىسام، ئاخىرى قىزىمنى چيەن دارىننىڭ لۈكچەك ئوغلىغا بېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.
— ۋاڭ خېنىم، قىزىڭىز زادىلا ئۇنىمامدىكەن؟
— زادى ئۇنىمايدۇ. قايسى كۈنى قىزىم بىلەن پاراڭلىشىپ بېقىۋېدىم، قىزىم ماڭا «مېنىڭ ئالدىمدا ھەرگىز ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلماڭ» دېدى. مەنمۇ ئۇ لۈكچەككە بېرىشكە ھەرگىز

قوشۇلمايمەن.

— ئۇنداق بولسا نەگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ قويساق بولار؟ — بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا سوئال نەزەرىدە قارىدى.

— مېنىڭچە، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئانچە ئويلانمايلا، — سىزنىڭ ئامالىڭىز بار، سىز بىللە تۇرغان ھېلىقى تۇل موماي ليۇ ئانىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويساق قانداق دەيسىز؟

بەي ئاغىچا ئويلىنىپ قالدى. مۇشۇ قورۇقنىڭ جەنۇبىدا بىر كىچىك كەنت بار ئىدى. ئۇ ۋاڭ بېگىمنىڭ قورۇقىغا چاكار بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى شۇ كەنتتىكى ليۇ ئانىنىڭ ئۆيىدە تۇرغانىدى. ليۇ ئانا قىش كۈنلىرى جاڭگالدىن ئوتۇن تېرىپ سېتىپ، ياز كۈنلىرى كىشىلەرنىڭ ئىش - كۈشلىرىنى قىلىپ بېرىدىغان، بىكار بولۇپ قالسا تەسۋى سىيرىپ، دۇرۇت ئوقۇپ ئۆتىدىغان ئاق كۆڭۈل ئايال ئىدى. ئۇ كىشىلەرگە ئانچە ئارىلىشىپ كەتمەيتتى، شۇڭا ئۇنىڭ ئۆيىگە ئۇ ئايدىن بۇ ئايغا بىرەر يات ئادەم كىرمەيتتى. بەي ئاغىچىنى ئېرى تۇغماس دەپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ليۇ ئانىغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكەنىدى. ليۇ ئانا ھازىر يەنىلا يالغۇز تۇراتتى. بەي ئاغىچا ليۇ ئانا بىلەن ھەمراھ بولۇپ ئىناق ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلەپ:

— توغرا ئويلاپسىز ۋاڭ خېنىم، ئەگەر ۋاڭ شىئېرنى يوشۇرۇپ قويۇشقا توغرا كەلسە، ليۇ ئانىنىڭ ئۆيى تازا مۇۋاپىق. ئۇ تەقۋادار خوتۇن، كىشىلەرگە ئارىلىشىپمۇ كەتمەيدۇ، كىشىلەرنىڭمۇ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ۋاڭ خېنىم خۇش بولۇپ، — سىز بۈگۈنلا ناشتىدىن كېيىن ليۇ ئانا بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىڭ. ئەگەر ئۇ قوشۇلسا، بۈگۈنلا قىزىمنى شۇ يەرگە يۆتكىۋېتىمەن.

— ماقۇل، ئۇنداقتا باراتتا دۇ قىزچاق بىلەن ئىككىمىز قارامدۇق؟ — دېدى بەي ئاغىچا.

— ياق، باراتتىمۇ قىزىم بىلەن بىللە قوشۇپ يوشۇرۇپ

قويمەن.

— ئۇنداقتا قانداق بولار؟ — بەي ئاغىچا ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قالدى.

— ھېچقىسى يوق، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ھازىر ئەتىياز كىرىپ كۈن ئۇزىراپ قالدى. ئۇ قاراڭغۇ قازناقتا بارات قانداقمۇ ساقىيالايدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ۋاقتى، قازناققا كىرىپ - چىقىدىغانلار كۆپىيىدۇ، باراتنى ئۇ قازناقتا يوشۇرۇپ قالالمايمەن. ئۇ چوقۇم سېزىلىپ قالىدۇ. شۇڭا قىزىم باراتقا ئاكىسى ئورنىدا قارىسۇن. دۇ قىزچاق ئۇلار بىلەن بىللە كېتىپ بىرەر - يېرىم ئاي بىللە تۇرۇپ يېنىپ كېلىدۇ. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن بىز كىشىلەرگە «قىزىم يۇرتقا كەتتى» دەپ قويىمىز.

بەي ئاغىچا ئۇنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولۇپ دېدى:

— ۋاڭ خېنىم ماڭا دېگەن بۇ گەپلىرىڭىزنى بۇرۇنلا ئويلاپ قويغانمۇ نېمە؟

— توغرا دېدىڭىز بەي ئاغىچا، مەن كېچە - كۈندۈز قىزىمنىڭ غېمىنى يەيمەن. ئۇنى قانداق قىلىپ يوشۇرۇپ قويارمەن دەپ بېشىم قېتىۋاتاتتى، ئەمدى بەلەن بولدى.

— راست، نېسىپ بولغان ئىشلار ئوڭدىن كېلىپ تۇرىدۇ، بۈگۈن ناشتا قىلىپلا ماڭاي.

ئۇ ئىككىسىنىڭ پارىڭى تۈگىگىچە قۇياش ئاللىقاچان چىقىپ نەيزە بويى كۆتۈرۈلگەنىدى. خىزمەتچىلەر ناشتىلىق تەييار بولغانلىقىنى خەۋەر قىلىشتى. ۋاڭ خېنىم يۈزىنى يۇيۇپ پەرداز قىلىپ، خۇددى مېھمانغا بارىدىغاندەك ياسىنىپ تاماققا چىقتى. ئۇ كېچىچە يىغلاپ چىققانلىقىنى قىزى بىلەن دۇ قىزچاققا چاندۇرماسلىق ئۈچۈن شۇنداق قىلغانىدى. ۋاڭ بېگىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇ ھەر ۋاق تاماقنى بەي ئاغىچا، ئىككى قىزى بىلەن بىللە يەيتتى. بىرى كەم بولسا باشقىلار ئۇنى

ساقلايتتى. تاماق يېگەچ پاراڭلىشىپ خۇشال - خورام ئولتۇرۇشاتتى. لېكىن ھازىر ۋاڭ خېنىم ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇرۇپلا دۇ قىزچاققا:

— دۇ قىزچاق، سەن ناشتىلىقنى جىقراق يېگىن، بازارغا بېرىپ تېۋىپتىن باراتقا دورا ئېلىپ كېلىسەن. بۇنىڭدىن كېيىن دورا ئالىمەن دەپ بازارغا كۆپ قاتراپ يۈرمە، — دېدى.

— بولىدۇ خېنىم، — دۇ قىزچاق باشقىلارغا قارىماي تاماقنى چاپسان يېيىشكە باشلىدى. ئاپىسىنىڭ تېخى ناشتا قىلماي تۇرۇپ دۇ قىزچاققا دېگەن گېپىدىن ھەيران بولغان ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا يەر تېگىدىن بىر قاراپ قويۇپ، تاماقنى ئاستا يېيىشكە باشلىدى. ئادەتتە تاماق يېگىچە گەپنى ۋاڭ شىئېر باشلاپ بېرەتتى، ھەتتا بىر ۋاق تاماق يېيىلىپ بولغۇچە ئۇنىڭ گېپى تۈگىمەيتتى. بەي ئاغىچىنىڭ ھازىر باردىغان يېرى بولغاچقا، ئۇمۇ گەپ قىلماي تاماقنى ئالدىراپ يېدى. ئۇ ئۇچىنىڭ تاماق يېيىشىگە قاراپ ۋاڭ خېنىممۇ تاماقنى يېيىشكە باشلىدى. بۇ، يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى ئۇلارنىڭ گەپ قىلىشماي جىممىدە تاماق يېگەن ۋاقتى بولدى. ئۇلار ھەر قېتىم تاماقتا ۋاڭ خېنىمنىڭ كەيپىياتىغا قارىشاتتى. ۋاڭ خېنىم كېچىدە يۈز بەرگەن پاراكەندىچىلىكنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن قېنىق پەرداز قىلغان بولسىمۇ، لېكىن كەيپىياتى تۆۋەن بولغاچقا، تاماقنى جىمجىت يېدى. ئۇنىڭدىن تەئەججۈپلەنگەن ئىككى قىز بىر - بىرىگە پات - پات يەر تېگىدىن قارىشىپ قوياتتى. بىر چاغدا دۇ قىزچاق تاماقنى يەپ بولۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، مەن ئەمىسە بازارغا ماڭدىم، — دەپ ئورنىدىن تۇردى.

— دورىنى جىقراق يازدۇرۇشنى ئۇنتۇمىغىن، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— خوپ، — دەپ دۇ قىزچاق ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيدىن چىقىپ ھايال ئۆتمەي بەي ئاغىچا تامىقىنى يەپ ئورنىدىن تۇرۇپ:
— ۋاڭ خېنىم مەن ئىشىمغا ماڭاي، — دەپ ماڭدى.
— ئىلاج قىلىپ ئىشنى ھەل قىلىپ بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭ، — دېدى ۋاڭ خېنىم.
— ماقۇل، — بەي ئاغىچا ئالدىراپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۇ ئىككىسىگە تاپىلىغان گەپلىرى ۋاڭ شىئېرغا سىرلىق تۇيۇلۇپ، يەۋاتقان تامىقىنى ئىختىيارسىز توختىتىپ ئاپىسىغا قارىدى. ئۇلار قايسىسى گەپنى بالدۇر باشلاشنى بىلەلمىگەندەك بىر - بىرىگە بىردەم قارىشىپ قالدى. بىر چاغدا ۋاڭ خېنىم:
— قىزىم، بۈگۈن باراتنىڭ ناشتىلىقىنى سىز ئەكىرىپ بېرىڭ، — دېدى.
— ئاپا، بەي ئاغىچا نەگە باردۇ؟ — دەپ سورىدى ۋاڭ شىئېر تېخىمۇ ھەيران بولۇپ.
— قىزىم، سىزگە گېپىم بار ئىدى.
ۋاڭ شىئېر ئورۇندۇقنى سۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ۋاڭ خېنىم:
— قىزىم، ھازىر ئەتىياز كېلىپ كۈن ئۇزىراپ قالدى. ئەمدى كۈندۈزى تالا - تۈزدە ئادەملەر كۆپىيىدۇ، سىلەر ئامبارغا كىرىۋەرسەڭلەر كىشىلەر گۇمان قىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باراتنىڭ قاراڭغۇ قازناقتا كۈن كۆرمەي ساقىيىشى تەس. شۇڭا باراتنى ئۇ يەردىن يۆتكىۋېتەي دەيمەن، — دېدى. لېكىن ئاخشامقى گاۋ غوجىدارنىڭ پاراكەندىچىلىكى ھەم شۇ سەۋەبلىك قىزىنى يۆتكىۋېتىشكە مەجبۇر بولغانلىقى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچمىدى.
— ئاپا، ئۇ چاغدا بارات ئاكامغا كىم قارايدۇ؟ — دېدى ۋاڭ شىئېر.

— قىزىم، ئىككىڭلارنى بىللە يۆتكىۋېتىمەن.

نەگىلا بارسا بارات بىلەن بىللە تۇرۇشنى خالىسىمۇ، لېكىن ھېلىغىچە بىر كۈنمۇ ئايىسىدىن ئايرىلىپ باقمىغان ۋالى شىئېر:

— ئاپا، — دەپ ئاپىسىدىن ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك ئۈنىڭغا قاراپ قالدى.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ قىزىم، دۇ قىزچاقمۇ سىلەر بىلەن بىللە بېرىپ، بىرەر - يېرىم ئاي بىللە تۇرىدۇ. ئاندىن قايتىپ كېلىپ، بەزىدە خۇپپيانە بېرىپ سىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرىدۇ. لېكىن بارات سەللىمازا ساقىيىپ بولغۇچە مەن بارمايمەن، سىلەر بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن، «قىزىم يۇرتقا تۇغقان يوقلىغىلى كەتتى» دەپ گەپ تارقىتىۋېتىمەن.

باراتنى كونا قورۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىش، داۋالاپ ساقايتىش ھەم يۆتكىۋېتىپ يوشۇرۇپ تۇرۇشنىڭ سەۋەبىنى بىلىپ تۇرغان ۋالى شىئېر:

— ئاپا، بىز بىرەر ئەنسىزچىلىكتە قالدۇقمۇ نېمە؟ — دېدى.

— توغرا دېدىڭىز قىزىم، دادىڭىز بىزنى بالاغا تىقىپ قويۇپ ئۇ دۇنياغا كەتتى. شۇڭا مەن ھازىر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتىمەن، بۇ تەقدىر - قىسمەتنى كۆرمەي ئامال يوق ئۇخشايدۇ.

ۋالى شىئېرنىڭ كۆزىدە ياش ئەگىدى. ۋالى خېنىم:

— يىغلىماڭ قىزىم، تەڭرىم بۇ ئەنسىزچىلىكتىن قۇتۇلىدىغان كۈنلەرنىمۇ بېرەر، — دېدى.

ۋالى شىئېر يىغلاپ تۇرۇپ:

— ئاپا، بىزنى نەگە يوشۇرۇپ قويىسىلەر؟ — دېدى.

— بەي ئاغىچا سىلەرنى يوشۇرۇپ قويىدىغان يەرنى ئۇقۇشقىلى كەتتى.

— ئەمىسە قاچان كېتىمىز؟

— ئەگەر ئۇقۇشۇپ كېلەلىسە، بۈگۈن يېرىم كېچىدىلا يولغا چىقىسىلەر.

ۋاڭ شىئېر يېشىنىي سۈرتۈۋەتتى. ئۇ ھازىر نەدىلا بولمىسۇن، بارات بىلەن بىللە تۇرۇشقا رازى ئىدى. لېكىن ئاپىسىنىڭ مۇشۇنداق ئەنسىزچىلىكتە قالغانلىقىغا ئىچى ئاغرىدى ۋە ئۆزىنىمۇ بىر قورقۇنچ ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلدى ۋە:

— ئاپا، مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، — دەپ ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— نېمىدىن قورقىسىز قىزىم، مەن پەقەت سىزدىن ئەنسىرەپ، سىلەرنى يۆتكىۋېتىشكە مەجبۇر بولۇۋاتىمەن. مەن سىزنى ھەرگىز چيەن دارىن ئائىلىسىگە بەرمەيمەن، بارات ئاكىڭىز ئىككىڭلار بىر - بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈپ قالدىڭلار. شۇڭا مەن سىزدىن خېلىلا خاتىرجەم، جاھان ئامانچىلىق بولسا ئىككىڭلارنى چېتىپ قويىمەن، ئەگەر مۇشۇنداق ئەنسىزچىلىك بولىۋەرسە سىلەرنى يىراقلارغا قاچۇرۇۋېتىپ، ئاندىن خاتىرجەم بولىمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ بېشىنى سىلاپ.

ئاپىسىنىڭ گېپىدىن خاتىرجەم بولغان ۋاڭ شىئېر:

— بوپتۇ ئەمىسە ئاپا، بارات ئاكام بىلەن بىر مەزگىل يوشۇرۇنۇپ تۇراي، — دېدى.

— قىزىم، نېمىلا بولمىسۇن ھازىر باراتنى يوشۇرۇپ تۇرۇشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇنى يوشۇرغانلىقىمىز پاش بولۇپ قالسا، بىزنىڭ بۇ ئىگىلىكىمىز ۋەيران بولىدۇ. ئۇ چاغدا ھەممىمىز بىراقلا تۈگىشىمىز، شۇڭا سىلەرنى يوشۇرۇپ قويماي ئامالىم يوق.

ئۇ شۇنچە سۆزلەپ قىزىنى يۆتكىلىشكە ئۇناتقان بولسىمۇ، لېكىن گاۋ غوجىدارنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان پاراكەندىچىلىكىنى دېگۈسى كەلمىدى. ئەگەر ئۇنىمۇ بەي ئاغىچىغا دېگەندەك دەپ

قويسا قىزى ئاپىسىدىن ئايرىلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇشقا ئۇنىمىغان بولاتتى. ئۇ:

— قىزىم، ھازىرلا قازناققا بارات ئاكىڭىزنىڭ ناشتىلىقىنى ئېلىپ چىقىپ، ئەھۋالنى ئۇنىڭغىمۇ دەڭ ھەم يۆتكىلىشكە تەييارلىق كۆرۈڭلار. ئەگەر تۇرىدىغان جاي ھەل بولۇپ قالسىلا، بۈگۈن يېرىم كېچىدە يولغا چىقىسىلەر، — دېدى.

— بولىدۇ، — ۋاڭ شىئېر چىقىپ كەتتى.

قازناقنىڭ ئىشىكى «تاراق» قىلىپ ئېچىلدى. تۈڭلۈكتىن چۈشكەن شولىغا قاراپ ياتقان بارات ئىشىككە قاراپ ۋاڭ شىئېرنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. چۈنكى ئۇنىڭ ھەر ۋاق تامىقىنى دۇ قىزچاق ياكى بەي ئاغىچا توشۇيتتى. ۋاڭ شىئېر ئادەتتە كېچىسى ياكى كۈن قايرىلىپ تۈڭلۈكتىن شولا چۈشمەيدىغان چاغدا كېلەتتى. ئۇنى دائىم قارا چىراغ يورۇقىدا كۆرۈپ كۆنۈپ قالغان بارات ھازىر شولا يورۇقىدا گۈزەل چېھرىنى خۇددى كۈندۈزدە كۆرگەندەك كۆرۈپ خۇش بولۇپ، ئورنىدىن ئاران قوزغىلىپ سۇپىدا پۇتىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى. ۋاڭ شىئېر ئەكەلگەن ناشتىلىقنى نېرى قويۇپ، باراتنىڭ ئالدىغا كەلدى. بارات ئۇنى قۇچاقلىغۇسى كېلىپ:

— ۋاڭ شىئېر، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ. مەن سىزنى يورۇقتا بىر كۆرۈپ باقاي، سىزنى بۇلتۇر مەسچىت ئالدىدا كۆرگەندىن بۇيان كۈننىڭ يورۇقىدا كۆرۈپ باقماپتىمەن، — دەپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئالدىغا تارتتى. ۋاڭ شىئېرنىڭ يۈزى دەل تۈڭلۈكتىن چۈشۈۋاتقان شولىغا توغرا كەلدى. ۋاڭ شىئېر شولا يورۇقىدا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈندى. بارات ئۇنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە تارتتى. ئۇمۇ ئۆزىنى باراتنىڭ مەيلىگە قويۇۋەتتى. بارات ئۇنىڭغا زوق بىلەن قاراپ، چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتۇپ سۆيۈپ باغرىغا باسقاندا، ۋاڭ شىئېر ئۇنسىز يىغلاپ كەتتى. ۋاڭ شىئېرنىڭ كۆزىدىن چىققان ياش ئۇنىڭ يۈزىنى ھۆل

قىلىۋەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇ سۆيۈشنى توختىتىپ، ئۇنىڭ ئىككى مەڭزىدىن تۇتقىنىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. ۋاڭ شىئېرنىڭ كۆزىدىن ھېلىمۇ ياش چىقىۋاتاتتى.

— ۋاڭ شىئېر، نېمە بولدىڭىز؟

ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭدىن ئۆزىنى بوشىتىپ يېنىدا ئولتۇرۇپ، يېشىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. باراتمۇ ئۆزىنى ئوڭشاپ ئولتۇرۇۋالدى. گەرچە ئۇ ھازىر خېلى ساقىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يەرگە ئاران دەسسەپ ماڭالايتتى. تاياق - توقماق زەربىسىدىن زېدە بولغان ئىچكى ئەزالىرى، ئېتىدىكى جاراھەتلەر تېخى تۈزۈك ساقايماي، جاراھەت ئورنى ھېلىمۇ كۆكىرىپ، قىزىرىپ، ھەتتا قاقاچ تۇتقان بەزى چوڭ جاراھەتلەردىن قان چىقىپ تۇراتتى. ئەمما ۋاڭ شىئېر يېنىدا تۇرغانلىقى ئۇچۇن ئاغرىقنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ:

— ۋاڭ شىئېر نېمە بولدىڭىز؟ ئەجەب بۇگۈن. . . — دەپ گېپىنىڭ ئاخىرىنى چىقىرالماي تۇرۇپ قالدى.

— بارات، — دېدى ۋاڭ شىئېر بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ، — ئاپام ئىككىمىزنى بۇ يەردىن يۆتكىۋېتىدىكەن.

— نەگە يۆتكەيدىكەن؟ — دېدى بارات ھەيران بولۇپ.

— بارات ئاكا، ئاپامغا ئىچىم ئاغرىپ قېلىۋاتىدۇ. ئاپام ھازىر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە قاپتۇ. شۇڭا ئاپام ئىككىمىزنى بۇ يەردىن باشقا يەرگە يۆتكەپ يوشۇرۇپ قويغۇدەك. سىز تولۇق ساقىيىپ بولسىڭىز، ئەنسىزچىلىكمۇ تۈگىسە، ئاپام ئىككىمىزنى ئاتا - ئانىڭىزنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ قويىدىكەن. ئەگەر بۇ ئەنسىزچىلىك تۈگىمىسە، ئىككىمىزنى يىراقلارغا قاچۇرۇۋېتىدىكەن. شۇڭا كۆڭلۈم يېرىم بولۇپ يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ.

بارات ئۇنى تۇتقان پېتى ئويلىنىپ قالدى. ئۆزىنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشىنەتتى ھەم بۇنىڭدىن رازى

ئىدى. لېكىن بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتتى. شۇڭا:

— ۋاڭ شىئېر، مەن بۇ يەردىمۇ ئوخشاشلا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتىمەنغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم قىزىغا گاۋ غوجىدارنىڭ پاراكەندىچىلىكىنى دېمىگەنلىكى ئۈچۈن، ۋاڭ شىئېر يۆتكىلىپ كېتىش سەۋەبى توغرۇلۇق پەقەت ئاپىسىنىڭ «بىر ئەنسىزچىلىك ئىچىدە ياشاۋاتىمەن» دېگىنىدىن باشقىنى بىلمەيتتى. شۇڭا ئاپىسىنىڭ بايا دېگىنى بويىچە:

— ئاپام «هازىر ئەتىياز كېلىپ كۆن ئۈزىراپ قالدى. ئەمدى كۈندۈزدە تالا ـ تۈزدە ئادەملەر كۆپىيىدۇ. سىلەر ئامبارغا كىرىپ - چىقىپ يۈرسەڭلەر كىشىلەر گۇمانلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە باراتنىڭ قاراڭغۇ قازناقتا كۈن كۆرمەي ساقىيىشى تەس. شۇڭا سىز بىلەن باراتنى باشقا يەرگە يۆتكىۋەتسەم، بارات تالا - تۈزنى كۆرۈپ تېزرەك ساقىيىپ كېتەر» دەيدۇ، — دېدى.

بارات تۈنتۈن قىلىنغاندىن بېرى قۇياشنى كۆرۈپ باقمىدى. گەرچە قازناقتا تۈگۈلۈكتىن شولا چۈشۈپ تۇرسىمۇ، كۈن قىسقا، هاۋا سوغۇق قىش پەسلى بولغاچقا، شولا ناهايىتى ئاجىز ئىدى. بارات قۇياشنى سېغىناتتى، تالا - تۈزگە چىقىپ، ساپ هاۋادا ئەركىن نەپەس ئالغۇسى كېلەتتى، يىراقلارغا قارىغۇسى كېلەتتى. شۇڭا:

— ۋاڭ شىئېر، ۋاڭ خېنىم ناهايىتى ياخشى ئويلاپتۇ. بۇ قاراڭغۇ قازناقتىن تولىمۇ زېرىككەنىدىم، قاچان يۆتكىلىپ كېتىدىكەنمىز؟ — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ خۇش بولۇۋاتقانلىقىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— بەي ئاغىچا بىز تۇرىدىغان يەرنى ئۇقۇشقىلى كەتتى.

ئەگەر ئۇقۇشۇپ بۇگۇن بالدۇر كېلەلىسە، يېرىم كېچىدىلا بۇ يەردىن يۆتكىلىپ كېتىدىكەنمىز، — دېدى.
بارات تېخىمۇ خۇش بولۇپ:
— بوپتۇ، بۇگۇن بولسىمۇ مەيلى، ئىككىمىز بىر يەردىلا بولساق، نە بولمىسۇن، قاچان بولمىسۇن، ئوخشاش، — دېدى.
ۋالىڭ شىئېر كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتسىمۇ، باراتنىڭ بۇ گېپىدىن ئىنتايىن سۆيۇنۇپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشەندى، ئۇنى ئىختىيارسىز قۇچاقلىغۇسى كەلدى - يۇ، خىجىل بولۇپ بېشىنى سىلىۋالدى. چىن مۇھەببەت باغلىغان قىزنىڭ ئۆز يارى ئالدىدا خىجىل بولۇپ ناز قىلىشىمۇ ئۆزىگە يارىشاتتى. ئۇ ئاناردەك قىزىرىپ كەتتى. ئىككىسى مۇشۇنداق يېقىن تۇرغاندا يۇرەكلىرى بىر - بىرىگە تەلپۈنۈپ تۇرسىمۇ خىجىل بولاتتى. شۇڭا جىم تۇرۇش ۋاقتى ئۇزىراپ كېتەتتى. ئىككىسى بىردەم جىم تۇرۇشقاندىن كېيىن ئۇنىڭغا ناشتىلىق ئەكەلگەنلىكى ۋالىڭ شىئېرنىڭ يادىغا كېلىپ:
— مەن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ سىزگە تاماق يېگۇزۇشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى - دە، تاماق سالغان سېۋەتنى ئەكەلدى. بارات قورسىقى ئاچقانلىقى يادىغا كېلىپ كۇلۇپ كەتتى. ۋالىڭ شىئېر ناشتىلىقنى ئېچىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. بارات ئىشتىھا بىلەن يېدى.
— بارات، سىزنىڭ ئىشتىھايىڭىز بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئاپام «ئاغرىق ئادەمنىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلسا، ئوڭاي ساقىيىدۇ» دەيدۇ.
— ۋالىڭ خېنىم ھەقىقەتەن ئاق كۆڭۇل ئايال، — دېدى بارات.
— يەنىلا ئاشۇنداق دەيدىكەن، — ۋالىڭ شىئېر ئۇنىڭغا تەتۈر قارىۋالدى. بارات كۇلۇپ كېتىپ:
— كەچۇرۇڭ، ئۇنتۇپ قاپتىمەن. ئاپىڭىز ھەقىقەتەن ئاق

كۆڭۈل ئايال، — دېدى.

ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا تەتۈر قارىغىنىچە:

— مېنىڭ ئالدىمدا ئەمدى ھەرگىز ئۇنداق دېمەڭ، ئاپام سىزنى ھەقىقەتەن ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى.

— بولىدۇ، سىز ماڭا ئۆگىتىپ تۇرۇڭ، بولمىسا ئۇنتۇپ قالىدىكەنمەن.

ئۇلار تەڭلا كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىككىسى بىردەم بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ، ئىختىيارسىز قۇچاقلىشىپ سۆيۈشتى. ئۇلار شۇ كۈنلا يېرىم كېچىدە يۆتكىلىپ كېتىشتى.

## ئوتتۇزىنچى باب

# ئۇرۇمچى ۋالىيسىنىڭ ناھىيىگە كېلىپ ھۆكۈم ئېلان قىلغانلىقى

يامۇل ھويلىسىدا ئادەملەر ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ھويلىغا ياسالغان سەھنىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈش تەس ئىدى. سەھنىنىڭ ئالدىدا لەشكەرلەر ئىككى رەت تىزىلغان بولۇپ، ئالدىنقى رەتتىكى لەشكەر سەھنىنى قوغداپ تۇرسا، ئارقا رەتتىكى لەشكەر سەھنىنىڭ ئالدىنى ئورىۋالغان ئادەملەرنى توسۇپ تۇراتتى. ئادەملەرمۇ بىر - بىرىنى قىستىشىپ تولىمۇ زىچ تۇرۇشاتتى. شۇڭا ئالدىغا ئۆتەلمىگەنلەر، بويى پاكارلار ھويلىنىڭ تاملىرىغا، ئۆگزىلەرگە چىقىۋالغانىدى. بۈگۈن يامۇل ھويلىسىدا سوت ئېچىلىپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىناتتى. بۈگۈنكى سوتنى ئۇرۇمچى ۋالىيسى ئۆزى ئېچىپ ھۆكۈم ئېلان قىلماقچى ئىدى. بۇ ناھىيىنىڭ تارىخىدا ۋالىينىڭ ئۆزى كېلىپ سوت ئېچىپ ھۆكۈم ئېلان قىلىشى تۇنجى قېتىملىق ئىش ئىدى. بولۇپمۇ تۇرداخۇن قولغا ئېلىنىپ ھېلىغىچە ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بىرەر قېتىممۇ يۈز كۆرۈشتۈرۈلمىگەنلىكى ھەم دەۋاگەر ۋاڭ بېگىم ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، بۇ سوتقا پۈتۈن ناھىيىنىڭ ئادەملىرى بەكمۇ قىزىقاتتى. شۇڭا بۈگۈن سوت ئېچىلىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان چوڭ - كىچىك، ئەر - ئايال ھويلىغا توشۇپ كەتتى. بىر چاغدا «ۋالىي كەلدى، ۋالىي كەلدى!» دېگەن چۇقان كۆتۈرۈلۈپ، كىشىلەر سەھنىگە دىققەت

قىلىشتى. سەھنىنىڭ كەينى يامۇلنىڭ ئىشخانىلىرى ئىدى. ھايال ئۆتمەي سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئەمەلدارلار سەھنىگە چىقىپ، سەھنىگە قويۇلغان ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئوڭ تەرەپتىكى ئورۇندۇقلاردا ۋالىي باشلاپ كەلگەن ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ ئادەملىرى ئولتۇردى. سول تەرەپتىكى ئورۇندۇقلاردا ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ئەڭ باشتىكى ئورۇندۇقتا چيەن دارىن ئولتۇردى. سەھنىنىڭ ئوتتۇرىدىكى ئۈستەلدە ئۈرۈمچى ۋالىيسى ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئوڭ چېتىدە ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپى، سول تەرىپىدە چيەن دارىننىڭ كاتىپى ئۆرە تۇرۇشتى. ۋاقىتلىق ياسالغان سەھنە كىچىك بولسىمۇ، خېلى ھەيۋەتلىك كۆرۈنەتتى. سەھنىنىڭ ئىچى قىزىل، ئەتراپى قارا ۋە كۆك رەختلەر بىلەن زىننەتلەنگەن بولۇپ، قائىدە - نىزاملار يېزىلغان لوزۇنكىلار ئېسىلغانىدى. ھەممىنىڭ دىققىتى سەھنىدە ئىدى. سول تەرەپتىكى ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرغان ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى خۇددى سوتلىنىدىغاندەك بېشىنى سېلىپ جىم ئولتۇراتتى. بولۇپمۇ چيەن دارىن بېشىنى ئېگىپ، ئالدىغا قارىغىنىچە ئولتۇراتتى. ئوڭ تەرەپتىكى ۋىلايەت ئەمەلدارلىرى بولسا ئالدىغا قاراپ تۈز ئولتۇراتتى. سەھنىنىڭ ئالدىدىكى ئاۋام خەلقنىڭ كۆزى ۋالىينىڭ قولىدا ئىدى. ئۇ قولىدىكى تاياقنى ئۈستەلگە «تاق» قىلىپ بىرنى ئۇرۇپ كىشىلەرنى چۆچۈتسە سوت باشلانغان بولاتتى. لېكىن ۋالىي تاياقنى قولىغا ئېلىشقا ئالدىرىماي سەھنە ئۈستىدىكى ئەمەلدارلارغا، سەھنە ئالدىدىكى سوتنىڭ باشلىنىشىغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان ئادەملەرگە قارىماقتا ئىدى. ئۇ بىر چاغدا سەھنىنىڭ سول تەرىپىدە ئۆرە تۇرغان ۋاڭ خېنىمنى كۆرۈپ قولىغا تاياقنى ئېلىپ ئۈستەلگە بىرنى ئۇردى. سەھنىدىكىلەرمۇ، تۆۋەندىكى پۇقرالارمۇ چۆچۈپ قارىدى. باياتىن ۋاراڭ - چۇرۇڭغا تولغان ھويلا بىردىنلا

جىمجىتلىققا چۈمدى. ۋالىي سەھنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە قاراپ «جاۋابكار ئېلىپ كىرىلسۇن!» دەپ توۋلىدى. ئىككى لەشكەر تۇرداخۇننى ئارىغا ئېلىپ سەھنىنىڭ ئالدىدىكى ئىككى رەت لەشكەرلەرنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختاتتى. ۋالىي سەھنىنىڭ سول تەرىپىگە قاراپ «دەۋاگەر ۋاڭ تيەنمىڭنىڭ ئايالى ۋاڭ خېنىم سەھنىگە چىقسۇن» دېدى. بىر ئايال گۇندىپاي ھەم بەي ئاغىچا ئۇنى ئارىغا ئېلىپ سەھنىگە چىقىپ، تۇرداخۇن بىلەن بىر قاتاردا تۇردى. بۇ يەردە تۇرغىنى ناھىيە بويىچە بىر - بىرىدىن قېلىشمايدىغان ئىككى باي بولغاچقا، پۇقرالار ئۇ ئىككىسىگە تېخىمۇ قىزىقىپ قاراشتى. تۇرداخۇن بېشىغا سەرپۇش تۇماق، ئۇچىسىغا تۇجۇركا كىيگەن بولۇپ، سوتقا چىقىش ئالدىدا ساقال - بۇرۇتنى ياساتقانىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ سوتتا تۇرغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەندەك ئۇياق - بۇياققا قاراپ قوياتتى. ۋاڭ خېنىم بولسا خۇددى مېھمانغا بارىدىغاندەك چىرايلىق كىيىنىپ، قېنىق پەرداز قىلىۋالغانىدى. گەرچە ئۇ خېلى ياشىنىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇچىسىدىكى كىيىمى خۇددى ياش چوكانلاردەك بەدىنىگە تولىمۇ يارىشىپ تۇراتتى. ئۇ ئېرى ۋاڭ بېگىمنىڭ ئورنىغا دەۋاگەر بولۇپ سوتقا كەلگەنىدى. ئۇ غەمكىن ھالدا بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى. ۋالىي ئوڭ تەرىپىدىكى ئۇرۇمچى تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپىغا قارىدى. كاتىپ دەرھال كېلىپ بىر ئورام قەغەزنى ئېلىپ ۋالىينىڭ ئالدىغا قويۇپ جايىغا قايتتى. ۋالىي قەغەزنى ئېچىپ ئوقۇپ بولۇپ:

— ئەل - جامائەت! — دەپ ئۈنلۈك توۋلىۋىدى ھەممە ئادەم ئۇنىڭغا دىققەتتە قاراپ تۇرۇشتى، شۇنچىۋالا چوڭ ھويلا خۇددى ئادەم يوقتەك جىمجىتلىققا چۈمدى، — مەن ھازىر ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى دېلو ھەققىدە سوتنىڭ ھۆكۈمىنى ئېلان قىلىمەن. شاڭيو ۋاڭ تيەنمىڭ يامۇلنىڭ يوللاپ بېرىشى بىلەن ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە ئەرز سۇنغان،

ۋالىي مەھكىمە تەپتىش ئەمەلدارلىرىنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلىشى بىلەن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىگە كەلدى، — ھويلا ئەمدى تېخىمۇ تىنچلىنىپ، ئۇچۇپ يۈرگەن قۇشلار ياكى كىشىلەرنىڭ يۈز-كۆزىگە قونۇپ بىزار قىلىدىغان بىزەڭ چىۋىنلەرمۇ يوقاپ كەتكەندەك تىمتاس بولۇپ قالدى. ۋالىي گېلىنى بىر قىرىۋېتىپ داۋام قىلدى، — جاۋابكار تۇرداخۇننىڭ چېگرا سودا كارۋىنىنى قوغداش ئۈچۈن ھۆكۈمەتتىن لەشكەر تەلەپ قىلىشى يوللۇق بولۇپ، بۇنىڭدا ھېچقانداق سۇيىقەست، يامان غەرەز يوق، — سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە كۆپچىلىكنىڭ دىققىتى تۇرداخۇنغا بۇرۇلدى. تۇرداخۇن بولسا ھەيران بولۇپ قاتۇرۇپ قويغان ھەيكەلدەك تۇرۇپ قالغانىدى. بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ قولغا ئېلىنغانلىق سەۋەبىنى ئەمدى ئاڭلاۋاتسا كېرەك، چۈنكى ئۇ سولاقتا كىرگەندىن بېرى ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمىگەنىدى. — ئىككىنچى، — دېدى ۋالىي، — تۇتۇلغان باندىتنىڭ ئىسپات بېرىشىچە جاۋابكار تۇرداخۇن باندىتلارنى زادىلا تونۇمايدۇ. باندىتلارنىڭ مەقسىتى ۋاڭ مىڭئېرنى ئۆلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى تۇرداخۇننى ئۆلتۈرۈش. — بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك تۇرداخۇنغا قارىدى. تۇرداخۇن چۆچۈگەندەك بولۇپ ئالقىنى بىلەن يۈزىنى بىر سىيلىۋەتتى ھەم ئېغىر نەپەس ئېلىۋالدى. ۋالىي يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — سودا كارۋىنىغا قوشۇپ بېرىلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئىسپات بېرىشىچە، سودا كارۋىنىنىڭ باندىتلار بىلەن تۇتۇشۇپ قېلىشى بىر سەۋەنلىك بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن ۋاڭ مىڭئېر ئۆلگەن. باشقا لەشكەردىنمۇ ئۆلگەنلەر، ياردار، مېيىپ بولغانلار بار. گەرچە بۇ ئېغىر ئاقىۋەت بولسىمۇ، بۇنىڭدا سۇيىقەست مەۋجۇت ئەمەس.

— ۋالىي قولىدىكى قەغەزنى ئوقۇپ بولۇپ ئۇنى ئورىدى. كۆپچىلىك ئەمدى ۋاڭ خېنىمغا قارىدى. ئۇ يېشىنى سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇ ئۈنىنى چىقارماي ئىچىدە يىغلاپ ئوغلىنىڭ

ئۆلۈپ كېتىش سەۋەبىنى چۈشىنىپ ھەسرەت چېكىۋاتاتتى. ۋالىي گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى:

— يۇقىرىدىكى ئەھۋاللارغا ئاساسەن ۋالىي مەھكىمىمىز شۇنداق ھۆكۈم چىقىرىدۇكى، ۋاڭ تيەنمىڭنىڭ ئەرزى ئاساسسىز، شۇڭا بۇ ئەرز بىكار قىلىندى، — ئۇ قولىدىكى ئۇراقلىق قەغەزنى سول تەرەپتىكى چيەن دارىنىنىڭ كاتىپىغا بېرىۋېتىپ بۇيرۇق قىلدى، — بۇ ئەرز بىكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن كۆيدۈرۈلسۇن.

كاتىپ ئۇنى ئېلىپ سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان ئوتقا تاشلىدى. قەغەز كۆيۈشكە باشلىدى ۋە ئوت ئۈستىدە ئاپئاق كۈل بولۇپ، ھاۋاغا ئۇچۇپ كەتتى. كىشىلەر ھاۋادا ئۇچۇپ تاراپ كېتىۋاتقان قەغەز كۈللىرىگە قاراشتى. ۋالىي گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئەرز بىكار قىلىنغانلىقى ئۈچۈن، جاۋابكار تۇرداخۇن ھازىردىن باشلاپ سولاقتىن ئازاد قىلىنىدۇ، — دەپ تۇرداخۇنغا قارىدى. بۇ چاغدا تۇرداخۇننىڭ كۆزىدىن ئىختىيارسىز ياش ئاقتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قارىشىپ قالدى. ۋالىي ئۇنىڭغا:

— تۇرداخۇن، نېمىشقا كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلىسىز؟ — دېدى.

تۇرداخۇن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ۋالىي جانابلىرى، مەن ھازىر سولاقتىن بوشىتىلغىنىمغا خۇشال بولۇۋاتىمەن. ھەقىقىي ئەھۋال تەكشۈرۈپ ئېنىقلىنىپ، گۇناھسىز بولدۇم، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ۋالىي كۆپچىلىككە قاراپ، — مەيلى ۋالىي مەھكىمىسى بولسۇن ياكى يامۇل بولسۇن خانىنىڭ قانۇن - نىزاملىرى بويىچە ئىش قىلىشى لازىم، ھەرگىز شەخسنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلماسلىقى كېرەك.

كۆپچىلىك تۇرداخۇنغا يەنە قارىدى. ئۇنىڭ يېنىدا تۇرغان

ۋاڭ خېنىم:

— ۋالىي جانابلىرى، ئەگەر مالال كۆرمىسىڭىز تۇرداخۇندىن ئەپۇ سورايدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ قويسىڭىز، ۋاڭ بېگىم تۇرداخۇنغا بەكمۇ ئۇۋال قىپتۇ. مەن بۇ ئىشلارنى ئىلگىرى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن، ۋاڭ بېگىم بۇ ئىشلارنى مەندىن يوشۇرۇپتۇ. مەن ھازىر تۇرداخۇننىڭ ئالدىدا ئىنتايىن خىجىل بولۇۋاتىمەن، — دېدى.

ئۇنىڭ گېپى ئورۇنلۇق ئىدى. ۋالىي ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ تۇراتتى، لېكىن تۇرداخۇن ۋاڭ خېنىمغا بۇرۇلۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، ھېچقىسى يوق، ئۆتكەن ئىش ئۆتۈپ كەتتى، سىزدىن ھەرگىز ئاغرىنمايمەن، — دېدى.

— رەھمەت، مەن ئەمدى خاتىرجەم بولدۇم، — ۋاڭ خېنىم شۇنداق دەپ بېشىنى ئېگىپ سالام قىلدى. ۋالىي ئۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىدىن رازى بولغانلىقىدىن خۇش بولۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، سىزنى بۇ سوتقا چاقىرىشتىكى سەۋەب، ۋاڭ تيەنمىڭ بولمىغانلىقى ئۈچۈن سىزنى ئەرزنىڭ نەتىجىسىنى ئاڭلاپ قالسۇن دەپ ئويلاشقان. بۇ ئەرز بىكار قىلىنىپ كۆيدۈرۈلدى، ئەمدى ھەر ئىككىڭلار بۇ ئىشنى ئۇنتۇپ كېتىڭلار. بىر - بىرىڭلاردىن رازى بولۇشتۇڭلار، مەن ۋالىي بولۇپ ھېلىغىچە دەۋاگەر بىلەن جاۋابكارنىڭ بىر - بىرىدىن مۇنداق رازى بولغانلىقىنى كۆرمىگەنىدىم، شۇڭا مەنمۇ ھازىر ناھايىتى خۇشال بولۇۋاتىمەن، — دېدى. ۋاڭ خېنىم بىلەن تۇرداخۇن يەنە بىر - بىرىگە قاراشتى ھەم تەبەسسۇم قىلىشتى. ئۇ ئىككىسىگە قاراپ تېخىمۇ خۇش بولغان ۋالىي:

— ھەر ئىككىڭلار دەرقەمدە تۇرغىنىڭلاردا ھەل قىلىدىغان يەنە بىر ئىش بار، — دېدى. كۆپچىلىك ھەيران بولۇشتى. چۈنكى ئۇلار ۋاڭ خېنىم بىلەن تۇرداخۇن بىر - بىرىدىن رازى

بولۇشۇپ ۋالىيمۇ خۇش بولغانلىقى ئۈچۈن «بۇگۇنكى سوت ئاخىرلاشتى» دەپ ئويلاشقانىدى. ۋالىي تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپىغا قاراپ ئىشارەت قىلدى. كاتىپ كېلىپ بىر قىزىل لېپاپىنى ئۇنىڭغا سۇندى. ۋاڭ خېنىم لېپاپىنى كۆرۈپ، ئېرى بىلەن گەپ تاكاللىشىپ قالغان ھېلىقى بىر ئاخشىمى يادىغا كەلدى. تۇرداخۇن بولسا لېپاپقا قارىغىنىچە ھەيران بولۇپ ۋاڭ خېنىمغا قارىدى. ۋالىي لېپاپىنى ئاچمايلا ئۇ ئىككىسىگە كۆرسىتىپ تۇرۇپ:

— ۋاڭ تيەنمىڭ ھايات ۋاقتىدا يامۇلنىڭ يوللىشى بىلەن ۋالىي مەھكىمىمىزگە بىر پارچە ئەرز سۇنغان. بۇ ئەرزدە ۋاڭ تيەنمىڭ تۇرداخۇنغا سېتىۋەتكەن كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش تەلىپى يېزىلغان، — دېۋىدى تۇرداخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى. ۋالىي گېپىنى داۋاملاشتۇردى، — گەرچە بۇ ئەرز تەكشۈرۈپ ئېنىقلايدىغان ئەرز بولمىسىمۇ، ئەرز قىلىنغانىكەن ئىككى تەرەپنى كېلىشتۈرۈپ ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى پۇقرالارنىڭ تەلەپ - ئارزۇلىرىنى بىلدۈرۈپ ئەرز قىلىشى ئورۇنلۇق. شۇڭا بۇ ئەرز ھېلىمۇ كۈچكە ئىگە، پەقەت ئىككى تەرەپنىڭ كېلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

تۇرداخۇن ۋالىيغىمۇ، ۋاڭ خېنىمغىمۇ قارىماي ئۆزىدىن خېلى نېرىدا تۇرغان چيەن دارىنغا:

— ھاكىم جانابلىرى، بۇ نېمە ئىش؟ ۋاڭ بېگىم كونا ھويلىسىنى ماڭا ئىككى قېتىم ساتقانلىقىنى بىلىسىزغۇ، رەسمىيەت ئۆتىگەندە ئۆزىڭىز ئۈستىدە بارغۇ، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئۇنىڭ ئەرزىنى ۋىلايەتكە يوللاپ بېرىسىز؟ — دېدى.

ھەممەيلەن چيەن دارىنغا قاراپ قېلىشتى. ئۇ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ۋالىيغا قاراپ:

— ۋالىي جانابلىرى، ئەرزنى ۋىلايەتكە يوللاپ بېرىش ۋاڭ بېگىمنىڭ تەلىپى ئىدى، شۇڭا سىلەرگە يوللاپ بەرگەن، —

دېدى.

ۋالىي بۇ ئەھۋالنى بىلەتتى. ۋالىي مەھكىمىسى تەپتىش ئەمەلدارى بىرنەچچە قېتىم ناھىيىگە كېلىپ ئەھۋالنى تەكشۈرگەندە، ئەرزدىكى ئىشنىڭ ناھىيىدە ھەل قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىش ئىكەنلىكى، ۋىلايەتكە يوللاپ بېرىشنىڭ توغرا بولمىغانلىقىنى ئېنىقلىغانىدى. «ئەگەر مۇشۇ سەۋەبلىك زىددىيەت يوغىناپ ۋاڭ مىڭئېرغا سۇيىقەست قىلىنغان بولسا جاۋابكارلىق سۈرۈشتۈرۈلىدۇ» دېيىلگەنىدى. لېكىن ھازىر جاۋابكار بىلەن دەۋاگەر بىر - بىرىدىن رازى بولۇشقانلىقى ئۈچۈن ۋالىي ئىشنى ئاسانراق ھەل قىلىۋېتىش ئويىدا:

— نېمىلا بولمىسۇن بۇ ئەرز ئىككى تەرەپنى يۈزلەشتۈرۈش بىلەن ھەل قىلىنىدۇ. شۇڭا بۇ ئىشنى ئىككىڭلار يۈزتۇرانە تۇرغاندا ھەل قىلىۋېتەيلى، — دېدى. تۇرداخۇن جىم تۇردى.

ۋاڭ خېنىم ئالدىغا بىر قەدەم مېڭىپ:

— ۋالىي جانابلىرى، قولىڭىزدىكى ئەرزنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولامدۇ؟ — دېدى.

ۋالىي تۇرداخۇنغا قارىدى. غەزەپلىنىپ تۇرغان تۇرداخۇن ۋاڭ خېنىمغا قاراپ قويدى. ۋالىي ئۇنىڭ غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى پەملەپ:

— ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ تيەنمىڭنىڭ ئەرزىنى قايتۇرۇۋېلىشقا بولىدۇ، — دېدى.

— ماڭا بېرىڭ ئەمىسە، — ۋاڭ خېنىم ئالدىغا ماڭدى. ۋالىي قىزىل لېپاپنى ئۇنىڭغا سۇندى. ۋاڭ خېنىم لېپاپنى ئېلىپ، سەھنە ئوتتۇرىسىدىكى ئوتدانغا تاشلىدى. قىزىل لېپاپ ئوتداندا بىردەم تۇرۇپلا «لاپ» قىلىپ ئوت ئېلىپ، شۇ كۆيگەن پېتى قاپقارا كۈلگە ئايلىنىپ، كۈللىرى پارچىلىنىپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم جايىغا كېلىپ تۇردى. ۋالىي ئۇنىڭدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. تۇرداخۇنمۇ كۈلۈمسىرىگەندەك ۋاڭ خېنىمغا

قارىدى. پەقەت چيەن دارىنلا بېشىنى سىلىپ تۇراتتى. بىر چاغدا ۋالىي ئالدىغا قاراپ:

— ئەل - جامائەت، بۈگۈنكى سوت ئاخىرلاشتى! — دەپ تاياقنى ئۈستەلگە ئۇردى. كىشىلەر تارقاشقا باشلىدى. ئازاد بولغان تۇرداخۇننى ئۇرۇق - تۇغقان، دوست - بۇرادەرلىرى ئورىۋېلىشتى. ۋاڭ خېنىم ھەمراھى بەي ئاغىچا بىلەن بىللە قايتتى. سەھنە تېخى بوشىمىدى، چۈنكى ۋالىي قوزغالمىغىچە ئەمەلدارلار قوزغالمايتتى. ھويلىدا كىشىلەر خېلى ئازايغاندىن كېيىن ۋالىي ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ سەھنىدىن چۈشۈپ، يامۇل ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. كەينىدىن ئەمەلدارلار ئەگىشىپ ماڭدى. ئاندىن سەھنىدىكى لەشكەرلەر تارقىلىپ، بىردەمدىلا شۇنچە كەڭ ھويلا قۇپقۇرۇق بولۇپ قالدى. ئەمەلدارلار چيەن دارىننىڭ ئىشخانىسىغا يىغىلدى. ئىشخانا كىچىك بولغانلىقى، ئورۇندۇقلار سەھنىگە ئېلىپ چىقىلغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار ئۆرە تۇرۇشتى. ۋالىي چيەن دارىننىڭ ئۈستىلىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ ئەمەلدارلارغا قارىدى. ئەمەلدارلار بايا سەھنىدە بولۇنۇپ تۇرغاندەك ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى، ۋىلايەتنىڭ ئەمەلدارلىرى ئايرىم - ئايرىم تۇرۇشتى. ئىشخانا يەنە سەھنىدىكىدەك سۈرلۈك بولۇپ ھېچكىم گەپ قىلماي ۋالىينىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرۇشاتتى. بىر چاغدا ۋالىي:

— ھاكىم جانابلىرى، — دېدى. چيەن دارىن دەرھال ئالدىغا بىر قەدەم چىقىپ بېشىنى سىلىپ جىم تۇردى. ئۇنىڭ بېشىنى سىلىپ تۇرغىنىغا ۋالىيمۇ ھەيران بولۇپ:

— بىز بۈگۈن سوت ئېچىپ تۇرداخۇننى «گۇناھسىز» دەپ ھۆكۈم ئېلان قىلدۇق. ئەرزنى كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا كۆيدۈرۈۋەتتۇق. ھەر ئىككى تەرەپ بىر - بىردىن رازى بولۇشتى. ئەمما ۋاڭ تيەنمىڭنىڭ ئەرزنى ئۆزۈڭلار بىر تەرەپ قىلماي خاتا قىلغانلىقىڭلار ئۈچۈن، جاۋابكارنىڭ سولاقتا ياتقان

چاغدىكى تارتقان زىيانلىرىنى قائىدە بويىچە تولۇق بىرىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ تۈزۈمنى بۇگۈن سوت ئىچىلغاندا كۆپچىلىككە دېدىم. سىز ھېلىمۇ مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى، بۇ تولۇق مەسىلىسىنى قانداق ھەل قىلىسىلەر، ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى ئۆزۈڭلار ئويلىشىپ كۆرۈڭلار. لېكىن شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ قويىمەنكى، ئەگەر تولۇق تۆلەشكە توغرا كەلسە، خانلىق خەزىنىسىدىن بىر تىيىنمۇ چىقىرىشقا بولمايدۇ، كىم سەۋەنلىك - خاتالىق ئۆتكۈزسە شۇ مەسئۇل بولىدۇ، — دېدى.

ناھىيە ئەمەلدارلىرى چيەن دارىنغا قارىدى. چيەن دارىن بايىقىدەك جىم تۇراتتى، لېكىن چىكىسىدىن چىپىلداپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى. باشقىلار ئۇنىڭ گەپ قىلىشىنى كۈتۈپ بىردەم سۈكۈت قىلىشتى. ئەمما ئۇ پەقەت زۇۋان سۈرمىدى. بىر چاغدا ۋالىي ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئەمىسە بىز ماڭدۇق. ھازىر سارايغا بېرىپ تامىقىمىزنى يەپ، ئاندىن ئۇرۇمچىگە قاراپ يولغا چىقىمىز، — دەپ ماڭدى. ناھىيە ئەمەلدارلىرى ئۇنىڭغا يول بەردى. ئۇنىڭ ئادەملىرى ئەگىشىپ چىقىپ كېتىشتى. ناھىيە ئەمەلدارلىرى ئۇلارنى كەينىدىن ئۇزىتىپ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا خوشلاشتى. ناھىيە ئەمەلدارلىرىدىن ھېچكىم ئۇلارنى چۈشلۈك تاماققا تەكلىپ قىلالمىدى. ئۇلار ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن ناھىيە ئەمەلدارلىرىمۇ ئۆز يوللىرىغا مېڭىشتى.

كىشىلەر تۇرداخۇننى ئارىغا ئېلىپ ماڭغان پېتى ئۆيىگىچە كەلدى. ئۆيدىن ئايخان بىلەن قىزى بېشىغا ئاق ئارتىپ يىغلاپ ئالدىغا چىقتى، ھەيران بولغان تۇرداخۇن:

— نېمە بولدۇڭلار، ئاكام ۋاپات بولۇپ كەتتىمۇ؟— دەپ ئۇلار بىلەن يىغلاپ كۆرۈشتى. ئايخان بىلەن قىزى ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلاپ كېتىشتى. يىغا - زار خېلى ئۇزاق داۋام قىلدى. كىشىلەر ئۇلارغا تەسەللى بېرىپ ئۆيگە باشلاپ كىرىشتى.

تۇرداخۇن سۇپىغا چىقىپ ئەتراپتىكى ئۇرۇق ـ تۇغقان، قولۇم ـ قوشنىلارغا باشقىدىن سەپسالدى. لېكىن يېقىن كىشىلىرىدىن ئىككىسى كەم ئىدى. شۇڭا:

— ئاچام قېنى، باراتچۇ؟ — دەپ سورىدى. ئايخان بىلەن تۇران يەنە يىغلاشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئايخان يىغىسىنى توختىتىپ:

— تۇرداخۇن، سىز قاماققا كىرىپ كېتىپ بىر ـ ـ زگە كەلگۈلۈك كەينى ـ كەينىدىن كەلدى. بارات ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى. ئۇنىڭ دەردىدە ئاغرىقچان قاسىم ئاكام گەپ قىلالماي يىغلىغىنىچە جان ئۈزدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ دەردىدە جىمىلخان ئاچام تولا ھەسرەت چېكىپ ساراڭ بولۇپ قالدى، — دېدى.

تۇرداخۇن ھەيرانلىقتا:

— نېمە دەۋاتىسىلەر؟ — دەپ چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە ئەتراپتىكىلەرنىڭ جىم تۇرغانلىقىغا قاراپ ئەھۋالنىڭ ئايخان دېگەندەك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ:

— ئاچام ھازىر نەدە؟ — دەپ ئايخاندىن سورىدى.

ئايخان كۆز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— ئاچام ھازىر پات ـ پات يوقاپ كېتىدۇ، يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ. تېخى تۈنۈگۈنلا بار ئىدى، بۈگۈن پەيدا بولمىدى. يوقاپ كەتسە ئەنسىرەپ ئىزدىمەيدىغان بولدۇق، چۈنكى ئۆزى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە تونۇش ـ بىلىشلەرگە ئۇچراپ قالسا، ئۇلار ئۆيگە باشلاپ ئەكېلىپ قويىدۇ، — دېدى. ئەتراپتىكىلەر «راست» دېگەندەك قىلىپ بېشىنى لىڭشىتتى. تۇرداخۇن پېشانىسىنى تۇتقان پېتى تۇرۇپ قالدى.

— تۇرداخۇن، ئۆزىڭىزنى ئاياڭ. سىز ئەمدىلا قاماقتىن چىقتىڭىز، ئىشلىرىمىز ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دەپ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئولتۇرغۇزدى ئايخان.

— بارات تېخى تېپىلمىدىمۇ؟

— ياق، ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن يوقاپ كەتكەنگە يېرىم يىلدىن ئاشتى. ھەتتا ھۆكۈمەت ئادەم چىقىرىپ ئىزدەك - سورىقىنى قىلدى، زادىلا خەۋىرى يوق، يا ئۆلۈكىمۇ چىقمىدى.

— ئۇ چيەن دارىننىڭ تۇغچىسى ئەمەسمىدى؟

— ئۇنى چيەن دارىن بۇرۇنلا خىزمەتتىن قالدۇرۇۋەتكەن. ئۇ ئۆيدە مويكىغا قارىشىپ بېرىۋاتاتتى.

— نېمىشقا ئۇنى تۇغچىلىقتىن بوشىتىۋەتتى؟

— سىز قاماققا كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، بارات «تاغامدا گۇناھ يوق» دەپ چيەن دارىن بىلەن گەپ تالىشىپ قاپتۇ، چيەن دارىن ئاچچىقىدا ئۇنى خىزمەتتىن بوشىتىۋېتىپتۇ. لېكىن ئۇنىڭ خىزمەتتىن قالدۇرۇلغىنىمۇ ياخشى بولغانىدى. مەن بەك يالغۇز قالغانىدىم، مويكىغا قاراۋاتاتتىم، تۇران دۇكانغا قاراۋاتاتتى. بارات كېلىپ بىزگە قارىشىپ خۇددى سىز باردەكلا تىجارەت، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بەرگەن، بىز خېلى خاتىرجەم بولغانىدۇق، — دېدى ئايخان. تۇرداخۇن قىزىغا قارىدى، قىزى ئۇنىڭغا خېلى چوڭلا بولۇپ قالغاندەك كۆرۈندى.

تۇرداخۇن ھەممە ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ بىر پەس سۈكۈتكە چۆمدى. كىشىلەرمۇ ئاستا - ئاستا تارىشقا باشلىدى. تۇرداخۇن ئۇلارنى ئۇزىتىپ دەرۋازىغا چىقتى. كىشىلەر ئۇزاپ بولغاندىن كېيىن تۇرداخۇن ئايالى ۋە قىزىغا قاراپ:

— بولغۇلۇق بوپتۇ، سىلەر بېشىڭلاردىكى ئاقنى ئېلىۋېتىڭلار، بېشىڭلاردا ئاق تۇرسا مېنى قايغۇ بېسىپ قالىدىكەن، — دېدى. ئايخان بىلەن قىزى بېشىدىكى ئاق داكا ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، ئۇچى بىللە ھويلىغا قايتىپ كىرىشتى.

چيەن دارىن قايتىپ كېلىپ ھويلىسىغا كىرگەندە دارىن خېنىم بىلەن ئوغلىنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭلىرىنى ئاڭلاپ، «ئۆلمەكنىڭ ئۇستىگە تەپمەك» دېگەندەك تېخىمۇ ئەرۋاھى

ئۆچتى. گەرچە بۈگۈن ۋالىي ناھىيىگە كېلىپ سوت ئېچىپ، ھۆكۈم ئېلان قىلىپ ھېلىغىچە بىر تەرەپ قىلىنماي ھەممە ئادەم دىققەت قىلىۋاتقان ۋاڭ مىڭئېرنىڭ دېلوسى ھەل بولغان، دەۋاگەر بىلەن جاۋابكار بىر - بىرىدىن رازى بولۇشۇپ، دېلو چىرايلىق ئاخىرلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ۋالىي كېتىش ئالدىدا «تۇرداخۇن گۇناھسىز بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭ سولاق جەريانىدا تارتقان تىجارەتتىكى زىيىنىنى تۆلەپ بېرىش» پىكرىنى جېكىلەپ قويۇپ كەتتى. ئىلتىماس ۋە ئەرزنىڭ ئالدى بىلەن ناھىيىدە ھەل قىلىنمىغانلىق مەسىلىسى سۈرۈشتۈرۈلسە جاۋابكارلىقنىڭ چوقۇم ئۆزىگە كېلىدىغانلىقى چيەن دارىنغا ناھايىتى ئېنىق ئىدى. ۋاڭ بېگىم گەرچە ئىلتىماس ۋە ئەرزنامىنى ۋىلايەتكە سۇنۇشنى تەلەپ قىلغان بولسىمۇ، چيەن دارىن ناھىيىنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئەرزىنى ۋىلايەتكە يوللاپ بېرىپ ئۆز بېشىمچىلىق قىلغانلىقى مانا ئەمدى ئۆزىنىڭ بېشىغا بالا بولدى. ئەگەر ۋالىينىڭ پىكرى بويىچە تۆلەم تۆلەشكە توغرا كەلسە، تۇرداخۇندەك چېگرا سودىسى قىلىدىغان چوڭ باينىڭ مويكىسىنىڭ توختاپ قالغانلىقى، تىجارىتىگە قارىشىدىغان ئادەم يوقلۇقىدىن تارتقان زىيىنى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پۈتۈن تاپقان - تەرگىنىمۇ يېتىشمەيتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇ ئالدى بىلەن تۇرداخۇن تۆلەم تۆلەشنى تەلەپ قىلمىسا، قۇلاقنى يوپۇرۇپ جىم بولۇۋېلىپ ئۆتكۈزۈۋېتىشنى ئويلىدى. چۈنكى «ئۇيغۇرلار كىشىنىڭ بېشىغا كەلگۈلۈكنى ئاللادىن كۆرۈپ، ئەلھۆكمىلىللا دەيدۇ، ئۆچ ئالمايدۇ» دەپ بىر جەھەتتىن كۆڭلى توق ئىدى. لېكىن تۆلەم تۆلەشنى ۋالىي ئېيتقانلىقى ئۈچۈن ئۇ بۇ ئىشنى ھامىنى سۈرۈشتۈرىدۇ، بولۇپمۇ ئەرز مەسىلىسىدە چيەن دارىن ناھىيىنىڭ باشقا ئەمەلدارلىرىنىڭ كۆڭلىنى قاتتىق ئاغرىتقانلىقى ئۈچۈن، «ئۇلار بۇ ئىشنى چوقۇم ئوتتۇرىغا چىقىرىدۇ» دەپ ئويلىدى. شۇڭا تۆلەم تۆلەشنى كۆپرەك ئويلاپ،

يولدا كەلگىچە كۆڭلىگە مۇۋاپىق بىر ئۆينى پۈكۈپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن ئوغلىدىن پايدىلانماقچى بولغانىدى. لېكىن ئۇ ئوغلى بىلەن ئايالىنىڭ جېدىلى ئۈستىگە چۈشتى. ئۆيدە خىزمەتچىلەر دارىن خېنىم بىلەن كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئارىلىقىغا كىرىۋېلىپ ئىككىسىنى ئاجرىتىۋاتاتتى. دارىن خېنىم چيەن دارىننى كۆرۈپلا:

— مەن بۇ بالىنى نېمىشقىمۇ تۇغقاندىمەن، ماڭا زادىلا ئاراملىق بەرمەيۋاتىدۇ، — دەپ ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ يىغلاپ كەتتى.

چيەن دارىننى كۆرگەن خىزمەتچىلەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، ئۈچىلا قالدى. كىچىك بايۋەچچە بولسا قولىدا هاراق كومزىكىنى تۇتقىنىچە جىممىدە تۇراتتى. چيەن دارىن چاپىنىنى سېلىپ دارىن خېنىمنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— نېمە بولۇشتۇڭلار؟ — دەپ بىر ئايالىغا، بىر ئوغلىغا قارىدى.

كىچىك بايۋەچچە مەست بولغاچقىمىكىن، جاۋاب بەرگۈسى يوقتەك ياكى دادىسىنىڭ گېپى قۇلىقىغا كىرمىگەندەك جىم تۇردى. بىر چاغدا دارىن خېنىم يىغىسىنى توختىتىپ، يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— نېمە بولاتتى دەيسىز، يەنە شۇ «توي قىلىمەن» دېگەن جېدەل بولمامدۇ. مۇشۇ بالىنىڭ توينى قىلىۋېتەي دەپ تېخى يېقىندىلا جاڭ خېنىمنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭ يەنە ئەلچىلىككە بېرىپ بېقىشىنى ئۆتۈنگەنىدىم. لېكىن جاڭ خېنىم «مەن ئىككى قېتىم ئەلچى بولۇپ باردىم. هېلىغىچە ئۇلار جاۋاب بەرمىدى. هازىر ۋاڭ بېگىم ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ يىلى توشماي يەنە ئەلچىلىككە بارالمايمەن» دەپ ئۇنىمىدى. بۈگۈن بۇ بالا «سىلەر ئىشنى ۋاقتىدا چىڭ تۇتماي ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا كېتىپتۇ» دەپ

جىدەل قىلىۋاتىدۇ. مەن ئۇنىڭغا «يۇرتىغا كەتكەن ئادەم كېلىدۇ» دېسەم، هاراق ئىچىپ كېلىپ قىلىۋاتقان خاپىلىقىنى قارىماسىز، مەن بۇ بالىڭىزدىن بەك تويۇپ كەتتىم. هازىر بارات بولسىمۇ ئۇنى باشقۇرۇپ كۆزۈمدىن نېرى قىلىپ تۇراتتى، — دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىندى.

چيەن دارىن ئوغلىغا قارىدى، ئوغلى يەنىلا بايىقىدەك گۆشىيىپ تۇراتتى. بارات ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ناھىيىگە كەتكەندىن كېيىن ئۇمۇ شۆتاڭدىن قېچىپ كېلىۋېلىپ، ھېلىغىچە ئۇرۇمچىگە كەتمەي مانا مۇشۇنداق ئاتا - ئانىسىنى خاپا قىلىپ يۈرەتتى. ئاتا - ئانىسىمۇ ئۇنى «سەل ساقلاپ تۇرغىن، يات ئاردا ئىككىڭلارنىڭ توينى قىلىپ قويىمىز» دەپ بېسىپ كېلىۋاتاتتى. لېكىن هازىر «ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا كەتتى» دېگەن گەپ كۆپىيىپ قالغاچقا، دارىن خېنىم ئوغلىغا ئەمدى قانداق نەسىھەت قىلىشنى بىلمەي تۇراتتى. چيەن دارىنمۇ بۇ گەپنى ئەمدى ئاڭلاپ ھەيران بولدى. دارىن خېنىم گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپ:

— ھاكىم جانابلىرى، مەن ئەمدى نېمە قىلارىمنى بىلەلمەي قالدىم. سىز دېگەن دادا، ئەمدى ئۆزىڭىز نەسىھەت قىلىڭ. بۇ ئەقىلسىز بالىنىڭ جېدىلىدىن تويۇپ كەتتىم. قولۇم - قوشنىلارنىڭ ياكى بىرەر يېقىن تونۇشۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ مۇڭدىشىپ بىردەم بولسىمۇ ئارام ئېلىپ كېلەي، — دەپ ئورنىدىن تۇردى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

چيەن دارىن ئوغلىغا قارىدى. ئوغلىدىن ھېلىمۇ ھاراق پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ ئوغلىنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ئوغلۇم، بۈگۈن ئۇخلاپ ئارام ئالغىن. مېنىڭ ساڭا دەيدىغان گېپىم بار. ئەتە ئىككىمىز ئوبدان پاراڭلىشايلى، قانداق دەيسەن؟ — دېدى. كىچىك بايۋەچچە دادىسىغا ئاچچىق قىلغاندەك قاراپ:

— دادا، يەنە ماڭا ئۇنى - بۇنى دەپ باھانە كۆرسىتىپ ئالدامسىز؟ — دېدى.

— ياق ئوغلۇم، ھەرگىز ئالدىمايمەن، راست گەپ قىلىمەن.

— مەن سىلەرنى بىلىمەن، مېنى ئالدايسىلەر!

— ياق بالام، — دېدى چيەن دارىن ئوغلىنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ، — ھەرگىز ئالدىمايمەن، سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش قىلىمەن.

— سىز ئۇنداق دېگىنىڭىز بىلەن ئاپام ئاشۇنداق دەپ يىغلاپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمىز؟

— خاتىرجەم بول بالام، ئىككىمىز دېيىشكەن گەپنى ئاپاڭغا ھەرگىز دېمەيمەن، بۇ ئىشنى ئىككىمىزلا بىلسەك بولدى.

كىچىك بايۋەچچە دادىسىغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. ئۇ ئاپىسى قائىدە - يوسۇن بويىچە ئىش قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالغانلىقى ئۈچۈن توينىڭ كېچىككەنلىكىدىن نارازى ئىدى. شۇڭا:

— دادا، بولىدۇ ئەمىسە، سىزنىڭ گېپىڭىزنى ئاڭلاي. لېكىن مەن سىزگە ئوچۇق ئېيتىپ قويايكى، ئەمدى ھەرگىزمۇ شۆتاڭغا بېرىپ ئوقۇمايمەن، — دېدى.

— بولىدۇ ئوغلۇم، مەنمۇ سېنى شۆتاڭغا ئەۋەتمەيمەن.

كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئەمدى كۆڭلى تىندى، چۈنكى زادىلا ئوقۇغۇسى يوق ئىدى. شۇڭا دادىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— بولىدۇ دادا، مۇنداق دېسىڭىز مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى چوقۇم ئاڭلايمەن، — دەپ خۇشال ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئۆيدە باشقا ئادەم بولمىغاچقا، چيەن دارىن تۆلەم تۆلەشكە توغرا كەلسە ئوغلىدىن قانداق پايدىلىنىش ئۈستىدە ئويلاندى. ئوغلى ئۆزى خۇش بولىدىغانلا ئىش بولسا ھەرقانداق يامان ئىشتىن يانمايتتى. ئوغلى ۋاڭ شىئېرنى بىر ئامال قىلىپ ئالالىسىلا، ۋاڭ بېگىمنىڭ پۈتۈن مال - دۇنياسى ئۇلارغا قالسا،

تۆلەم تۆلەشكە قىستىسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. ئوغلىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىمۇ بىيىپ قالاتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە چيەن دارىن ناشتا قىلىپ بولۇپ ئوغلىغا ئىشخانىسىغا بېرىشنى خۇپىيانە تاپىلاپ، ئۆزى ئىشخانىسىغا كەتتى. ئۇ يېتىپ كېلىپ ھايال ئۆتمەي ئوغلىمۇ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. چيەن دارىن:

— ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىڭنى ئاپاڭ بىلدىمۇ؟ دەپ سورىدى.

— ياق، ئاپامغا «ئاغىنىلىرىمنىڭ ئۆيىگە بارىمەن» دەپ ئۆيدىن چىقتىم.

— ئۇنداق بولسا ئولتۇرغىن، — چيەن دارىن ئۇنىڭغا ئورۇندۇقنى سۈرۈپ بېرىپ، ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. كىچىك بايۋەچچىمۇ دادىسىغا يېقىن سۈرۈلۈپ ئولتۇردى. ئۇ ھېلىغىچە دادىسىنىڭ «سېنىڭ دېگىنىڭ بويىچە ئىش قىلىمىز» دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ باقمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دادىسى «ئاپاڭ ھەرگىزمۇ ئاڭلاپ قالمىسۇن» دېگەنلىكى ئۈچۈن، دادىسىنىڭ بۈگۈن نېمە دەيدىغانلىقىغا بەكمۇ قىزىققانىدى.

— ئوغلۇم، «ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا كېتىپتۇ» دېگەن گەپنى قاچان ئاڭلىدىڭ؟

— تۈنۈگۈن.

— نەدە ئاڭلىدىڭ؟

— تۈنۈگۈن سوت ئېچىلغاندا ۋاڭ خېنىم بەي ئاغىچا بىلەن سوتقا چىقتى. شۇ چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا «ئۇ قىزنى يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ كېلىشكە ئەۋەتىۋېتىپتۇ» دېگەن گەپ بولدى.

— ئوغلۇم، مۇشۇ گەپكە ئىشەندىڭمۇ؟

— ئىشەنمەيچۇ، — دېدى بايۋەچچە دەرھال، — ئەگەر ۋاڭ شىئېر بار بولسا، ئۇمۇ سوتقا كەلمەمتى.

— ئوغلۇم، ئوبدان ئويلاپ باق، ۋاڭ مىڭئېر ئۆلدى، ۋاڭ

تيەنمىگمۇ ئۆلدى. مۇنداق ئەھۋالدا ۋاڭ خېنىم يالغۇز قىزىنى ھەرگىزمۇ يېنىدىن ئايرىمايدۇ. ئەگەر يۇرتىغا بېرىپ تۇغقان يوقلىسىمۇ قىزى بىلەن بىللە بارمامدۇ؟

— دادا، ئەمىسە نېمىشقا مۇنداق گەپ چىقىدۇ؟

— گەپ دېگەن چىقىۋېرىدۇ، ئوغلۇم، گەپنىڭ راستىمۇ بار، يالغىنىمۇ بار. لېكىن ۋاڭ شىئېرنى «يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ كېتىپتۇ» دېگەن گەپ مېنىڭچە پۈتۈنلەي يالغان.

— دادا، بۇ گېپىڭىزنى چۈشىنەلمەي قالدىمغۇ.

— سەن تېخى كىچىك، نادان، بىلمەيسەن، — دېدى چيەن دارىن ئوغلىغا تىكىلىپ، — ۋاڭ خېنىم ناھايىتى ئەقىللىق خوتۇن، مېنىڭچە بۇ گەپنى ۋاڭ خېنىم ئۆزى ئەل ئىچىگە تارقاتقان.

— ۋاڭ خېنىم نېمىشقا ئۇنداق قىلىدۇ؟

— نېمىشقا دەمسەن، — دېدى چيەن دارىن خۇددى كىچىك بالىغا سۆزلەۋاتقاندەك ئالدىرىماي، — ۋاڭ خېنىمنىڭ بىز بىلەن قۇدىلاشقۇسى يوق. لېكىن ۋاڭ بېگىمنىڭ قۇدىلاشقۇسى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ھايات ۋاقتىدا بىز ئەۋەتكەن ئەلچىگە ئېنىق جاۋاب بەرمىسىمۇ، ئۇلارنى ئىككى قېتىم قوبۇل قىلدى. ئەمما ھازىر ۋاڭ بېگىم يوق، بىز ئەمدى يەنە ئەلچى ئەۋەتسەك ۋاڭ خېنىم ئۇنىمايدۇ.

— ئۇنداقتا، — دېدى كىچىك بايۋەچچە دادىسىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — مەن ئەمدى ۋاڭ شىئېر بىلەن توي قىلالمامدىم؟

— گەپ مانا مۇشۇ يەردە.

— قانداق دەيسىز، دادا؟

— ۋاڭ شىئېرنى ئالالايدىغانمۇ سەن، ئالالمايدىغانمۇ سەن. مەن ساڭا ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەرسەم، ۋاڭ بېگىم ۋاڭ خېنىمنى بۇلاپ كېلىپ ئەر - خوتۇن بولۇشۇپ ئۆمرىنى ئۆتكۈزدى. سەنمۇ شۇنداق قىلالىساڭ ۋاڭ شىئېرغا ئىگە

بولالايسەن. سەن زورلۇق قىلمىساڭ ۋاڭ خېنىم ھەرگىزمۇ ئىختىيارى بىلەن قىزىنى ساڭا بەرمەيدۇ. چۈنكى سەن قېلىپتىن چىقىپ كەتتىڭ. ھېلىمۇ ئەل ـ جامائەت ئالدىدا يۈزىمىزنى قويمىدىڭ. باشقا ئامال يوق، غەيرەتىڭ بولسا شۇنداق قىل. مەن ھېلىغۇ ھاكىمكەنمەن، ۋالىي بولسامۇ مەندە ئامال يوق.

ۋاڭ شىئېردىن ئايرىلىپ قالىدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن كىچىك بايۋەچچە دادىسىنىڭ «ۋاڭ بېگىم ۋاڭ خېنىمنى بۇلاپ كېلىپ خوتۇن قىلغان» دېگەن سۆزى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ:

— دادا، ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا كەتمىگەن بولسا، ئۇ ھازىر نەدە؟ — دېدى.

— بۇنى بىلمەيمەن، لېكىن ۋاڭ شىئېر مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ يۈرىدۇ، ئۇ يىراققا كېتەلمەيدۇ.

— دادا، ۋاڭ خېنىم قىزىنى قاچانغىچە يوشۇرۇپ تۇرالار؟

— بۇنىمۇ بىلمەيمەن، ئوغلۇم، لېكىن ئۇزاققىچە يوشۇرۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما ۋاقىت ئۇزىراپ كەتسە، ئۇ قىزىنى خالىغان بىرىگە چېتىپ قويۇشى مۇمكىن. ئۇ چاغدا سەن چىرايلىق ۋاڭ شىئېردىن، ۋاڭ بېگىمنىڭ شۇنچىۋالا كۆپ تەئەللۇقاتىدىن قۇرۇق قالىسەن.

— دادا، ماڭا يول كۆرسىتىڭ، ۋاڭ شىئېرنى قانداق تاپىمەن؟ ۋاڭ بېگىم ۋاڭ خېنىمنى بۇلاپ كەلگەندەك مەنمۇ ئۇنى بۇلاپ يىراقلارغا ئېلىپ كېتىمەن، — دېدى كىچىك بايۋەچچە.

چيەن دارىن ئوغلىنىڭ غەيرەتكە كېلىۋاتقانلىقىغا ئىچىدە خۇشال بولسىمۇ، لېكىن يەنە سىناپ:

— ئوغلۇم، ۋاڭ شىئېرنى ئۆزۈڭ تېپىشىڭ كېرەك، ئۇ يىراققا كەتمىدى، — دېدى.

كىچىك بايۋەچچە ئۇزاق ئويلىنىپ دادىسىغا قاراپ كۈلۈمسىرىدى:

— دادا، ئۇنداق بولسا، مەن ئاغىنىلىرىمنى ئىشقا سېلىپ

ۋاڭ شىئېرنى چوقۇم تاپىمەن.
— ھەببەللى، — دېدى چيەن دارىن خۇش بولۇپ،
— ئەيش - ئىشرەتتە، ئويۇن - تاماشىدا بىللە بولغان ئاغىنىلىرىڭنى ئەمدى مۇشۇ ئىشقا سالغىن. ۋاڭ شىئېرنى تېپىشقا قانچىلىك پۇل كەتسە مەيلى، ئۇنى خوتۇن قىلالىساڭ بۇ ناھىيىنىڭ بايلىقىنىڭ يېرىمى قولۇڭغا كىرىدۇ. . .
— ئۇنداق بولسا مەن ھازىرلا ئاغىنىلىرىمنى تاپىمەن.
— ئوغلۇم، يادىڭدا بولسۇنكى، بۇگۇنكى بۇ ئىشنى ئاپاڭ ھەرگىز بىلىپ قالمىسۇن، ئۇ بىلىپ قالسا ھەممە ئىش تۇگەيدۇ.
— خاتىرجەم بولۇڭ دادا.
— سەن ماڭا ئوخشايسەن، ئوغلۇم، بىر ئىشنى «قىلىمەن» دەپ ئۇنىڭ پېيىگە چۇشتۇڭمۇ ھەرگىز يانما، ئاخىرى ئۇتۇپ چىقىسەن. ئەگەر قورقۇنچاقلىق قىلساڭ ھېچ ئىش ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ.
— دادا، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ۋاڭ شىئېرنى ئالماي قويمايمەن.
چيەن دارىن ئوغلىدىن زوقلاندى، ئوغلى چەبدەس قەدەملەر بىلەن ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.
كىچىك بايۋەچچە دادىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ ئۇدۇل دوستى فېڭ جەننىڭ ئۆيىگە باردى. ئۇنىڭ تەلىيىگە يارىشا ئىزدىمەكچى بولغان يەنە بىر دوستى جاڭ جى فېڭ جەننىڭ يېنىدا ئىدى. بۇ ئۇچى جانجىگەر دوستلار ئىدى. ئۇلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا فېڭ جەننىڭ ئاپىسى:
— بايۋەچچە خوجام، سىلەر ئويناپ بىر يەرگە بارساڭلارمۇ بەك يىراققا كەتمەڭلار، بەك كەچ قالماي بالدۇرراق قايتىپ كېلىڭلار، بارات ئۇچ دوستى بىلەن يوقاپ كېتىپ ھېلىغىچە تېپىلمىدى، بىز ئاتا - ئانىلارنىڭ يۇرىكى سۇ بالام، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى كىچىك بايۋەچچە كۈلۈپ،
— بىز دېگەن ئۇ بارات تۈگىمەيدىغان توشقان قوغلاپ يۈرمەيمىز.
بىز ناھىيىنىڭ بازىرىدىن نېرى كەتمەي ئوينايمىز.
— شۇنداق بولسىمۇ بالىلىرىم، — دېدى فېڭ جەننىڭ ئاپىسى، — بىز ئاتا - ئانىلار سىلەردىن ئەنسىرەيمىز، «ئويۇن - تاماشا قىلدۇق» دەپ كەيپ - ساپا قىلساڭلار تېخىمۇ ئەنسىرەيمىز.
فېڭ جەننىڭ ئاپىسىغا ئاچچىقى كېلىپ:
— بولدى قىلە ئاپا، تولا گەپ قىلمىغىنە، بارات دېگەن بارات، بىز دېگەن بىز، — دېدى.
— راست، — دېدى كىچىك بايۋەچچە فېڭ جەننىڭ ئاپىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋە، — بۇ ئۇيغۇرلارزە، قار ياغقاندا ئىسسىق ئۆيدە ئولتۇرماي «توشقان تۇتىمىز» دەپ دالىدا نېمە قىلىدۇ. ھەر قاچان باراتلار توشقان قوغلاپ چوڭقۇر ئازگالغا چۈشۈپ كەتكەندۇ، يا بولمىسا ئۇلارنى ئاچ بۆرىلەر يەپ كەتكەندۇ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئىككى ئاغىنىسىمۇ كۈلۈشتى. ئۇلارنىڭ چاقچىقى تۈگىگەندىن كېيىن فېڭ جەن:
— يۈرۈڭلار، كەتتۇق، — دەپ ماڭدى. بىچارە ئاپىسى جايىدا تۇرغان پېتى، — ئامى... تابا، — دەپ دۇئا قىلىپ قالدى. ئۇ ئۈچى بىردەمدىلا ئۆيدىن غايىب بولدى.
بۈگۈن كىچىك بايۋەچچە ئىنتايىن خۇشال ۋە خاتىرجەم ئىدى، شۇڭا ئۇ ئۆيدىن چىقىپلا:
— يۈرۈڭلار ئاغىنىلەر، چۈشمۇ بولۇپ قالدى، قورساقمۇ ئاچتى، ئاۋۋال بازاردىكى ئەڭ ئېسىل ئاشخانىنى يوقلاپ قويايلى، — دېدى.
— ئۇنداق بولسا، — دېدى جاڭ جى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ،
— تۆت كوچىدىكى ئايرىمخانىسى بار چوڭ ئاشخانىغا بارايلى.
— يۈرۈڭلار ئەمىسە، — كىچىك بايۋەچچە ئۇ ئىككىسىنى

باشلاپ ماڭدى. ئۇلار تۆت كوچــــغا ئاز قالغاندا دوقمۇشتا كىشىلەرنىڭ توپلىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ قىزىقىپ تېز - تېز مېڭىشتى. ئۇلار نەدە ئويۇن - تاماشا، قىزىق ئىشلار بولسا ئىزدەپ بېرىپ كۆرىدىغان بىكار تەلەپلەردىن ئىدى. فىلىڭ جەن كېتىۋېتىپ دوستلىرىغا قاراپ:

— ھېلىقى سارائ خوتۇن ئوخشىمامدۇ، — دېدى.

— باراتىنىڭ ئاپىسىنى دەمسەن؟ — دېدى كىچىك بايۋەچچە.

— مېنىڭچىمۇ شۇنداق، — دېدى جاڭ جى، — ئۇ خوتۇن نەگە بارسا، كىشىلەر ئۇنى ئورىۋېلىپ تاماشا قىلىدۇ.

— چاپسان ماڭايلى، — دېدى كىچىك بايۋەچچە، — تۈنۈگۈن ئۇ سارائ خوتۇننىڭ ئىنىسى قاماقتىن ئازاد بولغاندا ئۇ يوق ئىدى، بۈگۈن پەيدا بولۇپ قاپتۇ.

بۇلار دوقمۇشقا يېتىپ كەلگەندە كىشىلەر جىمىلىخاننى ئورىۋېلىشقانىدى. ھازىر ھاۋا ئىسسىپ، ياز كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇچىسىدا قىشتا كىيگەن قارا كەمزۇلى، بېشىدا ئاق داكا ياغلىقى بار ئىدى. ئۇ قولىدىكى تاياقنى پىرقىرىتىپ جايىدا چۆرگىلەۋاتاتتى. تاياقنى ئۇياق - بۇياققا ئۇرۇپمۇ قويۇاتتى. كىشىلەر ئۇنىڭغا قاراپ تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇ ھېچكىمگە قارىماي قولىدىكى تاياقنى ئويناپ چۆرگىلەيتتى. بىر نېمىلەرنى دەپ پىچىرلاپ قوياتتى. بىر چاغدا كىشىلەر ئارىسىدا «كەلدى - كەلدى» دېگەن گەپ پەيدا بولدى. ئاڭغىچە كىشىلەرنىڭ ئارىسى ئېچىلىپ، تۇرداخۇن، ئايخان، تۇران ئارىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلار جىمىلىخاننىڭ يېنىغا كەلدى. لېكىن ئۇ يېنىدا ئادەم يوقتەك پىرقىراپ، قولىدىكى تاياقنى ئويناۋەردى. تۇرداخۇن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ:

— ئاچا، مەن ئىنىڭ تۇرداخۇن، — دەپ ئىختىيارسىز يىغلاپ كەتتى.

جىمىلىخان توختاپ ئۇنىڭغا بىردەم قارىغان بولسىمۇ، ئۇنى

تونۇماي قولىنى ئۇنىڭدىن بوشىتىپ جايىدا ئولتۇرۇۋالدى. تۇرداخۇننىڭ كۆزىدىن چىقىۋاتقان ياش ئۇنىڭ بېشىغا چۈشۈشكە باشلىدى. ئەتراپتىكى كىشىلەر ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىشتى، بەزىلىرى «توۋا» دېيىشىپ ياقىلىرىنى تۇتۇشاتتى، بەزىلىرى ئۆزئارا پىچىرلىشىپ بىر نېمىلەرنى دېيىشەتتى. جىمىلىخان بىرەر جايدا ئولتۇرۇۋالسا، دۇئا قىلغۇسى كەلسە، ئورنىدىن تۇرمىقى تەس ئىدى. شۇڭا ئايخان بىلەن تۇران ئۇنى دەرھال يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا باشلىدى، لېكىن ئۇ ساڭگىلاپ تۇرۇۋالدى. ئايخان بىلەن تۇران ئۇنىڭغا جىق گەپلەرنى قىلىپ يۆلەشتۇرۇپ ئاران ئورنىدىن تۇرغۇزدى. تۇرداخۇن يىغىسىنى توختىتىپ، ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتتى. لېكىن جىمىلىخاننىڭ قولىدىكى تاياق چۈشۈپ كېتىپ، تاياقنى ئالىمەن دەپ يەنە سۆرىلىۋالدى. ئۇ تاياق قىشتىن بېرى جىمىلىخاننىڭ قولىدىن چۈشمىگەنىدى. خۇددى بېرى ئېلىۋالىدىغاندەك تاياقنى ئېلىش ئۈچۈن يەرگە قولىنى ناھايىتى چاققان سوزدى، تۇرداخۇن قولىنى بوشىتىپ بەردى. ئايخان بىلەن تۇرانمۇ ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بوش تۇتتى. جىمىلىخان تاياقنى يەردىن ئېلىپ چىڭ قۇچاقلاپ جىم بولۇپ قالدى. تۇرداخۇن ئەمدى ئۇنى دولىسىدىن تۇتۇپ ماڭدى. جىمىلىخان تاياق قولىدا بولغاچقا خاتىرجەم بولۇپ، ئىنىسىغا بويسۇنۇپ ماڭدى. ئۇلار كېتىپ كۆزدىن غايىب بولغىچە كىشىلەر ئۇلارغا قاراپ قېلىشتى. كىچىك بايۋەچچە ئاغىنىلىرىنى باشلاپ تۆت كوچىدىكى چوڭ ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# گاۋ غوجىدارنىڭ لىيۇ ئانىنىڭ ئۆيىنى بىلىپ قالغانلىقى

ئېتىزلارنى ئاتلىق ئايلىنىپ كېلىۋاتقان گاۋ غوجىدارنىڭ يىراقتا كېتىۋاتقان بىرىگە دىققىتى چۈشتى. ئۇ ئادەم كېتىۋاتقان تەرەپ قورۇقنىڭ ئاخىرى بولۇپ، كەڭ دالا ئىدى. گاۋ غوجىدار ئېتىنى توختىتىپ سەپسېلىپ، ئۇنىڭ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى پەملىدى. ئۇنىڭ قولىدا بىر بوپا بار بولۇپ، ئۇ ئېتىزدىن چىقىپ دالىدىكى يالغۇز ئاياغ يولغا چۈشۈپ ماڭدى. بۇ يول بىلەن نېرىقى كىچىك كەنتكە بارغىلى بولاتتى. ئۇ كەنت يىراق بولىسمۇ، دەل - دەرەخلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. گاۋ غوجىدار بۇ چىڭقىچۈشتە ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقان ئۇ ئايالغا قىزىقىپ، ئېتىنى بۇراپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ، دەرەخ ئارىسىدا ماراپ تۇردى. بىر چاغدا ئۇ ئايال ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ دۇ قىزچاق ئىكەنلىكىنى تونۇپ ھەيران بولدى. دۇ قىزچاقنىڭ ۋاڭ شىئېرنى يۇرتىغا ئاپىرىپ قويۇپ يېقىندا قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلەتتى. بۇ چۈشتە ئۇ نېمىشقا يىراق كەنتكە كېتىۋاتقاندۇ؟ ئۇ كەنتتە يا ئۇنىڭ بىرەر تۇغقىنى بولمىسا. ئۇ مۇشۇ ناھىيىدە ئۆسۈپ چوڭ بولغان يېتىم قىز بولۇپ، ۋاڭ شىئېرغا دېدەك بولۇپ قورۇقتا تۇرۇۋاتاتتى. مۇنداق چىڭقىچۈشتىكى ئىسسىقتا بۇ يولدا ھېچكىم ماڭمايتتى. ۋاڭ خېنىمنى ئاشنا تۇتالماي ياكى ئەمرىگە ئالالماي ھەسرەت

چېكىپ يۈرگەن گاۋ غوجىدار ۋالى خېنىمنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى دۇ قىزچاقنىڭ نېمىشقا بۇ يەردە كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگۈسى كېلىپ، ئېتىنى كەينىگە بۇراپ تۆۋەنگە قاراپ ماڭدى. گەرچە يول يىراق بولسىمۇ، تۆۋەن تەرەپتىكى ئېتىزلاردىن ئايلىنىپ ئۆتۈپ يەنە ئۇ كەنتكە بارغىلى بولاتتى. دۇ قىزچاق دالىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئۇ كەنتكە بارغىچە گاۋ غوجىدار ئاتلىق مېڭىپ ئۇنىڭ ئالدىدا بېرىپ بولاتتى. شۇڭا ئۇ ئېتىنى بەزىدە ئاستا چاپتۇرۇپ، بەزىدە يورغىلىتىپ، چۈش قايرىلغاندا كەنتنىڭ دەرەخلىكىگە كەلدى. ئاندىن يۇقىرى ئۆرلەپ دالىدىكى يالغۇز ئاياغ يول تۇتۇشىدىغان دوقمۇشقا كېلىپ دالىغا قاراپ تۇردى. ئۇ توغرا مۆلچەرلىگەنىدى. ئۇ كېلىپ توختاپ ھايال ئۆتمەي دۇ قىزچاق دالىدىكى يالغۇز ئاياغ يولدا كۆرۈندى. ئۇنىڭ كەنتكە يېتىپ كېلىشىگە خېلى ۋاقىت بار ئىدى. ئاتلىق تېز مېڭىپ چارچىغان گاۋ غوجىدار ئېتىنى چۈشەپ قويۇپ، ئۆزى يالغۇز ئاياغ يولغا يېقىن بىر دەرەخ ئاستىدا دۇ قىزچاقنى ماراپ ئولتۇردى، دۇ قىزچاقمۇ يېقىنلاپ قالدى. گاۋ غوجىدار ئەمدى ئۇنى تېخىمۇ ئېنىق كۆردى. ھايال ئۆتمەي دۇ قىزچاق ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. گاۋ غوجىدار دەرەخلىك ئارىسىدا ماراپ تۇرغاچقا، ئۇنى ھېچكىم كۆرمەيتتى. دۇ قىزچاق ئۆتۈپ كېتىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، گاۋ غوجىدار دەرەخلىك ئارىسىدىن چىقىپ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشتى. دۇ قىزچاق ئېتىزلىقتىن چىقىپ مەھەللىگە كىرىپ كەلدى. گاۋ غوجىدار مەھەللىدىكى دەرەخلەرنى ئارىلاپ كەينىدىن كېلىپ، بىردەمدىلا ئۇنى كۆزىدىن يوقىتىپ قويدى. گاۋ غوجىدار توختاپ ئەتراپقا قارىدى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا ئۆتۈپ باقتى، لېكىن دۇ قىزچاقنى كۆرەلمىدى. گەرچە بۇ كەنت ۋالى قورۇقىغا قوشنا بولسىمۇ، گاۋ غوجىدار بۇ كەنتكە كېلىپ باقمىغانىدى، شۇڭا كەنتنىڭ كىشىلىرى ئۇنى تونۇمايتتى. ئەگەر مەھەللىدە يەنە ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ دۇ

قىزچاقنى ئىزدەپ يۇرسە بۇ كەنتتىكىلەر ئۇنىڭدىن گۇمانلىنىپ قالاتتى. شۇڭا ئۇ «نېمىلا بولمىسۇن دۇ قىزچاقنىڭ كېلىدىغان يېرىنى بىلىۋالدىم. بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇنى يالغۇز تۇتۇۋېلىپ، بۇ كەنتتە نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلىۋالىمەنغۇ» دەپ ئويلاپ كەينىگە يېنىپ، ئېتىنى مىنىپ دالىدىكى ئۇدۇل يول بىلەن قورۇققا ياندى. ئۇ قورۇققا يېتىپ كەلگەندە كۈن پېتىشقا ئاز قالغانىدى. ئۇ بۈگۈن ئاتلىق خېلى ئۇزۇن يول مېڭىپ چارچىغانلىقى ئۈچۈن ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

گاۋ غوجىدار ئەتىسى ۋاڭ خېنىمدىن بۈگۈن قىلىدىغان ئىشلارنى سوراش ئۈچۈن ئەتىگەندە ۋاڭ خېنىمنىڭ ئالدىغا كىرىپ، هويلىدا دۇ قىزچاقنىڭ خىزمەتچىلەر بىلەن هويلا سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ هەيران قالدى. ئۇنى تۈنۈگۈن قوشنا كەنتتە كۆزىدىن يوقىتىپ قويغانىدى. ئەجەب بۈگۈن ئۇ هويلىدا يۈرىدىغۇ، شۇنچە ئۇزاق يولنى كېچىلەپ مېڭىپ كەلگەندىمۇ ياكى تۈنۈگۈن كۆرگىنى دۇ قىزچاق ئەمەسمىدۇ؟ گاۋ غوجىدار دۇ قىزچاقنىڭ بۈگۈن ئەتىگەندە بۇ يەردە پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا تېخىمۇ قىزىقىپ، ۋاڭ خېنىمدىن بۈگۈن قىلىدىغان ئىشلىرىنىمۇ سورىماي، ئېتىنى كەينىگە ياندۇرۇپ، قوشنا كەنتكە قاراپ ماڭدى. ئۇ دالا بىلەن ئۇدۇل ماڭماي، ۋاڭ خېنىم ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ قالسا، كۆرگەنلەر «بازارغا كېتىۋاتىدۇ» دېسۇن دەپ ئويلاپ، ناھىيىگە بارىدىغان چوڭ يولغا چۈشۈپ ماڭدى. ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن ئالدىدا ئاتلىق ئۈچ ئادەمنىڭ قورۇققا قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ دىققەت قىلدى. ئۇلارمۇ ئۇدۇل مۇشۇ يول بىلەن كېلىۋاتاتتى. گاۋ غوجىدار ئۇلارنى يامۇلدىن چىققان خىزمەتچىلەر بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى. ئەگەر راستتىنلا شۇنداق بولسا، ئۇ قوشنا كەنتكە بارالمايتتى. چۈنكى ۋاڭ بېگىم ۋاپات بولغاندىن بېرى يېڭى شاڭيو تىكلەنگىچە قورۇقنىڭ هۆكۈمەتكە ئالاقىدار بەزى ئىشلىرىنى ۋاڭ خېنىم

قىلىۋاتاتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇ ئىشلارنى گاۋ غوجىدار ئارقىلىق ئىجرا قىلاتتى. شۇڭا ئۇ ئېتىنى ئاستىلاتتى. ئالدىدىكى ئاتلىقلار يىقىنلاپ قالدى، گاۋ غوجىدار ئۇلارغا سەپسېلىپ ئارىسىدىكى كىچىك بايۋەچچىنى تونۇپ قېلىپ، ئېتىنى دېۋىتتى. ئۇلارمۇ گاۋ غوجىدارنى تونۇپ ئېتىنى چاپتۇرۇپ، هايال ئۆتمەي ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. گاۋ غوجىدارنىڭ يېشى ئۇلاردىن خېلى چوڭ بولسىمۇ، لېكىن يەپ ـ ئىچىش، ئەيش ـ ئىشرەت، ئويۇن ـ تاماشىدا ئۇلاردىن قېلىشمايتتى هەم ئۇ ياشلار بىلەن كۆپ قېتىم ئەسرا بولغانىدى، شۇڭا ئۇلار بىلەن كونا قەدىناسلارچە كۆرۈشۈپ:

— يىگىتلەر، بىز تەرەپكە قەدىمىڭلار يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى.

— هەئە، — دېدى كىچىك بايۋەچچە، — ياز كېلىۋاتىدۇ، شۇڭا «ئويناپ كېلەيلى» دەپ سىلەر تەرەپكە كەلدۇق.

— ناهايىتى ياخشى قىپسىلەر، ئۇنداقتا خىزمىتىڭلاردا بولاي، — گاۋ غوجىدار ئېتىنى كەينىگە بۇرىدى. لېكىن كىچىك بايۋەچچە ئۇنى توسۇپ:

— ياق، ياق، بۇگۇن بولمايدۇ. ئەگەر سىزنى ئاۋارە قىلغۇدەك بولساق سىزگە ئالدىنئالا خەۋەر قىلىپ قويۇپ ئاندىن كېلىمىز، — دېدى. گاۋ غوجىدارنىڭمۇ قوشنا كەنتكە بارغۇسى بولغاچقا:

— ئۇنداق بولسا تۇزۇت قىلمىدىم، دېگىنىڭلاردەك خەۋەر قىلىپ قويۇپ چوقۇم كېلىپ ئويناپ كېتىڭلار، — دېدى.

— بولىدۇ، يولىڭىزغا مېڭىۋېرىڭ، بىز مۇنداقلا ئۆزىمىزچە ئارىلاپ چىققان.

— بوپتۇ، بۇ تەرەپنىڭ ئاسمىنى كەڭرى، خالىغانچە ئويناڭلار.

— شۇنداق، بىز زېرىكىپ ئويناپ كەلدۇق، باشقا ئىشىمىز يوق.

— بوپتۇ ئەمىسە، — گاۋ غوجىدار ئېتىنى بۇراپ ماڭدى. ئۇلارمۇ ئالدىغا ماڭدى. لېكىن گاۋ غوجىدارنىڭ كىچىك بايۋەچچىگە چاقچاق قىلغۇسى كېلىپ ئېتىنى توختىتىپ:

— كىچىك بايۋەچچە، توينى قاچان ئوينايمىز؟ توي ھارىقىنى بەك ئىچكۈم كېلىپ كەتتى، — دېدى.

بۇ گەپ كىچىك بايۋەچچىگە ئىنتايىن خۇشياقتى. چۈنكى ئۇ دادىسىنىڭ گېپى بويىچە بۈگۈن ۋاڭ شىئېرنىڭ زادى نەدىلىكىنى تىڭ تىڭلاپ كەلگەنىدى. شۇڭا ئۇمۇ ئېتىنى بۇراپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— غوجىدار ئاكا، توينىڭ گېپىنى قىلىپ ياخشى قىلدىڭىز، لېكىن ئاڭلىساق ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ كېتىپتۇ، شۇڭا ئاپام يەنە ئەلچى ئەۋەتىشكە ئامالسىز قالدى، — دېدى.

— راست، ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ كەتكەنىدى. لېكىن بىللە كەتكەن دوستى دۇ قىزچاق ئۇنى ئاپىرىپ قويۇپ ئۆزى يېنىپ كەلدى.

بۇنى ئاڭلاپ كىچىك بايۋەچچە خۇش بولۇپ:

— غوجىدار ئاكا، ۋاڭ شىئېرنى ئاپىرىپ قويغىلى كەتكەن قىز يېنىپ كەلگەن بولسا، شۇ قىزدىن ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سوراپ باقارسىزمۇ؟ — دېدى يالۋۇرغاندەك.

— بولىدۇ، — دېدى گاۋ غوجىدارمۇ خۇش بولۇپ، —سورۇشتۇرۇش قانچىلىك ئىش ئىدى. تېخى دۇ قىزچاقنى تۈنۈگۈنمۇ، بۈگۈن ئەتىگەنمۇ كۆردۈم، ئۇنى تېپىپ چوقۇم سورۇشتۇرۇپ بېرەي.

كىچىك بايۋەچچە ئېتىنى ئۇنىڭ ئېتىغا يېقىن ئەكېلىپ، قوينىدىن ئۈچ يامبۇ ئېلىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇزدى. گاۋ غوجىدار

قولىدىكى يامبۇلارغا قاراپ:

— ئىنىم، لازىم ئەمەس ئىدىغۇ، ئادەم سۈرۈشتۈرۈش دېگەن قانچىلىك ئىش ئىدى؟ — دېدى.

— شۇنداق بولسىمۇ، — دېدى كىچىك بايۋەچچە، — ھەرقايسىڭلارنىڭ ياردىمى بىلەن توينى قىلىۋالسام سىلەرنى تېخىمۇ رازى قىلىمەن. — گاۋ غوجىدار قولىدىكى يامبۇلارنى دەڭسەپ:

— كىچىك بايۋەچچە، قولۇمدىن كېلىدىكەن سىزگە جان - دىل بىلەن خىزمەت قىلىمەن، — دەپ يانچۇقىغا سالدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، بىزمۇ خاتىرجەم ئوينايلى، — كىچىك بايۋەچچە ئېتىنى بۇراپ ماڭدى. ھەمراھلىرىمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ماڭدى. گاۋ غوجىدار ئەمدى بۇ ئىشقا قىزىقىپ، ئېتىنى دېۋىتتى. لېكىن يول بويى دۇ قىزچاقنىڭ قوشنا يېزىدا نېمە قىلىدىغانلىقىنى شۇنچە ئويلاپمۇ بىرەر ئىشنى پەرەز قىلالمىدى. ئەمما بەي ئاغىچىنىڭ شۇ يېزىدىن كەلگەنلىكىنى بىلەتتى ھەم تۇل بىر ئايالنىڭ ئۆيىدە تۇرغانلىقىنى ئاڭلىغانىدى. تۇنۇگۈنلا مۇشۇلار يادىغا يەتكەن بولسا، ئۇ دۇ قىزچاقنىڭ نەگە كىرىپ كەتكەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ تاپالىغان بولاتتى. مانا ئەمدى ئۇ ئىشلار يادىغا يېتىپ، «بۇگۈن دۇ قىزچاقنىڭ نېمىشقا قوشنا كەنتكە بارغانلىقىنى چوقۇم بىلەلەيمەن» دېگەن ئىشەنچ بىلەن ئۇ كەنتكە كېلىپ قالدى. لېكىن ئاتلىق مەھەللىگە كىرىپ ئادەم سۈرۈشتۈرۈشنى بىئەپ كۆرۈپ، ئاتنى مەھەللىنىڭ بېشىدىكى بىر تېرەككە باغلاپ قويۇپ، مەھەللە ئىچىنى ئارىلاپ ئاستا ماڭدى. بۇگۈنمۇ مەھەللىدە ئادەم ئاز ئىدى. ئۇنى ھېچكىم تونۇمىغاچقا، ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. شۇڭا تۇنۇگۈن دۇ قىزچاقنى كۆزدىن يوقىتىپ قويغان يەرگە ئاز قالغاندا دەرۋازىسى ئالدىدا نەۋرىسىنى ئوينىتىپ تۇرغان ئاقۋاش موماينىڭ ئالدىغا باردى. ئۇنىڭ كېلىشىگە موماي ئىككى ياش

ئەتراپىدىكى نەۋرىسىنى ئالدىغا تارتىپ، ئالدىدىكى ناتونۇش ئادەمگە ھەيران بولۇپ قاراپ قالدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ:

— يەڭگە، سىلەرنىڭ مۇشۇ كەنتتە بىر تەقۋادار تۇل ئايال بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۆيى نەدە؟ — دەپ سورىدى.

موماي ئۇنى يات كۆرگەچكىمىكىن ياكى گاچىمىكىن، قولىنى ئۇزۇن سوزۇپ مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىنى كۆرسەتتى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ قولىنى ناھايىتى ئۇزۇن سوزغانلىقىغا قاراپ ئۇ ئايالنىڭ ئۆيى مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىدە ئىكەنلىكىنى پەملەپ مومايغا:

— رەھمەت سىزگە يەڭگە، — دەپ كۈلۈمسىرەپ قويۇپ مەھەللىنىڭ ئاخىرىغا قاراپ ماڭدى. مەھەللىنىڭ ئايىغىغا بارغانسېرى ئۆيلەر ئازايدى. ئاخىرىدىكى بىرنەچچە ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپ قاراپ باقتى. لېكىن بىرەر ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى قېقىپ سورىغۇسى كەلمەي، مەھەللىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ، بۇ ئۆيلەرنىڭ باغلىرىنى ماردى. ئۇ مارىغاندىمۇ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يىراقتىن ھويلىنىڭ باغلىرىغا سەپسالدى. بىر ھويلىنىڭ بېغىنى ماراپ يەنە بىر ھويلىغا ئۆتتى. ئۇ ئىككى باغنى ماراپ يەنە بىر ئۆينىڭ بېغىغا كەلگەندە تازا سىنچىلاپ ماردى. چۈنكى بۇ ئۆينىڭ بېغىنىڭ شاپتۇللىرى بەك قويۇق بولغاچقا، ھويلىنىڭ ئىچىنى تازا ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى. ئالدىدىكى بىرنەچچە ھويلىدا ئادەم كۆرۈنمىگەندى. بۇ ھويلىنىڭ بېغىدا پىشاي دەپ قالغان شاپتۇل دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىككى ئادەم تۇراتتى. شاخ توسۇپ تۇرغاچقا، ئۇ ئىككىسىنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ناھايىتى يېقىن تۇرغانلىقى ئېنىق كۆرۈندى. بۇ ھويلا تۇنۇگۈن دۇ قىزچاقنى كۆزدىن يىتتۇرۇپ قويغان ھويلىغا يېقىن ئىدى. ئۇ ئىككىسىگە قىزىقىپ قالغان گاۋ غوجىدار دەرەخ ئاستىدىن ئېرىق

ئاتلاپ ئۆتۈپ، باغنىڭ كەينىدىكى پاكار تامدىن ئېگىشىپ مارىدى. ئاخىرى ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ئايال ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپ، بىر يەردە توختاپ سىنچىلاپ سەپسالدى. ئۇ ئىككى ئادەم تېپتىنچ باغدا ئەتراپىغىمۇ قاراپ قويماي خۇشال پاراڭلىشىۋاتاتتى. قارىغاندا ئۇلار ئاشىق - مەشۇقلاردەك قىلاتتى، ئايالنىڭ بېشى ئەرنىڭ كۆكسىدە ئىدى، ئۇنىڭ قولىنى ئەر تىزىغا قويۇپ سىيلاۋاتاتتى. ئەر ئۇنىڭغا ئېگىشىپ گەپ قىلىۋاتقاچقا، يۈزىنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ بېشى توسۇپ تۇرسىمۇ، ئايالنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. گاۋ غوجىدار ئايالغا تازا دىققەت قىلىپ قاراپ، ئۇنىڭ ۋاڭ شىئېر ئىكەنلىكىنى تونۇۋېلىپ، تۈنۈگۈن دۇ قىزچاقنىڭ بۇ كەنتكە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتتى. بىر چاغدا ئەر ۋاڭ شىئېرنى بىرنى سۆيۈپ، بېشىنى كۆتۈردى. ئۇنىڭ ساقال - بۇرۇتى ئۆسكەن بولۇپ، چاچلىرى ئۆسۈپ گەدەنگە چۈشۈپ شۆتاڭدىكى تالىپلىق پوسىمىسىدىن چىقىپ تۇراتتى. شۇڭا گاۋ غوجىدار ئۇنى «قايسى ياش راھىبتۇر» دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ راھىب بەزىدە شاختىكى شاپتۇلنى كۆرسىتىپ ۋاڭ شىئېرغا گەپ قىلاتتى. توساتتىن ئۇ ئۆرە بولۇپ شاختىن شاپتۇل ئۈزۈپ ۋاڭ شىئېرغا سۇنغاندا ئۇنىڭ بارات ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى. ئۇ باراتنى دەسلەپ «راھىب» دەپ قالغاچقا، ئۇنى بىرەر ئۇيغۇرغا ئوخشىتىش خىيالىغىمۇ كەلمىگەنىدى. بولۇپمۇ ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتسىمۇ بولىدىغان باراتنىڭ قوينىدا ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ۋاڭ شىئېرنىڭ ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، گاۋ غوجىدار خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. لېكىن ئۇ ئىككىسىگە قاراپ تۇرۇۋەرگىسى كەلمەي تامدىن نېرى بېرىپ، دەرەخ ئاستىغا كېلىپ قارىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئىككىسى ئۆرە تۇرۇپ قۇچاقلىشىپ سۆيۈشمەكتە ئىدى. گاۋ غوجىدار ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇنداق مۇھەببەتلىشىشىگە ئانچىمۇ قىزىقىپ

كەتمىدى، لېكىن ئۇلارنى كۆرۈپ قالغانلىقىغا خۇددى ئالتۇن تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ، دەرەخ ئاستىدىن ئاستا چىقتى. مەھەللىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ باغلاپ قويغان ئېتىغا مىنىپ دالىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئۇدۇل قورۇققا قاراپ يول ئالدى.

بارات بىلەن ۋاڭ شىئېر ھېلىمۇ باغدا خۇشال - خۇرام مۇھەببەتلىشىۋاتاتتى. بۇ گۈزەل باغ ئۇ ئىككىسى ئۇچۇن ئەركىن دۇنيا ئىدى. بارات بۇ كەنتكە كەلگەندىن بېرى تالاغا چىقمىسىمۇ ھويلىدا، باغدا يۈرۈپ ئاپتاپقا قاقلىنىپ، جاراھەتلىرى ساقىيىپ، خېلى ياخشى بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىككىسى كۈندۈزى دائىم بىللە بولغاچقا، بىر - بىرىگە تېخىمۇ مېھرى چۈشۈپ، بىر - بىرىدىن زادىلا ئايرىلغۇسى كەلمەيتتى. ئۇلار كېيىنكى تۇرمۇشى توغرۇلۇق مۇڭداشقاندا بىر - بىرىنى خۇش قىلىدىغان شېرىن گەپلەرنى قىلىشاتتى. بارات ئۇنىڭغا:

— ۋاڭ شىئېر، مەن ھەقىقەتەن بەختلىك، سىز بىلەن بىللە ياشىسام‌لا مەن بۇ دۇنيادىن رازى، — دېدى.

— بارات، ئىككىمىز خۇددا قوشقان قوشماقلار، ئاكام ۋاپات بولدى، دادام سىلەرگە كۆپ زۇلۇم سالدى، ئىككىمىز جىق بەختسىزلىككە ئۇچرىدۇق. لېكىن سىز بىلەن بىرگە بولۇش مېنى خۇشال قىلدى، مەن ھەقىقەتەن بەختلىك، — ۋاڭ شىئېر شۇنداق دەۋېتىپ ئىختىيارسىز كۆزىگە ياش ئالدى.

— شىئېر، نېمىشقا كۆڭلىڭىزنى بۇزىسىز؟ يېنىڭىزدا مەن تۇرسام.

— راست، — دېدى ۋاڭ شىئېر ئۇنى قۇچاقلاپ، — سىز مېنىڭ يۆلەنچۈكۈم، كىچىك بايۋەچچە بازاردا كەينىمگە كىرىۋالغاندا سىزنى ئاكامدەك كۆرۈپ كەينىڭىزگە ئۆتۈپ قۇچاقلىۋالغانىدىم. شۇڭا كىچىك بايۋەچچە يادىمغا كېلىپ قالسا يۈرىكىم ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى. مەن قاچانلا خۇشاللىقىمىزنى

ئەسلىسەم، ئۇ شۇ زامان يادىمغا كېلىدۇ.

— قورقماڭ، — دېدى بارات ئۇنىڭ يېشىنى سۇرتۇۋېتىپ، — مەن ئوبدان ساقىيىۋالاي، دادىسىنىڭ ئەمىلىنىڭ قانچىلىك چوڭلۇقىغا قارىماي ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئوبدان بىر تونۇتۇپ قويىمەن.

— ياق، — دېدى ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇتۇپ، — ئۇنىڭ بىلەن قېرىشمايلى، بىز يىراقلارغا كېتەيلى. بىز قانچە يىراققا كەتسەك شۇنچە خاتىرجەم بولىمىز.

— ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن بىز قاچانغىچە يوشۇرۇنۇپ قېچىپ يۈرىمىز؟ يۇرتىمىزغا، ئاتا - ئانىمىزنىڭ ئالدىغا كەلمەمدۇق؟

— كېلىمىز، — دېدى ۋاڭ شىئېر خىجىل بولغاندەك يەرگە قاراپ، — چوقۇم كېلىمىز، بىز باللىق بولۇپ كېلىمىز. ئۇ چاغدا ئاتا - ئانىمىزمۇ خۇش بولىدۇ، ئەل - جامائەتمۇ خۇش بولىدۇ، ھېچكىم بىزگە چېقىلالمايدۇ.

بارات ئۇنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى. بىر چاغدا ۋاڭ شىئېر باراتنىڭ قولىدىن ئۆزىنى بوشىتىپ باراتقا قاراپ:

— بىز مۇشۇنداق ئۆمۈرلۈك ھەمراھ بولۇپ ئۆتسەك نېمە دېگەن ياخشى! — دېدى.

— ۋاڭ شىئېر، ئىككىمىزنىڭ بىر - بىرىمىزنى مۇشۇنداق ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىمىزغا خۇشالمەن، — دېدى بارات.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلايمەن، لېكىن نېمىشقىدۇر ئىككىمىزنىڭ بەختىنى ئويلىسام ئۇ يادىمغا كېلىۋېلىپ يۈرىكىم ئاغىدۇ، — دەپ يۈرىكىنى تۇتتى ۋاڭ شىئېر.

— ئۇنى ئويلىماڭ، — دېدى بارات ئۇنىڭ چاچلىرىنى سىلاپ، — ئۇنداق چاغدا ئۆزىڭىزنى خاتىرجەم تۇتۇڭ.

— راستىنى ئېيتسام، سىز يېنىمدا بولسىڭىزلا مەن خاتىرجەم.

— مەن بار، قورقماڭ، — بارات ئۇنى ئەركىلىتىپ يۈزىنى سىيلىدى. ۋاڭ شىئېر ناز قىلىپ يەرگە قارىۋالدى. مۇشۇنداق پەيتتە باراتنىڭ ئۇنى سۆيۈۋالغۇسى كېلەتتى. لېكىن ۋاڭ شىئېر ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن چىقىپ شاخنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈۋېلىپ:

— مېنى تۇتالمايسىز، — دەپ كۈلدى، بارات ئۇنى قوغلىدى. ئىككىسى بەزىدە باغ ئىچىدە بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئوينايتتى.

گاۋ غوجىدار ۋاڭ خېنىم بىلەن ئاشنا ئويناش ياكى ئۇنىڭغا ئۆيلىنىش مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن بەك ئىچى پۇشاتتى. مانا ئەمدى ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى قوشنا كەنتتە كۆرۈپ قالغانلىقىدىن پايدىلىنىپ، ۋاڭ خېنىمغا ئەگەر ئۇ يەنە ئۇنىمىسا «ۋاڭ شىئېرنى ئىزدەپ يۈرگەن كىچىك بايۋەچچىگە دەپ قويىمەن» دەپ تەھدىت سالماقچى بولدى. ئۇ ئورۇقچا كېلىپ ئۆيىگە كىرىۋاتقاندا، ئۆيى تەرەپتىن كېلىۋاتقان دۇ قىزچاقنى كۆرۈپ، بىر - بىرىگە توغرا كېلىۋاتقان بۇ قىسمەتلەرگە ھەيران بولدى. دۇ قىزچاق ئۇنى كۆرۈپ تېز - تېز مېڭىپ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— گاۋ غوجىدار بېگىم، سىزنى بۈگۈن ۋاڭ خېنىم نەچچە قېتىم چاقىرغانىدى، لېكىن سىزنى ئىزدەپ تاپالمىدىم، ھازىرمۇ ئۆيىڭىزدىن كېلىشىم، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەسلىدە ئۇنى مۇشۇنداق خالىي جايدا ئۇچراشقان پۇرسەتتە تۇتۇۋېلىپ، تۇنۇگۈن نەگە بارغانلىقىنى سورىماقچى ئىدى. لېكىن ھازىر ھەممە ئىشنى كۆرۈپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ:

— بولىدۇ، سەن ۋاڭ خېنىمغا دەپ قوي، مەن ھازىر ناھىيىدىن كەلدىم، ئاۋۋال ئۆيگە كىرىپ، ئاندىن بارىمەن، — دېدى.

— غوجىدار بېگىم، بۈگۈن سىزنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ بارمىغان يېرىم قالمىدى، شۇڭا هايال قالماي بارارسىز.

— بولىدۇ، خاتىرجەم بول، كەينىڭدىنلا يېتىپ بارىمەن، — گاۋ غوجىدار ئېتىنى چاپتۇرۇپ كەتتى.

دۇ قىزچاقمۇ ئۇنىڭ جاۋابىدىن رازى بولۇپ كۈلۈمسىرەپ قويدى، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنى بۈگۈن تاپالىغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ خېنىمغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزدى.

ۋاڭ خېنىم بەي ئاغىچىغا:

— گاۋ غوجىدار كەلگەندە سىز چىقىپ تۇرۇڭ، ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلىشىمەن، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ۋاڭ خېنىم بىلەن كەچرەك خالىي ئۇچرىشىش ئۈچۈن ئۆيىگە بېرىپ قەستەن ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، خېلى هايال بولۇپ ۋاڭ خېنىمنىڭ هۇجرىسى ئالدىغا كەلدى. بۇ چاغدا بەي ئاغىچا ۋاڭ خېنىمنىڭ هۇجرىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنى كۆرگەن گاۋ غوجىدار «دەل ۋاقتىدا كەپتىمەن» دەپ خۇش بولۇپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ هۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى. هۇجرىدا ۋاڭ خېنىمنىڭ يالغۇزلۇقىنى كۆرۈپ تېخىمۇ خۇش بولدى. چۈنكى ئۇ ۋاڭ خېنىمنىڭ هۇجرىسىغا يېرىم كېچىدە ئوغرىلىقچە كىرىپ مۇهەببەت ئىزهار قىلغاندىن كېيىن، ئۇنى يالغۇز ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئادەتتە ۋاڭ خېنىمنىڭ يېنىدا بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاق بىللە بولاتتى، هېچبولمىغاندا ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى بىللە بولاتتى.

ۋاڭ خېنىممۇ ئۇنى كۆرۈپ خۇش بولۇپ، ئورۇندۇققا ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. گاۋ غوجىدار ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇرۇپ، كىچىك ئۈستەلگە قارىدى. ئۈستەل ئۈستىدە خۇددى مېهمانغا تەييارلىق قىلغاندەك مېۋە - چېۋىلەر، تاتلىق - تۈرۈملار تىزىقلىق ئىدى. گاۋ غوجىدار بۇنى كۆرۈپ «مېنىڭ تەلپىمگە ماقۇل بولۇپ قالغانمىدۇ - يا» دەپ ئويلاپ قالدى.

— گاۋ غوجىدار قېنى، تارتىنماي مېۋە - چېۋە، تاتلىق - تۈرۈملارغا بېقىڭ، — دەپ ئۆزى چاي قۇيدى ۋاڭ خېنىم.

گاۋ غوجىدار ئېغىمۇ خۇش بولدى. ۋاڭ خېنىم باراتنى كونا قورۇقتىن قۇتۇلدۇرۇپ چىقىشنى ئېيتقاندا مۇشۇنداق «سىزلەپ» سۆزلىگەنىدى. شۇڭا خۇشاللىقتىن:

— ۋاڭ خېنىم، دۇ قىزچاق بۈگۈن مېنى ئىزدەپ كۆپ ئاۋارە بوپتۇ، مەن ئەتىگەندىلا ناھىيىگە كەتكەنىدىم، ئېغى بايىراق كەلدىم، — دېدى.

— شۇنداق، مەن سىزنى بۈگۈن خېلى كۆپ ئىزدەتتىم، لېكىن سىزنى تاپالماي ئەنسىرىگەنىدىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ چىنىسىگە يەنە چاي لىقلاپ.

گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ سېمىز چىرايلىق قوللىرىغا قاراپ، داستىخان تەييارلاپ ئالدىغا چاقىرتقانلىقىغا خۇش بولۇپ، ئۇنى خۇددى ئاشىنىسىدەك ھېس قىلىپ:

— نېمىشقا ئەنسىرەيسىز ۋاڭ خېنىم، ئەنسىرىگىدەك نېمە ئىش بولدى؟ بۇ قورۇقتا سىزنى قوغدايدىغان بىزدەك ئەزىمەتلەر تۇرسا، — دېدى.

— شۇنداق، بۇ قورۇقنىڭ ھەممە ئادەملىرى مېنى خۇددى ۋاڭ بېگىم بار ۋاقىتتىكىدەك قوغداۋاتىدۇ.

— شۇنداق بولمامدىغان ۋاڭ خېنىم، — دېدى گاۋ غوجىدار ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ.

— لېكىن، — دېدى ۋاڭ خېنىم جىددىي قىياپەت بىلەن قاراپ، — بۈگۈن ئاڭلىسام چيەن دارىننىڭ ئوغلى يەنە ئىككى ئادەم بىلەن ئاتلىق كېلىپ قورۇقىمىزنى ئارىلاپ يۈرۈپتۇ. گاۋ غوجىدار، سىز مېنىڭ رايىمنى بىلىپ قويۇڭ، ھازىر ۋاڭ بېگىم يوق. ئەمدى ئەلچىگە ئۆزۈم ناھايىتى ئېنىق جاۋاب بېرەلەيمەن. مەن قىزىمنى ئۇلارغا ھەرگىز بەرمەيمەن. شۇڭا كىچىك بايۋەچچە ئەمدى قورۇقىمىزغا كېلىپ بىزنى پاراكەندە قىلىپ يۈرمىسۇن.

سىز ئادەملىرىمىزگە تاپىلاپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن قورۇقىمىزغا يات ئادەملەرنى ھەرگىز يولاتمىسۇن. قىزىم ھازىر يۇرتتا، ئۇ قاچان كېلىدۇ، بۇنى مەنمۇ بىلمەيمەن. . .
گاۋ غوجىدار ئىچىدە كۆلگىسى كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ تويغا رازى ئەمەسلىكىنى بىلىپ مەقسىتىنى ئاشكارىلىماقچى بولۇپ:
— ۋاڭ خېنىم، بىز ئەمدى ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشايلى، پەقەت ئىككىمىزلا، — دەپ كۆلۈمسىرىدى.
— نېمە دەۋاتىسىز گاۋ غوجىدار، «بىز ئەمدى ئوچۇق - يورۇق پاراڭلىشايلى» دەيسىزغۇ؟
— ۋاڭ خېنىم، سىزنىڭ چيەن دارىن بىلەن قۇدا بولۇشقا رازى ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىمەن، بولۇۋاتقان ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.
— گاۋ غوجىدار، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، «بولۇۋاتقان ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن» دەيسىز، نېمە ئىشلارنى بىلدىڭىز؟
— ۋاڭ خېنىم، مەندىن يوشۇرىمەن دەپ يۈرمەڭ. مەن قىزىڭىز بىلەن باراتنىڭ نەدىلىكىنى ئوبدان بىلىمەن.
— نېمە دەۋاتىسىز، قىزىم يۇرتىمىزدىغۇ؟
— ياق، — دېدى گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ، — مەن تېخى بايىلا قوشنا كەنتتىن كەلدىم. قىزىڭىز بىلەن بارات باغدا ئويناپ يۈرۈپتۇ.
ۋاڭ خېنىم بېشىنى تۇتۇپ قېلىپ بىر چاغدا:
— سىزگە كىم دېدى؟ — دەپ سورىدى.
— ماڭا ھېچكىم دېمىدى. تۈنۈگۈن دۇ قىزچاقنىڭ يالغۇز كېتىۋاتقانلىقىنى يىراقتىن كۆرۈپ قېلىپ، گۇمان بىلەن ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ ماڭدىم. لېكىن ئۇنى قوشنا كەنتتە كۆزۈمدىن يىتتۈرۈپ قويۇپ قايتىپ كەلگەنىدىم. بۈگۈن ئەتىگەندە ئۇنىڭ ھويلىدا خىزمەتچىلەر بىلەن ھويلا سۈپۈرۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ،

شۇنچە يىراق يېزىدىن كېچىلەپ قايتىپ كەلگەنلىكىگە ھەيران بولدۇم. «ئۇ يەردە زادى نېمە ئىش باردۇ» دەپ بۇگۈن بېرىپ باغلارنى ئارىلاپ ماراپ، ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ بىر باغدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ كەلدىم.

— راست، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئاستا، — قىزىمنى چيەن دارىننىڭ ئوغلىغا زادىلا بەرگىم يوق. قىزىم ئۆزىمۇ ئۇنىمايدۇ. شۇڭا مەن ئۇنى يوشۇرۇپ يۇرگەنىدىم.

— ۋاڭ خېنىم، سىز قىزىڭىزنى قاچانغىچە يوشۇرالايسىز؟

— بىلمەيمەن، لېكىن مەن قىزىمنى كىچىك بايۋەچچىگە ھەرگىزمۇ بەرمەيمەن.

— ئۇنى بىلىمەن، — دېدى گاۋ غوجىدار باغدا كۆرگەنلىرىنى يادىغا كەلتۇرۇپ، — قارىغاندا قىزىڭىز بىلەن بارات بىر - بىرىنى ياخشى كۆرىدىغان ئوخشايدۇ. ئىككىسى باغدا ناھايىتى چىرايلىق مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپتۇ، ئۇلارغا قاراپ مېنىڭمۇ زوقۇم كېلىپ قالدى. . .

— شۇنداق، مەن قىزىمنى يات مىللەت، يات دىندىن بولسىمۇ باراتقا بېرىشكە رازىكى، ھەرگىزمۇ كىچىك بايۋەچچىگە بەرمەيمەن.

— ۋاڭ خېنىم، قىزىڭىزنى كىمگە بېرىش مۇھىم ئىش ئەمەس. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش سىز چيەن دارىن بىلەن ئۇنىڭ بەڭۋاش ئوغلىدىن قانداق قۇتۇلىسىز؟ سىزگە يار - يۆلەك بولىدىغان ۋاڭ مىڭئېر ھازىر يوق. «ئەلچىگە ئۆزۈم جاۋاب بېرىمەن» دېسىڭىزمۇ سىز دېگەن ھازىر تىكەندەك يالغۇز تۇل خوتۇن، ئۇلار ھەر نېمە قىلىپ قىزىڭىزنى ئالىدۇ.

— راست دەيسىز گاۋ غوجىدار، مەن ھازىر تولىمۇ يالغۇزلۇق قىلىۋاتىمەن. شۇڭا ئۇ ئىككىسىنى يوشۇرۇپ قويغانىدىم. مېنىڭ ھازىرچە ئامالىم پەقەت مۇشۇنچىلىك.

— بۇنىڭ ئامالى بار، — دېدى گاۋ غوجىدار بېشىنى

ئۇنىڭغا يېقىن قىلىپ.
— دەڭە، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئالدىراپ.
گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ:
— ۋاڭ خېنىم، ئەگەر مېنىڭ ئۆتكەنكى تەلىپىمگە قوشۇلسىڭىز، سىزگە، قىزىڭىزغا ھەم باراتقا ھېچ ئىش بولمايدۇ، ھەممە ئىش ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ، — دېدى.
ۋاڭ خېنىم غەزەپلىنىپ:
— گاۋ غوجىدار، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئائىلەمگە سادىق خوتۇنمەن، — دېدى.
— ئۇنداقتا، — دېدى گاۋ غوجىدار كۈلۈپ قويۇپ، — قىزىڭىزنى، باراتنى يوشۇرۇپ كېتەلمەيسىز، مەن بۈگۈن ئەتىگەندە قوشنا كەنتكە كېتىۋېتىپ يولدا كىچىك بايۋەچچىنى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئۇچراتتىم. ئۇلار ۋاڭ شىئېرنىڭ يۇرتىدىن قاچان كېلىدىغانلىقىنى تىڭ تىڭلاپ كەپتىكەن.
— ئۇنداقتا مېنىڭ سىلەرنى «مېنى قوغدايدۇ» دېگەن ئۈمىدىم يوق بولدى - دە.
— ياق، ياق، ئۇنداق ئەمەس، — دەپ گاۋ غوجىدار ئۇنىڭغا مەنىلىك قاراپ قويدى.
ۋاڭ خېنىم غەزەپلىك كۈلۈپ:
— گاۋ غوجىدار، مەندىن ھەرگىز ئۇنداق ئۈمىدنى كۈتمەڭ، — دېدى.
— ئۇنداقتا قىزىڭىزنى، باراتنى ھەرگىزمۇ يوشۇرۇپ قالالمايسىز.
— گاۋ غوجىدار، ئۇنداقتا بۇ ئىشلارنى سىز پاش قىلىپ قويىدىغان ئوخشىمامسىز؟
— ياق، مەن ھەرگىزمۇ پاش قىلمايمەن، لېكىن مەن سىلەرنى قوغدىيالىسام چوقۇم پاش بولۇپ قالىدۇ. چۈنكى كىچىك بايۋەچچە ھازىر خۇددى غالجىر ئىتتەك ئەتراپتا قاتراپ، ۋاڭ

شېئىرنى ئىزدەپ يۈرىدۇ، مۇشۇنداق قىلىۋەرسە ھامىنى قىزنىڭىز بىلەن باراتنى تاپىدۇ.

— ئۇلار ھازىر قىزىمنى يۈرتتا دەپ ئويلايدۇ، قانداق تاپالايدۇ؟

— ۋاڭ خېنىم، قىزىڭىز ۋاڭ شىئېرنى «يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ كەتتى» دېگەن گەپكە مەنمۇ ئىشىنىپ قالغانىدىم. لېكىن تۈنۈگۈنكى ۋە بۈگۈنكى ئەھۋالنى كۆرگەن كىشى بۇ گەپكە ئىشەنمەيدۇ، شۇڭا كىچىك بايۋەچچە بۇ قورۇقـقا تىك تىڭلاپ كەلگەن. چيەن دارىن يىلاننىڭ كۆشكىنىنى بىلىدىغان ھىيلىگەر ئادەم، ئۇ قىزىڭىزنى «يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ كەتتى» دېگەن گەپكە ھەرگىز ئىشەنمەيدۇ. مېنىڭچە ئۇلار سىزنى «يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇپ قويغان بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلايدۇ.

— گاۋ غوجىدار، مەن سىزنى ئوبدان رازى قىلاي، ئىشلارنى پاش قىلىپ قويمىسىڭىز، — دېدى ۋاڭ خېنىم تەشۋىشلىنىپ.

— ياق، مېنى رازى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ماڭا سىزلا كېرەك، — دېدى گاۋ غوجىدار كۈلۈمسىرەپ.

ۋاڭ خېنىم غەزەپلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ:

— ئەگەر سىز پاش قىلىپ قويسىڭىز، ئۇ چاغدا مەنمۇ سىزنى پاش قىلىمەن، — دېدى.

گاۋ غوجىدار ۋاڭ بېگىم بىلەن بىرلىشىپ باراتلارنى تۇتقۇن قىلىپ، ئۈچ ئادەمنىڭ بېشىغا چىققانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قېلىشىدىن قورقۇپ يۈرەتتى. شۇڭا ئۆزىنى دەرھال ئوڭشاپ:

— ۋاڭ خېنىم، بوپتۇ ئەمىسە، مەن ھامىنى مۇشۇ قورۇقنىڭ خىزمەتچىسى، سىلەرنىڭ سادىق چاكىرىڭلار، مەن ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى ھەرگىزمۇ پاش قىلىپ قويمايمەن. سىزنىمۇ ئورۇنسىز ئاۋارە قىلمايمەن، ھېچ نەرسە تەلەپ

قىلمايمەن، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ بۇ گېپىدىن رازى بولۇپ:

— گاۋ غوجىدار ئەمىسە ئىشلار ئۆز يولىدا كېتىۋەرسۇن. شۇنداق بولسىمۇ، — دەپ يانچۇقىدىن بىر كىچىك تۇگۇنچەكنى چىقىرىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. گاۋ غوجىدار تۇگۇنچەككە قارىدى. ئىچىدە زىخچە ئالتۇن پارقىراپ تۇراتتى. ۋاڭ خېنىم ئەسلىدە تۇگۇنچەكنى قورۇقنى يات ئادەملەردىن ساقلاش ئۈچۈن ئۇنىڭغا تەييارلاپ قويغانىدى. ئۇ تۇگۇنچەكنى مىجىقلاپ كۆلۈمسىرەپ:

— سىزگە رەھمەت، خاتىرجەم بولۇڭ، قورۇقنى ئوبدان قوغدايمەن، — دەپ چىقىپ كەتتى.

ۋاڭ خېنىم «ئۇھ» دەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، هازىرقى ئىشقا هەيران بولۇپ خىيال سۈرۈشكە باشلىدى. ئۇ خىيال بىلەن بولۇپ كېتىپ بەي ئاغىچىنىڭ كىرگەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى كۆرۈپ:

— بەي ئاغىچا، باياتىن نەگە كەتتىڭىز؟ — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، ئۇنتۇغاق بولۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە، «گاۋ غوجىدار بىلەن سۆھبەتلىشىمەن» دەپ مېنى چىقىرىۋەتمىگەنمىدىڭىز، هازىر گاۋ غوجىدار هۇجرىدىن چىقىپ كەتتى، شۇڭا كىردىم، — دېدى بەي ئاغىچا كۈلۈپ.

— ۋاي خۇدايىمەي، ئېسىم قۇرۇسۇن، مەن سىزگە شۇنداق دېگەنىدىم - هە، سىزنى هۇجرىدىن چىقىرىۋەتكىنىممۇ ياخشى بوپتىكەن. مەن گاۋ غوجىدار بىلەن پاراڭلاشتىم. بۇ تەقدىر - قىسمەتنى قارىماسىز، بىز ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى يوشۇرۇپ «قىزىم يۇرتقا تۇغقان يوقلاپ كەتتى» دەپ يۈرسەك، گاۋ غوجىدار ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى قوشنا كەنتكە يوشۇرۇپ قويغىنىمىزنى بىلىپ قاپتۇ، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— نېمە دەۋاتىسىز ئەمدى، دۇ قىزچاق دەپ قويۇپتۇمۇ؟

— بەي ئاغىچا قورقۇپ كەتتى.
— ياق، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — دۇ قىزچاقمۇ دەپ قويماپتۇ. تۇنۇگۈن گاۋ غوجىدار دۇ قىزچاقنىڭ قوشنا كەنتكە كېتىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلىنىپ كەينىگە چۈشۈپ، كەنتكە بارغاندا ئۇنى كۆزدىن يوقىتىپ قويۇپتۇ، بۇگۈن «دۇ قىزچاق قوشنا كەنتكە نېمىشقا بارىدۇ» دەپ يەنە بېرىپ ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ ليۇ ئائىنىڭ بېغىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.
— گاۋ غوجىدار ئۇلارنى كۆرۈپ قالغانلىقى توغرۇلۇق نېمە دېدى؟
— ئارتۇق گەپ قىلمىدى، مەن ئەسلىدە ئۇنىڭغا كىچىك بايۋەچچە توغرىسىدىكى گەپنى دەپ ئاگاھلاندۇرماقچى ئىدىم. لېكىن ئۇنىڭ ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى كۆرگەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن ئۇ ھەقتە گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىدى، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.
— ئۇ زادى نېمە دەيدۇ؟
— نېمە دەيتتى، «ئاشنا ئوينايلى، ئۇ چاغدا ھەممە ئىش ئۆز يولىدا كېتىۋېرىدۇ» دەيدۇ.
— ۋاڭ خېنىم، ئۇ دۆيۈزنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. شۇڭا ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى باشقا يەرگە قاچۇرۇۋېتەيلى.
— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم دەرھال.
— سىزمۇ شۇنداق ئويلىغان بولسىڭىز ئۇلارنى بالدۇرراق قاچۇرۇۋېتەيلى...
— شۇنداق بولسۇن، بىزدە ئۇلارنى قاچۇرماقتىن باشقا نېمە ئامال بار؟
ئىككىسى ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى قاچۇرۇۋېتىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىپ ناھايىتى كەچ ياتتى.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

## ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ قاچقانلىقى

گاۋ غوجىدار ۋاڭ خېنىمنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ يانچۇقىغا ئۇشتۇمتۇت چۈشكەن ئالتۇننىڭ خۇشاللىقىدا روھى كۆتۈرۈلۈپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن ۋاڭ خېنىمنىڭ «سىزمۇ پاش بولۇپ قالىسىز» دېگەن سۆزى يادىغا كېلىۋېلىپ، ۋاڭ بېگىم بىلەن بىرلىشىپ قىلغان جىنايىتىدىن ئەنسىرەپ قالدى. ۋاڭ بېگىم ئۆلۈپ كەتتى، ۋاڭ خېنىم ئۇ ئىشلارنى دېمىدى، ھېلىمۇ دېمەيۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ مەڭگۈ دېمەسلىكى مۇمكىن. ئەمما بارات ھازىر ھايات، ئۇ ھاياتلا بولىدىكەن، ۋاڭ بېگىمنىڭ چىرايلىق قىزىنى خوتۇنلۇققا ئېلىپ، زور بايلىققا ئىگە بولسىمۇ، بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزىنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ھەم ئۆلۈپ كەتكەن ئۈچ دوستىنىڭ ھېسابىنى قىلىدۇ. ئۇ بۇ ھېسابنى چوقۇم ئۆزىدىن ئالىدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ دەپ كۆپ ئويلاندى. ھازىرلا قوشنا كەنتكە بېرىپ ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى قوشۇپ بىراقلا ئۆلتۈرۈۋېتىش كېرەكمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلسا جىنايەت ئۈستىگە جىنايەت قوشۇلۇپ، تېخىمۇ ئەنسىزچىلىكتە قالىدۇ. ۋاڭ خېنىم چوقۇم ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلىپ ئۇنى نەدىن بولمىسۇن تاپتۇرۇپ كېلىدۇ، جازادىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا قېچىپ كېتىشنىمۇ ئويلىدى. ئەسلىدە ۋاڭ بېگىم ۋاپات بولۇپ دەپنە

ئىشلىرى ئاخىرلاشقاندا قېچىپ كېتىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم بىلەن ئاشنا ئويناش ياكى ئۇنى خوتۇنلۇققا ئېلىش تەمەسىدە ھېلىغىچە يۈرگەنىدى. ۋاڭ بېگىم ئۇنىڭغا باراتلارنى تۇتقۇن قىلىپ ئۆچىنى ئالىدىغان چاغدا مال - مۈلكىنىڭ يېرىمىنى بېرىدىغانغا ۋەدە قىلغان بولسىمۇ، ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ كېتىپ ۋەسىيەت قالدۇرالمىغاچقا ئۇ مال - مۈلۈككە ئىگە بولالمىغان. بۇ تەمەمۇ ئۇنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىگە سەۋەب بولۇپ كەلگەنىدى. مانا ئەمدى بارات ھايات بولغانلىقى ئۈچۈن قەتئىي قېچىپ كېتىش قارارىغا كېلىپ، قېچىش ئالدىدا ئانچە - مۇنچە مال - دۇنيا ئوندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن، ۋاڭ شىئېرنىڭ نەدىلىكىنى كىچىك بايۋەچچىگە دەپ بېرىپ، ئۇنىڭدىن نەپ ئالماقچى بولدى. تېخى بۈگۈن ئەتىگەندىلا دۇ قىزچاق ئارقىلىق ۋاڭ شىئېرنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى ئۇقۇشۇپ بېرىدىغانغا ئۈچ كۈمۈش يامبۇ ئالغان گاۋ غوجىدار ۋاڭ شىئېرنىڭ ئىز - دېرىكىنى ئالالماي تىت - تىت بولۇپ يۈرگەن كىچىك بايۋەچچىگە ئۇنىڭ مۇشۇ ئەتراپتا ئىكەنلىكىنى دەپ بەرسە قانچىلىك بىر نەرسە سورىسا بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ، ئەتىلا كىچىك بايۋەچچىنى تاپماقچى بولۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرگەندە بالا - چاقىلىرى ئاللىقاچان ئۇخلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كىرگەنلىكىنى ئايالىمۇ سەزمىدى. شۇڭا ئايالىنى ئويغاتماي ئۇنىڭ يېنىدا تۈگۈلۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى.

ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا مەسلىھەتلىشىپ ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا قاچۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ جابدۇنۇپ، ھۇجرىدا دۇ قىزچاقنى قالدۇرۇپ، ئىككىسى ئەلياتقۇغا يېقىن پىيادە قوشنا كەنتكە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇلار سەھەردە ئۆيگە يېنىپ كەلمەكچى بولۇپ، دالىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ماڭدى. ۋاڭ خېنىم ئەسلىدىمۇ قىزىنى بارات بىلەن يىراققا قاچۇرۇۋېتىشنى ئويلىغانىدى. لېكىن بەي ئاغىچىنىڭ

«گاڭ غوجىدارنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ» دېگەن سۆزىدىن ئەنسىرەپ، ئۇلارنى تېزرەك قاچۇرۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەنىدى. ئۇلار تېز مېڭىپ، توْن يېرىم بولغاندا قوشنا كەنتكە يېتىپ كەلدى. ئۇلار ليۇ ئانىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ليۇ ئانا چىراغ يېقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ۋاڭ شىئېر بۇ يېرىم كېچىدە كەلگەنلەر كىمدۇ، بەلكىم بىزنىڭ ئۆيدىن ئادەم كەلگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ ليۇ ئانا ئۇلارنى باشلاپ كىرگىچە كىيىملىرىنى كىيىپ، شامنى ياندۇردى. ئۇ ليۇ ئانا بىلەن بىللە كىرىپ كېلىۋاتقان ئاپىسى ۋە بەي ئاغىچىنى كۆرۈپ:

— ئاپا! — دەپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ۋاڭ خېنىم قىزىنى بارات بىلەن بۇ كەنتكە يۆتكەپ يوشۇرۇپ قويغاندىن بېرى ئىككىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. بىرىنچى قېتىم كۈندۈزدە بازار ئارىلاپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ سالامەت تۇرغانلىقىنى، باراتنىڭ بارغانسېرى ساقىيىپ ياخشى بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ خاتىرجەم بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن ھازىرچۇ، كېچىدە كېلىپ ئىختىيارسىز قىزىنى قۇچاقلىدى. ۋاڭ شىئېرمۇ ھەيران بولۇپ ئاپىسىنى چىڭ قۇچاقلىدى. ئاپىسىنىڭ تۇرقىدىن ۋاڭ شىئېر بىرەر ئەنسىزچىلىكنى سېزىپ:

— ئاپا، بۇ يېرىم كېچىدە ئەجەب كېلىپ قاپسىلەرغۇ؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم گەپ قىلغۇچە كۆزىدىن ياش تاراملىدى. تېخىمۇ ئەنسىرىگەن ۋاڭ شىئېر:

— ئاپا، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— قىزىم، باراتنى ئويغىتىڭ، — دېدى.

بۇ گەپتىن تېخىمۇ ئەنسىرىگەن ۋاڭ شىئېر:

— ئاپا، گەپ قىلمامسىز؟ — دېگىنىچە يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يۇمشاق بولغاچقا، خۇش بولسىمۇ، كۆڭلى ئاغرىسىمۇ ئاسانلا يىغلاپ كېتەتتى. ئۇ يىغىسىنى بېسىپ،

ئىچىدىكى ئۆيگە قاراپ مېڭىشىغا ئىشىك ئېچىلىپ بارات چىقىپ كەلدى. ئۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان گەپ - سۆزلەردىن ئويغىنىپ كەتكەنىدى. بارات ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام بەردى. ليۇ ئانا چىراغنى چىراغپايغا قويۇپ، ئۇلارنى سۇپىغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلار سۇپىغا چىقىپ ئولتۇرۇشتى.

ۋاڭ خېنىم باراتقا:

— خېلى بولدى، يوقلاپ كېلەلمىدىم، هازىر قانداقراق تۇرۇۋاتىسىز؟ — دېدى.

— رەھمەت ۋاڭ خېنىم، بارغانسېرى ياخشى بولۇپ كېتىۋاتىمەن. هازىر ليۇ ئانىنىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرىۋاتىمەن، — دېدى بارات.

ليۇ ئانا:

— ۋاڭ خېنىم، مەن بالا يۈزى كۆرمىگەن بىر تۇل خوتۇن. لېكىن بارات يېنىمدا تۇرۇپ، بىر ئوغۇللۇق بولۇپ قالغاندەك بولدۇم. ئۇ ھەممە ئېغىر - يېنىك ئىشلىرىمنى قىلىپ بەردى. قىزىم ۋاڭ شىئېر مېنى ئۆيدە بىكارچى قىلىپ قويدى. مەن بۇ ئىككىسىدىن ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قالدىم، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا بىر - بىرىگە كۈلۈمسىرەپ قويۇشتى. ۋاڭ شىئېر ئاپىسىغا:

— ئاپا، نېمىشقا مۇنداق چاغدا كېلىسىلەر؟ مەن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى.

— قىزىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — هازىرچە ئەنسىرىگىدەك ئىش يوق. لېكىن سىلەر بۇ يەردە تۇرۇۋەرسەڭلەر بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. شۇڭا كېچە بولسىمۇ سىلەرنى بۇ يەردىن يۆتكىۋېتەيلى دەپ كەلدۇق، قانچە بالدۇر كەتسەڭلەر شۇنچە ياخشى.

— زادى نېمە ئىش؟ — دېدى بارات ھەيران بولۇپ.

— سىلەرنىڭ بۇ يەردە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقىنىڭلارنى گاۋ

غوجىدار كۆرۈپ قاپتۇ.

ۋاڭ شىئېر ئالدىراپ سورىدى:

— قاچان كۆرۈپ قاپتۇ؟

— تۈنۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن ئىككىڭلارنىڭ باغدا تۇرغىنىڭلارنى كۆرۈپ قاپتۇ.

— دۇ قىزچاق دەپ قويۇپتۇمۇ - يا، ئۇ ئۇلۇشكۈن بۇ يەرگە كەلگەن.

— ياق، ئۇمۇ دېمەپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىۋاتقانلىقىنى گاۋ غوجىدار كۆرۈپ قېلىپ كەينىگە چۈشۈپتۇ.

— ئۇ گاۋ غوجىدارنىڭ ئۇلارنى تېپىشىش جەريانىنى سۆزلەپ بەردى. ۋاڭ شىئېر بېشىنى تۇتۇپ ئۆز - ئۆزىگە «ئاپامغا يېقىن مۇشۇ كەنتتە ياشاپ قالارمىزمىكىن دەپ ئويلىغانىدىم» دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.

— ۋاڭ شىئېر يىغلىماڭ، بىز بۇ يەردىن تېزرەك كېتەيلى، — دېدى بارات.

— شۇنىڭ ئۈچۈن كېچە دېمەي كەلدۇق، — دېدى ۋاڭ خېنىم ۋە بەي ئاغىچىغا قاراپ، — بۇلار كەتسە بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدىلا كەتسۇن، — دېدى.

— شۇنداق خېنىم، تۈنۈگۈن كىچىك بايۋەچچە ئىككى ئادەم بىلەن ئاتلىق بىزنىڭ قورۇقنى ئارىلاپ يۈرگەنلىكىنى قورۇقچىلەر كۆرۈپتۇ. ئۇلاردىن ھەر بالا كېلىدۇ، — دېدى بەي ئاغىچا ئەنسىرەپ.

— بارات، كەتسەك سىز دېگەندەك يىراققا كېتەيلى، ئاپا، بىزدىن رازى بولۇڭ، ئامان بولساق سىزنى ئىزدەپ كېلىمىز، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

— مەن رازى، — دېدى ۋاڭ خېنىم كۆزىگە ياش ئېلىپ، — مېنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭلار، مەنمۇ ياشىنىپ قالدىم. خۇدايىم سىلەرگە ئامانلىق، خاتىرجەملىك بەرسۇن.

— ياق، — دېدى بارات دەرھال، — بىز سىزنى ھەرگىز تاشلىۋەتمەيمىز. مەن كىچىك بايۋەتچە بىلەن گاۋ غوجىدارنىڭ ئەسكىلىكىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، مەن ھازىرچە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ساللىمازا ساقايغاندا ئادەم توپلاپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئەدىپىنى بېرىمەن. بېيجىڭگە بېرىپ خانغا ئەرز قىلىمەن، مەن قانۇن - نىزاملارنى ياخشى بىلىمەن. ئۇ چاغدا ھەممىمىز ئوچۇق - ئاشكارا ئەركىن ياشايمىز. مۇنداق يوشۇرۇنۇپ قېچىپ يۈرۈش تولىمۇ ئېغىر كېلىدىكەن.

— رەھمەت بالام، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ئىلاھىم تىلىكىڭىزنى بەرسۇن. ھازىرچە يوشۇرۇنۇپ جېنىڭلارنى ساقلاپ تۇرۇڭلار، — ئۇ ئېلىۋالغان بوپىنى ئاختۇرۇپ بىر بولاقنى چىقاردى. بولاق چىڭ ئورالغانىدى. ئۇنى ئېچىپ، ئىچىدىن ياپيېڭى بىر تاپانچىنى چىقىرىپ باراتقا:

— ئوغلۇم بارات، بۇ دوستىڭىز ۋاڭ مىڭئېرنىڭ يالدامىسى. بۇنى ئۇنىڭغا ئىشلىتىش نېسىپ بولمىدى، ئەمدى سىلەرگە كېرەك بولۇپ قالار. «جان بار يەردە قازا بار» دېگەندەك دۈشمىنىڭلاردىن قوغدىنارسىلەر، — دېدى.

بارات تاپانچىنى ئېلىپ:

— ۋاڭ خېنىم، بۇ تاپانچىنى مەن بىلىمەن، ۋاڭ مىڭئېر ئىككىمىز ئۆرۈمچىدە تۇرغاندا ۋاڭ بېگىم ناھايىتى قىممەت پۇلغا ئاپتىكەن، ئۇ چاغدا ۋاڭ شىئېرمۇ بىللە ئىكەن، — دېدى ۋە ۋاڭ شىئېرغا قاراپ قويدى.

— راست، — دېدى ۋاڭ شىئېر ماختىنىپ. بارات تاپانچىنى قولىدا ئايلاندۇرۇپ كۆردى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا:

— بارات، تاپانچا ئېتىشنى بىلەمسىز؟ — دېدى.

بارات كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋاڭ مىڭئېر ئىككىمىز ئۆرۈمچىدە دالىغا بېرىپ ئۇچار قۇشلارنى قارىغا ئېتىپ ئۆگەنگەن، مېنىڭ ۋاڭ مىڭئېردەك

چامباشچىلىق ماھارىتىم بولمىسىمۇ، لېكىن پەشۋا ئېتىشنى بىلىمەن، ئەمما ھازىر، — دەپ پۇتىنى تۇتۇپ قويدى. باشقىلار ئۇنىڭغا قاراپ خۇش بولۇشتى. ئۇ ئاغرىق بولسىمۇ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە قايىـــل بولغانىدى. ۋاڭ خېنىم بوپىنى يەنە ئاختۇرۇپ بىر خالتىنى چىقىرىپ قىزىغا بېرىۋېتىپ:

— قىزىم، بۇنى خىراجەت قىلىڭلار، ئىككىڭلارغا خېلى يىللار يېتىدۇ، — دېدى. ۋاڭ شىئېر خالتىنى ئېلىپ دەڭسەپ باقتى، خالتا ئېغىرلىقىدىن قولىنى پەسكە بېسىپ تۇراتتى.

بەي ئاغىچا ۋاڭ خېنىمغا:

— ۋاڭ خېنىم، ئەمدى بىز ماڭايلى، تاڭ ئاتقىچە قورۇققا ئۇلگۇرۇپ بارمىساق بولمايدۇ، — دېدى.

باياتىن لېۋ ئانا بىلەن ھېچكىمنىڭ كارى بولمىدى. ئۇ نېرىدا تۇرۇپ دۇرۇت ئوقۇۋاتاتتى. باشقىلار ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ بىر چاغدا دۇرۇتنى ئوقۇپ بولۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، بۇ ئىككىسىگە دۇرۇت ئوقۇپ دۇئا قىلدىم، — دەپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى.

— ئاپا، مەن سىزنـــى تاشلاپ يـــىراققا كېتەرمەنمۇ، ھېلىقىنىڭ گېپى چىقىۋىدى يەنە يۈرىكىم سېلىۋاتىدۇ، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

ۋاڭ خېنىم قىزىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى سۈرتۈپ:

— قىزىم، مەن سىلەردىن ئۇ دۇنيا - بۇ دۇنيا رازى، سىلەر ئىككىڭلار ئامان - ئېسەن، ئىناق ياشىساڭلارلا بولدى. مەن سىزنى ھەرگىز ئۇلارغا بەرمەيمەن. ئۆزۈڭلارنىڭ جېنىنى جان ئېتىڭلار، — دېدى، ئاندىن باراتنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — بالام، مەن سىلەرگە ئامانلىق تىلەيمەن، بىر - بىرىڭلارغا كۆيۈنۈڭلار، — دېدى ۋە بەي ئاغىچىغا قاراپ، — يۈرۈڭ، بىز قايتايلى، — دەپ قوزغالدى. باشقىلار ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭدى. ۋاڭ شىئېر يىغلىدى، بارات ئۇنىڭ دولىسىنى تۇتۇپ:

— ۋاڭ شىئېر يىغلىماڭ، بىزگىمۇ ئاتا - ئانىمىزنى خۇش قىلىدىغان كۈنلەر كېلەر، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم كەينىگە بۇرۇلۇپ باراتقا خۇشال قارىدى، چۈنكى ئۇنى دائىم «ۋاڭ خېنىم» دەيدىغان باراتنىڭ ئەمدى «ئاتا - ئانىمىز» دېگەن گېپىگە ئىنتايىن خۇرسەن بولغانىدى.

ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا دەرۋازىدىن چىقىپ مەھەللىدىن ئۆزاپ قاراڭغۇلۇق ئىچىگە كىرىپ كەتكەندە ئۇلار يېنىپ كىرىشتى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ بىر - بىرىگە قارىشىپ بىر دەم تۇرۇپ قېلىشتى. بارات لىيۇ ئانىغا:

— لىيۇ ئانا، يەنە سىز بىزگە ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى. بىز بۇ ئۆيدىن تالا-تۈزگە چىقىپ باقمىدۇق، ھېچكىمنى تونۇمايمىز، شۇڭا سىز بىزگە ئەتە ئىككى ئات سېتىپ ئەكىلىپ بەرسىڭىز، — دېدى.

لىيۇ ئانا ئۇنىڭغا:

— دېگىنىڭىز توغرا، مەن ياردەم قىلمىسام سىلەر بۇ يەردىن كېتەلمەيسىلەر. لېكىن ئاتنى نەدىن تېپىپ، قانداق قىلىپ بۇ يەرگە ئېلىپ كېلىمەن؟ مەن ئات سېتىۋالسام كىشىلەر مەندەك بىر تۇل خوتۇندىن چوقۇم گۇمانلىنىپ قالىدۇ، — دېدى.

— راست، — دېدى بارات، — سىز بۇ كەنتتىن ئات سېتىۋالماي ئەتە ئەتىگەندە ناھىيە بازىرىغا بېرىپ بىر ئات بېدىكىنى تېپىپ ياخشى ئاتتىن ئىككىنى ئېلىپ كېلىپ باغنىڭ كەينىگە باغلىتىپ قويۇڭ، بىز سىزنىڭ يولىڭىزغا قارايمىز.

— بولىدۇ، — دېدى لىيۇ ئانا، — مەن ھازىرلا ناھىيە بازىرىغا ماڭاي، سىلەر ئۇخلاڭلار.

بارات ۋاڭ شىئېرغا قارىدى. ۋاڭ شىئېر قولىدىكى خالتىدىن ئالتۇن يامبۇ ئېلىپ لىيۇ ئانىغا بەردى. لىيۇ ئانا ئۇنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا تۈن يېرىمىدىن

ئاشقانىدى.

ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ھېرىپ ـ ئېچىپ شۇنچە ئالدىراپ ماڭغان بولسىمۇ، قورۇققا ئاز قالغاندا كۈن چىقىپ كەتتى. ئۆيگە يېتىپ بېرىشقا يەنە خېلى يول بار ئىدى. ئەگەر مۇنداق مېڭىۋەرسە ئۆيگە يېتىپ بارغىچە ئەتىگەندە ئېتىزغا چىققانلار بۇلارنى كۆرۈپ گۇمان قىلىپ قالاتتى، شۇڭا ۋاڭ خېنىم بەي ئاغىچىغا:

— بىز كېچىچە يول مېڭىپ بەك ھېرىپ كەتتۇق، ماڭغىچىلىك ھالىمىزمۇ قالمىدى، شۇڭا قوناقلىققا كىرىپ ئۇخلاپ ئاندىن ماڭايلى، ئۇ چاغدا كىشىلەر بىزنى كۆرسىمۇ گۇمان قىلمايدۇ، — دېدى.

بەي ئاغىچا:

— ۋاڭ خېنىم، ئەجەب ئوبدان گەپ قىلدىڭىز. ھېرىپ ـ چارچاپ كەتكەنىنىڭ ئۇستىگە ئۇيقۇ بېسىپ، قەدەملىرىمنىمۇ تۈزۈك ئالالماي قالغانىدىم، بۇ گېپىڭىز ئەجەب خۇشياقتى، — دەپ كۈلۈمسىرىدى.

ئىككىسى ئالدىدىكى ئېتىزدىن ئۆتۈپ بىر قوناقلىققا كىرىپ، ئارام ئالىدىغان جاي ئىزدەشتى. ئۇلار ئېرىققا يېقىن، قوناق قويۇق ئۆسكەن يەرگە كېلىپ، بوپىلىرىنى بېشىغا قويۇپ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ يېتىشتى.

ئۇلار تېخى ئۇخلىمىغانىدى. بىر چاغدا چېپىپ كېلىۋاتقان ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى ئاڭلىنىپ، ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ كەتتى. ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ، خۇددى بۇلار ياتقان ئېتىزغا ئۇدۇل كېلىۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇلار دۇم يېتىپ تۇرۇپ باشلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. ئەمما قوناقنىڭ غول، يوپۇرماقلىرى توسۇپ ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. ئاتنىڭ تۇياق ئاۋازى يېقىنلاپ، بىر ئاتلىق ئادەم ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئاتلىق ئادەم ئۆتۈپ كېتىپ خېلى

ماڭغاندىن كېيىن، بۇ ئىككىسى ئورنىدىن تۇرۇپ قاراپ، ئۇنىڭ دەل گاۋ غوجىدار ئىكەنلىكىنى كەينىدىن تونۇۋالدى. ئۇ ئېتىزدىن چىقىپ دالىغا قاراپ ماڭماي تۆۋەن تەرەپكە كەتتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا قاراپ:

— ۋاڭ خېنىم، بىزنى خۇدايىم ساقلاپتىكەن، بولمىسا دەل ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ قالاركەنمىز، — دېدى.

— شۇنى دېمەمسىز، بىز دەل ئۇنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتۇق. بولدى، ئەمدى بىزنى باشقىلار كۆرۈپ قالسا ھېچقىسى يوق، ئۇلار بىزدىن گۇمانلانمايدۇ. ئەمدى قۇناقلىقتا ياتماي ئۆيگە كېتەيلى، — دەپ ئىككىسى ئېتىزلىقتىن يولغا چىقتى. يولدا گاۋ غوجىدار مىنگەن ئاتنىڭ ئىزلىرى تۇراتتى. بەي ئاغىچا ۋاڭ خېنىمغا:

— ۋاڭ خېنىم، ئۇ بۇ ئەتىگەندە نەگە بارىدىغاندۇ؟ — دېدى.

— نېمىلا بولمىسۇن بىز ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتتىنى قاچۇرۇۋېتىپ ياخشى ئىش قىلدۇق. گاۋ غوجىدارنىڭ بۇ ئەتىگەندە تۆۋەنگە كېتىۋاتقىنىدىن مەنمۇ ئەنسىرەپ قېلىۋاتىمەن، — دەپ گاۋ غوجىدار كېتىۋاتقان تەرەپكە يەنە قاراپ قويدى ۋاڭ خېنىم.

بەي ئاغىچىمۇ ئۇياققا قاراپ:

— مەن دائىم دەيمەنغۇ، ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ، تۇنۇگۇن ئۇ كىچىك بايۋەچچە بىلەن كۆرۈشكەن بولسىلا بۈگۈن ئۇ چوقۇم ئۇنى ئىزدەپ تاپىدۇ. بولمىسا نېمىشقا مۇنداق ئالدىراپ سەھەردە تۆۋەنگە قاراپ ماڭىدۇ؟ — دېدى.

— ئىلاھىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئۆز - ئۆزىگە،— گاۋ غوجىدار كىچىك بايۋەچچىنى ئىزدەپ تېپىپ قوشنا كەنتكە بارغىچە باللىرىمىزمۇ يىراققا كېتىپ قالار. ئۇلارنى ھەرگىز تاپالماس. — ئىككىسى ئۆيگىمۇ كېلىپ قالدى.

گاۋ غوجىدار ئىتنى چاپتۇرۇپ چۇشكە يېقىن ناھىيە بازىرىغا يېتىپ كېلىپ، تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدىكى چوڭ ئاشخانىغا ئۇدۇل كىرىپ كەلدى. ئۇ ئادەتتە كىچىك بايۋەچچىنى دەل مۇشۇ يەردىكى ئاشخانىلاردىن تاپاتتى. بۇگۇنمۇ بەختىگە يارىشا كىچىك بايۋەچچە يەنە ھېلىقى ئىككى ئاغىنىسى بىلەن ئايرىمخانىدا ئىچىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار قاتتىق مەست بولۇپ، ئالىجوقا سۆزلىشىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز كىرىپ كەلگەن گاۋ غوجىدارنى كۆرگەن كىچىك بايۋەچچە ئورنىدىن ئاران تۇرۇپ دەلدەڭشىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— جېنىم ئاكا، ئەجەب ۋاقتىدا كەلدىڭىزغۇ، خۇش خەۋەر بارمۇ، ۋاڭ شىئېر قاچان كېلىدىكەن، دۇ قىزچاق سىزگە راست گەپ قىلدىمۇ؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئىككى ئاغىنىسىمۇ:

— كېلىڭ ئاكا، كېلىڭ، — دەپ ئۇنى چاقىرىشتى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا هاراق تولدۇرۇلغان رومكىلار بار ئىدى. گاۋ غوجىدار ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتىنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ بۇگۇن ئەتىگەن يولغا چىقىشتا ۋاڭ شىئېرنىڭ نەدىلىكىنى كىچىك بايۋەچچىگە ئېيتىپ بېرىپ تاپان ھەققى ئېلىپ، مۇشۇ يەردىنلا قېچىپ كېتىشنى مەقسەت قىلغانىدى. لېكىن ئۇنىڭغا بۇ غەرق مەست ھالىتىدە ئەھۋالنى دېسە، كىچىك بايۋەچچە ھېچ نەرسىگە قارىماي ۋاڭ شىئېرنى تۇتۇش بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىنىڭ تاپان ھەققىنى تولۇق ئالالماي قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. شۇڭا ئۇ:

— ئىنىم، ساڭا خۇش خەۋەر بار، لېكىن مۇنداق غەرق مەست تۇرغىنىڭدا ھەرگىزمۇ دېمەيمەن. ئەگەر «خۇش خەۋەر ئاڭلاي» دېسەڭ كەيپىڭ ئوڭشالسۇن، ئاخشاملىققا ياكى ئەتە ئەتىگەندە دەيمەن، بىراق تاپان ھەققىنى ئوبدان بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى.

كىچىك بايۋەچچە خۇش بولۇپ:
— ئاكا، بولىدۇ، دېگىنىڭىزنى بېرەي، لېكىن خۇش خەۋەر بارمۇ؟ — دېدى.
— خۇش خەۋەر بولمىسا سېنى ئىزدەپ كېلەمتىم. لېكىن ھازىر ھەرگىز دېمەيمەن. ئالدى بىلەن كەيپىڭ تۈزەلسۇن، ئاندىن تاپان ھەققىنى تولۇق ئەكەل.
كىچىك بايۋەچچە مەست بولسىمۇ دادىسىنىڭ «ۋاڭ شىئېرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن قانچىلىك چىقىم كەتسە كەتسۇن، ئۇنى خوتۇنلۇققا ئالغاندىن كېيىن تۆلىۋالغىلى بولىدۇ» دېگەن گېپى يادىغا كېلىپ، گاۋ غوجىدارنىڭ قولىقىغا پىچىرلىدى. گاۋ غوجىدارمۇ ئۇنىڭغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلاپ، ئىككىسى مەسلىھەتلىشىۋالغاندىن كېيىن گاۋ غوجىدار:
— ئۇنداق بولسا مەن ھازىر سارايغا كەتتىم. كەچتە مۇشۇ ئاشخانىغا كېلىمەن. كەيپىڭ تۈزۈلۈپ سۆزلەشكىدەك بولسا سۆزلىشىمەن. بولمىسا ئەتە كەيپىڭ تازا تۈزەلگەندە سۆزلىشىمىز، — دەپ ئۇنىڭ ئىككى ئاغىنىسى چاقىرىپ تۇرسىمۇ، ئۇستەلگە كەلمەي ئىشىك تۈۋىدىنلا چىقىپ كەتتى.
كەچقۇرۇن گاۋ غوجىدار ئاشخانىنىڭ مۇشۇ ئايرىمخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئايرىمخانىدا كىچىك بايۋەچچە ئۆزى يالغۇز ئىدى. ئۇستەلدە چايدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ كەيپىنىڭ تۈزەلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. كىچىك بايۋەچچە:
— ئاكا، قانداق تاماق كەلتۈرەي؟ — دېدى.
— ياق، ھازىر تاماق يېمەيمەن، — دېدى گاۋ غوجىدار.
ئۇ باراتنىڭ ۋاڭ شىئېر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى دېمەسلىكنى قارار قىلدى. ئەگەر باراتنىڭ ۋاڭ شىئېر بىللە تۇرۋاتقانلىقىنى دەپ قويسا، ھېلىغىچە ئۇنى تاپالماي يۈرگەن چيەن دارىن ئاڭلاپ قېلىپ پۈتۈن ناھىيە قوزغىلىپ كەتسە ئۇ

چاغدا گاۋ غوجىدار قېچىپ كېتەلمەي تۇتۇلۇپ قالاتتى. شۇڭا باراتنى ئېغىزدىن چىقارماي پەقەت ۋاڭ شىئېرنىڭ يالغۇز يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى دېيىشنى توغرا تاپتى. ئۇ ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ:

— باشقا ئادەم يوقتۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، ئىككىمىزدىن باشقا ھېچكىم يوق، بولمىسا مەن ئاشخانىغا ھەرگىز يالغۇز كىرمەيمەن.

— ياخشى، ياخشى ئىنىم، ئىككىمىزنىڭ مۇنداق خۇپىيانە سۆزلىشىدىغانلىقىمىزنى ھېچكىم بىلمەيدىغاندۇ؟

— ياق، دوستلىرىم بىلمەيدۇ، لېكىن دادام بىلىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟ — دېدى گاۋ غوجىدار چۆچۈپ كېتىپ، — دارىن بېگىم بىلىپ قالسا قانداق بولغىنى، ئۇنداق بولسا مەن ساڭا ھېچ نەرسە دېمىگەن بولاي، ئاستا يولۇمغا ماڭاي، — ئۇ ئورنىدىن قوزغالدى. كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇۋېلىپ:

— ئاكا، ئولتۇرۇڭ، ئەگەر دادامغا دېمىسەم بايا ئىككىمىز دېيىشكەن تاپان ھەققىڭىزنى ...، — ئۇ شۇنداق دەپ يانچۇقىنى تۇتتى، ئۇنىڭ يانچۇقى شاراقشىپ كەتتى. گاۋ غوجىدار ئاستا ئولتۇردى. كىچىك بايۋەچچە گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ئەگەر ۋاڭ شىئېرنىڭ خەۋىرىنى دادامغا دېمىسەم، سىزنى رازى قىلغۇدەك تاپان ھەققى مەندە يوق. شۇڭا چوقۇم دادامغا دەپ بۇنچىۋالا نەرسىنى دادامدىن ئېلىشىم كېرەك، — دەپ يانچۇقىنى يەنە تۇتۇپ قويدى. گاۋ غوجىدار «بوپتۇ» دېگەندەك ئۇنىڭ يانچۇقىغا قاراپ:

— قانچىلىك؟ — دېدى.

— بايا دېيىشكىنىمىزدەك.

— ئالدىمغا قوي ئەمىسە.

كىچىك بايۋەچچە يانچۇقىدىن بىر خالتىنى چىقاردى. خالتىنىڭ يېرىمىدا ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغانىدى. گاۋ غوجىدار ئۇنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىگە قارىدى. ئىچىدە ئالتۇن - كۈمۈش پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ خالتىنى ئالدىغا تارتىپ:

— ئۇنداق بولسا ئىنىم، مەن ساڭا ھەقىقەتەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىمەن. ۋاڭ شىئېر يۇرتىغا تۇغقان كۆرگىلى كەتمەپتۇ، ئۇ مۇشۇ يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋېتىپتۇ، — دېدى.

كىچىك بايۋەچچە خۇشاللىقىدىن ئالدىراپ:

— نەدىكەن، كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ دۇ قىزچاق سىزگە دەپ بەردىمۇ؟ دادام ماڭا «ۋاڭ شىئېرنى يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ كەتتى دېگەن گەپ يالغان» دېگەنىدى. دادامنىڭ دېگىنى ھەقىقەتەن توغرىكەن، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى گاۋ غوجىدار، — چوڭ ئادەملەر كۆپنى كۆرگەن، ئۇلارنىڭ ئويلىغىنى توغرا چىقىدۇ. ھەتتا مەنمۇ ۋاڭ شىئېرنى «يۇرتىغا كەتتى» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ قاپتىكەنمەن. لېكىن مەن ئۇنى بىر جايدا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم. — بۇ گەپنى ئاڭلىغان كىچىك بايۋەچچە:

— غوجىدار ئاكا، راست ئۆزىڭىز كۆردىڭىزمۇ؟ — دەپ سورىدى.

گاۋ غوجىدار ئۇنىڭدىن جىق نەپ ئالغانلىقىغا خۇش بولۇپ ئالدىراپ كېتىپ «ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ قالدىم» دەپ سالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. چۈنكى كىچىك بايۋەچچە ھازىرلا ۋاڭ شىئېرنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى دادىسىغا دەپ قويسا، ئۇ قورۇقچى بېرىپ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كېتىشكە ئۈلگۈرەلمەي قالاتتى. لېكىن گەپ ئاغزىدىن چىقىپ كەتتى. شۇڭا كىچىك بايۋەچچىنىڭ ۋاڭ شىئېرنى قاچان تۇتماقچى بولغانلىقىنى بىلگۈسى كەلدى:

— ئىنىم، ۋاڭ شىئېرنى كۆرگەنلىكىم راست. ئۇ يېقىنلا

يەردە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ. ئۇنى قاچان ئىزدەيسەن؟
— يېقىن بولسا هازىرلا ئىزدەيمەن، يىراق بولسا ئەتە ئىزدەيمەن، ئۇ نەدە؟
گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ ۋاڭ شىئېرنى ئىزدىشىنى كېچىكتۈرۈش مەقسىتىدە:
— ئىنىم، ۋاڭ شىئېرنى ئىزدەپ تاپساڭ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى.
— ئۇنى تاپسام‌لا باشقا يۇرتقا ئېلىپ قېچىپ كېتىمەن. ئۇنى خوتۇن قىلىپ بولۇپ، ئاندىن بۇ يۇرتتا پەيدا بولىمەن.
گاۋ غوجىدار كۈلۈمسىرەپ:
— كىچىك بايۋەچچە، ۋاڭ شىئېر ساڭا مەجبۇرىي خوتۇن بولۇشقا ئۇنارمۇ؟ — دېدى.
— ئۇنىمايدىغان نېمىسى بار، دادامنىڭ دەپ بېرىشىگە قارىغاندا، ۋاڭ بېگىممۇ ۋاڭ خېنىمنى بۇلاپ كېلىپ خوتۇن قىپتىكەن، مانا هازىر ئىككى باللىق بولۇپ ئۆتتىغۇ...
گاۋ غوجىدار ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ يامانلىقىغا كۆزى يېتىپ:
— ئۇنداقتا ئۆزۈڭ بېرىپ بۇلاپ كېلەلەمسەن؟ — دېدى.
— قانداق، يېنىدا ئادىمى بارمىكەن؟
— ياق، يېنىدا ئادەم يوقكەن. ئۆزى يالغۇز بىر تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋېتىپتۇ، لېكىن ئۇ دېگەن پالۋان ۋاڭ مىڭئېرنىڭ سىڭلىسى. ئەگەر سەن يالغۇز بېرىپ تۇتماقچى بولساڭ ئۇ ساڭا بوي بەرمەيدۇ.
— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى كىچىك بايۋەچچە ۋاڭ شىئېرنى مەنسىتمىگەندەك، — قېيىڭ جەن، جاڭ جى دەيدىغان يارامىلىق ئاغىنىلىرىم بار، ئۇلار مەن نېمە قىل دېسەم شۇنى قىلىدۇ.
— هەببەللى، شۇنداق بولغىنى ياخشى. قارىمامسەن، ئۇ ئاكىسىدەك جەڭگەرلىك بولغاچقا ئۆزى يالغۇز يوشۇرۇنۇپ

يۈرۈپتۇ، — دېدى گاۋ غوجىدار. كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭغا:

— غوجىدار ئاكا، قورال ئېلىۋالامدىم قانداق؟ — دېدى.

— قالتىسقۇ كىچىك بايۋەچچە، بىر ئادەمنى بۇلىماقچى بولغان ئادەم قولىغا قورال ئالماي بولامدۇ. ئەگەر ئادەملىرى بولۇپ قالسا ياكى ئەتراپتىكى ئادەملەر بىلىپ قېلىپ توسماقچى بولسا، بىرەر - ئىككىسىنى ئېتىۋېتىپ، ئاندىن بۇلايدىغاننى بۇلاپ كېتىدىغان ئىش، — دېدى ئۇ ۋە ئۇنىڭغا قورال ئېلىۋېلىشنى تاپىلىدى. ئۇ باراتنىڭ ۋاڭ شىئېر بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقىنى دېمىگەن بولسىمۇ، كىچىك بايۋەچچە ۋاڭ شىئېرنى بۇلىغاندا بارات چوقۇم قارشىلىق قىلاتتى. شۇڭا، جېدەل - ماجىرادا باراتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى.

— بولىدۇ، مەن بۈگۈن ئاغىنىلىرىمگە دەپ، ئەتە قوراللىنىپ، ئاندىن ۋاڭ شىئېرنى ئىزدەيمەن، غوجىدار ئاكا، ۋاڭ شىئېر زادى نەدە؟ — دېدى كىچىك بايۋەچچە.

ۋاڭ شىئېر يوشۇرۇنۇپ تۇرغان كەنت قورۇققا يىراق بولغىنى بىلەن ناھىيە بازىرىغا يېقىن ئىدى. يولى ناچار بولسىمۇ، ئاتلىق ماڭسا بىرەر سائەتتە يېتىپ بارغىلى بولاتتى. گاۋ غوجىدار تاپان ھەققىنىمۇ ئوبدان ئالدى. ئەمدى ۋاڭ شىئېرنىڭ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان جايىنى دېمەيمۇ بولمايتتى. شۇڭا ئاغزىنى ئۇنىڭ قولىقىغا يېقىن قىلىپ پىچىرلاپ، ۋاڭ شىئېرنىڭ تۇرغان يېرىنى دەپ بەردى.

كىچىك بايۋەچچە خۇش بولۇپ:

— بەك يېقىن يەردىكەنغۇ، ھازىرلا بارساقمۇ بولىدىكەنغۇ، — دېدى.

— ياق، ھازىر بولمايدۇ، تەييارلىق قىلىپ ئەتە بارساڭلارمۇ ئۈلگۈرىسىلەر. مەن تېخى تاماق يېمىدىم، ماڭا تاماق كەلتۈرگىن، — دېدى گاۋ غوجىدار ئورۇندۇقتا كېرىلىپ ئولتۇرۇپ. كىچىك بايۋەچچە كۈتكۈچىنى چاقىرىپ تاماق

بۇيرۇتتى. بىر دەمدىلا ئۇستەلگە ھەر خىل تاماقلار كەلتۈرۈلدى. گاۋ غوجىدار تاماقنى ئاستا يېيىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ مەقسىتى ئىلاج قىلىپ ئۇنى تۇتۇپ تۇرۇپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، ئىشنى ئەتىگە سۈرۈش ئىدى. ئۇلار خېلى كەچ بولغاندا تالاغا چىقىشتى. كەچنىڭ سالقىن ھاۋاسىدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن كىچىك بايۋەچچە خوشلىشىپ كېتىپ قالدى. گاۋ غوجىدار بىردەم ئويلىنىپ، ھازىر قورۇققا بېرىپ بالا - چاقىلىرىنى ئېلىپ قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ ئېتىغا مىندى - دە ئۇرۇمچى تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

ۋاڭ شىئېر بىلەن بارات ليۇ ئانىنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ كەچ كىرىپ قالدى. ئۇ تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. ئۇلار يول تەييارلىقىنى قىلىپ بولغانىدى. ئات كەلسىلا يولغا چىقىپ كېتەتتى. كەچ بولغانسېرى ۋاڭ شىئېرنى يىغا باستى. بايا تەييارلىق قىلىۋاتقاندىمۇ نەچچە قېتىم يىغلىغانىدى، بارات ئۇنى بەزلەپ ئاۋارە بولاتتى. لېكىن ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا:

— بارات، بىلمەيمەن نېمىشقىكىنتاڭ، نەچچە كۈن بولدى يۈرىكىم ئاغىدىغان بولۇپ قالغان، بۈگۈن مېنى يىغا بېسىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى. بارات كۈلۈمسىرەپ:

— ھېچقىسى يوق، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى.

— خۇدايىم بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر.

بارات ئۇنىڭ يۈزىنى سىيلاپ، — بىز باشقا يەرگە ئورۇنلىشىۋالساق ھەممىنى ئۇنتۇپ قالىمىز، خاتىرجەم ياشايمىز، — دېدى.

كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە ئاز قالغاندا ئىشىك ئېچىلىپ، ليۇ ئانا كىرىپ كەلدى. ئۇ ناھايىتى ھېرىپ كەتكەچكە سۇپىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— خۇداغا شۈكۈر، ئات بېدىككىنى تېپىپ ئاتنى ئالدىم. مەن

ئات بېدىكى بىلەن ئات يېتىلەپ يۇرسەم كىشىلەر گۇمانلىنىپ قالمىسۇن دەپ كەچرەك مېڭىپ ئەمدى يېتىپ كەلدۇق. ئات باغنىڭ كەينىدە باغلاقلىق، ئات بېدىكى كېتىپ قالدى، — دېدى ۋە يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ، — مانا ئېشىپ قالغان پۇلۇڭلار، — دەپ بىرنەچچە كىچىك كۇمۇش تەڭگىنى ئۇلارغا سۇندى.

ۋاڭ شىئېر ئۇنى ليۇ ئانىغا ئىتتىرىپ:

— ليۇ ئانا، بۇ سىزگە قالسۇن. بىز سىزنى يەنە يوقلاپ تۇرىمىز، — دېدى.

— ياق، — دېدى ليۇ ئانا، — مەن دېگەن تۇل خوتۇن. مېنىڭ كىچىك بولسىمۇ مۇشۇ بېغىمدىكى مېۋىلەر، ئوتياشلىقىمدىكى كۆكتاتلار بار، كۈنۈمنى ئالالايمەن. لېكىن سىلەر جاننى ئالقانغا ئېلىپ ياقا يۇرتلارغا كېتىۋاتىسىلەر، شۇڭا سىلەرگە قالسۇن.

بارات ئارىغا چۈشۈپ، ئېشىپ قالغان تەڭگىنى مىڭ تەسلىكتە ليۇ ئانىغا ئالغۇزدى. ۋاڭ شىئېر يەنىلا يىغلامسىراپ ئولتۇراتتى. ليۇ ئانا ئۇنىڭغا:

— قىزىم يىغلىماڭ، «كەچتە يىغلىسا يامان بولىدۇ، شۇملۇقنى تىلەيدۇ» دېگەن گەپ بار، — دېدى.

لېكىن ۋاڭ شىئېر ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى. بارات كېلىپ ئۇنى بەزلەپ يىغىدىن ئاران توختاتتى. ليۇ ئانا:

— ئات كەلدى، ئېگەرلىرىمۇ تەييار، بېدىكىڭىزمۇ ئوبدان رازى قىلدىم. ئۇ بىزگە ئاتنىڭ ياخشىسىنى ئېلىپ بەرگەن ئوخشايدۇ. مەنمۇ ئاتنى مىنىپ كەلدىم، ئوبدان ماڭىدىكەن، — دېدى ۋە ئۇلارغا قاراپ يەنە، — قاچان يولغا چىقىسىلەر؟ — دەپ سورىدى.

بارات ۋاڭ شىئېرغا:

— ۋاڭ شىئېر، ئەگەر مۇمكىن بولسا هازىرلا يولغا چىقساق قانداق؟ — دېدى. ۋاڭ شىئېر بېشىنى سىلىپ تۇرۇپ:

— بارات، مېنىڭ كەتكىم كەلمەيۋاتىدۇ. ئاپامنى تاشلاپ كېتىممىزمۇ، نېمە بولسا مۇشۇ يەردە بىللە كۆرەيلى، — دېدى. بارات گەپ قىلماي جىم بولۇپ قالدى. ليۇ ئانا ۋاڭ شىئېرنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— قىزىم، تۈنۈگۈن ئاپىڭىز سىلەرگە رازىلىق بەردىغۇ، شۇڭا يولغا چىقساڭلار بولىۋېرىدۇ. ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش ئۆزۈڭلارنى دالدىغا ئېلىپ تۇرۇش. جاھان ئوڭشالغاندا كېلىپ ئاتا - ئاناڭلارنى تاپساڭلار بولىۋېرىدۇ. لېكىن ماڭساڭلارمۇ ھازىر يولغا چىقماڭلار، بەك كەچ بولۇپ كەتتى. قاراڭغۇدا يولدىن ئېزىپ قالىسىلەر، شۇڭا بۈگۈن ئۇخلاڭلار، ئاتلارمۇ دەم ئالسۇن، ئەتە ئەتىگەندە ناشتا قىلىپ يولغا چىقىڭلار، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېيىشتى ئىككىسى.

ئۇلار كەچ بولسىمۇ ئاتنى كۆرگىلى تالاغا چىقتى. باغنىڭ كەينىدىكى دەرەختە ئىككى ئات باغلاقلىق تۇراتتى. ئاتلار ئېگىز ھەم سېمىز ئىدى. بارات ۋاڭ شىئېرغا:

— ۋاڭ شىئېر، ئاتقا يالغۇز مىنەلەمسىز؟ — دېدى.

— نېمىشقا مىنەلمەيدىكەنمەن، — دېدى ۋاڭ شىئېر دەرھال، — مەن دېگەن يېزا قىزى، ۋاڭ مىڭئېرنىڭ سىڭلىسى، ئاكام مېنى دائىم ئاتقا مىندۈرۈپ ئوينىتاتتى.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى. بارات ئاتلارنىڭ ئېگەرلىرىنى ئېلىپ سوۋۇتتى. ئاندىن ئۆيگە كىرىپ، ليۇ ئانا بىلەن كەچلىك تاماق يېيىشتى.

## ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# قاچقانلار بىلەن قوغلىغانلارنىڭ دەريا بويىدا ئېتىشقانلىقى

كىچىك بايۋەچچە گاۋ غوجىدار بىلەن ئاشخانا ئالدىدا خوشلىشىپ، ئالدى بىلەن دوستى جاڭ جىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيى بازارغا يېقىن ئىدى. كىچىك بايۋەچچە ئۇنى دەرۋازا تۈۋىدىلا توۋلاپ چاقىردى. ئۇ تېخى ئۇخلىمىغان بولۇپ، چاقىرغان ئاۋازنى ئاڭلاپ دەرھال تالاغا چىقتى. كىچىك بايۋەچچە ئۇنى نېرىغا باشلاپ:

— يۈر، ھازىرلا فېڭ جەننى تاپايلى، ئۈچىمىزنىڭ دېيىشىدىغان مۇھىم ئىشىمىز بار، — دېدى.

— ھەرقانچە مۇھىم ئىش بولسىمۇ ئەتە دېيىشمەمدۇق، ھازىر كەچ بولۇپ كەتتى، بەلكىم بىز بارغىچە ئۇ ئۇخلاپ قالار.

كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى. جاڭ جى:

— ئۇنداق بولسا ھازىر فېڭ جەننى تاپايلى، لېكىن ئۇ يەرگە بارىدىغان ئىش بولسا ئەتە بارايلى، — دېدى.

— ياق، فېڭ جەننى ھازىرلا تېپىپ، بۈگۈن كېچىلەپ بولسىمۇ بارىمىز. مەن سىلەرگە شۇنچىۋالا پۇلنى بىكارغا خەجلەپ بېرەلمەيمەن. ھاجىتىم چۈشكەن چاغدا ياردەم قىلىشىڭلار كېرەك. — كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ يېڭىدىن تۇتۇپ ماڭدى. جاڭ جى ئامالسىز ئۇنىڭغا ئەگەشتى. فېڭ جەننىڭ ئۆيى بازاردىن

خېلى يىراق ئىدى. ئۇ ئىككىسى بارغىچە خېلى كەچ بولۇپ قالغانىدى، ئۇلار دەرۋازىنى قاققاندا فېڭ جەننىڭ ئاپىسى ئويغىنىپ چىراغ يېقىپ چىقىپ دېدى:

— يېرىم كېچە بولغاندا نېمە ئىشىڭلار بار؟

فېڭ جەننىڭ ئاپىسى ئوغلىنىڭ كېچىدە سىرتقا چىقىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتى. چۈنكى ئوغلى دوستلىرى بىلەن كېچىسى بىر چىقىپ كەتسە ئەتىسى كېلەتتى ياكى بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كېلەتتى. ئۇنىڭ مۇنداق ئەنسىرەيدىغانلىقىنى باشقىلارمۇ بىلەتتى. شۇڭا كىچىك بايۋەچچە:

— بىز يىراققا بارمايمىز، بىر دەم پاراڭلىشىپ ئۆيلىرىمىزگە كېتىمىز، فېڭ جەننى چاقىرىپ قويسىڭىز، — دەپ هويلىغا كىرىپ كەلدى. جاڭ جى دەرۋازا ئالدىدا قالدى. فېڭ جەننىڭ ئاپىسى كىچىك بايۋەچچىنىڭ كەينىدىن كىردى. فېڭ جەنمۇ هويلىدىكى تاراق - تۇرۇقنى ئاڭلاپ ئويغانغانىدى. ئۇ كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرمايلا:

— ئاغىنە، بۇ كېچىدە نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى.

— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ دەرۋازىغا چىققىن، جاڭ جى دەرۋازىدا ساقلاپ قالدى، ئۇچىمىز پاراڭلىشايلى، — دېدى كىچىك بانۋەچچە. فېڭ جەن ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىمىنى كىيىۋېتىپ:

— ئەتە پاراڭلاشساق بولماتتى؟ — دېدى.

— بۈگۈن پاراڭلاشمىساق بولمايدۇ، شۇڭا جاڭ جىنمۇ باشلاپ كەلدىم.

فېڭ جەن كىيىمىنى كىيىپ بولۇپ:

— يۈر ئەمىسە، كېچىدە دەيدىغان قانداق ئىشتۇ ئۇ، — دېدى. كىچىك بايۋەچچە ئۇنى دەرۋازىغا باشلاپ چىقىپ جاڭ جى ئىككىسىگە ئاغزىنى يېقىن قىلىپ بىر نېمىلەرنى پىچىرلىدى.

— ئەتە ئەتىگەندە يولغا چىقايلى، — دېدى جاك جى.

— ئاغىنىلەر، ئەگەر بىز ئادەم بولالايدىغان بولساق ئادەم دېگەننى كېچىسى ئۆيىگە بېرىپ ھېچكىمگە تۇيدۇرماي بولالايدىغان ئىش. شۇڭا ھازىر يولغا چىقساق، ئۇ كەنت يىراق بولمىغاندىكىن تاڭ ئاتقىچە ئۇنى بولاپ كېلەلەيمىز ياكى ئەتە كەچتە يولغا چىقىپ كېچىدە بولاپ كېلەيلى. كۈپكۈندۈزدە ئادەم بولالايدىغان ئىشنى قىلمايلى، — دېدى فېڭ جەن.

جاڭ جى كىچىك بايۋەچچىگە قارىدى. كىچىك بايۋەچچە گاۋ غوجىدارنىڭ «ۋاڭ شىئېر دېگەن پالۋاننىڭ سىڭلىسى، ساڭا بوي بەرمەيدۇ» دېگەن سۆزىنى ئەسلەپ، كېچىـــدە بېرىپ تۇتۇپ كەلمەكچى بولدى:

— ئۇنداقتا ھازىرلا يولغا چىقساق قانداق دەيسىلەر، ئاتلارمۇ ئېغىلدا تەييار تۇرۇپتۇ. گاۋ غوجىدارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قورال ئېلىۋېلىشىمىز لازىمكەن.

— ۋاڭ شىئېرنى ئۆزى يالغۇز يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ دېگەن ئەمەسمىدىڭ؟ — دېدى جاڭ جى.

— يالغۇزلۇقى يالغۇزكەن، ئەمما ئادەم بولالايدىغان ئىش بولغاچقا قارشىلىق كۆرسىتىدىغانلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇڭا بىر - ئىككىسىنى ئېتىۋېتىپ ئاندىن بولالايدىغان گەپ، ئۆيدە قورال بار، ئېلىۋالايلى.

جاڭ جى فېڭ جەنگە قارىدى. فېڭ جەن:

— بوپتۇ، ئادەم بولالايدىكەنمىز، قوراللانغىنىمىز ياخشى، — دېدى. ئۇلارنىڭ پارىڭى تۈگىگىچە فېڭ جەننىڭ ئايىسى يەنە دەرۋازىغا چىقىپ:

— بالىلىرىم، گېپىڭلار تۈگىدىمۇ؟ — دېدى.

فېڭ جەن ئاپىسىغا ئاچچىقلاپ:

— ئاپا، كارىڭ بولمىسۇن، پارىڭىمىز تۈگىگەندە بولارنى ئۆزىتىۋېتىپ قايتىپ كىرىمەن، — دېدى.

فېلىڭ جەننىڭ ئاپىسى يەنە:

— جېنىم بالىلىرىم، كېچىدە بىر يەرگە بارماڭلار جۇمۇ، خۇش بولاي، بىز ئاتا - ئانىلار بەك ئەنسىرەيدىكەنمىز، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، — پارتىيىمىز هازىرلا تۈگەيدۇ. ئوغلىڭىز ئۆيگە كىرىپ كېتىدۇ، بىزمۇ ئۆيىمىزگە كېتىمىز.

— ئۇنداق بولسا مەن خاتىرجەم بولاي، — فېلىڭ جەننىڭ ئاپىسى هويلىغا كىرىپ كەتتى. كىچىك بايۋەچچە دەرۋازا ئالدىدا يەنە بىردەم تۇرۇپ ئۇ ئىككىسىنى باشلاپ ماڭدى. ئۇلار خېلى مېڭىپ يامۇلنىڭ ئېغىلىغا كەلدى. كىچىــــك بايۋەچچە ئات باقاردىن ئۈچ ئاتنى سوراپ ئېلىپ، ئىككى ئاتنى ئاغىنىلىرىغا تۇتقۇزۇپ:

— سىلەر دەرۋازا ئالدىدا ساقلاپ تۇرۇڭلار، مەن ئۆيگە كىرىپ دادامغا «بىــز ماڭدۇق» دەپ قوياي، — دەپ ئۆيگە ماڭدى. ئات باقارمۇ ئۇنىڭ كەينىگە ئىشىنىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. فېلىڭ جەن بىلەن جاڭ جى ئاتنى تۇتۇپ تالادا ساقلاپ تۇردى.

كىچىك بايۋەچچە ئۆيگە ناھايىتى ئاستا مېڭىپ كىردى. ئاپىسى ئۇخلاپ قالغاچقا، هېچ نەرسىنى سەزمىدى. لېكىن چيەن دارىن ئوغلىدىن ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاچقا، ئوغلىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ كۈتۈپخانىسىدا كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. كىچىك بايۋەچچە دادىسىغا هازىر يولغا چىقماقچى بولغانلىقىنى دېۋىدى، ئۇ:

— بوپتۇ، ئوغۇل بالا دېگەن يۈرەكلىك ئىش قىلىشى كېرەك. قورقۇنچاقلىق قىلساڭ هېچ ئىشنى باشقا ئېلىــــپ چىقالمايسەن. قارىغىنا ۋاڭ خېنىمنى، ئەقىل ئىشلىتىپ قىزىنى «يۈرتقا تۇغقان يوقلىغىلى كەتتى» دەپ يالغان گەپ تارىتالىدى. ئەمەلىيەتتە قىزىنى مۇشۇ ئەتراپتا يوشۇرۇپ قويۇپتۇ، — دېدى.

— دادا، مەن سىزگە قايىل بولدۇم، سىز ھەقىقەتەن دانا ئىكەنسىز، — دېدى كىچىك بايۋەچچە.

— ئوغلۇم، مەن بۇنچىلىك ئەقىل ئىشلەتمىسەم قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا مال - دۇنيا يىغالايمەن؟ قانداق قىلىپ بىر ناھىيىنى سورىيالايمەن؟

ئوغلى كۈلۈپ كەتتى. چيەن دارىنمۇ كۈلۈپ:

— ئەگەر ۋاڭ شىئېرنى بۇلاپ كېلەلىسەڭ ھەممە ئىش ئوڭۇشلۇق بولىدۇ. مەنمۇ جىق ئاۋارىچىلىقتىن قۇتۇلىمەن، — دېدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، — كىچىك بايۋەچچە ئاپىسىغا كۆرۈنمەي چىقىپ كەتتى. چيەن دارىن ئۇنى ئۆيدىلا ئۇزىتىپ قويدى.

كىچىك بايۋەچچە دوستلىرى بىلەن قوشنا كەنتكە يېتىپ كەلگەندە تاڭ سۈزۈلۈشكە باشلىغانىدى. لېكىن جاھان ھېلىمۇ قاراڭغۇ بولغاچقا، گاۋ غوجىدار دېگەن ليۇ ئانىنىڭ ھويلىسىنىڭ قايسى ئىكەنلىكىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. شۇڭا ئۇلار مەھەللىگە كىرىپ، ئالدىرىماي مېڭىپ ھويلىلارغا سەپسېلىشقا باشلىدى. مەھەللىنىڭ ئايىغىغا كەلگەندە بىر ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئاپئاق ئىس سوزۇلۇپ سەھەر ئاسمىنىغا كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. فېڭ جەن مورىغا قاراپ كىچىك بايۋەچچىگە:

— سەن ۋاڭ شىئېرنى «بىر تەقۋادار ئايالنىڭ ئۆيىدە تۇرۇۋاتىدۇ» دېگەن ئەمەسمىدىڭ. ئۇنداقلار ئادەتتە سەھەردە ئورنىدىن تۇرىدۇ، بەلكىم ئۇ ئىس چىقىۋاتقان ئۆي شۇ ئايالنىڭ ئۆيى بولۇشى مۇمكىن، ياكى ئۇ ئۆيدىن ئۇنى سوراپ باقساقمۇ بولىدۇ، ھازىر باشقىلارنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇدا، — دېدى.

— بولىدۇ، — كىچىك بايۋەچچە ئېتىنى ئىس چىقىۋاتقان ھويلىنىڭ ئالدىغا تارتتى. ئۇلار ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشۈشمەي تام ئۈستىدىن قاراپ، ئۆينىڭ دېرىزىسى يورۇق

تۇرغانلىقىنى كۆردى. كىچىك بايۋەچچە ئۇ ئىككىسىگە:

— دەرۋازىنى قېقىپ باقايلى، — دەپ ئاتتىن چۈشتى. باشقىلار ئاتتىن چۈشمەي تامدىن دېرىزىگە قاراپ تۇرۇشتى. كىچىك بايۋەچچە دەرۋازىنى ئاستا قاقتى. ئۆيدىن ئادەم چىقىدىغاندەك ئەمەس. هويلا جىمجىت ئىدى. كىچىك بايۋەچچە دەرۋازىنى ئەمدى قاتتىقراق قاقتى. دېرىزىنىڭ يورۇقى ئۆچتى. فېڭ جەن كىچىك بايۋەچچىگە:

— بۇ هويلىدا چوقۇم بىر ئىش بار. ئۆينىڭ چىرىغى ئۆچتى، — دېدى. كىچىك بايۋەچچە قولىقىنى ئىشىككە تۇتۇپ دىققەت قىلدى. باشقىلار ئات ئۈستىدە هويلىغا قاراشتى. بىر چاغدا ئۆينىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئىككى ئادەم ئۆيدىن چىقىپ، باغقا غىپپىدە كىرىپ كەتتى. كەينىدىن بىر موماي چىقىپ، ئۇ ئىككىسى باغقا كىرىپ بولغاندىن كېيىن ئاندىن دەرۋازىغا ماڭدى. فېڭ جەن بىلەن جاڭ جى دەرهال ئاتتىن چۈشۈپ، كىچىك بايۋەچچىنىڭ يېنىغا كەلدى. باغقا كىرىپ كەتكەن ئۇ ئىككىسى بارات بىلەن ۋاڭ شىئېر ئىدى. ئۇلار سەهەردە ناشتا قىلمۇاتقاندا دەرۋازىنىڭ قېقىلغىنىنى ئاڭلاپ «گاۋ غوجىدار ئادەم باشلاپ كەپتۇ» دەپ گۇمان قىلىپ، چىراغنى ئۆچۈرۈپ، نەرسىلىرىنى ئېلىپ دەرهال ئۆيدىن چىقىپ باغقا كىرىپ كەتكەنىدى. ئۇلاردىن گۇمانلانغان فېڭ جەن بىلەن جاڭ جى دەرۋازىنى قاتتىق ئۇردى. ليۇ ئانا دەرۋازىغا كېلىپ:

— كىم؟ — دېدى.

ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا فېڭ جەن بىلەن جاڭ جى دەرۋازىنى تەڭلا تېپىپ ئېچىۋەتتى. دەرۋازىنى ئېچىشقا تەمشىلىپ تۇرغان ليۇ ئانا سونۇپ ئېچىلىپ كەتكەن دەرۋازىنىڭ قانىتى پېشانىسىگە تېگىپ ئوڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشتى. بۇ چاغدا باغدا ئۇپۇر - توپۇر قىلغان ئات تۇياقلىرىنىڭ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئۇلار باغنىڭ ئىشىكىگە باردى، دەل شۇ چاغدا ئىككى ئادەمنىڭ

شورىدىن چۈشۈپ، ئاتلارغا مىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى. ئۇلار باغنىڭ ئالدىدىن يېنىپ، دەرۋازا ئالدىدا ئوڭدىسىغا ياتقان مومايغا قارىدى.

— بۇ موماي ئۆلگەن ئوخشىمامدۇ، — دېدى جاڭ جى.

ليۇ ئانا تىنىق يوق ئۆلۈكتەك ياتاتتى. ئۇ ئۈچى بىر دەم بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. كىچىك بايۋەچچە ۋاڭ شىئېرنىڭ يالغۇز يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىغاچقا، بىرىنىڭ كىملىكىنى ئويلاپ، بايا قېچىپ كەتكەن ئىككىسىگە تېخىمۇ قىزىقىپ دېدى:

— ئۆلسە ئۆلمەمدۇ، بۇ سەھەردە بىزنى ھېچكىم كۆرمىدى. نېمىلا بولمىسۇن باغدىن قېچىپ كەتكەنلەرنى قوغلىشىمىز كېرەك. بەلكىم ئۇ ئىككىسىنىڭ بىرى ۋاڭ شىئېر بولۇشى مۇمكىن.

— سەن ۋاڭ شىئېرنى «يالغۇز يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپتۇ» دېمىگەنمىدىڭ؟ قاچقانلار ئىككى ئادەمغۇ، — دېدى فېڭ جەن.

— ياق، نېمىلا بولمىسۇن ئۇلار گۇمانلىق، ئۇلار ۋاڭ شىئېر بولمىغان تەقدىردىمۇ قېچىپ يۈرگەن ئوغرىلار بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنى چوقۇم قوغلىشىمىز كېرەك، — كىچىك بايۋەچچە شۇنداق دېدى - دە، كوچىغا چىقىپ ئېتىغا مىندى. فېڭ جەن بىلەن جاڭ جى دەرھال ئاتلىرىغا مىنىشتى. ئەمدىلىكتە ئاسمان سۈزۈلۈپ، ئەتراپ يورۇشقا باشلىغانىدى. ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ دالا تەرەپكە سەپسالدى. قاچقانلارنىڭ ئاتلىرىنىڭ تۇياق ئاۋازى سەھەردىكى جىمجىتلىقتا بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار قاچقانلارنىڭ ئانچە ئۇزاپ كەتمىگەنلىكىنى پەملەپ، كەينىدىن خېلى قوغلىغاندىن كېيىن، ئالدىدا كېتىۋاتقان ئىككى ئاتلىق كۆرۈندى. بۇ چاغدا تاڭ يورۇپ قالغانىدى. ئۇ ئىككى ئاتلىق جىنىنىڭ بارىچە چېپىپ كېتىۋاتاتتى. قارىماققا ئۇلار كېچىدە تۇيۇقسىز قاچقانلىقى ئۈچۈن

يولنى پەرق ئەتمەي، قارىسغا كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. تاڭ يورۇغانسېرى ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ دالا تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— بارات، بىز يولنى بىلمەي قېچىپتۇق، مۇنداق ماڭساق نەگە بارىمىز؟ — دېدى ۋاڭ شىئېر.

بارات كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا قاراپ:

— ئەمدى ئامال يوق، ئالدىمىزغا قاراپ چېپىۋېرەيلى. قوغلاپ كېلىۋاتقانلار بىزگە يېتىشىۋالمىسۇن، — دېدى. ۋاڭ شىئېر ئېتىنى ئىتتىكلەتتى. بۇ ئىككى ئات ھەقىقەتەن يۈگۈرۈك ئاتلار ئىدى. شۇڭا قوغلاپ كېلىۋاتقانلار يېقىنلىشالماي بارغانسېرى كەينىدە قېلىۋەردى.

كۈن چىقىپ ئەتراپ يورۇپ كەتتى. بارات ئەتراپقا قاراپ، ئۆزلىرىنىڭ دەريا تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى سەزدى. دەريادىن كېسىپ ئۆتۈپ بولسىمۇ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارنى يېقىنلاشتۇرماسلىق كېرەك ئىدى. ئەمدى ئۇلار دەريا بويىغا يېقىنلاپ قالدى. قوغلاپ كېلىۋاتقانلارمۇ ئۇدۇل كېلىۋاتاتتى. بۇ ھاۋا ئىسسىغان، تاغدىكى قارلار ئېرىپ، دەريا سۈيى ئۇلغايغان كۈنلەر ئىدى. بارات ۋاڭ شىئېرغا:

— ئېتىڭىز قانداقراقكەن؟ — دېدى.

— ئېتىم ناھايىتى ياخشى، سىز بىلەن قېلىشماي كېلىۋاتىمەنغۇ.

بارات ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ قويدى. ھەر ئىككىلىسى ئاتلىرىغا قاراشتى. ئاتلارنى قارا تەر بېسىپ كەتكەنىدى.

— مەن ئاتنى دەرياغا سالغاندا سىزمۇ كەينىمدىن تەڭ سېلىڭ، دەريادىن ئۆتۈپ كەتمىسەك بولمايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇلار بىزنى قوغلاپ يېتەلمەيۋاتىسمۇ، لېكىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتىدۇ. دەريادىن ئۆتۈپ كەتسەك ئۇلاردىن قۇتۇلۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، — دېدى بارات.

— بولىدۇ، — دېدى ۋاڭ شىئېر جىددىي قىياپەتتە.

بارات بىردەم چاپقاندىن كېيىن دەريانىڭ كەڭ يېرىدىن ئېتىنى دەرياغا سالدى. ۋاڭ شىئېرمۇ كەينىدىن ئات سالدى. ئىككى ئات بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئېقىنغا قارشى مېڭىپ، پۇتى يەرگە تەگمىگەن جايغا كەلگەندە ئۈزۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇزاق ئۈزمەيلا پۇتى دەريا تېگىگە يېتىپ، دەريادىن چاپچىپ چىقىپ كەتتى. كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقانلار دەريا بويىدا توختاپ، ئۇلار دەريادىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن شۇ جايدىن دەرياغا ئات سالدى. لېكىن جاڭ جىنىڭ ئېتى دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىگە كەلگەندە تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشتى، جاڭ جى ئېقىپ كەتتى. بىر چاغدا ئات بىلەن جاڭ جى ئايرىلىپ كېتىپ، جاڭ جى ئېقىپ كېتىۋەردى. ئات سۇنى بويلاپ ئۈزۈپ قىرغاققا چىقتى. كىچىك بايۋەچچە بىلەن فېڭ جەن ئېتىنى ئېقىنغا قارشى ماڭغۇزۇپ دەريادىن ئاستا چىقىشقا باشلىدى.

جاڭ جىنىڭ ئېتى ئۇلار دەريادىن چىققاندا يېنىغا كەلدى. جاڭ جى ئېقىپ كېتىۋەردى. كىچىك بايۋەچچە بىلەن فېڭ جەننىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمىدى. بۇ چاغدا بارات بىلەن ۋاڭ شىئېر دەريا بويلاپ ئاياغقا قاراپ چاپماقتا ئىدى. بۇ ئىككىسى قوغلىغانلارنى يەتكۈزمەي كېتىۋاتسىمۇ، قېچىپ نەگە بارارىنى بىلمەيتتى. بارات كۆپ ۋاقىتنى شۆتاڭدا ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ناھىيىدە چيەن دارىنغا تۇڭچىلىق قىلىپ سىرتلاردا كۆپ يۈرمىگەن بولغاچقا، سىرتنىڭ ئەھۋالىنى ئانچە ياخشى بىلمەيتتى. ۋاڭ شىئېر ئۆز قورۇقىدىن نېرى بارمىغانىدى. شۇڭا دەريا بويى ئۇ ئىككىسىگە ئانچە تونۇش ئەمەس ئىدى. ئۇلار كەينىگە قاراشتى، قوغلىغانلار خېلى كەينىدە بولسىمۇ توختىماي قوغلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدە جاڭ جىنىڭ ئېتىمۇ ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى. كۈن ئاللىقاچان ئۆرلەپ، يەر - جاھان ئىسسىپ كەتتى. دەريادا ئۇلۇغ سۇ ئىتتىك ئاقماقتا ئىدى.

ئالدىدا دەريانىڭ كەڭ يېرىدىن بىرى ئۆمىلەپ چىقىۋاتاتتى. ۋاڭ شىئېر ئۇنى باراتقا قولى بىلەن كۆرسىتىپ:

— بارات، ئاۋۇ دەريادىن ئۆمىلەپ چىقىۋاتقان ئادەم بىزنى قوغلاپ دەريادىن ئۆتەلمەي سۇغا چۈشۈپ كەتكىنى شۇ بولمىسۇن، — دېدى.

— بەلكىم شۇنداقتۇر، لېكىن بىزنىڭ كارىمىز نېمە، — دېدى بارات.

دەريادىن چىقىۋاتقان ئادەم سۇدىن چىقىپ ئاران ئۆرە تۇرۇپ، باراتلار ئۇدۇلىغا كەلگەندە قولىنى كۆتۈرۈپ بىر نېمىلەرنى دەپ توۋلىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ كارى بولماي ئۆتۈپ كېتىپ، ئۇزاق ماڭماي دەريا بويىدىكى بىر مازارغا توغرا كېلىپ قالدى. مازاردىن نېرىدا بىر دەرەخلىك كۆرۈندى. بۇ، مۇسۇلمانلارنىڭ قەبرىستانلىقى ئىدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان بارات ئېتىنى ئاستىلاتتى. ۋاڭ شىئېرمۇ ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ:

— بارات، قانداق قىلىمىز؟ — دېدى.

— مازارنى كېسىپ ئۆتمەي، يىراق بولسىمۇ دەريانى يانداپ ئۆتۈپ كېتەيلى، — بارات ئېتىنى دەريا تەرەپكە تارتتى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا ئەگەشتى. لېكىن ئىككى پاي ئوق كەينى - كەينىدىن ئېتىلىپ، ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتىغا تەگدى، ۋاڭ شىئېر ئاتتىن يىقىلىپ چۈشتى. بارات كەينىگە قارىدى. قوغلىغانلار ئۇلارغا خېلى يېقىندىن ئوق ئاتقانىدى. بارات دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ ۋاڭ شىئېرنىڭ يېنىغا كەلدى. بىر پاي ئوق ۋاڭ شىئېرغا تەگكەنىدى. ئۇنىڭ قاپقارا قويۇق چېچى ئارىسىدىن قان ئېقىپ، يۈز - كۆزىنى بويىۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ ئېتى يىقىلغان يېرىدە خارتىلداپ جان تالىشىۋاتاتتى. بارات تاپانچىسىنى چىقىرىپ، ۋاڭ شىئېرنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، قوغلاپ كېلىۋاتقانلارغا ئوق ئۈزدى. لېكىن ئوق ئەگىشىپ كېلىۋاتقان جاڭ جىننىڭ ئېتىغا تېگىپ، ئات يىقىلدى. كىچىك بايۋەچچە

بىلەن فىڭ جەن يېتىپ كەلدى. باراتتىمۇ تاپانچا بولغاچقا، ئۇلار يېقىن كېلەلمەي ئىككىسى ئىككى چەتكە ئۆتۈپ باراتنى قورشىۋالدى. باراتنىڭ ئۇلار بىلەن كارى بولماي ۋاڭ شىئېرغا قارىدى. ۋاڭ شىئېر بېشىنى مىدىرلاتتى - يۇ، كۆزىنى ئاچالمىدى. كىچىك بايۋەچچە بىلەن فىڭ جەن ئۇ ئىككىسىدىن خېلى يىراق بولسىمۇ، قوللىرىدىكى قوراللىرىنى تەڭلەپ يېقىنلاشقا باشلىدى. بارات ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىغا ئوق چىقىرىشنى بىلەلمەي ئۇياق - بۇياققا قاراپ قالدى. شۇ چاغدا ۋاڭ شىئېر كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنىڭ باراتنىڭ قۇچىقىدا ياتقانلىقىنى كۆرۈپ:

— بارات، بىز ھازىر نەدە؟ — دېدى. ئۇنىڭ كۆزى يەنىلا يۇمۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. بارات ئۇنىڭغا:

— ۋاڭ شىئېر، بىز دەريا بويىدا، كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، بىز چوقۇم قۇتۇلۇپ كېتەلەيمىز. ئۇلارنىڭ بىر ئېتىنى يىقىتتىم. ئىككىسى يېقىنلاپ كېلىشكە پېتىنالمايۋاتىدۇ. ئەگەر بىزنى قويۇۋەتمىسە ئۇلارنى چوقۇم ئېتىۋېتىمەن، — دېدى.

يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كىچىك بايۋەچچە بىلەن فىڭ جەن توختىدى، ئاتتىن چۈشۈپ ئاتنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ، بۇلارغا سەپسېلىشقا باشلىدى. بارات ۋاڭ شىئېرنىڭ بېشىنى سىيلىدى. ۋاڭ شىئېر كۆزىنى ئېچىپ ئىككى تەرەپكە قاراپ:

— بارات، ئۇلار كىملەر ئىكەن؟ — دېدى.

— گاۋ غوجىدار ئەمەس، بىرى كىچىك بايۋەچچىدەك قىلىدۇ، — دېدى بارات ئىككى تەرىپىگە نۆۋەت بىلەن قاراپ.

ئوڭ تەرەپتە ئاتنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان فىڭ جەن:

— ھەي، سەن باراتمۇ؟ — دېدى.

— فىڭ جەن، سەن بىزنى قوغلاپ نېمە قىلىسەن؟ — دېدى بارات.

فىلى جەن ئاتىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ:

— كىچىـــك بايۋەچچە، ئۇ بارات ئىـــكەن، قورقماي كېلىۋەرگىن، — دەپ ئۆزى ئالدىغا ماڭدى.

— نېمە دەۋاتىسەن، راست باراتمىكەن؟

— ھەئە، دەل ئۆزى، — فىلى جەن باراتنىـڭ ئالدىغا ماڭدى. لېكىن تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلىمەي تۇتۇپ ماڭدى. باراتمۇ ئۇنىڭغا تاپانچا تەڭلىمىدى. ۋاڭ شىئېر باراتنىڭ قوچىقىدا بىر قوزغىلىپ باراتقا يۆلىنىپ، يېقىن كېلىپ قالغان فىلى جەنگە:

— فىلى جەن ئاكا، بىزنى ئاۋارە قىلماڭلار، — دېدى.

— بارات، سەن شۆتاڭنىڭ ئوقۇغۇچىسىدەك كىيىنىۋالساڭ سېنى بىزدەك خەنزۇ دەپ قاپتۇق، — دېدى فىلى جەن. بارات ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي ھېلىمۇ بېشىدىن قان ئېقىپ تۇرغان ۋاڭ شىئېرنى قوچىقىدا يۆلەپ، بېشىنى ئېگىزرەك قىلىپ تۇتتى. كىچىك بايۋەچچىمۇ يېتىپ كەلدى. لېكىن ئۇ تاپانچىسىنى تەڭلەپ كەلگەنىدى. فىلى جەن ئۇنىڭغا:

— كىچىك بايۋەچچە، تاپانچاڭنى قوي. يېتىپ كەتكەن بارات مانا مۇشۇ. ئۇ ئەمدى بىزگە ئوق ئاتمايدۇ، — دېدى. كىچىك بايۋەچچە فىلى جەننىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ:

— ھەيران بولۇۋاتىمەن، مەن ئاتقان ئىككى پاي ئوقنىڭ بىرى ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتىغا، يەنە بىرى ئۆزىگە تېگىپ ساڭا تەگمەي قاپتۇغۇ، — دېدى.

— ئۇنى خۇدا ساقلىدى، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

لېكىن كىچىك بايۋەچچە باراتقا سوغ ھىجىيىپ:

— ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن توشقان تۇتقىلـى دالـــغا بـېرىـــپ ئىز ـ دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن باراتنىڭ مەن توي قىلماقچى بولغان ۋاڭ شىئېر خېنىم بىلەن بىللە تۇرغىنىغا ھەيرانمەن، — دەپ تـاپـانچىسنـى يـەنـە تەڭلىدى.

ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا:

— كىچىك بايۋەچچە، مەن سىزنى ياخشى كۆرمەيمەن، زادىلا ياخشى كۆرمەيمەن. ھەتتا سىزنى كۆرسەم قورقۇپ يۈرىكىم سېلىپ كېتىدۇ. بارات ئىككىمىزگە ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، بىزنىڭ كەينىمىزگە كىرىۋالماڭ، — دېدى. كىچىك بايۋەچچە تاپانچىسىنى قولىدا ئوينىتىپ تۇرۇپ:

— ۋاڭ شىئېر خېنىم، ئۇ دېگەن بىر مۇسۇلمان ئۇيغۇر، دادامنىڭ تۇڭچىسى. لېكىن سىز كىملىكىڭىزنى، مىللىتىڭىزنى، چوقۇنىدىغان بۇتساتۋانى، سېغىنىپ تاۋاپ قىلىدىغان ئەجدادلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— مەيلى، بارات ئاكام ئۇيغۇر بولسىمۇ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. سىزگە ھەرگىزمۇ تەگمەيمەن، — دېدى ۋاڭ شىئېر.

— خېنىم، — دېدى كىچىك بايۋەچچە زاڭلىق قىلىپ كۈلۈپ، — سىز ماڭا تېگەمسىز - تەگمەمسىز پەرۋايىم پەلەك. ماڭا خوتۇن دېگەن جىق. لېكىن سىزنى بۇلاپ كېتىپ بولسىمۇ خوتۇن قىلالايمەن.

— تىلىڭنى تارت، — دېدى بارات ئۇنىڭغا تاپانچىسىنى تەڭلەپ، — ۋاڭ شىئېرغا يەنە مۇشۇنداق ھۆرمەتسىزلىك قىلىدىكەنسەن ھازىرلا ئەدىپىڭنى بېرىمەن.

بۇ چاغدا كىچىك بايۋەچچە تاپانچىسىنى تەڭلىيەلمەي تەمتىرەپ قېلىپ، فېڭ جەنگە قارىدى. فېڭ جەنمۇ تاپانچىسىنى تەڭلەپ بولالماي تەمتىرەپ تۇراتتى. ئۇ ئىككىسى يېقىن تۇرغاچقا، مىدىرلىسا بارات ئوق چىقىراتتى. ۋاڭ شىئېر بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ:

— ئاكىلار، قارشىلاشماڭلار، مەن قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، بارات ئىككىمىز بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن. بىزمۇ يولىمىزغا ماڭايلى، سىلەرمۇ يولۇڭلارغا مېڭىڭلار. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى قىلايلى، — دېدى.

بارات ئۇ ئىككىسىنىڭ قولىغا دىققەت بىلەن قاراپ تۇردى. ۋاڭ شىئېر ئۇلارنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتتى، لېكىن ئۇ ئىككىسى گەپ قىلمىدى. شۇ چاغدا دەريا بويىدا بىرى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ كىيىمى ھۆل، ئىنتايىن چارچىغان بولۇپ، ئاران مېڭىپ بۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ۋاڭ شىئېر ئۇنىڭغا قارىدى، ئۇ دەريا تەرەپكە قارىشى بىلەن كىچىك بايۋەچچە، فېڭ جەنمۇ قارىدى. لېكىن بارات كۆزىنى يەنىلا ئۇ ئىككىسىدىن ئۈزمىدى. دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىشى يېقىنلاپ قالغاندا فېڭ جەن:

— كىچىك بايۋەچچە، ئۇ جاڭ جىغۇ. دەرياغا چۆكۈپ كەتكەن ئەمەسمىدى؟ — دېدى. كىچىك بايۋەچچە جاۋاب بەرمەي دەريا تەرەپكە قاراپلا قالدى. جاڭ جى فېڭ جەننىڭ گېپىنى ئاڭلىغانىدى. ئۇ:

— راست دېدىڭ فېڭ جەن، كىچىك بايۋەچچە ئىككىڭلار ۋاپاسىز ئىكەنسىلەر. مەن دەرياغا چۈشۈپ كېتىپ ئېقىپ كېتىۋاتسام سىلەر مېنى قۇتقۇزايمۇ دېمىدىڭلار، ئاغىنىدارچىلىق دېگەن شۇنچىلىكمۇ. لېكىن خۇدا مېنى قۇتقۇزدى، — دەپ بۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — بارات، ۋاڭ شىئېر، مەن سۇدا ئېقىپ كېتىۋېتىپ سىلەرنى تونۇغانىدىم. لېكىن سىلەرنى توۋلىسام ئاڭلىماي كېتىپ قالدىڭلار. بارات، نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن، ئۇلارنى ئاتامسەن، بىز ۋاڭ شىئېرنى بۇلاپ كەتكىلى كەلگەن.

شۇ چاغدا كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ئوق چىقاردى. ئۇ ئوڭدىسىغا يىقىلدى. فېڭ جەن باراتقا ئوق چىقاردى، لېكىن ئوق باراتنىڭ قۇچىقىدىكى ۋاڭ شىئېرغا تېگىپ، ۋاڭ شىئېرنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. بارات فېڭ جەنگە ئوق چىقاردى. فېڭ جەن ئالدىغا دۈم چۈشتى. كىچىك بايۋەچچە باراتقا ئوق چىقاردى. بارات ۋاڭ شىئېرنىڭ يېنىغا «گۈپ» قىلىپ يىقىلدى.

بىردەمنىڭ ئىچىدە بەش ئادەمدىن تۆتى يىقىلدى.

بۇلار بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرغاچقا، ئوق دەل جايىغا تەگكەندى. پەقەت كىچىك بايقۇشچىلا ساق ئىدى. ئۇ ۋالى شىئىرنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا قارىدى. باراتنىڭ بېشى ۋالى شىئىرنىڭ بىلىكىدە ئىدى. ھەر ئىككىلىسى تىنىقتىن قالغانىدى. كىچىك بايقۇشچە فېڭ جەننىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇنىڭ تىنىقى بار بولۇپ، كۆزى يېرىم ئوچۇق ئىدى. قورسىقىدىن قان ئېقىپ، ھەربىر نەپەس ئالغاندا قان بۇلدۇقلاپ چىقاتتى. كىچىك بايقۇشچە نېرىدىكى جاڭ جىنىڭ يېنىغا باردى. ئۇ يىقىلغان پېتى تىنىقتىن قالغانىدى. كىچىك بايقۇشچە يەنە فېڭ جەننىڭ يېنىغا كەلدى. فېڭ جەن ئۇنى كۆرۈپ گەپ قىلىشقا ئۇرۇندى ـ يۇ، لېكىن گېپىنى قىلالمىدى. كىچىك بايقۇشچە ئۇنىڭغا قارىغىنىچە ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەرگەنلىك بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، تاپانچىسىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ بېشىنىڭ كەينىدىن ئاتتى. يېنىچە يېتىپ قالغان فېڭ جەن ئوڭدىسىغا بولۇپ، بېشىنىڭ كەينىدىن قان ئېقىشقا باشلىدى. كىچىك بايقۇشچە تاپانچىسىنى يېنىغا سېلىپ ئەتراپقا قارىدى. ئەتراپتا ئۇچ ئاتتىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى. ئۇ بىرىپ باراتنىڭ ئېتىنى تۇتتى. چۈنكى بارات بىلەن ۋالى شىئىرنىڭ ئاتلىرى ئۇلارنى يېرىم كۈن قوغلىتىپ يېتىشتۇرمىگەنىدى. كىچىك بايقۇشچە ئاتنىڭ ئېگىرىنى باشقىدىن چىڭىتىپ مىنىپ، مازارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن نېرىقى كەتتىنىڭ دەرەخلىكىگە قاراپ ئات سالدى. ئەمما ئۇ مازاردىن ئۆتۈپ ئۇ تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرىنى كۆرۈپ، ئېتىنى دەريا تەرەپكە بۇرىدى، دەريا بويلاپ مېڭىپ دەريانىڭ كەڭ يېرىگە كەلگەندە ئاتنى دەرياغا سېلىپ، دەريادىن ئۆتۈپ كەتتى. دەريانىڭ ئۇ چېتىدە ئۇرۇمچىگە بارىدىغان يول بار ئىدى. كىچىك بايقۇشچە يولغا چۈشۈپ كەينىگە قارىماي ماڭدى.

كىچىك بايقۇشچە كۆرگەن ھېلىقى ئادەم ئايال ئىدى. ئۇ ئايال خۇددى نەگە بېرىپ، نەدە تۇرىدىغانلىقىنى بىلمىگەندەك

ئۇياققا، بۇياققا قاراپ، بىردەم توختاپ، بىردەم مېڭىپ ھاڭۋاققاندەك كېلىۋاتاتتى. كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتسىمۇ ئۇنىڭغا دىققەت قىلماي، مازارغا كېلىۋەردى. ئۇ مازارغا يېتىپ كېلىپ، مازارنىڭ بېشىدىلا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. بىر چاغ بولغاندا دۇئادىن تۇرۇپ، قەبرىلەرنى ئاستا ئارىلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئاق داكا ياغلىقى دەريا تەرەپتىن كېلىۋاتقان شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ قەبرىلەرنى ئارىلاپ مازارنىڭ بۇ چېتىگە كېلىپ، ئالدىدا ياتقان جاڭ جىنىڭ جەسىتىگە كۆزى چۈشۈپ، ئۆرە تۇرغان پېتى كۆز يېشى قىلدى. جەسەت ئالدىدا ئۇزاق تۇرمايلا جەسەتنى ئايلىنىپ نېرىراق كېلىپ فېڭ جەنىنىڭ جەسىتى يېنىغا كەلدى. خۇددى ئۇنىڭدىن قورققۇسى كەلگەندەك بىردەم قاراپلا يەنە نېرى كەتتى. ئايال يەنە سەل نېرىراقتىكى قىزىل كۆڭلەكلىك ۋاڭ شىئېرنىڭ جەسىتىگە كۆزى چۈشۈپ، يېنىغا كېلىپ بىردەم قاراپ ئۆز - ئۆزىگە «بۇ ئايال ئىكەن» دەپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، يانچۇقىدىن قول ياغلىق چىقىرىپ ۋاڭ شىئېرنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويدى. ئۇنىڭ بىلىكىدە ياتقان باراتقا بىر قاراپ قويۇپلا دەس تۇرۇپ، ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. دەل شۇ چاغدا دەريانىڭ باش تەرىپىدىن كېلىۋاتقان بىر قورۇ قوي مازارغا يېقىنلاپ قالغانىدى. قويلارنى ئون نەچچە ئادەم ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلار يەرلىك بۇلاڭچىلار بولۇپ، ئوغرىلاپ كەلگەن چارۋىلارنى ئەتراپتىكى يېزىلارغا ياكى بازار كۈنى ناھىيىگە ئاپىرىپ سېتىۋېتەتتى. شۇڭا قويلارنى ئىتتىك ھەيدەپ ماڭغاچقا، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. ئۇلار مازارغا يېقىنلاپ قەبرە ئالدىدا تۇرغان ئايالنى كۆرۈپ، قويلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ قويلارنى توختاتتى. قويلارنىڭ تۇيۇقسىز توختاپ قالغانلىقىغا ھەيران بولغان كەينىدىكى ئادەملىرىنىڭ ئىككىسى ئات چاپتۇرۇپ كەلدى. ئۇلار ئالدىدىكى تۆت جەسەتكە كۆزى چۈشۈپ، ئاتلىرىنى دەرھال توختىتىشتى. لېكىن ئايال

ئۇلارنى كۆرمىگەندەك جىم تۇراتتى. جەسەتلەرنىڭ يېنىدا بىخىرامان تۇرغان ئايالدىن ھېلىقى ئىككىسى قورقۇپ بىر - بىرىگە ئىشارەت قىلىشىپ ئېتىنى ياندۇرۇپ ئادەملىرىنىڭ ئالدىغا چېپىپ باردى. ئۇلارنىڭ باشلىقى:

— مازارنىڭ ئالدىدىن قايتىپ كەلدىڭلارغۇ؟ — دېدى.

— ئاكا، بىز مازارنىڭ ئالدىغا بېرىپ قورقۇپ قايتىپ كەلدۇق. بىر ئۇيغۇر ئايال بىزنى كۆرۈپ گەپ قىلماي ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۆت جەسەت تۇرىدۇ، جەسەتلەرنىڭ ھەممىسى خەنزۇ ئىكەن، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

— نېمە؟ — دېدى باشلىقى ھەيران بولۇپ.

— راست شۇنداق، قىزىل كۆڭلىكى بار جەسەتنىڭ يۈزىگە قولياغلىق يېپىقلىق تۇرىدۇ. بەلكىم ئۇنى ھېلىقى ئايال يېپىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇلارنىڭ يەنە بىرى.

باشلىقى ھەيران بولۇپ:

— ئۇ ئايالنىڭ قولىدا قورال بارمىكەن؟ — دېدى.

— ياق، قولىدا پەقەت بىر تاياق بار ئىكەن. ئۇ ئايال ئۆزىمۇ ئاران تۇرىدۇ، — دېدى ئۇلارنىڭ بىرى.

— مېنىڭچە، ئۇ ئايال ساق ئەمەس ئوخشايدۇ، بىزنى كۆرۈپمۇ گەپ قىلمىدى، — دېدى يەنە بىرى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى باشلىقى، — بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. بىزگە جىن - ئالۋاستى يولۇققان ئوخشايدۇ. شۇڭا ئېلىپ كەلگەن ماللارنى ناھىيە بازىرىغا ئاپىرىپ ساتماي، يېزىلارغا ئاپىرىپ ئەرزان باھادا سېتىپ ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتەيلى، ناھىيىگە بارساق چوقۇم تۇتۇلۇپ قالىمىز.

ئۇلار ماللارنى مازارنى يانداپ ھەيدەپ ماڭدى. ئۇلار دەل مازارغا كەلگەندە ئۇ ئايالنى، ئەتراپىتىكى تۆت جەسەتنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ قورقۇپ، ماللىرىنى ئىتتىك ھەيدەپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلار مازاردىن ئۆتۈپ بولۇپ كەينىگە قاراشتى. ئۆرە

تۇرغان ئايال ئەمدى جايىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى. بولاكچىلار بارغانلا يېرىدە ماللارنى ساتقاچ، مۇسۇلمانلار مازىرىدا كۆرگەن بۇ ئىشلارنى كىشىلەرگە چۆچەك ئېيتقاندەك سۆزلەپ بەردى. ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ ناھىيە بازىرىغىمۇ يەتتى. تۇرداخۇنمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاچىسى نەچچە كۈندىن بېرى ئۆيگە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ئەتىسى ئادەم باشلاپ مازارغا يېتىپ كەلدى. مازارنى ئاختۇرۇپ بىر يەردە ياتقان بەش جەسەتنى تېپىشتى. ئارىسىدىكى ئاق داكا ياغلىق، قارا كەمزۇل كىيگەن جەسەت دەل ئۇنىڭ ئاچىسى جىمىلىخان ئىدى. ئۇلار جەسەتلەرنى ھارۋىغا سالغىچە ئارىسىدىن باراتنى، ۋاڭ شىئېرنى تونۇۋېلىشتى. ناھىيىگە بارغاندا فېڭ جەننىڭ، جاڭ جىننىڭ ئاپىسى ئوغۇللىرىنىڭ جەسەتلىرىنى تونۇۋېلىشتى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## سىرنىڭ ئاشكارىلىنىشى

بىرنەچچە كۈندىن بېرى چيەن دارىنغا ئارامچىلىق بولمىدى. ئۆيگە كىرسە دارىن خېنىم ئۈنىڭغا «ئوغلۇمنىڭ ئىشىنى مەندىن يوشۇرۇپسىز، ئاقىۋەتتە ئوغلۇم مانا ھېلىغىچە يوق» دەپ تاپا - تەنە قىلاتتى. ئىشخانىغا بارسا فېڭ جەن بىلەن جاڭ جىنىڭ ئاپىسى كېلىۋېلىپ، «ئوغلىمىزنى سىزنىڭ ئوغلىڭىز كېچىدە باشلاپ ئېلىپ چىقىپ كەتكەن، ئەمدى بالىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، بالىڭىزنى تېپىپ بېرىڭ» دەپ قىستايتتى. شۇڭا ئۇ ئوغلىغا «ۋاڭ شىئېرنى بۇلاپ كېتىپ خوتۇن قىل» دېگىنىگە ئىنتايىن پۇشايمان قىلدى، لېكىن بۇ ئىشنى ھېچكىمگە ئېيتالمايتتى.

بىر كۈنى ئەتىگەندە چيەن دارىن جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى. ئۇ ئىككىسى كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن چيەن دارىن كاتىپىنى چىقىرىۋېتىپ:

— بىز بۇ ناھىيىدە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىرگە خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتىمىز. لېكىن سىلەر كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، مەن ھازىر ئۆيدىمۇ، تالادىمۇ تەڭلىكتە قېلىپ، ئىنتايىن ئوسال ئەھۋالدا قالدىم. ئۆيدىكىنىغۇ بىر ئامال قىلغىلى بولىدىكەن، ئەمما تالانىڭ تەڭقىسلىقى يامان بولۇۋاتىدۇ. مەن قانداق قىلىشىم كېرەك؟ شۇڭا ھەرقايسىڭلارنى مەسلىھەتكە چاقىرتتىم، — دېدى.

ھېچكىمنى كۆزگە ئىلمايدىغان، ھېلىغىچە بىر ئادەمدىن مەسلىھەت ئېلىپ باقمىغان بۇ تەكەببۇر ھاكىمنىڭ ئەمدى بېشىغا كۈن چۈشكەنلىكىنى كۆرۈۋاتقان جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى بىر - بىرىگە مەنىلىك قاراپ قويۇشتى. چيەن دارىن بېشىنى سىيلاپ پات - پات ئۇھ تارتاتتى ۋە ئۇ ئىككىسىگە تەلمۈرگەندەك قارايتتى. بىر چاغدا جيا بېگىم:

— ھاكىم جانابلىرى، ئوبدان گەپ قىلدىڭىز. بەش جەسەتنىڭ بىر يەردە بولۇشى، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى ئىككىسى بىلەن بىللە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن ئوغلىڭىزنىڭ ھازىرغىچە تېپىلماسلىقى ھەممىمىزگە ئىنتايىن گۇمانلىق تۇيۇلۇۋاتىدۇ. شۇڭا بەش جەسەتنىڭ بىر يەردە، بىر ۋاقىتتا تېپىلغانلىقىنى چوڭ بىر دېلو قىلىپ ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە يوللايلى، لەشكەر چىقىرىپ ئوغلىڭىزنى ئىزدەيلى. شۇ چاغدا سىر يېشىلىشى مۇمكىن، — دېدى.

چيەن دارىن بېشىنى تۇتۇپ قالدى. ئۇ جيا بېگىم ئۇرۇمچىگە بېرىپ ۋالىي بىلەن سۆزلىشىپ، بۇ ئىشلارنى يوققا چىقىرىۋېتىدىغان ياكى سۇرۇشتۇرمەيدىغان بىرەر ئامالنى كۆرسىتەمدىكىن، دېگەن ئۈمىدتە ئىدى. لېكىن جيا بېگىم ئۇنداق دېمەي، ئۇنى تېخىمۇ غەمگە سېلىپ قويدى. ئۇ ئۇزاققىچە گەپ قىلماي جىمىپ كەتكەچكە، جاڭ لەشكەر بېگى:

— ھاكىم جانابلىرى، باراتنىڭ جەستى تېپىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۈچ دوستى قېنى؟ ھېلىغىچە باراتلارنىڭ ئىز - دېرىكى بولمىغاچقا، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى گەپ - سۆزمۇ ئازلاپ قالغانىدى. ئەمدى باراتنىڭ جەستى تېپىلىپ گەپ - سۆز تېخىمۇ ئاۋۇپ كەتتى. بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە بىز مۇشۇ ناھىيىنىڭ ئەمەلدارلىرى جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. ھاكىم جانابلىرى، ھازىر بىزمۇ ئىنتايىن غەمدە قالدۇق، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى جيا بېگىم جاڭ لەشكەر بېگىگە

قاراپ قويۇپ، — ئايالىمنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىن ئاڭلىشىچە، كىشىلەر «كىچىك بايۋەچچە ۋاڭ شىئېرنى ئالىمەن دەپ يۈرەتتى، بەش جەسەتنىڭ بىرى ۋاڭ شىئېر ئىكەن. بۇ يەردە چوقۇم بىر گەپ بار» دېيىشىدىكەن. ھاكىم جانابلىرى، بۇ ئىشنى چوقۇم دېلو قىلىپ يۇقىرىغا مەلۇم قىلىڭ، ئوغلىڭىزنى تېپىشنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ، شۇنداق قىلالىسىڭىز ھەممىنى قايىل قىلالايسىز.

ئىككى ئەمەلدار چيەن دارىن كۆتكەندەك گەپلەرنى قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، چيەن دارىننىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلدى. جاڭ لەشكەر بېگى يەنە:

— ھاكىم جانابلىرى، ھازىر ۋاڭ خېنىم ئاغرىپ قاپتۇ، ئايالىم تۈنۈگۈن بېرىپ يوقلاپ كەپتۇ. ئۇنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، ۋاڭ خېنىم «مەن ھازىر بىتاپ بولۇپ قالدىم، ساقايغاندا چيەن دارىن بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشىمەن» دەپتۇ. قارىماسىز، ئوغلى، ئېرى ھەم قىزىدىن ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالغان باي خوتۇن سىز بىلەن كۆرۈشىمەن دەۋاتسا، قارانچۇقسىز قالغان قېلىڭ جەن بىلەن جاڭ جىننىڭ ئاپىسى ھەر كۈنى دېگۈدەك سىزنى ئىزدەپ كېلىۋاتسا، بۇ ئىشلارنى ئۆزىڭىز ھەل قىلماي كىم ھەل قىلىدۇ؟ — دېدى.

چيەن دارىن قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم بولۇپ قالدى.

— ئۇيغۇرلار نېمە ئىش بولسا ئاللانىڭ ھۆكۈمى، ئەلھۆكمىللا دەپ بىزدەك دەۋا ـ دەستۇر قىلىپ كەتمەيدىغان خەقكەن. شۇڭا تۇرداخۇنمۇ تۈرمىدە بىگۇناھ ياتقانلىقىنىڭ دەۋاسىنى قىلمىدى. بۇ بەش جەسەتنىڭ پاراكەندىچىلىكى بىلەن تۇرداخۇننىڭ زېمىنىنى تۆلەپ بېرىش مەسىلىسىنىمۇ مۇزاكىرە قىلمىدۇق. لېكىن مەنچىڭ ھۆكۈمىتى ئادىل ھۆكۈمەت، ناھەق ئىشلارنى سۈرۈشتۈرىدۇ، بۇ بەش جەسەتنىڭ ئىشىنى چوقۇم سۈرۈشتۈرىدۇ. شۇنداق ئىكەن، باراتنىڭ بىللە يوقاپ كەتكەن

ئۈچ ئاغىنىسىنىڭ ئىشى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈلىدۇ، — جىيا بېگىم شۇنداق دەپ جاڭ لەشكەر بېگىگە بىر قاراپ قويىدى. جاڭ لەشكەر بېگى بېشىنى لىڭشىتتى. چيەن دارىن بىر ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تەرلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ:

— جىق ئويلاندىم، سىلەرنىڭ دېگىنىڭلار ھەقىقەتەن توغرىكەن. مەن ئەمدى ئۆزۈمنىڭلا غېمىنى قىلماي، باشقىلارنى ئويلاپ ئىش قىلاي. سىلەرنىڭ مەسلىھەتىڭلار بويىچە ئالدى بىلەن بەش جەسەت دېلوسىنى مەلۇم قىلاي. جاڭ لەشكەر بېگى، سىز ئوغلۇمنى ئىزدەپ تېپىشقا لەشكەر چىقىرىڭ، بەلكىم ئۇ ئۈرۈمچى تەرەپتە بولۇشى مۇمكىن. لەشكەرلەرنى بالدۇرراق چىقىرىڭ. ئوغلۇم ئىچكىرىگە قېچىپ كەتمىسۇن، — دېدى.

— خوپ! — جاڭ لەشكەر بېگى ئورنىدىن دەس تۇردى.

جىيا بېگىم:

— ھاكىم جانابلىرى، مانا بۇ توغرا بولدى. ئوتنى كىم تۇتسا شۇنىڭ قولى كۆيىدۇ. سىز - بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىمىز بەش جەسەت دېلوسى توغرىسىدىكى ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش، — دېدى.

چيەن دارىن ئەمدى ئۇ ئىككىسىگە ئېچىلىپ قارىدى. جىيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى بىر - بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

لەشكەرلەر كىچىك بايۋەچچىنى بىر ئاي ئىزدەپ - سۈرۈشتۈرۈپ ئاخىرى ئۈرۈمچىدە بىر پاھىشە ئايالنىڭ ئۆيىدىن تېپىپ كەلدى. ئۇنىڭ تېپىلىشى بىلەن ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى دەرھال ناھىيىگە يېتىپ كېلىپ تەكشۈرۈش خىزمىتىنى باشلىۋەتتى. بەش ئادەمنىڭ ئۆلۈشى ناھايىتى چوڭ ۋەقە ھېسابلىنىپ، ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسى بۇ دېلونى قوبۇل قىلىپ جىددىي تۇتتى. تەپتىش ئەمەلدارى ناھىيىگە كېلىپ ئەتىسى سولاقخانىغا كەلدى. كىچىك بايۋەچچە يالغۇز كىشىلىك كامېردا ئىدى. كامېر قاراڭغۇ

بولغاچقا، گوندىپايلار چىراغ كۆتۈرۈپ كىرىپ كېلىشتى.
تەيتىش ئەمەلدارى بىلەن كاتىپى كىچىك بايۋەچچىگە قارىدى.
ئۇنىڭ چىرايىدىن ئازراقمۇ مەھبۇسلۇق ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.
ھەتتا ئالدىدا تۇرغان تەپتىش ئەمەلدارىدىنمۇ ئەيمەنمەي ھېجىيىپ تۇراتتى، شۇڭا تۇرمە باشلىقى ئۇنىڭغا:

— كىچىك بايۋەچچە، ھەيۋەڭ تېخى چۈشمىگەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى. ئۇنىڭ گېپىدىن كىچىك بايۋەچچە سەل قورۇنغاندەك، بېشىنى سېلىپ تۇردى. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپى جوزىغا دەپتەر - قەلەملىرىنى قويۇپ بولغاندىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى سوراقنى باشلىدى:

— ئىسىم - فامىلەڭ نېمە؟

— چيەن جياجۈي.

— چيەن جياجۈي، نېمىشقا قېچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرسەن؟

كىچىك بايۋەچچە ئالاقزادىلىك بىلەن ئەتراپىغا قاراپ ئاندىن بېشىنى سېلىپ جىم بولدى. بۇ سوئال ئۇنى ئىنتايىن تەمتىرىتىپ قويدى. بۇ سوئالغا توغرا ۋە تولۇق جاۋاب بەرسە، ئۇنىڭ قىلغان - ئەتكەنلىرىنىڭ ھەممىسى بىر باشتىن چۇۋۇلۇپ چىقاتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆزى پاش قىلغۇسى كەلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پاش بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، چالا ئۆلۈك قىلىپ جەننى ئېتىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ:

— مەن مۇشۇنداق ئەيش - ئىشرەت بىلەن ئويناپ كۈلۈپ ئۆتكەن ئادەم. شۇڭا ئۇرۇمچىدە ئاشنامنىڭ ئۆيىدە تۇردۇم، — دېدى.

— خوش، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى، — ئاشنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرغان ئادەم بىر - ئىككى كۈن تۇرىدۇ، بىر ئايدىن ئارتۇقمۇ تۇرغان بارمۇ؟ — كىچىك بايۋەچچىنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتتى. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭ جاۋاب بېرىشىنى كۈتتى، لېكىن ئۇ جاۋاب بەرمىدى. تەپتىش ئەمەلدارى يەنە:

— چيەن جياجۇي، — دېيىشتى كىچىك بايقۇشچە بېشىنى كۆتۈردى. تەپتىش ئەمەلدارى ئەمدى ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — تۆۋەندە سورىغان سوئاللارغا بىر - بىرلەپ توغرا جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى. كىچىك بايقۇشچە چۆچۈگەندەك ئۇنىڭغا بىر قاراپ قويدى. تەپتىش ئەمەلدارى ناھايىتى كەسكىن تۇردە ئېيتتى، — سەن ئېغىلدىن ئېلىپ چىقىپ كەتكەن ئاتلارنىڭ بىرى دەريا بويىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. قالغان ئىككىسى بار ئىكەن. سەن قايسى ئاتنى مىنىپ قاچتىڭ؟

بۇ سوئالدىن ئۇنىڭ خېلى كۆپ ئىشلارنى ئىگىلەپ بولغانلىقىنى سەزگەن كىچىك بايقۇشچە پەسكويغا چۈشۈپ:

— بارات مىنگەن ئاتنى مىنىپ قاچتىم، — دېدى.

— نېمىشقا ئۆزۈڭنىڭ ئېتىنى مىنمەي باراتنىڭ ئېتىنى مىنىسەن؟

كىچىك بايقۇشچە بۇ سوئالنى ئاددىي چاغلاپ دەرھال جاۋاب بەردى:

— بارات بىلەن ۋاڭ شىئېر مىنگەن ئات بەك تېز چاپىدىكەن، بىز يېرىم كۈن قوغلاپ ئۇلارغا يېتەلمىدۇق. ئەگەر ئوق ئاتمىغان بولسام ئۇ ئىككىسى قېچىپ كەتكەن بولاتتى. ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتى ئۆلدى. شۇڭا باراتنىڭ ئېتىنى مىنىپ قاچتىم.

— ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتىنى كىم ئاتتى؟

— مەن ئاتتىم.

— تۇرداخۇن دەريا بويىدىكى مازاردا بەش جەسەت بارلىقىنى ئاڭلاپ ئادەم باشلاپ مازارغا بارغاندا نەق مەيدان تېخى بۇزۇلمىغان. ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتىمۇ يىقىلغان جايىدا تۇرغان. لېكىن ۋاڭ خېنىمنىڭ قىزىغا «خىراجەت قىلىڭلار» دەپ بەرگەن بىر خالتا ئالتۇن - كۈمۈشى يوقتۇ؟ — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى غەزەپ بىلەن.

كىچىك بايقۇشچە ئەمدى باھانە - سەۋەب

كۆرسەتمەي:

— مەن قاچىدىغان چاغدا ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتىنىڭ يېنىغا بارمىدىم. لېكىن مەن مىنىپ قاچقان باراتنىڭ ئېتىدا ئۇيغۇرلار ئىشلىتىدىغان بىر خۇرجۇن بار ئىكەن. ئۇرۇمچىگە كېلىپ خۇرجۇننى ئاختۇرسام ئىچىدىن بىر ئېغىر خالتا چىقتى، ئۇنىڭدا ئالتۇن - كۈمۈش بار ئىكەن، — دېدى.

— ئۇلار قېنى؟

— بەتخەجلىك قىلىپ بۇزۇپ چاچتىم، لېكىن كۆپى بار، ئالتۇنلار ئاشنامىنىڭ ئۆيىدە.

— شۇڭا سەن ئاشناڭنىڭ ئۆيىدە بىر ئايدىن ئارتۇق خاتىرجەم تۇرۇپسەن - دە.

— چيەن جياجۇي، دوستۇڭ جاڭ جىنىڭ جەسىتى قېنى جەن، بارات ۋە ۋاڭ شىئېرنىڭ جەسىتىدىن خېلى يىراقتا دەريا تەرەپتە تۇردۇ. ئۇ قانداق ئۆلدى؟

كىچىك بايۋەچچە ئۇلارنىڭ ئەھۋالنى بىلىپ قالغانلىقىنى پەملەپ، ئەمدى نېمە سورىسا شۇنىڭغا توغرا جاۋاب بەرمەكچى بولدى:

— بىز بارات بىلەن ۋاڭ شىئېرنى قوغلاپ دەريادىن ئۆتكىچە جاڭ جىنىڭ ئېتى تاشقا پۇتلىشىپ كېتىپ ئات بىلەن ئىككىسى دەريادا ئېقىپ كەتتى. بىز ئۇنى قۇتقۇلدۇرمىدۇق، لېكىن ئۇنىڭ ئېتى دەريادىن ئۈزۈپ چىقتى. ئۆزى مازارنىڭ يېنىدا دەريادىن چىقتى. ئۇ ھېرىپ ئاران ماڭاتتى، ئۇ يېنىمىزغا كېلىۋېتىپ يىراقتىنلا بىزنى «ۋاپاسىز» دەپ تىللىغىلى تۇردى، شۇڭا مەن ئۇنى ئېتىۋەتتىم.

— ۋاڭ شىئېر قانداق ئۆلدى؟

— جاڭ جى تۇيۇقسىز پەيدا بولغاندا بىز ئۇنىڭغا قارىدۇق. لېكىن بارات ئۇنىڭغا قارىماي تاپانچىسىنى قېنىڭ جەن بىلەن ماڭا تەڭلەپ تۇرۇۋالدى. گەرچە بىزدە تاپانچا بار بولسىمۇ

ئاتالمايتتۇق. بارات تاپانچىسىنى بىز گە تەڭلەپ تۇرغاچقا، مىدىرلىساقلا ئېتىۋېتەتتى. جاڭ جى پەيدا بولۇپ قالغاچقا، مەن پاش بولۇپ قېلىشىمدىن قورقتۇم. چۈنكى بىز ئۇنى دەريادىن قۇتۇلدۇرمىغاچقا ئۇ كېلىۋېتىپ باراتقا «نېمىشقا قاراپ تۇرىسەن، بىز ۋاڭ شىئېرنى بۇلىغىلى كەلگەن» دەپ بارات تەرەپكە ئۆتۈۋالدى. شۇڭا مەن چاققانلىق قىلىپ ئۇنى ئېتىۋەتتىم، دىققىتىمىز تېخىمۇ چېچىلدى. فېڭ جەن باراتنىڭ قولىدا تۇرغان ۋاڭ شىئېرنى ئاتتى، بارات فېڭ جەننى ئاتتى. مەن باراتنى ئاتتىم. مانا بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەردى.

— بىر ئات سىلەردىن خېلى يىراقتا ئۆلۈپ قاپتۇ، بۇ نېمە ئىش؟

— ئۇ جاڭ جىنىڭ ئېتى ئىدى. ئۇ ئات دەريادىن چىقىپ بىزگە ئەگىشىپ كەلدى. مەن باراتلارغا قارىتىپ ئىككى پاي ئوق ئاتقاندا ۋاڭ شىئېرنىڭ ئېتى يىقىلدى. شۇ چاغدا باراتمۇ بىزگە ئوق چىقاردى. لېكىن ئوق ئارىمىزدا كېلىۋاتقان جاڭ جىنىڭ ئېتىغا تېگىپ ئات ئۆلدى.

تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قارىدى. كاتىپ قەلىمىنى قويۇپ:

— چيەن جياجۈي، ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر پاي ئوقتىلا ئۆلدىمۇ؟ — دېدى.

— ياق، بارات بىر قولى بىلەن ۋاڭ شىئېرنى يۆلەپ، يەنە بىر قولى بىلەن تاپانچىنى دەل تەگكۈزەلمىگەچكە فېڭ جەن چالا ئۆلۈك ئىدى. ئەگەر مەن ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالسام ئۇ ھامىنى مېنى پاش قىلىپ قوياتتى، شۇڭا ئۇنىڭ بېشىغا يەنە بىر پاي ئوق ئېتىپ ئاندىن قاچتىم.

— سىلەر ئېتىشقاندا ئەتراپتا باشقا ئادەملەر بارمىدى؟

— ياق، مەن ئەسلىدە يىراقتا كۆرۈنگەن كەنتكە قېچىپ

بېرىپ يوشۇرۇنماقچى ئىدىم. لېكىن مازاردىن ئۆتۈشۈمگە مازارغا قاراپ كېلىۋاتقان بىر ئۇيغۇر ئايالنى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئايالنى ئېنىق كۆرمىگەن بولساممۇ «باراتنىڭ ئاپىسى» دەپ گۇمان قىلىپ قالدىم. شۇڭا ئۇنىڭدىن قېچىپ، مازارنى ئايلىنىپ دەريادىن ئۆتۈپ ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە قېچىپ كەلدىم.

— چيەن جياجۇي، ۋاڭ شىئېرنىڭ بارات بىلەن بىللە تۇرىدىغانلىقىنى بىلەمتىڭ؟

— ياق، ئىلگىرى زادىلا بىلمەيتتىم، — دېدى كىچىك بايۋەچچە بۇ سوئالغا قىزىقىپ. ئۇمۇ ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ بىللە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىغا ھەيران ئىدى. — بىز باراتنى «ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن بىللە تۇيۇقسىز يوقاپ كەتتى» دەپ ئويلايتتۇق. گاۋ غوجىدار ماڭا ۋاڭ شىئېرنىڭ قوشنا يېزىدىكى لىيۇ ئانا دېگەن تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىدە يوشۇرۇنۇپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى دېگەنىدى. بىز ۋاڭ شىئېرنى بۇلاپ كېلىش ئۈچۈن يېرىم كېچىدە يولغا چىقىپ لىيۇ ئانىنىڭ ئۆيىگە سۇبھى ۋاقتىدا يېتىپ باردۇق، — كىچىك بايۋەچچە بولغان ئىشنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلىدى.

— دېمەك، — دېدى كاتىپ قەلىمىنى قويۇپ، — چيەن جياجۇي، سەن ئاغىنەڭ جاڭ جىنى، ساۋاقدىشىڭ باراتنى، يارىلانغان ئاغىنەڭ فېڭ جەننى، ساڭا تېگىشكە ئۇنىمىغان ۋاڭ شىئېرنى تاپانچا بىلەن ئېتىپ ھەم لىيۇ ئانىنى ئۆلتۈرۈپ، جەمئىي بەش ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتىڭ، شۇنداقمۇ؟

كىچىك بايۋەچچە بېشىنى سىلىپ تۇردى.

تەپتىش ئەمەلدارى كىچىك بايۋەچچىگە قاراپ:

— چيەن جياجۇي، فېڭ جەن بىلەن ئىككىڭلار ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنى ئىككى تەرەپتىن قورشىۋالغاندا ئۇ ئىككىسىگە گەپ قىلدىڭلارمۇ؟ — دېدى.

— گەپ قىلىشتۇق، — دېدى كىچىك بايۋەچچە ئۇنىڭغا

بۇرۇلۇپ، — مەن ۋاڭ شىئېرغا «مەن توي قىلماقچى بولغان بىر قىزنىڭ دادامنىڭ تۇغقىنى، بىر ئۇيغۇر بىلەن يوشۇرۇنۇپ يۈرگىنىگە ھەيرانمەن» دېسەم، ئۇ ماڭا «مەن بارات ئاكامنى ياخشى كۆرىمەن، بىزنى ئاۋارە قىلماڭلار، سىلەرمۇ ئۆز يولۇڭلارغا مېڭىڭلار، بىزمۇ ئۆز يولىمىزغا ماڭايلى» دېدى. لېكىن مەن يەنە «بىر خەنزۇ قىزنىڭ بىر ئۇيغۇرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقى قانداق گەپ؟ سىز مىللىتىڭىزنى، يۇتساڭۋانى، سېغىنىپ چوقۇنىدىغان ئەجدادلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟» دېسەم، ئۇ ماڭا «مەيلى مۇسۇلمان بولسىمۇ بارات ئاكامنى ياخشى كۆرىمەن، مەن سىزگە ھەرگىزمۇ تەگمەيمەن، سىزنى كۆرسەم قورقۇپ يۈرىكىم سېلىپ كېتىدۇ» دېدى، شۇڭا ئاچچىقىم كېلىپ باراتنى ئېتىۋەتتىم...

تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا ئاچچىقلىنىپ:

— «تەگمەيمەن» دېسە شۇنداقمۇ قىلامسەن، مانا بەش ئادەم ئۆلدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى. كىچىك بايۋەچچە بېشىنى سېلىپ جىم تۇردى. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— بىز گاۋ غوجىدارنى تاپالمىدۇق، سەن ئۇنىڭ نەگە قېچىپ كەتكەنلىكىنى بىلەمسەن؟ — دېدى.

— ياق، بىلمەيمەن. مەن ئۇنى ئاشخانىدىن ئۆزىتىپ قويۇپ، ئاندىن جاڭ جى بىلەن فېڭ جەننى تېپىپ ۋاڭ شىئېرنى تۇتقىلى كېچىلەپ يولغا چىققان.

— سىلەرنىڭ ۋاڭ شىئېرنى تۇتقىلى بارغانلىقىڭلارنى داداڭ بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ.

— شۇ چاغدا داداڭ سىلەرنى توسمىدىمۇ؟

كىچىك بايۋەچچە ئويلىمايلا بۇ گەپنى ئاغزىدىن چىقىرىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئۇ:

— تەپتىش جانابلىرى، مېنىڭ ئىشىم مېنىڭ ئىشىم،

دادامنى ئاربلاشتۇرمىساڭلار، — دېدى.

تەپتىش ئەمەلدارى كۈلۈمسىرەپ:

— بۇ توغرۇلۇق گەپ قىلمىساڭمۇ بولىدۇ. سىلەرنىڭ ۋاڭ شىئېرنى تۇتقىلى ماڭغانلىقىڭلارنى داداڭ بىلىدىكەن، ئۇنىڭ سەۋەبىنى داداڭدىن سورايمىز. لېكىن سەندىن سورالغان سوئاللارغا توغرا، تولۇق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك، — دېدى.

— بولىدۇ، — دېدى كىچىك بايۋەچچە يەرگە قاراپ.

— چيەن جياجۈي، گاۋ غوجىدار ۋاڭ شىئېرنىڭ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى ساڭا دەپ بېرىپ، بالا - چاقىلىرىنىمۇ تاشلاپ ئۆزى يوقاپ كېتىپتۇ. قارىغاندا سەندىن ناھايىتى جىق نەپ ئالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى كاتىپ.

— ھەئە.

— ئۇنى قانداق رازى قىلدىڭ؟

— دېگىنىنى بەردىم.

— جىق سورىدىمۇ؟

— ھەئە.

— ئۇنى رازى قىلغۇدەك نەپ بەرگىنىڭنى داداڭ بىلەمدۇ؟

— بىلىدۇ.

— چيەن جياجۈي، قارىغاندا ۋاڭ شىئېر سېنى زادىلا ياخشى كۆرمەيدىكەن. ئاڭلىساق ئائىلەڭلەر ئەۋەتكەن ئەلچىگە ۋاڭ خېنىم ئىككى قېتىم ئېنىق جاۋاب بەرمەپتىكەن. ۋاڭ شىئېرنىڭ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى دەپ بەرگەن گاۋ غوجىدارغا دېگىنىنى بېرىپ رازى قىپسەن. بۇنچىۋالا قىلىپ، ئۇنىمايدىغان قىزنى بۇلاپ زادى نېمە قىلماقچىدىڭ؟

كىچىك بايۋەچچە دادىسىنىڭ گېپىنى يادىغا ئالدى. ئەمدى گەپنىڭ ئۇچۇقىنى دېمىسە بولمايدىغان يەرگە كەلگەچكە:

— راست، مېنى ۋاڭ شىئېر ئەمەس، باشقا قىزلارمۇ ياخشى كۆرمەيدۇ. ۋاڭ شىئېردەك چىرايلىق، ئەخلاقلىق قىزلار مەندىن

قاچىدۇ. چۈنكى مەن بىر لۈكچەك، ئەسكى. ئەمما ۋالى شىئىرغا كۆيۈپ قالغىنىم راست. ئۇنىڭ باراتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا ھېلىمۇ تارلىقىم كېلىدۇ. دادام ماڭا «ۋالى مىڭئىر ئۆلدى، ۋالى بېگىممۇ ۋاپات بولدى، ۋالى خېنىم بىر قىزى بىلەن تۇل قالدى. سەن نېمىلا بولمىسۇن ۋالى شىئىرنى خوتۇن قىلالىساڭلا، ئۇلارنىڭ بارلىق مال - دۇنياسى سېنىڭ بولىدۇ» دېگەن. شۇڭا چىرايلىق ۋالى شىئىرغا ۋە ئۇلارنىڭ مال - دۇنياسىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن، ۋالى شىئىرنى بۇلاپ باشقا يەرگە ئېلىپ كەتمەكچى بولدۇم، — دېدى.

— چيەن جياجۈي، بايا سەندىن «دادىڭ سېنى توسمىدىمۇ» دەپ سورىسام جاۋاب بەرمەي «مېنىڭ ئىشىم مېنىڭ ئىشىم، مېنىڭ ئىشىمغا دادامنى ئارىلاشتۇرماڭلار» دېگەنىدىڭ. ئەمدى نەق جاۋابنى بەردىڭغۇ؟ — دەپ تەپتىش ئەمەلدارى كۈلۈمسىرىدى. لېكىن ئۇزاققىچە ھېچكىم گەپ قىلمىدى. كامىر كىچىك بولغاچقا، چىراغنىڭ ئىسىدا ئۇلارنىڭ بۇرۇنلىرى ئېچىشىشقا باشلىدى، سوراقمۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. شۇڭا تەپتىش ئەمەلدارى:

— چيەن جياجۈي، سوراق ھازىرچە ئاخىرلاشتى. سورايدىغان ئىشلار بولسا يەنە كېلىمىز، ھازىرقىدەك توغرا تولۇق جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك. سېنىڭ ئۆتكۈزگەن جىنايەتلىرىڭنى ئاۋام خەلق سۆز - چۆچەك قىلىشىۋاتىدۇ. سەن بەش ئادەمنىڭ بېشىغا چىقتىڭ. سەن جىنايى قىلمىشى چېكىگە يەتكەن بىر قاتىل، — دېگىنىچە ئورنىدىن دەس تۇردى.

كاتىپ كىچىك بايۋەچچىنىڭ ئالدىغا كېلىپ خاتىرىگە ئىمزاسىنى قويدۇرۇپ، دەپتەر - قەلەملىرىنى يىغىشتۇرۇپ تەپتىش ئەمەلدارىغا ئەگىشىپ كامېردىن چىقتى. ئەڭ ئاخىرىدا گۈندىپاي چىراغنى ئېلىپ چىققاندا كامېر قاراڭغۇلىشىپ، كىچىك بايۋەچچە ئۆرە تۇرغان پېتى قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپى بىلەن ناھىيە بازىرىدىن يولغا چىقىپ، چۈشكە يېقىن قورۇقتا يېتىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشىدىن ۋاڭ خېنىمنىڭ خەۋىرى بولمىغاچقا، ساھىبخانىلار مېھمانلارنى كۈتۈشكە ئالدىراپ قالدى. ۋاڭ خېنىم ئۆزىمۇ تۇزۇك ساقىيىپ كېتەلمىگەنىدى. ئۇ بەي ئاغىچا بىلەن مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ:

— ھۆرمەتلىك مېھمانلار، كېلىشىڭلاردىن بىخەۋەر قاپتۇق، كۈتۈلۈڭلاردىكىدەك كۈتۈۋالالمىساق رەنجىمىگەيسىلەر، — دېدى. تەپتىش ئەمەلدارى: — ۋاڭ خېنىم، تۇيۇقسىز كېلىپ سىلەرنى مالال قىلىپ قويغانلىقىمىز ئۈچۈن بىز سىلەردىن ئەپۇ سورىساق بولىدۇ، — دېگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مېھمانلار ئورۇندۇقلارغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قارىدى. ئۇ ئىككىسى يولدا ۋاڭ خېنىمدىن نېمىنى سوراپ ئېنىقلايدىغانلىقىنى مەسلىھەتلىشىۋالغانىدى. شۇڭا كاتىپ دەپتەر - قەلەملىرىنى ئېلىپ تەييار قىلدى. تەپتىش ئەمەلدارى ۋاڭ خېنىمغا دېدى:

— ۋاڭ خېنىم، بىز تۈنۈگۈن تۈرمىگە بېرىپ، ھاكىمنىڭ ئوغلى چيەن جياجۈينى سوراق قىلدۇق. ئۇ بەش ئادەمنىڭ بېشىغا چىققانلىقىنى ئىقرار قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىز ئۇنى ھازىرچە «جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان» دەپ قاراۋاتىمىز.

— نېمىشقا؟ — دېدى ۋاڭ خېنىم ھەيران بولۇپ، — قاتىللىق قىلغانلىقىنى ئىقرار قىلغان تۇرۇقلۇق يەنە ئۇنى «جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە مەجبۇر بولغان» دېسە بولامدۇ؟

— ھازىرچە شۇنداق دەپ قارايمىز. چۈنكى قىزىڭىز ۋاڭ شىئېرنى «يۇرتىغا تۇغقان يوقلاپ كەتكەن» دېگەن گەپ تارالغانىدى، ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ جەسىتى بىر يەردىن تېپىلغىنىغا قارىغاندا، ھازىرچە قىزىڭىز ۋاڭ شىئېرنى بارات بۇلاپ كەتكەچكە چيەن جياجۈي ئۇلارنى ئېتىشقا مەجبۇر بولغان

دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ بىللە قېچىپ، بىر يەردە بىللە ئۆلگەنلىكى توغرۇلۇق سەۋەبلەر ئېنىق بولمىسا، بارات چيەن جياجۇينىڭ قولىدا ئۆلگەن بولسىمۇ، يەنىلا جىنايەتچى ھېسابلىنىدۇ. سىز قىزىڭىز بىلەن باراتنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدا بىزگە توغرا مەلۇمات بېرەلەمسىز؟

ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆزىگە ياش كەلدى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا قولياغلىق بەردى. ۋاڭ خېنىم يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ ئالدىرىماي سۆزلىدى:

— ناھايىتى توغرا دېدىڭىز تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، ئىلگىرى ئېنىق بولمىغان ئىشلار ئەمدى ئېنىق بولىدىغان ئوخشايدۇ.

— شۇنداق — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى، — يۈز بەرگەن ئىشلار ۋە ئۇنىڭ سەۋەبلىرى ئېنىق بولمىسا، بۇ بەش جەسەت دېلوسىنى توغرا بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدۇ، شۇڭا بىلگىنىڭىزنى توغرا، ئەينەن دەپ بېرىشىڭىز لازىم. . .

— بارات ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن تۇيۇقسىز يوقاپ كېتىپ، ئىز - دېرىكى بولمايۋاتقان كۈنلەردە، قىزىم ۋاڭ شىئېر بىلەن دوستى دۇ قىزچاق تالاغا چىقىپ ئويناپ، بىزنىڭ كونا قورۇقتا بېرىپ قاپتۇ، قورۇقتىكى ئۆينىڭ مورىسىدىن ئىس چىقىۋاتقانلىقىنى، دەرۋازا ئالدىدا نۇرغۇن ئاتلارنىڭ تۇياق ئىزلىرىنى كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئۇلار بۇ ئىشتىن گۇمانلىنىپ ئىچىگە كىرىپ قاراپ، ئۈچ ئادەمنىڭ تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئۇلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا باراتنى تونۇپ قېلىپ دەرھال قايتىپ كېلىپ ماڭا خەۋەر قىلدى. شۇ كۈنلەردە ۋاڭ بېگىم بىلەن گاۋ غوجىدارنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشى ئەلىتە بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا مەن گاۋ غوجىدارنى ئالدىمغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا پۇل بېرىپ، ۋاڭ بېگىمگە دېمەي ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىشنى ئۆتۈندۇم. گاۋ

غوجىدار ئۇلارنىڭ ئەسلىي تۆت ئادەم ئىكەنلىكىنى، بىرىنىڭ ئاللىقاچان ئۆلگەنلىكىنى، ئىككىسىنى ئۆلگەنگە چىقىرىۋەتسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، لېكىن ئارىسىدا پەقەت باراتنىڭ سەل تۇزۇكرەك ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. مەن باراتنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىپ يوشۇرۇپ بېقىپ داۋالاتتىم. قالغان ئۈچىنىڭ جەسىتىنى ۋاڭ بېگىم ئۆزى ئۇستىدە تۇرۇپ كۆمدۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىنلا ۋاڭ بېگىم زۇكام تېگىپ ساقىيالماي ئۆلۈپ كەتتى. باراتنى قازناققا يوشۇرۇپ تاماق توشۇپ، دورا ئەكېلىپ داۋالىدۇق. قىزىم ۋاڭ شىئېر باراتقا قاراش جەريانىدا ئىككىسى بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا مەنمۇ خۇش بولدۇم. بارات ياخشى يىگىت، ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ساۋاقدىشى ھەم دوستى. گەرچە ئۇ يات مىللەت، يات دىندىن بولسىمۇ، قىزىم ياخشى كۆرگەچكە، مەنمۇ رازى بولدۇم. لېكىن گاۋ غوجىدار قىزىمنىڭ قوشنا يېزىدا بارات بىلەن بىللە يوشۇرۇنۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قېلىپ، «ئىككىمىز ئاشنا ئوينايلى ياكى ماڭا تېگىسەن» دەپ ماڭا تەھدىت سالدى. لېكىن مەن ئائىلەمگە سادىق ئايال. شۇ كۈنلەردە كىچىك بايۋەچچىنىڭ قىزىمنىڭ ئىزدەك - سورىقىنى قىلىپ قورۇق ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلىدىم. ۋاڭ بېگىمنىڭ چيەن دارىن بىلەن قۇدىلاشقۇسى بولسىمۇ، قىزىم ئۇنىمايتتى، مەنمۇ زادىلا قوشۇلمايتتىم. ئۇلار بىزگە ئىككى قېتىم ئەلچى ئەۋەتتى، ئەمما ئېنىق جاۋاب بەرمىگەنىدىم. گاۋ غوجىدار ماڭا تەھدىت سېلىۋاتقاچقا، قىزىم بىلەن باراتنى رازىلىق بېرىپ قاچۇرۇۋەتتىم. لېكىن گاۋ غوجىدار كىچىك بايۋەچچىگە دەپ قويغان ئوخشايدۇ. ئاقىۋەتتە مانا مۇشۇنداق پاجىئە چىقتى. تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، بارات قىزىمنى بۇلاپ قاچقان ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىككىسى ئاشىق - مەشۇق. خۇدا ئۇ ئىككىسىنىڭ جېنىنى بىللە ئالدى، ئىلاھىم لياڭشەنبو،

جۇيمڭتەيدەك بولۇپ كېتەر، خۇدا قىزىمنى كىچىك بايۋەچچىنىڭ قولىغا قويمىدى، — ۋالى خېنىم گېپىنى تۈگىتىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ يىغىسىنى توختاتقاندىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى:

— ۋالى خېنىم، ناھايىتى ئېنىق ۋە توغرا دەپ بەردىڭىز، ئەمدى باراتنى «گۇناھسىز» دەپ ھېسابلايمىز، — دېدى.

— شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى ۋالى خېنىم، — باراتقا مەنمۇ ئامراق، ئۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت. قىزىمنىڭ باراتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىغا مەنمۇ ئىنتايىن خۇش بولغانىدىم. ئىككىسىنىڭ بەختى كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئەپسۇس. . . — ئۇ يەنە يىغلاپ كەتتى.

ئۇ بۇ قېتىم ئۆزاق يىغلىدى. يېنىدا تۇرغان بەي ئاغىچا، دۇ قىزچاقمۇ يىغلىدى. تەپتىش ئەمەلدارى:

— ۋالى خېنىم، كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، بارات بىلەن ۋالى شىئىر ھەقىقەتەن ئاشىق - مەشۇقلار ئىكەن، — دېدى.

— راست، — دېدى ۋالى خېنىم، — مۇھەببەتنىڭ كۈچى ھەممىدىن ئۈستۈن. ۋاقتى كەلگەندە مۇھەببەت مىللەت ۋە ئىرق ئايرىمايدۇ. مانا ۋالى بېگىم بارات ۋە ئۇنىڭ ئۈچ ئاغىنىسىغا شۇنچە زۇلۇم سالسىمۇ، بارات قىزىم بىلەن مۇھەببەتلەشتى.

— ۋالى خېنىم، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى سوراپ، — سىز ھازىر ۋالى بېگىمنىڭ ئىسمىنى چىقاردىڭىز، شۇڭا سىزدىن يەنە بىر سوئال سورىغىم كېلىۋاتىدۇ. بەلكىم بۇ سوئالىم ھەممىمىزنى رازى قىلىشى مۇمكىن. ئۆتكەن قېتىم ئۇرۇمچى ۋالىيسى ناھىيىگە كېلىپ ئاچقان ئوچۇق سوتتا تۇرداخۇننىڭ باندىتلار بىلەن بىرلىشىپ ۋالى مىڭئېرغا سۇيىقەست قىلمىغانلىقى ئىسپاتلىنىپ، تۇرداخۇن گۇناھسىز ھېسابلىنىپ قويۇپ بېرىلگەندى، كېيىن بارات ئۈچ ئاغىنىسى بىلەن ۋالى بېگىم تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىپتۇ. سىز بۇ مەسىلە توغرىسىدا

قانچىلىك چۈشەنچە بېرەلەيسىز؟
ۋاڭ خېنىم ئالدىرىماستىن دېدى:
— مەن بۇ ئىشلارنىڭ بېشىنى بىلمەيمەن. چۈنكى ۋاڭ بېگىم باشقا كىشىلەرگىلا ئەمەس، ھەتتا ماڭىمۇ ئىچ سىرىنى دېمەي ئۆتكەن ئادەم. لېكىن باراتنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ئۇ ۋاڭ مىڭئېرنىڭ باندىتلارنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكىنىگە چىدىماي ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن باراتنى ئۇچ دوستى بىلەن تۇتۇپ كېلىپ قىيناپ ئۆلتۈرمەكچى بولغانىكەن. ھازىر گاۋ غوجىدار يوق. باراتلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقى توغرىسىدا مەن پەقەت گۇمانىمنى ئېيتالايمەن. ۋاڭ بېگىم مال - دۇنياغا تويماس ئادەم ئىدى. ئوغلۇم باندىتلار قولىدا ئۆلۈپ كېتىپ تېخىمۇ چىدىماي قالدى. گاۋ غوجىدار بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ نەپ ئېلىش غەرىزىدە ۋاڭ بېگىمگە تۇتقۇن قىلىشنى ئۆگەتكەن بولۇشى مۇمكىن. گاۋ غوجىدار ماڭا تەھدىت سالغاندا «ئەگەر سىز مېنىڭ تەلىپىمگە ئۇنىمىسىڭىز باراتلارنىڭ تۇتقۇن قىلىنغانلىقىنى ھۆكۈمەتكە دەپ قويسام ھەممە بالا - قازا سىزنىڭ بېشىڭىزغا كېلىدۇ» دېگەنىدى. مەن ئۇنىڭ يامان نىيىتىدىن گۇمان قىلاتتىم. شۇڭا «پاش قىلساڭ قىل، ئۇ چاغدا مەنمۇ سېنى پاش قىلىمەن» دېدىم، بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇ قورققىنىدىن ناھايىتى شۈكلەپ كەتكەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋاڭ بېگىمنى پاش قىلماي، ۋاڭ شىئېرنىڭ يوشۇرۇنۇپ يۈرگەنلىكىنى كىچىك بايۋەچچىگە دەپ نەپ ئېلىپ يوقاپ كەتتىمىكىن دەپ ئويلايمەن.
— ۋاڭ خېنىم، بىز سىزدىن ئىنتايىن رازى بولدۇق. بولغان ۋەقەلەرنىڭ تەپسىلاتى، سەۋەبىنى ناھايىتى ئېنىق دەپ بەردىڭىز. سىزگە كۆپ رەھمەت، سىزدىن ئەمدى سورايدىغان ئىشلار تۈگىدى، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.
— رەھمەت، — دېدى ۋاڭ خېنىم خۇش بولۇپ.
چۈش بولۇپ قالغاچقا، مېھمانلار چوڭ مېھمانخانىغا چىقىپ

ئۇستەلدە ئولتۇرۇشتى. ساھىبخانىلار ئالدىراش بولسىمۇ، ئۇلارغا ئۇستەل تەييارلاپ كۈتۈۋالدى. تاماقتىن كېيىن مېھمانلار قايتتى. ئەتىسى تەپتىش ئەمەلدارى، كاتىپى، جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى بىللە تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە كەلدى. مېھمانلارنىڭ كېلىدىغانلىقىدىن ساھىبخانىلارنىڭ خەۋىرى بولغاچقا، ياخشى تەييارلىق كۆرۈپ قويغانىدى. مېھمانلارنىڭ كېلىشىگىلا داستىخان سېلىنىدى. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ تۇرداخۇننىڭ ئۆيىگە كېلىشىدىكى سەۋەب تۇرداخۇننىڭ ئاچىسى ۋاپات بولغانلىقى ئۈچۈن ھال سوراش ھەم دېلو توغرۇلۇق سوراشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشنى سورىۋېلىش ئىدى. ئۇ جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگىنىمۇ باشلىۋالغانىدى. تۇرداخۇن گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ناھىيىدىكى ئابرۇيى تېخىمۇ ئۆسۈپ، ئەمەلدارلار بىلەن مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كەتكەنىدى.

بۈگۈنكى مېھماندارچىلىقتا قوي سويۇلۇپ، ئالاھىدە تاماقلار تەييارلانغانىدى، مېھمانلار خۇشال ئولتۇرۇپ تاماق يېيىلىپ بولغاندا جيا بېگىم:

— تۇرداخۇن، بۈگۈن سىلەرنىڭ ئۆيگە پەتە قىلغاچ يەنە ئىككى ئىش بىلەن كەلدۇق، — دېدى.

— قېنى سوراڭلار، — دېدى تۇرداخۇن.

جيا بېگىم تەپتىش ئەمەلدارىغا قارىدى، تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپىغا قارىدى. كاتىپ دەپتەر - قەلەملىرىنى تەييارلاپ بولغانىدى. تەپتىش ئەمەلدارى:

— تۇرداخۇن، يامۇل ئۈرۈمچى ۋالىي مەھكىمىسىگە دېلو مەلۇم قىلىپ «بىر يەردىن بىر ۋاقىتتا بەش جەسەت تېپىلدى» دەپ دوكلات سۇنغانىكەن. بىز ھېلىغىچە تۆت جەسەتنىڭ ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ چىقتۇق. بەشىنچى جەسەت سىزنىڭ ئاچىڭىز جىمىلىخاننىڭ جەسىتى ئىكەن. بۇ بەشىنچى

جەسەتنىڭ ئۆلۈش ئەھۋالىنى ئېنىقلىساق بۇ دېلو تولۇق، ھەقىقىي تاماملانغان بولاتتى، سىز جەسەتلەرنىڭ خەۋىرىنى كىشىلەردىن ئاڭلاپ، ئەتىسى ئەڭ باشتا مازارغا بېرىپتىكەنسىز، — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى تۇرداخۇن.

— سىلەر بارغىچە نەق مەيدان بۇزۇلمىغانىكەن.

— شۇنداق.

— لېكىن تۆت جەسەت ئوق تېگىپ ئۆلگەن، ئاچچىغىڭىز بولسا ئوق تەگمەي ياكى بىرەر زەخىم يەتمەي ئۆلگەن. بۇ بەش جەسەت نېمىشقا بىر يەردە بولۇپ قالىدۇ؟ بۇ ئەھۋال بىزگە ھازىرچە بىر سىر بولۇپ تۇيۇلۇۋاتىدۇ. سىز كۆرگەن ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەرسىڭىز.

— بىز مازارغا بېرىپ جەسەتلەرگە قارىساق ئاچامنىڭ جەسىتى بىلەن ئالدىدىكى ئۈچ جەسەتنىڭ ئارىلىقى يىراق ئەمەس ئىكەن، تەخمىنەن يەتتە - سەككىز قەدەم كېلىدۇغۇ دەيمەن. قارىغاندا باشقىلار ئۆلۈپ بولغاندىن كېيىن، ئاچام ئۇ يەردە پەيدا بولغان ئوخشايدۇ. باشقا جەسەتلەردىن قان چىقىپ، جەسەتلەرنىڭ چىرايى ئاقىرىپ كېتىپتۇ. ئاچامنىڭ چىرايى ئۇنداق ئەمەس. ئاچام جەسەتلەر ئارىسىدىكى ئۆز ئوغلىنى تونۇيالمىغان ئوخشايدۇ. ئۇ قىزىل كۆڭلەك كىيگەن جەسەتنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىپ يۈزىگە قولياغلىقىنى يېپىپ قويغان چېغى. ئاچام پۈتۈنلەي مېڭىسىدىن ئازغان ئايال. مەن سولاقتىن چىقساممۇ مېنى تونۇيالمىدى. ئايال ئايالنىڭ قاياشى دېگەندەك، ئاچام نېمىلا بولمىسۇن ئۈچ جەسەتنىڭ ئارىسىدا بىر جەسەتنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپتۇ، — دېدى تۇرداخۇن ۋە ئايخانغا، — ئاچامنىڭ ۋاڭ شىئېرنىڭ يۈزىگە يېپىپ قويغان قولياغلىقىنى ئېلىپ چىق، — دەپ بۇيرۇدى.

ئايخان ئىچكىرى ئۆيگە كىرىپ دەرھال بىر قولياغلىقنى

ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا بەردى. تەپتىش ئەمەلدارى قاتارلىقلار قولياغلىقنى ئېلىپ كۆرۈپ چىقىشتى.

— بۇ قولياغلىق بىزگە پاكىت بولۇپ قالسۇن، بىز ئېلىپ كېتىمىز، — دېدى كاتىپ.

— بولىدۇ.

— تۇرداخۇن، ئاچىڭىزنىڭ جەسىتى ئۇ جەسەتلەرنىڭ ئارىسىدا بولۇپ قالغانلىقىغا قانداق قارايسىز؟ ئاچىڭىزغا بىرەر سۇيىقەست بولغانمۇ دېمەكچىمەن.

تۇران ئۇنىڭ گېپىنى ئايىسىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. ئايخان دەرھال:

— ياق، ئاچام ئۇ يەر - بۇ يەردە يۈرۈپ ئاچ - توق قېلىپ، ئۆيگە كەلسىمۇ تۇزۇك تاماق يېمەي ئاجىزلاپ قالغانىدى. بەلكىم شۇ كۈنى ئۇزاق يول مېڭىپ مازارغا كېلىپ جېنى چىقىپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

تەپتىش ئەمەلدارى تۇرداخۇنغا:

— تۇرداخۇن، بۇ ئىش ھەل بولدى. ئەمىسە بەشىنچى جەسەتنى «ئۆز ئەجىلى بىلەن ئۆلگەن، سۇيىقەستكە ئۇچرىمىغان، قولياغلىق پاكىت، ئۆلگۈچىنىڭ ئىنىسى گۇۋاھ» دەپ خاتىرە يازىمىز، — دېدى. كاتىپ دەپتەر - قەلەملىرىنى تۇرداخۇننىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، تۇرداخۇن ئۇنىڭغا ئىمزا قويدى. جاڭ لەشكەر بېگى جيا بېگىمگە:

— جيا بېگىم، بايا تۇرداخۇنغا «ئىككى ئىش بىلەن كەلدۇق» دېگەنىدىڭىز، يەنە بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى.

— ياق، ياق، — دېدى جيا بېگىم خۇشال ھالدا، — ئۇنتۇمىدىم، ئۇنتۇمىدىم، ئىككىنچى ئىش ئىنتايىن مۇھىم. تۇرداخۇن، سىلەرگە بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزەي، — تۇرداخۇن، ئايخان ۋە تۇران تېخىمۇ ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالدى. تۇران ئۇنىڭ

گېپىنى ئاپىسىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى. جىيا بېگىم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — بۇ خۇش خەۋەرنى ئەسلىدە ۋىلايەتنىڭ تەپتىش ئەمەلدارى ئۆزى كېلىپ سىلەرگە دېمەكچى ئىكەن. كېيىن ناھىيىمىزنىڭ ئەمەلدارلىرى يەتكۈزسۇن دەپ ماڭا ھاۋالە قىلغانلىقى ئۈچۈن مەن دەۋاتىمەن. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بىزمۇ خۇش بولدۇق، — دەپ جاڭ لەشكەر بېگىگە قارىدى.

جاڭ لەشكەر بېگى دەرھال:

— شۇنداق، بىز ئىنتايىن خۇش بولدۇق، — دېدى.

تۇرداخۇن، ئايخان، تۇران تېخىمۇ ھەيران بولۇشۇپ جىيا بېگىمگە قارىدى.

جىيا بېگىم گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ:

— ۋاڭ خېنىم بۇنىڭدىن كېيىن سىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالسا ئاداۋەت ساقلىماسلىقىڭلار، بۇرۇنقىدەك خۇشال - خۇرام يۈز كۆرۈشۈشىڭلار ئۈچۈن بۇ خەۋەرنى سىلەرگە يەتكۈزۈشنى ھاۋالە قىلغان.

تۇرداخۇن خۇش خەۋەرنى ئاڭلاشقا ئالدىراپ:

— قېنى گېپىڭىزنى قىلىڭچۇ جىيا بېگىم، زادى نېمە گەپ؟ — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، بەي ئاغىچىلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، قاسىم ئاخۇننىڭ ئوغلى بارات بىلەن ۋاڭ بېگىمنىڭ قىزى ۋاڭ شىئېر خېنىم بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قاپتىكەن.

تۇرداخۇن بۇ گەپنى ئايخانغا تەرجىمە قىلىپ بېرىۋاتقاندا تۇران ئالدىراپ:

— جىيا بېگىم، ۋاڭ بېگىمنىڭ ئاشۇ چىرايلىق قىزى بىلەنمىكەن؟ — دېدى.

— ھەئە، شۇنداق.

ئايخانمۇ خۇشال بولۇپ:

— ئۇلار ھايات بولغان بولسا نېمە دېگەن ياخشى بولاتتى،

— دەپ ئۈكۈندى. تۇرداخۇن ئۆز - ئۆزىگە «بۇمۇ خۇدانىڭ بۇيرۇغىنىدۇ، تەقدىر - قىسمەت دېگەن ئاجايىپ بولىدىكەن» دېدى.

— تۇرداخۇن، سىز جىيا بېگىمگە دەپ قويۇڭ، جىيا بېگىم ۋاڭ خېنىمنى كۆرسە «بۇ خەۋەرنى باراتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئاڭلاپ بەك خۇش بولدى» دەپ قويسۇن. گەرچە ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆمرى قىسقا بولۇپ، بۇ ئالەمدە مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن بولسىمۇ، بىز ۋاڭ خېنىمنى يەنىلا قۇدىمىز دەپ كۆرىمىز، — دېدى ئايخان. تۇرداخۇن ئۇنىڭ گېپىنى تەرجىمە قىلىپ بەردى، مېھمانلار ئاڭلاپ خۇش بولۇشتى. تەپتىش ئەمەلدارى:

— سىلەرنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇش بولغىنىڭلارنى كۆرۈپ بىزمۇ ئىنتايىن خۇش بولۇۋاتىمىز. ۋاڭ خېنىمنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا، ۋاڭ خېنىممۇ باراتقا ئامراقىكەن. قىزىنىڭ باراتنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلىپ ئۇمۇ خۇش بولۇپ، ئىككىسىنى رازىلىق بېرىپ قاچۇرۇۋېتىپتىكەن. لېكىن چيەن دارىنىنىڭ ئوغلى كەينىگە كىرىۋېلىپ، ئاقىۋەتتە ئۇلار پاجىئەگە يولۇقتى. «خۇدايىم ئىككى ئاشىق - مەشۇقنىڭ جېنىنى بىللە ئېلىپ، قىزىمنى يامان ئادەمنىڭ قولىغا قويمىدى. بۇ تەقدىر - قىسمەتكە ئەلھۆكمىلىللا دەيمەن» دەيدۇ، — دېدى.

— شۇنداق بولالمىدىغان، — دېدى تۇرداخۇن، — ئوغلىمىز جاپا تارتسىمۇ، زۇلۇمغا ئۇچرىسىمۇ، ئۇ دۇنياغا ياخشى نام بىلەن كەتتى. ئاللاتائالا ئۇ دۇنيادا مەقسىتىگە يەتكۈزەر. چيەن دارىنىنىڭ ئوغلىدەك قاتىللىق قىلىپ رەسۋا بولمىدى، ئۆتكەن ئىش كەتتى. بىز ئەمدى ۋاڭ خېنىم بىلەن چىرايلىق ئۆتىمىز.

مېھمانلار ئۇنىڭدىن رازى بولۇشۇپ ئۇنى ماختاشتى. مېھمانلار قوزغالدى، ساھىبخانىلار ئۇلارنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

چۈشتىن كېيىن تەپتىش ئەمەلدارى كاتىپى بىلەن چيەن دارىننىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى. ئىشخانىدا چيەن دارىن، جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى ئۇلارنى ساقلاپ تۇرغانىدى. چيەن دارىن تەپتىش ئەمەلدارىغا ئۇستىلىنى بوشىتىپ بېرىش ئۈچۈن تۇردى. لېكىن تەپتىش ئەمەلدارى:

— ھاكىم جانابلىرى، سىز ھېلىمۇ مۇشۇ ناھىيىنىڭ ھاكىمى، — دەپ، جيا بېگىم ۋە جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. چيەن دارىنمۇ ئۆز ئورنىدا ئولتۇردى.

— ھاكىم جانابلىرى، بىز ئوغلىڭىز چيەن جياجۈيدىن ئەھۋال ئىگىلەپ، بىر سوئالغا ئېنىق جاۋاب ئالالمىدۇق. ئۇ سىزگە مۇناسىۋەتلىك سوئال ئىدى، شۇڭا ئۇنى سىزدىن سوراپ باقايلى دەپ ئالدىڭىزغا كەلدۇق، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.

— بولىدۇ، ماڭا تېگىشلىك بولسا مەن جاۋاب بېرەي، — دېدى چيەن دارىن بوش ئاۋازدا.

بەش جەسەت تېپىلغاندىن كېيىن چيەن دارىن ھەيۋىسى چۈشۈپ ياۋاشلاپ قالغان، كىمگىلا بولمىسۇن مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا تەپتىش ئەمەلدارى ئالدىدا بېشىنى ئېگىپ تۇردى. تەپتىش ئەمەلدارى گېپىنى داۋاملاشتۇردى:

— شۇنداق، سىزگە مۇناسىۋەتلىك سوئال. ئوغلىڭىز جاۋاب بەرسىمۇ بولىدۇ، سىز جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئوغلىڭىزدىن سوئال سوراش جەريانىدا ئۇنىڭ ئاغزىدىن بۇ سوئالغا ئېنىق جاۋابمۇ چىقىپ قالدى، ئەمما سىزدىنمۇ سوراپ باقمىساق بولمايدۇ.

— قېنى، ئاڭلاپ باقاي، — دېدى چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ. تەپتىش ئەمەلدارى گېلىنى بىر قىرىۋېتىپ ئالدىرىماستىن:

— بىز ئۇرۇمچىگە قايتىش ئالدىدا تۇرىمىز، بۇ ناھىيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلىدۇق. خۇلاسىنى ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى چىقىرىدۇ. ھۆكۈمىنىڭ توغرا بولۇشىغا كېپىللىك قىلىش ئۈچۈن ئۇ سوئالغا چوقۇم سىزدىن جاۋاب ئېلىشىمىز كېرەك. ئەگەر بۇ سوئالغا سىز جاۋاب بەرمىسىڭىز، يەنە كېلىپ توغرا، تولۇق جاۋاب بەرمىسىڭىز بىزنىڭ بۇ ناھىيىدە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ ئەھۋال ئىگىلىگىنىمىز نۆلگە تەڭ بولىدۇ. ۋالىي بىزنىڭ خىزمىتىمىزدىن رازى بولمايدۇ، شۇڭا سىز بۇ سوئالغا ئەينەن، توغرا جاۋاب بېرىشىڭىز كېرەك، — دېدى. ئۇنىڭ گېپىگە جيا بېگىم بىلەن جاڭ لەشكەر بېگى ئىنتايىن قىزىقىپ بىر - بىرىگە قارىشىۋالدى. تەپتىش ئەمەلدارىنىڭ كاتىپى يېزىشقا تەييارلاندى. تەپتىش ئەمەلدارى:
— ھاكىم جانابلىرى، سىز ئوغلىڭىز چيەن جياجۈينىڭ ۋاڭ شىئېرنى تۇتۇشقا ماڭغانلىقىنى بىلىدىكەنسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق، بىلەتتىم، — دېدى چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرمەي. تەپتىش ئەمەلدارى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن بىردەم قاراپ:
— ھەرقانداق ئاتا - ئانا پەرزەنتلىرىنىڭ يامان يولغا ماڭغىنىنى بىلسە ئۇنى توسىدۇ، ئەجەب سىز توسماپسىزغۇ؟ — دېدى.
بۇ ئىنتايىن ئېغىر سوئال ئىدى، شۇڭا چيەن دارىننىڭ بېشى تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. جيا بېگىم، جاڭ لەشكەر بېگى ئۇنىڭغا تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى. ئۇ ئىككىسى كىچىك بايۋەچچىنىڭ ۋاڭ شىئېرنى تۇتۇشقا ماڭغانلىقىنى ئۇنىڭ بىلىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. چيەن دارىن ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالغا چۈشۈپ قالىدىغانلىقىنى بىلىپ نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى ئالدىنئالا ئويلاپ قويغاندەك ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ

بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ دېدى:

— تەپتىش ئەمەلدارى جانابلىرى، بەش جەسەت توغرىسىدىكى ئىشلارنى مېنى ئويلانمىدى، بۇ ھەقتە قايغۇرمىدى دەمسىز؟ ئۇ جەسەتلەر تېپىلغاندىن كېيىن مەن قىلغان - ئەتكەنلىرىم ئۈستىدە قاتتىق ئويلاندىم. بۇ ئېغىر پاجىئەنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەبچى بولغان ئادەم مەن بىلەن ۋاڭ بېگىم. ۋاڭ بېگىمغۇ قىلمىدىغاننى قىلىۋېلىپ ئۆلدى، لېكىن مەن روھىي ئازابقا قېلىۋاتىمەن. ۋاڭ بېگىم ئىككىمىز ئوخشاشلا مال - دۇنياغا تويماسلاردىن ئىدۇق. تۇرداخۇنغا ئاللىقاچان سېتىلىپ بولغان كونا ھويلىنى باھاسىنى ئۆستۈرۈپ قايتا ساتقۇزغانمۇ مەن، بۇنىڭ ئۇچۇن ۋاڭ بېگىمدىن خېلى نەپ ئالدىم. ۋاڭ بېگىم بىز بىلەن قۇدىلىشىشقا بېشارەت بەرسە، ئۇنىڭ چىرايلىق قىزىنى ۋە مال - دۇنياسىنى كۆزلەپ، ۋاڭ بېگىمنىڭ مويكىنى ئىگىلىۋالماقچى بولۇپ كونا ھويلىسىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا يازغان ئەرزىنى قوبۇل قىلغانمۇ مەن. ۋاڭ مىڭئېرنىڭ باندىتلارنىڭ قولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلىكىگە چىدىماي «تۇرداخۇن باندىتلار بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئوغلۇمغا سۇيىقەست قىلدى» دەپ ئەرز - شىكايەت توقۇپ كەلسە، ئۇنى قوبۇل قىلىپ تۇرداخۇننى شۇ كۇنىلا قولغا ئالدۇرغانمۇ مەن. ۋاڭ بېگىم ئۆلۈپ كېتىپ، ۋاڭ خېنىمنىڭ قۇدىلىشىشىمىزغا قوشۇلمايدىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ئوغلۇمغا «ۋاڭ شىئېرنى بۇلاپ كېلىپ خوتۇن قىلىۋالساڭلا، ۋاڭ بېگىمنىڭ بارلىق مال - دۇنياسى ساڭا قالىدۇ» دەپ ئۆگەتكەنمۇ مەن. ئەمما ۋاڭ شىئېر يالغۇز يوشۇرۇنۇپ يۈرسە ئۇنى بۇلاپ كېلىش ئاسان ئىش دەپ ئاددىي ئويلاپ ئوغلۇمنى ئۇنى بۇلاپ كېلىشتىن توسمىدىم. ئەمما ئۇچ ئاغىنىسى بىلەن تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن باراتنىڭ ھايات قېلىپ ۋاڭ شىئېر بىلەن ئاشىق - مەشۇق بولۇپ بىز بىلەن يۈت تېپىشىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ يەتمەپتىمەن. ماڭا ھازىر پۇشايمان ئالىدىغان قاچا

يوق.

تەپتىش ئەمەلدارى غەزىپىنى ئاران بېسىپ:

— هاكىم جانابلىرى، ئەمدى راست گەپ قىلىشۋاتقاندەك قىلىسىز، — دېدى.

چيەن دارىن بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— مەن ئېغىر روھىي ئازابقا قالغانىدىم. ئەمدى خېلىلا يېنىكلەپ قالغاندەك بولۇۋاتىمەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا دېگەن گەپلىرىڭىزگە ئىمزا قويۇپ بېرىڭ، — دېدى تەپتىش ئەمەلدارى.

كاتىپ چيەن دارىننىڭ ئالدىغا دەپتىرىنى قويدى، چيەن دارىن ئالدىرىماي ئىمزاسىنى قويۇپ بەردى.

تەپتىش ئەمەلدارى ئورنىدىن تۇرۇپ:

— بىز ئەتە ئۈرۈمچىگە يولغا چىقىمىز، هۆكۈمنى كېيىن ئاڭلايسىلەر، — دەپ ماڭدى. باشقىلار ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ ماڭدى. لېكىن چيەن دارىن ئۇلارنى ئۇزىتىشنى ئۇنتۇپ قالغاندەك جىممىدە ئولتۇردى. چىقىپ كېتىۋاتقانلار بوسۇغىدا كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. ئۇ بېشىنى تۇتقان پېتى خىيال سۈرۈپ، ئۇستەلگە جەينەكلەپ ئولتۇرۇپ قالغانىدى.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# گاۋ غوجىدارنىڭ تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقى

بىر ئاي ئۆتكەندىن كېيىن ئۇرۇمچى ۋالىي مەھكىمىسى بەش جەسەت توغرىسىدىكى دېلونى بىر تەرەپ قىلىپ، چيەن جياجۇيگە ئۆلۈم جازاسى بېرىپ، جازانى دەرھال ئىجرا قىلدى. گەرچە چيەن دارىن ئوغلى ئۆتكۈزگەن جىنايەتلەرنىڭ سەۋەبچىسى بولسىمۇ، جىنايەتكە بىۋاستە قول تىقمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەمۇرىي جازا بېرىلىپ، ھاكىملىق ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاندى، بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىندى، ئۆزى ئاقسۇغا پالىنىپ، دارىن خېنىم بىلەن بىللە ئاقسۇغا كەتتى. بارات بىلەن بىللە تۇتقۇن قىلىنىپ ئۆلۈپ كەتكەن ئۈچ ئىشلەمچىنىڭ ئىگىسى چىقسا، دۆلەت ئۇلارغا نەپىقە پۇلى بېرىدىغان بولدى. فېڭ جەن بىلەن جاڭ جى ئۆلگىنى ئۆلگەن بويىچە كېتىۋەردى. قېچىپ كېتىپ جىنايى جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇپ قالغان پەقەت غوجىدار گاۋ جىچاڭ بولۇپ، ئۇنىڭ نەدە ئىكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى.

ئايخان چىرايلىق قىزى تۇراننى قىزىنىڭ بىر نەۋرە ئاكىسى باراتقا چېتىپ قويۇشنى ئويلىغان، ھەر ئىككى تەرەپ بۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارغا توي قىلىش نېسىپ بولمىدى. باراتنىڭ جەستى تېپىلغاندىن كېيىن تۇرداخۇن قىزى تۇراننى مويكىدا ئۆزىگە يارىدەمچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان بوي - تۇرقى

باراتقا ئوخشايدىغان ئاق كۆڭۈل بىر يىگىتكە چىقىپ قويدى.

نىكولاي بولسا تۇرداخۇننىڭ مەسلىھەتى بىلەن باقتۇدا ۋاڭ مىڭئېرنىڭ گۇرۇچىنى سېتىۋېلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ، باشقا رۇس سودىگەرلىرى بىلەن بىللە سان پېتروبۇرگقا ئاپىرىپ سېتىپ، شۇ قېتىمقى سودىدىلا ناھايىتى نۇرغۇن پايدا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ چوڭ سودىگەر بولۇپ كەتتى. ھازىر ئۇ ئۆز يۇرتى ۋولگا دەرياسى بويىدىكى رۇس يېزىلىرىدا ئەمەس، بەلكى چاررۇسىيە پايتەختى سانت پېتروبۇرگدا تۇرىدىكەن. كىشىلەر ئۇنى سودىگەر نىكولاي دەپ ئاتىشىدىكەن، ئۇ پات - پات باقتۇغا كېلىپ تۇرىدىكەن. تۇرداخۇن ئىككىسى بىر - بىرىگە لازىم ماللارنى يەتكۈزۈپ بېرىپ، بىرى روسىيىدە، بىرى جۇڭگودا بېيىپ كېتىۋېتىپتۇ.

بەش جەسەت دېلوسىغا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئۆلگىنى ئۆلۈپ، جازالانغىنى جازالىنىپ، قاچقىنى قېچىپ قۇتۇلغىنى بىلەن ھايات ياشاۋاتقانلار ئارىسىدا ۋاڭ خېنىمنىڭ غېمى تۈگىمەي كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تۇرمۇش شارائىتى ياخشى بولسىمۇ، بىكار بولۇپ قالسىلا خىيال سۈرۈپ يىغلايدىغان بولۇپ قالدى. ھەتتا بەزىدە كېچىسى يىغلاپ ئويغىنىپ كېتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا دۇ قىزچاق، بەي ئاغىچا كېچە - كۈندۈز ئۇنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي ھەمراھ بولاتتى. بىر كېچىسى چۈشىدە يىغلاپ ئويغىنىپ كەتتى. يېنىدا ياتقان بەي ئاغىچا دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنى يۆلەپ قۇچىقىغا ئالدى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ بەي ئاغىچىنىڭ قۇچىقىدا تۇرغانلىقىنى، يۈزىدە ياش يۇقى بارلىقىنى سېزىپ بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ:

— بەي ئاغىچا، چىراغنى يېقىڭ، مەن چۈشۈمدە يىغلىغانىدىم، — دەپ قولى بىلەن يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ، — راست يىغلاپتىمەن، — دېدى.

— شۇنداق، سىز يىغلاپ ئويغىنىپ كەتتىڭىز، مەن سىزنى

يۆلىۋالدىم، — بەي ئاغىچا ئورنىدىن تۇرۇپ چىراغنى ياقتى. ئاڭغىچە دۇ قىزچاقمۇ ئويغىنىپ بۇ ئىككىسىنىڭ قىشىغا كىردى. ۋاڭ شىئېر ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ۋاڭ خېنىم ئۇنى خۇددى ۋاڭ شىئېردەك كۆرۈپ، قىزىنىڭ ئورنىدا قىز قىلىۋالغانىدى. لېكىن ئۇ ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بويىچە:

— ۋاڭ خېنىم، يىغلاپسىزغۇ، سىزگە نېمە بولدى، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— بۇنىڭدىن كېيىن سەن مېنى «ئاپا» دېمىسەڭ خاپا بولىمەن جۇمۇ، — دېدى. دۇ قىزچاق خىجىل بولۇپ كەتتى. بەي ئاغىچىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىگە قاراپ ۋاڭ خېنىممۇ كۈلۈپ كەتتى. ئۇلار بىردەم كۈلۈشكەندىن كېيىن بەي ئاغىچا:

— ۋاڭ خېنىم، نېمە بولدىڭىز؟ ئۇخلاۋېتىپ ئەجەب يىغلاپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ:

— مېنىڭ ئەمدى سىلەردىن باشقا يېقىن كىشىلىرىم يوق. گەپ - سۆز، غەم - ئەندىشىلىرىم بولسا سىلەرگە دېمەي كىمگە دەيمەن. بۈگۈن بىرى مېنى قوغلاپ چۈش كۆرۈپتىمەن. قوغلاۋاتقان كىشىنى گاۋ غوجىدار دەپ ئويلاپتىمەن. قورقۇپ يىغلاپ قېچىپ كېتىۋاتقۇدەكمەن. قېچىپ كېتىۋاتقان تەرەپ چۆل - باياۋان ئىمىش. لېكىن ئاشۇ تەرەپكە قاچسام ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇپ قالىدىغاندەك قىلىمىشمەن. ئۇ تەرەپتە پەللە بار ئىمىش. شۇ پەللىگە يېتىۋالسام قوغلاپ كېلىۋاتقان كىشىدىن قۇتۇلۇپ قالىمەن دەپ ئويلايمىشمەن. لېكىن پەللىگە ئاز قالغاندا سىز مېنى ئويغىتىۋەتتىڭىز، — دېدى.

بەي ئاغىچا كۈلۈپ كېتىپ:

— ۋاڭ خېنىم، ياخشى چۈش كۆرۈپسىز، «چۈش دېگەن بەزىدە تەتۈرىگە ماڭىدۇ» دېگەن گەپ بار. ئادەم چۈشىدە يىغلىسا ياخشىلىق ھېسابلىنىدۇ. قارىغاندا سىزگە غەم - قايغۇسىز كۈنلەر

كېلىدىغان ئوخشايدۇ، چۈشىڭىزدە پەللىگە ئاز قالغانلىقىڭىز خاتىرجەم كۆڭگە ئاز قالغانلىقنى بىلدۈرىدۇ. سىزگە كۆرۈنمەي قوغلىغان ئادەم سىزگە يېتىشەلمىگىنىگە قارىغاندا دۈشمىنىڭىز مەقسىتىگە يېتەلمەيدىكەن، — دېدى. ۋاڭ خېنىم ئۈنىڭ تەبىرىگە ئانچە ئىشىنىپ كەتمەي:

— ئۆتەپ - تېشىپ ئىمز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن گاۋ غوجىدار چۈشۈمگە كىرىپ نېمە قىلىدىغاندۇ. يا ئۇ مۈشۈ يېقىن ئەتراپتا يوشۇرۇنۇپ يۈرەمدىغاندۇ. مەن ئېرىمدىن، ئوغلۇمدىن ھەم قىزىمدىن ئايرىلىپ قالغان بىرشۇم پېشانە خوتۇن تۇرسام، گاۋ غوجىدار چۈشۈمگە كىرىپ نېمە قىلىدىغاندۇ، — دېدى.

— خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى بەي ئاغىچا، — كونىلاردا «ياخشى چۈش خۇدادىن، يامان چۈش شەيتاندىن» دېگەن گەپ بار. سىز ياخشى چۈش كۆرگەن ئىكەنسىز خۇدا سىزگە چوقۇم ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ.

— شۇنداق بولسىكەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم چۈشىنىڭ ياخشى تەرىپىنى ئويلاپ، — ئايرىلىدىغاندىن ئايرىلىپ بولدۇم. بۇ يالغۇز بېشىمنى ئامان - ئېسەن قىلغايسەن خۇدايىم. — ئۇ بەي ئاغىچا ۋە دۇ قىزچاققا قاراپ كۈلۈمسىرىدى. ئۇ ئىككىسىمۇ خۇش بولدى، ئۇلار بىردەم پاراڭلىشىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.

ۋاڭ خېنىم چۈشىدە بەك قورقۇپ كەتكەچكە، ئەتىسى چۈشى توغرۇلۇق بىر كۈن خىيال سۈردى. گاۋ غوجىدار يوقاپ كېتىپ ھۆكۈمەت ئۇنى تاپالماي يۈرگەن بولسىمۇ، ئۇ ۋاڭ خېنىمنىڭ كاللىسىغا كىرىۋېلىپ ئارام بەرمەيتتى. گاۋ غوجىدار تېپىلمىغاچقا، باراتلارنىڭ قانداق تۇتقۇن قىلىنغانلىقى ۋە كونا قورۇقتىكى پاجىئەلەر ھېلىمۇ سىر بولۇپ كېلىۋاتاتتى. ئەگەر ھۆكۈمەت تەرەپ گاۋ غوجىدارنى تۇتۇپ كەلسە، بەش جەسەت دېلوسىنى ھۆكۈمەت باشقىدىن ئىشلىسە، «سىلەر نېمىشقا ئەھۋالنى مەلۇم قىلمىدىڭلار، ئەگەر مەلۇم قىلغان بولساڭلار

بۇنچىلىك پاجىئە يۈز بەرمىگەن بولاتتى» دەپ ئۇلارغا گەپ كەلمەي قالمايتتى. ۋاڭ خېنىم بۇ تەرىپىنى ئويلىسا، ئاخشام كۆرگەن چۈش ئۇنى قورقۇنچقا سالاتتى. لېكىن بەي ئاغىچىنىڭ چۈشكە بەرگەن ياخشى تەبىرىنى ئويلاپ خۇش بولغان بولسىمۇ، بۇ غەم - قايغۇدىن قانداق قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمەيتتى. شۇڭا بۇگۈن ئۆزى يالغۇز خىيال سۈرۈپ، بەي ئاغىچا ياكى دۇ قىزچاقنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ سەيلە قىلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى. ئۇ بۇگۈن تولاراق ھويلىدا، باغدا ئايلىنىپ يۈردى. ئۇ ئايلىنىپ يۈرۈپ، كەچ كىرىپ گۇگۇم چۈشكەنلىكىنى سەزمەي قالدى. ئالدىدىكى نەرسىلەر غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ تالادا ئۇزاق تۇرۇپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئورۇندۇقتىن ئاستا تۇردى. لېكىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئىككى قەدەم مېڭىشىغا ئالدىدىكى ئالما دەرىخىنىڭ تۈۋىدە بىر نەرسە مىدىرلىغاندەك قىلدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا بىردەم دىققەت قىلدى، ئۇنى قويمىكىن دەپ ئويلىدى. ئەمما ئۇ خۇددى قاتۇرۇپ قويغاندەك جىم تۇراتتى. ۋاڭ خېنىم ئەتراپىغا قارىدى. باغ ئۆزىنىڭ بېغى، ئۆيىمۇ باغقا يېقىن، جىمى ئۆينىڭ چىرىغى يورۇق، باغدىن چىقسىلا ئۆيىگە كىرىدۇ، شۇڭا ئانچە قورقۇپ كەتمەي:

— كىمسەن؟ — دېدى. ھېلىقى نەرسە ئاستا مىدىرلاپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ ئادەم ئىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنى تونۇش ئادەم بولسا چوقۇم گاۋ غوجىدار بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلاپ:

— سەن گاۋ غوجىدارمۇ؟ — دەپ تەۋەككۇلغىلا سورىدى.

— شۇنداق، — دېدى گاۋ غوجىدار دەرھال تىزلىنىپ سالام بېرىپ. ئاخشام كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈش يادىغا كېلىپ ۋاڭ خېنىم ھەيران قالدى:

— نېمىشقا بۇ يەردە تۇرىسەن؟

— خېنىم، — دېدى گاۋ غوجىدار تىزلىنىپ تۇرغىنىچە،

— ھەممە ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن مەن سىزنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدىم، سىز تىكەندەك يالغۇز قالدىڭىز، شۇڭا ئىككىمىز بىشىمىزنى ئېلىپ يىراقلارغا كېتىپ ياشىساق دەيمەن.

ۋاڭ خېنىم غەزەپلىنىپ:

— سەن ھېلىغىچە شۇ خىيالدىمۇ، ساڭا دەپ قويay گاۋ غوجىدار، مەن ئېرىمدىن، ئوغلۇمدىن ۋە قىزىمدىن ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالغان بولسامۇ، يەنىلا ئائىلەمگە سادىق خوتۇنمەن. سەن خۇدادىن قورقماي ئەسكى ئىشلارنى قىلغىنىڭ بىلەن مەن خۇدادىن قورقىمەن. ئۇ دۇنياغا پاك كېتىشنى خالايمەن. سەن بۇ پەسكەش خىياللىرىڭنى ئۇنتۇپ ھازىرلا يوقال. سېنى ھازىر ھۆكۈمەت ئىزدەپ يۈرىدۇ، — دېدى.

— خېنىم، — دېدى گاۋ غوجىدار بېشىنى تېخىمۇ ئېگىپ تەزىم بىلەن، — سىز يەنە ئويلىنىپ بېقىڭ، مەن سىزنى كېيىن يەنە ئىزدەيمەن.

— يوقال دېدىمغۇ، يوقال، — دېدى ۋاڭ خېنىم دەرغەزەپ بولۇپ، — بولمىسا ھازىرلا ئادەم چاقىرتىمەن. ھۆكۈمەت ئادەملىرى سېنى ئوڭايلا تۇتۇۋالىدۇ. — گاۋ غوجىدار ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋاڭ خېنىم، ھازىرچە كەتسەم كېتەي، لېكىن يەنە سىزنى ئىزدەيمەن، — دەپ ئالما دەرىخىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ، خۇددى يەرگە سىڭىپ كەتكەندەك بىردەمدىلا غايىب بولدى.

بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەچكە، ئەتراپ تېخىمۇ جىمجىت ئىدى. ھويلىدا بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاقنىڭ ۋاڭ خېنىمنى چاقىرىۋاتقانلىقى ئاڭلاندى. گاۋ غوجىدار كۆزدىن يوقالغان بولسىمۇ، قورقۇپ تۇرغان ۋاڭ خېنىمغا ئەمدى جان كىرگەندەك بولۇپ:

— مەن بۇ يەردە، — دەپ باغدىن چىقتى. ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاق ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

دۇ قىزچاق يۈگۈرۈپ باغنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئاپا، نەگە كەتتىڭىز؟ مەن دوستلىرىم بىلەن ئويناپ قاپتىمەن. ئۆيگە كەلسەم بەي ئاغىچا سىزنى يوق تۇرىدۇ دېگەنتى بەك ئەنسىرەپ كەتتىم، — دېدى.

— قىزىم، مەن باغدا ئايلىنىپ يۈردۈم، — ۋاڭ خېنىم ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

دۇ قىزچاقمۇ يىغلاپ كەتتى. بەي ئاغىچا ئۇ ئىككىسىگە قاراپ هەيران بولۇپ:

— بولدى، كەچتە يىغلىماڭلار، ئۆيگە كىرەيلى، — دەپ ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى، ئۇ ئىككىسىنىڭ يىغىسىمۇ پەسەيدى. ئۆي ناهايىتـــــى يورۇق بولۇپ، تاماق ئۇستىلىگە بۇت قويۇلغان، ئۇستەلگە چىراغ يېقىلغانىدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ يىغىسى توختىغان بولسىمۇ، چىرايى تاتىـــرىپ كەتكەنىدى. شۇڭا دۇ قىزچاق:

ئاپا، مېنى كۆرۈپ ئەجەب يىغلاپ كەتتىڭىزغۇ؟ ئاخشام كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشتەك بىـــر نـەرسىـــدىـن قـورقـۇپ كەتتىڭىزمۇ - يا؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم يەنە يىغلاپ كەتتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ قولياغلىقى بىلەن يېشىنى سۈرتۈپ بولۇپ:

— خېنىم، سىز بۈگۈن زادى نېمە بولدىڭىـز؟ بۈگۈن كۈندۈزى ئۆزىڭىز يالغۇز سەيلە قىلدىڭىز، بايا دۇ قىزچاقنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتىڭىز، هازىر دۇ قىزچاق گەپ قىلسا يەنە يىغلاپ كېتىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم يۈزىنى سىيلاپ تۇرۇپ ئالدىرىماستىن:

— سىلەرگە بىر ئىشنى ئېيتىپ بېرەي، — دەپ بايا گاۋ غوجىدارنىڭ باغدا پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى، «يەنە كېلىمەن» دېگىنىنى ئېيتتى. بەي ئاغىچا بىلەن دۇ قىزچاق قورقۇپ بىر - بىرىگە قارىشىپ قالدى. چۈنكى ئۇلار گاۋ غوجىدارنى ئەمدى هەرگىز

قايتىپ كەلمەيدۇ دەپ ئويلىشاتتى. لېكىن ئاخشام ۋاڭ خېنىمنىڭ كۆرگەن قورقۇنچلۇق چۈشى بىلەن بۇگۈن ئۇنىڭ باغدا يەنە تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغانلىقى ئۇلارنى ئىنتايىن ئەجەبلەندۇردى. دۇ قىزچاق:

— ئاپا، مەن سىزگە بىر گەپ قىلاي، ئاڭلاپ بېقىڭ، مېنىڭچە شۇنداق قىلسىڭىز غەم - قايغۇدىن قۇتۇلۇپ يىغلىمايدىغان بولىسىز، — دېدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— قېنى دېگىنە ئاڭلاپ باقاي، — دېدى.

— ئاپا، ئاخشام كۆرگەن چۈشىڭىزگە بەي ئاغىچا ياخشى تەبىر بەرگەن بولسىمۇ، ئۇ دېگەن ئۇخلاۋېتىپ كۆرگەن بىر چۈشقۇ دەپ ئانچە پەرۋا قىلىپ كەتمىگەنىدىم. لېكىن چۈشىڭىزدە كۆرگەن گاۋ غوجىدار بۇگۈن ئويغىنىزدا كۆرۈنگىنى ئەجەب ئىش. ئاپا، گېپىمنى دەيمۇ - دېمەيمۇ؟

جىددىيلەشكەنلىكىدىن قانداق قىلارىنى بىلمەي تۇرغان ۋاڭ خېنىم:

— دېگىن، گەپنى چىقىرىپ قويۇپ دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى.

— ئۇنداق بولسا، سىز بۇ يەردىن كېتىڭ، بۇ يەردىن كەتسىڭىز غەم - قايغۇدىن قۇتۇلىسىز. گاۋ غوجىدار «كېيىن يەنە كېلىمەن» دەپتۇ، شۇڭا بۇ يەردىن قانچە بالدۇر كەتسىڭىز شۇنچە ياخشى. سىز بۇ يەردىن كەتسىڭىز ئۇ سىزنى ھەرگىز تاپالمايدۇ، ئەگەر بۇ يەردە تۇرسىڭىز ئۇ يەنە پەيدا بولۇپ سىزنى ئاۋارە قىلىدۇ. ئۇ بەك ئەسكى ئادەم بولسىمۇ، بىز ئۇنى ھەرگىز پاش قىلالمايمىز.

بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا ئاچچىقلاپ:

— ھەي، نېمە دەۋاتىسەن. ۋاڭ خېنىم بۇ يەردە ئۈچ ئادەمنى يەرلىكىگە قويغان تۇرسا، ئۇلارنىڭ قەبرىلىرىنى تاشلاپ

نەگە باراتتى، روهلار چۈشكە كىرمەمدۇ؟ — دەپ دوق قىلدى. ئەمما دۇ قىزچاق ئۇنىڭ ئاچچىق قىلغىنىغا پىسەنت قىلمىدى:

— ۋاي - ۋۇي بەي ئاغىچا، ئەرۋاهلارنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى. ئەگەر ئەرۋاهلارنىڭ قولىدىن بىرەر ئىش كېلىدىغان بولسا، مەن بۇ يېتىملىكتىن ئاللىقاچان قۇتۇلغان بولاتتىم. مەن بۇ قورۇقتا دېدەك بولۇپ كېلىشتىن ئىلگىرى ئاتا - ئانام دائىم چۈشۈمگە كىرىۋېلىپ، مېنى قايغۇغا سالاتتى، دائىم يىغلايتتىم. قاچان مەن بۇ قورۇقتا كەلدىم شۇنىڭدىن بېرى ئاتا - ئانام چۈشۈمگە كىرمەيدىغان بولدى. قايغۇرمايدىغان، يىغلىمايدىغان بولدۇم. ئىلگىرى ئۇلار هەربىر چۈشۈمگە كىرسە قورقۇپ كېتەتتىم، كونىلاردا «ئەرۋاهلار چۈشكە كىرسە قورۇنىدۇ» دېگەن گەپ بار ئىكەن. ئەڭ ياخشىسى، ئەرۋاهلارنىڭ چۈشكە كىرمىگىنى ياخشىكەن، — دېدى. ئۇنىڭ گەپلىرىگە ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا كۈلۈشۈپ كەتتى. دۇ قىزچاق گېپىنى يەنە داۋاملاشتۇردى، — مەن سىلەرگە ئېيتسام، ئەگەر ئاپام بۇ يەردە تۇرىۋەرسە ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ، كۆجە كۆيدۇرگەندە ئۆلگەنلەر يادىغا يېتىپ، يەنە غەم - قايغۇدىن قۇتۇلالمايدۇ. شۇڭا بۇ يەردىن كەتسەك دەيمەن. — ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ئۇنىڭ گەپلىرىگە كۈلۈشتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا:

— سەن مومايلاردەك گەپ قىلىدىكەنسەن، — دەپ ئۇنى قۇچاقلىدى. دۇ قىزچاقنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ:

— نەگە كەتسەم بولار؟ — دېدى.

— ئاپا، كەتسەك يۇرتىمىزغا كېتەيلى، — دېدى دۇ قىزچاق. ۋاڭ خېنىم گەرچە بۇ يەردىن كېتىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، باشقا ۋىلايەتكە كۆچۈپ كېتىشنى ئويلىغان، يۇرتى تيەنشۈيگە كېتىشنى زادىلا ئويلىمىغانىدى. شۇڭا:

— هەي... مېنىڭ يۇرتۇم جاهاننىڭ ئۇ چېتىدىكى

تيەنشۈي دېگەن جاي. بىلەمسەن، ئۇ يەر بۇ يەردىن ئاتلىق نەچچە ئايلىق يول، — دېدى.

— قانچە يىراق جايغا كەتسەك شۇنچە ياخشى ئەمەسمۇ، گاۋ غوجىدار سىزنى تاپالمايدۇ.

— سەن ساراڭ بوپسەن، كۆڭۈل دېگەن ئاجايىپ نېمە، بۇ دۇنيادا تۇرۇپ ئۇ دۇنيانى ئويلىغىلى بولىدۇ. گاۋ غوجىدار ئۇ يەرگىمۇ بېرىپ قالسا قانداق قىلىسەن؟ — دېدى بەي ئاغىچا.

— كۆڭۈل دېگەنمۇ شۇنداق، لېكىن ئۇ يەر يىراق بولغاچقا، بۇ يەردىكى ئىشلاردىن يىراق تۇرغىلى بولىدۇ. گاۋ غوجىدار بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ ئۇنداق يىراق يەرگە بارالمايدۇ.

ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۈچى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم، — بىز بۇ ناھىيىگە كېلىپ ئورۇنلىشىپ ماكان تۇتقىلى ئوتتۇز نەچچە يىل بوپتۇ. بۇ يەرمۇ ماڭا ئۆز يۇرتۇمدەك بولۇپ قالدى، — دەپ بەي ئاغىچىغا قارىدى. بەي ئاغىچىمۇ ئۆز يۇرتىنى ئەسلەپ قالغانىدى. ئۇ:

— مېنىڭ يۇرتۇم ۋۇۋېي، ئۇن نەچچە ياشتا ئاتا- ئانام بىلەن چىققانىدىم. مانا هازىر 52 يىلدىن ئاشتى. بىز بۇ يەرگە كېلىپلا ناھىيە بازىرىغا ئورۇنلاشقانىدۇق. مەن باشقا يېزىغا توي قىلىپ كەتكەنىدىم. لېكىن ئېرىم مېنى «تۇغمىدى» دەپ قويۇۋەتتى، ئاتا - ئانام ۋاپات بولۇپ كەتتى، شۇڭا لىۇ ئانىنىڭ ئۆيىدە بىللە تۇردۇم. كېيىن سىلەرنىڭ ئۆيگە خىزمەتچى بولۇپ كەلدىم. مەنمۇ دۇ قىزچاققا ئوخشاش قارا يېتىم. هېچ نەرسەم يوق، — دېدى.

— ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئاتا - ئانام سىچۇەنلىك ئىكەن، مەن بۇ يەردە تۇغۇلغانىكەنمەن. ئۈچ ياش چېغىمدا ئاتا - ئانامغا يۇقۇملۇق كېسەل تېگىپ تەڭلا ئۆلۈپ كېتىپ، مېنى قولۇم - قوشنىلار بېقىپ چوڭ قىپتىكەن. كېيىن بۇ قورۇققا كېلىپ ۋاڭ شىئېر خېنىمنىڭ دوستى بولۇپ قالدىم، — دېدى دۇ

قىزچاق.
ئۇلار پاراڭ بىلەن بولۇپ، كەچ كىرىپ كەتكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشتى. چىراغنىڭ يېغى تۈگەپ، پىلىك پىلىلداپ قارا ئىس چىقىرىپ ئاران كۆيمەكتە ئىدى. تۈن قاراڭغۇسى بولۇپ، ئەتراپ جىمجىت ئىدى. ئۇلار يوتقان - كۆرپىلىرىنى سېلىپ ئۇخلاپ قېلىشتى.
دۇ قىزچاقنىڭ گېپى بىلەن ۋاڭ خېنىم پات - پات يۇرتىنى ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئويلىسا - ئويلىسا بۇ يەردە ئۈچ قەبرىدىن باشقا ھېچنېمىسى قالمىغانىدى. خۇددى دۇ قىزچاق دېگەندەك ھەركۈنى ئىشىكتىن چىقسىلا بۇ يەردە بولغان ئىشلار ھېلىلا يۈز بېرىۋاتقاندەك كۆز ئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۆيگە كىرسە ۋاڭ بېگىمنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئاڭلىنىپ، كېچە كۆيدۈرگىلى بارغاندا روھلار كۆزىگە كۆرۈنۈپ، ئارام بەرمەيتتى. بەزىدە گاۋ غوجىدار «يەنە كېلىمەن» دېگەنلىكى ئۈچۈن، تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ «ئاشنا ئوينايمىز» دەپ ئاۋارە قىلىدىغاندەك قورقۇنچ بېسىپ قالاتتى. خىياللار ۋە گاۋ غوجىدارنىڭ ۋەھىمىسى بىلەن بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىر كۈنى بېشى ئاغرىپ دورا ئىچىۋاتقاندا بەي ئاغىچا:
— ۋاڭ خېنىم، سىزگە زادى نېمە بولدى؟ بارغانسېرى سىزنى غەم بېسىۋالىدىغان بولۇپ قالدىغۇ؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم دورىسىنى ئىچىپ بولۇپ چىنىنى قويۇپ:
— بەي ئاغىچا، دېگىنىڭىز توغرا، مەن مۇشۇ كۈنلەردە نېمە بولغانلىقىمنى بىلمەيمەن، شۇڭا يۇرتۇم تيەنشۇيگە كېتەيمىكىن دەپ ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، — دېدى.
— قايسى كۈنى دۇ قىزچاق ھېلىقىدەك دېسە يۇرتىڭىزغا كەتكىڭىز كېلىپ قالدىمۇ نېمە؟
— راست، ئويلىسام ئۇنىڭ گېپىمۇ توغرىدەك قىلىدۇ.
— ئۇنداقتا كېتىش قارارىغا كېلىپ قاپسىز - دە؟

— شۇنداق، يۇرتۇمغا كەتسەم ئارام ئېلىپ قالىدىغاندەك قىلىمەن.

— بوپتۇ ئەمىسە، راستتىنلا يۇرتىڭىزغا كەتكىڭىز كېلىپ قالغان بولسا مەيلى.

— ئاتا - ئانام مەن بۇياققا كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ۋاپات بولۇپ كېتىپتىكەن. شۇنچە يىللار بولدى، ئۇياققا بېرىپ باقمىدۇق، باشقا ئۇرۇق - تۇغقانلىرىمدىن كىم بارلىقىنى بىلمەيمەن.

— ھەرقاچان دۇ قىزچاقنى بىللە ئېلىپ كېتەرسىز.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. ئۇ قىز ۋاڭ شىئېرنىڭ ئورنىدا مەن بىلەن بىللە بولىدۇ. بەي ئاغىچا، ئەگەر خالىسىڭىز سىزمۇ مەن بىلەن بىللە كېتىڭ، بىز ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەمراھ بولۇپ كەلدۇق، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھەمراھ بولايلى.

بەي ئاغىچا بىرئاز ئويلىنىۋېلىپ:

— بوپتۇ، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە كېتەي، يۇرتۇمغىمۇ بارمايمەن، — دېدى.

— مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىڭىزنى بىلەتتىم. چۈنكى سىزمۇ تىكەندەك يالغۇز، ياخشى بولدى. سىزنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتەي، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— بولدى، كەتسەك بىللە كېتەيلى، مەن ھازىر دۇ قىزچاقنىڭ ئۆتكەندە دېگەن گېپىنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، ئۇ توغرا دەپتىكەن.

ئىككىسى بىر - بىرىگە قارىشىپ كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىسىنى دالاندا تۇرغان دۇ قىزچاق ئاڭلاپ:

— ئەجەب كۈلۈشۈپ كەتتىڭلارغۇ، نېمە ئىش بولدى كۈلگىدەك؟ — دېدى. ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا قاراپ تېخىمۇ كۈلۈپ كەتتى. ۋاڭ خېنىم:

— قىزىم، سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ ئولتۇرساق سەن

كىرىپ قالدىڭ، شۇڭا كۆلۈشتۈق، — دېدى.
— ياق، مەن سىلەرنىڭ كۈلگىنىڭلارنى ئاڭلاپ قېلىپ كىردىم، مەندىن نېمىنى يوشۇرۇۋاتىسىلەر؟ — دېدى دۇ قىزچاق ۋاڭ خېنىمنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.
— سېنىڭ گېپىڭنى قىلىپ كۈلگەنىدۇق، سەن كىرىپ قالدىڭ، شۇڭا تېخىمۇ كۈلۈشتۇق، — دېدى بەي ئاغىچا ئەسكەرتىپ.
— ئۇنداقتا سىلەر مېنىڭ غەيۋىتىمنى قىلىپسىلەر-دە، — دېدى دۇ قىزچاق ئۇ ئىككىسىگە ئەركىلەپ.
— قىزىم، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — سېنىڭ گېپىڭ بويىچە بىز يۇرتىمىزغا كېتىدىغان بولدۇق.
— قايسى كۈنى دېگەن گەپنى مەن چاقچاق قىلىپ دەپ قويغان.
ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ:
— شۇ چاغدا بىزمۇ ئۇ گېپىڭنى چاقچاق دەپ چۈشەنگەنىدۇق. لېكىن ئويلىساق سېنىڭ گېپىڭ توغرا ئىكەن، — دېدى.
— مېنى «موماي» دەۋاتاتتىڭلار، ئەمدى مېنىڭ گېپىم توغرا چىقىپ قاپتۇ، — دۇ قىزچاق قاپقارا كۆزىنى ئوينىتىپ كۈلۈپ كەتتى.
— راست، سېنىڭ گېپىڭ ناھايىتى توغرا چىقتى، — دېدى بەي ئاغىچىمۇ ئۇنى ماختاپ. دۇ قىزچاق خۇشاللىقتىن چاۋاك چېلىپ كەتتى. لېكىن بەي ئاغىچا:
— ھەي، بىز كېتىمىز، لېكىن سېنى ئېلىپ كەتمەيمىز جۇمۇ، — دەپ چاقچاق قىلدى. دۇ قىزچاقنىڭ چىرايى بىردىنلا تۈتۈلۈپ ئۇلارغا دومسىيىپ قارىدى.
— قورقما قىزىم، مەن سەندىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن، — ۋاڭ خېنىم ئۇنى قۇچاقلىدى. دۇ قىزچاق يىغلاپ كەتتى. چۈنكى

ئۇ بۇ گەپنى راست دەپ ئويلاپ قالغاندى. ئۇنىڭ «سېنى قالدۇرۇپ قويمىز» دېگەن گەپكە ئىشىنىپ قالغانلىقىغا ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا كۈلۈپ كەتتى. ئۇلارغا قاراپ دۇ قىزچاقمۇ يىغىسىنى توختىتىپ كۈلۈۋەتتى.

ۋاڭ خېنىمنىڭ يۇرتىغا كېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ چىققىغا چىقىپ، كېتىشنىڭ تەييارلىقى باشلىنىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان تونۇش - بىلىش، قولۇم - قوشنىلار كۈندە دېگۈدەك ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ - كېتىپ تۇردى. ۋاڭ خېنىم تېرىلغۇ يەرلىرىنى ئىلگىرى ئىجارىگە ئېلىپ تېرىۋاتقانلارغا ئەرزان باهادا سېتىۋەتتى. ئۆي - جايىنىمۇ ئەرزانلا سېتىۋەتتى. ئۆي - جاهازلىرى قاتارلىق نەرسىلىرىنى قولۇم - قوشنىلارغا بېرىۋەتتى. بىرەر ئاي تەييارلىق قىلىپ، يولغا چىقىدىغان كۈندىن بىر كۈن بۇرۇن كۈجە كۆيدۈرۈشكە قەبرىستانلىققا كەلدى. بۇ ئاخىرقى قېتىم كۈجە كۆيدۈرۈش بولغانلىقى ئۈچۈن ۋاڭ خېنىم، دۇ قىزچاق، بەي ئاغىچا قەبرىستانلىققا خۇددى يېڭى هازىدار ئادەملەردەك ماتەم كىيىملىرىنى كىيىپ كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ كۈجە كۆيدۈرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغانلار قەبرىستانلىققا كېلىشتى. ئۇلار ئۈچ قەبرە تېشى ئالدىدا تۇرۇشاتتى. ۋاڭ بېگىم نامدار ئادەم بولغاچقا، ئۇنىڭ قەبرە تېشى هەيۋەتلىك ياسالغانىدى. ئوغلى بىلەن قىزىنىڭ قەبرە تاشلىرىمۇ كۆركەم ياسالغانىدى.

ۋاڭ خېنىم مەزمۇت قەدەملەر بىلەن قەبرە ئالدىغا كەلدى. دۇ قىزچاق بىلەن بەي ئاغىچا ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا هەمراھ بولۇپ بىللە سۈكۈتتە تۇرۇشتى. ۋاڭ خېنىم يىغلىدى، ئۇنىڭغا قاراپ دۇ قىزچاق، بەي ئاغىچىمۇ يىغلىدى. ئۇلارغا قاراپ ئەتراپتا تۇرغانلاردىنمۇ خېلى كۆپ ئادەم يىغلىدى. بولۇپمۇ ۋاڭ مىڭئېر بىلەن ۋاڭ شىئېرنىڭ ئۆلۈمى كىشىلەردە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. قۇرامىغا يەتكەن ئاكا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ

ئېچىنىشلىق ئۆلۈپ كېتىشى كىشىلەرنى بەكمۇ قايغۇغا سالغانىدى. شۇڭا يىغلاۋاتقانلار قاتتىق ئېچىنىپ يىغلىشاتتى. يىغلىمىغانلارمۇ ئېغىر مۇسىبەتتە تۇرۇشاتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئۆلارنىڭ يىغىسى ئاستا - ئاستا توختىدى. ئادەم شۇنچە كۆپ بولسىمۇ، بۇ چوڭ قەبرىستانلىق جىمجىتلىققا چۆمدى، ۋاڭ خېنىم ئورنىدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قاراپ نەزم ئوقۇدى:

ئەزىزلەيدۇ ئىنسانلار تۇغۇلغان يەرنى،
ئۇنتۇمايدۇ قېرىنداشى كۆمۈلگەن يەرنى.
خاتىرجەم يېتىڭلار ئەي ۋاپادارلىرىم،
ئەسلەيمەن كېچە - كۈندۈز مەڭگۈ سىلەرنى.

بۇ نەزم كىشىلەرگە ئىنتايىن تەسىرلىك ئاڭلاندى، ئۇنىڭدىن تەسىرلەنگەنلەر ئۇنى «بىلىملىك، شائىر ئايالكەن» دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆرمەت بىلەن قاراشتى.

ئەتىسى ۋاڭ خېنىم قورۇقتىن ئۇزاپ، ناھىيىگە كىرىپ، جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. ئۇلار ناھىيىدە بىر كۈن تۇرۇپ يۇرتىغا سەپەر قىلماقچى ئىدى. ئۇلار يېتىپ كەلگىچە جىيا خېنىم خەۋەر تېپىپ، جاڭ لەشكەر بېگىنىڭ ئۆيىگە كېلىپ تۇرغانىدى. ئۇلار سالاملىشىپ بولغاندىن كېيىن جاڭ خېنىم:

— ۋاڭ خېنىم، سىزنىڭ تاپشۇرۇقىڭىز بويىچە ئايخانغا خەۋەر قىلىپ قويدۇق، ئۇ ئىنتايىن خۇش بولدى. سىز ئەمدى يېتىپ كەلدىڭىز، ئايخانغا ئادەم ئەۋەتسەك ھازىرلا كېلىدۇ، — دېدى.

— ناھايىتى ياخشى قىپسىز جاڭ خېنىم، مەن ئايخان بىلەن خوشلىشىۋالمىسام بولمايدۇ.

— شۇنداق بولمامدىغان، — دېدى جىيا خېنىم، — ۋاڭ شىئېر بىلەن باراتنىڭ ئاشىق - مەشۇق ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغانلا

ئادەم خۇشال، ئۇلار توغرىسىدىكى گەپلەر كىشىلەر ئاغزىدىن چۇشۇرمەيدىغان چۆچەككە ئايلىنىپ كەتتى.

— ئەپسۇس، — دېدى ۋاڭ خېنىم، — ئۇ ئىككىسى مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمىدى. لېكىن مەن قىزىم بىلەن باراتنىڭ مۇھەببىتىدىن پەخىرلىنىمەن. سىز دېگەندەك ئۇ ئىككىسى تىللاردا داستان بولغۇدەك سادىق ئاشىق - مەشۇقلار ئىدى. گەرچە ئىككىسىنىڭ مىللىتى، دىنى باشقا بولسىمۇ، ئۇ ئىككىسىگە خۇدا چىن مۇھەببەت ئاتا قىلغانىدى، — ئۇ كۆزىگە ياش ئالدى.

— شۇڭا، — دېدى جاڭ خېنىم، — كىشىلەر ھېلىغىچە چيەن دارىن بىلەن كىچىك بايۋەچچىگە لەنەت ئوقۇيدۇ، ئۇلارنى ئەسلەپمۇ قويمايدۇ. فېڭ جەن بىلەن جاڭ جىننىڭ ئاپىسى قارانچۇقى بولمىغاچقا، دىۋانە بولۇپ كەتتى، ئۇلار ھازىر كوچىلاردا تىلەمچىلىك قىلىۋاتىدۇ...

— ئامى تابا، — دېدى جيا خېنىم قولىنى جۈپلەپ تۇرۇپ.

ئۇلار تاماق پىشقىچە چاي - پاي ئىچىشىپ ئولتۇرۇشتى. تالادىن خىزمەتچى كىرىپ:

— جاڭ خېنىم، بىز خەۋەر قىلغان مېھمانلار كەلدى، — دەپ چىقىپ كەتتى.

جاڭ خېنىم دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ ھايال ئۆتمەي ئايخان بىلەن تۇراننى باشلاپ كىردى. ۋاڭ خېنىم ئۇلارنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئايخان ئۇنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى. بەش جەسەت تېپىلغاندىمۇ ئۇ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەن مۇشۇنداق كۆرۈشۈپ يىغلاشقانىدى. ھازىر ئۇلار ئايرىلىدىغان بولغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ بەك يىغلاپ كېتىشتى. باشقىلار ئۇلارغا قاراپ سۈكۈت قىلىپ تۇرۇشتى.

ئۇلارنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنچىلىك يىغلايدىغانلىقىنى ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى بىلىشەتتى. ئۇلارنىڭ يىغىسى خېلى ئۇزاق داۋاملاشتى، جيا خېنىم بىلەن جاڭ خېنىم ئۇ ئىككىسىگە

تەسەللى بېرىشتى. ئايخان:
— ۋاڭ خېنىم، سىزنىڭ يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېتىدىغانلىقىڭىزنى تېخى يېقىندا ئاڭلاپ ھەيران قالدۇق. بالدۇرراق ئاڭلىغان بولساق قورۇقتا بىرىپ خوشلىشىپ كەلگەن بولاتتۇق، — دېدى. ۋاڭ خېنىم:
— سىڭلىم ئايخان، قىزىم ۋاڭ شىئېر بولسىغۇ ھەرگىزمۇ كەتمەس ئىدىم، قىزىمدىنمۇ ئايرىلىپ تىكەندەك يالغۇز قالدىم. بۇ يەردە تۇرسام ئاشۇ ئىشلار يادىمغا كېلىۋېلىپ، كۆڭلۈم ئارام تاپمايدىكەن، شۇڭا يۇرتۇمغا كېتەي دېگەن قارارغا كېلىپ كەتمەكچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى.
تۇران ئۇلارنىڭ گەپلىرىنى ئۆزئارا تەرجىمە قىلىپ تۇردى. ئايخان:
— ۋاڭ خېنىم، ۋاڭ شىئېر خېنىم بىلەن باراتنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشكەنلىكىنى ئۇرۇق - تۇغقانلار ئاڭلاپ ناھايىتى خۇش بولغانىدۇق. لېكىن ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆمرى قىسقا كېلىپ قالدى، بىز سىلەرنى يەنىلا ئۇرۇق - تۇغقاندەك كۆرىمىز، — دېدى.
ۋاڭ خېنىم:
— ئايخان، بارات دەسلەپتىلا مېنىڭ كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنگەنىدى. ئۇ ئوغلۇم ۋاڭ مىڭئېرنىڭ ساۋاقدىشى ھەم دوستى ئىدى. قىزىم بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولغانىدىم. شۇڭا ئىككىسىنىڭ بىللە قېچىپ كېتىشىگە رازىلىق بەرگەنىدىم، لېكىن ئۇ ئىككىسى مۇراد - مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئايخان، قىزىمنىڭ قەبرىسى مۇشۇ يەردە قالدى. سىلەر نامىزىڭلاردا بارات قاتارىدا ئۇنىڭغا دۇئا قىلىپ قويارسىلەر، — دېدى.
ئايخان دەرھال:
— دۇئا قىلمامدىغان، ۋاڭ خېنىم، ھېلىمۇ ئۆز بالىمىز

قاتاردا دۇئا قىلىۋاتىمىز، ئۇ ئىككىسىنىڭ ياتقان يېرى جەننەتتە بولار، ئاخىرەتتە مۇراد - مەقسىتىگە يېتەر، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم:

— رەھمەت سىزگە ئايخان، بىز بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇمايلى، ئەسلىشىپ تۇرايلى، — دېدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ گېپىنى ئەتراپتىكىلەر ئاڭلاپ ئىنتايىن خۇش بولۇشتى ۋە بارىكاللا ئېيتىشتى. ئايخان ۋاڭ خېنىمغا:

— ۋاڭ خېنىم، بىز سىلەرگە ئالاھىدە يوللۇق تەييارلىيالمىدۇق، سەپەر ئۇزۇن، شۇڭا بىر تاغار نان تەييارلىدۇق. خېمىرىنى سۈت بىلەن يۇغۇرۇپ، ماي سېلىپ سىڭدۈرۈپ پىشۇردۇق، ئۇزاق تۇرسىمۇ بۇزۇلۇپ قالمايدۇ. ئۇنى يېگەچ بىزنى ئەسلەپ تۇرارسىلەر، بىز ئۇيغۇرلاردا «نان يولدا ھەمراھ» دېگەن گەپ بار، — دېدى.

— رەھمەت، — دەپ ئورنىدىن تۇردى ۋاڭ خېنىم. ئايخاننىڭ نان ئەكەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ھەممىسى خۇش بولۇشتى، دالاندا بىر تاغار نان تۇراتتى. «بۇ ياخشى ئىش بولدى» دەپ ھەممىسى ئايخاننى ماختاشتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ۋاڭ خېنىم سەپەرگە ئاتلاندى، ئۇلار چوڭ مەپىنى كىرا قىلغانىدى. يېزىنىڭ ھەممە ئادەملىرى دېگۈدەك ئۇزاتقىلى كەلدى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا قورۇقتىن كەتكەنلەرمۇ بار ئىدى. مەپە قوزغالدى، مەپە كۆزدىن يىتكىچە ئۇزاتقۇچىلار قاراپ تۇرۇشتى. مەپە ئۇزاققا سوزۇلغان ھارۋا يولىدا ئاستا ئۇزاپ، كۆزدىن غايىب بولدى.

## ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# ۋاڭ خېنىمنىڭ راھىبە بولۇپ كەتكەنلىكى

ۋاڭ خېنىم ئىككى ئاي سەپەر قىلىپ يۇرتى تيەنشۈي ۋىلايىتىگە يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆيى بىر كىچىك ناھىيە بازىرىدا بولۇپ، ئۇ ئۆيگە كېلىشىگىلا «ياڭ چىڭ قايتىپ كەپتۇ» دېگەن خەۋەر يىراق ـ يېقىنغا پۇر كەتتى. ۋاڭ خېنىمنىڭ ئەسلى ئىسمى ياڭ چىڭ ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئاللىقاچان ئۆلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆيگە يىراق بىر تۇغقىنى ئىگە بولۇپ ئولتۇرغانىكەن. لېكىن ئۇلار كۆچۈپ كەتمەي، ۋاڭ خېنىملارغا ئىككى ئېغىز ئۆينى بوشىتىپ بەردى. «ياڭ چىڭ قايتىپ كەپتۇ» دېگەن گەپ تارىلىش بىلەن ئەتىسىدىن باشلاپ ئادەملەر ئايىغى ئۈزۈلمەي پەتىگە كېلىشكە باشلىدى. گەرچە ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلىپ كەتكىلى ئۇزاق يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ نامى ھېلىغىچە كىشلەرنىڭ ئاغزىدىن چۈشمىگەنىدى. شۇڭا ئۇنى ۋە ئاتا ـ ئانىسىنى تونۇيدىغان قېرىلارمۇ، ئۆزى بىلەن بىللە ئويناپ چوڭ بولغان قىز ـئوغۇل دوستلىرىمۇ، ئۇنىڭدىن كىچىكلەرمۇ، ياشلارمۇ، بالىلارمۇ كۆرۈشكىلى كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۇنىڭ نامىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا، «ياڭ چىڭ زادى قانداقراق تۇرغاندۇ، ئۇ ياشلىقتىكى گۈزەللىكىنى يوقاتقانمىدۇ» دەپ قىزىقىپ كەلگەنلەر ئىدى. ئارىدىن بىر موماي:

— ياڭ چىڭ، ساڭا خۇدايىم گۈزەللىك ئاتا قىلغانىكەن.

سەن هازىر ئاتمىش ياشقا كىرىپ قالدىڭ، يېشىڭ چوڭلاپ، چېكەڭگە ئاق سانجىغان بولسىمۇ، ھېلىمۇ گۈزەل تۇرۇپسەن. ئاتا - ئاناڭ ھايات بولۇپ سېنى مۇشۇ تورقۇڭدا كۆرسە ئۇلار قانچىلىك خۇش بولۇپ كېتەر ئىدى، — دېدى.

ۋاڭ خېنىم ئاتا - ئانىسىنى ئەسلەپ كۆز يېشى قىلىپ:

— ماڭا ئاتا - ئانامنىڭ يۈزىنى كۆرۈش نېسىپ بولماپتىكەن. لېكىن سىلەرنى كۆرۈپ خۇددى ئاتا - ئانامنى كۆرگەندەك خۇش بولۇپ كېتىۋاتىمەن، ياش چاغلىرىم بىر - بىرلەپ ئېسىمگە كېلىۋاتىدۇ، — دەپ يورتداشلىرىغا سۆيۈنۈپ قاراپ كەتتى. يورتداشلىرىمۇ ئۇنىڭغا ھەۋەس بىلەن قاراپ «بۇ كىچىك يورتىمىزدىن مۇشۇنداق گۈزەل ئايال چىقىپتىكەن» دەپ ئۇنىڭدىن پەخىرلىنىپ كەتتى. ئارىدىن بىر بوۋاي:

— ياڭ چىلىڭ، سەن يۇرتىمىزنىڭ ئەڭ گۈزەل قىزى ئىدىڭ. سېنى زادى ئۇنتۇمىدۇق. ھېلىغىچە گېپىڭنى قىلىپ تۇرغاچقا، شۇنچىۋالا ئادەم سەن بىلەن كۆرۈشكىلى كەلدى، — دېدى.

بەزى قىزلار ياش چاغلىرىدا گۈزەل بولسىمۇ، لېكىن يېشى چوڭلىغانسېرى گۈزەللىكى قالمايدۇ. ۋاڭ خېنىمنىڭ سىلىق يۈزى ئايدەك نۇرلۇق بولۇپ، سەل قېلىن قىپقىزىل كالپۇكى چېھرىگە تولىمۇ ياراشقانىدى. پەسرەك بۇرنى ئۇنى مەرى ئىسسىق كۆرسىتەتتى. ئۇ ھېلىمۇ ياش چوكانلاردەك زىلۋا بولۇپ، ئۇچىسىدىكى تار كىيىمى خۇددى قىزلارنىڭكىدەك بەستىگە يارىشىپ تۇراتتى. شۇڭا كۆرۈشكىلى كەلگەنلەر ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قارىشاتتى.

ۋاڭ خېنىم يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۆيىنىڭ ئەتراپىدىن بىر كىچىك قورۇ - جاي سېتىۋېلىپ، دۇ قىزچاقنى ئۆيىدە ئولتۇرۇۋاتقان تۇغقىنىنىڭ ئوغلىغا چېتىپ قويدى ھەم ئۇلارغا يەر ئېلىپ بەردى. دۇ قىزچاق بۇ يىل ئون سەككىز ياشقا

كىرگەن بولۇپ، ئېرى بىلەن ئوبدان چىقىشىپ قالغانىدى. شۇڭا ۋاڭ خېنىم ئۇلاردىن تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى. ئۆزى بولسا قىلىدىغان ئىشى يوق، بەي ئاغىچا بىلەن يىراق - يېقىنغا بېرىپ ئەتراپنى سەيلە قىلىش، مېھماندارچىلىققا بېرىش، بۇتخانىلارغا بېرىپ ئىبادەت قىلىش، بازار كۈنلىرى، ھېيت - ئايەملەردە بازار ئارىلاپ كۈن ئۆتكۈزۈش بىلەن بولدى.

ۋاڭ خېنىم بازارغا كىرگەندە بۇتخانىلارغا پۇل بېرەتتى، غېرىب - غۇرۋالارغا ياردەم قىلاتتى، تىلەمچىلەرگە سەدىقە بېرىپ، ساۋابلىق ئىشلار ئۈچۈن ئايىماي پۇل خەجلەيتتى. بىر كۈنى ئۇ بەي ئاغىچا بىلەن ئەتىگەندە يولغا چىقىپ تيەنشۈيگە كەلدى. ۋىلايەت بويىچە ئەڭ چوڭ بۇتخانا تيەنشۈي بازىرىنىڭ يېنىدا ئىدى. بۇ، بازار كۈنى بولۇپ، كوچىلاردا ئادەم ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇتخانىغا بېرىشتا ئالدى بىلەن سەدىقە بېرىش ئادىتى بويىچە ۋاڭ خېنىم بازارغا كېلىپلا قەلەندەرلەرگە ئازدۇر - كۆپتۇر سەدىقە بېرىشكە باشلىدى. ئۇ سەدىقە بېرىپ بازارنىڭ ئاۋات تۆت كوچىسىغا كەلگەندە، تۆت كوچىنىڭ كۈن چىقىش دوقمۇشىدا بىر دىۋانە ئالدىغا بىر پۇچۇق تاۋاقنى قويۇپ زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. تاۋاقتا پەقەت ناھايىتى كىچىك ئىككى پۇچۇق يارماق چۈشكەنىدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ ئالدىدا بىر دەم تۇردى. لېكىن ئۆتكەن - كەچكەنلەردىن بىرەرسىمۇ ئۇنىڭ تاۋىقىغا سەدىقە تاشلىمىدى. قەلەندەرنىڭ بىر پۇتى تىزىدىن يوق، ئىككى قولى بېغىشىدىن يوق بولۇپ، بىلىكى خۇددى كونىراپ كەتكەن نوغۇچقا ئوخشايتتى. ئاقىرىشقا باشلىغان چاچلىرى قۇشنىڭ چاڭگىسىدەك پاخپىيىپ، يۈزىنى توسۇپ تۇراتتى، ئۆزىمۇ يەرگە قاراپ ئېڭىشىپ تۇرغاچقا، يۈزىنى كۆرگىلى بولمايتتى. ياندىن قارىسا يۈزىنىڭ پاسكىنىلىقىدىن چىرايىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، ھەتتا جۈپلەپ سەدىقە تىلەپ تۇرغان نوغۇچتەك قولىمۇ قارا ئىدى. چاپىنىنىڭ دۈمبىسى

يىرتىق بولۇپ، ئېچىلىپ قالغان بەدىنى ئاپتاپتا كۆيۈپ تېخىمۇ قارىداپ كەتكەنىدى. ئىشتىنى ساق پۇتىنىڭ تىزىدىن يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ، پاقالچىقى چىقىپ قالغانىدى. مېيىپ پۇتىنىڭ يوتىسى خېلىلا ئىنچىكىرەپ كەتكەنىدى. ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ئالدىدا تۇرغاندا ئۇنىڭدىن سېسىق پۇراق كېلىشكە باشلىدى. لېكىن ساخاۋەتچى ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭدىن يىرگەنمەي بۇنى بۈگۈن ئۇچرىغان دىۋانىلەرنىڭ ئەڭ ئەبگاسى ۋە مېيىپلارنىڭ ئەڭ ئاجىزى چاغلاپ ئىچ ئاغرىتىپ، يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ يوغانراق يارماقتىن بىرنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى پۇچۇق تاۋىقىغا نېرىراقتىن تاشلىدى، يارماق قاچىنىڭ ئىچىگە دەل چۈشتى. يارماقنىڭ يوغانلىقىدىن ئىچىدىكى ئىككى پۇچۇق يارماق تېگىدە قالدى. قەلەندەر يارماققا قاراپ چولاق قولىنى جۈپلەپ تۇتۇپ:

— خېنىم، سىزگە كۆپ رەھمەت، — دەپ بېشىنى يەرگە تەگكۈزۈپ تەزىم قىلدى. ئۇنىڭ پېشانىسىگە سامانلار چاپلىشىپ چىقتى. ۋاڭ خېنىمنىڭ ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئىچى ئاغرىپ، ھېلىقىدەك چوڭ يارماقتىن يەنە بىرنى تاشلىدى. ئۇمۇ قاچىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، ئىككى چوڭ يارماق پارقىراپ كەتتى. قەلەندەر بېشىنى يەنە يەرگە ئۇرۇپ تەزىم قىلدى. ئۇ بۇ قېتىم بېشىنى يەردىن ئالماي خېلى ئۇزاق ئۇردى. ئۇ ھازىر ۋاڭ خېنىمغا ئەڭ بىچارە كۆرۈنگەچكە، يانچۇقىدىن بىر تومپۇرنى چىقىرىپ يەنە قاچىغا تاشلىدى. ئۇ ئەجدىھا سۈرەتلىك تومپۇر بولۇپ، قىممىتى ئاق تەڭگىنىڭ يېرىمىغا توغرا كېلەتتى. ئەجدىھار سۈرەتلىك تومپۇرنى كۆرگەن دىۋانە بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋەردى. ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا كىشىلەر ئولىشىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى دىۋانىنىڭ توختىماي بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تەزىم قىلغىنىغا قىزىقىپ قارىسا، بەزىلىرى دىۋانىگە بۇنچىلىك كۆپ سەدىقە بېرىۋاتقان ساخاۋەتچى خېنىمغا قىزىقىپ قاراشماقتا ئىدى.

دىۋانىمۇ بىشىنى يەرگە ئۇرۇۋەردى، ۋاڭ خېنىم سەدىقىنى تاشلاۋەردى. ئەتراپتىكىلەر خۇددى مايمۇن ئويۇنى كۆرۈۋاتقاندەك قىزىقىپ قاراپ تۇرۇشتى، لېكىن دىۋانە بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋەرگەچكە، ئۇنىڭ پېشانىسى قىزىرىپ قاناپ كەتتى. بەي ئاغىچا ۋاڭ خېنىمغا:

— ۋاڭ خېنىم، بولدى ئەمدى سەدىقە تاشلىماڭچۇ، ئۇنىڭ پېشانىسى قاناپ كەتتى، — دېدى. ۋاڭ خېنىم سەدىقىسىنى توختاتتى، لېكىن دىۋانە بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋەرگەچكە، پېشانىسى قىپقىزىل قانغا بويىلىپ كەتتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ دولىسىدىن تۇتۇپ:

— ھەي، بولدى بېشىڭنى تولا يەرگە ئۇرما، — دېدى. ئۇ دىۋانىنىڭ دولىسىدىن تۇتۇپ تۇرغاچقا دىۋانە بېشىنى بىردەم كۆتۈردى. ئۇنىڭ چاپاق باسقان كۆزلىرى ياشاڭغىراپ تۇراتتى، ئاقارغان چاچ ۋە ساقال - بۇرۇتى يۈزىگە چاپلىشۋالغان بىر تۇتام قوي يۇڭىدەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭدىن تېخىمۇ سېسىق پۇراق چىقىشقا باشلىدى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭ دولىسىنى قويۇۋەتتى. دىۋانە بېشىنى يەنە ئۇرۇشقا باشلىدى. بەي ئاغىچا خېنىمغا:

— يۈرۈڭ خېنىم، بىز كېتەيلى، بىز بۇ يەردە تۇرساق ئۇ بېشىنى يەرگە ئۇرۇۋېرىدىكەن، — دەپ ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار مېڭىپ كەتكەندىن كېيىنمۇ دىۋانە يولغا چىقىپ، ئۇلارنىڭ كەينىدىن يەنە بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ تەزىم قىلىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە دىۋانىنى ئورىۋالغان ئادەملەرمۇ تارقىلىپ كېتىپ قېلىشتى. دىۋانە قاچىسىنىڭ ئىچىگە چۈشمەي ئەتراپقا چېچىلىپ كەتكەن پۇللارنى تېرىشكە باشلىدى. بۈگۈن ئۇنىڭ تازا ئامىتى كەلگەنىدى، باشقا دىۋانىلەرمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ھەسەت قىلىشتى. بەزى دىۋانىلەر سەدىقە تىلەپ ۋاڭ خېنىمنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى. لېكىن ۋاڭ خېنىم يانچۇقىدا پارچە پۇللىرى قالمىغاندەك يۈگۈرۈشۈپ كېلىۋاتقان دىۋانىلەرنى

كۆرمەسكە سىلىپ كېتىۋەردى. ئۇنىڭغا قاراپ بەي ئاغىچا ئۇلارغا سەدىقە بېرىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇ بىر نەچچىسىگىلا بېرىپ، قالغانلىرىنى سىلكىشتۈرۈپ يېنىدىن قوغلىۋەتتى. ئۇنىڭدىن سەدىقە ئالالماي قالغان دىۋانىلەر جايلىرىدا تۇرۇپ قېلىشتى. يول ماڭغاندا پاراڭلىشىپ مېڭىشقا ئامراق ۋاڭ خېنىم ئەمدىلىكتە ئۈن - تىنسىز هالدا بازارنىڭ بىرنەچچە قايناق يېرىدىن ئۆتۈپ كەتتى. شۇڭا بەي ئاغىچا ئۇنىڭ قولىدىن تارتىپ:

— ۋاڭ خېنىم، ئالدىڭىزغا قاراپ كېتىۋاتىسىزغۇ، چوڭ بۇتخانىغا چۈشكە يېقىن بارساقمۇ بولىدۇ، چۈشكە يېقىن تاۋاپ قىلىدىغانلار كۆپ چاغدا بېرىپ تاۋاپ قىلساق ساۋابى كۆپ بولىدۇ، — دېدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ:

— بەي ئاغىچا، هارۋا تېپىپ كېلىڭ، ئۆيگە كېتەيلى، — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، نېمە دەۋاتىسىز؟ تېخى دۇكانلارنى ئارىلىمىدىققۇ، بۇگۈن بۇتخانىنى تاۋاپ قىلماقچى ئەمەسمىدۇق؟

— شۇنداق، لېكىن ئۆيگە كەتكىم كېلىپ قالدى، هازىرلا كېتەيلى، — دېدى ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭغا يالۋۇرغاندەك ئاهاڭدا. ۋاڭ خېنىمنىڭ بىرىگە بۇنداق گەپ قىلغىنىنى كۆرۈپ باقمىغان بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا هەيران بولدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ چىرايىدا ئەتىگەنكى خۇشخۇيلۇق، دىۋانىگە ئىچ ئاغرىتىپ سەدىقە بەرگەن چاغدىكى مۇلايىملىقى يوقاپ، خۇددى تۇيۇقسىز كېسىلى قوزغىلىپ قالغان بىماردەك چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، كۆزى خۇددى ئۇيقۇسى كېلىۋاتقاندەك يۇمۇلۇپ تۇراتتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا:

— ۋاڭ خېنىم، مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، بىر قىسىملا بولۇۋاتىمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم ناهايىتى بوش ئاۋازدا.

— خېنىم، ھازىرلا تېۋىپقا بارايلى، يۈرۈڭ.
— ياق، ئۆيگە كېتەيلى، ئۆيگە بېرىپ دەم ئالسام ياخشى بولۇپ قالىمەن، مەپە تېپىپ كېلىڭ.
بەي ئاغىچا ئەتراپقا قاراپ، نېرىدا تۇرغان بىر مەپىكەشنى چاقىردى، مەپىكەش مەپىسىنى ھەيدەپ كەلدى. ۋاڭ خېنىم مەپىگە چىقىپ، بەي ئاغىچىنىڭ قۇچىقىغا بېشىنى قويۇپ ياتتى.
— چاپسان ھەيدە، تېۋىپقا بارىمىز، — دېدى، بەي ئاغىچا مەپىكەشكە. لېكىن ۋاڭ خېنىم بېشىنى كۆتۈرۈپ:
— ياق، ئۆيگە ھەيدىسۇن، مەن ھېچنېمە بولمىدىم، — دېدى.
— ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا چېچىلغاندەك قاراپ، — چىرايىڭىز ئوسال تۇرىدۇ، تېۋىپقا بارمىساق بولمايدۇ.
— ياق، ئۆيگە ھەيدىسۇن، ئۆيگە بارسام تۈزۈلۈپ كېتىمەن.
ئامالسىز قالغان بەي ئاغىچا مەپىكەشكە:
— بوپتۇ ئەمىسە، ئۆيگە ھەيدە، — دېدى.
مەپىكەش ئېتىنى قامچىلاپ بازاردىن چىقىپ، مەھەللىگە بارىدىغان يولغا چۈشتى. مەپە خېلى ياسىداق ئىدى، ئاتلار ئىتتىك ماڭغاچقا، ئۇلار بىردەمدىلا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئۇلار مەپىدىن چۈشۈپ مەپىكەشنى ئۇزىتىۋەتكەندىن كېيىن ۋاڭ خېنىم:
— بەي ئاغىچا، مېنىڭ قورسىقىم ئاچمىدى، سىز بېرىپ بازاردىن تاماق يەپ كېلىڭ، مېنىڭ بازاردىن يېنىپ كەلگىنىمنى دۇ قىزچاق ئاڭلاپ قالمىسۇن، مەن ھازىر ئۆيگە كىرىپ بىر دەم يېتىۋالسام چوقۇم ياخشى بولۇپ قالىمەن، — دېدى.
— بولىدۇ خېنىم، ئۆيگە كىرىپ دەم ئېلىڭ. لېكىن مېنىڭمۇ ھازىرچە تاماق يېگۈم يوق، مەنمۇ ئۆيدە ئارام ئالاي، — بەي ئاغىچا شۇنداق دەپ ئۆيگە ماڭدى. ئىككىسى بىللە ئۆيگە

كىردى، ۋاڭ خېنىم ئۆزىنى تۆشەككە تاشلاپ دۆم يېتىپ يىغلاپ كەتتى. ھەيران بولغان بەي ئاغىچا ئۇنىڭدىن دەرھال گەپ سورىيالماي قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى، ۋاڭ خېنىم ئۇزاق يىغلاپمۇ يىغىدىن توختىمىدى، ئۇ ئېسەدەپ ئىچ - ئىچىدىن يىغلايتتى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا ئېگىشىپ:

— ۋاڭ خېنىم، نېمە بولدىڭىز، ئەجەب يىغلاپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى.

ۋاڭ خېنىم يىغلاۋېتىپ:

— مېنى يىغىدىن توسماڭ، يىغلىۋالاي، — دېدى.

— بولىدۇ، — بەي ئاغىچا بېشىنى كۆتۈرۈپ ئويلىنىپ قالدى. ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ۋاڭ خېنىمغا خىزمەتچى ۋە ھەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقاچقا، ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا ئۇنىڭ بۇنداق يىغلىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي:

— ۋاڭ خېنىم، گەپ قىلىڭچۇ، سىز بۇنداق يىغلىسىڭىز مەن بەك بىئارام بولۇپ كېتىدىكەنمەن. نېمە ئىش بولسا ماڭا دەپ دەردىڭىزنى تۆكۈۋېلىڭ، بۇنداق يىغلاپ ئۆزىڭىزنى بىھۇدە ئاۋارە قىلماڭ، — دېدى.

بىر چاغدا ۋاڭ خېنىمنىڭ يىغىسى پەسلەشكە باشلاپ، بېشىنى ياستۇقتىن كۆتۈردى. ئۇنىڭ يۈز - كۆزى يىغىدىن ئىششىپ، چاچلىرى چۇۋۇلۇپ يۈزىگە چاپلىشىپ كەتكەنىدى. بەي ئاغىچا دەرھال داستا سۇ ئەكېلىپ ئاپئاق لۆڭگىنى قولىغا تۇتقۇزدى.

ۋاڭ خېنىم يۈزىنى ئالدىرىماي يۇيۇپ بولۇپ:

— بەي ئاغىچا، مېنىڭ بۈگۈن يىغلىغىنىمنى دۇ قىزچاققا ياكى ئېرىگە ھەرگىز دەپ قويماڭ، — دېدى ۋە قولىدىكى لۆڭگىنى بەي ئاغىچىغا بېرىپ كېرىلدى. بەي ئاغىچا ئۇنىڭ ئالدىدىكى داسنى ئېلىپ:

— ۋاڭ خېنىم، خاتىرجەم بولۇڭ، يىغلىغانلىقىڭىزنى

ھېچكىمگە دېمەيمەن، لېكىن بۇنداق ئىچ ـ ئىچىدىن ئاھ ئۇرۇپ يىغلايدىغان يىغىنى خۇدايىم ھېچكىمگە بەرمىسۇن، — دەپ يۇندىنى تۆكۈۋېتىپ كىردى.

— بەي ئاغىچا، بۇگۇن بۇتخانىغا ئىبادەتكە بارماقچى بولۇپ بازارغا بىرىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يىغلاپ كەتسەم ھەيران قالدىڭىزغۇ دەيمەن، — دېدى ۋاڭ خېنىم.

— شۇنى دېمەمسىز، — دېدى بەي ئاغىچا، — ئەجەب يىغلاپ كەتتىڭىزغۇ، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى.

ئەمدىلىكتە ۋاڭ خېنىم يۈزىنى يۇيۇپ چىرايى خېلى ئۆڭشىلىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن يۈز ـ كۆزى ئىششىق ئىدى، ئۇ تۆشەككە كېلىپ ئولتۇرۇپ:

— بەي ئاغىچا، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرۇڭ، نېمىشقا مۇنداق يىغلاپ كەتكەنلىكىمنى سىزگە دەپ بېرەي، — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، سىز بۇنداق يىغلىسىڭىز مەن ساراڭ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن.

— بەي ئاغىچا، بەلكىم يادىڭىزدا باردۇر، بىر چاغدا ۋاڭ بېگىم بىلەن ئىككىمىز تاكاللىشىپ قېلىپ يىغلاپ كەتكەن چېغىمدا ماڭا بىر كېچە ھەمراھ بولدىڭىز، بىز كېچىچە مۇڭدىشىپ سىزگە دەپ بەرگەن لى شياۋشەن دېگەن يىگىت بۇگۇن مەن بازاردا سەدىقە بەرگەن ھېلىقى دىۋانە شۇ كەن.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى بەي ئاغىچا ھەيران بولۇپ.

— راست ئۆزى شۇ.

بەي ئاغىچا بېشىنى تۇتۇپ:

— ئۇ شۇنچىلىك ئەبگامىدى؟ — دېدى.

— ياق، ئىنتايىن قامالاشقان يىگىت ئىدى.

— ئۇنى قانداق تونۇۋالدىڭىز؟

— دەسلەپتە ئۇنى تونۇماي، بېشىنى يەرگە ئۇرسا ئىچىم ئاغرىپ سەدىقىنى بېرىۋېرىپتىمەن. لېكىن ئۇ پېشانىسى قاناپ

كېتىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە ئۇنى تونۇپ قالدىم. ئۇ مېنى ئادەتتىكى ساخاۋەتچى دەپ ئويلاپ سەدىقىگە قىزىقىپ، ماڭا دىققەت قىلمىدى.

— ۋاڭ خېنىم، سىز ماڭا لى شياۋشەننىڭ گېپىنى قىلىپ بەرگەندە، ئۇلارنىڭ ئائىلىسى خېلى تۈزۈك ئائىلە دېگەندەك قىلىۋاتاتتىڭىز غۇ.

— شۇنداق، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئائىلە، لى شياۋشەننىڭ ئائىلىسى باي ئائىلىلەردىن بولمىساقمۇ، هال - كۈنىمىز يامان ئەمەس ئائىلىلەر ئىدۇق.

— لى شياۋشەن بىلەن ئىككىڭلار ئاشىق - مەشۇق ئىكەنسىلەر، هەر ئىككىڭلارنىڭ ئائىلىسىمۇ يامان ئەمەس ئىكەن، نېمىشقا توي قىلىۋالمىغانىدىڭلار؟

— بىز توي قىلماقچى بولۇپ جابدۇنغان، لېكىن ۋاڭ تيەنمىڭ يۇرت ئارىلاپ تيەنشۇيگە كېلىپ ماڭا كۆزى چۈشۈپ قاپتىكەن، ئۇ سىچۇەنلىك چوڭ بىر باينىڭ بالىسى ئىكەن. تيەنشۈي سىچۇەنگە يېقىن، ئۇ سىچۇەنگە قايتىپ بېرىپ خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ ئادەم باشلاپ كېلىپ مېنى زورلۇق بىلەن بۇلاپ كەتتى، لى شياۋشەننىڭ دوستلىرى ئۇلارغا قارشىلىق قىلدى، لېكىن ۋاڭ تيەنمىڭنىڭ ئادەملىرى كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنى ئۇرۇپ، هەتتا لى شياۋشەننىڭ پۇت - قولىنى چېقىۋېتىپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلاپ قويۇپتۇ. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ئوغلىنى داۋالىتىش ئۈچۈن بارلىق تەئەللۇقاتىدىن ئايرىلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. يار - يۆلەكسىز قالغان لى شياۋشەن ئاخىرى مۇشۇنداق تىلەمچى بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، — ۋاڭ خېنىم كۆزىگە ياش ئالدى.

— ۋاڭ خېنىم، سىز ئۇنىڭ مۇشۇنداق مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى بىلەمتىڭىز؟

— ياق، لېكىن ئۇنىڭ تاياق يەپ چالا ئۆلۈك بولۇپ

قالغانلىقىنى ئاڭلىغانىدىم، ئۇنىڭ مېيىپ بولۇپ قالغانلىقىنى بۈگۈن كۆردۈم. ۋاڭ تيەنمىڭ مېنى بۆلاپ كەتكەندە بىز بىراقلا شىنجاڭغا كەتمىدۇق. ئۇ مېنى بىرنەچچە يىل ئۇ يەر - بۇ يەرگە ئاپىرىپ يوشۇرۇپ يۈردى. كېيىن شىنجاڭدا تۇرۇپ قالدۇق، ئاندىن ئىككى بالىنى تۇغدۇم. . .

ۋاڭ خېنىم توساتتىن كىشىگە كۆرۈنمەيدىغان خىلۋەت بىر ماكانغا كېتىشىنى ئويلاپ قالدى.

ئۇ خىيال بېسىپ تۇرغان بەي ئاغىچىنى چاقىردى. بەي ئاغىچا چۆچۈپ ئۇنىڭغا قارىدى. ۋاڭ خېنىم بېشىنى سىلىپ دەيمۇ - دېمەيمۇ دېگەندەك قىلىپ ئاستا:

— بەي ئاغىچا، راھىبە بولۇپ كېتەي دەيمەن، — دېدى.

— ۋاڭ خېنىم، نېمە دەۋاتىسىز، تەركىدۇنيا بولۇپ نېمە كەپتۇ؟ سىزنىڭ نېمىڭىز كەم، ھېلىمۇ ناھايىتى ياخشى ياشاۋاتىمىزغۇ؟

— ياق، ھېچ نەرسەم كەم ئەمەس، لېكىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىسام ماڭا پەقەت تەركىدۇنيالىق ئارام بېرىدىغاندەك قىلىدۇ.

— ۋاڭ خېنىم، بۇ خىيالىڭىزنى چۈشىنەلمىدىم.

— راست، سىز چۈشىنەلمەيسىز، چۈنكى مەن بۇ خىيالغا تۇيۇقسىز كېلىپ قالدىم. بۇ خىيالىم ئۆزۈمگىمۇ غەلىتە تۇيۇلۇۋاتىدۇ. . .

— ۋاڭ خېنىم، بىز يۇرتىڭىزغا قايتىپ كېلىپ خېلى خاتىرجەم ياشاۋاتاتتۇققۇ، ئەجەب بىر گەپنى دەيسىزغۇ؟

— راست دەيسىز بەي ئاغىچا، بىز يۇرتىمىزغا قايتىپ كېلىپ دۇ قىزچاقنى كۆڭۈلدىكىدەك يەرگە ياتلىق قىلىۋېتىپ خاتىرجەم بولدۇق، تۇرمۇشىمىزمۇ ياخشى كېتىۋاتىدۇ. لېكىن ئويلىسام مېنىڭ كۆڭلۈم نەدىلا بولمىسۇن زادىلا ئارام تاپماپتۇ. ئەسلىدە شىنجاڭدىن قايتىپ كەلگىم يوق ئىدى. چۈنكى ئۇ يەردە ئۇزۇن يىللار ياشىغاچقا، ئۆز يۇرتۇمدەك ئۆگىنىپ قالغانىدىم.

بۇ يۇرتۇمنى ئەسلەپمۇ باقمايتتىم. بۇگۈن بازاردا لى شياۋشەننى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمىگەن بولسامىمۇ، لېكىن كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى. مەن بۇ يەرنى يۇرتۇم دەپ تونۇغۇرسەم پات - پات بازارغا كىرمەمدىم، بازارغا كىرسەم لى شياۋشەننى ئۇچرىتىپ قالمامدىم، ئۇنى كۆرسەم كۆڭلۈم يەنە بىر قىسما بولمامدۇ. . . شىنجاڭغا قايتىپ كېتەي دېسەم گاۋ غوجىدار يەنە ئاۋارە قىلىدۇ. شۇڭا كىشلەر بىلەن ئارىلاشمايدىغان راھىبە بولۇپ خىلۋەت بۇتخانىدا ياشاي دەيمەن.

ئۇنىڭ گېپى تۈگىگىچە بەي ئاغىچا ئۆزى توغرۇلۇق ئويلاۋاتاتتى. ئېرى «تۇغمىدىك» دەپ قويۇۋەتكەندىن كېيىن ھېلىغىچە تەنھا ھايات كەچۈرۈۋاتىدۇ، يېشىمۇ ئەللىكتىن ئېشىپ كەتتى. گەرچە ئۇ كۈننى كىشىلەرگە ئىشلەپ يامان ئەمەس ئۆتكۈزۈپ كېلىۋاتسىمۇ، ھاياتىدا خۇش بولۇپ ئەسلىگىدەك ھېچ ئىش كۆرمىگەنىدى. ھېلىمۇ شۇنداق بىر خىل تۇرمۇش بىلەن ياشاپ كېلىۋاتاتتى. يەنە ياشىسا يەنە مۇشۇنداق ياشاپ ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇڭا ۋاڭ خېنىمنىڭ «تەركىدۇنيا بولۇپ كېتەي» دېگەن سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ۋاڭ خېنىم راھىبە بولۇپ كەتسە، ئۆزىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە راھىبە بولۇپ كېچە - كۈندۈز خۇدانى ئەسلەپ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىنى تەركىدۇنيالىقتا ئۆتكۈزۈشنى ئويلىدى. شۇڭا ئۇ:

— ۋاڭ خېنىم، تەركىدۇنيالىقنى راست خالاپ قالدىڭىزمۇ؟ — دېدى.

— شۇنداق، — دېدى ۋاڭ خېنىم دەرھال، — قىزىم ۋاڭ شىئېر بىلەن بارات ۋاپات بولغاندىن كېيىن ماڭا بۇ دۇنيانىڭ كېرىكى يوقتەك ھېس قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدىم. بۇ غەملەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۇرتۇمغا يېنىپ كەلسەم يادىمغا ئانچە كەچمەيدىغان لى شياۋشەننى كۆردۈم. كىشى ھاياتلا بولىدىكەن غەم - قايغۇ، ئەندىشىدىن، پاراكەندىچىلىكتىن قۇتۇلغىلى

بولمايدىكەن. شۇڭا راھىبە بولۇپ، ھېچكىم بىلەن باردى - كەلدى قىلماي، گەپ - سۆزدىن نېرى بولۇپ، كېچە - كۈندۈز تەڭرىنى ياد ئېتىپ بۇتخانىدا ئىستىقامەت قىلالايمىكىن دەيمەن.

— ۋاڭ خېنىم، ئەگەر سىز شۇنداق خىيالغا كېلىپ قالغان بولسىڭىز، مەنمۇ سىز بىلەن بىللە راھىبە بولۇپ كېتەي.

— بەي ئاغىچا، سىزنىڭمۇ ماڭا ئوخشاش خىيالغا كېلىپ قالىدىغانلىقىڭىزنى بىلەتتىم. چۈنكى سىز ھېلىغىچە تەنھا ياشاپ، كۆرگەن كۈنىڭىزگە شۈكۈر قىلىپ، تىنچ ئۆتۈپ كېلىۋاتىسىز.

— ئىنتايىن توغرا دېدىڭىز.

— شۇڭا مەن سىزگە كۆڭلۈمدىكىنى دېدىم. ئۇنداق بولمىسا سىزگىمۇ گەپ قىلماي بۇگۈنلا بۇتخانىغا كەتكەن بولاتتىم.

بەي ئاغىچا بىلەن ۋاڭ خېنىم كۈلۈشۈپ كەتتى. ئىككىسى بىر دەم كۈلۈشۈپ، كۆڭۈللىرى خېلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. لېكىن ۋاڭ خېنىم بىردىنلا جىمىپ مۇنداق بىر نەزم ئېسىگە كېلىپ قالدى:

يەنە باياشات ياشىسامۇ ئۇزاق،
بىر ئۆمۈر بولىدىكەنمەن يىللارغا تەسلىم.
يىغا تۈتتى بىر دىۋاننى كۆرۈپ،
چىدىماي قاقشال غېرىبانە كۆڭلۈم.

— ۋاڭ خېنىم، راھىبە بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى دۇ قىزچاقىقا قانداقمۇ دەرمىز، ئۇ ھازىر سىزنىڭ ئۆز قىزىڭىزدەك بولۇپ قالغان، ئۇ ئۇنارمۇ؟

— ياق، ھەرگىز دېمەيمىز، دېسەك ئۇ ئۇنىمايدۇ.

— ئۇنداقتا قانداق قىلىمىز؟

— سىز ھازىر دۇ قىزچاقنى چاقىرىپ كېلىڭ، ئېرى بىلىپ قالمىسۇن، بىز بۈگۈنلا بۇتخانىغا كېتىمىز، ئۇلار راھىبە

بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى كېيىن بىلىپ قالىدۇ.
— ۋاڭ خېنىم، بۇ نېمە دېگىنىڭىز، بۇتخانىغا بۈگۈنلا ماڭامدۇق؟
— ھەئە، شۇنداق.
— ئانچە - مۇنچە تەييارلىق قىلىۋالامدۇق؟
— ۋاي - ۋۇي بەي ئاغىچا، — دېدى ۋاڭ خېنىم كۈلۈپ كېتىپ، — راھىبە بولىدىغان ئادەمگە تەييارلىقنىڭ نېمە كېرىكى؟ بىر - ئىككى قۇر كىيىم ئېلىۋالساق بولدى، بۇتخانىدا راھىبەلەرنىڭ كىيىمىنى كىيىمىز. بىز پەقەت بۇتخانىغا تاپشۇرىدىغان پۇلىمىزنى، ئۆزىمىز خىراجەت قىلىدىغان پۇل - پۇچەكلەرنى ئېلىۋالساقلا بولدى...
بەي ئاغىچا دۇ قىزچاقنى چاقىرغىلى چىقىپ كەتتى.
ۋاڭ خېنىم بەي ئاغىچىنىڭ بىللە راھىبە بولىدىغانلىقىغا خۇش بولدى. نېملا بولمىسۇن ئۇزۇن يىللىق ھەمراھىدىن ئايرىلمايدىغان بولدى. بەي ئاغىچا دۇ قىزچاقنى باشلاپ كەلدى. دۇ قىزچاق:
— ئاپا، بۈگۈن بۇتخانىغا بېرىپ تاۋاپ قىلىمىز دەپ بازارغا كېتىۋاتاتتىڭلار، ئەجەب بالدۇر قايتىپ كەپسىلەرغۇ؟ — دېدى.
— شۇنداق قىزىم، بىز ھازىر يەنە ماڭىمىز. بۇتخانىغا ئېلىپ بارىدىغان بەزى نەرسىلىرىمىزنى ئۇنتۇپ قاپتىكەنمىز، شۇڭا بۇتخانىغا بارماي يېنىپ كەلدۇق، بىز ھازىر كەتسەك بازاردا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالارمىز، شۇڭا بىزدىن ئەنسىرىمەڭلار، بىزنى كۆرگىلى چوڭ بۇتخانىغا بارساڭلار بولدى، بەلكىم ئىبادەت قىلىپ بۇتخانىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.
— ئاپا، نېمە دەۋاتىسىز؟ بۇتخانىدا بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ ئىبادەت قىلساڭلارلا بولار.
— شۇنداق قىزىم، بىزمۇ ئۇزاق تۇرمايمىز، ئەگەر ئۇزاقراق تۇرۇپ قالساق دېگەن گەپقۇ بۇ.

دۇ قىزچاق كۆزىگە ياش ئالدى:
— ئۇنداق بولسا بوپتۇ ئاپا، لېكىن مەن سىزنى كۆرۈپ تۇرسام. . .
ۋاڭ خېنىم ئۇنى قۇچاقلاپ دېدى:
— قىزىم، بۇ ئۆينى سىزگە شۇنداقلا تاشلاپ قويدۇم. ئەگەر بازاردا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالساق پات - پات كېلىپ خەۋەر ئېلىپ تۇرارسىز، — ئاندىن ئۇ بەي ئاغىچىغا:
— بەي ئاغىچا، سىزنىڭ تەييارلىقىڭىز پۈتتىمۇ؟ بىز هازىرلا يولغا چىقمىساق بازارغا كەچ قالىمىز، — دېدى.
— بولىدۇ، — دەپ بەي ئاغىچا نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى.
— ئاپا، سىلەر يەنە بىر قېتىم بۇتخانىغا ئىبادەت قىلغىلى بارغاندا بىزمۇ بىللە بارايلى، — دېدى دۇ قىزچاق.
— ئوبدان دېدىڭىز قىزىم، ئىنسان بالىسى دۇئا- تىلاۋەت قىلىپ خۇدانى ئەسلەپ تۇرۇشى كېرەك. شۇنداق قىلسا غەم - قايغۇدىن، بـالا - قازادىن خالىي بولىدۇ.
ئۇنىڭ كەيپىياتى هازىر ئۆزىگە باشقىچە تۇيۇلۇپ، گەپ قىلاي دېيىشىگە بەي ئاغىچا:
— ۋاڭ خېنىم، مېنىڭ تەييارلىقىم پۈتتـى، — دەپ كىچىككىنە بىر بوپىنى قولىغا ئالدى. ۋاڭ خېنىمنىڭ بوپىسىمۇ كىچىك ئىدى. ئىككىسى بوپىلىرىنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقتى. ۋاڭ خېنىم ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى دۇ قىزچاققا بەردى:
— خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۆينى خۇددى سىلەر بارىدىكىدەك پاكىز تـۇتىمەن، — دېدى دۇ قىزچاق. ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ قويۇپ ماڭدى.
دۇ قىزچاق دەرۋازا ئالدىدا ئۇزىتىپ ئۇزاق تۇرۇپ، ئۇلار چۈشكەن ئېشەك هارۋىسى كۆزدىن غايىب بولغاندا ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كىردى.

بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، ۋاڭ خېنىم ياكى بەي ئاغىچا ئۆيگە كېلىپ قويمىدى. ئۇلارنى كۆرگۈسى كەلگەن دۇ قىزچاق بىر كۈنى ئەتىگەندە يىغلامسىراپ ئېرىگە:

— بۈگۈن بازارغا كىرىپ چىقايلى، ئاپامنى بەك كۆرگۈم كېلىپ كەتتى، — دېدى.

— خېنىم، ئەته ياكى ئۆگۈن كىرسەك بولمامدۇ؟ بۈگۈن بىزگە سۇ نۆۋىتى كېلىدىغان كۈن، بىزنىڭ بۇ تيەنشۇيدە سۇ ناھايىتى قىس، سۇ نۆۋىتى ئۆتۈپ كەتمىسۇن، — دېدى ئېرى.

— بوپتۇ ئەمىسە، سىز سۇيىڭىزنى تۇتمۇۋېرىڭ. ماڭا ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ بەرسىڭىز ئۆزۈم ئاپامنى كۆرۈپ كېلەي.

— خاپا بولماڭ خېنىم، كېلەر قېتىم چوقۇم ئىككىمىز بىللە بارىمىز.

— نېمە دەۋاتىسىز؟ — دېدى دۇ قىزچاق ئاچچىقى كېلىپ، — مەن بۈگۈن ئاپامنى قايتۇرۇپ كېلىمەن...

ئېرى ناھايىتى ياۋاش يىگىت ئىدى، شۇڭا بېشىنى سىلىپ:

— خاپا بولماڭ خېنىم، ئاپام بۇتخانىدا ئۇزاقراق تۇرۇپ قالارمىكىن دەپ قويغىنىم، بولمىسا مېنىڭمۇ ئۇلارنى تازا كۆرگۈم كەلدى، — دېدى. ئۇ كەچۈرۈم سورىغانلىقى ئۈچۈن، دۇ قىزچاق باشقا گەپ قىلماي:

— چاپسان بولۇڭ، ماڭا ھارۋىنى قېتىپ بېرىڭ، — دېدى.

ئېرى چىقىپ كېتىپ ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ بولۇپ، ھويلىدا تۇرۇپلا ئۇنى چاقىردى. دۇ قىزچاق ھېچ نەرسە ئالماي دەرھال ئۆيدىن چىقتى. ئۆيىنىڭ ئالدىدا ئېشەك ھارۋىسى قېتىقلىق تۇراتتى، ئېرى ھارۋىنى دەرۋازا ئالدىغا ھەيدەپ چىقىرىپ بەردى، دۇ قىزچاق ھارۋىنى ھەيدەپ بازارغا قاراپ ماڭدى.

دۇ قىزچاق ھارۋىنى تېز ھەيدەپ چۈشكە قالماي بازارغا يېتىپ كېلىپ، ئۇدۇل چوڭ بۇتخانىغا كەلدى. بۈگۈن بازار كۈنى

بولمىغاچقا، بۇتخانىدا تاۋاپ قىلىدىغان ئادەملەر ئاز ئىدى، لېكىن شۇنچە ئاز ئادەملەر ئارىسىدىمۇ ۋاڭ خېنىم ياكى بەي ئاغىچا كۆرۈنمەيتتى. دۇ قىزچاق بۇتخانا هويلىسىنى ئارىلاپ ئۇلارنى خېلى ئىزدىدى. ئۇنىڭ ئادەم ئىزدەۋاتقانلىقىنى سەزگەن بىر راهىبە ئالدىغا كېلىپ:

— ئامى. . . تابا. . . بۇ يەرگە كىرگەن ئادەم ئالدى بىلەن بۇتلارغا تېۋىنىپ ئىبادەت قىلىشى كېرەك، — دېدى.

— خاپا بولماڭ راهىبە، مەن ئاپامنى ئىزدەپ كەلدىم، تاۋاپ قىلغىلى كېيىن ئالاهىدە كېلىمەن، — دېدى دۇ قىزچاق ئۇياق - بۇياققا قاراپ.

— ئاپىڭىز بۇتخانىدا نېمە قىلىدۇ؟

— ئاپام «مېنى مۇشۇ چوڭ بۇتخانىغا بېرىپ ئىزدەڭلار» دېگەن.

— ئاپىڭىز ئۆزى يالغۇزمۇ ياكى هەمراهى بارمۇ؟

— ئاپام يالغۇز ئەمەس، بەي ئاغىچا بىلەن بىللە ئىدى.

— سىز تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن چاقىرىپ قوياي، — راهىبە بۇتخانىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. هايال ئۆتمەي بۇتخانىنىڭ كەينىدىن ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا هېلىقى راهىبەنىڭ كىيىمىدەك كۇلرەڭ كىيىم بىلەن، بۆكىنى چىڭ باستۇرۇپ كىيىپ دۇ قىزچاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ۋە:

— ئامى . . . تابا، — دەپ ئىككىسى تەڭلا قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

دۇ قىزچاق هەيران بولۇپ:

— ئاپا، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ ۋاڭ خېنىمغا ۋە بەي ئاغىچىغا قاراپ قالدى. ئۇلار يەنە:

— ئامى . . . تابا. . . — دەپ قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ تۇردى.

دۇ قىزچاق «ئاپا» دەپ ئېتىلىپ ۋاڭ خېنىمنى

قوچاقلىدى. ۋاڭ خېنىم دۇ قىزچاقنى قوچاقلاپ:
— قىزىم، بىز ئەمدى مۇشۇ يەردە تۇرۇپ قالىمىز، مەن ئەمدى سېنىڭدىن خاتىرجەم، ئائىلەڭ بار، — دەپ كۆزىگە ياش ئالدى.
— ئاپا، راھىبە بولىدىغىنىڭلارنى ماڭا نېمىشقا دېمەيسىلەر؟
— ئامى... تابا... قىزىم، ئارتۇق گەپ قىلىش كىشىگە گۇناھ بولىدۇ... بىز ئەمدى تەرىقەت يولىغا ماڭدۇق.
— ئاپا، ئەمدى ئۆيگە بارمامسىلەر؟
— ئامى... تابا... بىز بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرۇۋاتىمىز، — دېدى ۋاڭ خېنىم بىلەن بەي ئاغىچا تەڭلا.
ۋاڭ خېنىم راھىبە بولۇۋېلىپ ھەقىقەتەن ئارام تاپتى. چۈنكى دائىم ئېسىگە كېلىۋېلىپ ئۇنى ئازابلايدىغان ئۇچ قەبرە بۇ يەردە يوق ئىدى. بۇ يەر شىنجاڭدىن يىراق بولغاچقا، گاۋ غوجىدار پەيدا بولمايتتى. ھېلىقى توكۇر، چولاق قەلەندەر ئۇچرىمايتتى. «بىز بۇ يەردە خاتىرجەم تۇرۇۋاتىمىز» دېگەنلىكىدىن ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن دۇ قىزچاق:
— ئاپا، مېنى تېخىمۇ يېتىم قىلىپ قويدىڭىزغۇ؟ — دەپ كۆزىگە يەنە ياش ئالدى. ۋاڭ خېنىم ئۇنىڭ چېچىنى سىيلاپ:
— قىزىم، سەن يېتىم ئەمەس، چوڭ بولدۇڭ، ئائىلەڭ بار، يېرىڭلار بار، ئېرىڭ كەلمەپتۇغۇ؟ — دېدى.
— ئاپا، بۇگۇن سۇ نۆۋىتى كېلىپ قاپتىكەن، شۇڭا كېلەلمىدى، بولمىسا ئىككىمىز بىللە كېلەتتۇق. كېلەر قېتىم چوقۇم بىللە كېلىمىز، — دېدى دۇ قىزچاق.
— ئامى... تابا... ئوبدان بوپتۇ. ياخشى ھەمراھ بولۇپ ئۆتۈڭلار، بىز سىلەردىن ئىنتايىن رازى، — دېدى ۋاڭ خېنىم.
— ئاپا، سىلەرگە نېمە لازىم؟ كېلەر قېتىم ئالغاچ كېلەيلى.

— ئامى تابا قىزىم، بىزگە ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس.
دۇ قىزچاق يىغلامسىراپ ئۇزاپ ماڭدى. ۋالىخېنىم بىلەن بەي ئاغىچا ئورنىدا تۇرۇپ «ئامى تابا» دەپ ئۇزىتىپ قالدى. ۋالىخېنىم تۆۋەندىكى نەزم ئېسىگە كېلىپ ئىچىدە پىچىرلىدى:

ئۇچ قەبرە قالدى ياقا يۇرتتا يىراق،
تۇغۇلغان يېرىمۇ ئوخشاشكەن شۇنداق.
تەڭرىگە سېغىنىپ قۇتۇلدۇم غەمدىن،
تەرىقەت يولىدا ئۆمرۈم بولغاي ئۇزاق.

لېكىن ئۇ ئۇزاق ياشىيالمىدى. بىرنەچچە يىلدىن كېيىن مۇشۇ بۇتخانىدا ۋاپات بولۇپ، ياڭ چىڭ دېگەن ئەسلىي ئىسمى بىلەن دەپنە قىلىندى. بەي ئاغىچا ئۇنى ۋاپات بولغىچە «ۋالى خېنىم» دەپ ئاتاپ كەلدى.

2001 - يىل 10 - يانۋار
ئۈرۈمچى

**图书在版编目(CIP)数据**

乡约的女儿/伊力哈木·依拉力丁著. 一乌鲁木齐：
新疆大学出版社， 2004.5
ISBN 7 － 5631 － 1619－2

Ⅰ.乡… Ⅱ.伊… Ⅲ.长篇小说一中国一当代一维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 085472 号

# 乡约的女儿

（长篇小说）

伊力哈木·依拉力丁　著

新疆大学出版社出版发行
（乌鲁木齐市胜利路 14 号，邮政编码：830046）
各地新华书店经销
新疆《希望》印刷厂印刷
850×1168 毫米　1/32　22.25 印张
2004 年 5 月第 1 版　2004 年 5 月第 1 次印刷
印数：0001 — 1500 册

ISBN 7 — 5631 — 1619 — 2
定　价：28.50 元

责任编辑:阿不里米提·卡德尔
责任校对:艾米拉江·苏努尔

封面设计：祖力菲娅



ISBN 7-5631-1619-2

ISBN 7-5631-1619-2

9 787563 116195 >

（维文）定价：28.50元